


سۇلايمان ئابدۇرەھىم

# ئويغاندى ياتقانلار

مىللەتلەر نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

从死亡线上回归的人们：维吾尔文/苏来曼·阿布都热衣木著．—北京：民族出版社，1997．10

ISBN 7—105—02915—3

I．从… II．苏… III．长篇小说：历史小说—中国—当代—维吾尔语—（中国少数民族语言）IV．I 247．5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(97)第 19691 号

民族出版社出版发行

（北京市和平里北街 14 号 邮编 100013）

民族出版社微机照排 北京艺辉胶印厂印刷

各地新华书店经销

1997 年 12 月第 1 版 1997 年 12 月北京第 1 次印刷

开本：850×1168 毫米 1/32 印张：15

印数：0001—4500 册 定价：16.50 元

# نەشرىياتتىن

ئاپتور سۇلايمان ئابدۇرەھىم 1936-يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە ۋەتەنپەرۋەر تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1944-يىلدىن 1951-يىلغىچە باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1951-يىلى 2-ئايدىن 1953-يىلى 9-ئايغىچە قاراشەھەر ۋە چاقىلىق ناھىيىلىرىدە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1957-يىلدىن 1958-يىلغىچە ئۈرۈمچى 2-دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ مۇدىرلار كۇرسىدا بىلىم ئاشۇرغان. ئۇ مۇشۇ جەرياندا تارىخ پىنىگە ھەققىي ئىشتىياق باغلاپ قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن ۋە دەسلەپكى تەتقىقاتىنى باشلىغان بولسىمۇ، ئاپەتلىك يىللاردا ھەرخىل سىياسىي زەربىلەرگە ئۇچراپ، قولىغا قەلەم ئالالمىغان. ئۇ 1979-يىل 4-ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپكە قايتا تەقسىم قىلىنىپ، تارىخ ئوقۇتقۇچىسى بولغان.

سۇلايمان ئابدۇرەھىم 1988-يىلى چاقىلىق ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتىغا يۆتكىلىپ تارىخي ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا ئۇ ھەرخىل گېزىت-ژۇرناللاردا 20 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان، خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن «سۆيگۈجان» دراممىسىنى رەتلەپ چىققان ۋە «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»دە تۇنجى ئەسىرى بولغان «پونكىت ئالدىدا» ناملىق ھېكايىسىنى ئېلان قىلغان.

سۇلايمان ئابدۇرەھىم كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئەدەبىياتقا ھەۋەس

باغلاپ، ئۇيغۇر ۋە شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن «شاھنامە» قاتارلىقلارنى ئوقۇپ چىققان ۋە ئۇنىڭدىن مول ئىلمىي ئوزۇق ئالغان. ئۇ يەنە 50-يىللاردىن باشلاپ رۇس، ئۆزبېك، قازاق، تاجىك، تۈركمەن، تاتار، ئەزەربەيجان، تۈرك، ھىندى ئەدەبىياتىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىق يازغۇچىلارنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىققان. بولۇپمۇ ئا. س. پۇشكىننىڭ «كاپىتان قىزى» ناملىق رومانى ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. مۇشۇ ئاساستا ئۇ تۇرپان، پىچان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، ئەينى ۋاقىتتىكى نەق مەيداننى بىۋاسىتە كۆزدىن كەچۈرۈش ئارقىلىق قولىغىزدىكى بۇ «گۆر ئاغزىدىن يانغانلار» ناملىق تارىخىي روماننى يېزىپ چىققان.

بۇ كىتابنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىگە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن يولداش جېلىل مۇھەممەدمۇ قاتنىشىپ كۆپ ئەمگەك سىڭدۈردى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىز ئاپتور نامىدىن بۇ يولداشقا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمىز.

ئاپتور يەنە «ئۇنتۇلغان زېمىن» ناملىق تارىخىي روماننى نەشرىياتقا تاپشۇردى. ئۈچىنچى تارىخىي رومانى «كۆكتىن چۈشكەن پەرىشتە»نى نەشرىياتقا تاپشۇرۇش ئالدىدا تۇرماقتا.

## مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ئۇلار ۋەھىمىدە قاپتۇ ......................... 1
ئىككىنچى باب ئانا مېھرى ......................... 8
ئۈچىنچى باب يېڭى ۋەزىپە......................... 18
تۆتىنچى باب يېڭى دوستلار ......................... 44
بەشىنچى باب قاچ-قاچ ......................... 55
ئالتىنچى باب سۇيىقەست ......................... 62
يەتتىنچى باب دەسلەپكى ئىلىشىش ......................... 79
سەككىزىنچى باب قاپقان ......................... 89
توققۇزىنچى باب مەجبۇرىي نىكاھ ......................... 103
ئونىنچى باب بىر جۈپ ئالتۇن بىلەزۈك......................... 131
ئون بىرىنچى باب سىرلىق ئادەم ......................... 155
ئون ئىككىنچى باب پوقاقنىڭ ھىيلىسى......................... 167
ئون ئۈچىنچى باب تۈرمىدە ئۆتكەن كۈنلەر ......................... 180
ئون تۆتىنچى باب نامەلۇم قۇربان......................... 195
ئون بەشىنچى باب بىر تال مىشەك ......................... 210
ئون ئالتىنچى باب ئالۋاستىلار زىياپىتى ......................... 216
ئون يەتتىنچى باب بارا ت كېچىسىدىكى تۇتقۇن ......................... 229
ئون سەككىزىنچى باب سىناق ......................... 251

ئون توققۇزىنچى باب تۈرمىدىكى كۈرەش ........................ 271
يىگىرمىنچى باب ”بۆرە“نىڭ پىلانى ........................ 280
يىگىرمە بىرىنچى باب ئۇلار گۆر ئاغزىدىن ياندى ........................ 294
يىگىرمە ئىككىنچى باب ۋابا ئىلاھى ........................ 302
يىگىرمە ئۈچىنچى باب رىن جاۋتەينىڭ پەرمانى ........................ 312
يىگىرمە تۆتىنچى باب مەھبۇسلار سەپىرى ........................ 321
يىگىرمە بەشىنچى باب ئىز باسقان ئەۋلاد ........................ 340
يىگىرمە ئالتىنچى باب ”25-فېۋرال“دىكى قانلىق پاجىئە ........................ 356
يىگىرمە يەتتىنچى باب يالقۇنتاغدا غەزەپ ........................ 378
يىگىرمە سەككىزىنچى باب سېڭگىم ئېغىزىدا ........................ 403
يىگىرمە توققۇزىنچى باب ئاق بايراق ........................ 426
ئوتتۇزىنچى باب قورشاۋدا ........................ 436
ئوتتۇز بىرىنچى باب كەينىگە سەپەر ........................ 443
ئوتتۇز ئىككىنچى باب زەپەر قۇچقان كۈن ........................ 457
ئاخىرقى سۆز ........................ 471

## بىرىنچى باب

# ئۇلار ۋەھىمىدە قاپتۇ

قورقانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ،
سايىسى بىلەن بەش (كۆرۈنۈپتۇ).
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

1945-يىلى، باھار.

ھاردۇق يەتكەن كارۋانلار توپىلىق يولدا ئېغىر قەدەم تاشلىشىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار پات-پات "يۇرتىنىڭ قارىسى كۆرۈنەمدىكىن؟" دەپ قولىلىرىنى پېشانىلىرىگە سايىۋەن قىلىپ يىراققا قارىشاتتى. ئېغىر يۈك ئارتىلغان ئېشەكلەر باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ، باشلامچى ئېشەكنىڭ بويىنىدىكى قوڭغۇراق ئاۋازىغا تەڭكەش قىلغاندەك ئېغىر پۇشۇلداپ، ھارغانلىقتىن تۇياقلىرىنى ئارانلا يۆتكەپ كەلمەكتە ئىدى. ئېشەكچىلەر قولىلىرىدىكى دەستىسىدىن تۆرۈمى ئۇزۇن قامچىلىرى بىلەن ئېشەكلەرنىڭ ساغرىلىرىغا شۇنداق كەلتۈرۈپ سالاتتىكى "تارس" قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئېشەك ساغرىسىنى تولغاپ بىردەم سوكۇلداپ مېڭىپ، يەنە قايتىدىن "ئاھ خۇدا، بۇ ئۇزۇن يول قاچانمۇ تۈگەر؟!" دىگەندەك قىلىپ، بۇرۇنقى رىتىمغا چۈشۈۋالاتتى. قۇياش چۈشكە ياماشتى،

باھار قوياشى يەرلەرنى قىزدۇرۇپ، شور يەرلەردىكى ئىسسىق ھارارەت يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ، ھاۋانى تېخىمۇ قىزىتىپ، ئۇستىبېشىنى چاڭ باسقان ئادەملەرنى تەرلىتىشكە، ئۇسسۇتۇپ چاڭقىتىشقا باشلىدى، ئۇلار بەلباغلىرىدا، كۆڭلەكلىرىنىڭ پەشلىرىدە يۈز-كۆزلىرىنى پات-پات سۈرتەتتى، قوللىرىنى پېشانىلىرىگە قويۇپ يىراقلارغا قارايتتى.

كارۋانلار ئىچىدە بىر يىگىت باشقىلاردىن ئالاھىدىرەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بېشىدىكى كەپكىسى بەكمۇ ياراشقان، كەپكە ئاستىدىن چىقىپ تۇرغان قاپقارا چاچلىرى، بۇغداي ئۆڭ يۇمىلاق يۈزى، ئېلىپتەك بۇرنى، سەل تومۇرلۇق كەلگەن قاتقان مۇسكۇللىرى بىر چېنىققان تەنھەرىكەتچىنى ئەسلىتەتتى. قاپقارا قوشۇما قاشلىرىنىڭ تېگىدىكى بىر جۈپ يوغان قارا كۆزلىرىدە قانداقتۇر بىر غەيرەت-شىجائەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ بېشىغا بۇ تەرەپلەردە زادىلا كىيىلىپ باقمىغان يۇمىلاق سارجا كەپكە، ئۇستىگە چىغ يوللۇق چاكلى ئىشتان، ئاق خەسە كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، ئەتىگەن-ئاخشامدا ئۇستىگە ھېچقانداق بەلگىسى يوق ماش رەڭ ھەربىيچە چاپان كىيىۋالاتتى. ئۇزىنىڭ ياش بولۇشىغا قارىماي كىشىلەرگە بەكمۇ سىپايە ۋە ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ پات-پات ئۆز-ئۆزىگە "يول ئازابى — گۆر ئازابى" دېگەن گەپ راستكەن. باشقىلار ھاۋادا ئۇچۇۋاتىدۇ، بىز بولساق تېخىچە ئېشەك مىنىپ يۈرۈمىز دەپ ئېچىناتتى. بىر كۈنى ئۇزىنىڭ بۇ خىيالىنى ئېشەكچىلەرگە ئېيتقانىدى، ئۇلار "بىزنى خۇدا شۇنداق ياراتقان" دەپ تۇرۇۋالدى. ياش يىگىت ئۆزلىرىنىڭ تاپقان تەرگىننى خۇدا يولىدا نەزىر قىلىپ، ئۆزلىرى ئاچ قېلىۋاتقان، بېشىغا كېلىۋاتقان تۈرلۈك جەۋر-جاپالارغا شۈكۈر قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ كىشىلەرگە نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ تۇرمۇشتا بەزىلەرنىڭ "ھەقىقەت ئاسماندا ئەمەس، يەردە" دېگىنى راست بولسا كېرەك. ئۇ مۇشۇنداق باش ئايىغى يوق خىياللار بىلەن كېتىپ باراتتى.

— ئۇكامو ئېشەككە مىنىۋېلىڭ، — دەپ ۋارقىرىدى ياشانغان ئېشەكچى.

— بولدىلا، بۇ جانىۋارلارمۇ ئارانلا پۇتىنى يۆتكەۋاتىدۇ، — دېدى يىگىت.

— ئۇبدان بالىكەن، تاڭ ئاتقاندىن بۇيان ئېشەككە مىنەيمۇ دېمەيدۇ، — دېدى داۋۇت ئاخۇن.

— شۇنى دېمەمسىز؟! — دېدى ھېلىقى ياشانغان ئېشەكچى، — يولغا چىققان كۈندىن بۇيان مىنگەن ئېشەكنىڭ كىراسىنى بەرگەن بولسىمۇ، بىزگە تەڭمۇ تەڭ يۇك ئارتىشىپ بېرىۋاتىدۇ. قونالغۇلاردا ئاش-غىزا ئېتىشكىمۇ ياردەملىشىۋاتىدۇ، قولى ئەپلىك ئىكەن. ئېشەككە بىرەر-بىرەر مىنمىسە كۆپىنچە پىيادە مېڭىۋاتىدۇ.

— شۇنداق، — دېدى داۋۇت، — بەزىلەر ئۇ مەنزىلدىن بۇ مەنزىلگىچە ئېشەكتىن چۈشمەيدۇ، يەنە "مەن پۇل بەردىم" دەپ ھۆركىرەيدۇ.

ئۇلار مۇشۇنداق گەپلىشىپ ئاستا كەلمەكتە ئىدى. يولنىڭ ئىككى چېتىدە شىۋاقلار، توختاپ قالغان زەي شور سۇلار، ئۇيەر-بۇ يەردە قومۇش، يانتاق، بېسلغاق قاتارلىق يىپىنچاچاتقال ئۇسۇملۇكلەر چىلىقشقا باشلىدى. يۇلغۇنلار چېچەكلەشكە باشلىغانىدى. ھېلىقى يىگىت بولسا "تيانشاننىڭ شىمالىدا ئەمدىلا باھار كەلدى، بۇ يەردە بولسا ئاللىقاچان ياز باشلانغان" دەپ زوقلىنىپ يۇلغۇن چېچەكلىرىگە قاراپ قويدى ۋە پەس ئاۋازدا:

تەگرى تاغلىرى دەيدۇ،
مېنىڭ ياتار ماكانىمدۇر.
نېمە قىلساڭ، قىل شەنگەن،
سېنىڭ سورار زامانىڭدۇر.

دەپ سادىر پالۋاننىڭ ناخشىسىنى ئېيتىشقا باشلىدى.

— ئۇكام بۇ ناخشا بەكمۇ ئوبدان ناخشا ئىكەن، قارىغاندا دەردى بار بالىدەك كۆرۈنىسىز. يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ بېرىڭا! — دېدى توختاخۇن

ئىسمىلىك ھېلىقى ياشانغان ئېشەكچى.

— كۆرۈندى، مەھەللە كۆرۈندى، — دەپ ۋارقىرىدى شۇ چاغدا كارۋانلاردىن بىرسى. ھەممەيلەن قولىرىنى پېشانىلىرىگە قويۇپ يىراققا تىكىلىپ قاراشتى. يىراقتىن ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا بىر قارا جەگە كۆرۈندى. ئېشەكچىلەر قولىرىدىكى قامچىلىرىنى ئۈشقا سىلىپ، ئېشەكلەرنى قامچىلاشقا باشلىدى. ئېشەكلەر تاياق زەربىسىدىن تولغىنىپ، بىر-بىرى بىلەن يول تالىشىپ سوكۇلداشقا باشلىدى. ئېشەكلەرنىڭ بوينىدىكى ئۈپرىغان قوڭغۇراقلار يۇقىرى ئاۋازدا جاراڭلاپ كەتتى.

※ ※

ئۇلار چىڭقى چۈش مەزگىلىدە "تارەكنىڭ جايى" دەپ ئاتالغان بىر خارابە ئەتراپىدىكى كۆل بېشىغا كېلىپ، ئۆزلىرىنى كۆلدىكى سېرىق سۇغا ئېتىشتى. يولدىكى سۇلار ئاچچىق بولغاچقا، ئادەملەر بىلەن ھايۋانلار تۇنۇگۈندىن بۇيان سۇ ئىچمىگەن، قاپاق، تۇلۇملىرىدىكى سۇلار ئاللىقاچان تۈگىگەنىدى. ئۇلار سۇنى يىنىپ-يىنىپ قېنىپ ئىچتى، كۆلدىكى سۇ سەل سېرىقراق بولسىمۇ، تۇزلۇق بولمىغاچقا كارۋانلارغا ھەسەل تېتىدى. بۇ جاي قەدىمكى زاماندىن قالغان ئۆتەڭ بولۇپ، ئەسلىدە "لەڭگەر" دەپ ئاتىلاتتى. قەدىمكى "لەڭگەر" تاشلىنىپ قالغاندىن كېيىن، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاھىر ئىسمىلىك بىر كىشى بۇ يەرنى قايتا ئاۋات قىلىپ ئولتۇرغانىكەن. شۇڭا كېيىنكى چاغلاردا بۇ جاي "تارەكنىڭ جايى" دەپ ئاتالغان. شۇ چاغدىكى باغنىڭ ئىزى، كونىراپ كەتكەن ئۆيلەر ھازىرمۇ بار ئىدى. يۇرت بىلەن باردىغان مەنزىل (ئۆتەڭ) ئارىلىقى يىراق بولغاچقا، كارۋانلار كۆپ ۋاقىتلاردا مۇشۇ يەردە قونۇپ يولغا چىقاتتى، ئەتراپى توغراق، يانتاق، قومۇش، يۇلغۇن، ئازغان قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلانغان بولغاچقا كىشىلەر ئوتۇن-ياغاچنى، ئۇلاغلارغا بېرىدىغان ئوت-چۆپلەردىن ئانچە غەم قىلمايتتى. ئەتراپتا تۈلكە، مۇلۇن،

جەرەن، بۆغا، توشقان، ياۋا كەپتەر ھەتتا يىلان، كەسلەنچۈك، ئاغمخان قاتارلىقلار كۆپ بولغاچقا، بۇ يەر ئوۋچىلارنىلا ئەمەس، لاچىن، قارچىغا، تازقارا، بۈركۈت قاتارلىق يىرتقۇچ قۇشلارنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلغانىدى. بۇ كۆل يۇرتنىڭ خېلىلا ئايىغىدا بولسىمۇ، پات-پات ئوۋچىلار، ئوتۇنچىلار ئاچقان سۇ كېلىپ كۆل توشۇپ قالاتتى، ئۇلار سۇ ئىچىپ بولۇپ تۇرۇشىغا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك مۈرىسىگە قاپقان ئارتىۋالغان بىر ئادەم پەيدا بولۇپ قالدى.

— قەيەردىن كەلدىڭلار، ئاغىنىلەر؟ — دېدى ئۇ ۋە توختاخۇن ئېشەكچىنى كۆرۈپ سالام بەردى، — ھە... ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، توختاخۇن ئاكامكەنغۇ؟

— ھە... بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىز ئۇكام؟ — دېدى ياشانغان ئېشەكچى.

— قورساق غېمى، جەرەنگە تۇزاق سېلىۋاتىمەن، — دېدى "ئوۋچى".

ئۇ توختاخۇن ئېشەكچىگە گەپ قىلىۋاتقان بولسىمۇ، كۆزى كەپكە كىيىۋالغان يىگىتتە ئىدى. ئۇنىڭ سىنچى، چېقىر كۆزلىرى توشقان پايلاۋاتقان ئوۋ ئىتىنى ئەسلىنەتتى.

— مۇنۇ بالا كىم بولىدۇ؟ تونۇمىدۇمغۇ؟ — دېدى ئاخىر.

— كىم بولاتتى، ئۈچ يىل بۇرۇن ئەسكەرلىككە ئوتۇلغان بىر بىچارە، ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. قېنى ماڭايلى، ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتتى، — دېدى توختاخۇن ئېشەكچى.

ھەممەيلەن يولغا چۈشتى. ھېلىقى "ئوۋچى" كۆل بويىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى يەنىلا كەپكىلىك يىگىتتە ئىدى ۋە ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەيتتى.

— توختاخۇن ئاكا، ئۇ كىم؟ — دەپ سورىدى يىگىت.

— كىم بولاتتى، بىر مەلئۇن، خۇدادىن قورقمايدىغان دەيۇز. جەرەن ئوتارمىش تېخى، نۇرغۇن كىشىلەرنى ساقچىغا تۇتۇپ بەردى. كۆردىڭىزمۇ

ئۇكام، سىزگە يەپ كەتكۇدەك نەزەر بىلەن قاراۋاتىدۇ، ئىپلاس.

ياش يىگىت ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىدى. "ئۇۋچى" تىخىچىلا ئۇلارغا قادىلىپ قاراپ تۇراتتى.

※ ※

ئۇلار ئەمدىلا بازار كوچىسىغا قەدەم قويۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىنى تۆت نەپەر قوراللىق ئەسكەر توستى:

— توختاڭلا، قايەردىن كەلدىڭلار؟

— قاراشەھەردىن.

— يول خېتىڭلار بارمۇ؟

— ساقچىدىن بېرىلگەن خېتىمىز بار، — دەپ توختاخۇن ئىشەكچى يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ، قول ياغلىقىقا چىگىلگەن يول خېتىنى كۆرسەتتى.

— سېنىڭچۇ؟ سېنىڭمۇ يول خېتىڭ بارمۇ؟ — دەپ قوپاللىق بىلەن سورىدى يىگىتتىن.

— خېتىم ئەلۋەتتە بار، — دېدى يىگىت خەنزۇچە راۋان سۆزلەپ ۋە بېرىپ ئىشەكنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويغان كىچىك بىر سومكىدىن بىر پارچە خەنزۇچە تونۇشتۇرۇش بىلەن ھەربىي كىنىشكىنى ئېلىپ كۆرسەتتى. ئۇلار كۆرۈپ بولۇپ قايتۇرۇپ بەردى.

— ئۇدۇل ساقچىغا بېرىپ تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈڭلار.[1]

— بۇ خەقنىڭ مېلى، — دەپ يالۋۇردى توختاخۇن ئىشەكچى. ساقچىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بولغاندىن كېيىن بولمىدىمۇ؟

— بولمايدۇ، ماڭ! ماڭ! — دەپ ئىتتەردى ئەسكەرلەر.

ئۇلار يولغا چۈشتى، يولدا ئۇلارنى بىرقانچە يەردە قوراللىق كىشىلەر توختـاتتى. ھەممىسى ئۇلارنىڭ خەتلىرىنى كۆردى ۋە ساقچىغا بېرىشنى بۇيرىدى. ئۇلارنىڭ مۇئامىلىسى ناھايىتى قوپال ئىدى.

---

[1] شۇ چاغلاردا "تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى" دېگەن بىر گۇرۇپپا بولۇپ، ھەرقانداق ئادەم شۇلارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈشى لازىم ئىدى.

— بۇ نېمە ئىش؟ — دېدى يىگىت توختاخۇن ئېشەكچىگە، — بۇ يەر ئۆزگىرىپ كېتىپتۇغۇ؟

— قىش كىرگەندىن بۇيان ئىسكەرلەر مۇشۇنداق ھەر كۈنلىكى تۆت-بەشتىن بولۇۋېلىپ كوچا ئايلىنىپ يۈرىدۇ، ئادەملەرگە يەر تېگىدىن ئوغرىدەك قارايدۇ، بىرنەچچە ئادەم بىر يەرگە يىغىلىپ قالسا، قوغلاپ تارقىتىۋېتىدۇ. پالان-پۇكۇن دېسىڭىز تاياق يەيسىز ياكى سولاقتا ياتىسىز. ئۆزىڭىزگە بەك ئاگاھ بولۇڭ ئۇكام. كۆردىڭىزمۇ ئۇلارنىڭ ئەلپازىنى؟! — دېدى توختاخۇن ئېشەكچى.

— مۇنداق دەڭ، — دېدى ھېلىقى يىگىت، — "ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك-پوك" ئىكەن-دە.

ئۇ خىيالغا چۆكۈپ ماڭغاچقا ساقچىغا كەلگەنلىكىنى سەزمەي قالدى.

ساقچىلار ئۇلارنىڭ خەتلىرىنى بىر-بىرلەپ كۆرۈپ چىقتى. بولۇپمۇ ياش يىگىتنىڭ خېتىنى ۋە ھەربىي كىنىشكىسىنى ئۇزاق تەكشۈردى. ئوغرىدەك كۆزلەر ئۇنى سىنچىلاپ قاراپ چىقتى. ئاخىرىدا ھەممەيلەنگە نازارەت قىلىپ تۇرغان بىر ساقچى ئەمەلدارى:

— بولدى قايتىسىڭىز بولىدۇ، لېكىن ئۇياقلاردا ھېچنەرسە كۆرمىدىڭىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ سىز بولسىڭىز ھەربىي، — دېدى-دە، باشقىلارغا بۇيرۇق بەردى:

— يۈكىنى چۈشۈرۈپ بىرمۇ بىر ئاختۇرۇپ چىقىڭلار.

— دېمەك بۇلار ۋەھىمىدە قاپتۇ، — دەپ پىچىرلىدى يىگىت ۋە دەرھال بۇ يەردىن كەتتى.

— دۇسا[1] جانابلىرى، دۇسا جانابلىرى، — دەپ يالۋۇردى توختاخۇن ئېشەكچى ساقچى ئەمەلدارىغا، — بۇ ماللار مامۇت بايۋەچچىنىڭ، ئىگىسى يوق ماللارنى چۇۋۇساق قانداق بولىدۇ؟ مەن نېمە دەيمەن؟

— بۇ ھۆكۈمەتنىڭ پەرمانى، ئۇقتۇڭمۇ؟

ساقچىلار ماللارنى چۇۋۇپ، ئارغامچىلارنى كېسىپ ئاختۇرۇشقا كىرىشتى.

---

① دۇسا (دۇجا) — ساقچىنىڭ تەپتىشى.

## ئىككىنچى باب

# ئانا مېھرى

خىجىل بولۇپ تۇرامسەن جانجان ئانا،
بېرەمدىم ئوغلۇمغا "قارا بولكا" دەپ.
ئېھتىمال ئوغلانىڭ ياقا يۇرتلاردا،
يۈرگەندۇر، ئاپئاق نان بولكىلارنى يەپ.
بولكاڭنى بېرىۋەر جانجان ئانا،
مەيلى ئۇ بولسىمۇ قانچىلىك قارا.
مېزىلىك تېتىيدۇ ئۆز يۇرت بولكىسى،
يات يەردە يېگەن ئاق بولكىدىن ماڭا.

— پېتوفى

— قونۇپ قېلىشقا ئۇنىمىسىڭىز مەيلى، ھازىرلا يولغا چىقايلى، — دېدى ھەسەن، — بولمىسا تۇسۇلۇپ قالىمىز، بىكار ئاۋارە بولغانىنىڭ پايدىسى يوق.

— قويىسىڭىزا چاقچاقنى! كىم تۇسۇۋالاتتى؟

— ئەسكەرلەرچۇ؟ ئەسكەرلەر تۇسۇۋالىدۇ. سىز ھەربىي ئادەم تۇرۇپ

شۇنىمۇ بىلمىدىڭىزمۇ؟ ئۆتكەن يىلى 12-ئايدىن باشلاپ كېچىسى يورۇش مەنئى قىلىنغان.

— مۇنداق دەڭ، "تۆگىنى شامال ئۇچۇرسا، ئۆچكىنى ئاسماندا كۆرۈڭ" دېگەندەك ئىش بوپتۇ. قاش دەرياسىدا دولقۇن كۆتۈرۈلسە، ئالتۇن تاغدا بۆرە ھوۋلاپتۇ ئەمەسمۇ؟

ئۇ كېيىنكى بىر ئېغىز سۆزىنى ھەسەن ئارانلا ئاڭلىغۇدەك قىلىپ ئېيتتى، ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى مەسخىرە قىلىش ئالامىتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ھەسەن شىخولۇق ئوقۇتقۇچى بولۇپ، مۇشۇ يىگىتنىڭ ھاماچىسىغا ئوخشايدىكەن. جىسمانىي قۇرۇلۇشى بەك ۋىجىك بولغاچقا كىشىلەر "قوشقاچ ئەپەندى" دەپ لەقەم قويۇۋالغانىدى. ھېلىقى يىگىت ئېغىرراق بىر دانە سەپەر خالتىسى بىلەن بىر دانە خۇرجۇننى قويۇپ قويۇش ئۈچۈن شۇ يەرگە كەلگەنىدى. يىگىتنىڭ ئۆيى يېزىدا بولۇپ، ئۇلار كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇنلا يولغا چىقتى. لېكىن ھاۋا يەنىلا قىزدۇرۇپ تۇراتتى. شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدا بىر ساي بولۇپ، بۇ سايغا يازدا كەلكۈن كەلگەندە، قىشتا مۇز توڭلىغاندا سۇ كېلەتتى، ئۇنىڭدىن باشقا چاغدا سۇ كەلمەيتتى. كەلكۈن مەزگىلىدە ياكى قىش كۈنلىرى كۆپ ھاللاردا شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە پات-پات ئۈزۈلۈپ قالاتتى. خۇسۇسەن قىش كۈنلىرى ئالۋانغا ئوتۇن، سامان، بىدە، توخۇ، تۇخۇم ئېلىپ ماڭغان دېھقانلارنىڭ ھالىغا ۋاي.. ئېشەكلەر سۇدا يىقىلىپ، ئوتۇن، سامان سۇدا قالاتتى. بىچارە دېھقان بىلىكىچە مۇزلۇق سۇ كېچىپ ئېشەكنى قوتقۇزاتتى. ئوتۇن، سامان ئۈچۈن ئۇنبېشى، دوغا، يايىلارنىڭ قامچىلىرى دېھقانلارنىڭ بېشىدا قارسىلدايتتى. ئۇلار مانا مۇشۇ دەرياني كېسىپ ئۆتتى. لېكىن بۈگۈنكى كۈندە ياز بولسىمۇ بۇ قۇرۇق دەريا خەنەرلىك بولۇپ قالدى. ئانلىق پايروللار مۇشۇ يەردە بوغىماي چوڭلىشىپ يۈرۈشەتتى. يارنىڭ كامارلىرىنى، دۆڭلۈكلەرنى ئاختۇراتتى. كەچ كىرىپ قالسا مېڭىشقا قەتئىي بولمايتتى.

ئۇلار دەريانى كېسىپ ئۆتكەن چاغدا قۇياش غەربكە خېلىلا ئېگىلگەن بولسىمۇ، يەنىلا سايدىن كۆتۈرۈلگەن ياللۇندىن ھەممە يەر قىزىپ كەتكەنىدى. ئۇلار ھەدەپ قول ياغلىقلىرى بىلەن يۈز-كۆزىنى سۈرتۈپ ئۆلگۈرەلمەي قېلىشتى. ئۇلار سايدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە جىگدە، تېرەكلەر تىكىلگەن باغ ئارىلاپ مېڭىشتى. يىگىتكە ھەممە نەرسە تونۇش، بۇنىڭدىن ئۈچ-تۆت يىل بۇرۇن قانداق بولسا ھازىرمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇ ئۇسسۇزلۇقتىن سارغىيىپ كەتكەن بۇغدايلارنى كۆردى. بۇ بۇغدايلارغا ئوت ياقسا كۆيۈپ كەتكۇدەك دەرىجىگە يەتكەنىدى.

— بۇ نۇراخۇن پوستەكنىڭ جايىغۇ؟ بۇغدايلار نېمىدېگەن ئۇسساپ كەتكەن ھە؟...

— شۇنداق، كەمبەغەل ئۈچۈن سۇ تومۇردىكى قانغا ئوخشاش، — دېدى ھەسەن، — دۇنيا شۇنداق ئىكەن. مانا مۇشۇ دەريانى ئالايلى، ھازىر سۇ يوق، بىزنى كۆيدۇرۇۋاتىدۇ. دېھقان ئومىغا چۈشكەندە كەلكۈن كېلىپ ئالەمنى ماللەم قىلىدۇ. قىشتا سۇدىن ئۆتكىلى بولمايدۇ. ئالۋانغا ماڭغان دېھقاننىڭ ئېشىكى ئوتۇن، سامان بىلەن سۇدا لەيلەيدۇ. بىچارە دېھقان بېلىگىچە سۇ كېچىپ ئوتۇن، سامانىنى سۆرەپ چىقسا، بۇنى ئاز دېگەندەك ئەسكەر، ياپىلاردىن قامچا يەيدۇ. ھەي... تەڭشەلمىگەن ئالەم.

— شۇنداق، دېگەنلىرىڭىز بەرھەق، — دېدى يىگىت.

ئۇلار ئىككى باغنىڭ ئارىسىدىن ئۆتتى، بۇ باغلار ياپيېشىللىققا پۈركەلگەنىدى. باغنىڭ ئىچىدىن سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئەمەت باۋجاڭ بىلەن يولداش شاڭيۇنىڭ بېغى ئىدى.

— ئاجايىپ ئىش، بىرسى قۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ، يەنە بىرسى ئۇسسىماي تۇرۇپلا سۇ شارقىرايدۇ، — دېدى ياش يىگىت ئەپسۇسلىنىپ.

— شۇنداق، بىزدە "سۇ سايغا ئاقىدۇ، پۇل بايغا" دېگەن تەمسىل بار. لېكىن ھازىر سۇمۇ سايغا ئاقماي بايغا ئېقىۋاتىدۇ، — دېدى ھەسەن.

— ھەي تەڭشەلمىگەن ئالەم، "ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى

بار يەرنىڭ ئۇتى يوق» دەگا؟
— شۇنداق.
ئۇلار شۇنداق قىزغىن پاراڭلىشىپ، نىياز ئۇستامنىڭ ئۆيىگە قايرىلىدىغان جايغا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قېلىشتى. بۇ چاغدا نىياز ئاكا ئىشىك ئالدىدا ئوينىۋاتقان باللارغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ يىراقتىن كېلىۋاتقان ئىككەيلەننى كۆرۈپ «ئويۇنچىلار بولمىسۇن يەنە» دەپ ھويلىغا كىرىپ كەتتى. شۇ چاغدا قوياشمۇ ئاستا-ئاستا ئۇپۇق سىزىقىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇندى. ئۇلار يېقىن كەلگەندە باللار ھەسەن بىلەن باراتنى تونۇپ قالدى ۋە خەۋەر قىلىشقا ھويلىغا يۈگۈردى.
— ئاكام كەلدى، — دەپ چۇرقىراشتى باللار.
باياتىن بۇلارنى كۆرۈپ خەلقتىن بىرەر نەرسە ئۇندۇرۇشكە چىققانلار ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغان نىياز ئۇستا ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى.
— نېمە دېدىڭ؟ كىم كەلدى؟ كىم دەيسەن؟ — دەپ ئۇ ئەجەبلىنىپ ئارقا-ئارقىدىن سوئال قويدى. بۇ سوئالدىن باللار تەمتىرەپ قېلىشتى.
— ئاكام كەلدى، ئاكام دەۋاتىمەن، — دېدى ئون بىر ياشلىق بىر ئوغول بالا.
— ئاكام كەلدى، — دېدى تۆت ياشلىق ئۆمەرجانمۇ چۈچۈك سۆزلىرى بىلەن، ئۇنى نىياز ئاكا كۆتۈرۈۋالدى.
نىياز ئاكا دەرھال سىرتقا ماڭدى. ئاڭغىچە ئۇلارمۇ دەرۋازا ئالدىغا كەپقالدى.
— بارات ئوغلۇم! مەن سېنى تونۇماي قاپتىمەن. يامۇلدىن چىققانلارمىكىن دەپتىمەن، — دەپ نىياز ئاكا ئوغلىغا قاراپ قۇچاق ئېچىپ يۈگۈردى. ئاتا-بالا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئاڭغىچە باراتنىڭ ئانىسى بىر پۇتىدا ئەسكى كالاچ، يەنە بىر پۇتى يالاڭ ئاياغ يۈگۈرۈپ چىقتى.
— جېنىم بالام، جىگىرىم... ساق-سالامەتمۇسەن؟
ئانا ئوغلىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ يىغلاشقا باشلىدى ۋە ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرىنى، بېشىدىكى زىغىررەڭ سارجا كەپكىسىنى، كۆك سوكنا چاپىنىنى،

سېرىق سارجا ئىشتىنىنى سىيلاپ چىقتى. يۈرىكى ئېزىلگەن ئانىنىڭ بۇ قىلىقى قارىماققا ئوغلىنىڭ كىيىملىرىنى تۇتۇپ باققاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئەزالىرىدىن بىرەر كەم يەرنى ئاختۇرۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

— بولدى خوتۇن يىغلىماڭلا، بالىمىز ساق-سالامەت ئىكەنغۇ؟ خۇداغا شۈكۈر قىلايلى!

لېكىن ئانىنىڭ ئوغلىنى قويۇۋەتكۈسى كەلمەيتتى. بالىسىغا قاراپ تويمايتتى. ئوغلىغا يېنىش-يېنىشلاپ قارايتتى. ئانىنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقانىدى.

شۇ كۈنى ئاخشامدا نىياز ئۇستامنىڭ ئۆيىدە ئۇزاققىچە چىراغ ئۆچمىدى.

※ ※

شۇنچە كەچ ياتقانلىقىغا قارىماي باراتنىڭ زادىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇ يول بويى ئاتا-ئانامنى كۆرسەم، ئۇلارنى سېغىنىش ھېسسىياتىم بېسىلىپ خۇشاللىقتا چۆمەرمەن دەپ ئويلىغانىدى. ئاتا-ئانىسىنى كۆردى. لېكىن ھازىرمۇ بۇ ئائىلىنى مۇندىن ئۈچ يېرىم يىلنىڭ ئالدىدىكىدەكلا يوقسۇزچىلىق قاپلاپ تۇرۇپتۇ. ھەممە نەرسە بۇرۇنقىدەك زادىلا ئۆزگەرمەپتۇ. ئۆيمۇ يەنىلا شۇ كونا ئىسلىشىپ كەتكەن ئۆي. گاھى جايلىرىنىڭ سۇۋاقلىرى ئاجراپ كەتكەن. كاڭدا يەنىلا بۇرۇنقى قارا كىگىز، چارپالاس، ئۇكىلىرى چوڭ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ھەممىسى يېرىم يالىڭاچ، پەقەت ھويلىدىكى ئۈزۈم بارىڭى ئاۋۇپ باراقسانلاشقان. ھويلىدىكى ئەسكى چەللە شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. ئاتا-بالا ھويلىنى چۆگىلىتىپ سالغان ئەنجان تېمىمۇ شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. ھەتتا شۇ چاغلاردا بېكىتىپ قويغان دەرۋازا ئورنىدىكى شاخچا ئەگىنمۇ شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. ئاتام كېچىسى ھۈنەر قىلىپ، كۈندۈزى دېھقانچىلىق قىلىدۇ. لېكىن يەنە نېمە ئۈچۈن كەمبەغەللىكتە ئۆتىدۇ؟...

شۇ چاغدا باراتنىڭ ئانىسى ئورنىدىن تۇرۇپ جىنچىراغنى ياقتى. چىراغ

ئۆينى غۇۋا يورۇتتى. ئانا ئوغلىغا يېقىن كېلىپ يۈزىگە سىنچىلاپ قارىدى. ئانىسىنىڭ باشقىچە ئويلارغا كېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇ كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ يېتىۋالدى. بىچارە ئانا ئوغلىنىڭ يېنىدا ئۇنىڭغا قاراپ ئۇزاققىچە ئولتۇردى. بىردىنلا بارانىڭ ئانىسىغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئانىسىغا قارىدى.

— ئانا ئۇخلىماپسىزغۇ؟

— ئۇيقۇم كەلمىدى، سېنىڭ كەلگىنىڭگە خۇشاللىقىمدىن ئۇيقۇم كەلمىدى. بۇ ئوڭۇممۇ، ياكى چۈشۈممۇ؟ دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇخلا ئوغلۇم، هارغانسەن. بۇ چۈشۈم ئەمەس، ئوڭۇم ئىكەن، خۇدايىم ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئەمدى سېنى ئۆيلەپ نەۋرە كۆرسەم، ئۆلسەم ئارمانىم قالمايتتى، — دېدى ئانا.

ئانا بېرىپ چىراغنى ئۆچۈردى. بارانىڭ "چىراغنى ئۆچۈرمەڭ" دەپ ئانىسىغا يالۋۇرغۇسى كەلدى. لېكىن چىراغ يېغىنى ئاياش كېرەك-دە. ئۇ، شۇ چاغدا ئۈرۈمچىدىكى دوستى ئەسمەتۇللىنىڭ سىڭلىسى ئاسىيەنى ئويلاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ سۈرىتىگە قاراپ باققۇسى كەلدى. لېكىن هازىر مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاستا قولىنى سوزۇپ تەكىيىسىنىڭ يېنىدا قاتلاقلىق تۇرغان چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن بۇ ياققا ماڭار چاغدا ئاسىيە يوللۇق تۇتقان ئەتىر پۇراپ تۇرىدىغان، چۆرىسى كەشتىلەنگەن ئاق شايى ياغلىقنى ئالدى-دە، ياغلىقنى لېۋىگە باستى، ۋە يۈز-كۆزىگە سۈردى. پۇراقلىق ئەتىر ئۇنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلدى. ئۇ شۇ تاپتا ئاسىيەنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا زىلۋا بويلۇق، ئەتلەس كۆڭلەك كىيىپ، چېچىنى ئارقىسىغا تۈگۈۋالغان ئون سەككىز-ئون توققۇز ياشلاردىكى ئاق-سېرىق، قارا قاش، قوڭۇر چاچ، خۇمار كۆزلۈك ئاسىيە كۈلۈپ تۇرغاندەك بولدى. ئۇ ياغلىقنى قايتا-قايتا سۆيدى ۋە قايتا-قايتا پۇرىدى. ئۇنىڭ كۆڭۈل خاتىرىسىدىن بۇ ياغلىقتا ئاسىيە تەرىپىدىن كەشتىلەنگەن ۋە ئۆزىمۇ بەك ياخشى كۆرىدىغان لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ:

ئېسىلارمەن مىلتىق ئېتىپ تاۋلانغان قولغا،
يېپىشارمەن بايراق بىلەن ئالغا ئاتلىغان يولغا.
كۆرمىش باياۋاندا ھارماسمەن ئەسلا،
يېگىش بىلەن كېلىپ چىقمىز، كەڭ غالىب يولغا.

دېگەن مىسرالىرى بىر-بىرلەپ ئۆتتى. شېئىرنىڭ ئاستىغا "ئەگەر نىشانىڭىز شۇ بولسا، مەن سىزگە ئۆمۈرلۈك يولداش بولاي" دېگەن سۆزلەر كەشتىلەنگەن. ئاسىيە ياغلىق بىلەن بىللە يەنە بىر پارچە خەتمۇ بەرگەن. ئۇ خەتتە :

ئاتلىرىڭ ئورۇق، يوللىرىڭ يىراق،
قاچان كېلىسەن يارىم، قارا كۆز يۇملاق.
دېگەن خەلق قوشىقى ۋە "سىزنى كۈتىمەن" دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىدى. ئۇ شۇلارنى ئويلا-ئويلا يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

※ ※

"بۇغداي سېرىق تال بولغاندا ئەر سارغىيىدۇ" دېگەن گەپ بىكار ئەمەس. ئۇنىڭ ئانىسى ھەرقانچە پايپېتەك بولسىمۇ ئوغلىنى مېھمان قىلغۇدەك تۇزۇكرەك نەرسىسى يوق ئىدى. بىچارە ئانا قوشنىسىنىڭ ئۆيىدىن بىر دانە ئاقنان ئۆتنە ئەپچىقىپ، ئۇنى چوڭ ھېجىر چىنىگە سېلىپ، ئۈستىگە ئازراق قوي يېغى سېلىپ، ئوغلىنىڭ ئالدىغا قويغانىدى، بۇنى كۆرۈپ باراتنىڭ ئۆكىلىرى تەلمۈرۈپ كەتتى.
— ئاكاڭلار مېھمان، — دېدى ئانا، — مەن سىلەرگە ھېلىلا نان يېقىپ بېرىمەن.
— ئۆزۈن بويىدى، مەن بۇداي نان يېمىدىم، — دېدى كىچىك

ئۆمەرجان.

— ئانا بۇ ناننى ئۆكىلىرىمغا بېرىڭ، — دېدى بارات ئىلتىجا بىلەن ئۆكىلىرىغا قاراپ ئېچىنغان ھالدا، — مەن نېمە يېسەم بولۇۋېرىدۇ.

— ياق بالام، سەن ئۆز قولۇم بىلەن چىلىغان ناننى يەپ باق. ئۇلارغا مەن ھازىرلا نان يېقىپ بېرىمەن، — ئانا شۇنداق دېدىيۇ، ئىچىدە «ئۆيدىكى ئۇندا نان ياقسام ئاشنى نېمىدە ئېتەرمەن» دەپ ئويلاپ قالدى.

بارات ئانىسىنىڭ قولىدىكى چىنىنى ئېلىپ، چاينى بىر ئوتلاپ:

— رەھمەت ئانا، ماڭا تەگدى، — دېدى-دە، چىنىدىكى ناننى ئۆكىلىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ بالام؟ سەن مېھمان تۇرساڭ؟! — دەپ ئانا ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

— ياق ئانا، مەن مېھمان ئەمەس، — دېدى بارات، — ئۇنتۇپ قالماڭ، مەن سىزنىڭ ئوغلىڭىز، مېنىمۇ سىز تۇغقان.

— بولدى خوتۇن، — دېدى نىياز ئاكا، — بالىنى تەڭلىكتە قويمىغىن.

بىچارە ئانا ئوغلىنىڭ قولىنى قويۇۋەتتى ۋە ئېقىپ تۇرغان كۆز ياشلىرىنى يەڭ ئۇچىدا سۈرتتى، بارات بولسا چىنىنى بىكارلاپ ماتا داستىخاندىكى زاغرىغا قول سۇندى.

※ ※

ئۇ ئەتىگەندىن بويان تالباراگىنىڭ تېگىدە ئولتۇرۇپ، يىراقتا قالغان دوستلىرىغا خەت يېزىۋاتاتتى. ئانىسى بولسا ئۇنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ، خۇددى پەرۋانىدەك چۆگىلەپ يۈرەتتى. بەدەنلىرى يېرىم يالىڭاچ ئۆكىلىرى بولسا ئاكىسىنىڭ يېزىۋاتقان خەتلىرىگە، قەلەم تۇتقان قوللىرىغا ھەۋەسلىنىپ، قەلەمنىڭ قەغەز ئۈستىدە شىر-شىر ئاۋاز چىقىرىپ مېڭىشىغا قولاق سېلىشىپ جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى. ئۇ يېزىپ بولغان ئىككى پارچە خەتنى قاتلاپ قويۇپ،

يەنە قەغەز ئېلىپ يېزىشقا تەمشەلدى.

— جىقلا خەت يېزىپ كەتتىڭغۇ ئوغلۇم؟! — دېدى ئانا.

— دوستلىرىمغا خەت يېزىۋاتىمەن، — دېدى بارات كۈلۈپ تۇرۇپ، — ھەر بىرىگە باشقا-باشقا خەت يازمىسام، ھەممىيلەن بىر ئۆيدە بولمىغاندىن كېيىن ئوبدان بولماس ئانا.

— ئىختىيارىڭ بالام، چارچاپ قالمىساڭ مەيلىغۇ...

— خاتىرجەم بولۇڭ ئانا! — دەپ، بارات ئەمدى ئاسىيەگە يازىدىغان خېتىنى يېزىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئاسىيەنىڭ گۈزەل سىيماسى كەلدى. ئۇ خېتىنى خېلى ئۇزاق داۋام قىلىپ مۇنداق ئاياغلاشتۇردى:

"... قەدىرلىكىم ئاسىيە، مېنىڭ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگىنىمگە ئىككى ھەپتىدىن ئاشتى. ھەممە يەردە"قازاننىڭ قۇلىقى تۆت" ئىكەن. بىزنىڭ ئائىلىنى ۋە پۈتۈن يۇرتنى يەنىلا يوقسۇزچىلىق قاپلاپ كەتكەن. ۋەيرانچىلىق، بۇرۇقتۇرمىلىق ھۆكۈم سۈرۈۋېتىپتۇ. بۇ يەر شۇنچە چەت بولسىمۇ، گومىنداڭچىلار ۋەھىمىدە قاپتۇ. يوللار قامال قىلىنغان. ھەممىلا يەرنى قوراللىق پاترۇللار قاپلاپ كەتكەن. ئۆتكەن-كەچكەنلەرنىڭ ھەممىسىدىن گۇمانلىنىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ يۇرتنىڭ خەلقى ئۆز ۋاقتىدا جىن شورىن، ماجۇڭيىڭ، شىڭ شىسەي بىلەن بەش يىل ئۇرۇشقان. شۇڭا ھازىر بۇ يەردە كېچىدە يۇرۇش مەنئى قىلىنغان. خەلق ئىشپىيونلارنىڭ نازارىتىدە ياشايدىكەن. لېكىن خەلق دېگەن يەنىلا خەلق-دە. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئازاد بولۇشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ. ھۆكۈمەت بارلىق ئاخباراتنى قامال قىلىۋالغان بولسىمۇ، "ئىشتانغا چىققان كۆكۈلگە تايىن" بولغاچقا "ئايىنى ئېتەك بىلەن ياپالماپتۇ". مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئابلەتنىڭ، ئاككىز ئەسمتۇلنىڭ دېگەن گەپلىرى ۋە قىلغان نەسىھەتلىرىنى تېخىمۇ بەكرەك چۈشەنگەندەك بولدۇم. ئۇلارنىڭ "گومىنداڭنى يوقاتمىغىچە خەلققە تىنچلىق يوق" دېگەن سۆزلىرىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى. مەن بىر تامچە قېنىم قالغىچە ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن.

ئاتا-ئانامنى كۆردۈم. ئۇلار يەنىلا يوقسۇزچىلىق ۋە خورلۇق ئىچىدە

ياشاۋېتىپتۇ. بولمىسا ئاتام كۈندۈزى ئېتىزدا ئىشلەپ، كېچىسى ھۈنەر قىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ يوقسۇزچىلىقتا ئۆتىدۇ. ئالۋان-سېلىق خەلقنى ۋەيران قىلىۋېتىپتۇ... بولمىغۇر گەپلەرنى يېزىپ، سىزنى بىزار قىلغان بولسام مېنى كەچۈرۈڭ، چۈنكى سىزدىن يېقىنراق ئادىمىم يوق. سىز بولمىسىڭىز بۇ دۇنيا ماڭا ھارام، شۇڭا سىزگە دەردىمنى تۆكۈپ، ئىچىمنى بوشىتىپ، بىرئاز ئارام تېپىپ قالاي دېدىم. پات ئاردا يازلىق يىغىم باشلىنىدۇ. ئاتامنىڭ بۇغدايلىرىنى ئورۇپ، خامانغا يىغىپ بېرىپ، ئاتپوسكام ئاخىرلىشىش بىلەنلا قايتىپ بارىمەن، ئۇ چاغدا مەڭگۈ بىللە ئۆتىمىز. سىزنى سۆيىمەن.

1945-يىل 6-ئاينىڭ 7-كۈنى. بارات "

ئۇ خەتنى قاتلىدى-دە، ئانىسى ئېتىپ كەلگەن چۆمۈچتىكى شىلىم بىلەن ئۈچ دانە كونۋېرتنى چاپلاپ ئادرېسنى يازدى.

## ئۈچىنچى باب

# يېڭى ۋەزىپە

قېنى ساقى ئۈزاتقىن بىر قەدەھ مەي،
نە سەبرىم قالدى ئەمدى يەنە ئىچمەي.
ئۆزۈڭمۇ تولدۇرۇپ قوي ئىچرازسىز،
ئىچەيلى يوپيورۇق بىر تاڭ ئۈچۈن بىز.
— ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

باراتنىڭ قايتىپ كەلگىنىگە بىر يېرىم ئاي بولدى. ئۇنى يوقلاپ كەلگۈچىلەر ئۇ تەسەۋۋۇر قىلغاندىكىدىنمۇ كۆپ بولدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىلا ئەمەس، تونۇشلىرى، ساۋاقداشلىرى، ھەتتا تونۇمايدىغان كىشىلەرمۇ بارئىدى، خۇسۇسەن ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ياشلار كۆپ بولدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەزىلەر ئۇرۇمچىدەك ئاجايىپ بىر جايدىن باراتنىڭ مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە قايتىپ كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى تولىمۇ بىلگۈسى كېلەتتى. يەنە كېلىپ ئەسكەر بولغان ئادەم ھە؟! ... لېكىن بارات بۇنىڭغا ناھايىتى ئاددىي جاۋاب بەردى:

— ئاتا-ئانامنى يوقلاپ كەلدىم.

ئەلۋەتتە باراتنىڭ ئاتا-ئانىسىنى يوقلاپ كەلگىنى راست ئەمەسمۇ؟ ئۇنداق بولمىسا بارات ئاسىيەنى تاشلاپ، ئۆزىنىڭ كۆزىنى ئېچىپ، ئاق-قارىنى پەرق ئەتكۈدەك ئادەم قىلىپ قويغان دوستلىرىنى تاشلاپ بۇ ياقلارغا كېلەتتىمۇ؟ لېكىن باراتنىڭ جاۋابىغا ئىشەنمىگەنلەر ئۆزلىرىنىڭ تەخمىنىي كۆزقاراشلىرىنى بىر-بىرىگە ئېيتماي تۇرالمىدى:

— ئېھتىمال ھەربىي كىيىمنى تاشلاپ جاسۇسلۇق قىلىشقا كەلگەندۇر.

— راست دەيسەن، بولمىسا ئۇرۇش ۋاقتىدا ئەسكەرگە ئائىلە يوقلاشنى كىم قويۇپتۇ؟

— گومىنداڭ قوشۇنىدىكى ئۇيغۇرلارنى تارقىتىۋەتكەندۇ؟!

......

شۇنداق قىلىپ باراتنىڭ كېلىشى كىشىلەر ئۈچۈن بىر تېپىشماق بولۇپ قالدى. باراتنىڭ كۆلۈپ تۇرغان چىرايى بىلەن سەممىي جاۋابلىرىمۇ ئۇلارنى ئىشەندۈرەلمىدى. راستىنى ئېيتقاندا بۇ يەردە شۇنداق بىر ھالەت شەكىللىنىپ قالغان ئىدىكى، ھەتتا بەزىدە كىشىلەر ئۆز ئاتا-ئانىلىرىغىمۇ ئىشىنەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىدىن ساقچى ئىدارىسى خەۋەردار بولۇپ تۇرغاچقا كىشىلەر يۈرەك ئالدى بولۇپ كەتكەنىدى. شۇڭلاشقا ھەرقانداق بىر ئائىلىدە يۈز بەرگەن ئادەتتىكى ئائىلىۋى ماجرالارغىمۇ «ساقچىنىڭ قولى بار» دېيىش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق باراتقا كىممۇ ئىشەنسۇن؟!

...

※ ※

باراتنىڭ ئاتا-بوۋىسى ئەسلىدە پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن دېگەن يېرىدىن ئىدى. شۈەنتۇڭنىڭ 1-يىلى (مىلادى 1909-يىلى) باراتنىڭ بوۋىسى غوجاھەمراخۇن لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ كۆمۈر توشۇش ئالۋىنىغا تۇتۇلۇپ، شۇ كەتكەنچە ئۆيىگە قايتىپ كەلمىدى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا لۈكچۈن

ۋاڭلىرىنىڭ ئىشلىتىدىغان كۆمۈرى ئۈرۈمچىدىن ياكى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ "تارانچى" كۆمۈر كېنىدىن كەلتۈرۈلەتتى. ئالۋانغا تۇتۇلۇپ ئىز-دېرەكسىز بولۇپ كەتكەن بۇ بوۋاينىڭ ئايالى كېيىنكى يىلى ئۆزلىرىنىڭ بىردىن بىر ئوغلى نىيازنى قارا يېتىم قىلىپ تاشلاپ كېزىك كېسىلى بىلەن باقى ئالەمگە سەپەر قىلدى. بۇ چاغدا نىياز 14 ياشتا ئىدى. باش پاناھسىز قالغان بۇ بالىنى غوجا ھەمراخۇنىنىڭ ئاغىنىسى موزدۇز ئەمەت ئاخۇن ئۆزىگە شاگىرت قىلىۋېلىپ، بېشىنى سىيلىدى. 1913-يىلى قۇمۇلدا تۆمۈر خەلىپە، تۇرپاندا مويدىن خەلىپە باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ پارتلىدى. موزدۇز ئەمەت ئاخۇن مويدىن خەلىپە باشچىلىقىدىكى تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئاكتىپ قاتناشتى. نىيازمۇ ئۇستىسى بىلەن قوزغىلاڭچىلار ئارىسىغا قوشۇلدى. لېكىن ھېيلىگەرلىكتە ئۇچىغا چىققان ياڭ زېڭشىن ئالداش بىلەن قوراللىق باستۇرۇش ھېيلىسىنى تەڭ قوللىنىپ، ئاخىر قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، شۇ يىلى 6-سىنتەبىر كۈنى ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن داغدۇغىلىق دېھقانلار قوزغىلىڭى مەغلۇب بولدى. ياڭ زېڭشىن پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەيلا ئارقىدىن قوزغىلاڭغا قاتناشقانلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق بەردى. قوزغىلاڭچىلار جان قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تەرەپ-تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. نىياز ئۇستىسى ئەمەت ئاخۇن موزدۇز بىلەن تۇرپاندىن قېچىپ چىقىپ، بىر مەزگىل تىكەنلىكتە پاناھلانغاندىن كېيىن ئاستا-ئاستا سۈرۈلۈپ چاقىلىق تەرەپكە كېلىپ قالدى. ئۇلار قىش كۈنلىرى ئىمكار ئىشلىسە، ياز كۈنلىرى مەدىكارچىلىق قىلدى. نىياز ئاق كۆڭۈل، ۋىجدانلىق ئۇستىسى ئەمەت ئاخۇن موزدۇزنىڭ تەربىيىسىدە راست سۆزلۈك، ئىشچان، خۇشخۇي يىگىت بولۇپ يېتىشتى. ئۇنىڭ چىرايلىق، كېلىشكەن، باتۇرلۇق چىقىپ تۇرىدىغان قەددى-قامىتىنى كۆرگەن قىزلار تامىغىنى چاكىلدىتىپ كېتىشەتتى. ئالتە يىلدىن كېيىن بىر ياخشى نىيەتلىك ۋە ديانەتلىك ئائىلە ئۇنى ئۆزلىرىگە ئىچ كۈيئوغۇل قىلىۋالدى. ئۇزاق ئۆتمەي بارات تۇغۇلدى. تۆت يىل ئۆتكەندە نىيازنىڭ ئائىلىسى تۆت جان بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن قېيىن ئاتىسى ئۇلارنى ئۆي ئايرىپ قويدى. نىياز

كېچىنى كېچە، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي ئىشلەپ، تاپقىنىغا تۆت مو قۇملۇق يەرنى سېتىۋالدى. "قۇم يەر — شۇم يەر" دېگەن تەمسىل بىكار ئەمەس ئىكەن. ھەرقانچە ئىشلىسىمۇ، بۇ يەردىن تۈزۈك ھوسۇل ئالالمىدى. ئۇ ئامالسىزلىقتىن ئوتاقچىلىق قىلدى. ئۇ 1933-يىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەندە بۇ كۈرەشكە ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشتى. بىراق ئۇرۇشنىڭ ئۇزاققا سوزۇلۇشى بۇ ئۇششاق باللىق، نامرات دېھقاننى ئېغىر ئەھۋالدا قالدۇردى. بۇ ناھىيىگە لۈكچۈنلۈك گاجىت بەكرى ھاكىم بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، نىياز ئۇنىڭغا ھال ئېيتىپ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىدىن چېكىندى. لېكىن ئۇ نامرات بولسىمۇ، ئوغلىنى ئوقۇتۇپ بىر يارامىلىق ئادەم قىلىپ چىقىشقا بەل باغلاپ ئۇنى ئوقۇشقا بەردى. بارات 1941-يىلى روشتى سىنىپىنى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈرۈپ چىقتى. دەل بۇ مەزگىل شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ يالغان ئىلغارلىق نىقابىنى چۆرۈپ تاشلاپ، فاشىستىك دىكتاتورا يۈرگۈزگەن چاغلار ئىدى. شۇڭا شىمالىي شىنجاڭ خەلقى تۇشمۇتۇشتىن شېڭ شىسەينىڭ زۇلۇمىغا قارشى كۆتۈرۈلىۋاتقان بولغاچقا، قوزغىلاڭچىلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى جەنۇبىي شىنجاڭدىن زور بىر تۈركۈم ئادەمنى ئەسكەرلىككە تۇتقانىدى. شۇلارنىڭ قاتارىدا 1942-يىلى باراتمۇ ئەسكەرلىككە مەجبۇرىي تۇتۇلۇپ، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن نەنسەندىن ئۈرۈمچىگە سۇ باشلاپ كېلىدىغان "شەرق" ئۆستىڭى قۇرۇلۇشىغا ئەۋەتىلدى. جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق، زەي يەر، چىدىغۇسىز ناچار تۇرمۇش شارائىتى، باشقۇرغۇچىلارنىڭ تىل-ھاقارەت، تاياق-توقماقلىرى قۇرۇلۇشچىلارنى بەكمۇ قىينىدى. ئەمما بارات يەنىلا تەلىيى ئوڭ كېلىپ ساق قالدى. ئۇ شۇ يەردە ھەربىي لاۋازىمەتچىنىڭ ياردەمچىسى تۇرپان يېڭى شەھەرلىك يىگىت ئەسمەتۇل بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئەسمەتۇل ئۆزى ياش بولسىمۇ كۆپنى كۆرگەن ۋىجدانلىق يىگىت ئىدى. ئۇ 1932-يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۇرپان يېڭى شەھەردە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن بىللە قۇربان بولغان مەخمۇت قارىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئەسمەتۇل بۇ پاجىئەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى.

بۇ قانلىق پاجىئە 14 ياشلىق ئەسمەتۇلنىڭ يۈرىكىدە قانلىق داغ بولۇپ قالغانىدى. كېيىن ئەسمەتۇلنىڭ دادىسى خوجانىياز ھاجىغا ئەگىشىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. 1938-يىلى ئەسمەتۇل ئەسكەرلىككە تۇتۇلدى. ئۇ نەچچە قېتىم قېچىپ كەتمەكچى بولۇپ، بىر پېشقەدەم قوزغىلاڭچىدىن مەسلىھەت سورىدى:

— ئىبراھىم ئاكا ئۆزلە ماڭا بىر مەسلىھەت بەرسىلە، — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ، — مەن قېچىپ كېتەي دەيمەن. مەن قارى ئاكامنى ئۆلتۈرگەن ئاشۇ جاللاتقا خىزمەت قىلامدىمەن؟ بۇنى مېنىڭ ۋىجدانىم زادى كۆتۈرمەيدۇ!...

— ئاخماق بالا، باللىق قىلمىغىن. قېچىپ نەگىمۇ بارالايسەن؟ — دېدى ئىبراھىم ئاكا، — ھەممە جايدا شېڭ شىسەينىڭ ئىشپىيونلىرى بار. تۇتۇلۇپ قالساڭ ئېتىپ تاشلايدۇ. ھەربىي خىزمەتمۇ بىر ئۆگىنىش. بىزنىڭ مەغلۇب بولۇشىمىز شۇ ھەربىي ئىلىمنى بىلمىگەنلىكىمىزدىن بولسا كېرەك. تىرىشساڭ خەلققە يارامىلىق ئادەم بولۇپ يېتىشەرسەن...

ئەسمەتۇل مانا مۇشۇ مەسلىھەتنى ئۆز كۆڭلىدە لايىق تېپىپ، ئەسكەرلىكتە ۋاقتىنچە قېلىپ تۇرۇش نىيىتىگە كەلدى.

ئەسمەتۇل ھەربىي تېخنىكىنى ئۆگىنىشتە تىل مەسىلىسىنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆزى بىلەن بىر بەندىكى جۇمازا ئىسىملىك خۇيزۇ ياشتىن بىكار بولسىلا خەنزۇچە ئۆگەندى. ئىككى يىلدىن كېيىن خەنزۇچىنى راۋان سۆزلىيەلەيدىغان، بىر قىسىم خەتلەرنىمۇ ئوقۇيالايدىغان بولدى. "شەرق" ئۈستىگە قورۇلۇشى باشلانغاندىن كېيىن، لاۋازىمەتچىلەر تىل بىلمىگەچكە قىيىن ئەھۋالدا قالدى. شۇڭا ئۇنى لاۋازىمەتچىگە ياردەمچى قىلىپ بەردى. بۇ چاغدا ئەسمەتۇل ئىسسىق-سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن خېلىلا پىشقان يىگىت بولۇپ يېتىشىپ، ئۇرۇمچى ئەتراپىدا، تۇرپان، پىچان، توقسۇنلاردا نەرسە-كېرەك يىغىش باھانىسىدا كۆپلىگەن كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، يېڭى دوستلارنى تاپتى. شۇلارنىڭ بىرى بارات ئىدى. ئەسمەتۇل

بىلەن ئۇچرىشىش باراتنىڭ ھاياتىغا چوڭقۇر تەسىر قىلدى. ئەسمىتۇل باراتنىڭ خەنزۇچە بىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بەزى ھۆججەتلەرنى خەنزۇچە يازدۇردى. بىللە گېزىت-ژۇرنال ئوقۇدى. نەتىجىدە ھەربىي لاۋازىمەتچى ۋە پولك كوماندىرىمۇ قىزىقىپ قالدى.

1942-يىلى كۈز پەسلىنىڭ بىر كۈنى پولك كوماندىرى ئۇلانبايدا ئۆز ئەسكەرلىرىنى مەشىق قىلدۇرۇۋېتىپ، چېلىشقا سالدى. ئۆزى كىچىك بولسىمۇ، بۇرۇندىن يېزىدا چېلىشىپ ئويناپ چېنىققان بارات بىراقلا سەككىز ئەسكەرنى يېڭىپ ھەممەيلەننىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. پولك كوماندىرى ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ، ئۆز نامىدىن بىر دانە ئاسما مايكا تەقدىم قىلدى. پولك كوماندىرى باراتنىڭ قاۋۇللىقى، خەنزۇچىنى بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، كېيىنكى يىلى پىلموتچىلىقنى ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن ھەربىي مەكتەپكە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. بۇ چاغدا ئەسمىتۇل ھەربىي مەكتەپنىڭ لاۋازىمەت (خوجىلىق) بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتقان بولۇپ بۇ يەردە ئۇ ئىككىسى چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى ھەمدە باراتنى ئۇرۇمچىدىكى تاغىسى سەمەتباينىڭ ئوقۇتقۇچى باللىرى بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويدى. سەمەتباينىڭ ئوغۇل-قىزلىرى شۇ زاماننىڭ ئىلغار كىشىلىرى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆزىنى ۋە جەمئىيەتنى چۈشىنىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. بارات شۇ يەردە سەمەتبايلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسىدە تۇرۇۋاتقان ئەسمىتۇلنىڭ سىڭلىسى ئاسىيە بىلەن تونۇشۇپ، ئۆمۈرلۈك دوستلۇق ئورناتتى.

1944-يىلى بارات ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى 146-پىيادىلەر پولكىدا پەيجاڭ بولدى. بۇ ئالتقاچان ئىلىدا پارتىزانلىق ئۇرۇش قانات يايغان چاغلار ئىدى. شۇ يىلى نويابىر ئېيىنىڭ ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ پولكىغا سۈيدۈڭدە قورشاۋدا قالغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى قۇتقۇزۇش بۇيرۇقى بېرىلدى. بارات يولغا چىقىش ئالدىدا دوستلىرىغا:

— مەن مىللىي ئارمىيىگە ئوق چىقارمايمەن. پۇرسەت تېپىپ ئۇ تەرەپكە

قېچىپ ئۆتۈپ كېتىمەن، — دېدى.

— ناھايىتى ياخشى ئويلاپسىز، — دېدى سەمەتباينىڭ چوڭ ئوغلى ئابلەت، — خەلق سىزگە موھتاج، ئىلاج قىلالىسىڭىز قېچىپ مىللىي ئارمىيە تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىڭ.

1944-يىل 12-ئاينىڭ 2-كۈنى ئۇلارنىڭ قىسمى ئەمدىلا كەڭسايغا يېتىپ بارغاندا، مىللىي ئارمىيەنىڭ قاقشاتقۇچ زەربىسىگە ئۇچراپ، ئازغىنا ئادەم قېچىپ قۇتۇلدى. بارات پارتىزانلار تەرەپكە قېچىپ ئۆتۈپ كېتىشنىڭ مۇۋاپىق پەيتىنى تاپالمىدى. ئۇ سىمپوتوزا داۋىنىدا بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا يارىلاندى. بالىنىسدا يېتىپ ساقىيىپ چىققاندىن كېيىن ئائىلىسىگە قايتۇرۇلدى. چۈنكى بۇ چاغدا ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئەسكەرلەر پۇرسەت تاپسىلا تۈركۈم-تۈركۈملەپ مىللىي ئارمىيە تەرەپكە قېچىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاچقا، گومىنداڭچىلار ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئەسكەرلەرگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتقانىدى. باراتنىڭ ئائىلىسىگە قايتۇرۇلۇشى ئۇنى سۈرگۈن قىلغاندەكلا بىر ئىش ئىدى.

※ ※

مانا ئاردىن ھەش-پەش دېگۈچە بىر يېرىم ئاي ئۆتۈپ كەتتى. باراتنى ھاماچىسىنىڭ ئۆيىگە تەكلىپ قىلىشتى، ئۇ مۇشۇ بىر يېرىم ئاي جەريانىدا ئانىسىنى ئاياپ ھېچنەگە بارمىغانىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم سىرتتا قونۇپ قېلىشى ئىدى. شۇ ئاخشىمى بۇ ئۆيگە ئۇرۇمچى دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرۈپ مۇشۇ يەردە ئىشلەۋاتقان تۆت نەپەر ئوقۇتقۇچى كەلدى. بۇلار مۇشۇ دەۋرنىڭ ئىلغار زىيالىيلىرى ئىدى. ئارقىدىن باراتنىڭ نەۋرە ئاكىسى — ئۇيغۇر ئويۇشما رەئىسى نۇر كەلگەندىن كېيىن دەرۋازا تاقالدى. مېھمانلار باراتقا بەكمۇ يېقىنچىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئۇلار ئۈرۈمچىدىكى ئەھۋاللار، ئۇرۇش ئەھۋالى، باراتنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى سەۋەبلىرىنى بەكمۇ سۈرۈشتۈردى.

چىمچىت ئولتۇرۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ باراتنى تۆتىنچى قېتىم ئىزدەپ كېلىشى ئىدى. باراتنىڭ كەينى ئۇياق بۇياققا يۆتكىشمۇ ھېچقانداق ئۈنۈم بەرمىدى. دەۋېتەي دېسە، ھېلىقى ساقچى ئەمەلدارىنىڭ: «سىز ھەرىپى، ئۇياقلاردا ھېچنەرسە كۆرمىدىڭىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟» دېگەن چاغدىكى سۆزۈن تەلەتى كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى. دېمەي دېسە ئالدىدىكى ئادەملەر تەققەزالىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇراتتى، بولۇپمۇ نۇر بىلەن ھەسەن ئۇنى بەكرەك قىستىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟...

— خاتىرجەم بول ئۇكام، بىزمۇ ئازادلىقنى كۈتۈۋاتىمىز، — دېيىشتى ئۇلار.

راست، بارات نۇرغا ئىشىنەتتى، چۈنكى ئۇ 1933-يىلدىكى خەلق قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسى بىلەن قارا يولغۇن، ئاقسۇ ۋە باشقا نۇرغۇن جايلاردىكى جەڭلەرگە قاتناشقان، لېكىن نۇرمۇش ئادەمنى نېمە كويلارغا سالمايدۇ دەيسىز؟ ئۇمۇمەن نۇرنىڭ بېشىدىن ئىسسىق-سوغۇق ئۆتكەن ئادەم. بۇ ئوقۇتقۇچىلارغىچۇ؟ ئۇلار ئۇنى ئوقۇتۇپ ئادەم قىلمىدىمۇ؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلارغا ئىشەنمەي بولامدۇ؟ ئۇ مۇشۇنداق ئېغىر خىيالدا ۋە تەڭلىكتە قالدى.

— قەدىرلىك ئۇستازلىرىم، مەن سۆزلەپ بېرەي، لېكىن گېپىمىز مۇشۇ يەردە قالسۇن، — دېدى بارات ئىلاجسىز، — سىلەر مېنىڭ ئۇستازلىرىم. بۈگۈنكى كۈندە ئادەمگە ئىشەنگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. سىلەر ماڭا ئۆز ۋىجدانىڭلار ئالدىدا ۋەدە بېرەلەمسىلەر؟

— ئەلۋەتتە ۋەدە بېرىمىز، — دەپ ئوقۇتقۇچىلار بىر ئېغىزدىن جاۋاب بەردى، — بۇ ئولتۇرۇشىمىز مەڭگۈ سىر بولۇپ قالىدۇ. بىز سىزنى كۆرمىدۇق.

— بىز سىزنى تۆتىنچى قېتىم ئىزدەپ كەلدۇق، — دېدى قۇتلۇق، — ۋەزىيەت جىددىي، گەپ تولا، لېكىن قايسى گەپكە ئىشىنىشنى بىلەلمەي قايمۇقۇپ قالدۇق. بىز قەسەم قىلىشقا تەييار.

بارات يېنىك نەپەس ئالدى. ئۇستىدىن بىر دانە تۈگمەن تېشى چۈشۈپ

كەتكەندەك ھېس قىلدى. چۈنكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ چىرايىدىن ھېچقانداق ساختىلىق ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. بۇ جاي ئىككىنچى مەكتەپنىڭ يېنىدىكى ھويلا بولۇپ، تاملىرى ئېگىز، ماراقچىلاردىن ئەنسىرىمىسىمۇ بولاتتى. بۇ ھويلىدا ھەسەن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن يالغۇز تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بارات ئۈرۈمچىدىكى ئەھۋاللار، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى مەغلۇبىيىتى، گومىنداڭ ئارمىيىسىدىكى مىللىي ئەسكەرلەرنىڭ قېچىپ پارتىزانلارغا قوشۇلۇۋاتقانلىقلىرى، ئۈچ ۋىلايەتتىكى "ئالتە ئوغرى"نىڭ قەھرىمانلىقلىرى، شىمالىي شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ قېچىپ كېلىۋاتقانلىقى، ئۈرۈمچىدە قاچ-قاچنىڭ باشلانغانلىقى، شۇڭا شەھەرگە "مەينى-مەينى" چىلەرنىڭ توشۇپ كەتكەنلىكى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. بارات ئاخىرىدا ئۆزىمۇ سەزمەستىن ئۆزى قاتناشقان ئۇرۇشنى، خۇسۇسەن كەگسايدا ۋە سىمپوتوزا داۋىنىدا بولغان ئۇرۇشتا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرىنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ مىللىي ئارمىيە تەرەپكە قېچىپ ئۆتمەكچى بولغىنىدا ياردار بولغانلىقى ھەققىدىكى سىرىنىمۇ تاسادىپىي ئاغزىدىن چىقىرىپ قويدى ۋە ئاخىرىدا:

— گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار تۈگەشتى، — دېدى.

باراتنىڭ سۆزىنى مېھمانلار جىمجىت ئولتۇرۇپ، ھاياجان ئىچىدە ئاڭلىدى.

— نەرىڭىز يارىلاندى؟ — دەپ سورىدى نۇر.

— پۇتۇم، — دېدى ئۇ، — بۇ ئىشنى ئاتا-ئانامغىمۇ ئېيتمىغان. سىلەردىن ئۆتۈنەي، ھېچكىمگە ئېيتمىساڭلار!...

ھەممەيلەن باراتقا ۋەدە بەردى. لېكىن بىر كۈنى ھەسەن تاسادىپىي بۇ ئىشنى ئايالىغا دەپ سالدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن بىلىپ كەتتى. باراتنىڭ پۇتىدىكى ناتوۋقنى كۆرۈپ، ئاتا-ئانىسى يىغلاپ كەتتى.

— رىسقىڭ تۈگىمەپتىكەن بالام، بىر ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپسەن، گۆر

ئاغزىدىن يېنىپ كەپسەن، — دېدى نىياز ئاكا خورسىنىپ.

بارانىنىڭ سۆزلىرى ئوقۇتقۇچىلارنى بەكمۇ خۇشال قىلدى. چۈنكى ئۇلار ھەقىقىي ئاخباراتنى ئاڭلىغانىدى. لېكىن «بىكىز قاپتا ياتمايدۇ» دېگەندەك، كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ گەپلەرمۇ ساقچى ئىدارىسىغا يېتىپ باردى. ئەمما ھېچكىم بارانىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىغاچقا، جاسۇسلارمۇ ئامالسىز قالدى. شۇنداقلا بۇ گەپلەر راست بولغاچقا رەت قىلىشقا ساقچى ئىدارىسىنىڭ كۈچى يەتمىدى.

※ ※

تۈن نىسپىدىن ئاشقان چاغ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىچىدىكى بىر ئىشخانىدا خېلىدىن بۇيان يىغىن داۋام قىلىۋاتاتتى. تام تۈۋىگە قويۇلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقلاردا ھەرخىل كىيىنگەن ۋە ھەرخىل ياشلاردىكى بىرقانچە كىشى ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇشلىرى خۇددى تاۋۇقى چېقىلىپ كەتكەن تىلەمچىنىڭ ھالىتىنى ئەسلىتەتتى. ئۆينىڭ ئىچى تاماكا ئىسىغا تولغانىدى. دېرىزىنى ئېچىۋەتكەن بولسىمۇ، ئاچچىق تاماكا ئىسى كانايىنى ئېچىشتۇرۇپ، ئادەملەر يۆتىلىپ تۇراتتى. ئۇلارغا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل جوزىنىڭ كەينىدە يولەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئوتتۇز ياشلاردىكى ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ، كۆزلىرى چوڭ، قارا قاش، يۇملاق يۈزلۈك بىر ئادەم گىدىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ مۇ دۇسا[1] ئىدى. ئۇ تارتمىدىن بىر تاپانچىنى ئېلىپ قول ياغلىق بىلەن سۈرتۈشكە باشلىدى ۋە ئۈزۈلۈپ قالغان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. ئولتۇرغانلارنىڭ تاپانچىنى كۆرۈپ قورققىنىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. مۇدۇسا ئۈچۈن ئولتۇرغانلاردىن بىرەرسىنى ئېتىپ تاشلاش ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭغا ئارقا تىرەك بولۇپ تۇرغان ساقچى ئىدارىسى بىلەن

---

(1) مەھەممەت ئىمىن دۇسا — گومىنداڭنىڭ سادىق غالچىسى، چاقىلىق ساقچىنىڭ دۇسلىقى بولغان، ئىككى قولى خەلقنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بويالغان جاللات.

ھەربىي شتاب بار ئىدى.

— سەنلەر ئۆز ھاياتىڭ بىلەن ئۇيىنىشىۋاتىسەن، ھۆكۈمەتكە قارشى ئۆسەك سۆزلەر يامراپ كەتتى. "ئىلى ئوغرىلىرى"نىڭ ئىشپىيونلىرىدىن باشقا كىشىلەر ئۇنداق سۆزلەرنى قىلمايدۇ. ئۇلار ئادەملىرىمىزنى تارتىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈۋاتىدۇ. قېنى ئېيتىپ بېقىشە؟ سەنلەر نېمە ئىش قىلىشتىڭ؟ ۋەزىپەڭنى ئورۇنلاپ قىلىشتىڭمۇ؟ ياكى مىنگونىڭ 22-يىلىدىكىدەك[1] بىر قوزغىلاڭنى كۈتمەكچىمۇ؟ قېنى ئېيتىپ بېقىشمامسەن؟ ۋەزىپەڭ نېمە؟ — دەپ ۋارقىرىغىنىچە جوزىغا مۇشتۇمى بىلەن شۇنداق سالدىكى، ئولتۇرغانلار چۆچۈپ كەتتى، — قېنى ئېيتىشمامسەن؟

— مەن ئورمان قاراۋۇلى، — دېدى ئالدى بىلەن بىر ئورا كۆز ئادەم.

— مەن كۆۋرۈك ساقلىغۇچى.

— مەن پوچتىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى.

— مەن قورۇلۇشقا كېرەكلىك ياغاچلارنى ساقلىغۇچى.

— مەن ئوۋچى.

— مەن... مەن بېلىقچى.

مانا شۇ خىلدا ئۇلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆز ۋەزىپىلىرىنى مەلۇم قىلدى. مۇدۇسا تاماكىنى قاتتىق شوراشقا باشلىدى. تاماكىدىن ۋىشىلدىغان ئاۋاز چىقىشقا باشلىدى. بۇ خۇددى ئاغزىنى ئېچىپ كۇشۇلداپ تۇرغان زەھەرلىك يىلاننى ئەسلىتەتتى.

— بۇ ۋەزىپىلىرىڭنىغۇ ئورۇنلاپ قىلىشمايسەن. لېكىن ئاساسلىق قىلىدىغان ئىشلىرىڭنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشتىڭمۇ؟ قوشۇمچە ئېلىۋاتقان پۇللىرىڭغا تۇشلۇق ياراتقان نەتىجەڭ قېنى؟ كۆرسەتكەن خىزمىتىڭ قېنى؟ ھەربىرىڭ ئۆزلىرىڭنىڭ زىممىسىدىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاپ قىلىشما. سەنلەر "پۇلنىلا ئالساق بولدى" دەپ خام خىيال قىلىشما، پۇلنىڭمۇ سورىقى بار،

[1] مىنگونىڭ 22-يىلى — مىلادى 1933-يىلنى كۆرسىتىدۇ.

— دەپ ئۇ ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ چىقتى. ئالدىدىكى ئادەملەرنىڭ تىترەپ ئولتۇرۇشىدىن بەكمۇ ھوزۇرلاندى، — ھەربىر كىشى ئۆز ۋەزىپىسىنى قاتتىق تۇرۇپ ئىجرا قىلسۇن. سەللا بىخەستەلىك قىلغان ئادەمنى ئېتىپ تاشلايمەن، ئۇقتۇڭلىمۇ؟

— ئۇقتۇق، — دېيىشتى ھەممەيلەن ئاستىلا.

ئاخىرىدا مۇدۇسا ھەممەيلەنگە بىر تۇتامدىن پۇل بەردى ۋە ماخودا تۇنەپ تاڭ ئاتقاندا ئارقا تەرەپتىن چىقىپ كېتىشنى بۇيرىدى. ئۇلار بۇ سۇرلۇك ئۆيدىن سىرتقا چىقىپ يېنىك نەپەس ئېلىشتى. ئاسماندا سانسىزلىغان يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇراتتى. ئەتراپتىن ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى، خورازنىڭ چىللاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يەر يۈزىنى تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق قاپلىغانىدى. «بېلىقچى» كەينىدە كېلىۋاتقان «پوچتىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى»غا پىچىرلىدى:

— بىرىۋاتقان پاخال پۇلى ئۈچۈن نەلەپ قىلىۋاتقان ئىشنى قاراڭ...

— جىم بول، ئاغزىڭنى يۇم، — دېدى «پوچتىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى» قورقۇپ ئەتراپىغا قاراپ.

ئارىدىن 15 كۈن ئۆتتى. «پوچتىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى» ساقچى ئىدارىسىغا بىر پارچە خەت تاپشۇردى. بۇ خەت ئاددىيلا بىر سالام خەت ئىدى. خەت يېگىسۇدىكى خۇدايىمبەردىگە يېزىلغان بولۇپ، ئاددىي سالام سائەتتىن كېيىن مۇنداق ئاياغلاشقان:

«... سىز ئوقنى تەييارلاپ قويۇڭ، مەن پات يېقىندا يېتىپ بارىمەن». شۇنىڭ بىلەن خەتنىڭ ئىگىسى يەتمىش ياشلىق توختاخۇن ياغچى ساقچىدا سوراق قىلىنىپ، ئىككى ئاي سولاقتا ياتتى. چۈنكى 7-، 8-ئاي يېگىسۇنىڭ زاغون پىششىقى ۋاقتى بولۇپ، توختاخۇن ياغچى ياغ تارتىپ بىرئاز پۇل تېپىۋالماقچى بولغان. خەتتە دېيىلگەن ئوق قانداقتۇ ملتىق ئوقى بولماستىن، بەلكى جوۋاز ئوقى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئىچىدە

"قورقانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ، سايىسى بىلەن بەش" دېگەن ماقال يەنە بىر قېتىم تارقىلىپ كەتتى.

※ ※

باراتنىڭ پۈتىدىكى تارتۇقنى كۆرگەن ئاتا-ئانىسى ئۇنى ئۆيلەپ قويۇش قارارىغا كەلدى. لېكىن ئۇغۇل ئۆيلىگۈدەك پۇل ئۇلاردا يوق ئىدى. ئۆيدە بار-يوقى پەقەت بىر قوزىلىق قوي، بىر تەخەيلىك ئېشەكلا ئىدى. بۇ قانچىلىك نەرسە ئىدى؟ ئەگەر ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن قەرز ئالسىچۇ؟ ئۇ چاغدا بۇ توينى قىلىپ كېتەلەرمۇ؟ بۇ باراتنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ خىيالى ئىدى.

بىراق، باراتنىڭ پۈتكۈل خىيالى ئاسىيەدە ئىدى. ئۇ كۆز كېلىش بىلەنلا بۇ جىمجىت يېزىدىن ئايرىلىپ، شۇ ۋاراڭ-چۇرۇڭلۇق چوڭ شەھەرگە قايتىدۇ. ئــۇ چــاغدا ئاسىيە ئۇنى چىرايلىق تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئالىدۇ. ئۇلار ئۇچراشقاندا ئاسىيەنىڭ خۇمار كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى ئېقىپ كېتەر بەلكى... ئۇ ھامان ئاسىيەنى ئۇرۇشقا ماڭىدىغان چاغدىكى قىياپەتتە ئەسكە ئالاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا مەخمەل چاپان كىيىپ، بېشىغا شارپا ئورىۋالغان ئاسىيە كەلدى. ئۇ يەنە ئاسىيەنى "مەن سىزدىن رازى" دېگەندەك مىيىغىدا كــۈلۈپ ئولتۇرۇپ كەشتە تىكىۋاتقان ھالەتتە ئەسلىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى سېغىنىش ھېسسىياتى قاپلىۋالغانىدى. نېمە دېگەن ئوماق قىز-ھە؟!...

— نېمە دېدىڭ ئوغلۇم؟ — ئۇنىڭ سۆزىنى دادىسى ئاڭلاپ قالغانىدى. نىياز ئۇستام تالباراڭ ئاستىدىكى ئوغلىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. بارات قىزىرىپ كەتتى.

— ئوغلۇم، سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ. سېنىڭ پەرزەنتلىك قەرزىڭنى ئادا قىلىپ، ئاتىلىق قەرزىمنى ئۇزۇۋېتەي دېگەنىدىم. سەن قانداق ئويلايسەن؟ قوشنىمىز تۇرسۇن ئاخۇننىڭ شۇنداق چىرايلىق قىزلىرى بار. ئۆزەڭمۇ كۆرگەنسەن؟ —

دېدى نىياز ئۇستام مۇلايىملىق بىلەن ئوغلىدىن گەپ كوچىلاپ.

— ياق ئاتا، ھازىر ۋاقتى ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇل يوق، — دېدى بارات.

— نېمىشقا ۋاقتى ئەمەس؟ ئوغۇل بالا ئون بەش ياشتا بالاغەتكە يېتىدۇ. سەن بولساڭ چوپچوڭ ئەر بولۇپ قالدىڭ. يىگىرمە ئىككى ياشقا كىردىڭ. جان تېپىلمايدۇ، پۇل تېپىلىدۇ.

— ‟ ئۆزۈڭدە يوق، ئالەمدە يوق“ دېگەن گەپ بار-دە.

— ئۆزىمىزدە بارنى ئىشلىتىپ يەتمىگىنىگە تۇغقانلاردىن ئۆتنە ئالامدۇق؟

— ئۆتنە ئالغاننى قانداق ئۆزۈمىز؟ ‟ئات بولسا يېغىرى بولمىسا، ئەر بولسا قەرزى بولمىسا“ دېگەن گەپلەر بىكار گەپ ئەمەستە!

— ئاستا-ئاستا ئىشلەپ ئۈزەرمىز ئوغلۇم.

— ياق ئاتا، بىزدە ‟تۇغۇلۇپ ئۆلمىگىنىگنى كۆرەي، قەرز بولۇپ بەرمىگىنىڭنى“ دېگەن تەمسىل بار. قەرز ئېلىپ توي قىلمىز دېگىچە پۇل يىغىپ توي قىلايلى، ئاڭغىچە جاھانمۇ ئوڭشىلىپ قالار.

— ئەگەردە ئۇرۇش بولۇپ كېتىپ، سېنى ئۆيلىيەلمەي قالسام كۆزۈم ئوچۇق كەتمەمدۇ؟ بىر چاغلاردا بەش يىل ئۇرۇش بولغان ئەمەسمۇ؟

— ئۇ ئىشنى ۋاقتى كەلگەندە كۆرەرمىز. ھازىرچە ئۆيلەنمەيمەن. پۇل بولسا ئۇكىلىرىمغا كىيىم-كېچەك قىلىپ بېرىڭ. مەندىن قايغۇرماڭ. ئۆزۈم يول تېپىۋالىمەن.

‟ئۆزۈم يول تېپىۋالىمەن“ دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ نىياز ئۇستام توختاپ قالدى. ئۇ ئوغلىغا سۆزلەۋېرىشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى پەملىدى. شۇنداق قىلىپ نىياز ئۇستامنىڭ ئۇرۇنۇشلىرى بىكارغا كەتتى. ئۇ ئۇزاق ئويلىغاندىن كېيىن ‟بىرەر جايدا دېيىشىپ قويغان قىزى بولسا كېرەك“ دېگەن خۇلاسىگە كەلدى-دە، ئىككىنچى بىر ئىشنى ئويلاپ باجىسى ھەسەننى ئىزدەپ كەتتى.

✻ ✻

نىياز ئۇستام بارغاندا باجىسى ئۆيدە يوق ئىدى. يازلىق تەتىل ئالدىدىكى تازا ئالدىراش ۋاقىت بولغاچقا ھەسەن ئۆيگە كەلمىگەنىدى. نىياز قېيىن سىڭلىسى مەريەمخانغا ئۆزىنىڭ ئوغلى ھەققىدىكى خىياللىرى، لېكىن گەپكە كىرمەيۋاتقانلىقى ھەققىدە خېلى ئۇزۇن سۆزلەپ بەردى ۋە باجىسىدىن مەسلىھەت سورىماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. مەريەمخان:

— بۇ بالا بۇ قېتىم كېتىپ قالسا، قايتىپ كەلمەسمىكىن، بۇنىڭغا بىر ئامال قىلساق، — دېدى.

— مەنمۇ شۇنى دەپلا كەلدىم ئۇكام، — دېدى نىياز ئۇستام.

ھەسەن كېيىنرەك كەلدى. مەريەمخان تاماق ئۈستىدە ئېرىگە كۆيۈپ-پىشىپ بارات ھەققىدە سۆزلىدى. ئايالىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ھەسەن ئويلىنىپ قالدى:

— ئوبدان مەسلىھەت. ئاۋۋال ئۇنىڭغا بىر ئىش تاپايلى. مەن قوشنىمىز ۋاڭ دەنجاڭ بىلەن بىر سۆزلىشىپ كۆرەي، — دېدى ئاخىرىدا.

نىياز ئۇستام يېنىك نەپەس ئېلىپ ئۇلار بىلەن خوشلاشتى.

ۋاڭ جەنكوي 30-يىللاردا تاشكەنتتە ئوقۇغان. كېيىنكى كۈنلەردە مۇشۇ ناھىيىدىكى تاشيول ئىدارىسىغا باشلىق بولۇپ كەلگەن. بىر ھەپتە بۇرۇن مۇشۇ ھويلىغا كۆچۈپ كىرگەنىدى. ئارىدىن تۆت كۈن ئۆتكەندە ھەسەن نىياز ئۇستىغا «باراتنى ئەۋەتىڭ» دەپ ئېيتىپ بەردى. بارات كەلگەن چاغدا ۋاڭ دەنجاڭ ئۆيدە ئىدى. ئۇلار ئۇچراشتى. ۋاڭ دەنجاڭ باراتنىڭ خەنزۇچىنى ياخشى بىلىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ ھەسەنگە ئىشارەت قىلدى، تالاغا چىققاندا:

— بىزگە بىر كاسسىر كېرەك ئىدى، — دېدى ۋە بۇ گەپنى باراتنىڭ مەخپىي تۇتتى.

— يېزىدا زېرىكىپ قالغانسىز، ئەتە باغ سەيلىسىگە چىقماقچى. ئاغىنىلەر سىزنى «ئالغاچ چىقىڭ» دېگەن، — دېدى سىرتتىن قايتىپ كىرگەن ھەسەن.

بارات قونۇپ قالدى. ئەتىسى ئىمىن نىيازنىڭ بېغىدا باغ باراۋىتى بولدى.

※ ※

ئۇلار ئىمىن نىيازنىڭ بېغىغا سائەت ئونلاردا يىغىلىپ بولدى. بۇ چاغدا تەرەپ-تەرەپتىن دېھقانلار ئېيتقان:

سەھەر-سەھەر چىللاغىلى،
چار خوراز ياخشى.
قوشاق قېتىپ يىغلاغىلى،
قېرىنداش ياخشى.

يامان يولۋاس يولدا ياتىپ،
شىرغا يول بەرمەس.
ئاتاسىدىن قارغىش ئالغان،
ئىلگىرى كەلمەس.

دېگەن ئورما ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

باغ باراۋىتىگە كەلگەنلەر يىغىلىپ بولغىچە بەزىلەر تەمبۇر، دۇتارلىرىنى دىرىڭلىتىپ ئولتۇرسا، يەنە بەزىلەر ئۇياقتىن-بۇياقتىن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشتى. بىراق گەپنىڭ بارا-بارا يەنىلا ھۆكۈمەت سىياسىتى، سىياسىي زۇلۇم، ئىقتىسادىي تالان-تاراج، دېھقانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتى ئۈستىگە يۆتكىلىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزلىرىمۇ سەزمەي قېلىشتى، بارات بولسا جىمجىت ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشايتتى ۋە ئىچىدە ھەممىلا ئادەمنىڭ گۇمىنداڭدىن چاق تويغانلىقىنى، ئىلىلىقلار قىلىۋاتقان كۈرەشنىڭ توغرىلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلاتتى.

— غەيۋەت-شكايەتكە چۈشۈپلا كەتتىڭلىغۇ ئاغىنىلەر، — دېدى قۇربانوپ، — «كۈندۈزى گەپ قىلساڭ يان-يېنىڭغا باق، كېچىدە گەپ قىلساڭ قۇلاقنى قۇلاققا ياق» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ئۇنتۇپ قالمايلى جۇمۇ، بۇ يەر ئۆي ئەمەس، باغ...

قۇربانوپنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى ھەممەيلەننى سەگەكلەشتۈردى. گەپ-سۆزمۇ توختىدى. شۇ چاغدا بۇگۈنكى باغ باراۋىتىنىڭ ساھىبخانى ئىمىنجان بىر سېۋەتتىكى يېڭىلا پىشقان چىلگە شاپتۇل بىلەن بىرنەچچە چىلەكتىكى ساپسېرىق ئۆرۈكنى لىگەن-لىگەنگە تۆكۈپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويدى.

— قېنى مېھمانلار، — دەپ تەكلىپ قىلدى ئىمىنجان، — غىزا پىشقىچە مېۋىگە ئېغىز تېگەيلى.

ئۇلار ئۆرۈك بىلەن شاپتۇلنى ھۇزۇرلىنىپ يېيىشتى. بارات تۆت يىلدىن بۇيان مۇنداق لەززەتلىك ئۆرۈكنى يېمىگەچكە ئۇنىڭغا بەكمۇ تېتىدى ۋە كۆپرەك يېدى.

— ئەمدى ئويۇنىمىزنى باشلايلى، ئالدى بىلەن شائىرىمىز ئىبراھىم سەيدۇللا[1] بىزگە بىر شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرسە قانداق دەيسلە؟ — دېدى جالالىدىن.

— بولىدۇ، بولىدۇ، — دېيىشىپ ھەممەيلەن قول-قولچە ئولتۇرىدىكى داستىخاننى يىغىشتۇردى.

شۇ چاغدا تالباراڭنىڭ تېگىدىن بېشىغا بادام دوپپا، ئۈستىگە ئاق شايى كۆڭلەك، زىغىررەڭ چەكمەندە ئىشتان كىيگەن، ئارراق چېچەك ئىزلىق، كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرىدىغان، ئوتتۇرا بوي، 30 ياشلاردىكى بىر يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىدىكى خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان شېئىرلارنى ئوقۇشقا باشلىدى:

---

[1] ئىلغار مائارىپچى ئىبراھىم سەيدۇللا — 1938-يىلدىن باشلاپ مائارىپ ساھەسىدە ئىشلىگەن. 1946-يىلى تۈنگۈن قىلىنىپ ئېغىر ئازابلانغان. كۆپلىگەن يالقۇنلۇق شېئىرلارنى يازغان. 50-يىللاردىن كېيىنمۇ خېلى كۆپ رىيازەت چەككەن. پېنسىيىگە چىقىپ 1990-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

باھارغا تەلمۈرۈپ دىللار،
ئۆتەرمەنمۇ زالالەتتە.
ئۆتۈپ كەتمەكتە بۇ يىللار،
قويۇپ بىزلەرنى كۆلپەتتە.
بېشىمدا ئويىندى شەمشەر،
شىكار بولدۇق رەقىبلەرگە.
ھاياتلىقتىن ئۈمىدىم يوق،
رازى بولدۇق بۇ كۆنلەرگە.
خۇدايا رەھىمە ئەيلەرسەن،
نەچارەم بار ئامالسىزمەن.
شاپائەت ئەيلىگىن بىزگە،
ئېچىپ ناگا يورۇق كۆنلەر.

— مۇدۇسا، مۇدۇسا كېلىۋاتىدۇ، — دېدى بىرەيلەن، ھەممەيلەن ئۆي تەرەپكە قاراشتى. راست دېگەندەك بىر ساقچى ئەمەلدارى كېلىۋاتاتتى.

— ئىپلاس مۇناپىق، — دەپ تىللىدى شائىرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئۇيغۇرچە رەئىسى نۇر، — ھەممە يەردە تىمىسقىلاپ يۈرۈدۇ، ئەبلەخ...

مۇدۇسانىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ، شائىر باشقا بىر شېئىرنى ئوقۇشقا باشلىدى. شېئىر ئوقۇشتىن توختاپ قالسا ساقچى ئەمەلدارىنى گۇمانلاندۇرۇپ قوياتتى.

ئوقۇپ بىلگىن بىلىمنى،
بېشىڭغا سايىۋەن قىلغىن!
نادانلىق ئىلكىدە ئۆتمەي،
ھاياتىنىڭ قەدرىنى بىلگىن!
جاھالەتلىك بۇ تۇرمۇشتىن،

كۆزۈگنى ئاچ، قارا ئالغا!
پاچاقلا! بۇ خۇراپاتنى،
بىلىمنى ئىختىيار قىلغىن!

مۇدۇسا كېلىپ ئالباراگىنىڭ تېگىدە توختاپ قالدى. ئۇنى ھېچكىم ئۆز يېنىغا تەكلىپ قىلمىدى. بۇ چاقىرىلمىغان «مېھمان»نىڭ تولىمۇ ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، مۇئاۋىن ھاكىم مامۇتخان:

— بۇگۈن دەم ئالماپسىز-دە؟ — دەپ سورىدى.

— دەم ئالغان، ئازراق شەخسىي ئىش بىلەن كېلىۋىدىم. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ھەرقايسىلىرىنى مۇشۇ يەردە بار دەپ ئاڭلىدىم. شۇڭا كىرىپ ئۆتۈپ كېتەي دېگەنىدىم، — دەپ ئۆزىچە خېلى گەپ يورغىلىتىپ باقتى مۇدۇسا.

— ياخشى بوپتۇ. ھاۋا بەك ئىسسىق، بىزمۇ ئۆيدە دىمىقىپ ئولتۇرغاندىن كۆرە ئازراق كۆكۆل ئاچايلى دەپ بۇ يەرگە يىغىلدۇق. قېنى سىزمۇ ئولتۇرۇڭ، — دېدى مامۇتخان.

— بەك ياخشى بوپتۇ، بەك ياخشى بوپتۇ، — دەپ مۇدۇسا شۇ يەردىلا ھەسەن روزىنىڭ[1] يېنىدا ئولتۇردى ۋە ھەممىگە بىر قۇر سەپسېلىپ چىقىپ كۆزى بارانقا كېلىپ توختاپ قالدى.

— قېنى ئىمىن ئېلى[2] بىر ئۇسسۇل ئويناپ قىزىقچىلىق قىلىپ بەرسۇن، — دېدى نۇر.

— توغرا، توغرا، — دەپ ۋارقىراشتى كۆپچىلىك، — «ئالالمىدى ھە، ھە»نى ئويناپ بەرسۇن.

ئەتىگەندىن بۇيان تەمبۇر بىلەن ھەپىلىشىپ ئولتۇرغان ئېگىز بويلۇق، زىلۋا بىر ياش ئورنىدىن تۇردى. ئىمىن مەمەت بىر لىگەندە بىر دانە چىلگە

---

[1] ئىلغار ماتارىپچى ھەسەن روزى — گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئىنقىلابىي پائالىيەتكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن 1946-يىلى تۇتقۇن قىلىنغان. 1984-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

[2] ئىلغار ماتارىپچى، سەنئەتكار ئىمىن ئېلى — گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئىنقىلابىي پائالىيەتكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن 1946-يىلى تۇتقۇن قىلىنغان. 1962-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

شاپتۇلنى ئەپكىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى. كۆپچىلىك: "ئالالمدى ھە، ھە، ئالالمدى ھە، مانا ئالدۇ، ئەينە ئالدۇ" دەپ چاۋاك چېلىشقا باشلىدى. ئىمىن ئىـلى قوللىرىنى ھەر تەرەپكە سوزۇپ، ناھايىتى قىزىق ھەرىكەتلەر بىلەن ئۇسسۇل ئويناپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ شاپتۇلنى چىشلەپ ئېلىشى كېرەك ئىدى.

— ئالالمدى ھە، ھە، ئالالمدى ھە، مانا ئالدۇ، ئەينە ئالدۇ...

كىشلەرنىڭ ئاۋازى بىلەن خۇشال كۈلكىلەر ۋە چاۋاك ئاۋازى پۈتۈن باغنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، ئەتراپنى چاڭ كەلتۈردى. قازان بېشىدا يۈگۈرۈپ يۈرگـەن كىشلەرمۇ ئىمىن ئېلىنىڭ بۇ قىزىقچىلىقىنى كۆرۈشكە كەلدى. بۈگۈنكى باغ سەيلىسى مۇشۇنداق داۋام قىلىشقا باشلىدى. كىشلەرنىڭ مۇدۇسا بىلەن كارى بولمىدى. ئۇ بىرەر سائەت ئولتۇرۇپ كېتىپ قالدى. ئۇنى ھېچكىم تونىمىدى ياكى "خوش" دېمىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا بەكمۇ ئەلەم قىلدى.

※ ※

ئورمىدىن كېيىن دېھقانلار ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ھەممە ئادەم ئورۇلغان بۇغدايلارنى خامانغا يىغىپ تەييەكتە ئىدى. ھاۋا تونۇردەك قىزىپ كەتتى. تەكلىماكاندىن ئۇرۇپ تۇرغان ئىسسىق شامال ھەممە نەرسىنى سولاشتۇرۇپ ئـادەملـەرنىڭ نەپەس ئېلىشىنى قىيىنلاشتۇرغانىدى. نىياز ئاخۇن بۇ يىل سـادىـقبايىنىڭ يىگىرمە مو يېرىنى ئوتاقتا ئېلىپ تېرىغان. بۇغداي خېلىلا ئـوخـشـىدى. ئـوغـلىنىڭ كېلىشى ئۇنىڭ بۇغدايىنى يىغىۋېلىش ئىشىنى ئـاسانلاشتۇرغانىدى. ئۇلار ئاتا-بالا ئىككىيلەن يەنە تۆت ئادەمنى لاپقۇتقا چاقىرىپ، يىگىرمە مو بۇغدايىنى بىر كۈندە ئورىۋەتتى. ئەتىسىدىن باشلاپ نىياز ئاخۇن باشقىلارغا لاپقۇتلىشىش ئۈچۈن ئورمىغا چىقتى. بارات بولسا كەتمەننى خۇددى ئۇستۇردەك ئىككەكلەپ، خامان قىرىشقا كىرىشتى. ئۇ ئانىسىنىڭ "ئارام ئالغىن" دەپ يالۋۇرۇشلىرىغا قارىماي، ۋاقتىنى راسا چىڭ تۇتۇپ خاماننى ئىككى كۈندە قىرىپ بولدى.

— بارىكاللا ئوغلۇم، — دېدى نىياز ئاكا خامانىنى كۆرۈپ، — چىنىدەك قىلىۋېتىپسەن. خامانغا تاماق سېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالماپسەن!

— قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي. ئۆزۈممۇ بۇ ئىشنى بەكمۇ سېغىنغانىدىم.

— رەھمەت ئوغلۇم، رەھمەت، خۇدايىم بىر جېنىڭغا مىڭ جان بەرسۇن.

شۇ ئاخشىمى ئاتا-بالا ئىككىسى خامانغا سۇ قويدى ۋە دۆۋىلەنگەن بوغداي ئۇنچىلىرى ئۈستىدە يېتىپ ئۇزاقچە پاراڭلىشىپ ئاخىر كۆزلىرى ئۇيقۇغا كەتتى.

بۇ تەرەپلەردە ياز كېچىسى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. كۈندۈزلىرى كۆيدۈرگىدەك ئىسسىق بولسىمۇ، كەچ كىرىش بىلەن سالقىن چۈشۈپ، كېچىلىرى جەنۇب تەرەپتىن تاغنىڭ سالقىن شامىلى ئۇرۇپ تۇرىدۇ. تومۇز ۋاقتىدا شەبنەم چۈشمىگەچكە ھەممە ئادەم سىرتتا يېتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. خۇسۇسەن ئورما باشلانغاندىن كېيىن، ئىشلەپ ھارغان كىشىلەر جانغا راھەت بېغىشلىغۇچى مۇزدەك تاغ سۈيىگە چۆمۈلۈپ، ئاندىن ئۇخلىشىدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا ئادەم سالقىنلاپ، ياخشى ئۇخلايدۇ-دە، ھاردۇق پۈتۈنلەي چىقىپ كېتىدۇ. بارات چۆمۈلۈۋېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، دادىسىدىن بۇرۇن ئۇخلاپ قالدى.

نىياز ئۇستام بوغداي ئۈستىدە ئۇگدىسىغا يېتىپ ئۇخلاۋاتقان ئوغلىغا ئاي يورۇقىدا قاراپ، ئوغلىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش بەستلىك، قاۋۇل بولۇپ يېتىلگەنلىكىنى، شۇ تاپتا قەدىمكى زامان رىۋايەتلىرىدىكى باھادىرلاردەك ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سۆيۈنۈپ كەتتى. ”خۇدا بىزگە شۇنچە كۈچ-قۇدرەت بېرىپتۇ، لېكىن بايلىقتىن ئېيتماپتۇ“ دەپ ئۆزلىرىنىڭ يوقسۇزلىقىغا ئۆكۈندى ھەمدە ئاستىغىنا ئۆز-ئۆزىگە ”ناشۈكۈرلۈك قىلما“ دەپ قويدى. ئاخىر ئۇمۇ ئاستا-ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى.

خامانغا توشۇلغان بوغدايلار پىژغىرىم ئاپتاپتا بىرنەچچە كۈندىلا قۇرۇپ كەتتى. ئۆزۈكنىڭ كالىسى ياكى ئېتى بولمىغاندىن كېيىن ئالدىراش كېرەك ئىدى. تومۇز ئايلىرى ھاۋادا كۆپ ئۆزگىرىش بولاتتى. بەزىدە بىر ئوبدان

تۇرغان ھاۋا بۇزۇلۇپ، بوران چىقىپ، چاقماق چىقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، يامغۇر قۇيۇۋېتەتتى. ئۇ چاغدا ئىش تېخىمۇ تەسكە توختايتتى. يامغۇردا قالغان دېھقاننىڭ ھالىغا ۋاي... ئۇلار ئۇياققا يۈگۈرۈپ، بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئاخىر يەتتە-سەككىز كالا تەييارلاپ خامانىنى "لاي-لاي" ئېيتىپ، تېپىشكە باشلىدى.

ئارپا-بۇغداي سامانىنى،
سەلكىن ئايرىيدۇ.
ئۇرۇق-تۇغقان قېرىنداشنى،
ئۆلۈم ئايرىيدۇ.

⁂ ⁂

— ئوغلۇم مەن بۈگۈن جۇمە ئوقۇپ كېلەي، سەن خامانغا قاراپ تۇر، ھايال بولماي يانىمەن، لېكىن شامال بىكار ئۆتۈپ كەتمىسۇن. زىرىكسەڭ چەشنى سورىغاچ تۇرارسەن.

— ماقۇل ئاتا.

دادىسى كەتكەندىن كېيىن، بارات خاماندا خالىي قالدى، ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئاسىيەنىڭ سۈرىتى چاپلاغلىق خاتىرىنى، ئۇرۇمچىدىن ماڭار چاغدا ئوقۇتقۇچى ئابلەت سوۋغا قىلغان ۋە بىرنەچچە قېتىم ئوقۇپ چىقىشنى تاپىلىغان ماكسىم گوركىنىڭ «ئانا» دېگەن رومانىنى يوشۇرۇپ قويغان جايدىن ئېلىپ، چاپانغا ئوراپ، ئۆينىڭ كەينىدىكى قوغۇنلۇقتىن بىر قوغۇننى ئۈزۈپ ئالدى-دە، خامانغا كەتتى. ئۇ خاماندىكى كەپىگە كىرىپ، يەردىكى كونا كىگىز ئۈستىدە ئولتۇردى، خاتىرىنى ئېچىپ ئاسىيەنىڭ سۈرىتىگە ئۇزاقىچە تىكىلىپ قاردى، خۇددى قەسەم بېرىۋاتقاندەك "مەڭگۈ سەندىن باشقىنى سۆيمەيمەن" دەپ پىچىرلىدى ۋە سۈرەتنى مەيدىسىگە باستى...

ئۇ ئېلىپ كەلگەن قوغۇننىڭ يېرىمىنى كاسا قىلىپ يەپ، يېرىمىنى

يېيىلىپ بولغان قوغۇننىڭ شاپىقىدا يېپىپ قويۇپ: "نېمىدېگەن تاتلىق قوغۇن بۇ، ئەگەرده ئۆزىمىزنىڭ يېرى بولغان بولسا ھە؟!" دەپ ئويلىدى. شۇ چاغدا تۇساتتىنلا ئۇنىڭ خىيالىغا بۇندىن 15 يىل بۇرۇن سادىق باي بىلەن بولغان بىر ۋەقە كېلىۋالدى. ئۇ چاغدا خامان بۇ يەردىن 50 مېتىر نېرىدىكى قېرى جىگدە تۈۋىدە ئىدى. مانا شۇ چاغدا سادىق باي بەگنىڭ بىر كوسا دوغىسى بىلەن كېلىپ ھوسۇلنىڭ ئۈچتىن ئۈچ قىسمىنى مەجبۇرىي ئېلىپ كەتكەنىدى. شۇ ۋەقەدىن كېيىن بارات يەنە مۇشۇ يۇرتتا داڭقى بار توختى پالۋان دېگەن ئادەمنى سادىق باينىڭ مىلتىقلىق يايلار بىلەن بىللە كېلىپ زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىپ ھەيدەپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن. شۇڭا بارات دادىسىغا:" چوڭ بولغاندا مىلتىق ئېلىپ كېلىپ سادىق باي بىلەن ھېسابلىشىمەن" دەپ يىغلىغانىدى. "تېرىساڭ ئورارسەن، تىلىسەڭ تاپارسەن" دېگەندەك راستتىنلا ئۇ ئەسكەر بولۇپ مىلتىقمۇ ئاستى، ئۇرۇشقا باردى. لېكىن بۇ ئىشلار نېمىگە ئەسقاتتى؟
... ئۇنىڭ ئاۋازى تويۇقسىز سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بارغانچە غەزەپلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، دەرھال كىتابنى قولىغا ئالدى. لېكىن ئۇ قانداقمۇ كىتاب ئوقۇيالىسۇن، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئوقۇتقۇچى ئابلەت، دوستى ئەسمىتۇل ھەم ئاسىيە كېلىۋالدى. ئۇلار ئۇنى چاقىرىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنى زورىغا بېسىپ نەزىرىنى كىتابقا ئاغدۇردى. كىتابنىڭ مۇقاۋىسىدىكى «ئانا» دېگەن خەتنى ئوقۇپ: "بىزنىڭ ھۆكۈمەت بۇ يازغۇچىغا نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا ئۆچ؟ نېمە ئۈچۈن 'ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىدىن بىر ئەجەل ئۇنىدۇ' دەپ ھېسابلاپ، ئۇنى ئوقۇشنى شۇنچە قاتتىق چەكلەيدۇ؟" دېگەن مەسىلە ئۈستىدە بىردەم ئويلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، بارلىق دىققىتى بىلەن كىتابنى ئوقۇشقا كىرىشتى. ئۇ كىتابتىكى: "... ئۇلارنىڭ پۈتكۈل تۇرمۇشى ئۇزۇن يىللىق جاھىل ئادەتلەر بىلەن باغلانغان بولۇپ، ھەر كۈنى ئويلايدىغىنى ۋە ئىشلەيدىغىنى بىر قېلىپتىكى نەرسە ئىدى. شۇڭلاشقا ھېچكىمدە بۇ خىل تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىش ھەۋىسى يوق ئىدى" دېگەن جۈملىلەرنى ئوقۇۋېتىپ، ئويلىنىپ توختاپ قالدى ۋە "بۇ خىل تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىش ھەۋىسى يوق

... ھەۋسى يوق ... ھەۋسى يوق» دەپ قايتا-قايتا تەكرارلىدى.
دېمەك، سەن ئۆزگەرتمىسەڭ بۇ تۇرمۇش ھەرگىز ئۆزى ئۆزگەرمەيدۇ. ياق، بىز چوقۇم مۇنداق تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىمىز. مانا بۇ ھەرىكەت ئىلىدىن باشلاندى. ئۇلار ھەقىقىي ئوغۇل بالا ئىكەن. ئۇلار جاندىن كېچىپ بۇ تۇرمۇشنى ئۆزگەرتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. دېمەك، "جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتكىلى بولماس" دېگەن سۆز راست ئىكەن. ھازىر مىللىي ئارمىيە قەيەرگە يېتىپ كەلگەندۇ؟ ئۇلار بۇ كەمگىچە جىڭنى ئالدى. شىخونىچۇ؟ بەلكى ماناسقا كېلىپ قالغاندۇ؟! ھەي گېزىت كۆرمىدۇق ياكى رادىئو يوق. كىمدىن سورايسەن؟ نېمە دەپ سورايسەن؟ ... ئۇ مانا مۇشۇ خىياللار قوينىدا تىت-تىت بولۇشقا باشلىدى. تويۇقسىز سىگنالسى مايسەمنىڭ:
— ئاكا-ئاكا ماۋۇ ئادەم سىزنى ئىزلەپ كەپتۇ، — دېگەن چاڭىلداق ئاۋازى ئۇنىڭ خىياللىرىنى بۆلىۋەتتى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، كەينىنىڭ ئالدىدا تۇرغان يېشى ئەللىكتىن ئاشقان، بېشى تاز، ئاغزىدا چىشى يوق، كوسا، رەڭگى شىرە چوروقتەك قورۇلۇپ كەتكەن، قارا ماتادا ئىشتان-چاپان كىيگەن ئادەمنى كۆردى. مېھمان كەينىدىكى ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۇتۇپ تۇراتتى.
— كەلسىلە ئاكا، — دېدى بارات تەئەججۇپ بىلەن.
مېھمان ئاتنى خامانىنىڭ ياقىسىدىكى يوغان قوزۇققا باغلاپ قويۇپ كەپكە كىردى. بارات ياستۇقنى ئېرىسىغا سۈرۈپ كىتابنى تېگىگە تىقىپ قويدى. ھېلىقى پىرىم قوغۇننى تازىنىڭ ئالدىغا قويدى. سىگنالسىغا ئىككى دانە شاپتۇلنى ئۈنتقوزۇپ قويدى.
— بۇ نېمە كىتابكىن؟ — دەپ مېھمان تويۇقسىز سوراپ قالدى.
— «قۇرئان».
— «قۇرئان»؟ سىز قارى ئوخشىمامسىز؟ نىياز ئاخۇن ئىسلام دىنىنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىدى. «قۇرئان»نى پەستە قويماق يامان بولىدۇ.
— شۇنداق، مەن قارى، — بارات شۇنداق دېدىيۇ، كىتابنى قولىغا ئالمىغىدى دەپ ئەنسىرىدى. دېگەندەك مېھمان كىتابنى قولىغا ئېلىپ، سۆيۈپ، يۈز-كۆزىگە سۈرتۈپ ياستۇق ئۈستىگە قويدى، لېكىن ئىچىنى

ئاچمىدى. بارات ئۇستىدىن تۆكمەن نىشىنى ئىلىۋەتكەندەك بولدى.

— خۇدا بىزنى ھىچنەرسىدىن ئىيىماپتىكەن. خەت توتۇمايمەن، — دەپ ھىلىقى ئادەم يانچۇقىدىن بىر پارچە خەتنى چىقىرىپ باراتقا سۇندى،

— مەن گۇندىپاي ئىبراھىم خىشىك، يامۇلدىن چىقتىم.

بارات خەتنى ئىلىپ ئوقۇدى. بۇ يامۇلنىڭ ئوقتۇرۇشى ئىدى.

ئوقتۇرۇش

بارات نىياز موشۇ ئوقتۇرۇشنى ئالغاندىن كىيىن يامۇلغا كىلىپ پەن مىشۇ بىلەن كۆرۈشۈڭ.

× × ناھىيىلىك ھۆكۈمەت (تامغا)

مىنگونىڭ 34-يىلى 7-ئاينىڭ 26-كۈنى

— ماقۇل، — دىدى بارات ئويلانغان ھالدا، — بۈگۈن جۈمە، دۈشەنبە كۈنى باراي.

※ ※

بارات دۈشەنبە كۈنى ئاش ۋاقتىدا يامۇلنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئىھتىمال قىسمىغا قايتىش ھەققىدە بۇيرۇق كەلگەن بولسا كىرەك، — دەپ ئويلىدى، لىكىن ئۇنىڭ دەم ئىلىش ۋاقتىنىڭ توشۇشىغا يەنە ئىككى ئاي بارئىدى. ئۇ يامۇلنىڭ ئالدىدا ھەسەن بىلەن ۋاڭ جەنكۈيگە ئۇچراپ قالدى. ھەسەن ھىچنەرسە بىلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋىلىپ، بۇ يەرگە كىلىشنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. بارات جاۋاب ئورنىغا ھۆكۈمەتنىڭ ئوقتۇرۇشىنى كۆرسەتتى.

— يۈرۈڭ، — دىدى ھەسەن، — بۇ جاي سىز بۇ يۇرتتىن كەتكەندىن كىيىن سىلىنغان، مەن باشلاپ كىرەي.

ئۇلار ئىسلام بەگنىڭ جايىغا سىلىنغان يىڭى يامۇلنىڭ كاتىبات بۆلۈمىگە كىردى. خەت يىزىۋاتقان پەن كاتىپ ئۇلارغا قاراپمۇ قويمىدى. ئارقىدىنلا بۇ يەرگە ۋاڭ جەنكۈي كىرگەنىدى، پەن كاتىپ ئۇنىڭغا ئورۇندۇق كۆرسىتىپ،

تاماكا نۇتتى. بۇ ئىش باراتقا ئىنتايىن ھار كەلدى.
— ۋاڭ دەنجاڭ، — دېدى كاتىپ، — سىز دېگەن ھېلىقى ئادەم كەلمىدى.
— كەلدى، مانا مۇشۇ، — دەپ باراتنى كۆرسەتتى ۋاڭ جەنكۇي.
— ياخشى، ياخشى، ھەممە ئىش تەييار، — دەپ كاتىپ جوزىنىڭ تارتمىسىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ ۋاڭ جەنكۇيغا سۇندى. بۇ ناھىيىنىڭ باراتنى خىزمەتكە تەيىنلەش ئۇقتۇرۇشى ئىدى.
— يۇرۇڭلار، — دېدى ۋاڭ جەنكۇي ۋە ئۇلارنى باشلاپ ئىمىن بەگنىڭ جايىدىكى تاشيول ئىدارىسىنىڭ ۋاقىتلىق ئىشخانىسىغا كەلدى. مانا شۇ چاغدىلا باراتقا ھەممە ئىش ئايان بولدى. شۇڭا ھەسەنگە بىرئاز ئاچچىقى كەلدى.
— ئــاۋۋال مــەن بىلەن مەسلىھەتلىشىش كېرەك ئىدى، — دېدى ئاچچىقى بىلەن .
— كايىماڭ، سىز خەۋەرسىز بولغان بىلەن نىياز ئاكام خەۋەردار، بىز پەقەت نىياز ئاكامنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلىدۇق. نىياز ئاكام سىزنى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالسۇن، بىرەر ئىش تاپايلى، دېگەنىدى. ھېلىمۇ ناھايىتى تەستە مۇشۇ ئىشنى تاپتۇق. ئىشلەپ تۇرمامسىز!...
— ھەي سىلەرنى، ھەي سىلەرنى...
ئۇ باشقا گەپ-سۆز قىلمىدى. پەقەت دەم ئېلىش ۋاقتىم توشقىچە ئىشلەپ تۇرسام تۇراي دېگەن يەرگە كەلدى.
— 8-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ ئىشقا چۈشىسىز. ئاڭغىچە مۇشۇ يەردە بىر ئېغىز كىچىك ئۆي بار. شۇ ئۆيگە كۆچۈپ كىرىۋېلىڭ. ھازىر ئورۇش ۋاقتى، قاتناش ئىنتايىن جىددىي. بەزىدە كېچىلىرىمۇ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ، — دېدى ۋاڭ جەنكۇي ۋە ئۇلارنى باشلاپ بېرىپ ئۆيىنى كۆرسەتتى. ئۆي خېلى ئوبدان ئىدى.
شۇنداق قىلىپ بارات تاشيول ئىدارىسىنىڭ كاسسىرى بولۇپ قالدى.

## ئۈچىنچى باب

# يېڭى دوستلار

بىرمۇ گۈزەل بولالماس سەن جاناندەك،
سېھرىي كۈچۈك بولدى كۆڭلۈم ئۇتقاندەك.
بالدەك شېرىن ئۈنۈڭ ماڭا تۇيۇلدى،
سۇ يۈزىنى يېقىملىق كۈي قۇچقاندەك.

— بايرون

بارات تاشپولات ئىدارىسىدىكى يېڭى خىزمىتىنى ئانچە كۆڭۈللۈك ھېس قىلمىسىمۇ، ھەر ھالدا يېڭى دوستلارنى تېپىۋالدى. 8-، 9-ئايلار بۇ ياقلاردا راسا باغ سەيلىسى قىزىيدىغان چاغلار ئىدى. شۇڭا ئۇ يەكشەنبە كۈنلىرى ئوقۇتقۇچىلار ۋە ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى بىللە باغ سەيلىلىرىگە قاتنىشىپ تۇردى. ئارىلاپ ئائىلىسىگە قايتىپ ئاتىسىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا قارىشىپ تۇردى. گاھى چاغلاردا ئائىلىسىدە قونۇپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۆزى تىقىپ قويغان «ئانا» رومانىنى جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا ئۇزاقتىن-ئۇزاق

ئوقۇيتتى ۋە ئارىلاپ نېمىلەر توغرىسىدىدۇر خىيال سۈرۈپ قالاتتى. بۈگۈن يەنە ئۇنىڭ كۆزى روماندىكى مۇنۇ جۈملىلەرگە چۈشتى: "ئۇلار زاۋۇت خوجايىنلىرىنىڭ ھاقارەتلىرى، ئىش باشقۇرغۇچىلارنىڭ زورلۇقلىرىدىن كەلگەن غەزەپلىرىنى ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن خوتۇنلىرىدىن ئالاتتى..."

شۇنداق، بۇ ئىش بىزدىمۇ ئوپمۇئوخشاش، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە، — مانا ئاتاممۇ گاھى چاغلاردا ئۆزىنى باسالماي قالىدۇ...

بارات كىتابنى ئىدارىسىغا ئېلىپ بېرىشتىن ئېھتىيات قىلدى. ئۇ خىزمەت مۇناسىۋىتى ۋە باغ سەيلىسى جەريانىدا نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا زور كۆپچىلىكنىڭ كىشىلەرنىڭ چىرايىدىن دەرد-ئەلەم، بۇرۇقتۇرمىلىق، غەزەپ-نەپرەت ئۇرغۇپ، يىگى تاڭغا بەكمۇ تەشنا ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. شۇنداقلا باراتقا يەنە ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر ياسالما ۋە سىرلىق كۆرۈندى. بۇنداق كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى باراتنى كۆرگەندە ھېجىيىپ، ئىككى ئېغىز گەپنىڭ بىرىدە "ئۇكا" سۆزىنى قوشۇپ شۇنچە سىلىق سۆزلىسىمۇ، كۆزلىرىدىن بىر شۇملۇقنىڭ ئالامىتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ مانا مۇشۇنداق گەپنىڭ توغرىسىنى ئېيتماي ھېجىيىپ تۇرىدىغانلاردىن بەكمۇ ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق تىلى بىلەن دىلى باشقا كىشىلەردىن ھەر ئەيلەش ھەققىدە ئۈرۈمچىدىكى ئابلەت، ئەسمىتۇل قاتارلىق يولداشلىرى كۆپ قېتىم تاپىلىغانىدى. بارات تېخىچە توزۇك چۈشىنىپ يېتەلمىگەن ئادەم مۇئاۋىن ھاكىم مامۇتخان ئىدى. ئۇ مۇشۇ ئۆتكەن ئىككى ئاي جەريانىدىكى باغ سەيلىسىدە بارات بىلەن تىنچلىق سوراشقاندىن باشقا، ئادەتتە ئۇنىڭغا كۆپ گەپ قىلمىدى، لېكىن قاچانلا قارىسا ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەيتتى. بارات قارىسا ئۇ دەرھال باشقا تەرەپكە قارىۋالاتتى ياكى كۆرمەسلىككە سالاتتى. بىر كۈنى مامۇتخان ئۆز يېنىدا ئولتۇرغان قۇتلۇققا باراتنى كۆرسىتىپ: "بەكمۇ ياش ئىكەن" دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدى. قۇتلۇق كۈلۈپ قويدى.

باراتتا بىردىنلا مامۇتخانغا قارىتا قىزىقىش پەيدا بولۇپ قالدى. "ئۇ نېمە ئۈچۈن مېنى غەلىتە كۆزىتىپ يۈرىدۇ" دېگەن سوئال ئۇنى قىيناشقا باشلىدى.

بىرنەچچە كۈن باش قاتۇرۇپمۇ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. «جاسۇسمىكىن؟» دەي دېسە، ھەممە ئادەم ئۇنى «ۋىجدانلىق ئادەم» دەيدۇ. ئەمىسە نېمە ئۈچۈن مېنى مارايدۇ؟ ھەي... بۈگۈنكى ئەمەلدارلارغا ئىشىنىپ بولامتىمۇ؟... بارات بىر كۈنى نۇرنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ ئولتۇرۇپ نۇردىن:

— مۇئاۋىن ھاكىم مامۇتخان قانداقراق ئادەم؟ — دەپ سورىدى.

— قانداق دېگىنىڭ نېمىسى؟ ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، ئۆزى زىيالىي.

— ئۇغۇ شۇنداققۇ. لېكىنزە...، — ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمىدى.

— ھە... گېپىڭنى ئەمدى چۈشەندىم. ئۇ 1939-يىلى سەمەرقەنت پېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن. شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ياتقان، لېكىن ئۇنىڭدىن ھېچبىر قۇسۇر تاپالمىغاندىن كېيىن تۈرمىدىن چىقىرىلغان. 1943-يىلىنىڭ ئاخىرىدا «گۇمانلىق ئۇنسۇر» دەپ قارىلىپ، بولتۇر ئەتىيازدا مۇئاۋىن ھاكىم سۈپىتىدە ئۈرۈمچىدىن بۇ يەرگە سۈرگۈن قىلىنىپ كەلگەن، — دېدى نۇر، — ئۇنىڭ بىر پارچە شېئىرى بار. مەن يادلىۋالغان. ساڭا يېزىپ بېرەي، كۆرۈپ باق. شۇ چاغدا سەن مامۇتخاننى چۈشىنىپ قالىسەن! ...

نۇر بىر ۋاراق خوتەن قەغىزىگە ئىككى كۇپلېت شېئىرنى يازدى-دە، باراتقا سۇندى. بارات قەغەزنى ئېلىپ شېئىرنى پەس ئاۋازدا ئوقۇدى.

ئۇ شېئىرنى قايتا-قايتا ئوقۇدى-دە، مامۇتخانغا بولغان گۇمانى يوقالدى.

— پاھ، ياخشى شېئىر ئىكەن. بۇ ئادەم تېخى شېئىرمۇ يازالايدىكەن-دە؟ — دېدى بارات.

— شۇنداق، ئۇ ئىلىدا قوزغىلاڭ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدىن بىر كېچە ئۇخلىيالمىغان ۋە دەرھال ئىككى پارچە ئىمزاسىز شېئىر يېزىپ «غەپلەت ئۇيقۇسى»دا ياتقان كەڭ دېھقانلارنى ئويغىتىشقا، ياشلارنى ئويۇشۇشقا، ئازادلىق، ئەركىنلىك يولىدا كۈرەش قىلىشقا چاقىرغان، — دېدى

نۇر.
— رەھمەت ئاكا، — دېدى بارات خوشللىشىش ۋاقتىدا، — بۈگۈن مېنى بەكمۇ خۇشال قىلدىڭىز. كۆڭلۇمدىكى قاراڭغۇلۇق يورۇدى.

※ ※

بۈگۈنكى باغ سەيلىسىدە مامۇتخان تۈنجى قېتىم بارات بىلەن ئېچىلىپ-يېيىلىپ سۆزلەشتى. شۇنداق بولسىمۇ باراتنى كۆپرەك سۆزلەشكە دەۋەت قىلىپ، ئۆزى ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىنى، ھەربىر ھەرىكىتىنى دىققەت كۆرۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ ئېغىر بېسىق، كەم سۆز يىگىت ئۇنىڭغا يېقىپ قالغانىدى. مامۇتخان نۇردىن بۇ يىگىتنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ناھايىتى خۇشال بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن مامۇتخان باراتنىڭ ئىشلىرىنى ياشلىقتىكى بىردەملىك قىزغىنلىقتىن پەيدا بولغان ئىش بولمىسۇن يەنە دەپ ئويلاپ، سەل ئېھتىيات قىلىپ ئىككى ئايدىن بۇيان ئۇنى كۆزىتىپ كەلگەنىدى. ئۇلار بۈگۈنكى باغ سەيلىسىدىن پىيادە بىللە قايتتى.
— قانچە ياشقا كىردىڭىز؟ — دەپ سورىدى مامۇتخان پەرۋاسىز ھالدا باراتتىن.
— 22 ياشقا.
— ئەسكەرلىكتە قانچە يىل تۇردىڭىز؟
— ئۈچ يېرىم يىل. ئوقۇشتا ئىككى يىل، ھەربىي سەپتە بىر يېرىم يىل.
— ئۇرۇشقا قاتناشتىڭىزمۇ؟
— قاتناشتىم.
— قەيەردە؟
— كەڭساي ئاغزىدا ۋە سىمپوتوزا داۋنىدا.
— ئۇرۇش ئەھۋالى قانداق بولدى؟
— ئۇرۇش ئەھۋالىمىز قانداق بولماقچىدى دەيسىز، ئەلۋەتتە بىز مەغلۇب

بولدۇق.

— ھە... مۇنداق دەڭ، — دېدى مامۇتخان كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىزمۇ بىر ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپسىز. ئەمدى ئۇزاق ياشايسىز. بىز كېيىن يەنە سۆزلەشسەك بولارمۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ. سىزلا خالىسىڭىز.

— ئەلۋەتتە خالايمەن.

※ ※

شۇنىڭدىن كېيىن مامۇتخان بارات بىلەن سۆزلىشىدىغان بىرەر ئەپلىك پۇرسەتنى كۈتۈپ يۈردى. ئۇ ئۆز ئۆيىدە ياكى باراتنىڭ ياتىقىدا سۆزلىشىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. چۈنكى تامنىڭمۇ قۇلىقى بار-دە. ئۇ ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئەڭ ياخشىسى باراتنىڭ ھاماچىسىنىڭ ئۆيىدە سۆزلىشىشنى لايىق كۆردى. بۇنى ھەسەنگە باشقىچىرەك قىلىپ (باراتنى ئۆز ئۆيىگە چاقىرىشنى، ئۆزىنىڭ ۋاڭ دەنجاڭنى ئىزدەپ بارىدىغانلىقىنى، باراتنىڭ "تۇگچى" بولۇپ بېرىشىنى) چۈشەندۈردى. بۇ چاغدا ۋاڭ دەنجاڭ يول تەكشۈرۈپ كەتكەچكە، ھەسەن مامۇتخاننىڭ مەقسىتىنى ئاسانلا چۈشەندى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بەشلەردە مامۇتخان "ۋاڭ دەنجاڭنى ئىزدەپ" كەلدى. مامۇتخانغا ۋاڭ جەنكۈينىڭ ئايالى ئۆي ئىچىدە تۇرۇپلا "ۋاڭ جەنكۈي ئۆيدە يوق" دەپ تۇرۇشىغا ھەسەن ئۆز ئۆيىدىن چىقىپ:

— ۋاي مۇئاۋىن ھاكىمكەنغۇ؟ ئۆيگە كىرىپ بىرەر پىيالە چاي ئىچىپ كەتسىلە! — دېدى مامۇتخاننى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ.

— خوش، — دېدى مامۇتخان ۋاڭ دەنجاڭنىڭ ئۆيىدىكى ئايالىنى كۆزدە مەنىلىك ئىشارەت قىلىپ، — مەن ۋاڭ دەنجاڭنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم. ئۆيىدە يوقكەن، قايتاي.

— ۋاڭ دەنجاڭنىڭ ئۆيى باشقا، مېنىڭ ئۆيۈم باشقا، كېيىن كەلگەندە ۋاڭ دەنجاڭنىڭ ئۆيىگە كىرەلا.

ھەسەننىڭ "مۇئاۋىن ھاكىم" دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان ۋاڭ جەنكۇينىڭ ئايالى نوختىخان ئۆيىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى ۋە ۋالاقشىپلا كەتتى:

— ۋىيەي، شەنجاڭكەنغۇ؟ دەنجاڭ بولمىسىمۇ مەن بار. ئۆيگە كىرىپ بىرەر پىيالە چاي ئىچىپ كەتسىلە، — دېدى ئۆزىنى ئۇيناقشىتىپ، — دەنجاڭنىڭ ئورنىدا قانداق دېسىلە شۇنداق كۆتەلەيمىز.

— خوش، ئۆيدە ئەر كىشى يوقكەن، مەن كېيىن كېلەي، — دەپ مامۇتخان ئۇدۇل ھەسەننىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئۇزاققا قالماي باراتمۇ كەلدى.

مامۇتخان بىلەن بارات ھەسەننىڭ مېھمانخانا ئۆيىدە ئولتۇرۇشتى. بۇ ئۆيدە ئولتۇرغان ئادەمگە كوچىدىن كىرگەن ئادەم ياكى قوشنىلىرىنىڭ كىرىپ-چىقىپ تۇرۇشى دېرىزىدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇڭا ئۈچەيلەن ئۇلار دېرىزە ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. سېنتەبىرنىڭ قوياش نۇرى ئۆيىنى ئىللىتىپ تۇراتتى.

ھەسەن مېھمانلارغا بىر پىيالىدىن ئۇسسۇزلۇق قويدى. ئارقىدىن يۇمشاق نان، قوغۇن، ئۈزۈم، شاپتۇل بىلەن داستىخاننى تولدۇرۇۋەتتى.

— قېنى مېھمانلار، مەزىگە ئېغىز تېگىشسىلە، غىزا پىشقىچە قورساق ئېچىپ قالمىسۇن، — دېدى ھەسەن.

— ئاۋارە بولماڭ. بىز بىرئاز پاراڭلاشساقلا بولدى، — دېدى مامۇتخان.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى، سىلە كۆندە كېلەمتىلە؟! ھەم پاراڭلىشىمىز، ھەم غىزالىنىمىز.

مامۇتخان ئېتىراز بىلدۈرۈشنىڭ پايدىسىزلىقىنى چۈشەندى ۋە باراتقا قارىدى.

— مەن سىزنىڭ كۆرگەنلىرىڭىزنى ئۆز ئاغزىڭىزدىن ئاڭلاي دەپ كەلدىم. ئەگەردە بىز مەڭگۈ دوست بولماقچى بولساق، ھېچنەرسىنى يوشۇرماسلىقىڭىزنى

ئۈمىد قىلىمەن.

— بولىدۇ، ئەمما مېنىڭ سۆزلەيدىغىنىم بۇ تەرەپنىڭ يەنى ھازىرقى ھۆكۈمەتنىڭ مەغلۇبىيىتى.

— مەغلۇبىيەت؟ مۇنداق دەڭ، — دەپ كۈلدى مامۇتخان، — ماڭا كېرىكمۇ نەق شۇ. ھۆكۈمران دائىرىلەر مەغلۇب بولدى. شۇڭا ئۇلارغا چاشقان تۆشۈكى ساراي بولدى. ئەگەردە ئۇلار غەلىبە قازانغان بولسا، مەن بۇنى سىزدىن سوراپ ئولتۇرمايتتىم. شۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ بىرسى مەن. چۈنكى مەن مۇئاۋىن ھاكىم ئەمەسمۇ؟ لېكىن جۇڭگارىيەنىڭ غەلىبىسى، تۆكۈلگەن قانلار نارىمنى چوقۇم ئۇيغىتىدۇ.

— بۇ شەكسىز، — دەپ ھەسەن گەپ قىستۇرۇشقا ئالدىرىدى، — قېنى ئۇكام، سۆزىڭىزنى باشلاڭ.

— بىزنى ئۈرۈمچىدىن باشقا بىر پولك بىلەن قوشۇپ سۈيدۈڭگە بۆسۈپ ئۆتۈپ بېرىپ، قورشاۋدا قالغانلارنى قۇتقۇزۇشقا ئەۋەتتى. بۇ ۋەزىپىگە بىر دىۋىزىيە كوماندىرى قوماندانلىق قىلدى. بىزنىڭ باشلىقلىرىمىز: ”قوزغىلاڭچىلار ئۇرۇش كۆرمىگەن نادان ئادەملەر، بىز ئىچى-تېشىدىن ماسلىشىپ ‘ئالتە ئۇغرى’ نىڭ قورشاۋىنى بۇزۇپ ئۆتۈپ، سۈيدۈڭنى ئالغاندىن كېيىن، غۇلجىنى قايتۇرىۋالىمىز ۋە ‘ئالتە ئۇغرى’ نىڭ پوستىغا سامان تىقىمىز“ دېگەن خام خىيال بىلەن كۆرەڭلەشكەنىدى، — دەپ ئالدىرىماي سۆزلىدى بارات، — بىز كېچىسى يولغا چىقىپ سۈيدۈڭگە قاراپ ماڭدۇق. بۇ 1944-يىل 12-ئاينىڭ 2-كۈنى ئىدى. لېكىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى پارتىزانلار بىلەن كېچىسى ئۇچرىشىپ قېلىشتىن بەكمۇ قورقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئەتراپنى كۆزىتىپ ئالدىرىماي ماڭدۇق. بىز بۇ يەرنىڭ يەر شارائىتىنى بىلمەيتتۇق. قوزغىلاڭچىلار بولسا ھەممە يەرنى بەش قولدەك بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر تۇتاش قوماندانلىققا ئىگە ئىدى. بىزنىڭ رازۋېتچىكلىرىمىز قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قورقۇپ يېقىنراق بارالمىغاچقا ھېچقانداق مەلۇمات بېرەلمەيتتى. دۇربۇندا قارىسا، ھەممە يەردە

ئاپئاق قاردىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيتتى. قىسمىنىڭ ئالدىدا بەشتىن-بەشتىن بولۇپ ئىككى گورۇپپا كۆزەتكۈچىلەر ئەللىك مېتىردىن ئارىلىق قالدۇرۇپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماتورلىرىنى گۈرۈلدىتىپ، يەرلەرنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ تانكىلار ماڭدى. تانكىلارنىڭ كەينىدىن پىيادە ئەسكەرلەر ماڭدى. باشلىقلىرىمىز ئاتلىق كېتىپ باراتتى. ھەممە يەر ئاپئاق قار، ھېچنەرسىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. شۇۋرغان يۈزلەرنى چىقىپ ئېچىشتۇرۇپ تۇراتتى. سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى. رازۋېتچىكلار بىلەن تانكىلار ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمىغاندىن كېيىن بىزمۇ مېڭىۋەردۇق. ئەمدى تاڭ سۈزۈلۈپ كەلگەن چاغدا كەڭسايىنىڭ تاغ ئاغزىدىكى كەڭ ئېقىن سۇدىن ئۆتتۇق. ھېچقانداق شەپە يوق، يەنە ئازراق ماڭغاندۇق، بىردىنلا ئارقىمىزدىن پىلىموتنىڭ "تا-تات"لىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن تۆت تەرەپنىڭ ھەممىسىدىن پىلىموت، ئاپتومات، مىلتىقلار ئېتىلىپ، قول بومبىسى پارتلاپ، جاھاننى قاراس-قۇرۇس قاپلاپ كەتتى. تاغ ئۈستىدىن گۈلدۈرلەپ تاشلار دوملاپ چۈشۈشكە باشلىدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدە شۇنداق ھودۇقۇش بولۇپ كەتتىكى، قىيا-چىيا ھەممە ياقنى قاپلاپ كەتتى. قايسى تاغ قاپتىلىغا، قايسى چوققىغا قارىتىپ ئوق ئېتىشنى ھېچقايسىمىز بىلمەيتتۇق. ھەممىمىز ئۆز جېنىمىزنى قۇتۇلدۇرۇش كويىدا ئۇدۇل كەلگەن يەردىكى ئاپئاق قارغا ئۆزىمىزنى تاشلاپ دۈم يېتىۋالدۇق، پولك كوماندىرىمىز ياڭ تۇەنجاڭنىڭ بېشىدا شەپكىسىمۇ يوق، دۈم يېتىۋېلىپ دۇربۇندا ئەتراپقا قارايتتى. پۇت-قوللىرى تىترەپ لاغىلداپ تۇراتتى. بىز ئۆزىمىزنى ئوڭشىۋالغىچە قوشۇنىمىزدىكى ئەسكەرلەرنىڭ يېرىمى قىرىلىپ كەتتى. تانكىلار بىلەن پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ ئارىلىقى خېلىلا ئۈزىراپ كەتتى. مەن ئازادلىق ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەي ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم دەپ ئىچ-ئىچىمدىن ئۆكۈنەتتىم. بىر چاغدا ياڭ تۇەنجاڭ: "ئالغا"! دەپ ۋارقىرىدى.

پارتىزانلار ناھايىتى مەرگەنىكەن. بىزنىڭ ئەسكەرلەردىن ئورنىدىن تۇرۇپ يۈگۈرگەنلەر بىرنەچچە قەدەم ماڭا-ماڭماي ئوق يەپ تىك موللاق چۈشەتتى.

ياڭ تۇەنجاڭ ۋارقىراپ بۇيرۇق بەرەتتى.
— پىلىموتچىلار ئات ...
"ئات" دېگىنى بىلەن، بېشىنى كۆتىرەلمەيتتى، دۈم ياتقان ئەسكەرلەر نەگە ئېتىشنى بىلمەيتتى. بىز يېتىۋېلىپ قارىسىغا ئېتىشقا باشلىدۇق. مەن پىلىموتنىڭ پايىنكىنى سەل كۆتۈرۈپ ئاتقانىدىم. ئوقلار يېقىنلا بىر يەردە قارلارنى توزۇتۇپ كەتتى. شۇ چاغدا ياڭ تۇەنجاڭ يەنە بىر قېتىم كوماندا بېرىپ ئاتاكىغا كاناي چالدۇردى ۋە :
— ئالغا! ئالغا!— دەپ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىدى. قورققانلىقىدىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ ئاۋازى بۇرنىنىڭ ھۇۋۇلىشىدەك چىقاتتى. قولىدىكى تاپانچىدا قارىسىغا ئوق ئاتاتتى.
— ئات، چاپ! — دەپ ئالغا يۈگۈرگەنلەر بىرنەچچە قەدەم باسماي يىقىلىشقا باشلىدى. چېكىنگەنلەرنى ياڭ تۇەنجاڭ ئېتىپ تاشلىدى. راسا مالىمانچىلىق بولۇپ كەتتى. شۇ چاغدا بىز ئۆتۈپ كەلگەن ياغاچ كۆۋرۈككە ئوت كەتتى. ئەمدى ھەممەيلەن جاننى قۇتقۇزۇشنىڭ غېمىدا قالدى. بىزنىڭ ئىززۋود نازارەت ئاستىدا تورغاندەك قىلاتتى. ئوق تەگكەن بولۇپ يېتىۋالاي دېسەم، ياڭ تۇەنجاڭ يېنىمدىن بىر قەدەم نېرى كەتمەيتتى.
— چېكىنىەيلى، — دېدى ياڭ تۇەنجاڭ، — سەن ئادەملىرىڭ بىلەن شتابنى مۇھاپىزەت قىل. ئۇنىڭ ئۇنداق دېگىنى "مېنى قوغدا" دېگىنى ئىدى. نېمە ئامال بار دەيسىلەر؟!... بىز چېكىندۇق. ئىنقىلابچىلار نەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشنى ئويلىغان بولسامۇ، ھېچ ئامال قىلالماي ئاخىر ۋاقىتنىچە مەنمۇ جان قۇتقۇزۇشنىڭ كويىدا بولدۇم. بىزنىڭ چېكىنگەنلىكىمىزنى كۆرۈپ، پارتىزان قىسىملار شۇنداق قاتتىق ئوققا تۇتتىكى، پۈتۈنلەي ساراسىمە ئىچىدە قالدۇق. ئۆتىدىغان كۆۋرۈك كۆيۈپ كەتكەچكە تانكىلارمۇ توسۇلۇپ قالدى. تانكىغا كىرىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن دىۋىزىيە كوماندىرى ئوق تېگىپ ئۆلدى. پۈتۈن تاغ ئىچىنى "ھۇررا" سادالىرى قاپلاپ، پارتىزان قىسىملار بىزنى خېلى يەرگىچە قوغلاپ كەلدى. ئاران ئوتتۇز-قىرىق ئادەم قۇتۇلۇپ قالدۇق. رىسقىم

تۇگىمىگەنىكەن، ھايات قالدىم. ئەمما مېنىڭمۇ كىيىم-كېچەكلىرىمنىڭ بىرنەچچە يېرىنى ئوق تېشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

ئۇ، ھېكايىسىنى تۈگەتتى. ئولتۇرغانلار شۇ ۋاقىتتىكى ئورۇشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتاتتى. بارات ئاخىرىدا:

— مەن بۇگۈنكى كۈندە ئاشۇ ئۆلى ئىنقىلابچىلىرى بىلەن بىر سەپتە بولالمىغىنىمغا ناھايىتى ئېچىنىمەن. مەن يولغا چىقىش ۋاقتىدا دوستلىرىمغا ئۇياققا ئۆتۈپ كېتىمەن دەپ ۋەدە بەرگەنىدىم. ئەپسۇسكى ئوق تەگدى. ئۇنى ئاز دەپ بۇ يەردە قالغىنىم، — دېدى.

باراتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ مامۇتخاننىڭ كۆزلىرىدە ھاياجان، خۇشاللىق، ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ باراتنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— رەھمەت سىزگە، ھازىر مېنى بۇ يەردە ھەممىدىن بەكرەك خۇشال قىلغان ئادەم پەقەت سىز جېنىم ئۇكام. ئىسست، مىڭ مەرتىۋە ئىسست، نېمە ئۈچۈن جوڭغار ۋادىسىدا قويچى بولۇپ قالمىغاندىمەن.

— بىزگىمۇ ئۇيۇشۇش ۋاقتى يەتكەن ئوخشايدۇ، — دېدى ھەسەن.

— شۇنداق، ئاللىقاچان شۇنداق قىلىش كېرەك ئىدى، — دەپ بارات ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى، — بىزمۇ بۇ كۈرەشكە تەييارلىنىشىمىز كېرەك.

— شۇنداق، — دېدى مامۇتخان ئۈمىچانلىق بىلەن باراتنى سىنىماقچى بولۇپ، — ئەمما سىز ياش بالا ئىكەنسىز. بۇ يولدا سىزنى نېمە كۈتۈۋاتقانلىقىنى بىلەمسىز؟ زىندان، ئۆلۈم، ئاتا-ئانىڭىز ۋە سۆيگىنىڭىزنىڭ كۆز ياشلىرى...

— بىلىمەن، ئەلۋەتتە بىلىمەن، ئۆزۈم ياش، لېكىن پىشقان جەڭچىمەن. ئۆزۈمنى ئازادلىق كۈرىشىگە ئاتىۋەتكەنمەن. ئۆلۈمدىن قورقمايمەن، قورقۇشنى نومۇس دەپ بىلىمەن. ئۇنىڭسىزمۇ نۇرغۇن كىشىلەر ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ. مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ ئازادلىقى ۋە بەخت-سائادىتى ئۈچۈن بىر قىسىم ئادەمنىڭ قۇربان بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، بەلكى شەرەپ.

— يارايسز، توغرا ئېيتتڭز، — دەپ ماموتخان باراتنى قۇچاقلىدى،
— سزنڭ كۆز قارشڭز روشەن ئكەن.

ئۇلار خوشلشش ۋاقتىدا ماموتخان باراتنڭ رازى بولغانلقنى بلدۈرۈپ ئۇنڭ قولنى چڭ تۇتۇپ، ئۇزاققچە قويۇۋەتمدى.

ماموتخان ئۆز سپىگە يڭى بر جەڭچنڭ قوشۇلغانلقدن گۇمانلانمدى. چۈنكى باراتنڭ سەممىيلكى، كەمتەرلكى ئۇنى قايىل قلغاندى. ئۇ باراتتا بىرەر ساختا ھەرىكەتنڭ ئزناسنى كۆرەلمدى. ماموتخاننڭ خېلى بر مەزگل قومول، ئۈرۈمچى، قاراشەھەر ۋە بۇ جايدا كۆپلىگەن ئادەملەر بلەن ئۇچرشىپ، مول تۇرمۇش تەجربسى توپلشى ئۇنڭ كشلەرنى تونۇۋېلش ئقتدارنى ئاشۇرغاندى. شۇنداقلا ئۇنڭغا گومنداڭ بلەن كومپارتىيە ئوتتۇرسدكى توقۇنۇشلارمۇ ئايان ئدى. شۇڭا باراتنى تەربىيلەپ كېتشنڭ تامامەن مۇمكن ئكەنلىكگە گۇمانلانمدى. ئۇلار كەچ كرگچە ھەسەننڭ ئۆيدە مېھمان بولۇپ قايتشتى. شۇنڭدن كېيىن بۇ ئككيلەن دلكەش دوستلاردىن بولۇپ قالدى.

## بەشىنچى باب

# قاچ-قاچ

قورقۇپ بىرىپ، جىن بوۋىسى ئالدىغا،
دەپتۇ: "غەلىبە بولدى مەنسۇپ بالدىغا".
..........
يەتكۈزۈپتۇ ئۆتۈنۈمىنى بالدىنىڭ،
يىغلىشىپتۇ بىشى قىيىپ جىنلارنىڭ.
— پۇشكىن

يىقىندىن بۇيان ساقچى ئىدارىسى ھەرقانچە كۈچەپ باققان بولسىمۇ، زىيالىي ياشلارنىڭ ئولتۇرۇشلىرىدىن ھىچقانداق قۇسۇر چىقىرالمىدى. جاسۇسلار ھەممىلا جايدا رەزىل ئۇسۇللار بىلەن ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، زىرەك ياشلار ئۇلارنىڭ تۇزاقلىرىغا چۈشمىدى. ئەكسىچە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قورقۇنچ بارغانچە كۈچەيدى. بولۇپمۇ سىنتەبىردە ئۇلار بەكمۇ

ئالاقزادىلىككە چۈشتى. سېنتەبىر ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىخونىڭ قولدىن كەتكەنلىك خەۋىرىنى خەلقتىن مەخپىي تۇتقان بولسىمۇ "ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن" بولغاچقا، ئۇلار ئۆزىچە ۋەھىمىگە چۈشۈپ قېچىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ قېچىشلىرى خەلق ئىچىدە نۇرغۇنلىغان سۆز-چۆچەكلەرنى پەيدا قىلدى ۋە كىشىلەرنى يېڭى تاڭنىڭ يېتىپ كېلىشىدىن ئۈمىدلەندۈردى.

— لى كېجاڭ① قېچىپتىمىش.

— سى شەنجاڭ② قېچىپتىمىش.

— مامىشۇ③ قېچىپتىمىش.

— ئىلىلىقلار گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ كېلىۋېتىپتىمىش.

— گومىنداڭچىلار ئۈرۈمچىنى تاشلاپ بېرىپتىمىش.

— غېنى باتۇر ئون بەش مىڭ ئادەم بىلەن مۇز داۋاندىن ئۆتۈپتىمىش.

— قاراشەھەر مالىمانچىلىق ئىچىدە قاپتىمىش.

مانا شۇنداق گەپ-سۆزلەر يۇرتقا پۇركىتىپ، ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرۈشكە باشلىدى.

لېكىن بۇ گەپلەر قەيەردىن پەيدا بولۇپ قالدى؟ كىم تارقاتتى؟ بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ قاچقانلىقى راست ئىدى. ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن قېچىپ كېتىشۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ بۇ كىچىككىنە يۇرتتا ئادەتتىن تاشقىرى ئەھۋاللار يۈز بېرىشكە باشلىدى. ئەمدى نۆۋەت نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان كۆزگە كۆرۈنمەس نەچچە مىڭ خىل ھىيلە-مىكىرلەر بىلەن دېھقانلارنى قاقتى-سوقتى قىلىپ، بايلىق

---

① لى شاڭيالاڭ — گومىنداڭ قورچاق ناھىيىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ بۆلۈم باشلىقى. يەرلىكلەر "لازى كېجاڭ" دەپ ئاتايتتى.

② شى زىيپو — قورچاق ھاكىم. شىخونىڭ قولدىن كەتكىنىنى ئاڭلاپ ئىچكىرىگە تىكىۋەتكەن.

③ ما ×× — شېڭ شىسەي دەۋرىدىن بۇيان چاقىلىقتا ئىشلىگەن ھۆكۈمەت كاتىپى ئىدى، ئۇمۇ شۇ چاغدا قېچىپ كېتىپ، 11 يىلدىن كېيىن قولغا ئېلىنىپ كەلگەن.

تۇپلىغان خوشاگرۇڭ[1] ، دۇشاگرۇڭ[2] ، لى ۋەنيىڭ[3] قاتارلىق بىرنەچچە ئۈيلۈككە كەلدى. ئۇلار نەرسىلىرىنى كوچىغا ئېلىپ چىقىپ ئېلىشىغا ساتقىلى تۇردى. ئۇلار ھەرگىز باھا تالاشمايتتى. بەرگىننى ئالاتتى. ئۆزىدىن ئۆزى خۇدۇكسىنىپ، ئەندىشە ئىچىدە ئەتراپقا كۆز تاشلاپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقلىرى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى:

— بۇلارغا نېمە بولغاندۇ؟ — دەپ سورىدى بىر يىگىت يېنىدىكى مويسىپىتتىن، — بۇلار ماللىرىنى ئەجەب ئەرزان ساتقىلى تۇرۇپتۇ؟

— نېمە بولاتتى ئوغلۇم، ئەجەل كەلگەن ئوخشايدۇ. بولمىسا بۇلار پۇل ئۈچۈن ھەرقانداق پەسكەشلىكتىن يانمايدىغان بىر نېمىلەر ئىدى، — دېدى مويسىپىت.

— ئەجەل؟!... ئەجەل كەلسە مال-مۈلكىنى ئەرزان ساتسىمۇ قۇتۇلالمايدىغۇ؟

— جىم تۇر، جىن بار. كېيىن چۈشىنىپ قالسەن، — دەپ مويسىپىت كىشى نېرىغا كەتتى. ھېلىقى يىگىت بولسا ئاغزىنى ئاچقىنىچە بىر سودىگەرلەرگە، بىر مويسىپىتقا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

※ ※

ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئالاقزادە بولۇپ قاچقانلىقىدىن ئەڭ ئاۋۋال مامۇتخان خەۋەر تاپتى. سۈرۈشتۈرۈش نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ:" مەجلىسكە بارىمىز" دېگەن باھانە بىلەن دۇنخۋاڭغا قېچىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى.

---

[1] خوشاگرۇڭ — يالاڭ زىكشىن دەۋرىدىن بۇيان چاقىلىقتا تۇرۇۋاتقان گۆرۈكەش ئىدى. 1933-يىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى بولغاندا چاقىلىقتىن قېچىپ كېتىپ، 1940-يىلى يەنە قايتىپ كەلگەن.
[2] دۇشاگرۇڭ — يالاڭ زىكشىن دەۋرىدىن بۇيان قاۋاقخانا ئېچىپ كىشىلەرنى قاقتى-سوقتى قىلىپ كەلگەن. 1933-يىلدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىدا تۆۋە قىلغانلىقى ئۈچۈن دېھقانلار ئۇنى كەچۈرۈم قىلغانىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنگەندىن كېيىن يەنە ئۆز كەسپىنى تېپىۋالغان.
[3] لى ۋەنيىڭ — چاقىلىقتا گومىنداڭنىڭ سودىگەر قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئىشپىيونى ئىدى.

بۇ ئەھۋاللاردىن يېڭى تاڭنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئانچە ئۇزاق ۋاقىت قالماپتۇ دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن مامۇتخان، بۇ خۇش خەۋەرنى "كۆرەشچان ياشلار" تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىغا قانداق يەتكۈزۈشنى ئويلاۋاتقان چاغدا، مالىيە بۆلۈمىنىڭ بىر خادىمى كىرىپ:

— مۇئاۋىن ھاكىم، تاشيول ئىدارىسىنىڭ كاسسىرى ئىدارە قورۇلۇشى ئۈچۈن يەر سېتىۋېلىشقا پۇل تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، — دېدى.

— بولمايدۇ، ھازىر ئۇرۇش ۋاقتى، پۇل يوق، — دېدى مامۇتخان.

— پۇل يوق دېسەم ئۇنىمايۋاتىدۇ.

— ئۇنىمايۋاتىدۇ؟! چاقىرىڭ ئۇ ئەخمەقنى. بىر يەردە بېسىپ قويغان پۇلى بارمىكەن؟

ھېلىقى خادىم چىقىپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي قولىدا جەدۋەل ۋە سىخېمىلارنى تۇتقان ھالدا بارات كىرىپ كەلدى ۋە مۇئاۋىن ھاكىمغا سالام بەردى.

— نېمە گەپ؟ ئىدارە قورۇلۇشى ياخشى ئىش. ھازىر ئۇرۇش ۋاقتى، پۇل بېرىشكە بولمايدۇ. بىراق... — دېدى ئۇ سىرتنى شەرەت قىلدى ۋە ئاستاغىنا سورىدى، — خۇش خەۋەر بىلەن كەلدىڭىزمۇ؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئەتراپتا ئادەم يوق، — دېدى ئۇ قولىدىكى قەغەزنى سۇنۇپ تۇرۇپ، — شىخو ئازاد بوپتۇ. ئەتىگەندە ساۋۇت پەيجاڭ[1] كېلىپ: "ھەرقانداق ئىش بولسا بىز تەييار" دەيدۇ. ئۇنىڭ خېلىلا ئىشەنچلىك دوستلىرىمۇ بار ئىكەن.

مامۇتخان ھەممىنى چۈشەندى. ھاياجانلىنىپ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ بارات سۇنغان قەغەزدىن بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ:

— ياخشى، ئۇلار ئالدىراپ كەتمىسۇن، تەشكىلات ئەزالىرى بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولسۇن. ناھايىتى ئېھتىيات قىلىش كېرەك. ئەمدى جاسۇسلار چوقۇم

---

[1] ساۋۇت پەيجاڭ — گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ پەيجاڭى بولۇپ، ئەسلىدە ئۇ مىللىي ئارمىيىنىڭ گومىنداڭ سېپىگە مەخپىي كىرگۈزگەن يەر ئاستى خادىمى ئىدى.

قوتراپدۇ. بىر-بىرىمىزنى ئاز ئىزدەيلى. يەنە تەكرارلايمەن، قاتتىق ئېھتىيات قىلىش كېرەك، — دېدى، ئۇ ئاخىرىدا بارات ئېلىپ كەلگەن قورۇلۇش سخېمىسىنى پۈرلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئاتتى ۋە ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ئېلىڭ بۇ نەرسىڭىزنى. شۇمۇ گەپمۇ؟ پۇل يوق دېسەم ئۇنىمايدۇ تېخى. بىزگە ئۆتكۈزۈپ قويغان پۇلى باردەك؟! مەن قەيەردىن پۇل تاپىمەن؟

شۇ چاغدا خىزمەتكار نىياز چاي كۆتۈرۈپ كىردى ۋە ھاڭ-تاڭ قالدى.

— يەر سېتىۋېلىشقا ئازراق پۇل بېرىلسە، قالغان تەييارلىقىمىز بار ئىدى، — دېدى بارات.

— پۇل يوق. ھازىر ھۆكۈمەتكە قورۇلۇش ئەمەس، ئەسكەر، قورال-ياراق كېرەك، قورال-ياراق!...

نىياز مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ ۋارقىراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، بىر باراتقا، بىر مۇئاۋىن ھاكىمغا قارايتتى. ئۇ مامۇتخاننى بۇنداق ھالەتتە زادىلا كۆرمىگەنىدى. ئۇ كۆڭلىدە: ”ھەي ئىسىت، بالدۇرراق كەلمەپتىمەن“ دەپ ئويلايتتى. بارات بولسا يەردىكى پۈرلانغان قەغەزنى ئېلىپ، مەيۇسلەنگەن قىياپەتتە ئارقىسىغا ياندى. بۇنى كۆرۈپ مامۇتخان:

— سىز ھازىرچە قايتىڭ. سى شەنجاڭ بىلەن لى كېچاڭ مەجلىستىن كەلگەندە مەن سۆزلىشىپ باقاي، — دېدى.

— بولىدۇ، ئەمىسە كۈتۈپ تۇرايلى.

بارات ئاستا ئىشخانىدىن چىقتى. مامۇتخان ئۆزىگە سۆزلىگەندەك غودۇڭشىدى:

— قانداق دېگەن قاملاشمىغان ئادەم بۇ. پۇل يوق دېسەم كۆزۈمگە كىرىپلىۋالدى.

بۇلارنى كۆزىتىپ تۇرغان خىزمەتكار نىياز بىر مۇئاۋىن ھاكىمغا، بىر سىرتقا قاراپ: ”مەن تېخى بۇلارنىڭ تىلى بىرمىكىن دەپتىمەن. ئەگەردە تىلى بىر بولسا مۇنداق قوپال سۆزلەشمەس ئىدى“ دەپ ئويلىدى. كەچتە ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرىنى مۇسا ساتىراش ئارقىلىق ساقچىغا مەلۇم قىلدى. ساقچىدىن

خىزمەتكار نىيازغا مامۇتخاننى قاتتىق نازارەت قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق كەلدى.

جاسۇسلار ھەرقانچە غالجىرلاشقان بولسىمۇ، ياشلارنىڭ بۇ يوشۇرۇن تەشكىلاتىنى تاپالمىدى. چۈنكى تەشكىلاتنىڭ تۆت نەپەر ھەيئىتىدىن باشقىسى ئۆزئارا بىر-بىرىنى تونۇمايتتى. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنى يەككە-يىگانە ھېس قىلمايتتى.

— ئېھتىيات ئۈچۈن تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ بىر-بىرى بىلەن تونۇشمىغىنى تۈزۈك دەيتتى مامۇتخان يولداشلىرىغا تاپىلاپ، — بىرەر پالاكەتكە ئۇچرىساق بىر قىسىم كىشىلەر قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ۋاقتى سائىتى كەلگەندە ئورتاق نىشان ئۈچۈن كۆرەشكەن كىشىلەر بىر-بىرىنى ئاسانلا تونۇۋالالايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر كىشى ئۆزى ئالاقە باغلايدىغان بىرلا كىشىنى تونۇيتتى. تەشكىلاتنىڭ ھەيئەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت مۇناسىۋىتىگە قاراپ، ھەربىر ساھەدىكى خىزمەتلەرنى ئۆزئارا بۆلۈشۈۋالدى. يازدىن بۇيان ياشلار باغ باراۋىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. كۈز بولغاندىن بۇيان ناھايىتى كۆپ ئويلىنىپ باش قاتۇرۇشلاردىن كېيىن، شەرت-شارائىتنىڭ ناچار بولۇشىغا قارىماستىن «غېرىب-سەنەم»، «مەجبۇرىي نىكاھ» دېگەن دراملارنى ئويناشقا باشلىدى. مامۇتخان «مەجبۇرىي نىكاھ» درامىسىنى كۆرگەندىن كېيىن:

— بۇ ئەسەر فېئودااللارغا زەربە بېرىشتىكى ياخشى ئەسەر ئىكەن. لېكىن جاسۇسلاردىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىش كېرەك، — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ياشلار كۈندۈزلىرى خىزمەت قىلسا، كېچىلىرى قارا چىراغنىڭ يورۇقىدا تەييارلىق قىلىپ «غېرىب-سەنەم»نى بەش مەيدان، «مەجبۇرىي نىكاھ»نى ئۈچ مەيدان قويۇشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، ھەربىرىنى ئاران بىر مەيدان قويالىدى. لېكىن ئويۇن قويۇلغان مەيدان يەنىلا پۇقراچە كىيىنگەن ساقچىلار ۋە قوراللىق جاسۇسلارنىڭ قورشاۋىدا تۇردى.

1945-يىل 11-ئاينىڭ 12-كۈنى ھاۋا تۇتۇق ۋە ئىللىق كۈن بولدى. ئەتىگەندىلا "بۈگۈن يامۇلنىڭ ئىچىدە «غېرىب-سەنەم» دېگەن سەھنە ئەسىرى

ئوينىلىدىكەن» دېگەن خەۋەر بۇ كىچىككىنە يۇرتقا چاقماق تېزلىكدە تارقاپ كەتتى. بازاردا شۇ گەپ، مەسچىت ئالدىدا شۇ گەپ، كارۋان سارايدا شۇ گەپ ئىدى. ھەممەيلەننىڭ ئارزۇسى شۇ ئويۇننى كۆرۈش ئىدى. 12-نويابىر ئىلىدا «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» قۇرۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىق خاتىرە كۈنى بولغاچقا گومىنداڭچىلار ئالاقزادە بولۇپ كەتكەنىدى. كەچ سائەت بەش بولغاندا يامۇلنىڭ ئەتراپىدىكى كوچا، مەكتەپ، مەيدانلار ئەسكەر بىلەن توشۇپ كەتتى. ئۇلار يامۇلنىڭ ئۇدۇلىدىكى قادىر ياغچىنىڭ قورۇسىنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىگە بىر دانە پىلىموتنى ئورنىتىپ ئوقلاپ تەييارلاپ قويىدى. يامۇلنىڭ ئالدىدىكى كوچىنىڭ ئىككى بېشىدا ئەسكەرلەر تۇرۇۋېلىپ، ھېچكىمنى ئۆتكۈزمىدى. قاتناش ئۈزۈلدى. كىشىلەر كوچىغا چىقىشقا پېتىنالمىدى. تاڭ ئاتار چاغدىلا ئەسكەرلەر گازارمىغا قايتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي تاڭمۇ ئاستا-ئاستا سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. شۇنداق قىلىپ 12-نويابىر ئەندىشىلىك كۈن بولدى.

# ئالتىنچى باب

# سۈيىقەست

ئورنىنى كەم كولىسا ئۆزى چۈشىدۇ.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

ياز كېتىپ كۈزمۇ ئاخىرلىشاي دەپ قالدى. تەبىئەت ئۆزىنىڭ يېشىل مەخمەل تونىنى سېلىۋېتىپ، زەررەك كەمخاپ تونىنى كىيدى. دېھقانلار كۈزنىڭ ئاخىرقى ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى. "مىللىي ئارمىيە گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ كېلىۋېتىپتىمىش" دېگەن خەۋەر قۇلاقتىن قۇلاققا ئۆتۈپ، خەلق ئۈچ ۋىلايەت باھارىنىڭ تارىم بويلىرىغا پاتراق يېتىپ كېلىپ دەردلىك يۈرەكلەرگە داۋا بولۇشىنى كۈتمەكتە ئىدى. كىشىلەرگە كۈنلەر تولىمۇ ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ غەلىبىلىرى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدىكى بۇ كىچىككىنە ناھىيە بازىرىغا يېتىپ كېلىپ، كىشىلەرنى بەكمۇ خۇشال قىلدى. كىشىلەر بىر-بىرىنى كۆرگەندە "ئىنشائاللا، ئاز قالدى. ئاخىرى بۇ كۈن يېتىپ كېلىدىغان بولدى" دېيىشەتتى. خۇسۇسەن ساۋۇت پەيجاڭ

يەتكۈزۈپ بەرگەن "مىللىي ئارمىيە شىخونى ئاپتۇ، ئۈرۈمچىدە قاچ-قاچ باشلىنىپتۇ" دېگەن خەۋەرنى كىشىلەر بىر-بىرىگە پەخىرلەنگەن ھالدا يەتكۈزۈشەتتى. ئۆزلىرىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان ھەربىي باشلىقلار، پىرقە باشلىقلىرى، ساقچى باشلىقلىرى پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ھەر تەرەپكە سوكۇلدىشاتتى، بىر-بىرىدىن گۇمانلىنىشاتتى، خەلقنىڭ ئۆلگۈدەك قورقۇشۇپ، كۆزلىرىدە ئۇيقۇ يوق، گاللىرىدىن غىزا ئۆتمىگەن ھالەتتە نەرسە-كېرەكلىرىنى تېڭىپ قويۇپ، ماراقچى جاسۇسلارنى تىك-تىڭلاشقا تەرەپ-تەرەپكە ئەۋەتىشەتتى. "زالىملار قورقىماق كېلىدۇ" دېگەندەك، ئۇلار تولىمۇ كۈلكىلىك ئەھۋالدا قالماقتا ئىدى.

⁂ ⁂

كەچكۈزدىن بۇيان باغ سەيلىلىرى توختاپ قالدى. كۈزنىڭ سوغۇق شامىلى دەل-دەرەخلەرنىڭ ئالتۇندەك يوپۇرماقلىرىنى ئۇچۇرۇپ چۇشۇرۇپ، ئازگال، ئويمانلارغا تولدۇرۇۋاتقان بىر چاغدا، كونىلۇن تېغى بىلەن تەكلىماكاننىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بۇ قەدىمىي شەھەرنى شامال ھەيدەپ كەلگەن قارا بۇلۇتلار قاپلاپ كەتتى. ئارقىدىنلا مەھەلسىز قار يېغىشقا باشلىدى، دەسلەپتە ياغقانلىرى ئېرىگەن بولسىمۇ، لېكىن بارا-بارا ئېرىپمۇ ئۈلگۈرەلمىدى ۋە بارغانسېرى قېلىنلاپ باردى. ئارقىدىن بوران چىقىپ كۆزنى ئاچقىلى بولمايدىغان قار قۇيۇنى پەيدا بولدى. بۇنداق كۈنلەردە سىرتلاردا يۈرۈش ناھايىتى بىئەپ ئىدى، شۇڭا مامۇتخان مەشتىكى چارسىلداپ يېنىۋاتقان ئوتنىڭ يېنىدا ، ئاللىقانداق خىياللار بىلەن تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. ئىشىك ئېچىلىپ ئۆيگە ئۇسۇپلا بىر "قار بوۋاي" كىردى. بۇنى كۆرۈپ مامۇتخان ھەيران بولۇپ قالدى. "قار بوۋاي" قار، شۇۋرغاندا كۆزەينەك تاقىۋالغاچقا مامۇتخان ئۇنى تونۇيالماي قالدى. ئۆيگە كىرگەن كىشى كۆزەينەكنى ئېلىۋېتىپ، چاپاننى سالغاندىلا "قار بوۋاي"نىڭ بارات ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ

كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— يائاللا بۇ "قار بوۋاي" كىمكىن دەپتىمەن؟ ئەجەب ئوبدان ۋاقتىدا كەلدىڭىز، نېمىدېگەن يامان ھاۋا بۇ؟! بۇ ھاۋاغا قاراپ مېنىمۇ راسا غېرىبلىق باسقانىدى. قېنى ئولتۇرۇڭ، — دېدى مامۇتخان.

— راست، سىرتتا قار قويۇنى كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ. كۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، — دېدى بارات دوستىنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ.

— شۇنداق، پۇشكىن «قىش ئاخشىمى» دېگەن شېئىرنى مانا مۇشۇنداق كۈنلەرگە ئاتاپ يازغان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالدىم، — دېدى مامۇتخان ۋە دوستىغا تاماكا تۇتتى.

— پۇشكىن دېگەن كىم ئۇ؟ مەن ئۆزۈمچىدە ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرىنەچچە قېتىم مۇشۇ ئىسىمنى ئاڭلىغاندەك قىلىۋىدىم.

— پۇشكىن روس خەلقىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى. ئۇياقلاردا ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى بەكمۇ سۆيۈپ ئوقۇيدۇ.

— شۇ شېئىرلاردىن بىرەرنى ئوقۇۋەتمەمسىز؟ ھېلىقى «قىش ئاخشىمى» دېگەن شېئىرنى بولسىمۇ مەيلى. مەنمۇ بىر ئاڭلاپ باقاي. ھېلىمۇ خۇداغا شۈكۈر، مېنىڭ پېشانەم ئوچۇق ئىكەن. نەگىلا بارسام مېنىڭ مۇئەللىملىرىم تەييار ئىكەن.

— "ئاغزىمدىن چىقتى، ساقىلىمغا ياماشتى" دېگەن مانا شۇدە، — دەپ كۈلدى مامۇتخان، — بولىدۇ، مەن ئوقۇپ بېرەي. ئاڭلاڭ ئەمىسە.

مامۇتخان «قىش ئاخشىمى» دېگەن شېئىرنىڭ بىرىنچى كۇپلېتىنى ئوقۇدى:

بوران زۇلمەت ئاسماننى تۇتار،
قار ئۇچقۇنداپ ئايلىنار قويۇن.
بىردەم ھايۋاندەك ھۆركىرەپ ئۆتەر،
بىردەم گۇدۇكتەك يىغلاڭغۇ بىر ئۈن.

— قانداق، بۇگۈنكى هاۋانى تەسۋىرلەپتىمۇ؟ نېمىدېگەن ياخشى ئوخشىتىش-هە؟!— دېدى مامۇتخان دوستىغا قاراپ.

— شۇنداق ئىكەن، مۇشۇنداق كۈنلەرنى نېمىدېگەن ئوخشىتىپ تەسۋىرلىگەن-هە، مەنمۇ هەيران قالدىم، — دەپ بارات ئۆزىنىڭ قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈردى.

— بۇ ئادەمنىڭ شېئىرىي تەسۋىردە قالتىس تالانتى بار. ئۇنىڭ «بىلىقچى بوۋاي بىلەن ئالتۇن بېلىق هەققىدە چۆچەك» ، «يەتتە باتۇر ۋە ئۆلۈك مەلىكە» ، «پوپ ۋە ئۇنىڭ چاكىرى بالدا هەققىدە چۆچەك» دېگەن داستانلىرىنى ئوقۇسا كىشى هەقىقەتەن هەيران قالىدۇ.

— هەقىقەتەن ماختىنغۇچىلىكى بار ئىكەن. بىزدىمۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپ دېيدىغان بىرسى بارمىش. ئۇنى ئۇرۇمچىدە بەكلا هۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. ئۇ هازىر ئاقسۇدا ئىكەن، — دەپ بارات ئۇرۇمچىدە ئابلەتنىڭ ئۆيىدە بولغان سۆهبەتنى ئېسىگە ئالدى.

— راست، مەن ئۇنى ئۇرۇمچىدە كۆرگەن، ياش قورامى سىزچىلىكلا بار، — دېدى مامۇتخان ئويچان هالدا، — لېكىن ئۇ هازىر هايات بولسا بىزدىنمۇ ئېغىر ۋە خەتەرلىك كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدىغاندۇ. شائىر دېگەننىڭ هەربىر مىسرا شېئىرى ئۆزى كۆزلىگەن نىشانغا ئوق بولۇپ تېگىدۇ.

— ئەلۋەتتە هاياتتۇ. ئۇ كىشىنىڭمۇ قالتىس تالانتى بار ئىكەن. ئۇرۇمچىدە ئۇنىڭ شېئىرى بېسىلغان گېزىت قولدىن قولغا ئۆتۈپ تېگىشمەي قالىدىكەن، — دېدى بارات ئاسىيەنىڭ ئۆزىگە سوۋغا قىلغان بىر كۇپلېت شېئىرنى ئەسلەپ، — مەنمۇ ئۇنىڭ بىر كۇپلېت شېئىرىنى يادلىۋالغان.

— يادلىۋالغان؟ قېنى ئوقۇپ بېقىڭە! ئاڭلاپ باقايلى، ئۇ قانداق شېئىر؟

بارات بۇلتۇر ئابلەتنىڭ ئۆيىدە يادلىۋالغان، كېيىن ئاسىيە ئۆزىگە سوۋغا قىلغان بىر كۇپلېت شېئىرنى ئوقۇپ بەردى. ئۇ شېئىرنى ياخشى دېكلاماتسىيە قىلالمىسىمۇ، بۇ شېئىر مامۇتخانغا ياقتى. شۇڭا بارانتى ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ نۆۋەت ئوقۇتتى.

ئېسلارمەن مىلتىق ئېتىپ تاۋلانغان قولغا،
يېپىشارمەن بايراق بىلەن ئالغا ئاتلىغان يولغا.
كۈرەش باياۋانىدا ھارماسمەن ئەسلا،
يېڭىش بىلەن كېلىپ چىقمىز كەڭ غالىپ يولغا.

مامۇتخان ھاياجانلىنىپ كەتتى ۋە ئۆزىنى تولىمۇ ئەستە ئېسىۋالدى.

— سىزگە رەھمەت ئوكام، بۇ بىر كۇپلېت شېئىر بىزنىڭ كۈرەش قىلىش قەسىمىمىز بولۇپ قالسۇن، قانداق دەيسىز؟

— بولىدۇ، قاچان تەشكىلاتنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىمىز؟

— ئالدىرىماڭ ئەزىز دوستۇم. ئارىمىزدىكى يولۋاس، تۈلكە، توشقانلارنى راسا بىر پەرق ئېتىۋالايلى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆينىڭ ئىچىدە بىرھازا ئۇياقتىن بۇياققا ماڭدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن پىكىر قىلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. بارانمۇ ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى چاچماسلىق ئۈچۈن جىمجىت ئولتۇردى.

— قېنى قول يۇيايلى، گۆش پىشتى، — دېدى مامۇتخان.

ئۇلار ئۈن-تىنسىز قوللىرىنى يۇيۇشتى، مامۇتخان ئىرىقى ئۆيگە چىقىپ كېتىپ، بىر لىگەندە ھورى چىقىپ تۇرغان پاخلان گۆشى كۆتۈرۈپ كىردى ۋە:

— ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، ئەسلىدە بىزدە "قاردا پولۇ، يامغۇردا شورپا" دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بولسىمۇ، بۈگۈن ئۇنىڭ ئەكسىچە گۆش بولسىمۇ يەپ تۇرايلى، — دېدى.

— ئۆزىڭىز پىشۇردىڭىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە ئۆزۈم-دە.

— ئايالىڭىز...؟ بارات ئۆزىنىڭ بۇ سوئالىدىن ئۆزى ئوڭايسىزلىق ھېس قىلدىمۇ قانداق، بىردىنلا توختاپ قالدى.

دېمىسىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ سوئالى ئارقىلىق بىلمەستىن مامۇتخاننىڭ يۈرەك يارىسىنى تاتىلاپ سالغانىدى.

مامۇتخانمۇ ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ كېتىش ئۈچۈن ئائىلىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەنى ئويلىماسلىققا تىرىشاتتى. باشقىلار ئالدىدا بۇ توغرىلىق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايتتى ۋە گەپ قىلىشنىمۇ خالىمايتتى. لېكىن ئۆتمۈش ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن زادىلا كەتمەيتتى. بۇگۈن بولسا ئۇنىڭ بۇ ياش دوستى ئۇقماستىن تاسادىپىي ئۇنى سوراپ قالدى. نېمدېگەن ئازاب ھە؟! شۇنداق بولسىمۇ ئۆز قايغۇسىنى، بۇ پاجىئەلىك دۇنيانىڭ غەم قايغۇسىنى ئۆز دوستى بىلەن ئورتاقلاشماقچى، شۇنداق قىلىپ ئىچىنى بىرئاز بوشىتىۋالماقچى بولدى.

— ئايالىم ئۆلۈپ كەتكەن، ئوكام. بۇ ئىشقا ئۇزۇن بولدى. مەن ئۇ چاغلاردا 18—19 ياشلاردا ئىدىم. قەشقەردە يېڭىلىققا كۆچۈش تەرەپدارلىرى ئاچقان "جەدىتلەر مەكتىپى"دە ئوقۇپ يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە خەلق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش باشلىدى. بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىمىزمۇ، بىزمۇ شۇ سەپكە قېتىلىپ كەتتۇق. دادام مەندىن تازا خاتىرجەم بولالماي، مېنى ئۆز يېنىدىن ئايرىماسلىق ئۈچۈن ئۆي-ئوچاقلىق قىلىپ، بېشىمنى باغلاپ خاتىرجەم بولماقچى بولۇپ، ئۆزۈم تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغان بىر قىزغا ئۆيلەپ قويدى، — بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى مامۇتخان، — لېكىن مېنىڭ ئۆيدە بېكىنىپ ئولتۇرغۇم كەلمىدى. ئۇزاق ئۆتمەي خوجانىياز ھاجىنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنى كەلدى. ئارقىدىن ماجۇڭيىڭنىڭ بۇلاڭچى ئەسكەرلىرى قەشقەرنى بېسىۋالدى. مەن يەرلىك قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇپ، يۇرتتىن چىقىپ كەتتىم. قەشقەرنى بېسىۋالغان ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى شەھەرنى ئۈچ كېچە-كۈندۈز بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ بىرنەچچە مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى. شۇ قاتاردا بىزنىڭ ئائىلىمىزدىن دادام، سىڭلىم، ئايالىم بولۇپ ئۈچ ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. ئانام بۇ دەرد-ئەلەملەرگە چىدىماي خاپىچىلىقتا ئېلىشىپ قېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنچە ئىز-دېرىكىنى تاپالمىدۇق. مەن بۇ ئىشلارنى كېيىنرەك ئاڭلىدىم. يىغلىدىم، قاقشىدىم، چىققان كۆز ئورنىغا چۈشمىگەندەك، مىڭ قاقشىغان بىلەن ئورنىغا كەلمىدى. ئاخىر مەن قوزغىلاڭچىلار شتابىدا قالدىم.

كېيىنرەك مېنى ئۇلار چەت ئەلگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى.

مامۇتخان پاجىئەلىك ھېكايىسىنى قىسقىچە قىلىپ تۈگەتتى. لېكىن ئۆز ئائىلىسىدە يۈز بەرگەن پاجىئەنى تەپسىلىي سۆزلىمىدى. باراتمۇ دوستىنىڭ يۈرەك يارىسىنى تاتىلاپ قويغانلىقىنى سېزىپ خىجالەت بولۇپ قالدى.

※ ※

بۇلاڭ-تالاڭنىڭ تۈنجى كۈنى مامۇتخاننىڭ ئائىلىسىگە ماجۇڭيىڭنىڭ ئالتە نەپەر بۇلاڭچى ئەسكىرى باستۇرۇپ كىرىپ، ئۆيدىكى پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنى بۇلاپ-تالىغاندىن كېيىن، بۇلاڭچىلار مامۇتخاننىڭ ئايالى بىلەن ئون ئۈچ ياشلىق سىڭلىسىغا ئېسىلغان. بۇنى كۆرۈپ مامۇتخاننىڭ دادىسى بۇلاڭچىلارغا "ئۆيدىن نېمە ئالساڭلار ئېلىڭلار، لېكىن قىزلارنى قويۇۋېتىڭلار" دەپ يالۋۇرغان بولسىمۇ، بۇلاڭچىلار قىلچە پەرۋا قىلماستىن قىزلارنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئاياغ ئاستى قىلىشقا كىرىشكەن. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن بوۋاي پالتىنى ئېلىپ يۈگۈرگەندە ئۇنى ئېتىۋەتكەن، مامۇتخاننىڭ ئانىسىنى باغلاپ قويۇپ، ئانىسىنىڭ كۆز ئالدىدا قىزلارغا نۆۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلغان. بۇلاڭچىلار كەتكەندىن كېيىن ئاياغ ئاستى قىلىنغان ئىككى قىز ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. بۇ ئىشلارنى ئۆگزىگە يوشۇرۇنۇۋالغان مامۇتخاننىڭ ئون بىر ياشلىق ئىنىسى ئەكبەر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، كېيىن ئاكىسىغا سۆزلەپ بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن مامۇتخان ئىنىسىنى بىر تونۇشىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇ ئەھۋاللاردىن بارات كېيىنرەك خەۋەر تاپتى.

※ ※

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، خالىسىڭىز ئۆيلەپ قويىمىز، — دېدى

باراﺕ چىن كۆڭلىدىن ھېسداشلىق قىلىپ،
— ياق، — دېدى ماموتخان قەتئىي تۇردە، — ماڭا ھازىر يالغۇزلۇق ياخشى. بىز ئاشىدىغان نى-نى ئېگىز داۋانلار، كۆرىدىغان نى-نى ئېغىر كۈنلەر ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ.

ئۇلار مېزىلىك پىشقان گۆشنى ھوزۇرلىنىپ يېيىشتى. لېكىن ماموتخاننىڭ كۆڭلى يەنىلا غەش ئىدى.

— مەن سىزگە قارلىق تاشلىغىلى كەلدىم، — دېدى باراﺕ قولىنى سۇرتۇپ تۇرۇپ.

— قارلىق، ھە...ھە ياخشى گەپقۇ، — دېدى ماموتخان. لېكىن ھەيران بولۇپ باراتقا قارىدى.

— كۆز كېلىپ باغ سەيلىلىرى تۈگىدى. يىغىلىش ئۈچۈن بىرەر باھانە تاپمىساق بولمايدۇ. قارلىق ئولتۇرۇشى ئەڭ ياخشى چارە. بۇنىڭغا بىر كىم بىر نەرسە دېيەلمەيدۇ، — دېدى باراﺕ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ياخشى چارىكەن، — دېدى ماموتخان، — قارلىقنامىنى يېزىپ كەلدىڭىزمۇ؟

— يېزىپ كەلدىم، — دەپ باراﺕ يانچۇقىدىن بىر ۋاراق قەغەز چىقىرىپ، ماموتخانغا سۇندى. ماموتخان قەغەزنى ئېلىپ ئۈنلۈك ئوقۇدى:

## قارلىقنامە

(ھەممە كىشى بىلسۇن)

ھەق تائالا رەھمىتىدىن،
يەر يۈزىگە ياغدى قار.
رەھمىتىنى ياغدۇرۇپ،
پەزلىنى قىلدى ئاشكار.

دىلبىرىم بۇ نامە بىرلە،
سىزگە قارلىق تاشلىدۇق.
بۇ كۆڭۈلنىڭ خۇشلۇقىدىن،
بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.
غازنى ئوتتۇز، قوينى توققۇز،
ھەممىنى تەك راسلىدۇق.
نەغمىچىسىگە...①نى،
ئۇسسۇلچىغا ...②نى راسلىدۇق.
ئەگەردە بارغان كىشىنى تۇتۇپ ئالسىلا،
يۈزىگە قارا سۈركەپ،
ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ،
سازايى قىلسىلا.
ئەگەركىم تۇتالماي قالسىلا،
غاز بىلەن قوينى سويۇپ،
مەشرەپلىرىنى راسلىسىلا.
مەشرەپنى بەرسىلە، بەردىلە،
ئەگەردە بەرمىسىلە،
يەتتە قەلەندەر بىر بولۇپ،
بىر جىنازا راسلىدۇق.

خەتنى ئوقۇپ بولۇپ مامۇتخان كۈلۈپ ئېلىقىپ قالدى ۋە:

— سىزنىڭ شەرتىڭىز بەك يۇقىرى ئىكەن. مەن مەشرەپنى قىلىپ بېرەي، بولمىسا ئۆلمەي تۇرۇپ جىنازىغا كىرگۈدەكمەن. ئۇ چاغدا ئازادلىقنىمۇ كۆرەلمىگۈدەكمەن، — دېدى.

---

①بۇ يەرگە نەغمە قىلىدىغان ئادەمنىڭ ئىسمى يېزىلىدۇ.
②بۇ يەرگە ئۇسسۇلچىنىڭ ئىسمى يېزىلىدۇ.

ئۇلار ئىككىسى قانغۇچە كۈلۈشتى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى مامۇتخان.

— مەن "قارلىق كەتتى" دەپ قاچىمەن، سىز قوغلايسىز.

— ئۇنداقتا ھازىرلا تۇتۇۋالسامۇ بولغۇدەك.

ئىككىلەن يەنە كۈلۈشۈپ كەتتى. تالادا قار ئارىلاش بوران چىقماقتا ئىدى. بارات سىرتقا چىقىپ ئېرىقتىن ئۆتۈۋالغاندىن كېيىن:

— قارلىق كەتتى، — دەپ ۋارقىراپ كوچا تەرەپكە قاراپ قاچتى.

— ئاۋۇ قاچقاننى تۇتۇڭلا! — دەپ مامۇتخان ئۇنى قوغلاپ دەرۋازىغىچە يۈگۈرۈپ كەلدى. كوچىدا قار ئارىلاش بوران ھۇۋۇلدايتتى. بارات كىيىكتەك چاققانلىق بىلەن يۈگۈرۈپ كېتىپ باراتتى. مامۇتخان قايتىپ كەلگەندە ئىككى ئادەمنىڭ يۈگۈرۈشكەن ئاياغ ئاۋازىنى ئاڭلىغان يايلار ئۆيلىرىدىن چىقىپ قاراپ تۇرۇشاتتى.

— بىرسى ماڭا قارلىق تاشلاپتۇ. چاقىرسام نېمىشقا چىقىپ ياردەملەشمەيسىلەر، — دېدى مامۇتخان.

— بىز ئۇقماپتۇق، — دېيىشتى يايلار خىجالەت بولۇشۇپ.

— مۇشۇنداق چاغدا ئۇقمىساڭلار يامۇلنىڭ نېمىسىگە قارايسىلەر؟ — دەپ مامۇتخان ئۇدۇل ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. يايلارمۇ ئاستا-ئاستا تارقالدى.

※ ※

شۇ ئاخشىمى ساقچى ئىدارىسىنىڭ رازۋېتكا بۆلۈمىدە ئىككى سائەتتىن بويان داۋام قىلىۋاتقان يىغىن ئاخىرلىشاي دېمەيتتى. ئۈزلۈكسىز چېكىلىۋاتقان تاماكا ئىسىدىن ئۆينىڭ ئىچى ئىسقا توشقانىدى. ساقچى ئىدارىسىنىڭ دۇساجىڭى مەھەممەت ئىمىن يىغىن باشقۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلە قىيىن ۋە ئىنچىكە مەسىلە ئىدى. ئاخىرىدا يىغىندا يېڭى ياغقان قار مۇناسىۋىتى بىلەن مامۇتخاننىڭكىگە قارلىق تاشلاپ ئۇنى مەشرەپ قىلىپ

بېرىشكە مەجبۇرلاپ، ئۇنىڭ كىمنى چاقىرغانلىقىنى، دوستلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش، بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن تەجرىبىلىك رازۋېتچىك خالىقنى ئەۋەتىش قارار قىلىندى. چۈنكى خالىقنى جاسۇسلۇق بۆلۈم "يولۋاس" دېگەن مەخپىي نام بىلەن ئاتايتتى. يىغىندىكىلەر تارقالدى. مۇدۇسا خالىقنى ئېلىپ قالدى.

— سەن بىر پارچە قارلىقنامىنى يېزىپ ماموتخانىڭكىگە تاشلا. ئۇ مەشرەپ قىلغاندا ھوشيار تۇرۇپ، ئۇنىڭ ھەمتاۋاقلىرىنى بىلىۋالىمىز، — دېدى مۇدۇسا.

جاسۇس شۇ يەردىلا بىر پارچە قارلىقنامە يېزىپ مۇدۇساغا تاپشۇردى. ئۇ قارلىقنامىنى ئوقۇپ رازى بولدى.

— ئەتە ئەتىگەندىلا تاشلا، مۇئەللىملەر ئارىسىدا بولىۋاتقان گەپ-سۆزلەرگىمۇ قاتتىق دىققەت قىل. بىرەر گەپ-سۆز باشلانسا ئۇستىلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىشىڭ، ئۇلارنى ئۇركۈتۈۋەتمەي "يول باشلاش"نى بىلىشىڭ، ھەممە گەپنى ئەستە تۇتۇشۇڭ كېرەك. ئۇقتۇڭمۇ؟ ئۇلار سېنى ئۆز ئادىمىمىز دەپ بىلسۇن.

— ئۇقتۇم. دېگىنىڭىز بويىچە ئىجرا قىلىمەن.

— ئىجرا قىلىمەن، ئىجرا قىلىمەنمىش، — دەپ جاسۇسنى دوراپ زەھەرلىك كۈلدى مۇدۇسا، — نېمىنى ئىجرا قىلدىڭ؟ سەن بېشىڭ بىلەن ئوينىشىۋاتقانلىقىڭنى بىلىپ قوي.

ئۇ بېرىپ جوزىنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ، ئۇ يەردىن يالىڭاچ تاپانچىنى چىقىرىپ جوزا ئۇستىگە قويدى. بۇنى كۆرۈپ، جاسۇسنىڭ قورققىنىدىن رەڭگى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتتى. ئەمما مۇدۇسا تارتمىغا قايتا قول سېلىپ، بىرئاز پۇل ئېلىپ:

— ماۋۇ سېنىڭ ئەتىكى خىزمىتىڭ ئۈچۈن. ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنلىساڭ يەنىمۇ چوڭ مۇكاپاتقا ئىگە بولىسەن. كەتسەڭ بولىدۇ، — دېدى بۇيرۇق ئاھاڭدا.

چاسۇس دىر-دىر تىترەپ، ئاغزى گەپكىمۇ كەلمەي، پۇلنى ئىلىپلا يانچۇقىغا سالدى ۋە ئىشىكتىن چىقتى. ھويلىغا چىققاندىن كېيىن، ئارقىسىغا قاراپ ھېچكىمنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، يانچۇقىدىن قول ياغلىق چىقىرىپ يۈز-كۆزىنى سۈرتۈپ ئېغىر ئۇھ تارتتى ھەمدە ئوغرىدەك ئىتتىك مېڭىپ كوچىغا چىقتى ۋە ئۆيىگە قايتماي، شۇ ئەتراپتىكى بىر پاھىشە ئايالنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى...

※ ※

مامۇتخان نىياز يايى ئېلىپ كىرگەن چاي بىلەن ئەمدىلا ناشتا قىلىۋاتقانىدى. خالىق كىرىپ كەلدى.

— ھى...ھى، ئۆزلىرىگە ئىككى ئېغىز ئىلتىماسىم بار ئىدى. مالال كەلمىسە، شۇنى ئېيتىۋالاي دەپ ئالدىراپ كىرىشىم. ئەگەردە ھاكىمنىڭ ۋاقتى يەتسە... — دېدى خالىق. ئۇنىڭ چېقىر كۆزلىرى ئوغرىنىڭ كۆزىدەك ئۆينى كۆزىتىپ چىقتى.

— قېنى ئولتۇرۇڭ، قولىقىم سىزدە، — دەپ مامۇتخان ئۇنىڭغا بىر پىيالە چاي قويدى.

— قېنى ئېلىڭ.

— رەھمەت، رەھمەت، — دەپ ئۇ شۇ ئارىلىقتا مامۇتخاننىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ، بارماقلىرى ئارىسىغا قىستۇرۇۋالغان قارلىقنامىنى كارىۋاتنىڭ بۇرجىكىگە تىقىپ قويدى. ئارقىدىن ئۇ ئۆيغۇر ئۆيۇشما قارىمىقىدىكى مەكتەپلەر خىراجىتىنىڭ كېمىيىپ كېتىپ بارغانلىقى، ئوقۇتۇش قولللانمىلىرىنىڭ يېتىشمەسلىكى، ئالۋان-سېلىقنىڭ دەستىدىن ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئازىيىپ كېتىۋاتقانلىقى، دىنىي دەرس ئوقۇتقۇچىسى بىلەن پەننىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش بولۇۋاتقانلىقى، يەنە ئاللىقانداقتۇر باشقا ئىشلار ھەققىدە "كۆيۈپ پىشىپ" سۆزلىدى. بۇ

ئادەمنىڭ ئاغزىدىكى گېپى بىلەن كۆڭلىدىكى مەقسىتىنىڭ باشقا ئىكەنلىكىنى كۆزى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇراتتى. كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا تەجرىبىگە ئىگە مامۇتخان بۇنى دەرھال پەملىدى ۋە ئـوقـۇتقـۇچىلارنىڭ "خالىقتىن ھەزەر ئەيلەڭ" دېگەن سۆزىنى ئەسكە ئالدى-دە:

— بولىدۇ، سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىزنى ئويلىشىپ كۆرىمىز، — دېدى.

خالىق "رەھمەت" ئېيتىپ، بېشى يەرگە تەگكۈدەك تەزىم قىلدى ۋە ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، كەينىدە ئادەم يوقلۇقىنى كۆرۈپ:

— قارلىق كەتتى، — دەپ ۋارقىراپ ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆتۈشكە، تۇنۇگۇن ياتقان قارنىڭ تېگى ئېرىپ پاتقاق بولۇپ كەتكەچكە، تېيىلىپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشتى ۋە دومىلاپ ئېرىققا چۈشۈپ كەتتى. مامۇتخان ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ بولغۇچە، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى تازىلاۋاتقان يايى كېلىپ خالىقنى بېسىۋالدى. مامۇتخانمۇ ئۆيدىن چىقىپ كەلدى. لېكىن خالىقنىڭ ئۈستىبېشى پاتقاقتا بۇلغىنىپ كەتكەچكە، ئۇنى تونۇغىلى بولمايتتى. بېشىدىكى كۈچا كۆرپىسىدە تىكىلگەن چىرايلىق قولاقچىسى كۆلچەكتە تۇراتتى. بۇ ئىشنى كۆرۈپ يايىلار ۋە يامۇلغا ئىشقا كەلگەن ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى يىغىلدى. ئۇلار نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىشكەندىن كېيىن خالىققا قاراپ ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگىچە كۈلۈشتى. بەزىلەر ئۇنى نېمىلەرگىدۇ ئوخشىتىشاتتى.

— ماڭا قارلىق تاشلاپتۇ، — دەپ چۈشەندۈردى مامۇتخان، — تۇتۇلۇپ قالدى. ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ بىچارە، تىلىڭنى چاينىغۇچە راست گەپنى قىلساڭچۇ؟!

— بۇنىڭ ئىشى ئاسان، — دېدى يايىلاردىن بىرسى، — قارلىق تاشلاپ تۇتۇلۇپ قالسا ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ، يۈزىگە قارا سۈركەپ سازايى قىلىدۇ.

— ئـۇنـىڭ يازغان خېتىدىمۇ شۇنداق يېزىلغانىكەن. بۇنى سازايى قىلىشنى ساڭا تاپشۇردۇم ئوسمان ئاكا، — دېدى مامۇتخان ھېلىقى سۆزلىگەن يايىغا قاراپ، — سېنىڭ بۈگۈنكى ۋەزىپەڭ شۇنىڭ بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

— ماقۇل، مېڭىڭ ئەپەندىم. ئۆزىڭىزنىڭ جازاسى. سىز ئەپەندى تۇرۇپمۇ "ئويناشماڭ ئەرباب بىلەن، ئەپلەپ سالار ھەر باپ بىلەن" دېگەن ماقالنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ لېكىن سىز بۇ ئىشتا ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز باپلىدىڭىز. ھاكىملار بىلەن ئويناشقىچە خوتۇنىڭىزنىڭ... — دەپ ئۇ ئىنتايىن قوپال گەپ قىلدى.

— مېنى بىر نۆۋەتلىككە قويۇۋېتىڭ، — دەپ يالۋۇردى خالىق يايىنىڭ كەينىدىن كېتىشۋېتىپ.

— ياق، مېنىڭ بۇ ئىشقا قۇدرىتىم يەتمەيدۇ.

— خۇدا ھەققى، ماڭا رەھىم قىلىڭ جېنىم ئاكا! بالىلىرىڭىزنىڭ دۆلىتىنى كۆرۈڭ.

— ياق، ھاكىملارنىڭ سۆزىنى بىز شەرتسىز ئىجرا قىلىمىز. سۆزىڭىز بولسا ھاكىمغا دەڭ.

— ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ قانداق دېيەلەيمەن. سا... سا... سازايى قىلىشنى ئۆزۈم يازغان تۇرسام، — دەپ گاچىلاشتى ئۇ.

— ھە... مانا ئەمدى ئەقلىڭىزگە كەلدىڭىز. نامەرد ئىكەنسىز. ئويۇن دېگەنچۇ، چىدىغانغا چىقارغان ئەپەندىم. ئەمدى چىداش كېرەك. كېلىڭ، بولىدىغان ئىش بولدى، چىداڭ ئەمدى، — دېدى يايى.

خالىق سازايى قىلىنىشتىن قورقمايتتى. لېكىن مۇدۇسانىڭ "ۋەزىپىنى ئورۇنلىماپسەن" دەپ ئەيىبلىشىدىن قورقاتتى. بۇنى ئويلىغاندا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئاخشامقى يالىڭاچ تاپانچا كېلىشۋېلىپ، پۇت-قوللىرىغا تىترەك ئولاشتى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئاخشام مۇدۇسا بەرگەن پۇلنىڭ بىرىمىغا يايىنى سېتىۋالماقچى بولدى. ئۇ يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ يايىغا تەڭلىدى.

— ئاكا، ماۋۇ پۇلغا بىر نەرسە ئالارسىز، مېنى قويۇۋېتىڭ.

— ياق، — دېدى يايى ئاچچىقى بىلەن، — ھەقىقەتەن بەكمۇ پەس نېمە ئىكەنسەن، شۇنچە خالايىق ئالدىدا مېنى نېمە قىلاي دەيسەن؟ مەن سەندەك پۇلغا سېتىلىدىغان ئادەم ئەمەس. بۇ پۇلۇڭغا بېرىپ خوتۇنۇڭغا ئوسما ئېلىپ بەر!

بۇ گەپ خالىقفا راسا بىر كاچات ئۇرغاندەك بىلىندى. شۇنداق بولسىمۇ يۈزىنى قىلىنىشتىپ يايىغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

— مەن ئېزىپتىمەن. خەقنىڭ سۆزىگە كىرىپتىمەن.

— ئۇنداق بولسا ساڭا يول كۆرسەتكەن ئادەم كەلسۇن. شۇنى سازايى قىلاي.

خالىقنىڭ ھەممە ھىيلىسى بىكارغا كەتتى. نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى. يايى شۇ يەردىكى يايىلار تۇرىدىغان ئۆيگە كىرىپ، قولىنى سوغا چىلاپ، قازانىنىڭ قارىسىنى قولىغا سۇركەپ چىقىپ خالىقنىڭ يۈزىگە سۇركەشكە باشلىدى خالىقنىڭ يۈزى قاپقارا بولۇپ، چېقىر كۆزلىرى پىلىلداپ قالدى. ئارقىدىن بېشىدىكى كۆپە قۇلاقچىنى تەتۈر ئۆرۈپ كەيگۈزگەندى، ئۇ تولىمۇ كۈلكىلىك قىياپەتكە كىرىپ قالدى. يايى ئۆزىنىڭ ئەتىگەندە ئۆيىدىن مىنىپ كەلگەن توقۇملۇق بوز ئېشىكىنى يېتىلەپ كەلدى.

— ئېشەككە مىن لەنتى. ئېست ئېشىكىم، ئوبدانراق بىر ئىش بولغان بولسىمۇ كاشكى، — دېدى.

خالىق ئامالسىز ئېشەككە تەتۈر مىندى. يايى ئېشەكنى يېتىلەپ يامۇلنىڭ ئالدىغا چىقىپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— قارلىق تاشلاپ تونۇلۇپ قالغاننىڭ سازايى...

قار ياغقان بولسىمۇ، بۈگۈن كۈنگە جۈمە بولغاچقا كوچىدا ئادەم كۆپ ئىدى. بىردەمدىلا نۇرغۇن ئادەم يىغىلىپ كەتتى. كوچىدا قار ئېتىشىپ ئويناۋاتقان ئۇششاق باللار:

— پورت، پورت، — دەپ ۋارقىرىشىپ يەرگە ئېڭىشىپ قولىغا قار چىقامدۇ، لاي چىقامدۇ ئېتىشقا باشلىدى. يايىنىڭ ئېشىكى بىلەن خالىق بىر دەمدىلا تونۇغۇسىز بولۇپ كەتتى.

يايى ئېشەكنى يېتىلەپ يۈرۈپ ئىچىدە خالىقنى تىللاپ: «ئېست ئېشىكىم. سەن پاسكىنىنىڭ سەۋەبىدىن ئېشەكنىمۇ بىر قېتىم غۇسلى قىلدۇرىدىغان بولدۇم» دەپ غودۇڭشىيتتى. يايى ئېشەكنى يېتىلەپ يۈرۈپ بۇ

كىچىككىنە شەھەرنىڭ ھەممە كوچىسىغا ئېلىپ باردى. ئەڭ ئاخىرىدا ساقچى ئىـــدارىسى، مەكتەپ، ھەربىي گازارما، جۇمە مەسچىت جايلاشقان كوچىغا كەلگەندە، تەنەپپۇسقا چىققان ئوقۇغۇچىلار يۈگۈرۈپ چىقتى. ساقچىلار بىلەن ھەربىيلەرمۇ بۇ تاماشىنى كۆرۈشكە ئالدىرىدى. ئوقۇتقۇچىلار بۇنىڭ خالىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ "خوپ بوپتۇ" دېيىشتى. كوچىدىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭنى ئاڭلاپ، نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن چىققان مۇدىرنىڭ ئۆز پىلانىنىڭ بەربات بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى ۋە غەزەپلەنگەنلىكىدىن مەست ئادەمدەك ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئۆزىنى ئورۇندۇققا تاشلاپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ "خەپ-خەپ" دەۋەتتى. پۇت-قوللىرى دىرىلدەپ تىترەپ تۇراتتى. ئۇ غەزەپتىن بوغۇلۇپ ئارقا-ئارقىدىن تۆت ئورام تاماكا چەكتى. ئاخشام ئىچكەن ھاراقنىڭ تەسىرىدىن ئەتىگەندە تۈزۈك ناشتا قىلمىغاچقا، ئاچ قورساققا چەككەن كۆك تاماكا بىردەمدىلا ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى. ئۇ ھوشىدىن كەتتى...

يايى ئېشەكنى يېتىلەپ "سازايى" دەپ تۈۋلاپ، ھەربىي گازارمىنىڭ ئالــدىــدىــن ئۆتۈپ باقى گەيجاڭنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا بارغاندا مىڭىشتىن توختىدى.

— چۈشە ئېشەكتىن ئەبگا، — دېدى يايى ھوميىپ.

— يايىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن خالىق ئېشەكتىن چۈشتى. يايى ئېشىكنىڭ توقۇم ۋە باشقا جايلىرىغا يېپىشقان لايلارنى تازىلىۋېتىپ، ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماستىن ئارقا يول بىلەن ئۇدۇل ياملۇغا كەتتى. خالىق بولسا ئۇششاق باللاردىن قۇتۇلالماي كۆپ ئاۋارە بولدى. شۇ ئاخشىمى مۇدىرسا خالىقنى چاقىرتتى. خالىق ناھايىتى قورققان ھالدا جاسۇسلۇق بۆلۈمگە كىردى. مۇدىرسا ئۇنى تىللاپ كەتتى:

— ۋۇ قاپاقباش، پۈتۈن پىلانىنى بۇزدۇڭ، — دېدى ۋە "چاك" قىلغان شاپىلاق ئاۋازى بىلەن تەڭ خالىق دەلدەڭشىپ كەتتى. قېشى ئۈستىدىن ئېقىپ چۈشكەن تۈكۈرۈك چېقىر كۆزلىرىنى خىرەلەشتۈردى. خالىق ئۆزىنى بىرقانچە

قېتىم ئاقلىماقچى بولغان بولسىمۇ، قورققانلىقىدىن كاچىلىشىپ ئاغزى گەپكە
كەلمەيتتى. مۇدۇسا ئېغىر ھاسىرايتتى.

— قارنىڭ ئېگى لاي ئىكەن. مەن... مەن...

— ھە... سەن ئېمدەپ ئويلىغانىدىڭ گاللۋاك، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى
بۆلدى مۇدۇسا، — سەن ئۇچ كۈنگىچە ئۆز پىلانىڭنى تۈزۈپ كەل. بولمىسا
كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسەن، يوقال!

— خوش، خوش، — دەپ خالىق ئارقىسىچە مېڭىپ بۆلۈمدىن چىقىپ
كېتىشكە ئالدىرىدى.

يەتتىنچى باب

# دەسلەپكى ئېلىشىش

تىز پۇكۇپ ياشىغۇچە،
تىك تۇرۇپ ئۆلگەن ياخشى.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

1946-يىلى، باش باھار.

بۈگۈن جۈمە بولغاچقىمىكىن، كوچىدا ئادەملەر كۆپ ئىدى. ئېلىپ ساتارلارنىڭ ئۆز ماللىرىنى ماختاپ ۋارقىراشلىرى، قوي يېغى بىلەن سەۋزىنىڭ مېيىزلىك پۇراقلىرى، "ياغ يەيسەن" دەپ گۆش گىردىچىلەرنىڭ خېرىدار چاقىرىشلىرى، ھاجى ئاخۇن ئاشپەزنىڭ "بىر مانتۇ، ئىككى مانتۇ" دەپ توۋلاشلىرى قۇلاق مېڭىنى يەيتتى.

بۈگۈن نۆۋەتتىكى جۈمە نامىزىنى نازارەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ساقچى-ئەسكەرلەر ناماقلىرىنى يەپ بولغاندىن كېيىن قورال-ياراغلىرىنى تەق قىلىپ قويۇپ، بۇيرۇق كۈتۈپ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىدا تۆت-بەشتىن

بولۇپ پارلاق سىلىشىپ تۇراتتى. ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ناھىيىلىك بىرىنچى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ناخشا ئوقۇماقتا ئىدى.

يۇرتىمىزدا نېمىلەر كەچتى ئويلايلى!
كېلىڭ دوستلار ئۆتكەن كۈننى ئەسلەيلى!
خارلىنىپ، زارلىنىپ يۇرمەيلى!
ئىلىم ئىزدەپ، مەكتەپ ئىزدەپ بارايلى!
بارچە يەردە باھار بولۇپ ئۆتمەكتە،
بىزنىڭ يۇرتتا قىش زىمىستان كەزمەكتە.

نەقرات:

ئېگىز خانتەڭرى، ئالتۇن ئالتاي ياتماقتا،
تارىم سۈيى قۇم ئاستىغا ئاقماقتا.

— قاراڭلار! ئاۋۇ مەكتەپ بالىلىرىنىڭ ناخشىسىنى. شۇنداق گۈزەل باھار كېلىۋاتسا، ئۇلار ئۇنىڭ تەتۈرىسىچە "قىش-زىمىستان يۇرمەكتە" دېيىشىۋاتىدۇ. ئەخمەقلەرنىڭ كۆزى كۆرمەمدىكىن؟ — دېدى بىر ساقچى شېرىكلىرىگە.
— ئۇششاق بالىلار نېمىنى بىلىدۇ دەيسلەر؟ ھەممە چاتاق ئەپەندىلەردە. ئۇلار بىر كۈنى قوپۇپ "ئالۋان-سېلىق كۆپىيىپ كەتتى" دېگەن. يەنە بىر كۈنى "ئادەملەر كۆپلەپ ھاشارغا تۇتۇلۇپ، يەرلەر ئاق قالدى" دېگەن. يەنە بىر كۈنى تۇرۇپلا "قىش-زىمىستان بولدى" دېگەن. ئۇلار زادىلا ئوڭ گەپ قىلمايدۇ، — دېدى بىر دارازا، توڭگاي چىش ساقچى.
— ھۆكۈمەتمۇ ساپلا سارالڭ خەقنى ئەپەندى قىلىدىكەن. كۆردۈڭلارمۇ ئاۋۇنى، — دېدى يەنە بىر ساقچى كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئوقۇتقۇچىنى كۆرسىتىپ، — خۇددى ئوغرىدەك رەڭگى تۇتۇق كېتىپ بارىدۇ.

ئۆزىنى ساقچىلارنىڭ "ئوغرى"غا ئوخشاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالغان ئەمەت مۇئەللىم چىشىنى غۇچۇرلىتىپ:

— ھە؟ ... نېمە دېيىشىۋاتىسەن؟ — دېدى ساقچىلارغا.

— نېمە دېيىشكىنىمىز بىلەن سېنىڭ كارىڭ نېمە، ئۆز يولۇڭغا مېڭىۋەرمەمسەن؟ — دېدى توڭگاي چىش ساقچى.

— ۋۇ قارا ئىتلار، — دېدى ئەمەت مۇئەللىم، — ئەتىگەندىن بۇيان يالغان يۇنداڭغا قارنىڭ تويماي قالدىمۇ؟ نېمانچە ھەددىڭدىن ئاشسەن، بىكاردىن بىكار ئادەم تىللاپ.

— ھەددىمىزدىن ئاشساق-ئاشمىساق نېمە قىلالايتتىڭ توپىلاڭچى، — دەپ ساقچى دېۋەيلەپ كەلدى.

ئەمەت مۇئەللىم قېچىپ مەكتەپكە كىرىۋالماقچى بولدىيۇ، لېكىن غورۇرى يول قويمىدى ۋە كوچىدا ئادەم كۆپ، قول سالالمايدۇ دەپ ئويلىدى. بىراق ساقچىلار بىردىنلا ئەمەت مۇئەللىمگە تەرەپ-تەرەپتىن مۇشت، پەشۋا ئېتىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا چۇشلۇك تاماققا چىقىشقان ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوقۇتقۇچىلار كېلىپ ئۇلارنى قورشىۋالدى. ئەتراپتىن ئادەملەر يىغىلىشقا باشلىدى. ئەمەت مۇئەللىمنىڭ ئاغزى-بۇرنىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ ئوقۇتقۇچىلار غەزەپلەندى-دە، ساقچىلار بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى. ئەتراپتىن كىشىلەرنىڭ يىغىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مۇدۇسا ھۆركىرەپ چىقالماي، ئۆز خوجايىنى لوشەنزىڭغا①خەۋەر قىلدى. ساقچى باشلىقى لوشەنزىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىسىغا تېپىپ، ھەيدەپ كىرىپ كەتتى. جېدەل تۈگىدى. ھە دېگەندىلا قورال-ياراغلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىدىغان ساقچىلارنىڭ ئۈن-تىنسىز يوقىلىشى ئوقۇتقۇچىلارنى ھەيران قالدۇردى ۋە سەگەكلەشتۈردى. لېكىن بۇ

---

① لوشەنزىڭ — 1944-يىلىنىڭ بېشىدا چاغىلىقتا ساقچى باشلىقى بولۇپ كەلگەن ئىككى قولى خەلقنىڭ قېنى بىلەن بويالغان جاللات. 1946-يىلى ئۆزىدىن خەۋپسىرەپ ئىچكىرىگە قېچىپ كەتكەن. 1947-يىلى 5-ئايدا "پاراۋانلىق كوپېراتىپى" دېگەن نام ئاستىدا غەربىي شىمال ھەربىي مەمۇرىي مەھكىمىگە تەۋە بىر قىسىم كىشى بىلەن كېلىپ كەلگە كۆلىمىدە ئىشپىيونلۇق، ئىررورلۇق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار قورال-ياراغ، راتسىيە (رادىئو ئىستانسى)، پۇل بىلەن تەمىنلەنگەن مەخسۇس ھەربىي ئىشپىيونلار ئىدى.

ئۈش ساقچى ئىدارىسى بىلەن ناھىيىلىك پىرقىنى ناھايىتى ئەندىشىگە سالدى.

قىشلىق تەتىلدە ناھىيىلىك پىرقىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ناھىيىلىك بىرىنچى باشلانغۇچ مەكتەپ بىناسىنىڭ كارىدور، سىنىپلىرىنىڭ ئاستىدا ئوقۇغۇچىلار يوشۇرغان قورال-ياراغ بار دېگەن گۇمان بىلەن مۇدۇسانىڭ يېتەكچىلىكىدە ساقچىلار پولنىڭ تاختايلىرىنى قومۇرۇپ ئېلىۋېتىپ، ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلار ھەربىر تاختاينى قومۇرغاندا ناھايىتى دىققەت بىلەن تەكشۈرۈپ چىقتى. لېكىن ھېچنەرسە تاپالمىدى. بىر كەمدە مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرغان ساقچى كىرىپ مۇدۇساغا خەۋەر قىلدى.

— دۇسا جانابلىرى، دەرۋازىغا بىرسى خەت بىلەن بىر رەسىمنى چاپلاپ قويۇپتۇ.

— خەتتە نېمىلەر يېزىلىپتۇ؟

— مەن خەت تونۇمايمەن جانابلىرى. رەسىمدە بىر ئادەمنى باغلاپ ئېسىۋاتقاندەك كۆرۈنۈش تۇرىدۇ.

مۇدۇسا، قاسىم شوڭگوەن، يەنە بىرنەچچىسى دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. ھەقىقەتەن دەرۋازىغا قارا قېرىنداش بىلەن بىر پارچە ئاق قەغەزگە پاتقاقتا يىقىلىپ ياتقان ياربدار گومىنداڭ ئەسكىرىنى پۇقراچە كىيىنگەن ئىككى ئادەم بويىنىغا سىرتماق سېلىپ، چوڭ بىر قاپاق تېرەككە ئېسىۋاتقانلىقى، ياندا بىرنەچچەيلەننىڭ باش بارمىقىنى چىقىرىپ "ياخشى، ياخشى" دېگەندەك قىلىپ تۇرغان كۆرۈنۈش سىزىپ چاپلانغانىدى. رەسىمنىڭ ئېگىدە مۇنداق ئىككى مىسرا شېئىرمۇ بار ئىدى.

گومىنداڭ ئەلگە قىلغاچ زۇلۇم-زورلۇق،
پاتقاقتا پېتىپ ئاخىر كۆردى خورلۇق.

مۇدۇسا دەسلەپتە بۇ ئىككى مىسرا شېئىر بىلەن رەسىمنى چاپلىغانلار ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەن "ھارامزادە"لەر بولسا كېرەك دەپ

ئۇيلاپ، قويۇن يانچۇقىدىن كىچىك بىر خاتىرىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى پارچە-پارچە قەغەزلەردىكى ھەر خىل پوچۇركىلارغا سېلىشتۇرۇپ كۆرگەنىدى. ھېچقايسىسىغا ئوخشىمىدى. شۇنىڭدەك مەكتەپنىڭ ئۇدۇلىدا كېچە-كۈندۈز پوستتا تۇرغان ساقچىلارمۇ "كۆرمىدۇق" دېيىشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇدۇسا ساقچىلارغا بۇيرۇق بېرىپ، خەت بىلەن رەسىمنى پىچاقتا قىرىپ، سۇ بىلەن يۇيۇپ ئۆچۈرگۈزدى. لېكىن لوشەنزىڭغا ھېچنەرسە دېمىدى.

قىشلىق تەتىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ناھىيىگە ۋە ئۇيۇشمىغا قاراشلىق مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى چۈشتىن كېيىن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا يىغىلىپ، ئوقۇتۇش خىراجىتىنىڭ كەملەپ كەتكەنلىكى، دەرسلىكلەرنىڭ يوقلۇقى، ئالۋان-سېلىقنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىدىن دېھقانلارنىڭ بالىلىرىنى مەكتەپكە بەرمەيۋاتقانلىقى، دىنىي دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى ھە دېسىلا پالاققا بېسىپ ئېغىر تەن جازاسى بېرىۋاتقانلىقى ھەققىدە مائارىپ بۆلۈمىگە ئەھۋال ئېيتىشتى. ئۇلار قىزغىن تالاش-تارتىش بىلەن بىر دەمدىلا كەچ كىرىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قېلىشتى. شۇ چاغدا مەجلىسخانىنىڭ ئەتراپىدا بىرقانچە مارافچىنىڭ پەيدا بولغانلىقى مەلۇم بولدى. ئەسلىدە ھەربىي سىستېمىدىكى جاسۇس ساقى مۇشۇ يەردە بولۇپ، ئۇنىڭ خەۋەر قىلىشى بىلەن يىغىن مەيدانى قورشاۋدا قالغانىدى. بۇ يەردە ھۆكۈمەتكە قارشى بىرەر ئېغىزمۇ گەپ-سۆز بولمىغان تۇرۇقلۇق جاسۇسلارنىڭ بۇنداق پايلاپ يۈرگەنلىكىدىن ئوقۇتقۇچىلار قاتتىق غەزەپلەندى. ئوقۇتقۇچىلار يىغىندىن قاش قارايغاندا تارقاشتى. پايلاقچىلارنىڭ باشلىقى جاڭ بىگزەي[1]:

— ھازىر ھەربىي ھالەت ۋاقتى تۇرسا، سىلەرگە توپلىشىپ يىغىن ئېچىشقا كىم رۇخسەت قىلدى؟ قېنى يىغىلىشقا رۇخسەت قىلغان قەغەزىڭلار؟ — دەپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى. جاڭ بىگزەي ناھىيە تەۋەسىدىكى ئىشپىيونلۇق ھەرىكىتىنىڭ تەشكىلاتچىسى بولۇپ، مەخپىيەتلىك ئىشلىرى بويىچە ساقچى

---

[1] جاڭ بىگزەي — 1951-يىلى 4-ئايدا ئەكسىل ئىنقىلابچىلارنى باستۇرغاندا شۇ قاتاردا باستۇرۇلغان.

باشلىقنىڭ ياردەمچىسى ئىدى. ئۇنىڭ قولىدىن ھەر بالالار كېلەتتى.

— بىز كېچىسى ئەمەس، كۈندۈزى يىغىلدۇق. باشلىقلارغا ئەھۋال ئېيتتۇق. ئۇرۇشمۇ توختىدى، يەنە نېمە ھەربىي ھالەت؟ — دېدى ئۇ.

— بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ كارىمىز يوق. سەنلەر تولا ھەددىڭدىن ئاشما، — دەپ دوق قىلدى جاڭ بىگزەي.

يىغىندىن يانغانلار كوچىغا چىقتى. كوچىنىڭ شەرق تەرىپىنى ساقچىلار، غەرب تەرىپىنى كوچىغا سېلىنغان پوتەيلەردىكى ئەسكەرلەر توسۇۋالغانىدى. مەكتەپنىڭ ئارقا دەرۋازىسىدىن چىقىشقا تېخىمۇ بولمايتتى. چۈنكى ئۇ تەرەپتە "جاۋگوەنشى"غا جايلاشقان ھەربىي شتاب بولۇپ، كەچ سائەت بەشتىن كېيىن ھېچكىمنى بۇ تەرەپكە ئۆتكۈزمەيتتى. ئوقۇغۇچىلار ساقچىلارغا سىلىق گەپلەر بىلەن ئەھۋالنى ئېيتسىمۇ، ھەرقانچە چىرايلىق گەپلەرنى قىلسىمۇ، ئۇلار ئوقۇغۇچىلارنى يامان سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلىدى. "تۆشۈك ئېغىز، تۆشۈك ئېغىزدىن قالماپتۇ" دېگەندەك ئوقۇغۇچىلارمۇ ئاخىر ئۇلارغا تىغمۇ تىغ جاۋاب ياندۇردى. نەتىجىدە ھەر ئىككى تەرەپ بىر-بىرىگە يول قويماي، قوللىرىغا چىققان نەرسىلەر بىلەن بىر-بىرىنى ئۇرۇشقا باشلىدى. ئوقۇغۇچىلار تۆت نەپەر پۇقراچە كىيىنگەن ساقچىنى ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ قويدى. ئۈچ تال مىلتىقنىڭ پايىنىكى سۇندى. مالىمانچىلىقتا مىلتىقنى كىمنىڭ سۇندۇرغانلىقىنى ھېچكىم پەرق ئېتەلمىدى. تۇساتتىن ئېتىلغان ئوق ئوقۇغۇچى ئىمىن مەمەتنىڭ مۈرىسىنى يېنىك يارىدار قىلدى. ئەمەت مۇئەللىمنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى تېشىپ ئۆتتى. بۇ ۋاراڭ-چۇرۇڭ، ئۇر-يىقىت، مىلتىق ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ ئەتراپتىكى كىشىلەر ۋە نامازشامدىن يانغانلار ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا توپلىنىشقا باشلىدى. باياتىندىن بېرى مۇشۇ ۋەقەنى باھانە قىلىپ، بىرنەچچە ئوقۇغۇچىنى تۇتۇپ، سولاققا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىر تونۇتۇپ قويۇشنى ئويلاپ تۇرغان مۇدۇسا ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، ساقچىلارغا:

— دەرھال ئىدارىغا كىرىپ ئىشىكنى تاقاڭلار، — دەپ بۇيرۇق بەردى.

ساقچى-ئەسكەرلەر ساقچى ئىدارىسىغا قاراپ يۈگۈرۈشتى. يەردە دەسسىلىپ

ياتقان ساقچىلار ئاران ئورنىدىن ئۆملەپ تۇرۇشقاندا كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا كېلىشتۇرۇپ تېپىشتى. مۇدۇسا ساقچى ئىدارىسى دەرۋازىسىنىڭ كىچىك ئىشىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرۇپ:

— خەپ توختاپتۇرۇش، — دېدى.

— ئالدىرىماي تۇر يالاقچى، سېنىڭمۇ كارامىتىڭنى كۆرىمىز تېخى، — دېدى ئوقۇتقۇچىلارمۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلار كىم بار؟ كىم يوق؟ دەپ ھەممىنى سۈرۈشتۈرۈپ چىقتى. ئاردا پەقەت ساقلا يوق ئىدى. ئۇ ئۇر-يىقىت باشلانغان چاغدىلا تىكىۋەتكەنىدى. شۇ ۋەقەدىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلارمۇ، ساقچىلارمۇ كوچىغا يالغۇز چىقالمايدىغان بولۇپ قالدى.

* *

ساقچى ئىدارىسىنىڭ رازۋېتكا بۆلۈمىدە رازۋېتچىكلار ئۆزلىرىنىڭ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان توپلىغان ماتېرىياللىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىشىۋاتاتتى. ئۇلار ئۈچ ۋىلايەتنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن بەكمۇ ھودۇقۇشۇپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي يۈرۈشەتتى. ئۇنى ئاز دەپ بۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزلىرىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان ھاكاۋۇر تۆۋرۈكلىرىدىن بىرنەچچەيلەن قېچىپ كېتىپ، خالايىق ئىچىدە ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتىنى تېخىمۇ تۆكۈۋەتتى. شۇڭا بەزى ”ساداقەتمەنلەر“نى ھەتتا ئىشقا چاقىرسىمۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. تېخى ئەپەندىلەرنىڭ ئۆتكەندىكى قىلغان ئىشىچۇ؟ مانا مۇشۇ بىر قاتار ئىشلار ھۆكۈمەت چوڭلىرىنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىن 1933-يىلىنىڭ بېشىدىن 1937-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلغان بەش يىللىق قوزغىلاڭنىڭ پۈتۈن كۆرۈنۈشىنى نېرى قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇ سەۋەبتىن ناھىيىلىك پىرقە ”بېتىمىنىڭ ئىمزالىنىشى ۋاقىتلىق ئىش. بىزنىڭ تۈپ مەقسىتىمىز ‘ئالتە ئۇغرى’ نى پۈتۈنلەي يوقىتىش. بېتىم

تۇزۇلسىمۇ ھازىرچە پەقەت شىمالىي شىنجاڭدىلا كۈچكە ئىگە بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا ھۆكۈمەتكە قارشى دۈشمەنلەرنىڭ بىرىنىمۇ قويماي ئۆلتۈرۈش كېرەك، ئۇنى خاتا ئۆلتۈرۈلسە ئۆلتۈرۈلسۇنكى، بىرسىمۇ توردىن چۈشۈپ قالمىسۇن“ دەپ بۇيرۇق بەردى. ئۇلار غالجىرلاشقانسېرى، ئۇلارنىڭ يۈرەك باغرىنى ۋەھىمىگە سالىدىغان ئەندىشىلىك ۋەقەلەر كەينى-كەينىدىن يۈز بېرىشكە باشلىدى. كوچىغا كۆپكۆندۈزدىلا ھۆكۈمەتكە قارشى تەشۋىقات ۋاراقلىرى چاپلاندى. مانا ھازىرلا بىر دانە ۋاراقچە پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

”قېرىنداشلار ۋە ئاتا-ئانىلار! گومىنداڭ ھالاكەت ئالدىدا جان تالاشماقتا. ئۇلار زەي تارتىپ كەتكەن كونا تامدەك گۇمران بولۇش ئالدىدا تۇرماقتا. ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ قاچقانلىقى بۇنىڭ دەلىل-ئىسپاتى. ئۇلار جان ھەلقۇمغا كەلگەندە ئۆششۈك ھەرىسىدەك نەشتەر سانجىپ، زۇلۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋاتىدۇ. بىز دۈشمەننىڭ سۇيىقەستىدىن ھوشيار بولايلى! يۇرتىمىزنىڭ كۆرەشچان تارىخىغا يەنە بىر قېتىم شانلىق سەھىپە يېزىپ قالدۇرايلى! ... ياشىسۇن ئازادلىق! يوقالسۇن گومىنداڭ!“

بۇ خەت يوغان قىلىپ يېزىلىپ، چوڭ كوچىدىكى دوقمۇشقا چاپلانغانىدى. بىردەمدىلا پۈتۈن شەھەرگە بۇ تەشۋىق ۋارىقىنىڭ مەزمۇنى پۇر كەتتى. لېكىن ئادىمى پاكىتىنى گومىنداڭ ساقچى ئەمەلدارلىرى قولغا چۈشۈرەلمەيۋاتاتتى.

ناھىيىلىك پىرقىنىڭ شۇجىجاڭى يى خۈيمىن كېچىلىرىمۇ ئۇخلىمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئۈيلىغانچە بىر-بىرىدىن قورقۇنچلۇق ئەھۋاللار كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ زادىلا ئارام بەرمەيتتى. شۇڭا ئۇ ئىنتايىن سەپرا بولۇپ كەتتى ۋە قاچقانلارنى ”قورقۇنچاقلار، خائىنلار، مۇناپىقلار“ دەپ غايىۋانىسىگە تىللىدى. ئۇنىڭ تەلەتىنىڭ سۆرۈنلۈكىدىن ۋە توختىماي غەزەپلىنىپ، ئادەم تىللاپ يۈرۈشىدىن خىزمەتچىلەر ئۇنى كۆرسە قاچىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئاۋاق چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ، ئۆزى تېخىمۇ ئورۇقلاپ، كۆزەينەكلىك يىلانغا ئوخشاپ

قالدى. يى خۇيمىن ئاچچىقىنى كىمدىن ئېلىشنى بىلمەيتتى. ئۇ ئۇيلا-ئۇيلا ئاخىرى ساقچى ئىدارىسىغا يۈگۈردى. ساقچى باشلىقى لوشەنزىڭ ئۇنى خۇشامەت بىلەن كۈتۈۋالدى:

— كېلىڭ شۇجىجاڭ، — دەپ ئۇنىڭغا ئورۇندۇق قويۇپ بەردى.

— ئىشلىرىڭىز قانداق جۇيجاڭ؟ — دېدى يى خۇيمىن رەڭگى ئۆتۈق هالدا لوشەنزىڭ تۇتقان تاماكىنى ئېلىۋېتىپ.

— يامان ئەمەس ئىشلەۋاتىمىز، رازۋېتكا قىلىۋاتىمىز.

— ئىشلەۋاتىمىز؟ ئىشلەۋاتىسىز ماۋۇ نېمە؟ — دەپ ۋارقىرىدى بۈگۈن ئاخشام يامۇل دەرۋازىسىغا چاپلانغان ۋاراقچىنى لوشەنزىڭنىڭ بۇرنىغا تەڭكۈزۈپ تۇرۇپ، — كۆرۈۋاتىمەن ئىشلەۋاتقىنىڭىزنى، دۆلەت ۋە پىرقە خەتەر ئاستىدا قالدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ جۇيجاڭ دارىن! بۇ نەرسىنى توپىلاڭچىلار يامۇلنىڭ دەرۋازىسىغا تەپ تارتماي چاپلىشىۋاتسا، سىزنىڭ ئادەملىرىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ زادى؟

"دارىن" سۆزى ساقچى باشلىقىغا خۇددى بىر كاچات ئۇرغاندەك بىلىندى. لېكىن ۋاراقچىنى كۆرۈپ قورققىنىدىن شۈمشۈيۈپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ سالماق جاۋاب بېرىشكە ئۇرۇندى:

— بىز مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتىمىز شۇجىجاڭ.

— بۇ يەردە بەزى قورقۇنچاقلار، هارام تاماقلار قېچىۋاتىدۇ. بەزى هايۋانلار ئەيمەنمەستىن هەربىي قىسىملىرىمىزنى تارتىپ كېتىۋاتىدۇ. هەتتا توپىلاڭ كۆتۈرۈۋاتىدۇ. سىزچۇ؟ سىز نېمە قىلماقچى؟ ياكى 1933-يىلدىكى ئىش تەكرارلانسۇنمۇ؟ — ئۇ، لوشەنزىڭنىڭ كۆزىگە قاتتىق تىكىلدى، — قېنى جاۋاب بېرىڭ؟

— دۆلەت ۋە پىرقىگە سادىق بولۇپ، بۇ گادايلار بىلەن ئاخىرىغىچە ئېلىشماقچىمەن.

— ئوغۇل بالا، — دەپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە ياقىدە بىرنى ئۇردى يى خۇيمىن، — ئۇنداق بولسا، بۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ قولغا ئېلىنمايدىغۇ؟ ياكى

دارغا ئېسىلمايدىغۇ؟

— پات يېقىندا بىراقلا قولغا چۈشۈرمەكچىمەن.

— راستمۇ؟

— شۇ چاغدا ئۆزىڭىزمۇ كۆرۈپ قالارسىز.

— بولىدۇ. مەن ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىمەن. لېكىن ماڭا قۇرۇق گەپ ئەمەس، جىنايەتچى كېرەك، جىنايەتچى، ئۇقتىڭىزمۇ؟ ... — دېدى-دە، چىقىپ كەتتى.

## سەككىزىنچى باب

# قاپقان

چوڭ ھېيلىلەردىن ئاجىز قالغان چاغلاردىلا دوستلۇق زەنجىرىنى قىمىرلىتىدۇ. ئاندىن دوستلۇق سۈرىتى بىلەن شۇنداق ئىشلارنى قىلىدۇكى، ھېچقانداق دۈشمەن ئۇنى قىلىشقا قادىر بولالماس.

— شەيخ سەئدى

يى خۇيمىن قايتىپ كېتىپ، لوشەنزېڭ خېلى ئۇزاق خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن جۇدۇنى ئۆرلىگەن ھالدا رازۋېتكا بۆلۈمىگە كىردى.

رازۋېتكا بۆلۈمىدە مۇدىرى، قاسىم شۇڭگەن، جاڭ بىنگزەي قاتارلىقلار "S—15" دېلوسىنى كۆرۈۋاتاتتى. لو شەنزېڭنى كۆرۈپ، قاسىم شۇڭگەن ئورنىدىن قوپتى. لو شەنزېڭ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى دېلونى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى رەسىمگە ئۇزاقتىچە قاراپ قالدى. بۇ دېلونى

1944-يىلىنىڭ بېشىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق شتابى ئەۋەتىپ بەرگەن. لو شەنزىڭ دېلونى بىر قۇر ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ پىكرى "سەمەرقەنت پېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن... ئىجتىمائىي ئالاقىسى كەڭ. ئۆزۈپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، شىنجاڭدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ئىلى ئىسيانچىلىرى بىلەن ئالاقىسى بار..." دېگەن جۈملىلەرگە مەركەزلەشتى.

ئۇ خېلى ئۇزاق خىيال سۈرگەندىن كېيىن، يېنىدا ئولتۇرغانلاردىن سورىدى:

— خوش، سىلەر نېمە دەيسىلەر؟

— باشلىق جانابلىرى، ھازىرچە تۇتقىدەك بىر نەرسە تاپالمىدۇق، — دېدى مۇدۇسا.

— بۇلارنىڭ ئالاقىلىشىپ تۇرغان ئادەملىرىچۇ؟

— بۇرۇن مامۇتخان، نۇر، قۇتلۇق ئۇچەيلەن بىر بىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇراتتى، كېيىن يەنە بىرسى قوشۇلدى.

— ئۇ كىم؟

— بارات. تاشيول ئىدارىسىنىڭ كاسسىرى. ھەربىيلىكتىن ياردار بولۇپ قايتقان، — دېدى مۇدۇسا.

— ئېھتىمال بۇلتۇرقى گەپلەرنى شۇ تارقاتقان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدىكى قىز دوستى بىلەن يېزىشقان خېتى قانداق بولدى؟

— ئۇنىڭ خەتلىرىنى بىز ھەر قېتىم پوچتىدىن ئېلىپ تۇرغانىدۇق. لېكىن ئىككى ئاي بولدى. قىزدىنمۇ خەت يوق. باراتنىڭ نامىدا يازغان خەتلىرىمىزدىن گۇمانلىنىپ قالدىمۇ، بىلمىدۇق، — دېدى چۈشەندۈرۈپ مۇدۇسا.

— باراتنى پايلاشقا كىم مەسئۇل بولغان؟

— مەن، — دېدى قاسىم، — لېكىن تۇتامغا چىققۇدەك پاكىت يوق.

— پاكىت يوق؟ مانا پاكىت، — دەپ لو شەنزىڭ قاسىمنى شاپىلاق بىلەن بىرنى سالدى. "چاڭ" قىلغان شاپىلاق ئاۋازى ئۆي ئىچىدە ئەكس

سادا قايتۇردى، — ۋۇ مۇناپىق، بىز سېنى يەرلىك، بىزگە ياردەم قىلىدۇ دەپ ئۈستۈرسەك، ئەمەلنى ئېلىۋېلىپلا بېشىڭ ئايلىنىپ كەتتىمۇ؟ ماۋۇ نېمە؟

قاسىمنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچىدا ھېلىقى ۋاراقچە تۇراتتى. لو شەنزېڭ غەزەپتىن تىترەيتتى.

— يەنە بىر ۋاراقچە؟! ياق، ياق، — دېدى قاسىم ئارانلا. ئۇنىڭ ئاغزىدىن قان ساقىپ چۈشتى. باشقىلارنىڭ قۇلىقىدىن شاپىلاقنىڭ ئەكس ساداسى خېلىغىچە كەتمىدى. ئاخىرىدا مۇدۇسا لو شەنزېڭغا تەزىم قىلدى:

— باشلىق، مېنىڭ بىر پىكرىم بار. بىز بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئادەم قويۇپ ماراپ باقتۇق. لېكىن بىرەر يىپ ئۇچىغا ئىگە بولالمىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن مامۇتقا بىر خوتۇن ئېلىپ بېرىپ، شۇ خوتۇن ئارقىلىق ئىشنى ئۇگىلىساق قانداق دەيسىز؟

لو شەنزېڭ تاماكىسىنى ئېلىپ تۇتاشتۇرۇپ، ئۈنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى ۋە ھەممىسىنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا تىكىلدى . بىرنەچچە مىنۇتلۇق جىمجىتلىقتىن كېيىن ئۇ مۇدۇسانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— قورغاننى ئىچىدىن ئېلىش دېگەن شۇ. قانداق دېدىم؟

— شۇنداق، دانا پىكىر. ئەقلىڭىزگە ئاپىرىن باشلىق، — دېدى مۇدۇسا، — شۇنداق قىلماي ئامال يوق.

— بولىدۇ، سىلەر قىز ئىزدەڭلا، ئۆزى چىرايلىق بولسۇن، ئاتا-ئانىسى دۆلەت ۋە پىرقىغا سادىق بولسۇن. بۇ ئىش مەخپىي تۇتۇلسۇن.

— خوپ، — دەپ مۇدۇسا ئۆز پىكرىنىڭ خوجايىنغا ياققانلىقىدىن تېرىسىگە پاتماي قالدى.

— ئىككى كۈنلۈك مۆھلەت بېرىمەن. ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇڭلا، — دەپ لو شەنزېڭ چىقىپ كەتتى.

شۇ ئاخشىملا مۇدۇسا، قاسىم باشلىق بىرنەچچە كىشىنى مامۇتخان ئۈچۈن لايىق ئىزدەشكە ئورۇنلاشتۇردى.

※ ※

ئىككى كۈن ئۆتتى. قاسىم شۆگگەن ھۆكۈمەتكە سادىق بايلاردىن ھساىدىن بەگنىڭ گۈلسۈمخان ئىسىملىك بىر قىزى بارلىقىنى، قىز بويىغا يېتىپ قالغان بولسىمۇ، ياقا يۇرتلۇقۇقا بېرىش-بەرمەسلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ئۇ بۇ خەۋەرنى لو شەنزىڭغا يەتكۈزدى.

— قىز چىرايلىقمىكەن؟ — دەپ سورىدى لوشەنزىڭ مۇدۇسادىن.

— چىرايلىق ئىكەن. ئەمما ياللۇز قىز ئىكەن، — دېدى مۇدۇسا.

— ياللۇز قىز بولسا نېمە بوپتۇ. ھاكىمغا لايىق قىز ئىكەن، — دېدى لو شەنزىڭ زەھەرلىك ھىجىيىپ.

ئۆز خوجايىنىنىڭ قانائەتلەنگىنىنى كۆرگەن مۇدۇسامۇ شۇنچىلىك خۇشال بولدىكى، يوشۇرۇن تەشكىلات ھازىرلا ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشىدىغاندەك ئىككىلىسى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ياخشى ئىشلەڭ، دۇساجاڭ، بۇ قېتىم غەلىبە قازانساق، — دەپ ئۇنىڭ مۈرىسىنى قاقتى لو شەنزىڭ، — بۇ خىزمىتىڭىزنى دۆلەت ۋە پىرقە ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئۇ چاغدا ئۆزۈم سىزنى ۋىلايەتلىك ھەم ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتلەرگە تونۇشتۇرۇپ دوكلات يازىمەن. ئۇ چاغدا كارامەت ئادەم بولۇپ كېتىسىز ...

— رەھمەت سىزگە، دۆلەت ۋە پىرقە ئۈچۈن خىزمىتىڭىزگە ھەر دائىم تەييارمەن، — دەپ مۇدۇسا تەزىم قىلدى.

— شۇنى ئەستىن چىقارماڭ، سىز تۇتماقچى بولغان جىنايەتچى سىزنىڭ تۇغقىنىڭىز ياكى ئەڭ يېقىن ئادىمىڭىز بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا قانداق قىلىسىز؟ — دەپ ئۇ مۇدۇسانىڭ كۆزىگە تىكىلدى.

— شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ دۆلەت ۋە پىرقىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قېنىنى ئىچىشكە تەييارمەن.

— ياخشى، ناھايىتى ياخشى، سىز ئىشلارنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇڭ.

مەن پىرقىگە بېرىپ كېلەي.

— خوپ، — دېدى مۇدۇسا.

ئۇلار ئىككىلىسى سىرتقا ماڭدى. مۇدۇسا تولىمۇ روھلۇق ۋە خۇشال كەيپىياتتا ياتىقىغا كىرىپ، ئاللىقانداق بىر كۈيگە ئىسقىرتقاچ بىر رومكا ئۈزۈم ھارىقى ئىچىپ، كەلگۈسىدە يۇقىرى مەنسەپنىڭ تېگىشى ھەققىدە خىيالغا كەتتى...

※ ※

لو شەنزېڭ بارغان چاغدا يى خۇيمىن ئەپيۇن چېكىپ ياتاتتى. ئۇ ساقچى باشلىقىنى كۆرۈپ، كەيپىلىكتە خۇمارلىشىپ قىسىلغان كۆزىنى يېرىتىپ ئېچىپ:

— لو جۈيجاڭ بىرەر ئىشىڭىز بارمىتى؟ — دەپ سورىدى ئۇ مېھماندىن.

— ھېلىقى سىز تاپشۇرغان ۋەزىپە ھەققىدە سىزگە دوكلات قىلاي دەپ كېلىۋىدىم.

— ھە... ھە قېنى سۆزلەڭ.

— مامۇتخاننىڭ خوتۇنى يوق، بويتاق. ھازىرچە ئۇنىڭدىن بىرەر يىپ ئۇچىغا ئىگە بولالمىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا خوتۇن ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى شۇ خوتۇن ئارقىلىق قىلتاققا چۈشۈرسەك دېگەن خىيالغا كەلدىم.

ئەپيۇننىڭ كەيپىدىن تېخى تولۇق يېشىلمىگەن يى خۇيمىنگە لو شەنزېڭنىڭ قىلغان سۆزلىرى غەلىتە ئاڭلاندى بولغاي، راسا بىر كۈلۈۋەتتى. ئەسلىدە ئۇ ئىنتايىن زېرەك ئادەم ئىدى. ۋالىي زو شۇيېڭمۇ ئۇنىڭغا يول قوياتتى. شۇڭا ئۇ ئۆز زامانىسىدا ئەزگۈچىلەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ ھەممىنى قورقۇتۇپ يۈرەك ئالدى قىلىۋەتكەن بۇ زېمىنغا ھۆكۈمەت مۇشۇ ئەپيۇنكەشنى باشلىق قىلغانىدى. ئۇ كۆزلىرىدىن ئېقىپ چۈشكەن ياشلارنى سۈرتۈۋېتىپ:

— خوتۇنى يوقلارغا خوتۇن ئېلىپ بېرىش ئىشىنىمۇ ئەمدى سىز ئۆتكۈزۈۋالاي دەمسىز؟ — دېدى.

— ياق، بۇ گەپنى سىز چۈشەنمەيسىز، ماۋتۇنى ئۆيلەپ قويۇشىمىز خوتۇن ئارقىلىق ئۇنى تۇزاققا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، توغرىراقى ئۇنى تۇتۇپ دارغا ئېسىش ئۈچۈن. سىز مېنىڭ گېپىمنى چۈشەنمىدىڭىز، شۇجىجاڭ.

— ھە... ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن دەمسىز؟ — دېدى ئۇ ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، — ماقۇل، سىز ئەتە كېلىڭ. بىز ئوبدانراق سۆزلىشەيلى.

ئۇ گېپىنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا بېشىنى ياستۇققا قويۇپ چىلىمنىڭ نەيچىسىنى ئاغزىغا تىقتى. بۇنى كۆرۈپ لو شەنزېڭ ئاچچىقىدىن پىرىلغۇدەك بولۇپ، تاشقىرقى ئۆيگە چىقتى-دە، يى خۇيمىننىڭ ئايالىغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ:

— ئاخماقلار مەن بولمىسام بېشىدىكى دوپپىسىنىمۇ تۇتۇپ تۇرالمايدۇ. بۇ قانداق يەر، ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق. ھازىر بىرەر ئىسيانچى كىرىپ، كانىيىنى "غىققىدە" سىقىپ ئۆلتۈرۈپ قويسىمۇ تۇيمايدۇ، — دېدى.

ھويلا گۆردەك قاراڭغۇ ئىدى. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ قورقىسى كەلدى. بىرسى ئۇنى قاراڭغۇدا بوغۇپ ئۆلتۈرۈشكە تەييار تۇرغاندەك بىلىنگەچكە تاپانچىسىنى قولىغا ئېلىپ يۈگۈردى. ئۇ چوڭ كوچىغا چىققاندىلا يېنىك نەپەس ئالدى. بۇ چاغدا خۇپتەندىن يانغان ئادەملەر ئۆيلىرىگە كېتىشىۋاتاتتى. يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى چىقىرىپ يۈز-كۆزىنى سۈرتتى. يۈرىكىنىڭ دۈكۈلدەشلىرى ھازىرمۇ ئۆزىگە ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ كوچىدىمۇ ئۆزىدىكى قورقۇنچىنى زادىلا باسالمىدى. يۈگۈرۈشتىن خىجالەت بولغان بولسا كېرەك، بىرئاز توختاپ، ئاندىن ئالدى-كەينىگە قاراپ چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلاپ مېڭىشقا تىرىشتى. لېكىن ئۆزىگە قەدىمى ئاۋۇمايۋاتقاندەك بىلىندى. "قورقۇنچلۇق، بەك قورقۇنچلۇق" دەپ قويدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە. ئۇ تۆت كوچا دوقمۇشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن تام ياقىلاپ ساقچى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ساقچى ئىدارىسىغا 20 مېتىرچە قالغاندا، پوستتا تۇرغان ئەسكەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— توختا! كىمسەن؟

لو شەنزېڭ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى، ئىككى ئاي بۇرۇنقى ۋاقىت بولسا

ئوق يەپ يىقىلغان بولاتتى. لېكىن 1946-يىل 2-ئايدىن باشلاپ ھەربىي ھالەت ئەمەلدىن قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن بىرئاز بوشاپ ئۈچىنچى قېتىملىق پارولغا جاۋاب بەرمىگەنلەرگە ئوق چىقىرىش كېرەكلىكى بەلگىلەنگەنىدى. شۇڭا پوستتا تۇرغان ساقچى ئۆزىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ ئالدىنى توستى. ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم ۋارقىرىشى لو شەنزېڭنى ھوشىغا كەلتۈردى. ئەسكەرنىڭ پارولىغا ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ، بوغۇق ئاۋازدا جاۋاب بەردى. بۇ چاغدا پوستتا تۇرغان ئەسكەرنىڭ مىلتىقىنىڭ ئىستولى ئۇنىڭ (ئۆز خوجايىنىنىڭ) مەيدىسىگە تاقىلىپ بولغانىدى. خوجايىن قورقانلىقىدىن جالاقلاپ تىترەپ، ئاغزى گەپكىمۇ كەلمەي قالدى. شۇ چاغدا پەيدا بولغان نۆۋەتچى ساقچى قول چىراغىنىڭ يورۇقىدا لو شەنزېڭنى تونۇپ پوستقا بۇيرۇق بەردى:

— قورالنى چۈشۈر.

ئەسكەرمۇ لو شەنزېڭنى تونۇپ، سالام بېرىپ يولنى بىكار قىلدى. بۇ ئىش لوشەنزېڭغا ئەلەم قىلدى بولغاي، ئاچچىقىدا ئالدىنى توسقان ئەسكەرنى ئىككى شاپىلاق ئۇرۇپ، ئارقىدىن نۆۋەتچىنىڭ ياقىسىدىن ئالدى:

— سەنلەر كىم بىلەن ئوينىشىۋاتىسەن ھايۋانلار؟

— بىز تونۇماي قاپتىمىز، كەچۈرۈڭ! بىز سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىز بويىچە ئىش قىلدۇق، — دېدى نۆۋەتچى. ئۇنىڭ تىلىنىڭ ئۇچىغا "سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىزچە بولغاندا يۈگۈرگەننى ئاتقان بولساق ياخشى بولاتتى" دېگەن سۆز كېلىپ قېلىپ ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى.

— مەن بۇيرۇق قىلسام مېنى توسامسەن؟

— كەچۈرۈڭ، بىز سىزنى تونۇماي قالغانلىقىمىز ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق.

— ۋۇ خومپەرلەر، سەن ھايۋانلار خام-خىيال قىلىشما. ھەممەڭنىڭ مېڭىسىنى چۈۋۈپ تاشلايمەن، — دەپ ئۇ قولىدىكى تاپانچىنى نۆۋەتچىنىڭ پېشانىسىگە تەڭلىدى. لېكىن يېنىدا مىلتىق تۇتۇپ تۇرغان ئەسكەرگە كۆزى چۈشۈپ، نۆۋەتچىنىڭ ياقىسىنى قويۇۋېتىپ، ئۇدۇل ئىدارىگە كىرىپ كەتتى

ۋە ئالاقزادىلىك ئىچىدە ياتقىنىغا كىرىپ ئىشكىنى ئىچىدىن ئېتىۋالدى. ئۇ كىيىملىرىنى سالمايلا كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ئەپيۈنكەش يې خويمىنىمۇ، نۆۋەتچى بىلەن ساقچىنىمۇ غايىبانىسىگە تىللىدى ۋە ئەلەم ئىچىدە غۇدۇراشقا باشلىدى: „بۈگۈنكى كۈندە ئالقانچىلىك زېمىندە، يەنە كېلىپ يېرىم ياۋايى گادايلارنىڭ يۇرتىدا مەندەك بىر ئۇغۇل بالىغا بىر جالاپنىڭ بويسۇنمىغانلىقىنى، بىر ئۇقۇمىغان قارا قورساق لالما ئەسكەرنىڭ ئەيمەنمەستىن مىلتىق تەڭلىگەنلىكىنى نېمە دەپ چۈشىنىش كېرەك؟ ياكى ئۇلارغا يول كۆرسىتىۋاتقان ئادەم بارمۇ؟ ئەگەر ئادەم بار دېسەك ئۇ كىم؟ توختاپ تۇرۇش، سەن يالاڭتۆش گادايلارنىڭ كۈتكەن ئۈمىدلىرىڭنى بىز يەر بىلەن يەكسان قىلىمىز. ئالدىرىماي تۇرۇش، ھەممەڭگە كۆرسىتىمىز. ھېلىقى جالاپچۇ؟ ئۇمۇ ئالدىرىمىسۇن. لو شەنزىڭ ئۇنچىۋالا بوشاڭ ئادەم ئەمەس. بىز دېگەنچۇ لەنجۇ، شىنئەنلەردە نى-نى سەنەڭ جالاپلارنىڭ پاختىسىنى ئاتقان“ . ئاخىرقى سۆز ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئۈنلۈك چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مېڭىشقا يول تاپالماي ئالاقزادىلىككە چۈشكەنلىكىنى ئەمدىلا چۈشەندى. شۇ ئاخشىمى ئۇنىڭ ئۇزاققىچە ئۇيقۇسى كەلمەي قورقۇنچ ئىچىدە ياتتى.

※ ※

ئۆتكەنكى شاپىلاقتىن كېيىن قاسىم شۆڭگەن بىرەر خىزمەت كۆرسىتىپ باشلىقىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش خىيالىدا كۆپ باش قاتۇردى. ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر بىرەر خوتۇن تېپىپ، باشلىقىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش قارارىغا كەلدى. چۈنكى باشلىق بويتاق. ئۇغۇل بالا دېگەنگە خوتۇندىن باشقىسى بىكار دەپ ئويلايتتى ئۇ. شۇڭا ئۇ چوڭ مەسچىتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشلۇق سادەتخان ئىسىملىك چىرايلىق تۇل ئايالنى ئىزدەپ باردى. لېكىن سادەتخان قاسىمنى ئىنتايىن سوغۇق قارشى ئالدى.

— قاسىم شۆڭگەن، — دېدى سادەتخان چىرايىنىمۇ ئاچماي، — سىز

مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلمەك. "قاغا تول خوتۇننىڭ بېشىدا قاقىلدايدۇ" دېگەن
ئەمسىلنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ مېنى بۇ يۇرتتا يۇرگىلى قويۇڭ.
— ئاڭلىغان، ئاڭلىغان، — دېدى قاسىم ھەجىيىپ، — مېنى خاتا
چۈشىنىپ قالماڭ. مەن جۇيجاڭنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن سىزدىن بىر ئىشنى
قىلىپ بېرىشنى سوراپ كېلىۋىدىم.
— قانداق ئىشنى؟
— جۇيجاڭنىڭ ئايالى يۇرتىغا كەتكەن. شۇڭا ئۇنىڭ يوتقان-كۆرپىسىنى
يۇيۇپ بەرسىڭىز.
ئەسلىدە لو شەنزىڭ خوتۇن-باللىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىگە ئاپىرىۋېتىپ
ئۆزى يالغۇز تۇرۇۋاتاتتى.
— سۆكۈپ ئەكېلىپ بېرىڭ، — دېدى سادەتخان.
— ئانداق دېمەي، ئۆزىڭىز سۆكۈپ ئەكەلسىڭىز. ئەر كىشى دېگەن
پاختىنى مالىماتاڭ قىلىۋەتسە، سىزگە تىكىشمۇ تەس بولىدۇ، — دەپ قاسىم
يالۋۇرۇشقا باشلىدى.
سادەتخان قاسىمنىڭ بۈگۈنكى ئەدەبلىك پوزىتسىيىسى بىلەن سىيلىق
مۇئامىلىسىدىن ئەسرلەندىمۇ ياكى پۇلغا موھتاج بولغاچقىمۇ، ناھايىتى ئەستە
ماقۇل بولدى. بۇ ئايال ئۆزى كەمبەغەل بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ قەدرى قىممىتىنى
بىلىدىغان ئايال ئىدى. بۇ چىرايلىق ئايالنى قولغا چۈشۈرۈشنى ئويلىغانلار
ئۆز ۋاقتىدىلا دەككىسىنى يەيتتى. ئۇنىڭ بۇ پەزىلىتى قولۇم-قوشنىلىرىنىڭ
ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى ئاشۇرغانىدى. قاسىم خېلى بۇرۇنلا بۇ ئايالنىڭ
پېيىگە چۈشكەن بولسىمۇ، قولغا چۈشۈرەلمىگەنىدى. شۇڭا خېلى ئۇزۇندىن
بۇيان بۇ ئايالغا باشقىچە كۆز قاراشتا ئىدى. مانا ئەمدى ئۇ بۇ ئايالنى قۇربان
قىلىش ھېسابىغا خوجايىنى ئالدىدا ئۆز ئابرويىنى تىكلىمەكچى بولدى. قاسىم
قايتىش ۋاقتىدا بۇ ئايالنىڭ ئۇتتۇنى قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئالۋانغا ئەپكەلگەن
ئىككى ئېشەك ئۇتتۇننى چۈشۈرگۈزۈپ بەردى.
— بىـزنىڭ جۇيجاڭ بەك قولى ئۇچۇق ئادەم. سىزنىڭ ئۇتتۇنىڭىز

قالمىغانلىقىنى ئېيتسام دەرھال بۇ ئۇتتۇرنى ئەۋەتتى. كىر يۇيۇش ھەققىگىزنى ئـايـرىـم بـېـرىـدۇ، — دېـدى ئۇ كۆلۈپ تۇرۇپ، — بىزنىڭ جۇيجاڭ كىيىم-كېچەككە بەك دىققەت قىلىدۇ، ئەتە بارغاندا پاكىزرەك كىيىنىۋېلىڭ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سادەتخان خاپا بولدى ۋە يالتىيىۋالماقچىمۇ بولدى. ئۇ يالتىيىۋالسا ماۋۇ ئىككى ئىشەك ئۇتتۇرنى قانداق قىلىدۇ؟ مەيلى بىر گەپ بولار، كىرنى يۇيۇپ بېرىپ قايتىمەن، ھەرگىز پۇل ئالمايمەن دەپ ئويلىدى ئۇ.

سـادەتخاننى ئالداپ "ماقۇل" قىلغان قاسىم شۇڭگەن خوجايىننىڭ قېشىغا كىرىپ تولىمۇ خۇشامەتكۆيلۈق قىلدى. لو شەنزېڭمۇ ئىنتايىن ھىيلىگەر ئادەم بولغاچقا "ئىتنى ئۇرنۇەرسەڭ ئاخىرى چىشلەيدۇ" دېگەن خەلق ماقالىنى ئېسىگە ئالدى-دە، ئۇمۇ ئۆتكەن كۈندىكى ئىشقا پۇشايمان قىلغان قىياپەتكە كـىرىۋالدى ۋە ئۆز ئىتىنىڭ بېشىنى سىيلاۋاتقان ئوۋچىدەك ئۇنىڭ ئائىلە ئىشلىرى، قىيىنچىلىقلىرى ھەققىدە سورىدى.

— رەھمەت، — دېدى قاسىم، — سىزنىڭ سايىگىزدا ھەر جەھەتتىن ياخشى تۇرىۋاتىمەن. بىراق...

— ھە، نېمە بىراق؟ بىرەر ئىش بولدىمۇ؟

— ھـەرگـىـز ئـۇنداق ئەمەس، يۇرتىمىز كىچىك، سىزنى زېرىكىپ قالدىمىكىن دەيمەن.

— نېمە ئامال بار دەيسەن؟!

— ئامال بار. بىز بار يەردە ئامال بار. مەن سىزنى دەپ بىر ئايال تېپىپ قويدۇم.

— كىم ئۇ؟ قەيەردە؟ ماقۇل بولدىمۇ؟ — ئۇنىڭ شەھۋانىي نەپسى تاقىلداپ كەتتى.

— ئىسمى سادەتخان، چوڭ مەسچىتنىڭ يېنىدا ئولتۇرىدۇ. ئەتە كېلىدۇ.

راسـت دېـگـەنـدەك ئـەتـىسى ناشتىدىن كېيىن سادەتخان ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ كىيىۋالغان ئاق شايى كۆڭلەك ئۇنى

ئېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەنىدى. بۇنى كۆرۈپ قاسىم بۇ گۈزەل ئايالنى لو شەنزېڭغا تونۇشتۇرغىنىغا ئۆزى پۇشايمان قىلىپ، ئىچى ئۆرتىنىپ كەتتى. لېكىن ئامال قانچە؟ ئۆزى تاپقان ئىش-دە؟... ئىلاجسىز قالغان قاسىم بۇ ئايالنى لو شەنزېڭنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كىردى ۋە كارىۋات ئۈستىدە يىغىقلىق تۇرغان يوتقان-كۆرپىنى كۆرسەتتى. سادەتخان بېرىپ يوتقاننى تۇتۇشىغا قاسىم چىقىپ كەتتى. سادەتخاننى كۆرۈپ نەپسى تاقىلداپ كەتكەن لو شەنزېڭ ھېچنېمىگە قارىماي ئىشىكنى ئەتتى. بۇنى كۆرۈپ سادەتخاننىڭ پۈتۈن بەدىنى غەزەپتىن تىترەپ كەتتى ۋە قاسىمنىڭ نومۇسسىزلىقىنى چۈشەندى.

— چىرايلىق خېنىم كېلىڭ، — دەپ لو شەنزېڭنىڭ كېلىشىگە سادەتخان ئۇنى ئىتتىرىپ ئىشىككە يۈگۈردى. لو شەنزېڭ ئۇنىڭ كەينىدىن بېرىپ بېلىدىن قۇچاقلاپ كارىۋاتقا باستى.

— ۋايجان قۇتقۇزۇڭلا! — دەپ ۋارقىرىدى سادەتخان ۋە ئېڭىشىپ تۇرۇپ لو شەنزېڭنىڭ قولىنى چىشلىدى.

لو شەنزېڭ ئىشنىڭ بۇنداق بولۇشىنى ئويلىمىغانىدى. بۇ ئىشنى ئەسكەرلەرنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقتى. چۈنكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە مۇشۇنداق ئىشتىن ئۆلۈم ۋەقەسى چىقىدىغانلىقىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى. مۇشۇنداق يامان ۋەزىيەتتە كۆڭلىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، قاسىمنىڭ سۆزىگە كىرگەنلىكىگە پۇشايمان قىلدى.

— بولدى ئاستىراق، — دەپ ئۇ ئايالنى قويۇۋەتتى. سادەتخان ھويلىغا ئېتىلىپ چىقتى. ئۇنىڭ غەزەپتىن رەڭگىدە قان قالمىغانىدى. ئۇ كەينىگە قاراپ:

— سېنىڭ تېگىڭدە ياتقىچە ئۆلگەن ياخشى، — دېدى ۋە ھويلىدا نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى چۈشەنمەي ھاڭۋېقىپ تۇرغان ساقچىلارغا قاراپ ۋارقىرىدى، — قېنى ھېلىقى قاسىم دېگەن سولامچى؟ ئۇ بۇ يەرگە مېنى ئەپكەلمەي ھېلىقى سېتىقچى سىڭىللىرىنى ئەپكەلسۇن...

ئۇ خۇددى يەرنى ئۆيۈۋېتىدىغاندەك دەسسەپ، نومۇستىن يۈزىنى ئېتىۋېلىپ كوچىغا ئۆزىنى ئاتتى. ساقچىلار بىر بۇ ئايالغا، بىر لو شەنزېڭنىڭ

ياتقى تەرەپكە قاراپ هەيران بولۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى هېيتەك دېگەن ساقچى ئۇنلۇك ئاۋازدا:

— هەي بىزنىڭ بۇ تۇرمۇشىمىزدىن كۆرە، پېگودەك بىر پارچە نىننىڭ بولسا، ئاشۇنداق خوتۇن بىلەن ئۆي تۇتساڭ ئۇماچ ئىچسەڭمۇ هەسەل تېتىيتتى، — دېدى.

⁂ ⁂

ئۇ ئېغىر خىياللار بىلەن تاڭ ئاتار چاغدا ئۇخلاپ قالدى. ئۇ چۈش كۆردى. چۈشىدە ئادەتتە ئۆزى كىيىپ يۈرۈيدىغان ۋە بەكمۇ ياقتۇرىدىغان ساقچى فورمىسىنى كىيىپ، بىر تىنك قىيادا تۇرغىدەكمىش، كىيىملىرى بىرئاز پۇرلاش ۋە داغ، ئۇ يەر-بۇ يەرلىرى كۆيە يېگەندەك تۆشۈك تۇرغىدەكمىش، ئاپلا، بۇ كىيىملەر تۇنۇگۈنلا تاپتازا ۋە ساپساق ئىدى، بۇگۈن نېمە بولغاندۇ؟ ئۇ كىيىملىرىنى قوللىرى بىلەن سىيلاپ قانچە تەكشىلىسىمۇ، پۇرلانغان جايلار تەكشىلەنمىگۈدەكمىش، ئۇ ئۆيگە قايتىپ دەزمال سالاي دەپ ماڭغىنىدا، ئالدىنى ياش ۋە قاۋۇل بىر ئادەم توسۇپ:

— كىچىكتىنىڭ ئاغىنە، دەزمال سىلىش هاجەتسىز، پۈتۈنلەي بولغاندىك. ئەمدى هېچنەرسىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيسەن، — دېگۈدەكمىش.

— قوي ئانداق گېپىڭنى، بىز هەممىنى يالماپ يۇتۇۋېتىمىز. ئۆزۈڭ كىم؟ نېمە ئادەم؟

— مەن هۆرلۈك ئىلاهى، كونا دۇنيانى گۇمران قىلغۇچى، يېڭى دۇنيانىڭ ياراتقۇچىسى.

— هە؟... — دەپ قورققىنىدىن كۆزى چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دېگەن لو شەنزېڭ بېلىدىكى تاپانچىنى ئېلىپ ھېلىقى يىگىتنى ئېتىۋەتمەكچى بوپتۇدەكمىش. لېكىن تاپانچىدا ئوق بولمىغاچقا، تاپانچا ئېتىلمايمىش. بۇنى كۆرۈپ يوچۇن ئادەم بىر مۇشت ئاتقانىكەن، لو شەنزېڭ تىنك قىيادىن دەرياغا

نىڭ موللاق چۈشۈپ كېتىۋېتىپ:

— ۋايــجــان قۇتقۇزۇڭلا، — دەپ ۋارقىراپ كېتەرمىش. لوشەنزېڭ ئويغىنىپ كەتتى. قارىسا چۈشى، پۈتۈن بەدىنىنى قارا تەر بېسىپ كېتىپتۇ. ئۇ ياستۇق ئاستىدىكى تاپانچىنى ئىزدەپ تېپىپ، تىترەپ تۇرۇپ چىراغنى ياقماقچى بولدى. شۇ چاغدا لو شەنزېڭنىڭ سەت ۋارقىرىشىنى ئاڭلىغان نۆۋەتچى ئىشىكنى ئۇرۇشقا باشلىدى. لو شەنزېڭ قورققانلىقىدىن سەرەڭگىنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى.

— كىم؟ — دېدى ئۇ ئىنتايىن تەستە.

— مەن نۆۋەتچى. نېمە ئىش بولدى جۇيجاڭ جانابلىرى؟

— ھېچنېمە، بىر يامان شەپە ئاڭلاپ قالدىم، — دەپ يالغان ئېيتتى ئۇ، — دەرھال ئەتراپنى ئاختۇرۇڭلا. لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى قورقۇنچنى نۆۋەتچى سەزمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن ساقچى ئىدارىسى پاتپاراق بولۇپ كەتتى. لو شەنزېڭ بولسا ناھايىتى كۆپ ئاۋارە بولۇپ، سەرەڭگىنى تېپىپ چىراغنى ياقتى. ھازىرمۇ ئۇنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ تۇراتتى. ئۇ خېلى ئۇزاق ئولــتــۇرغــانــدىــن كــېــيــىــن، ئۆزى تەييارلىغان كومېدىيىنى قول ئاستىدىكىلەرنىڭ قانداق ئۇرۇنلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتى ۋە تاڭ ئاتقۇچە كۆز يۇممىدى. "چۈشەنگىلى بولمايدىغان يۇرت، چۈشەنگىلى بولمايدىغان خەلق. جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي بىلەن بەش يىل ئۇرۇشقان. ياڭ مىڭجونى[1] ئۆلتۈرگەن. ھازىر قوزغىلاڭچىلار قاغىلىققا كەپقالدى. بۈگۈن بولمىسا ئەتە بــىــزنــىــمــۇ..." دەپ ئويلايتتى ئۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ياڭ مىڭجونى قوغلاپ كېتىۋاتقان ئاتلىق دېھقان قوزغىلاڭچىلارنىڭ سىيماسى غىل-پال كۆرۈنگەندەك بولدى. يەنە ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈكۈرلىگەن ئاۋازى.. ئۇ راسا قۇلاق سېلىپ تىڭشىغاندى، بىر يەردە چاشقان كىتىرلاۋاتاتتى.

---

[1] ياڭ مىڭجو — قارا شەھەر ۋالىيسى. شېڭ شىسەينىڭ پەرمانى بىلەن 1934-يىلى 8-ئايدا دېھقانلار قوزغىلىڭىنى بېستۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن. قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىدىن ئابدۇكېرىم ئەلەمگە "سىزگە ۋالىيلىقنى ئۆتكۈزىمەن" دەپ بىر دانە ياغلىق ئەۋەتكەن ۋاقىتتا ئەۋەتكەن ئىدى. ئەمما ئەسكەرلىرى قوزغىلاڭچىلار ئىچىگە بۆلگۈنچىلىك سالغان. شۇ يىلى 10-ئاينىڭ 29-كۈنى قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

ئۇ: ”قورقۇنچلۇق، ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق“ دەپ ئېغىر خورسىنىپ قويدى.

ئۇ ئۆيىگە قايتىپ ئىشكىنى ئىچىدىن ئېتىۋالدى.

ئۇ ئەتىسى خۇددى مەست ئادەمدەك ئورنىدىن تۇردى. پۈتۈن ئاغزى-بۇرنىنى قوقاق قاپلاپ كەتتى. بېشىنى سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇپ، ناشتا قىلىشقىمۇ كۆڭلى تارتماي سائەت ئونلاردا يى خۇيمىننى ئىزدەپ كەتتى.

## توققۇزىنچى باب

# مەجبۇرىي نىكاھ

ئادەملەر ئۇچۇن مۇقەددەس ۋە بۈيۈكلۈككە
ئۆزلىرىنىڭ ئىپلاس قاراشلىرىنى ۋە پىكىرلىرىنى
چاپلاپ، ئۆز ئاجىزلىقلىرىنىڭ ئەلمىنى
ئېلىشتىنمۇ بەك يىقىملىق نەرسە يوق.
— بېلىنسكىي

ناھىيىلىك پىرقىنىڭ شۇجىجاڭى يى خۇيمىن لوشەنزىڭنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خىزمەتچىنى چاقىرىپ سەنيىخۇيىنىڭ يىجاڭى سادىق موللىنى چاقىرتىشنى بۇيرىدى. سادىق موللا ئېگىز بويلۇق، كۆزلىرى چوڭ، بۇرنى ئىلپىتەك چىرايلىق ئادەم ئىدى. ئۇ كىچىك چېغىدا خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغان. كونا ھۆكۈمەتتە ئۇزۇن ۋاقىت خىزمەت قىلغان. 1946-يىلدىن باشلاپ سەنيىخۇيغا يىجاڭ بولغان. شۇنداق بولغاچقا خەنزۇلار بىلەن بىمالال

سۆزلىشەلەيتتى. ھايال بولمايلا سادىق موللا كىرىپ، يى خوۋيمەنگە سالام بەردى. يى خوۋيمەن سادىق موللىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن:
— سادىق موللا ئىجاك، سىز بىلەن قىلىشىدىغان بىر مەسلىھەتىمىز بار ئىدى، — دېدى.
— خىزمەتلىرىگە تەييارمەن، — دېدى سادىق موللا ، — دۆلەت ۋە پىرقە ئۈچۈن جېنىمىز پىدا.
— مۇنداق ئىشتى. مۇئاۋىن ھاكىم مامۇتخان بويتاق بولغاچقا تۇرمۇشتا قىيىنلىپ قېلىۋاتىدۇ. شۇ كىشىنى ئۆيلەپ قويساق دېگەن مەسلىھەت بىلەن سىزنى بۇ يەرگە چاقىرتقانىدىم، بويتاقچىلىقنىڭ يامانلىقىنى ئۆزىڭىز ئوبدان بىلىسىز.
— ئۇغۇ شۇنداق شۇجىجاڭ جانابلىرى، لېكىن بۇ ئادەمگە غەمخورلۇق قىلىش نېمىشقا ئەسلىرىگە كېلىپ قالدىكىن؟! مەن ئۇنى، — سادىق موللا ئەتراپقا نەزەر سېلىپ چىقتى ۋە ھېچكىم يوق ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەندىن كېيىن تولىمۇ پەس ئاۋازدا مۇنداق دېدى، — مەن ئۇنى "ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ تەرەپدارىمىكىن" دەپ ئويلايمەن.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ يى خوۋيمەن بىلەن لوشەنزېڭ ئۆزئارا كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالدى.
— بىز ئەزەلدىن كىشىلەرگە بەكمۇ غەمخورلۇق قىلىمىز، — دېدى يى خوۋيمەن، — ئەگەردە غەمخورلۇقنى بىلمىسە ئۇمۇ ھەر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى. مۇئاۋىن ھاكىم بۇ يەرگە كەلگىلى ئىككى يىلدىن ئاشتى. شەھەر كىچىك، تۇرمۇش قىيىن. بولۇپمۇ بويتاقلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. بىر مۇئاۋىن ھاكىم تاماقنى ئۆزى ئېتىپ يېسە، كىرنى ئۆزى يۇسا ياخشى بولماس. بۇنىڭغا سىز بىلەن بىز قاراپ تۇرالامدۇق؟! قانداق دەيسىز؟
— شۇنداق، شۇنداق، ئۆزلىرى بەكمۇ ئەتراپلىق ئويلاپلا.
— مۇئاۋىن ھاكىمغا ھېسامىدىن بەگنىڭ يالغۇز قىزىنى ئېلىپ بەرسەكمىكىن دېيىشىۋاتىمىز. ھېسامىدىن بەگ ھۆكۈمىتىمىزنىڭ سادىق

پوقراسى. ئۇ بىزنىڭ تىلىكىمىزنى يەردە قويماس، دەپ ئويلايمىز.

— شۇنداق، شۇنداق بولمامدىغان، ھېسامىدىن بەگ ھۆكۈمەتكە بەك سادىق. ئۇنىڭ نەنجىڭگە بېرىپ، جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ جانابلىرىنى زىيارەت قىلىپ كېلىش ئارزۇسىمۇ بار.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قالغان ئىككىسى يەنە بىر قېتىم كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالدى. يى خۇيمىننىڭ رەڭگىدىن "توغرا تاللاپتۇق، مامۇتخاننى ھەم ھېسامىدىن بەگنىڭ، ھەم ساقچىنىڭ نازارىتىدە تۇتساق مەقسەتكە يېتىمىز" دېگەن ئىپادە چىقىپ تۇراتتى. لو شەنزىڭنىڭ رەڭگىدىن "مەن بولمىسام سەن ئەپيۇنكەشنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كېلەتتى" دېگەن ئىپادە چىقىپ تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار بىر-بىرىدىن سىر يوشۇردى. يى خۇيمىن سۆھبەتنى داۋاملاشتۇردى.

— شۇنداق بولغاندىن كېيىن، يىجاڭ ئەپەندىم، ئاۋۋال مۇئاۋىن ھاكىمغا ئۆز نامىڭىزدىن بۇ ئىشنى ئېيتىپ ماقۇل كەلتۈرۈڭ. ئارقىدىن ھېسامىدىن بەگنى ماقۇل كەلتۈرۈڭ، ئەگەر بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىسىڭىز ھۆكۈمەت ئالدىدىكى ئابرويىڭىز تېخىمۇ ئاشىدۇ.

— باش ئۈستىگە، — دېدى سادىق موللا، — پىقىر بۇ ئىشنا ئالاھىدە كۈچ چىقىرىمەن.

— ئەمىسە مۇشۇ تويغا سىزنى باش قىلدۇق. توي قانچە بالدۇر بولسا شۇنچە ياخشى. پۇل يەتمىسە بىز مەسئۇل. قالغان نەرسىلەرنى پۇقرالاردىن ئۈندۈرۈڭلار، ئۇقتىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ "ئۈندۈرۈڭلار" دېگەن سۆزنى ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن ئېيتىپ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار سادىق موللىغا رۇخسەت بەردى. سادىق موللا ئورنىدىن تۇرغاندا شۇ چاغقىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئولتۇرغان لو شەنزىڭ:

— يىجاڭ جانابلىرى، بۇ يەردىكى گەپ-سۆزلەر مۇشۇ يەردىلا قالسۇن. بىزنىمۇ ئاغزىڭىزغا ئالماڭ، — دېدى.

— ئەلۋەتتە مۇشۇ يەردىلا قالىدۇ، خاتىرجەم بولۇشسىلا، — دەپ سادىق موللا چىقىپ كەتتى. لېكىن سادىق موللا قانچە ئويلاپمۇ يى خۇيمىن بىلەن

لـو شـەنـزېـڭنىڭ مامۇتخاننى ئۆيلەپ قويماقچى بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمىدى.

※ ※

مامۇتخاننى ئۆيلىنىشكە كۆندۈرۈش سادىق موللىغا ئاسانغا چۈشمىدى. سادىق موللىنىڭ شۇنچە كۆيۈپ-پىشىپ قىلغان سۆزلىرى ۋە ۋەز-نەسىھەتلىرىگە ئۇ:

— كۆيۈنگەنلىرىگە رەھمەت، ھازىرچە ئۆيلەنمەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

— بىز ۋە ھەرقايسى يۇرت چوڭلىرى ھايات تۇرۇپ، سىلىدەك يۇرت ئاتىسىنىڭ بويتاق ئۆتۈشى ياخشى ئەمەس، — دېدى سادىق موللا. لېكىن مامۇتخان يەنىلا ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇنۇگۈن قۇتلۇق كىرىپ:

— بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن يى خۇيمىن، لوشەنزېڭ، سادىق موللا ئۈچەيلەن خېلى ئۇزاق بىر ئىشنى كېڭەشتى، — دەپ خەۋەر بەرگەنىدى. شۇڭا ئۇ سادىق موللىنىڭ ئۆزىگە قىلغان غەمخورلۇقىدىن گۇمانلاندى، شۇنداقلا يېقىندا سادىق موللا بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر ۋەقە سادىق موللىنىڭ ئۆزىگە خالىس گەپ قىلىشىنىڭ ناتايىنلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. شۇ ۋەجىدىن سادىق موللا قانچە كۆپ قىستىسا مامۇتخان شۇنچە كۆپ گۇمانلاندى. مامۇتخاننىڭ كۆز ئالدىدىن بۇندىن ئىككى ئاي بۇرۇن بولغان بىر ۋەقە كەتمەيتتى. ئۇ قار ئۇچقۇنداپ ئىنتايىن سوغۇق بولغان شـۇۋىرغانلىق بىر كۈن بولۇپ، قۇياش جاھاننى خىرە يورۇتۇپ تۇراتتى. مـامـۇتخان ئۆز ئىشخانىسىدا زامانىنىڭ زۇلۇمى، تەبىئەتنىڭ رەھىمسىزلىكى، خـەلقنىڭ بەختسىز ھاياتى ھەققىدە خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى. ناھىيىلىك پىرقىنىڭ بىر خىزمەتچىسى كىرىپ يى خۇيمىننىڭ چاقىرتۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

مـامـۇتخان بارغان چاغدا ناھىيىلىك پىرقىنىڭ ئالدىدا بەش دېھقان

باغلاقلىق تۇراتتى ۋە يەنە يى خۇيمىن، سادىق موللا، بىر باۋجاڭ ھەم بىرنەچچە خىزمەتچى، يايىلارمۇ بار ئىدى. سادىق موللا ھەدەپ دېھقانلارنى تىللاۋاتاتتى.

يى خۇيمىن مامۇتخاننى كۆرۈپ:

— مۇئاۋىن ھاكىم، مۇنۇ گادايلار غەللە-پاراقنى تۆلىمەيمۇ، قانداق قىلىمىز، — دېدى.

مامۇتخان دېھقانلاردىن نېمە ئۈچۈن غەللە-پاراقنى تۆلىمىگەنلىكىنى سورىغانىدى، ئۇلار يىغلامسىراپ تۇرۇپ، بوغدايغا دان سۈيى كىرمەي تۇرۇپلا قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى، شۇنداقتىمۇ ئۆزلىرىدە بار ئاشلىقنى غەللە-پاراققا بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى ۋە:

— ھازىر بالا-چاقىلىرىمىز ئاچ قېلىۋاتىدۇ. ئەتىيازلىققا قانداق قىلارمىز؟ — دېيىشتى.

— ئەتىيازلىققا قانداق قىلاتتىڭ، ئۆل، — دېدى سادىق موللا.

— ئاشلىقى بولمىسا نېمە ئامال بولسۇن، — دېدى مامۇتخان يى خۇيمىنگە. ئارقىدىن سادىق موللىغا قاراپ دېدى، — دېھقان ئۆلسە بىزنى كىممۇ باقار؟ كىمگىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلارمىز؟

يى خۇيمىن دېھقانلارنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرغان-ئاختۇرمىغانلىقىنى سورىغانىدى. باۋجاڭ:

— ھەممە جايىنى ئاختۇردۇق. لېكىن ھېچنەرسە تاپالمىدۇق، — دېدى.

ئەمما سادىق موللا يەنە گەپكە ئارىلاشتى.

— بۇ گادايلار ئاشلىقنى سىلەر تاپالىغۇدەك يەردە قويمايدۇ. ئۆيلىرىنىڭ تېگىنى پۈتۈنلەي قېزىش كېرەك. ئاشلىقنى تاپقىچە قاراڭغۇ ئۆيگە سولاش كېرەك، — دېدى.

— سىز نېمە دەيسىز؟ — دەپ يى خۇيمىن مامۇتخانغا قارىدى.

— شۇمۇ گەپمۇ؟! — دېدى مامۇتخان، — ئاشلىقنىڭ يوقلۇقىنى گۇۋاھچىلار ئىسپاتلاپ تۇرسا، بۇلارنى سولاپ قويغاننىڭ كىمگە پايدىسى؟! بۇنداق كىشلەرنى دۆلەت قوغدۇشى كېرەك ئىدى. بۇ خۇددى

«ئۆلكەنىڭ ئۈستىگە تەپكەن» دەك ئىش-دە، — دەپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى. ھېلىقى دېھقانلار ئۆز تەرىپىنى ئالغان مۇئاۋىن ھاكىمغا مېھرى مۇھەببەت بىلەن قاراپ قالدى. سادىق موللا بولسا يى خۇيمىنگە:
— كۆردىڭىزمۇ ئۇنىڭ ئەلپازىنى. مۇشۇنداق بىر ۋاقىتتا يالاكچىلەرنىڭ تەرىپىنى ئېلىش «ئىلى ئوغرىلىرى» بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن بولشېۋىكلارنىڭ ئىشى، — دېدى.
ئۇلار ئامالسىز دېھقانلارنى قويۇۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن دېھقانلار ئارىسىدا ياش مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى ھەققىدە خېلى گەپ-سۆزلەر تارقالدى. شۇڭا مامۇتخان سادىق موللىدەك ئادەمنىڭ ئۆزىگە غەمخورلۇق قىلىشى، خۇددى تۈلكىنىڭ توخۇغا غەمخورلۇق قىلمەن دېگىنىدەك بىر ئىش دەپ چۈشەندى.
سادىق موللا ئامالسىز قالدى. «ئىنەك ئۇنىمىسا پۇتىنى چۈشە، بۇقا ئۇنىمىسا نېمە ئامال» دېگەن شۇ-دە، دەپ ئويلايتتى ئۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھىيىلىك پىرقىدىن بۇ ئىشنى ھەر كۈنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇراتتى. سادىق موللا ئۆزىنى يى خۇيمىن بىلەن لو شەنزېڭنىڭ «نان قېپى» دەپ ئەيىبلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، كېچە-كۈندۈز پىكىر-خىيالى مۇشۇ ئىش ئۈستىدىلا بولدى. خۇددى پۇتى كۆيگەن توخۇدەك بىر يەردە تۇرالماي ھېلى ئابلىز قازى ئاخۇنۇمنىڭكىگە يۈگۈرسە، بىردەمدىن كېيىن يۈسۈپ ئەلەمنىڭ ئىشكىدە پەيدا بولاتتى. بىردەم ئېزىز ھاجىنىڭ مېھمانخانىسىدا ئولتۇرسا، ئارقىدىن ئىمىن ھاجىنىڭ سودا ئورنىدا پەيدا بولاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ يۇرت چوڭلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆيلىرىنى زىيارەت قىلىپ چىقتى. لېكىن مامۇتخان يەنىلا بىرلا سۆزدە چىڭ تۇردى.
— ھازىرچە ئۆيلەنمەيمەن، پۇل يوق، — دەپ باھانە كۆرسىتىۋەردى. بۇ ناھىيىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئاتۇشلۇق مەرىپەتپەرۋەر سودىگەر ئىمىن ھاجىم شەيتان دەرھال مەيدىسىگە ئۇرۇپ:
— پۇل مانا مەندە بار، بىز بىر قەشقەرلىك، پۇلنى ئادەم تاپىدۇ، —

دېدى.

— بىر يۇرت ئاتىسىنىڭ بوينىدىن تۇرۇپ يۇرت سورىشى جايىز ئەمەس، دەپ پەتىۋا چىقاردى شەرئەت ئەھلى.

ماموتخان ھەقىقەتەن ئامالسىز قالدى. «سالاغا كاجلىق قىلغان گۆرگە پاتماپتۇ» دېگەن خەلق ماقالىمۇ بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىمىن ھاجىمنىڭ ئارىغا كىرىشى ماموتخاننى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇردى. چۈنكى بۇ ئىككىيلەن ئۇرۇمچىدە شىڭ شىسەيى تۈرمىسىدە تونۇشقان بولۇپ، ماموتخان بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئاتا-بالىدەك بولۇپ قىلىشقانىدى. بۇ تويىنىڭ مەقسىتىنى سادىق موللىنىڭ بىلمىگىنىدەك ئىمىن ھاجىمۇ بىلمەيتتى. شۇڭا ئۇ ياخشى كۆڭۈل بىلەن ماموتخانغا نەسىھەت قىلىپ، سالاگەرچىلىك قىلدى. ئاخىر ماموتخان «ماقۇل» دېيىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداقلا سادىق موللا ئاستىرتىن يول مېڭىپ ھېسامىدىن بەگكە يول كۆرسەتتى. ھېسامىدىن بەگمۇ بۇ تويىنى ئۆز ئابرويىنى تىكلەشنىڭ پۇرسىتى دەپ بىلدى ۋە ماموتخاننىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— مەن قىزىمنى ئۆزلىرىگە تۇتتۇم، — دېدى.

— ھەممەتلىرىگە ھەشقاللا. ھازىرچە تەييارلىقىم يوق. تويىنى كېيىنچىرەك قىلساق، — دېدى ماموتخان قىسىلغان ھالدا.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى، پۇل دېگەن مانا بىزدىن، — دېدى ھېسامىدىن بەگ بىلەن سادىق موللا ھەر ئىككىسى تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ قول باغلاپ تۇرغان ھالدا. ماموتخان گەپ-سۆز قىلمىدى. بۇنى ئۇلار «رازىلىق» دەپ چۈشەندى. سادىق موللىنىڭ ئۈستىدىن تۇگمەن تېشى چۈشۈپ كەتكەندەك يېنىكلەپ قالدى.

※ ※

سادىق موللا ماموتخاننىڭ «ماقۇل» لۇق جاۋابىنى ئالغاندىن كېيىن، يى

خۇيمىنغا خەۋەر قىلىشقا ئالدىرىدى.

— ياناللا، ئۇنىڭغا خوتۇن ئېلىشنى ماقۇل كەلتۈرمەك شەھەر ئالماق بىلەن تەڭ ئىش بولدى، — دېدى يى خۇيمىن سادىق موللىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، لېكىن كۆڭلىدە "بىزنىڭ پىلانىمىزنى بىلىپ قالدىمۇ نېمە؟" دەپ ئويلايتتى.

— شۇنى دېمەمدىغان، رەسىدە بولغان قىزدىنمۇ بەكرەك نازلىنىپ كەتتى.

— شۇنداق، بىزنىڭ غەمخورلۇقىمىزنى كېيىن بىلىپ قالىدۇ، — دېدى يى خۇيمىن.

سادىق موللا بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىدى، — ئەته كېلىڭ، توي راسخوتىنى سۆزلىشەيلى.

— بولىدۇ، ئەته كېلەي، — دەپ سادىق موللا چىقىپ كەتتى.

شۇ ئاخشىمى تۈن نىسپىدىن ئاشقان چاغ. ساقچى ئىدارىسىنىڭ رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى كىچىك ئۆيدە ئۈچ ئادەم ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان جوزىنى چۆرىدەپ ئولتۇراتتى. جوزا ئۈستىدە ئىككى قوتا يەرلىك ئۈزۈم ھارىقى، بىرنەچچە تەخسىدە ھەر خىل سەي، كاۋاپ، توخۇ گۆشى، يەل-يېمىش تۇراتتى. دېرىزىلەرگە پوتۇنلەي قارا پەردە تارتىۋېتىلگەن بۇ ئۆينى گازۋاي لامپا خۇددى كۈندۈزدىكىدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى. ئولتۇرغانلار چەككەن تاماكا تۈتۈنىدىن ئۆي ئىسقا تولغانىدى. شۇڭا ئۇلار تاشقىرىقى ئۆينىڭ ئىشىكىنى مەھكەم ئېتىپ، ئارىلىقتىكى ئىشىكنى ئېچىپ قويۇشقان ۋە تاشقىرىسىدا ساقچى ئىدارىسىنىڭ مەخپىيەتلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدارى جاڭ بىگزەينى پوستا تۇرغۇزۇشقانىدى. قاسىم ئۆينى ئايلىنىپ بىر يەردە تۇرماي چۆرگىلەپ يۈرەتتى. ئۆينىڭ ھاۋاسىنى ئوتى ئۆچەي دەپ قالغان مىش تەڭشەپ تۇراتتى. جوزا ئەتراپىدىكىلەر ئالدىدىكى رومكىلارغا قۇيۇلغان ھاراقتىن ئوتلاپ، تەخسىدىكى نەرسىلەرگە ئېغىز تەگكەچ سۆھبەتلىشىپ ئولتۇراتتى. بۇ ئاددىي ئولتۇرۇش بولماستىن، مۇئاۋىن ھاكىم مامۇتخان بىلەن ھېسامىدىن

بەگنىڭ قىزى گۈلسۈمخاننىڭ تويىنىڭ "مەسلىھەت چېيى" ئىدى. ئۇلار بۇ "چاي"غا بەكمۇ ئەھمىيەت بەرگەندەك كۆرۈنەتتى.

بىزدە بىرمۇنچە مۇسادىرە قىلىنغان رەخت بار. كىيىم-كېچەككە شۇنىڭدىن خالىغىنىنى تاللىسۇن. يەتمىسە سودىگەرلەردىن ئالىمىز. گۆرۈچنى كارۋانلاردىن مۇسادىرە قىلىمىز. قوي، كالىنى قانچە كەتسە پۇقرالاردىن يىغسۇن. بۇنىڭغا ھېسامىدىن بەگنىڭ ھوقۇقى بار، — دېدى لو شەنزېڭ.

— يەنە نېمە قالدى دۇسا؟ — دەپ سورىدى يى خۇيمىن، — بىز ئۇيغۇرلارنىڭ توي ئىشلىرىنى ئوبدان بىلمەيمىز.

— مۇھىم نەرسىدىن ئالتۇن زىرە، ئالتۇن ئۈزۈك قالدى، — دېدى مۇدۇسا.

— قانچىلىك كېتەر؟ — دېدى يى خۇيمىن.

— ھەممىسىگە بەش مىسقال.

يى خۇيمىن بىلەن لو شەنزېڭ "قانداق قىلىمىز" دېگەندەك قىلىپ ئۆزئارا كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالدى.

— ئەتە مۇدۇسا بېرىپ زەرگەرگە بۇيرۇتسۇن، — دېدى لوشەنزېڭ، — جىقراق كەتسىمۇ مەيلى.

— توغرا، مەن ھېسامىدىن بەگ بىلەن كۆرۈشمەن. ھەممە چىقىمنى ئۆزى قىلغان بولۇپ كۆرۈنسۇن، — دېدى يى خۇيمىن، — بىز پەقەت مېھمان سۈپىتىدە بارىمىز. يەنە بىر ئىش، سادىق موللا تويغا يالغۇز يېتىشەلمەيدۇ. كىمنى قوشۇمىز؟

— بىزدىن ئادەم قوشۇشقا بولمايدۇ. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىكى خادىملاردىن ئاجرىتىڭ، — دېدى لو شەنزېڭ، — شۇلارنىڭ ئارىسىغا خالىقنى قوشۇپ قويۇڭ. ئۇ ھېسامىدىن بەگنىڭ قوشنىسى.

— خالىق دېگەن كىم؟ — دەپ سورىدى يى خۇيمىن.

— بىزنىڭ "يولۋاس" — دېدى مەنىلىك قىلىپ لوشەنزېڭ، —ئەسلىدە ھېسامىدىن بەگ قىزىنى ئۇنىڭغا بەرمەكچىدى. ئەمدىزە ئىككى

رەقىب بىر داستىخاندا ئۇچرىشىدىغان بولدى. ھا... ھا... ھا...

— ياخشى گەپ، ئەمىسە شۇنداق كېلىشتۇق، — دېدى يى خۇيمىن، — ھېسامىدىن بەگ بۇ توينى "ئۈز پۇلى"غا قىلىپ، قىزنى ئەرگە بېرىدۇ.

— بىز ئەلۋەتتە ماۋتىخاننى ئۆز خوتۇنىنىڭ قولى بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرىمىز ۋە يولداشلىرىنىمۇ ھا... ھا... ھا، — دەپ كۈلدى يى خۇيمىن،

— ئۇ چاغدا جۇيجاڭ ئەپەندىم، دۆلەت ۋە پىرقە سىزنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ.

— ئىشىمىزنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى، — دېدى لوشەنزېڭ.

— كۆتۈرەيلى!

ئۇلار رومكىلارنى سوقۇشتۇرۇپ ئىچىشتى. خېلىلا كەيپ بولۇپ قالغان يى خۇيمىن خېلىدىن بېرى يەپ-ئىچىپ گەپ قىلماي ئولتۇرغان مۇدۇسانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— قانداق دۇساجاڭ، گەپ قىلمايسىزغۇ؟ ياكى بىزنىڭ گېپىمىز سىزگە ياقمىدىمۇ؟

— مەن ھۆكۈمەت ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ ساداقەتمەنلىكىمنى ئىسپاتلىغان. مەن پەقەت بۇيرۇقنىلا كۈتۈپ تۇرىمەن. بۇيرۇسىڭىز ھازىرلا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بوغۇپ ئۆلتۈرىمەن، — دېدى مۇدۇسا.

— ياخشى، ياخشى، ئاز كۈندە ئۆزىڭىزنىڭ قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرىسىز.

— بۇيرۇقىڭىزنى ئورۇنداشقا تەييارمەن شۇجىجاڭ جانابلىرى.

— ئاخىردا يەنە بىر سۆز، — دېدى يى خۇيمىن، — ھېلىقى بىرقانچە مۇناپىقنىڭ قاچقىنى بىزنىڭ ئابرويىمىزنى تۆكتى. ئۇچىنچى ئاتلىق ئەسكەرلەر روتىسىدىن ناھايىتى ئەندىشە قىلىمەن. خالەنجاڭ①بىزگە سادىق بولسىمۇ،

---

①خالەنجاڭ — ئەسلى ئىسمى مەممەتخان. خەنزۇچە ئىسمى خايكشۇاڭ. ئىككى قولى بىگۇناھ پۇقرالارنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بويالغان جاللات. گومىنداڭ ئارمىيىسىدە روتا كوماندىرى بولغان.

لېكىن بۇ بېرنېمىلەرگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. جاسۇسلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئەسكەرلەرنىمۇ قاتتىق نازارەت قىلىڭلار. ۋاقتى كەلگەندە ھەممىسگە تەدبىر قوللىنىمىز.

— ماقۇل، بۇيرۇقىڭىزنى ئىجرا قىلىمەن، — دېدى لوشەنزېڭ.

"مەسلىھەت چېيى" تۈگىدى. ئۇلار ئەمدىلا تارقالماقچى بولۇۋىدى، جاڭ بىگزەي ھاسىراپ كىرىپ كەلدى ۋە قولىدىكى بىر ۋاراق قەغەزنى لوشەنزېڭغا سۇنۇپ:

— بۇنى كوچا چارلىغۇچىلار تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىغا چاپلانغان يەردىن تېپىۋاپتۇ، — دېدى.

قەغەزدىكى شىلىم تېخى قۇرۇمىغانىدى. شۇڭا لوشەنزېڭنىڭ قولىغا چاپلىشىپ تۇراتتى. ئۇ قەغەزنى مۇدۇساغا سۇندى:

— ئوقۇڭ.

— "جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىنقىلابنىڭ يېڭى دولقۇنىنى كۈتۈۋالايلى" — دەپ ئوقۇدى مۇدۇسا، — "تاشقورغاندىن قاغىلىققىچە گومىنداڭ ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولدى. ھەممە جايدا قاچ-قاچ باشلاندى..."

يى خۇيمىن مۇدۇسانىڭ قولىدىكى قەغەزنى يۇلۇپ ئېلىپ پارە-پارە قىلىۋەتتى ۋە ئالدىدىكى جوزىغا مۇشتۇمى بىلەن شۇنداق قاتتىق ئۇردىكى، جوزىدىكى قاچا-قۇچىلار جاراڭشىپ كەتتى، جوزا سىلكىنىپ بوتۇلكا ئۆرۈلۈپ، بوتۇلكىدىكى ئېشىپ قالغان ھاراق تۆكۈلدى، ئۇنىڭ ھاراقنىڭ سېسىق پۇرىقى قاپلاپ كەتتى.

— ماڭا ۋاراقچە ئەمەس، جىنايەتچى كېرەك، ئۇقتۇڭمۇ، جىنايەتچى...

ئۇنىڭ رەڭگى تولىمۇ سەتلىشىپ كەتكەنىدى. شۇڭا جاڭ بىگزەي ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ كەتتى. لو شەنزېڭ يى خۇيمىنغا تەسەللى بەردى:

— چېچىلماڭ شۇ جىجاڭ. بىز ئۇلارنى چوقۇم تۇتىمىز.

— قاچان؟ مەن ئۆلكەندىمۇ؟ ئۇلار ناھايىتى تەستە يى خۇيمىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى. ئۇلارنى يولدا پاترۇللار توختىتىپ تەكشۈردى.

※ ※

مامۇتخانىنىڭ مەيلىگە باقمىغان توي داۋام قىلماقتا ئىدى. بۇ تويدا ھەممە ئادەم خۇشالدەك كۆرۈنسىمۇ، كۆيمۇغۇل ئۆزىنى خۇددى مۇسىبەتتە ئولتۇرغاندەك ھېس قىلاتتى. يۈرىكى بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك سىقىلاتتى. ئەبىئەتمۇ بۇ تويغا ئاچچىقى كەلگەندەك بىردەم تەتۈر شامال چىقىرىپ قويۇن پەيدا قىلىپ، ئارقىدىن قارا بۇلۇتلار يامغۇر تامچىلىرىنى كۆز يېشىدەك تامغۇزدى. ئەتىياز ۋاقتى بولغاچقا يامغۇر ئۇزاق ئۆتمەي مۆلدۈرگە ئايلىنىپ، ئادەملەرنى ئالدىرىتىپ قويدى. ئاش ۋاقتىدىن كېيىن ھاۋا ئاستا-ئاستا ئېچىلىپ كەتتى. يىگىتنىڭ ئىككى تەرىپىدە يىگىت قولداشلىرىدىن بارات بىلەن قۇتلۇق ئولتۇردى. سالاپەتلىك ۋە ئىش كۆرگەن نۇر بولسا 30 ئوغۇلغا باش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇپ تۇردى. بەگنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن يىگىتنىڭ روھىي ھالىتىدىن كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئارزۇ قىلغان مەقسىتىگە يەتكەن كىشىلەردە بولىدىغان ھېسسىيات ئىپادىسىنىڭ بىرەرسىنىمۇ تاپالمىدى. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئولتۇرغان يىگىت قولداشلىرى يىگىتنىڭ بىر پىيالە چايمۇ ئىچمەي، گەپ-سۆز قىلماي، ئىنتايىن سوغۇق كەيپىياتتا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى.

بۈگۈن بۇ كىچىككىنە شەھەر ئۆز تارىخىدا كۆرمىگەن توينى كۆرۈۋاتاتتى. پۈتۈن يۇرت ئەھلى كەلگۈن سۆيىدەك ھېساملىرى بەگنىڭ ھويلىسىغا قاراپ ئاقماقتا ئىدى.

بەگنىڭ ھويلىسىغا كېلىدىغان بارلىق يوللار ئات، ئېشەك مىنگەن ياكى پىيادە ئادەملەر بىلەن تولغانىدى. بارلىق ئۆيلەر، ئايۋان، مېھمانخانا ۋە ھويلىلار ئادەمگە لىق تولغانىدى. ھەممە ئادەم چوڭ سوۋغا-سالاملار بىلەن كەلمەكتە

ئىدى. ئاتلىقلارغا ئىككى قېتىم ئوغلاق تاشلاپ بېرىلدى. بۇنىڭدىن بۇرۇنقى تويلاردا پەقەت پۇقرالارلا ئوغلاق تارتىشىپ ئوينىغان بولسا، بۇگۈنكى بۇ تويدا ئوغلاق تارتىشىشقا ھەربىيلەر، ساقچىلار ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىمۇ قاتناشتى. تـويـدا خـىـزمەت قىلىدىغانلار ئىچىدىكى ھەربىيلەر، ساقچىلار، ھۆكۈمەت خـىزمەتچىلىرىمۇ توختىماي سوكۇلداپ يۈرۈشەتتى. تويغا پۈتۈن يۇرتتىكى سازەندىلەرنىڭ ھەممىسى يىغىلغانىدى، ناھىيلىك پىرقە باۋۇجاڭلار ئارقىلىق نـەغـمـە-نـاۋانى بىر مىنۇتمۇ توختىتىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغانىدى. سازەندىلەرمۇ ئۆز ئەتراپىدا مۇدۇسا بىلەن قاسىمنىڭ خۇددى گەندىگە قونغان چىۋىندەك تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ھەيدەكچىلىك قىلىۋاتقانلىقىدىن بىرەر پالاكەتكە يولۇقۇپ قالمايلى دەپ قورقۇپ، بارلىق ماھارەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ مۇزىكىغا ناخشىلارنى تەڭكەش قىلىپ ئېيتماقتا ئىدى.

تاغلاردا تولا كەكلىك،
سايراپ كېلىدۇ.
ئات ئالدىدا، قوي كەينىدە،
مەرەپ كېلىدۇ.

ئاللا يايرىم خىيالىڭنى،
بىلىپ بولمايدۇ، ۋاي سەنەم.
ئايدەك يۈزۈڭنى، چولپان كۆزۈڭنى،
كۆرۈپ بولمايدۇ، ۋاي سەنەم.

ئـايـاللار ئايۋان ۋە ئۇنىڭ ئىچكىرىسىدىكى مېھمانخانىغا جايلىشىپ ئـۇسـسـۇلنى قىزىتماقتا ئىدى. سازەندىلەر پېشايۋاندىكى سۇپىنىڭ ئايۋان ئىشىكىگە يېقىن يېرىگە جايلىشىپ ئولتۇرۇپ مۇزىكا چالماقتا ئىدى. ياشلار بولسا ھويلىنى چاڭ كەلتۈرۈپ ئۇسسۇلنى قىزىتماقتا. يى خۇيمىن پات-پات

ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، تويدىكى ئۆزىنىڭ "خۇشاللىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن "قوللىرىنى ئۇيان-بۇيان قىلىپ، خۇددى ساراڭلاردەك ھەرىكەت بىلەن ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئادەمنى "ئويناڭ، ئويناڭ" دەپ مەيدانغا سۆرىمەكتە ئىدى. كىشىلەر ئۇسسۇلچىلارنىڭ بېشىدىن پۇل ئۆرۈپ سازەندىلەرنىڭ ئالدىغا تاشلىغاندا، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ "مەردلىكى"نى كۆرسىتىش ئۈچۈن "فابى" دېگەن پۇلدىن بىر-ئىككىنى تاشلاپ تۇردى ۋە ئۆزى تاشلىغان پۇلنى بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ مۇدۇساغا ساقچى ئىدارىسىنىڭ چىقىمىغا يازدۇرۇپ قويدى.

ھويلىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى يازلىق مېھمانخانىدا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئولتۇرۇشقان بولۇپ، يى خۇيمىن بىلەن لوشەنزېڭ ھۆرمەتلىك مېھمان سۈپىتىدە ئەڭ تۆرىنى ئىگىلىگەنىدى. ئۇ يەردىن پات-پات "گاۋشىڭ، گاۋشىڭ" دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئۆيگە ھېسامىدىن بەگ ئۆزى كۆز-قۇلاق بولۇپ، پاخلان گۆشى، تونۇر كاۋىپى، توخۇ گۆشى توشۇتماقتا ئىدى. يۇرت بەگلىرى، ئاخۇنلار ۋە باشقا يۇرت چوڭلىرى ئىشىك ئالدىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭ بويىدىكى چوڭ قاپاق تېرەكنىڭ ئاستىغا سېلىنغان گىلەملەرگە ئەركىن ئازادە ئورۇنلاشقانىدى. ھەممە ياقتىن باھار پۇرىقى كېلىپ، ئۆستەڭدە سۇلار شارقىراپ ئېقىپ تۇراتتى. سۇ بويىدىكى قىياق، مامكاپ ۋە رەڭمۇ رەڭ ئېچىلىپ كەتكەن ھەر خىل گۈللەر تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى ۋە سېھرىي كۈچىنى نامايەن قىلماقتا ئىدى. باھار قۇياشى ھاۋانى ئىللىتىپ كىشىلەرنى راھەتلەندۈرەتتى. قاپاق تېرەك ئاستىدىكى يوغان گىلەم ئۈستىدە ئاتا-بوۋىسىدىن تارتىپ پۈتۈن ئۆمرىنى خەلق داستانچىلىقىغا بېغىشلىغان خەلق داستانچىسى ئابدۇكېرىم ئاخۇن «يۇسۇپ-ئەخمەت» داستانىنى دۇتارغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتماقتا ئىدى:

... ... ...

شاھىم، بىزنىڭ ئەلنىڭ ۋە يۇرتنىڭ،
خۇش ئۆتىدۇ ياز-قىشلىرى.

باغىمىزنى باغۋەن باقۇر،
مېۋىلىكتۇر دەرەخلىرى.

قىز-چوكانلار ئۆيدە ياتۇر،
يىگىتلىرى ئوقىيا ئاتۇر.
قىز-چوكانلار سۆھبەت ئېتۇر،
زوقى ساچادۇر ئىشلىرى.

ناز بىلەن باقار قايرىلىپ،
يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىن ئالىپ.
باغقا كىرەر قولىن سالىپ،
بىزنىڭ ئەلنىڭ بۇ ئىشلىرى.

كۆرگەننىڭ جېنىنى داغلىغان،
گويا "پەرى" دەپ ئۆزىنى چاغلىغان.
تىللا كەمەرلەرنى باغلىغان،
ئاياغىدا كىپىشلىرى.

بىدو ئاتلار شوخ ئويناقلار،
ھەر چاپقاندا كۆكتىن ئۆتەر.
قانات قېقىپ ئۆردەك ئۇچار،
بەلەن پەرۋازدۇر قۇشلىرى.

داستان ئوقۇلۇپ مۇشۇ جايغا كەلگەندە يى خۇيمىن ئۆيدىن چىقىپ ئادەملەرنىڭ بەكمۇ دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆردى-دە، ساقچىنىڭ چىك ۋەنلو دېگەن شىبە تەرجىمانىنى چاقىرىپ، بۇ ناخشىنى تەرجىمە قىلىپ

بېرىشنى بۇيرىدى. داستانچى ئابدۇكېرىم ئاخۇن بىر يۇتۇم سۇ ئىچىۋېلىپ داستاننى داۋاملاشتۇردى.

ئاپئاق قاردۇر تاغ باشلىرى،
ياقۇت، مارجاندۇر تاشلىرى.
باغ، ئېتىزدۇر قاشلىرى،
بۇغداي، گۈرۈچتۇر ئاشلىرى.

بىزنىڭ يۇرتنىڭ ئالتۇن تاغى[1]،
يىگىتلەرنىڭ چاھار باغى.
خۇش ئۆتىدۇ ھەربىر چاغى،
ئويناپ كۈلۈشتۇر ئىشلىرى.

خەۋەر بەرسەم بۇگۈن مۇندىن،
لەشكەر كېلۇر بىلگىن ئاندىن.
ئالتە پاتمان گۈرزە تۇتۇپ،
ھايال يوقتۇر كېلىشلىرى.

قۇلاق سال گۈزەل شاھ خۇمپەر،
قايتا قىلسام ساڭا سەپەر.
ھەر يىگىتىم مىڭنى قىرار،
ئىسپاھاننىڭ قىلىچلىرى،

كۆڭۈل ئىچرە ئارمان بىسيار،

---

[1] ئەسلى كىتابتا بۇ مىسرا «ئۈرگەنجىدە ئەسقەر تاغى» دەپ ئېلىنغان. لېكىن داستانچى ئابدۇكېرىم ئاخۇن ئۆز يۇرتىنى كۆيلەش مەقسىتىدە ئۆزگەرتىپ ئوقۇغان.

كەتتى بىزلەردىن ئىختىيار.
مەيدان ئىچىدە روستەمچە بار،
يىگىتلىرىمنىڭ تۇرۇشلىرى.

ھېچكىم مېنىڭ ھالىم يەتمەس،
بۇ زالىملار كۆزگە ئىلماس.
ئەجەل يەتمەي كىشى ئۆلمەس،
ئاختۇرما كۆزۈمنىڭ ياشلىرى.

بىر توققۇزدۇر ياراغىدۇر،
جانىدا يۈز مىڭ داغىدۇر.
مېنىڭ ئۈچۈن قان يىغلايدۇ،
خاھى قېرى، خاھ ياشلىرى.

قوشاق ئوقۇلۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئابدۇكېرىم ئاخۇن يى خۇيمىنغا بىر قاراپ قويۇپ، تۆۋەندىكى قوشاقنى توقۇدى.

خەۋەر بەرسەم بۇگۈن مۇندىن،
لەشكەر كېلور بىلگىن ئاندىن.
... ...

دۇتـارنىڭ مۇڭلۇق ئاھاڭى، ئېيتقۇچىنىڭ زىل، ھېسسىياتلىق ئاۋازى كىشلەرنى ئۆزىگە ئىنتايىن مەپتۇن قىلىۋالدى. كىشلەر تىپتىنچ ئولتۇرۇپ تىـڭشاۋاتاتتى. ناخشا ئاياغلاشقاندا رەڭگىدىن زەھەر تېمىپ تۇرىدىغان يى خۇيمىن چىڭ ۋەنلوغا بىرنەرسە دېۋىدى، چىڭ ۋەنلو ئابدۇكېرىم ئاخۇنغا:

— سېنىڭ ناخشاڭ شۇجىجاڭغا يېقىپ قاپتۇ. "خەۋەر بەرسەم" دېگەن جايدىن قايتا ئېيتسۇن دەيدۇ، — دېدى.

ئـولـتـۇرغانلارنىڭ بەزىلىرى بۇ گەپتىن ئەجەبلەنگەن بولسىمۇ، يەنە بـەزىـلـىرى ھېچنەرسىنى چۈشەنمەستىن "توغرا، توغرا" دەپ ۋارقىراشتى. داستانچى ئابدۇكېرىم ئاخۇن ئەمدىلا ئىككى كۇپلېتنى ئوقۇشقا چەك ۋەنلو ھەربىر مىسرانى سۆزمۇ سۆز تەرجىمە قىلىپ بېرىۋىدى، يى خۇيمىن بېرىپ ئابدۇكېرىم ئاخۇننىڭ ياقىسىدىن ئالدى.

— ئېيتە، سەن قەيەرگە خەۋەر بەرمەكچى؟ كىمنى تىللاۋاتىسەن؟

ھەممە ئادەم پاتپاراق بولۇپ كەتتى ۋە ھېچنەرسىنى چۈشەنمەي قالدى. ئابدۇكېرىم ئاخۇننى ياقىسىدىن تۇتۇپ سىلكىشلىگەندە، ئابدۇكېرىم ئاخۇننىڭ قولىدىكى دۇتار يەرگە چۈشۈپ كېتىپ، يى خۇيمىننىڭ ئايىغىدا دەسسىلىپ، پـاچاق-پاچاق بولۇپ كەتتى. بۇ خەۋەر بىردەمدىلا ئىچكىرى ئۆيدىكىلەرگە ئاڭلىنىپ، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى چىقىپ، ئەتراپنى قورشىۋالدى. بارات خالايىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇسسۇپ كىردى ۋە:

— نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ چىقتى. كـىـشىلەرنىڭ رەڭگى غەزەپلىك تۇس ئالغانىدى. بەزىلەر ئۇنىڭدىن ئۇمىد كۈتۈۋاتقاندەك كۆرۈندى. شۇڭا ئۇمۇ ئېنىكلەشتى.

— نېمە ئىش بولاتتى ئوغلۇم، — دېدى بىر ئاقساقال كىشى، — ئابدۇكېرىم ئاخۇننى بۇ ئادەم ئۆزى "ناخشا ئېيتىپ بەر" دېگەنىدى. ئۇ ناخشا ئېيتىپ بەرسە، ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالدى.

— شۇجاڭ جانابلىرى، — دېدى ئۇ خەنزۇچە، — ناخشا ئېيتىشنى ئۆزىڭىز تەلەپ قىلىپسىز. يەنە نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟

— سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن. ئىشىڭنى قىل سولتەك...

— نېمە ئۈچۈن كارىم بولمايدىكەن. قاراپ تۇرۇپ ئادەم بوزەك ئېتىش قايسى قانۇندا بار؟

— قانۇن دېگەن مەن. ئۇ قوتراتقۇلۇق قىلدى.

— قېنى قانداق قوتراتقۇلۇق قىلدى، ئېيتامسىز؟ — ئۇنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىقراق چىقتى.

— قانداق قوتراتقولۇق قىلدى؟ — دەپ ۋارقىراشتى خالايىق نەگلا.
— خەۋەر بەرسەم ئەسكەر كېلىدۇ دەۋاتىدۇ، — دېدى يى خۇيمىن.
— دېسە نېمە بوپتۇ. مەن يىلدىن بۇيان ئۇقۇلۇۋاتقان داستان تۇرسا.
— قۇرۇق گەپ. بۇ ئۇنىڭ قوتراتقۇلۇق قىلىش ئۈچۈن توقۇغان بىر نېمىسى.
— تولا كاپشىماي تارت قولۇڭنى، — دەپ بارات يى خۇيمىننىڭ قولىنى سىلكىشلەپ ئابدۇكېرىم ئاخۇننىڭ ياقىسىدىن ئاجرىتىۋەتتى. شۇ چاغدا لو شەنزېڭ چىقىپ كەلدى ۋە كۆپچىلىككە:
— كەچۈرۈڭلار، شۇجىجاڭ كۆپرەك ئىچىپ قويۇپتۇ، — دېدى مۇغەمبەرلىك بىلەن.
— "ئىچىپ قويۇپتىمىش". ئىچسە بېشىغا ئىچەمدۇ؟ بۇ قاراپ تۇرۇپ ئادەم بوزەك ئېتىش، — دېدى غەزەپلەنگەن بارات.
شۇ چاغدا سادىق موللا ئالدىراپ-تېنەپ كېلىپ، ئابلىز قازى ئاخۇنۇمغا پىچىرلاپ:
— نىكاھ ئوقۇۋەتسەك، — دېدى.
توي رەسمىيەتلىرى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، قىز كۆچۈرۈش باشلاندى. بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ يەردە ھەرقانداق توي ئات ياكى ئات ھارۋىسى بىلەن كۆچۈرۈلۈپ كېلىنىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ قېتىم قىز كۆچۈرگىلى 120-تەمىنات باشقارمىسىنىڭ ئۈچ دانە ماشىنىسى كەلگەنىدى. قىزنى تۆت ئادەم گىلەم جەينىمازغا سېلىپ كۆتۈرۈپ چىقتى. قىزنىڭ "ھۆۋ" تارتىپ يىغلاشلىرى، يىگىتلەرنىڭ "باركاللا" تۋۋلاشلىرى، داپ، دۇتار، تەمبۇر، راۋابنىڭ نەغمە سادالىرى ئىچىدە قىز بىلەن يىگىتنى بىر ماشىنىنىڭ كابىنكىسىغا ئولتۇرغۇزدى. قالغانلار ماشىنىنىڭ ئۈستىگە چىقتى. ئۇلار ئەگرى-بۈگرى دەرەخلىك ئىچىدىكى يول ئارقىلىق شەھەرگە قاراپ ماڭدى. نەغمىچىلەرنىڭ ناخشا ساداسى، دەرەخ شاخلىرى ئىلىنىۋالغان كىشىلەرنىڭ "ۋايجان، ۋايەيلىرى" ئاستىدا ماشىنىلار ئاستا-ئاستا دەرياغا چۈشتى. قىز-يىگىت ئولتۇرغان ماشىنا باشقىلاردىن خېلىلا

ئىلگىرىلەپ كەتكەنىدى. ماشىنا بېرىپ سۇ كولاپ كەتكەن ئېقىن بويىدىكى قۇمغا پېتىپ قالدى. ماشىنا بىر ئالدىغا، بىر كەينىگە سىلكىنىشكە باشلىدى. شۇ چاغدا ئون تۆت ياشلاردىكى بوغداي ئۆڭ، قارا ماتادا ئىشتان-چاپان كىيگەن بىر ئوغۇل بالا كېلىپ ماشىنىنىڭ كەينىگە ئېسىلغانىدى، بالىنى بىر ساقچى ئەمەلدارى ئىتتىرىۋەتتى. لېكىن بالا ماشىنىغا يەنە ئېسىلىپ چىقتى. ساقچى ئەمەلدارى بالىنىڭ بېشىغا كۈچەپ بىرنى تېپىپ:

— چۈش ھارامى، — دەپ ۋارقىرىدى.

ماشىنىنىڭ ئالدىدا تۇرغان بارات بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىدى ۋە بالىنىڭ ئارقىسىغا يىقىلغانلىقىنى كۆردى. شۇ چاغدا ماشىنا سىلكىنىپ ئارقىسىغا يېنىپ، بالىنىڭ بېلىدىن بېسىپ ئۆتۈپ كەتتى. ماشىنىدىكى ئادەملەر قىيا-چىيا كۆتۈردى. ماشىنا توختىدى. بارات ۋە يەنە بىرنەچچەيلەن ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشتى-دە، بالىنى ماشىنىنىڭ تېگىدىن تارتىپ چىقاردى. بالىنىڭ بېلىنىڭ ئاستى پۈتۈنلەي ئېزىلىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تاراملاپ ئاقتى. باراتنىڭ غەزەپتىن مۇشتۇمى تۈگۈلۈپ، چىرايى قورقۇنچلۇق تۈس ئالدى.

— مۇدۇسا، سەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قاتىللىق قىلدىڭ. خەلق سېنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ، — دېدى بارات.

— ۋالاقىشما، — دېدى مۇدۇسا، — ئۇ شۇمتەكنى كىم ماشىنىغا ئېسىلسۇن دەپتۇ.

شۇ چاغدا ماشىنىدىن چۈشكەن مامۇتخان بىلەن كەينىدىكى ماشىنىنىڭ كابىنكىسىدا ئولتۇرغان لو شەنزېڭ، يې خۇيمىن بۇ يەرگە تەڭلا كەپقالدى. مامۇتخان يەردە ياتقان بالىنى كۆرۈپ:

— باشلاندى، — دېدى. ئۇنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى ھېچكىم چۈشىنەلمىدى. لېكىن مامۇتخان يىغلاۋاتاتتى. ئۇ بالىنىڭمۇ، ئۆزىنىڭمۇ جاھالەت قۇربانى بولغانلىقىنى تولۇق چۈشەنگەنىدى.

— شوپۇردا گۇناھ يوق. ماشىنا ئارقا تەرەپتىن باسقان. مۇئاۋىن ھاكىم

ماشىنىغا چىقتى، — دېدى يى خۇيمىن.

— راست، شوپۇردا گۇناھ يوق. لېكىن بۇنىڭ بىۋاسىتە جاۋابكارى مۇدۇسا، — دېدى غەزەپلەنگەن بارات.

— بۇنى كېيىن سۈرۈشتۈرىمىز، — دېدى لو شەنزىڭ، ئۇلار ماتۇتخاننى ئىتتىرىپ دېڭگۈدەك ئاپىرىپ ماشىنىغا چىقاردى ۋە شوپۇرغا بۇيرىدى، — ھەيدە!

ماشىنا يۈرۈپ كەتتى. يى خۇيمىن لوشەنزىڭغا باراتنى كۆرسىتىپ:

— ئاۋۇ خۇمپەرنى قاتتىق نازارەت قىلىڭلار، — دېدى-دە، يەردە ياتقان جەسەتكە قاراپ كۇلۇپ قويدى. جەسەتنىڭ يېنىدا ئىككى كىچىك بالا يىغلاپ ئولتۇراتتى.

شۇ ئاخشىمى ماتۇتخان بارات ئارقىلىق ئۆلگۈچىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا يىگىرمە سەر تەڭگە ئەۋەتىپ بەردى. بارات ناھايىتى چىرايلىق گەپلەر بىلەن بۇ بالىنىڭ ياش ئۆرۈپلا جاھالەت قۇربانى بولغانلىقىنى ئېيتتى ھەم نەزىر ئۈچۈن ئۆز ئۆيىدىن بىر قوي ئېلىپ كېلىپ بەردى. ئۆلگۈچىنىڭ ئاتا-ئانىسى ناھايىتى كەمبەغەل كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ قۇدرىتى نېمىگە يەتسۇن؟ يىغلاشتىن باشقا ئامال قىلالمىدى. باراتنىڭمۇ مۇدۇساغا كۈچى يەتمىدى. ئەكسىچە مۇدۇسا قامچىسىدىن قان تامىدىغان زالىم بازار باشلىقى ماتەك توختىنى چاقىرىپ:

— ئۇ يالاڭئۆش گاداي بالىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى باھانە قىلىپ جېدەل قىلمىسۇن، بېرىپ ئېيتىڭ، بولمىسا ئۆزىگە ياخشى بولمايدۇ، — دېدى.

ماتەك توختى ھاشىم داموللىنى ئۆزى بىللە ئېلىپ باردى ۋە ھازىدارغا تەنبىھ بېرىپ:

— بالاڭ ماشىنىنىڭ كەينىدىن ئېسىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھاكىمنىڭ تويى. قانۇنىنىڭمۇ ئامالى يوق. پالان-پوكۇن دېسەڭ ئۆزۈڭگە ياخشى بولمايدۇ، — دېدى.

ھاشىم داموللا شەرىئەت نامىدىن مۇنداق پەتىۋا چىقاردى:

— توختاخۇن، ئاللانىڭ ھۆكمىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ. بالىنىڭ رىسقى تۈگىگەن. مۇسۇلمان بەندىسى قازاغا رىزا، بالاغا سەبرى قىلىشىمىز لازىم.

كىمكى بۇنىڭدىن گۇمانلانسا، قىيامەت كۈنى دوزاخقا كىرىدۇ.

ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي «مامۇتخان ھېسامدىن بەگنىڭ قىزىغا كۆڭۈلسىز بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قىزنىڭ ئانىسى موللىلارغا ئوقۇتۇپ ئىسسىقۇ قىلدۇرۇپتۇ» دېگەن سۆزلەر تارقىلىپ كەتتى.

※ ※

ئىككى ئاي ئۆتتى. باھار قۇياشى ھاۋانى ئىللىتىپ، گۈل-گىياھلار نوتا چىقىرىپ، يۇمران مايسىلار شەرقتىن چىقىۋاتقان سالقىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئەتىگەن-ئاخشىمى خېلىلا سالقىن بولۇشىغا قارىماي، چۈش ۋاقتى خېلىلا ئىسسىق ئىدى. شۇڭا بەزى باللار يالىڭاچ بولۇۋالاتتى. كېچىسى تاغ سالقىنى بۇ ۋادىغا ئېقىپ كىرىپ كىشىنى توڭلاتسا، كۈندۈزى تەكلىماكاننىڭ چۆل ئىسسىقى تاغ تەرەپكە قاراپ ئېقىپ، چۈش ۋاقتىغا كەلگەندە بەدەننى كۆيدۈرگۈدەك ئىسسىق ھاسىل قىلاتتى. بۇ كىچىككىنە شەھەرنىڭ رەستە مەيدانىدا بىر توپ ئۇششاق باللار يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە ئويناۋاتاتتى. نۇرغۇنلىرىنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، كىيىملىرى جۇل-جۇل بولۇپ، ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتاتتى.

— مېنىڭ قورسىقىم بەكلا ئېچىپ كەتتى، — دېدى ئون ياشلاردىكى قاراموتۇق بالا.

— ئەتىگەن نان يېمىگەنمۇ؟ — دەپ سورىدى يېنىدىكى ئادىشى.

— ئازراق زاغرا يېگەن. دادامنى ھاشارغا تۇتۇپ كەتكەچكە ئاچ قېلىۋاتىمىز.

— مېنىڭ دادامنىمۇ ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كەتكەن. ئۆلۈك-تىرىكلىكىنى بىلمەيمىز. ھازىر بىزنى چوڭ دادام بېقىۋاتىدۇ.

— قاراڭلار ئاداشلار، — دېدى چوڭراق بىر بالا، — ئاۋۇ ناۋاينىڭ نېنىدىن بىردىن يەۋالساق دارۋازىنىڭ ئويۇنىنى ئوبدانىراق كۆرەتتۇق. مېنىڭمۇ

قورسقىم كوركىراۋاتىدۇ.

ھەممەيلەن ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ پەشخۇندا تىزىقلىق تۇرغان ئاپئاق نانلارنى كۆرۈپ ئېغىزلىرىغا يىغىلغان سېرىق سۇنى يۇتۇشتى. شۇ يەردە ئاماكا ئېلىۋېلىپ، باللارنىڭ كېپىنى ئاڭلاپ قالغان باراتنىڭ ئۇلارغا ئىچى ئاغرىپ قالدى ۋە باللارنى:

— ھەي ئۇكىلىرىم، — دەپ چاقىردى. باللار قورقۇمسىراپ يېقىن كەلدى، — مانا ماۋۇ پۇلغا بەش نان كېلىدۇ. نان ئېلىپ يەپ ئويۇن كۆرۈڭلار.

— بىز سىزنى ساقچىمىكىن دەپتىمىز، — دېدى چوڭراق بالا.

ئۇلار باراتقا ھەۋەسلىنىپ قاراپ تۇراتتى.

— ئامىن! — دېدى شۇ چاغدا بىر دىۋانە قول سوزۇپ، — خۇدا ئۆمرىڭىزنى ئۇزۇن قىلسۇن. قىلغان ساخاۋىتىڭىز ئۇچۇن قىيامەت كۈنى ئۆزىڭىزنى جەننەتتە كۆرۈڭ، ئامىن!...

بارات دىۋانىگىمۇ بىر نان كەلگۈدەك پۇل بەردى ۋە باللارغا قاراپ ئېچىنغان ھالدا يامۇل تەرەپكە كەتتى.

⁂ ⁂

”دارۋاز كەپتۇ“ دېگەن خەۋەر بۇ كىچىككىنە شەھەرگە بىردىنلا پۇر كەتتى. بۇگۈن ئەتىگەندىن بۇيان بۇ كىچىككىنە شەھەرنىڭ كوچىلىرى ئادەمگە تولۇپ كەتتى. ئاياللار بوۋاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ”ئېلى شاھمەردانىڭ ئويۇنى“نى كۆرگىلى كېلىشىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ بۇ يەرگە دارۋاز دائىم كېلىپ تۇرمايتتى.

قۇياش چۈشكە ياماشقان چاغدا بارات بىلەن مامۇتخان يامۇلدىن چىقتى. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىدا قۇتلۇق پەيدا بولدى.

— قېنى ئۆيگە كىرىپ بىر پىيالىدىن چاي ئىچىپ تۇرايلى. تېخى

دارۋازىنىڭ ئۈيۈن باشلىشىغا بىرئاز ۋاقىت بار ئوخشايدۇ، — دېدى قۇتلۇق ئۇلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ.

قۇتلۇقنىڭ ئۆيى يامۇلنىڭ يېنىدىلا ئىدى. ئۇلار بارغاندا قۇتلۇقنىڭ ئايالى ئوچۇق چىراي، خۇش تەبەسسۇم بىلەن كۈتۈۋالدى. بۇ ئايال بىر ئۆلىمانىڭ قىزى بولۇپ، ياخشى ئائىلە تەربىيىسى ۋە مەكتەپ تەربىيىسى كۆرگەن. ئۇ ھازىر بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ئىدى.

ئۇلارغا داستىخان سېلىنىپ، بىر لىگەندە مانتا ۋە چاي كەلتۈرۈلدى.

— پاھ، ئۇلگۈرۈپ كەپتىمىز، — دېدى بارات.

— شۇنداق، "ياخشى مېھمان ئاش ئۈستىگە كېلىدۇ" دېگەن ماقال بىكار ئېيتىلغان ئەمەستە، — دېدى قۇتلۇقنىڭ ئايالى.

— گەپنى قويۇپ، قېنى غىزادىن ئالايلى، — دەپ تاماققا تەكلىپ قىلدى قۇتلۇق.

— ماۋۇ گەپنى كۆرۈڭ. ئايالىڭ بىزگە ئىككى ئېغىز گەپ قىلىۋىدى، بىزنى گەپتىن چەكلىگىلى تۇردۇڭغۇ، — دېدى بارات چاقچاق قىلىپ.

— ياقەي، غىزا سوۋۇپ قالمىسۇن دەۋاتىمەن، — دېدى قۇتلۇقمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ. ھەممەيلەن ئىختىيارسىز "پاراقىدە" كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۇلار تاماق يېگەچ ئولتۇرۇپ ھازىرقى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىشتى. قۇتلۇق ناھىيىلىك پىرقىدە ناھايىتى يوشۇرۇن بىر كۇسۇر-كۇسۇرنىڭ بولۇۋاتقانلىقى، لېكىن ئۆزىنىڭ بىرەر نەرسىنى ئاڭقىرالمايۋاتقانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. قۇتلۇقنىڭ ئايالى ھويلىدا كۆزەتتە تۇردى.

— ئەھۋال ناھايىتى خەتەرلىك. جاسۇسلار بىزنىڭ ئارقىمىزغا كىرىۋالدى. ناھايىتى ئېھتىيات قىلىشىمىز كېرەك، — دېدى مامۇتخان.

— شۇنداق، بىرەر ئەھۋال يۈز بەرسە، ئۆلسەكمۇ تىز پۈكمەيمىز، مەخپىيەتلىكنى قاتتىق ساقلايمىز. بۇنى ھەرگىز ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك، — دېدى بارات.

— شۇنداق، ھېچنەرسىنى ئىقرار قىلمايمىز. بىز ئۆلسەك كۆرەشنى

باشقىلار داۋاملاشتۇرىدۇ. لېكىن ئارمىزدىن خانىم چىقىپ قالمىسىلا بولاتتى،
— دېدى مامۇتخان.
— ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن، — دېدى قۇتلۇق، — پىرقىدىكى گەپ-سۆزلەردىن قارىغاندا، «بېتىم» يېقىندا ئىمزالانغۇدەك، يېڭى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇش ئىشىمۇ شۇ چاغدا ئەمەلگە ئاشقۇدەك. بۇنى يى خۇيمىننىڭ ئۆزى دەۋاتىدۇ.
— يەنە قانداق كومېدىيىلەر ئوينىلاركىن؟ — دېدى مامۇتخان ئويچان ھالدا.
— «بېتىم» تۈزۈلۈپ يەنە بىرلەشمە ھۆكۈمەتمۇ قۇرۇلامدىكەن؟ — دېدى بارات قاتتىق ھەيران بولغان ھالدا، — ئىلى تەرەپنىڭ غەلىبە قازىنىپ تۇرۇپ «بېتىم» ئىمزالىشىغا، يەنە بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇشقا ھەيرانمەن.
— ھېچنەرسىنى چۈشىنىپ بولمايدۇ. ئۇرۇش مەيدانىدا تۆكۈلگەن گومىنداڭ ئەمدى جوزا ئالدىدا ھەممىگە ئىگە بولماقچى. گېزىتلەردە "ئەركىنلىك"، "خەلقچىللىك"، "تىنچلىق" دەپ ۋارقىراشىمۇ، تېخى «بېتىم» تۈزۈلمەي تۇرۇپلا سىياسىي بېسىم تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتىدۇ،
— دېدى مامۇتخان.
— راستىنلا ئىلىلىقلار بۇنىڭغا يول قويارمۇ؟ — دېدى بارات. ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىن «بېتىم» سۆزى زادىلا ئۆتمەيتتى، — خەلق دېگەن قوي ئەمەستە. لېكىن قويمۇ بوغۇزلايمەن دېسەڭ تېپىرلايدىغۇ؟!... ئۇ تەرەپتە ئۇرۇش توختىغان بولسىمۇ بۇ يەردە ھەربىي ھالەت تېخى ئەمەلدىن قالمىدى.
— ئۇنى ئاز دېگەندەك جاسۇسلار بىلەن ساقچىلار تېخىمۇ قۇتراپ كەتتى. مۇئەللىملەرگە يولسىزلىق بىلەن زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىپ جېدەل تۇغدۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى قۇتلۇق.
— قاتتىق ئېھتىيات قىلىش كېرەك. ئۇلار بىرەر شۇملۇقنى پىلانلاۋاتسا كېرەك، — دېدى مامۇتخان، — يەنە تەكرارلايمەن، ئېھتىيات قىلىش كېرەك.
— دارۋازىنىڭ ئويۇنى باشلاندى، — دېدى قۇتلۇقنىڭ ئايالى كىرىپ.

مېھمانلار "رەھمەت" دېيىشىپ سىرتقا ماڭدى. قۇتلۇقنىڭ ئاپالى ئېرىنى ئەملاپ توختاتتى ۋە ئاستاغىنە:

— بەك ئېھتىيات قىلىڭ، سىز بولمىسىڭىز بۇ دۇنيا ماڭا ھارام، — دېدى. ئۇنىڭ يوغان چىرايلىق كۆزلىرى ياش يۇقى تۇراتتى.

— قورقما، ھەممە ئىش جايىدا بولىدۇ، — دېدى قۇتلۇق ۋە ئاپالىنىڭ مەڭزىگە بىرنى سۆيۈپ قويدى.

مېھمانلار كوچىغا چىققاندا «شادىيانە» پەدىسىگە مۇڭلۇق چېلىنىۋاتقان ناغرا بىلەن سۇنايىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار شۇ ياققا ماڭدى. بۇ ئۆي ئىككىنچى مەكتەپنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى. ئۆيدىن ھەممىدىن كېيىن چىققان قۇتلۇقنىڭ ئاپالى مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئىچىدە ماراپ تۇرغان ساقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ مېھمانلارنىڭ كەينىدىن يېتىپ بېرىپ، ئېرىنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ:

— مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئىچىدە ساقى ماراپ تۇرىدۇ، — دېدى.

— ئوقۇغۇچىلارنى قويۇپ بەرمىگەنمۇ؟

— ئىككى سائەت دەرس ئوقۇپلا قويۇۋېتىدىكەن.

قۇتلۇق ھەممىنى چۈشەندى. ئىككىنچى مەكتەپ قىزلار مەكتىپى بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئايال ئىدى. ساقى مۇشۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئىدى. ئۇنى ھەربىي شتاب بىلەن ساقچى ئىدارىسى كۆپ باش قاتۇرغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پىرقە ئارقىلىق مۇشۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

— ئاياللارنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقىن، — دەپ تاپشۇرۇق بەرگەنىدى شتاب باشلىقى ساقىغا، — قانچىلىك پۇل كەتسە مەيلى. ئۇلاردا ياخشى تەسىر قالدۇرغىن. ئاياللىرىنى قولغا كەلتۈرۈۋالساڭ، ئەرلىرىنى پاش قىلىش تەس ئەمەس. ئۇ چاغدا ئىشىڭ ئوڭدىن كېلىدۇ.

ھېلىگەرلىكتە ئۇچىغا چىققان ساقى ئاياللارغا ئىنتايىن سىلىق ۋە خۇش تەبەسسۇم بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، قىيىنچىلىقلىرىغا ياردەم قىلىپ، دەرد-ئەلەملىرىگە ئورتاقلاشتى. بۇ ئىشلار ئوبدانلا ئۈنۈم بەردى ۋە خېلى ئوبدانلا ماتېرىياللىغىمۇ ئىگە بولدى. لېكىن بەزى ئاياللار ئۇنىڭغا

ئىنتايىن سوغۇق مۇئامىلە قىلدى. ئەمما ساقى ھامان ئۇلارنىڭ كەينىدىن قالمايتتى.

ماموتخان ۋە باراتلار دار ياغىچى ئورنىتىلغان مەيدانغا بارغاندا ئويۇن رەسمىي باشلىنىپ كەتكەنىدى. دارۋاز قولىدىكى تەڭشەك ياغاچنى چىڭ تۇتۇپ، ئارغامچىدا ئالدى-كەينىگە مېڭىپ:

— يا پىرىم! مېنىڭ پىرىم ھەزرىتى ئېلى شىرى خۇدادۇر. كىتاۋاتى مۇھەممەت مۇستاپادۇر، — دەپ توۋلىماقتا ئىدى.

※ ※

ئويۇن باشلىنىپ ئون-ئون بەش مىنۇت ئۆتەر-ئۆتمەيلا مەيداندا ئۇپۇر-توپۇر باشلىنىپ كەتتى. "نېمە ئىش بولدى؟ نېمە ئىش بولدى " دېيىشىپ ھەممە ئادەم جىددىيچىلىككە چۈشۈپ قالدى. چۈنكى كىشىلەر دار ئويۇنىغا بېرىلىپ كېتىپ، ئەتراپتا بولۇۋاتقان ئىشلارغا دىققەت قىلىشمىغانىدى.

— نېمە ئىش بولاتتى، كۆرمەيۋاتامسىلەر؟! — دېدى بىر ئېگىز بويلۇق دېھقان، — ئەتراپنى ھەربىيلەر قورشىۋالدى.

ھەممە ئادەم ئەمدى نەزىرىنى دارۋازدىن ئاغدۇرۇپ، ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى. تۆت ئەتراپنى ئەسكەرلەر ئورىۋالغان، شىمالدىكى يامۇل بىلەن جەنۇبتىكى كارۋان سارايلارنىڭ ئۆگزىلىرىگە پىلىموتلار قۇرۇلغان. غەرب تەرەپتىكى "جاۋ گۇەنشى"غا جايلاشقان ھەربىي شتابنىڭ دېرىزىلىرىدىنمۇ پىلىموتلارنىڭ ئۇچى چىقىپ تۇراتتى. كوچىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى 120-تەمىنات باشقارمىسى جايلاشقان "يېڭى دەن" دەپ ئاتالغان يازلىق كۇلۇبنىڭ ئورنىدىكى ھەربىي گاراژنىڭ شوپۇرلىرى بىلەن مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى تولۇق قوراللىنىپ، كىشىلەرنى كوچا تەرەپتىن قورشىۋالغانىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ خالايىق بولۇپمۇ ئاياللار بەكرەك ئەنسىزچىلىككە چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇششاق باللار يىغلاپ ئانىلىرىغا چىڭ چاپلاشتى.

— قـورقماڭلار، ھېچنەرسە قىلالمايدۇ، — دېدى بارات، — تىنچ ئولتۇرۇپ ئويۇن كۆرۈڭلار.

— قـورقماڭلار! — دېدى مامۇتخانىمۇ، — تىنچ ئولتۇرۇپ ئويۇن كۆرۈڭلار. ئۇلار ھەيۋە قىلىۋاتىدۇ.

— قانداق زامان بولۇپ كەتتى، — دېدى بىر قېرى ئادەم، — ناماز ئوقۇۋاسىمۇ، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ قىلساڭمۇ كەينىڭدە مىلتىق نەگلەپ ئەسكەر تۇرسا...

ئۇلارنىڭ خاتىرجەم بولۇش ھەققىدىكى گەپ-سۆزلىرى كىشىلەرگە خېلى تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، كىشىلەر ئاستا-ئاستا تىنچلاندى.

## ئونىنچى باب

# بىر جۈپ ئالتۇن بىلەزۈك

مۇھەببەت قۇرۇپ تامام بولىدۇ. مۇھەببەت ئۆزى
تۈپ ماھىيىتى بىلەن ئەركىنلىكتىن ئىبارەت.
— شېللى

دارۋاز تويۇنى ئىككى سائەتتىن ئارتۇقراق داۋام قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا دارۋاز دۇتاغا قول كۆتۈردى. خالايىق يانلىرىدا بارىنى تاشلاشقا باشلىدى. ئىككى ئادەم تۇتقان يوغان داستىخان گومىنداڭنىڭ ھەرخىل پۇللىرى بىلەن توشتى.
— نېمە دېگەن مەرد خەلق ھە؟! ئۆزلىرى ئاچ قالسىمۇ، سەنئەتكارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشىدۇ، — دېدى بارات زوقلىنىپ.
— دارۋازلار بۇ يەرگە ھەم مېھمان، ھەم مىللەتنىڭ بايلىقى سۈپىتىدە كەلگەن. مېھماندوست خەلق ئۇلارنى كۈتۈۋاتىدۇ، — دېدى مامۇتخان. بۇ گەپنى ئاڭلاپ يېنىدىكىلەر قايىللىقىنى بىلدۈرۈپ باش لىڭشىتىشتى.
— تويۇننى ئەتە يەنە داۋاملاشتۇرىمىز، — دەپ ئېلان قىلدى بىر

پېشقەدەم دارۋاز. چۈنكى بۈگۈنكى ئويۇندا تاختىپەرگە چىقىپ چىغرىق ئوينىمىغانىدى. دارۋاز سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن خالايىق ئەتراپىدىكى ئەسكەرلەرگە قارىدى. ئۇلارنىڭ كوماندىرلىرى ئەسكەرلىرىنى چىرقىراق، سەت، ئەسەبىي ئاۋازلار بىلەن كوماندا بېرىپ قايتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. بۇنى كۆرۈپ كىشىلەر يېنىك نەپەس ئالدى ۋە تارقىلىپ كېتىشتى.

مامۇتخان، بارات قاتارلىقلار ئەمدىلا قايتىش تەرەددۇتىدا بولۇۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ يېنىغا ئۇزۇن هاۋارەڭ شاڭخادەن پەلتو كىيگەن، غۇنچە بوي، نېپىز لەۋلىرىدىن سۆيگۈ تەبەسسۇمى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، قاراقاش ۋە ئۇزۇن كىرپىكلىك قاپقارا خۇما كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان بىر ئايال ناز-كەرىشمە بىلەن كېلىپ مامۇتخانغا سالام بەردى. بۇ هىسامىدىن بەگنىڭ كىچىك خوتۇنى توختىخان ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدە گۈلسۇم تۇراتتى. ئۇلار تىنچلىق سوراشتى.

— قۇۋانخان ئاچام بىتاپ بولۇپ قالدى. گۈلسۇمخان بېرىپ كۆرۈپ كەلسە بولارمىكىن؟ — دېدى توختىخان.

— بولىدۇ. كەچ قالسا ئانىسىنىڭ قېشىدا بىر ئاخشام قونۇپ كەلسىمۇ بولىدۇ، — دېدى مامۇتخان. ئۇ ئۆز ئۆيىدە بىرەر ئاخشام خالىي قېلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئايالى ئانىسى بىلەن كەتكەندىن كېيىن، مامۇتخان دوستلىرىغا:

— كەچتە بىزنىڭ ئۆيدە "قارتا" ئوينايلى، — دېدى-دە، يامۇل تەرەپكە كەتتى.

باراتمۇ ئىدارىسى تەرەپكە ماڭدى. ئۇ كېتىۋېتىپ كوچىدىكى چوڭ ئېرىقتىن ئاتلىيالمايۋاتقان بىر قېرى دېهقاننى كۆرۈپ، يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

— توختىسىلا دادا، مەن ئۆتكۈزۈپ قوياي، — دېدى ئۇ ۋە بوۋاينىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاتلاپ ئېرىقتىن ئۆتكۈزۈپ قويدى. بوۋاي ئىنتايىن خۇشال بولدى.

— رەهمەت ئوغلۇم، رەهمەت — دېدى بوۋاي.

— بۇندىن كېيىن ئۆتمەكچى بولسىلا، ئاۋۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتسىلە، — دەپ بارات ئېرىقنىسىدىكى كۆۋرۈكنى كۆرسەتتى.

— مەنمۇ شۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتەي دېگەن. لېكىن كۆرمىدىڭىزمۇ ئاۋۇ "ئىتلار"نى؟!...— دېدى بوۋاي.

بارات كۆۋرۈك ئەتراپىغا نەزەر سېلىپ، كۆۋرۈكتە ئولتۇرغان ساقچىلار بىلەن پايلاقچىلارنى كۆردى. ئۇ ھازىر قېرىلارنىڭمۇ خاتىرجەم ياشىيالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى.

※ ※

ئۇلار مامۇتخاننىڭ ئۆيىگە كەچ سائەت ئالتىلەردە يىغىلدى. بۈگۈن گۈلسۈمنىڭ يوقلىقى بۇلارنىڭ ئەركىن-ئازادە سۆزلىشىشىگە ئىمكانىيەت بېرەتتى. ئۇلار ئۇياقتىن-بۇياقتىن سۆزلىشىپ "قارت" ئويناۋاتقاندا، يايى نىياز چوڭ تۇچ چەينەكتە چاي ئېلىپ كىردى. مامۇتخان ئۇنىڭغا پۇل بەردى:

— سامسا ئېلىپ كىرگىن.

نىياز پۇلنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ ئۇدۇل مۇسا ساتىراشنىڭ دۇكىنىغا كىرىپلا:

— مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ ئۆيىگە قۇتلۇق، نۇر، بارات يىغىلدى. گۈلسۈم خېنىم دادىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى، — دەپ خەۋەر بېرىپ قويۇپ، ئۇ يەردىن چىقىپ تۇردى قارغۇنىڭ دۇكىنىدىن بىر داستىخان سامسا ئېلىپ قايتىپ كەلدى. "قارت" ئويناشقا قىزىقىپ كەتكەن كىشىلەر نىيازنىڭ كېچىكىپ كەلگەنلىكىگە ئانچە ئېتىبار قىلمىدى.

ئەسلىدە ساقچى ئىدارىسى نىيازنى بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن مامۇتخان مۇشۇ يەرگە سۈرگۈن ھېسابىدا مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ كەلگەندە (مامۇتخانغا) "سىزنىڭ ئائىلىدە بالا-چاقىڭىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئائىلە

ئىشلىرىنى نىياز قىلسۇن" دېگەن باھانە بىلەن پايلاقچىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى.

نىياز يامۇلدا ئۇزۇن مۇددەت يايى بولغان، راسا پىشقان ھىيلىگەر، ئۇچىغا چىققان قارا نىيەت ئادەم ئىدى. ھەرقانداق كىشىگە بىرلا قاراپ قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ چېقىر، پىت كۆزلىرىدىن ھېچنەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. ئاغزىدىن ناسۋال ئاجرىمايتتى. كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى بەئەينى ئايىغىدا قۇرت ئۆلمەيدىغان مۆمىن بەندىنىڭ ئۆزى قىلىپ كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭغا مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ ئۆيىگە كىملەرنىڭ كېلىپ-كېتىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ تۇرۇش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغانىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن نىيازنى مامۇتخان ئۇ تۇرغان ئۆينىڭ ئۇدۇلىدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيگە كۆچۈرگەنىدى. بىر ئېغىز ئۆيدە نىياز ئولتۇردى. يەنە بىرسىگە قازان ئېسىپ تەييارلاپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ ئۆيىدىكى پارچە-پۇرات ئىشلارنى قىلغاچ ئۇنى پايلاشنى داۋاملاشتۇردى. ئەمما مامۇتخان ئېھتىياتچان ئادەم بولغاچقا، نىياز كىشىلەرنىڭ كېلىپ كەتكىنىدىن باشقا بىرەر يىپ ئۇچىغا ئىگە بولالمىدى. مامۇتخان ئۆيلەنگەندىن كېيىن بولسا بۇ ئۆيگە كىرىپ-چىقىش تېخىمۇ ئەپسىز بولۇپ قالدى. بۈگۈن "خانىم"نىڭ يوقلىقى ئۇنىڭ بۇ ئۆيگە كىرىشى ئۈچۈن بىر باھانە بولغانىدى.

※ ※

مۇسا ساتىراشنىڭ "گۈلسۈم ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىدە، ھەممىلەن مامۇتنىڭ ئۆيىدە. قاغا" دېگەن باغاقچىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغان مۇدۇسا ئۇدۇل ئات ئېغىلىغا يۈگۈردى.

ئۇ ھىسامىدىن بەگنىڭ ئىشىك ئالدىغا يېتىپ بارغاندا، ئاتنىڭ ھەربىر تۈكىدىن بىر تامچا سۇ چىپىلداپ ئېقىپ تۇراتتى. يەر شارىنىڭ غەربىگە چۆكۈپ كېتىشكە ھازىرلىنىپ تۇرغان قۇياش ئۇپۇق سىزىقىدا تېخىمۇ چوڭىيىپ،

ئوتلۇق چەمبەر ھاسىل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاداققى نۇرىنى نامايىش قىلغاندەك جاھان قىزىللىقىنى ھاسىل قىلغانىدى. مۇدۇسا ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى-دە، ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى ئىشىك ئالدىدىكى چاكارنىڭ قولىغا تاشلاپ بېرىپ، ئۆي تەرەپكە ئۇدۇل كىرىپ كەتتى. چاكار ھەيران بولغان ھالدا بىر كىرىپ كېتىۋاتقان مۇدۇساغا، بىر ھەممە يېقىدىن بۇژۇلداپ تەر چىقىۋاتقان ئاتقا قاراپ قالدى ۋە "نېمە بالا بولدىكىنە؟" دەپ ئويلىدى.

ئۇ يازلىق مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇدۇل شۇ ئۆيگە كىردى. بۇ چاغدا ھىسامىدىن بەگ بىر سىقىم قوناقنى ئېلىپ، گىلەم ئۈستىدە بىر نەرسىلەرنى ھېسابلاۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بەگ جانابلىرى، — دېدى مۇدۇسا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دەپ ئورنىدىن تۇردى ھىسامىدىن بەگ. ئۇنىڭ ئېگىز قەددى-قامىتى مۇدۇساغا تېخىمۇ ئېگىز كۆرۈنۈپ كەتتى، -كەلسىلە، قېنى يۇقىرى ئۆتسىلە دۇسا بىگىم.

— ھە... مال-دۇنيالىرىنى ھېسابلاۋاتقان ئوخشىماملا؟ — دېدى مۇدۇسا كىنايە بىلەن.

— نــەدىكى دۇنيا دەيلا؟ گادايلار قانچىلىك قەرز ئالدىكىن؟ شۇنى ھېسابلاۋاتىمەن.

— مـۇنـداق دېـسـلە. يىغقان دۇنيالىرى سىلىگە ئـەسـقاتـمـاي قالارمىكىن!...

— مەسىلەن... مەسىلەن قانداق گەپ بۇ؟ — دەپ بەگنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى.

— "ئىلى ئوغرىلىرى" يېتىپ كەلسە ھەممە ئىش تۈگەيدۇ. بۇنى بىلىپ قويسىلا.

— خۇدايىم ساقلىسۇن، ئۇلار كېلەلەمەس؟! «بېتىم» بولدى. ئۇرۇش توختىدى دېگەن ئىدىلىغۇ؟!...

— ئوغۇ شۇنداق. ھەممە ئىشنى تۈزەيدىغانمۇ، بۇزۇدىغانمۇ ئادەم-دە.

— «بېتىم» بۇزۇلدىمۇ؟

— ھازىرچە بۇزۇلمىدى.

— ئانداق بولسا "ئىلى ئوغرىلىرى" ھەرگىز كېلەلمەس، — دېدى ھسامىدىن بەگ. ئۇنىڭ پۇت-قوللىرى تىترەپ تۇراتتى.

— كېلەلمەس! ھى... ھى... ھى... ھازىر دۈشمەن تاپىنىڭىزنىڭ تېگىدىن چىقىشى مۇمكىن، — دەپ مۇدۇسا ھسامىدىن بەگنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى. بەگنىڭ رەڭگىدىكى قورقۇنچ ئالامەتلىرى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇنىڭ تىلى كالۋالىشىپ گەپكە كەلمەي قالدى.

— بۇ... بۇ... قانداق بولغىنى دۇسا بېگىم؟

— بوگۇن، — دەپ سومكىدىن بىر كىيىملىك شاھىخادەن، بىر كىيىملىك ئېگىلشىن، بىر جۈپ ئالتۇن بىلەزۈكنى چىقىرىپ ھسامىدىن بەگنىڭ ئالدىغا قويدى مودۇسا، — گۈلسۈمخان ئۆيدە يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ ئۆيىگە بارات، نۇر، قۇتلۇق، قاسىم قاتارلىقلار يىغىلىپتۇ. قىزلىرى دەرھال ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ، تىڭ-تىڭلاپ باقسۇن، ئۇلار مۇئاۋىن ھاكىمغا نېمە دەيدىكىن؟ يەنە مۇئاۋىن ھاكىمنى ئالداپ كەتمىسۇن. ئۇلار شەيتاندىنمۇ يامان ئادەملەر.

— مۇنداق دېسىلە بولمامدۇ؟ دۇسا بېگىم! ئادەمنى بەكمۇ قورقۇتۇۋەتتىلە. مەن قىزىمنى ھازىرلا ماڭغۇزاي، — دەپ ھسامىدىن بەگ ئورنىدىن تۇردى.

— گۈلسۈمخان ئۆيگە كىرگەندە شەپە چىقارماي ئاستا كىرسۇن. بۇنى ئوبدانراق ئۇقتۇرسىلا بېگىم، — دەپ تاپىلىدى مۇدۇسا.

— ماقۇل، ماقۇل، سىلە خاتىرجەم بولسىلا، — دەپ ھسامىدىن بەگ تالاغا چىقىپ، چاكارنى چاقىردى ۋە ئات تەييارلاشنى ئېيتىپ قويۇپ، نېرىقى ئۆيدە ئاغرىق ئانىسىنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان قىزىنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئون بەش مىنۇتقا قالماي قىزى بىلەن ئۆيدىن چىقتى. مۇدۇسا ھەدەپ سائەتكە قاراپ، ھويلىنىڭ ئىچىدە توختىماستىن ماڭاتتى. خۇشاللىقا چۆمگەن گۈلسۈمنىڭ

قولىدا مۇدۇسا ئېلىپ كەلگەن رەخت تۇراتتى. قولىدىكى ئالتۇن بىلەزۈك شەپەق نۇرىدا ۋاللىداپ تۇراتتى. ھىسامىدىن بەگ قىزنى چوڭ تورۇق ئاتقا مىندۈرۈپ تۇرۇپ چاكارغا تاپىلىدى:

— سەن گۈلسۈمخاننى يامۇلنىڭ ئارقا دەرۋازىسىغىچە ئاپىرىپ قويۇپ يانغىن، تېز ماڭ.

چاكار ئاتنى يېتىلەپ يۈگۈردى. ئۇلار ناھايىتى تېز يۈرۈپ كەتتى. ھىسامىدىن بەگ مۇدۇسانى مېھمانخانىغا باشلاپ مېھمان قىلدى. بەگ ناماز شامغا چىقىپ كەتكەندە بەگنىڭ كىچىك خوتۇنى مۇدۇسانى "ئالاھىدە" كۈتۈۋالدى.

گۈلسۈم قاش قارايغان مەزگىلدە يامۇلنىڭ ئارقا دەرۋازىسىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپ، چاكارنى قايتۇرۇۋەتتى. ئۇ ئۆز ئۆيىنىڭ يېنىغا كەلگەندە پۈتىدىكى تۇپلىيىنى سېلىۋېتىپ، يالاڭ ئاياغ تاشقارقى ئۆيگە كىردى. تاشقارقى ئۆي خىلىلا قاراڭغۇ ئىدى. ئىچكىركى ئۆيدىن ئەر كىشىلەرنىڭ گەپلەشكەن ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. گۈلسۈم ئىشىكنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ تىڭشاشقا باشلىدى. مامۇتخان دېرىزىنىڭ ئۇدۇلىدا نىيازنىڭ ئۆيگە قاراپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، كەچ بولغان چاغدا خوتۇنىنىڭ ئۆيىنى ئايلىنىپ يوشۇرۇن كىرىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

※ ※

ئۇلار نىياز ئېلىپ كەلگەن سامسا بىلەن چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ "قارت" ئويىنىغاچ يەنە گەپنىڭ ھازىرقى ۋەزىيەت، ئۇرۇش، «بېتىم» مەسىلىلىرى، خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى، ھەممە جايدا يوقسۇزچىلىق، ۋەيرانچىلىقنىڭ ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانلىقى، ھۆكۈمەتنىڭ زولۇمنى بارغانچە كۈچەيتىۋاتقانلىقى، ئىشپىيون-ساقچىلارنىڭ زوراۋانلىقى قاتارلىق ئىشلارغا يۆتكىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزمەي قېلىشتى.

بۇ ئادەملەرنىڭ بېشىدىن خېلى كۆپ ئىسسىق-سوغۇق ئۆتكەن. ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق كەچۇرمىشلىرى بار، بۇ زۇلمەتلىك جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئۆچمەنلىكى تولۇپ تاشقاندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە خۇسۇسەن نۇرنىڭ ئالاھىدە كەچۇرمىشلىرى بار بولۇپ، ئۇ كۆپنى كۆرگەن، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق-چۇچۇكىنى تېتىغان ئادەم بولغاچقا، ئالدى بىلەن بۇگۇنكى يىغىندا ئۆزىنىڭ كەچۇرمىشلىرىنى دوستلىرىغا سۆزلەپ بېرىپ، ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇردى.

ھۆرمەتلىك كىتابخان! ئۆز نۆۋىتىدە مۇئەللىپ بۇ سورۇنغا يىغىلغان قەھرىمانلىرىمىزنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردى. قىممەتلىك ۋاقىتلار ئىلىنغانلىقى ئۇچۇن كەچۇرگەيسلەر.

※ ※

1933-يىلىنىڭ يىل بېشى. جىن شۇرىن ھۆكۇمرانلىق قىلىۋاتقان چاغلار ئىدى. ئۇمۇ ياڭ زېڭشىننىڭ كونا جەندىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ "شاھ"لىق تاجىنى مەڭگۇ ساقلاپ قالماقچى بولۇۋاتاتتى. خەلق بولسا ئەركىنلىككە، يېڭى تۇرمۇشقا موھتاج ئىدى. جاھالەت قانچە كۇچەيگەنچە ئازادلىققا ئىنتىلىش شۇنچە كۇچەيمەكتە ئىدى. ئاخىر قۇمۇل تاغلىرىدا جەڭ گۇلخانلىرى يېقىلدى. قىشنىڭ سوغۇقى جاندىن ئۆتىدىغان چاغلاردا "ئاچىل، ئاچىل، گۇل ئاچىل" دېگەن بىر ناخشا پەيدا بولۇپ، كىشىلەر كۆڭلىنى ئۆزىگە خۇددى ماگنىتتەك تارتىۋالدى. لېكىن كىشىلەر بۇ ناخشىنى ئاشكارا ئېيتالمايتتى. "قۇمۇل تاغلىرىدا خوجا نىياز ھاجى دېگەن بىر كىشى ھۆكۇمەتكە قارشى ئۇرۇش باشلاپتىمىش...، ياڭ جاڭجۇننىڭ ئەسكەرلىرىنى قىرىپ تاشلاپتىمىش... قۇمۇلدىكى ۋاڭ ئوردىسىنى كۆيدۇرۇپ كۇلگە ئايلاندۇرۇۋېتىپتىمىش" دېگەنگە ئوخشاش گەپ-سۆزلەر كىشىلەر ئارىسىدا ئېغىزدىن-ئېغىزغا يوشۇرۇن كۆچۇپ يۇرەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي يەنە: "تۇرپانلىق

مۇسۇلباي ئۆزىنىڭ بىرقانچە ھەمراسى بىلەن كېلىپ باۋۇدۇن ھاجىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتىمىش، ئۇلار بىلەن يۈسۈپ رەئىس، قاسىم ھاجى دېگەنلەرمۇ كەپتىمىش، كەلگەن مېھمانلار باۋۇدۇن ھاجىنىڭ ئۆيىگە يۇرت چوڭلىرىنى يىغىپ خوجا نىياز ھاجىنىڭ خېتىنى ئوقۇپتىمىش" دېگەنگە ئوخشاش "مىش-مىش" سۆزلەرمۇ تارقىلىپ كەتتى.

بۇ سۆزلەرمۇ راست ئىدى. ئەسلىدە باۋۇدۇن ھاجى ئائىلىسى بىلەن تۇرپان ئاستانىدىكى مۇھتىلار ئائىلىسىنىڭ ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان سودا مۇناسىۋىتى بار ئىدى. بۇ ئىككى ئائىلە ئىنتايىن ئىناق ئۆتەتتى.

2-ئاينىڭ 3-كۈنى پۈتۈن يۇرت ئۆزلۈكىدىن قوزغىلىپ چىڭ سۇلالىسىدىن قالغان كونا لەڭزىگە (ھەربىي گازارمىغا) جايلاشقان دوك (دۈمچەك) يېڭجاڭ قوماندانلىقىدىكى چىن شۈرىن ئەسكەرلىرىنى خۇددى چەمبەرگە ئوخشاش قورشىۋالدى. نۇر مۇشۇ چاغدا دادىسىغا ئەگىشىپ قوزغىلاڭچىلار قارارگاھىغا كەلگەنىدى. ئۇ شۇ چاغدا ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەنىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئالدىدا قارا ملتىق كۆتۈرگەن ئۈۋچى-مەرگەنلەر، ئارقا تەرىپىدە تاياق-توقماق كۆتۈرگەنلەر ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇلار ئارىسىغا يەنە يېڭى قوزغىلاڭچىلار كېلىپ قوشۇلۇپ تۇراتتى. قىشنىڭ سوغۇق كېچىسىدە قوزغىلاڭچىلار ياققان مىڭلاپ گۈلخانلار خۇددى يانار تاغدەك ئاسمان بوشلۇقىنى يورۇتۇپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەيۋىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرغانىدى. ھەربىي گازارمىنىڭ ئىچىدە سۇ بولمىغاچقا، ئەسكەرلەر سېپىلنىڭ ئالدىدىكى كۆلدىن سۇ ئەكىرىپ ئىچەتتى. قوزغىلاڭچىلار كۆلنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ناسىر ھاجىنىڭ بېغىغا مەرگەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، تامدىن ئېچىلغان تۆشۈكلەردىن ئوق ئېتىپ ئەسكەرلەرنى كۆلگە يېقىن كەلتۈرمەيتتى. قورشاۋنىڭ ئىككىنچى كۈنى سەككىز نەپەر ئەسكەر ئون ئالتە دانە سوغىنى كۆتۈرۈپ سۇغا چىققاندا، ئۇلارنى سېپىل ئۈستىدە تۇرغانلار مۇھاپىزەت قىلغان بولسىمۇ، بۇ سەككىز نەپەر ئەسكەر باغ ئىچىگە ئورۇنلاشقان قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئوقىدىن ئۆلدى. قوزغىلاڭنىڭ ئۈچىنچى كۈنى قوزغىلاڭچىلار سامساق

كۆكبېشى باشچىلىقىدا ئون نەپەر ئادەمنى ۋەكىل قىلىپ سېپىل ئىچىگە كىرگۈزۈپ، خوجانىياز ھاجى نامىدىن دوك يىڭجاڭغا بىر پارچە خەت تاپشۇردى. خەتتە: ”مەن خوجانىياز ھاجى بەش مىڭ ئەسكەر بىلەن كېلىپ تىكەنلىككە چۈشتۈم. دەرھال قورال تاپشۇرۇڭلار. قارشىلىق كۆرسەتسەڭلا ھەرگىز رەھىم-شەپقەت كۆتمەڭلا...“ دېيىلگەنىدى. بۇ خەتنى مۇسۇلباي بىلەن بىللە كەلگەن ۋاڭ نىيازنىڭ ياڭ فامىلىلىك بىر تۇڭگان كاتىپى يازغان بولۇپ، خەت تاپشۇرۇشقا ئۇمۇ تەرجىمان سۈپىتىدە قاتناشقانىدى. خەتنى كۆرگەن دوك يىڭجاڭ ئىلاجىسىز قورال-ياراغلارنى تاپشۇرۇپ، تەسلىم بولدى. قوزغىلاڭچىلار جىن شۈرىنىڭ تەسلىم بولغان ئەسكەرلىرىگە ئوزۇق-تۈلۈك بېرىپ ئۇلارنى ئۆزى خالىغان يېرىگە يولغا سېلىپ قويدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئامبال ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇكېرىم ئەلەم قوزغىلاڭچىلارغا باش بولۇپ، چاقىلىق دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ كۈچىيىشىگە مەشئەل ياقتى. مۇسۇلباي گەنسۇ، چىڭخەيدىن جىن شۈرىنغا كېلىدىغان ياردەمنى توسۇش ۋە ماجۇڭيىڭنى ئىككىنچى قېتىم باشلاپ چىقىش ئۈچۈن بىر قىسىم قوزغىلاڭچىلارنى ئېلىپ يولغا چىقتى.

نۇر دادىسى بىلەن قوزغىلاڭچىلار شتابىدا قېلىپ دەسلەپتە ئالاقىچى بولدى. كېيىن كاناي چېلىشنى ئۆگىنىپ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىدا كانايچى بولدى. ”خولوڭ“ دېگەن لەقەم ئۇنىڭغا شۇ چاغدا سىڭىپ قالغانىدى. شۇ يىلىنىڭ قىش پەسلىدە: ”خوتەنلىك كامال داموللا كېلىۋاتقىدەك“ دېگەن خەۋەر تارقالدى. بۇ چاغدا ئابدۇكېرىم ئەلەم ئۈچ يۈزگە يېقىن قوزغىلاڭچىنى ئېلىپ ”چاپان قالدى“ دېگەن جايغا بېرىپ:

— خوتەنلىكلەرنى بۇ يۇرتىمىزغا كىرگۈزمەيمىز، — دەپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ ياتتى. كامال داموللىنىڭ ۋەكىلى دىلدىرشاخان دېگەن كىشى كېلىپ، ئابدۇكېرىم ئەلەم بىلەن كۆپ قېتىم سۆزلىشىپ، ئۇنى گەپكە كىرگۈزەلمىگەندىن كېيىن 1934-يىلى قىش پەسلىدە كامال داموللا مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى. ئابدۇكېرىم

ئەلەم ئۆزىنىڭ يۇرتۋازلىقى ۋە تەرەپبازلىقى تۈپەيلىدىن نۇرغۇن
قوزغىلاڭچىلارنىڭ بېشىغا چىققاندىن كېيىن ئاخىرى كورلا تەرەپكە قاراپ
قاچتى. ئۇ قالغان-قاتقان ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كورلىغا يېتىپ كەلگەن
ئاخشىمى كورلا باش ئەگمەدە ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن خوجانىياز
ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولۇۋاتاتتى. ئابدۇكېرىم ئەلەمۇ ئۆز
ئادەملىرى بىلەن دەرھال خوجانىياز ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرىگە ماسلىشىپ ئۇرۇش
قىلدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش تاڭ ئاتقىچە داۋام قىلدى. قوزغىلاڭچىلار بىلەن
خوجانىياز ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرىگە تەڭ كېلەلمىگەن ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى
كورلىغا كىرەلمەي ئاخىر تاغ ئارىلاپ كۇچا تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى.
قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنى قوغلاپ قارا يۇلغۇنغا بارغاندا يېتىشىۋالدى. چۈنكى بۇ
چاغدا خوجانىياز ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرى ئاقسۇ، كۇچا، باي خەلقى بىلەن
بىرلىشىپ ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىگە قارشى ئۇرۇشۇۋاتاتتى. ماجۇڭيىڭ
ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن قوزغىلاڭچىلارمۇ بۇ ئۇرۇشقا
قاتناشتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا سىجاڭ باي ئاخۇن ئۆلدى. نۇرمۇ ئۇرۇشتا
پىنىڭ يارىلانغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ سەپتىن قالماي، ئاقسۇ كونا شەھەر
ۋە دالا شوردا بولغان جەڭلەرگە قاتناشتى ۋە يەنە بىر قېتىم يارىلاندى.

ئۇلار مارالبېشىغا بارغاندا مامۇت سىجاڭ ئابدۇكېرىم ئەلەمنى چاقىرىپ:

— ئاخۇن يىگجاڭ يۇرتۇڭلار كىچىك، شۇڭلاشقا سىزگە تۇردى
يىگجاڭنى[1] ياردەمگە قوشۇپ بېرىمەن. ئۇ قاۋۇل ئەزىمەت، ئىككىڭلار ئىناق
ئۆتۈپ بىر-بىرىڭلارغا ھۆرمەت قىلىڭلار! يەنە بىر گەپ، گاجىت بەكرى چاقىلىقتا
ھاكىم بولسۇن، — دەپ تاپىلىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار تارىم دەرياسىنى بويلاپ تەكلىماكان چۆلى
ئارقىلىق چاقىلىققا قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا كامال داموللا خوتەنگە قايتىپ
كەتكەنىدى. قەيسەر، باتۇر، ئىرادىلىك تۇردى يىگجاڭ قوزغىلاڭچىلارغا قاتتىق

---

[1] تۇردى يىگجاڭ — كورلا قازانچىلىق كىشى.

ھەربىي ئىنتىزام بويىچە تەلىم-تەربىيە بېرىپ، ھېچكىمنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشىغا يول قويمىدى. بۇ چاغدا نۇر كىچىك بولسىمۇ، ئۇستا كانايچى بولۇپ قالغانىدى. لېكىن ئابدۇكېرىم ئەلەم ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆز ئائىلىسىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ، تۇردى يىگىتچاگىنى ئاستىرتىن يەكلەشكە باشلىدى.

1934-يىلى شېڭ شىسەي ئالدامچىلىق بىلەن خوجانىياز ھاجىنىڭ نامىنى سۈيئىستېمال قىلىپ، قوزغىلاڭچىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇلارغا ھەربىي تـەمىنات ئەۋەتىپ بەردى. قوزغىلاڭچىلار ھەربىي تەمىناتنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، بىراق تۇردى يىگىتچاگىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا قورال تاپشۇرۇشنى قەتئىي رەت قىلدى. رەزىل سۈيقەستنى ئىشقا ئاشمىغان شېڭ شىسەي شۇ يىلى 8-ئـايدا قاراشەھەر ۋالىيسى ياڭ مىگجۇغا پەرمان چۈشۈرۈپ، بۇ دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرماقچى بولدى. ياڭ مىگجۇ خوجايىنىنىڭ پەرمانى بويىچە قىرىق نەپەر موڭغۇل ئەسكەرنى سوۋېت ئىتتىپاقى بەرگەن يىگىرمە دانە پىلموت ۋە باشقا قوراللار بىلەن قوراللاندۇرۇپ، مەخپىي ھالدا ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنى زىيارەت قىلدى. چۈنكى ئابدۇكېرىم ئەلەم قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدا ئاستىرتىن بۆلگۈنچىلىك قىلىپ ئۇلارنى پارچىلاشقا ئۇرۇنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ قارا نىيىتىدىن پايدىلانماقچى بولغان ياڭ مىگجۇ:

— ئاخۇن يىگىچاڭ، سىزگە ۋالىيلىقنى ئۆتكۈزدۈم، — دەپ بىر دانە يـالـغان تـامغىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى. بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ كەتكەن ئابدۇكېرىم ئەلەم:

— ئاز بولسىمۇ ۋالىي جانابلىرىغا سوۋغىتىم بولسۇن، — دەپ ئۆزى بېقىۋالغان بىر خەنزۇ قىزنى ياڭ مىگجۇغا تۇتۇپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ شەھەردىكى ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇردى.

8-ئاينىڭ 20-كۈنى ياڭ مىگجۇ ئۆزىنىڭ شېڭ شىسەي ۋە خوجانىياز ھـاجـى نـامـىـدىـن ئەسكەرلەرگە كونا لەگزىدە چۈشتىن كېيىن زىياپەت بـېـرىـدىـغانلىقىنى، تۇردى يىگىتچاگىنىڭمۇ بۇ زىياپەتكە قاتنىشىپ بېرىشىنى

ئۇقتۇردى. تۆردى يىڭجاڭ ھەر ئېھتىمالغا قارشى تەييارلىق بىلەن باردى. ياڭ مىڭجۇ تۆردى يىڭجاڭنى ئۆزى بىلەن ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئولتۇرغۇزۇۋالدى. تۆردى يىڭجاڭ ياڭ مىڭجۇنىڭ سۆز-ھەرىكىتىدىن بۇ زىياپەتنىڭ تۇزاق ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىپ، سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا، ئۇنى ياڭ مىڭجۇنىڭ ئادەملىرى تۇتۇۋالدى. بۇ چاغدا سېپىل ئۈستىگە ئورنىتىلغان يىگىرمە دانە پىلىموت تەڭلا قوزغىلاڭچىلارغا قارىتىلىپ ئوق ئۈزۈشكە باشلىغانىدى. ئىلاجسىز قالغان قوزغىلاڭچىلار قوراللارنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ياڭ مىڭجۇ قوراللارنى يىغىۋالغاندىن كېيىن قوزغىلاڭچىلارنى تارقىلىپ كېتىشكە بۇيرۇق بېرىپ، يۇرتنى ساقلاشنى ئابدۇكېرىم ئەلەم ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە تاپشۇردى. شۇ چاغدا نۇر ئۇ يەردىن قېچىپ چىقىپ، ناسىر بەگنىڭ جايىدا شتابنى ساقلاۋاتقان ھوشۇر لىيەنجاڭغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى، ھوشۇر لىيەنجاڭ ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى دەرھال ھېس قىلىپ زاپاس قوراللارنى يوشۇرۇپ قويۇپ ئەپلىك پەيتىنى كۈتۈشكە باشلىدى. بۇ ئىشتىن كېيىن ياڭ مىڭجۇ بىلەن ئابدۇكېرىم ئەلەم جاھانغا پاتماي كەتكەنىدى. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ، 10-ئاينىڭ 20-كۈنى قورالنى ساقلاۋاتقان قاراۋۇللار ئىككى خەنزۇنى تۇتۇۋېلىپ ئۇلارنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ، بىر پارچە ھۆكۈمەت ئالاقىسىنى تېپىۋالدى. بۇ شىڭ شىسەينىڭ "تۆردى يىڭجاڭ ئېتىپ تاشلانسۇن" دېگەن پەرمانى ئىدى. ئۇلارنى سوراق قىلىش نەتىجىسىدە تۆردى يىڭجاڭنىڭ مىرەندە قاماقتا ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇ ئەھۋالنى ئۇلار دەرھال ناسىر ھاجىم ئارقىلىق ھاكىم گاجىت بەكرى بىلەن ھوشۇر لىيەنجاڭغا مەلۇم قىلدى. ھوشۇر لىيەنجاڭ يوشۇرغان قوراللارنى ئېلىپ، يەتمىش قوزغىلاڭچىنى قوراللاندۇرۇپ، بىر كېچىدە مىرەنگە بېرىپ، ياڭ مىڭجۇنىڭ ۋە ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ يىگىرمە ئادىمىنى قورالسىزلاندۇرۇپ، تۆردى يىڭجاڭنى قۇتقۇزۇۋالدى. بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە نۇر ئالاھىدە رول ئوينىغانىدى.

ئۇلار تۆردى يىڭجاڭنى توختى ئاخۇن شاخارنىڭ كۆلبېشىغا باغلاپ قويۇپ، ئابدۇكېرىم ئەلەمگە:

— تۇردى يېڭجاڭ قېچىشقا ئۇرۇنغانىكەن، بىز ئۇنى تۇتۇپ كەلدۇق. ۋالىي جانابلىرى تاپشۇرۇپ ئالسۇن، — دەپ خەۋەر بەردى.

بۇ گەپكە گۇمانسىز ئىشەنگەن ئابدۇكېرىم ئەلەم تۆت مۇھاپىزەتچى بىلەن يېتىپ كەلگەندە، توختاخۇن شاخارنىڭ ھويلىسىدا پاقلان گۆشى بېسىلغان پولۇنىڭ مېزىلىك ھىدى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى.

— ۋالىي جانابلىرى، — دېدى ھوشۇر لیەنجاڭ، — " ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام" دەپتىكەن كونىلار. تۇردى يېڭجاڭ ئەمدى قېچىپ كېتەلمەيدۇ، ئاۋۋال پولۇنى يەيلى!...

بۇ گەپتىن خۇشال بولغان ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ شۆلگەيلىرى ئېقىپ، مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن مايلىق پولۇ ۋە پاقلان گۆشكە دۈم چۈشتى. تۇردى يېڭجاڭنىڭ ئادەملىرى ھوشۇر لیەنجاڭنىڭ باشلامچىلىقىدا ئابدۇكېرىم ئەلەم ۋە ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىنى ھايت-ھۇيت دېگۈچە قورالسىزلاندۇرۇپ، چەمبەرچەس باغلىۋالدى-دە، ئابدۇكېرىم ئەلەمنى سوراق قىلىشقا باشلىدى. ئابدۇكېرىم ئەلەم سوراق جەريانىدا ياڭ مىڭجۇنىڭ ھازىر ئۆزى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغان قىز بىلەن شەھەردىكى ئۆيدە ئەيش-ئىشرەت قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۆزلىرىگە سادىق كىشلەرنىڭ غەربىي سېپىلدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىقرار قىلدى.

قوزغىلاڭچىلار ئەھۋالنى تولۇق ئىگىلىگەندىن كېيىن، بىر قىسمى ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ياڭ مىڭجۇ تۇرۇۋاتقان شەھەردىكى ئۆيىنى قورشىۋالدى. يەنە بىر قىسمى ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ غەربىي سېپىلدا تۇرۇۋاتقان قوشۇنلىرىنى قورالسىزلاندۇردى. ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلگەن ياڭ مىڭجۇ ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ شەھەردىكى جايىغا ئوت قويۇۋېتىپ قېچىپ كەتتى. لېكىن ئۇ توققۇز كۈن ئۆتكەندىن كېيىن تۆت نەپەر مۇھاپىزەتچىسى بىلەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئوقىدا ئۆلدى. قوزغىلاڭچىلار ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ شەھەرگە ئېسىپ قويدى. ئابدۇكېرىم ئەلەم قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. نۇر بولسا تۇردى يېڭجاڭغا ئەگىشىپ داۋاملىق جەڭ قىلدى.

تارىخ چاقى ئۆزلۈكسىز چۆگىلەپ 1935-يىلغا قەدەم قويغاندا، ۋەزىيەت

ئېخمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. بىر تەرەپتە شىبىڭ شىسەينىڭ، يەنە بىر تەرەپتە ماخۇشەننىڭ قىسملىرى پەيدا بولدى. شۇ يىلى 4-ئايدا ماخۇشەن قىسملىرى چەرچەن تەرەپتىن چاقىلىققا باستۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئەھۋال كۈندىن-كۈنگە يامانلاشماقتا ئىدى. تۇردى يىگىجاڭ خەلقنى تارقاقلىشىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆزى قوزغىلاڭچىلارنى ئوبدان تەشكىللەپ، غەربىي سىپىلدا ماخۇشەن قىسمىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ياتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ماخۇشەن قىسمى چاقىلىققا كېلىپ، تۇردى يىگىجاڭنىڭ جەڭچىلىرى بىلەن قاتتىق ئېلىشتى. ئۈچ كۈنلۈك جەڭدە ماخۇشەن قىسمى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. چاقىلىققا ھۆكۈمرانلىق قىلىش خام خىيالىدا بولۇپ كەلگەن جامال باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر ياللانما قوشۇنلار تىرىك ئەسىرگە چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن قوزغىلاڭچى قوشۇن ئۇلارغا ھېچقانداق زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەي نەسىھەت قىلىپ قويۇپ بەردى. بۇ توغرۇلۇق خەلق مۇنداق قوشاق توقۇغانىدى:

دەڭگىرەكلەپ كېلىپتۇ،
جامال بىلەن تۇردىجان.
لوپلوقلارنى كۆردۈگمۇ،
پېشانەڭدىن ئالدى قان.

ماخۇشەن قىسمى چېكىنىش ۋاقتىدا، ئۇقيا ئارقىلىق سىپىل ئىچىگە خەت كىرگۈزۈپ، سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىمىن بەگنىڭ تۇگمىنىگە ۋەكىل چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. قوزغىلاڭچىلار قاسىم ھاجى باشچىلىقىدا ئون ئىككى نەپەر ۋەكىلنى سۆھبەتلىشىشكە ئەۋەتتى. قارشى تەرەپ ۋەكىللەردىن بەش مىڭ سەر ئالتۇن بىلەن شەھەرنى دەرھال تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ۋەكىللەر بۇ يولسىز تەلەپنى قەتئىي رەت قىلىپ ئۇلارنىڭ دەككىسىنى بەردى. غەزەپلەنگەن ماخۇشەننىڭ ئادەملىرى ۋەكىللەرنى قويۇپ بەرمەي، پوقرالار بىلەن قوشۇپ

ئالتۇن كولاشقا ئېلىپ كەتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسى ۋەكىللەر بىلەن پۇقرالارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، تۆردى يىگجاك، ھاكىم گاجىت بەكرى، ئەزىز ھاجىلارنىڭ رەھبەرلىكىدە چەرچەننىڭ شەرقىدە قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان ماخۇشەن قىسمىدىن ئون ئىككى ئادەمنى قورالسىزلاندۇرۇپ، ئۈچ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ماخۇشەننىڭ چەرچەندە تۇرۇشلۇق 8-لوپىننىڭ لويجاڭى ماشاۋيۇن ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە باستۇرۇپ كەلدى.

1935-يىلى 5-ئاينىڭ 21-كۈنى تاختىپەرە دۆڭدە قوزغىلاڭچىلار سان جەھەتتە ئۆزىدىن بىر ھەسسە كۆپ ھەم ياخشى قوراللانغان، جەڭ تەجرىبىسى مول ماخۇشەن قوشۇنى بىلەن قانلىق جەڭ قىلدى. ماخۇشەن قوشۇنى خوتەن، كېرىيە، چەرچەندىن مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە ئالغان ئۇيغۇر باللىرىنى ئالدىغا سېلىپ قويۇپ، ئۆزلىرى بوستان توغراق، جىگدە قۇدۇق، ئاق تاز تەرەپلەردىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ چېكىنىش يولىنى توسىدى. قورال-ياراغ جەھەتتە ناچار، ئەمەلىي جەڭ تەجرىبىسى بولمىغان قوزغىلاڭچىلار بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئاتلىق قوزغىلاڭچى چەرچەن دەرياسى بويىدىكى سازلىققا تىقىلىپ قېلىپ، قىرىپ تاشلاندى. ئۈچ يۈزگە يېقىن قوزغىلاڭچى ئەسىرگە چۈشتى. ئازغىنا بىر قىسىم ئادەم تەرەپ-تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى، پەقەت ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ئادەم قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ 25-ماي كۈنى كېچىسى قاراشەھەرگە كېلىپ، ناسىر ھاجىنىڭ سارىيى بىلەن مەھەممەت يۇسۇپ ئەرۋاھنىڭ جايىغا چۈشتى. بىر ھەپتىدىن بويان قاتتىق چارچىغان ۋە ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، ئۇيقۇسىزلىقتىن قاتتىق قىينالغان قوزغىلاڭچىلار دەرھال ئۇيقىغا كەتتى.

سۈبھى كۆتۈرۈلگەن چاغدا نۇر بەختى تاھارەتكە چىقىپ، بىر كىملەرنىڭ تۇيدۇرماي كېلىپ مەھەممەت يۇسۇپ ئەرۋاھنىڭ جايىنى قورشىۋالغانلىقىنى سېزىپ قالدى. نۇر ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، يەرگە ئۆزىنى تاشلاپ بىر دوملاپلا ئۆيگە ئۆزىنى ئېتىپ، ئەھۋالنى تۆردى يىگجاڭغا مەلۇم قىلدى ھەمدە

يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئۇنقا قارىماي ناسىر ھاجىمنىڭ جايىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇ يەردىكى قوزغىلاڭچىلارغا خەۋەر بەردى. نەتىجىدە بىر سوتكا ئۇرۇش بولۇپ، ئازغىنە ئادەم قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، كۆپلىگەن جەڭچىلەر جەڭدە باتۇرلارچە قۇربان بولدى. ئەسىرگە چۈشكەن مايىت ئاخۇن باشچىلىقىدىكى ئون سەككىز جەڭچىنى ماخۇشەن قوشۇنى خەلققە كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ناسىر ھاجىمنىڭ ھويلىسىدا چېپىپ تاشلىدى. ئارقىدىن مەھەممەت يۈسۈپ ئەرۋاھىنىڭ جايىغا ئوت قويۇۋەتتى. بۇ قېتىمقى جەڭدە نۇر بەختى يېنىك يارىلانغاچقا قورشاۋدىن قۇتۇلۇپ چىقتى. قورشاۋدىن قۇتۇلۇپ چىققان ئاز بىر قىسىم قوشۇن «تاتلىق بۇلاق» دېگەن جايغا كەلگەندە «خۇدا ئۇرغاننى خۇدا بەردى قوشلاپ ئۇرۇپتۇ» دېگەندەك ئېتى قارا تەرگە چۆمگەن ھۇشۇر لەنجاڭ كېلىپ، ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ مۇرتلىرىدىن ساماساق كۆكبېشى ۋە رۇسنەم قاتارلىق كىشىلەر توپىلاڭ كۆتىرىپ يۇرتنى ساقلاۋاتقان قىسىملاردىن ھوقۇق تارتىۋالغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن تۇردى يىڭجاڭ، نۇر بەختىكە ئۇخشاش ئۆزىگە ئەگەشكەن ئازغىنا بىر قىسىم ئادەم بىلەن تەكلىماكان ئارقىلىق مىڭ بىر مۇشەققەتتە قەشقەرگە يېتىپ باردى.

قەشقەردە مامۇت سىجاڭ، تۇردى يىڭجاڭغا تىلىۋالدى لەنجاڭ، سىتىۋالدى لەنجاڭ، ئارىپ لەنجاڭلارنى ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن قوشۇپ بېرىپ يولغا سالدى. ئۇلارغا ئەگەر يەنە ۋەزىيەت يامانلاشسا، لوپنۇر كۆلى رايونىغا چېكىنىپ، قۇمۇل، تۇرپان بىلەن ئالاقە باغلاپ ئاخىرقى كۈرەشكە تەييارلىنىشنى تاپىلىدى. شۇ يىلى ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇلار چاقىلىققا يېتىپ كەلدى. تۇردى يىڭجاڭ چاقىلىققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چېچىلىپ كەتكەن قوشۇنلىرىنى يىغىپ، رەتكە سېلىپ، يېڭى كۈرەشكە تەييارلاندى. نۇرنىڭ دادىسى بەختىئاخۇن ئوغلىنى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىدىن چېكىنىپ چىقىشقا كۆپ قېتىم دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، نۇر قەتئىي ھالدا ئۇنى رەت قىلدى.

1936-يىلى كىرىش بىلەن ۋەزىيەت تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى قوزغىلاڭچىلارنى قوراللىق باستۇرۇپ

بويسۇندۇرالمىغاندىن كېيىن، ئىشپىيونلارنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىپ، ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلگۈنچىلىك ئېلىپ بېرىش، سېتىۋېلىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش قاتارلىق سۇيىقەستلەرنى پىلانلىدى. مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا قوزغىلاڭچىلار شېڭ شىسەينىڭ سۇيىقەستىگە تاقابىل تۇرۇش يۈزىسىدىن تۈرلۈك كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى. ماخۇشەن قىسىملىرى 1936-يىلى 6-ئاينىڭ 1-كۈنى "چاقىلىقنى تۈزلىۋېتىش" شوئارى ئاستىدا ئىككى سەپ بويىچە قوزغىلاڭچىلارغا ھۇجۇم باشلىدى. ئۇيغۇرلاردىن تەشكىل تاپقان جامال باشچىلىقىدىكى ياللانما قوشۇن شىمالىي سەپتىن، ماخۇشەن قىسمى جەنۇبىي سەپتىن ھۇجۇم قىلدى. تۆردى يىگجاڭ بۆرۈنقى جەڭلەردىكى تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، مەرگەنلەرنى ئەپلىك ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇم قىلىشىنى كۈتتى. شىمالىي سەپتىن ھۇجۇم قىلغان قوشۇنلار تۆردى يىگجاڭ ئورۇنلاشتۇرغان كۈچلۈك پىستىرمىغا دۇچ كېلىپ، ئىككى سائەتلىك جەڭدە تارمار بولدى. جامال شۇ قېتىمقى جەڭدە ئوق تېگىپ ئۆلدى. بۇ توغرۇلۇق خەلق كېيىن مۇنداق قوشاق قوشتى:

ھەر تەرەپتىن كېلەدۇ،
خۇدايىمنىڭ شامالى.
چاقىلىقتا قان بەردى،
بۇلاڭچىنىڭ جامالى.

جەنۇبىي سەپتىن ھۇجۇم قىلغان ماخۇشەن قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمى شۇنچە شىددەتلىك بولغان بولسىمۇ، خەلق قەھرىمانى ئوسمان خاۋا باشچىلىقىدىكى سايباغنى ساقلاۋاتقان قوزغىلاڭچىلار ھەرقانداق تالاپەتنىڭ يۈز بېرىشىگە قارىماي، ئۇلارغا ئەجەللىك زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ يۈزدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى. بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان ماخۇشەن قوشۇنى "ئېشەككە كۆچۈك يەتمىسە ئۇر توقۇمنى" دېگەندەك قۇربان بولغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ

جەسەتلىرىنى چېپىپ پارە-پارە قىلىپ تاشلىغاننى ئاز دەپ، توختاخۇن تۇگمەنچى قاتارلىق ئۆيىدە ئولتۇرغان بىگۇناھ كىشىلەرنىمۇ قىرىپ تاشلاپ، قېچىپ كەتتى.

1937-يىلى تۇردى يىگىجاگىنىڭ ئاساسلىق تايانچىسى بولغان مامۇت سىجاڭ ھىندىستانغا چىقىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي، خوجانىياز ھاجىمۇ جاللات شېڭ شىسەي تەرىپىدىن نەزەربەنت قىلىندى. بۇ ئەھۋاللار تۇردى يىگىجاگىغا قاتتىق تەسىر قىلغاچقا، ئۇ ھەر تەرەپتىن چۈشكۈنلىشىپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ، ئابدۇنىياز كامالغا ئادەم ئەۋەتىپ، شېڭ شىسەيگە قارشى ئىككىنچى قېتىملىق كۆرەشكە تەييارلاندى. مۇشۇ ئېغىر كۈنلەردىمۇ نۇر قەتئىي ھالدا تۇردى يىگىجاگىنى قوللاپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئۇزۇل-كېسىل ئىجرا قىلىپ كەلدى. دەل مۇشۇ پەيتتە شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى خائىنلارنى كۆپلەپ سېتىۋېلىپ، ئۇلار ئارقىلىق تۇردى يىگىجاگىنى يوقىتىشنى، ئاندىن ئۇنىڭ يولباشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلاڭچىلىرىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشنى پىلانلىغانىدى. شۇ يىلى 10-ئاينىڭ 29-كۈنى قاش قارايغاندا شەھەردە تۇرۇۋاتقان ياقۇپ يىگىفۇ ناسىر بەگنىڭ قورۇسىدا تۇرۇۋاتقان تۇردى يىگىجاگىنى ئىزدەپ كەلدى-دە، ئۇنىڭ ئۆيىدە بەخىرامان چىلىم تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ تۇردى يىگىجاگىغا قارىتىپ ئوق چىقارماقچى بولغاندا مىلتىق پىستان چىقىپ ئېتىلمىدى. ياقۇپ يىگىفۇنىڭ قارا نىيىتىنى خېلى بۇرۇندىن سېزىپ يۈرگەن تۇردى يىگىجاگىنىڭ قەدىناس دوستى ۋە مەسلىھەتچىسى ئايۇپ فوگوڭ بۇ ئەھۋالنى سېزىپ قېلىپ، ياقۇپ يىگىفۇنى ئېتىپ تاشلىدى. ھېچ نەرسىدىن خەۋىرى يوق ئولتۇرغان تۇردى يىگىجاڭ تۇيۇقسىز ئېتىلغان ئوق ئاۋازىدىن ۋە قالايمىقانچىلىقتىن ھېچ نەرسىنى پەرق ئېتەلمەي، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش ئۈچۈن دېرىزىدىن سەكرەپ قاچقاندا ئۆينىڭ كەينىدىكى كۆلگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ مىڭ تەستە كۆلدىن چىقىپ، باۋۇدۇن ھاجىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى. باۋۇدۇن ھاجى بۇرۇندىن تارتىپ تۇردى يىگىجاگىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى قوللاپ كەلگەنىدى. شۇڭلاشقا تۇردى

يىگىجاك ئۇ يەردىن بىر ئات، ئازراق ئوزۇق-تۈلۈك ئېلىپ ۋاقتىنچە باشقا جايغا كەتمەكچى بولغانىدى. ياقۇپ يىگىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە باۋۇدۇن ھاجىنىڭ ئۆيى ۋە بېغىنىڭ ئەتراپىنى نازارەت قىلىپ يۈرگەن رەھىم لاۋيى بىلەن ئابلاشويى يىراقتىن بىرسىنىڭ بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تۇردى يىگىجاگىنىڭ ئالدىغا ماڭدى. تۇردى يىگىجاك ئالدىدا پەيدا بولغان ئىككى قارا كۆلەڭگىنى كۆرۈپ توختىدى، ئۇنى تونۇغان ئابلاشويى:

— تۇردىكاممۇ؟ — دەپ سورىدى، تۇردى يىگىجاك ئابلاشوينىڭ ئاۋازىنى تونۇپ:

— ھەئە، مەن. ئابلامۇسەن؟— دېدى.

— ھەئە، مەن. يېنىڭىزدا كىم بار؟ — دەپ قايتۇرۇپ سورىدى ئابلا.

— يالغۇز...

— يالغۇز دەمسىز؟ — ئابلا ئالدىراپلا تۇردى يىگىجاگىغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى. "پاك" قىلغان ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭ دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ قەيسەر سەركەردىلىرىنىڭ بىرى بولغان تۇردى يىگىجاك كېسىلگەن قارغايدەك يىقىلدى. خائىنلارنىڭ ئوقىدا تۇردى يىگىجاك ۋاقىتسىز قۇربان بولغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭچى دېھقانلار ئارمىيىسى سەركىسىز قالغان قوي توپىدەك پىتىراشقا باشلىدى. بۇ قالايمىقانچىلىقنى ئۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغان مەخسۇت لىيەنجاك باشچىلىقىدىكى شېڭ شىسەينىڭ ئىشپىيونلىرى قوزغىلاڭچى دېھقانلار قوشۇنىنى ئاسانلا قورالسىزلاندۇردى. شۇنداق قىلىپ بەش يىل ئالتە ئاي داۋام قىلغان دېھقانلار قوزغىلىڭى ئەنە شۇنداق پاجىئەلىك ھالدا مەغلۇب بولدى.

ئەتىسى خەلق تۇردى يىگىجاگنى زور داغدۇغا، ھۆرمەت بىلەن يەرلىككە قويدى. باۋۇدۇن ھاجى يۇرت-جامائەتكە ئۇنىڭ نەزىر-چىرىغىنى ئۆتكۈزۈپ بەردى. تۇرنىڭ بىر ھەپتىكىچە كۆزىدىن ياش قۇرىمىدى. شېڭ شىسەينىڭ ساقچى-ئىشپىيونلىرى بولسا قوزغىلاڭچىلارنى ئاختۇرۇپ تۇتۇشقا باشلىغانىدى. بۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن تۇرنىڭ دادىسى ئوغلىنى تۇتقۇنلۇقتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جەمئىيەتتە خېلى چوڭ تەسىرگە ئىگە ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ خىزمىتىگە

تۇتۇپ بەردى. ئۇزاق ئۆتمەي نۇر ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ بالىلىرى بىلەن بىللە مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇپ، 1940-يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، قاراشەھەر ۋىلايەتلىك ئاددىي دارىلمۇئەللىمىن قارىمىقىدىكى 1-نۆۋەتلىك مۇئەللىملەر كۇرسىدا بىر يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، مائارىپ ساھەسىدە ئىشلىدى.

1944-يىلى ئەتىيازدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى نۇرنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان جۇنشۇنتۇەن[1] ئىشپىيونلۇق مەكتىپكە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. ئارقىدىنلا يەنە ئۇنى شۇ يىلى 9-ئايدا پراكتىكانت رازۋېتچىك سۈپىتىدە غۇلجىغا ئاخبارات توپلاشقا ئەۋەتتى. بۇ چاغدا ئىلقا قوزغىلىڭى پارتلاپ، ئىلى تەۋەسىدە ئىنقىلاب جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقانىدى. ئۇ غۇلجىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، گومىنداڭچىلارنىڭ "ھال سوراش ئۆمىكى" تەركىبىدە تەرجىمان بولۇپ، ماناس، چۆچەك قاتارلىق جايلارغا باردى. 1945-يىل 1-ئايدا، ئۇنى گومىنداڭنىڭ غۇلجا ھەرەمباغدا قورشاۋدا قالغان قوشۇنلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ماڭغان بىر دىۋىزىيە ئەسكىرىگە يول باشلاپ بېرىشقا بەلگىلىدى. لېكىن بۇ بىر دىۋىزىيە ئەسكەرنى مىللىي ئارمىيە سايرام بويىدا قورشاپ زەربە بېرىپ تەل-تۆكۈس يوقاتتى. بۇ بىر دىۋىزىيە ئەسكەردىن ئاران 15 ئادەم قېچىپ قۇتۇلدى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن "كۈمانلىق ئۇنسۇر" دەپ قارىلىپ، چاقىلىق ساقچى ئىدارىسىغا باشلىق قىلىپ بەلگىلەندى دېگەن باھانە بىلەن چاقىلىققا سۈرگۈن قىلىندى. ئۇ بۇ يەرگە كەلگەن كۈندىن باشلاپ نازارەت ئاستىغا ئېلىندى.

نۇر خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل شېڭ شىسەينىڭ زۇلمى ئاستىدا ياشىغاچقا ۋە جېڭشىنىڭ يالغان-ياۋداق ۋەدىلىرى ھەم تەشۋىقاتلىرىغا ئىشىنىپ، گومىنداڭدىن ئىنسانپەرۋەرلىك، مىللىي باراۋەرلىكنى كۈتكەنىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ياۋۇز ئەپتى-بەشىرىسىنى چۈشىنىپ يەتكەندىن كېيىن، 9-ئايدا

[1] جۇنشۇنتۇەن — ھەربىي تەلىم تەربىيە كۇرسى

پراكتىكانت سوپىتىدە غۇلجىغا بارغاندا قوزغىلاڭچىلار تەرىپىگە ئېچىپ كەتمىگىنىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى.

※ ※

قۇتلۇق ئەسلىدە ئوتتۇرپانلىق بولۇپ 1943-يىلى ئۈلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ، خىزمەت تەقسىماتى بويىچە چاقىلىققا كەلدى. شۇ يىلى 19-سېنتەبىر كۈنى گومىنداڭنىڭ ناھىيىلىك پىرقىسى قۇرۇلغاندا، شۇ يەرگە ئاددىي بىر ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى سۈپىتىدە تەقسىم قىلىندى.

قۇتلۇق 1940-يىل 9-ئايدا ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى ئۈلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان ئۈچ يىل جەريانىدا ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئىلغار ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرى تۇتقۇن قىلىنىپ، شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىگە تاشلاندى. چۈنكى ئۈلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن ئىلغار غايىلىك كىشىلەر ئىدى. قۇتلۇق مۇشۇ مەكتەپتىلا ئىلغار ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئەكسىيەتچىلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكى كۈچەيگەنىدى. ئۇ چاقىلىققا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، 1944-يىلى ئەتىيازدا مامۇتخان مۇئاۋىن ھاكىم سۈپىتىدە چاقىلىققا كەلدى. كېيىنرەك نۇر بىلەن بارات كەينى-كەينىدىن قايتىپ كەلدى. نەتىجىدە ئۇلار مۇستەھكەم بىر ئىتتىپاق بولۇپ ئۇيۇشۇپ ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش باشلىدى.

※ ※

بۇگۈنكى يىغىلىشتا بۇ تۆتەيلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇپ، ئىلى ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى كۈتۈۋېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن

"كۆرەشچان ياشلار" تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، بۇنىڭ ئەتراپىغا گومىنداڭغا قارشى تۇرۇشنى خالايدىغان بارلىق ياشلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنى قارار قىلىشتى. ئۇلار تەشكىلاتنىڭ نىزامنامىسى بىلەن قەسەمنامىسىنى يېزىپ چىقىشنى مامۇتخانغا ھاۋالە قىلغانىدى. مامۇتخان:

— نىزامنامە توغرۇلۇق ئويلاپ كۆرەي. لېكىن بىزنىڭ قەسىمىمىز لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بىر كۇپلېت شېئىرى بولسۇن. سىلەرچە قانداق؟ — دېدى.

— بولىدۇ، — دەپ بۇ پىكىرگە ھەممەيلەن قوشۇلدى. بارات لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ تۆۋەندىكى بىر كۇپلېت شېئىرىنى مىسرامۇ مىسرا ئوقۇدى. باشقىلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تەكرارلىدى:

ئېسلارمەن مىلتىق ئېتىپ تاۋلانغان قولغا،
يېپىشارمەن بايراق بىلەن ئاتلىغان يولغا.
كۆرەش باياۋانىدا ھارماسمەن ئەسلا،
يېڭىش بىلەن كېلىپ چىقمىز كەڭ غالىب يولغا.

ئۇنىڭ كەينىدىن مامۇتخان:

— مەن خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئاخىرقى بىر تامچە قېنىمنى قالغىچە كۆرەش قىلىمەن. ئەگەردە بەرگەن قەسىمىمگە خىلاپلىق قىلسام ئۆلۈمگە مەھكۇم! — دېدى. ھەممەيلەن مامۇتخاننىڭ دېگىنىنى تەكرارلىدى.

شۇنىڭ بىلەن قەسەم بېرىش مۇراسىمى ئاياغلاشتى. ئۇلار ئۆزئارا بىر-بىرىنى تەبرىكلەشتى. مامۇتخان:

— شۇنداق يولداشلار، "ياخشى نىيەت يېرىم دۆلەت" دەپتىكەن كونىلار. تەگرى تېغىدا چىللىغان خوراز يېڭى تاڭدىن خەۋەر بەردى. ھەممەيلەن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە شۇ تاڭ ئۈچۈن كۆرەش قىلايلى! — دېدى ۋە سۆزىنىڭ ئاخىرىدا مەخپىيەتلىكنى قاتتىق ساقلاش ھەققىدە ئەسكەرتىپ قويدى.

گۈلسۇم كەلگەن چاغدا ئۇلار ئاخىرقى كەپلەرنى قىلىشىۋاتقانىدى. ئۇ ئاخىرقى شۇ سۆزنى ئاڭلاپ قالدى. ئىككى كۈندىن كېيىن بۇ كەپلەر ھىسامىدىن بەگ ئارقىلىق مۇدۇساننىڭ قۇلىقىغا يەتتى. گۈلسۇم بولسا ئۆز ئېرىنىڭ تەقدىرىنى بىر جۈپ ئالتۇن بىلەزۈككە تېگەشكەنلىكىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى.

## ئون بىرىنچى باب

# سىرلىق ئادەم

چاقماقتەك ۋاللىدار بولۇت قېچىپ،
تۈرىدىن بەھرىمەن مەڭگۈلۈك ئارال.
بىر شەھەر بولدى گۈم زېمىن سىلكىنىپ،
يۈزلىگەن شەھەرمۇ قالدى تەۋرىنىپ،
بولۇپ شۇ سادادىن يەر يۈرىكى لال.
— شېللى

1946-يىلى ماي ئېيىنىڭ ئاخىرى، قۇياش يەر يۈزىنى قاتتىق قىزىتماقتا. ئوتتەك ھاۋا تەپتىدىن ئىنلار تىللىرىنى ساڭگىلىتىپ سايە-سالقىندىن چىقىشمايتتى. قاغا-قۇزغۇنلارمۇ قاناتلىرىنى سالپايتىپ، ئېغىزلىرىنى ئېچىپ ھەلقۇملىرىدا نەپەس ئالاتتى. سەھەر تۇرۇپ بىر پارچە نان تېپىپ يېيىشنىڭ غېمىدە يۈرگەن كىشىلەرمۇ چۈش ۋاقتىدىكى قاتتىق ئىسسىق تەپتىدىن بىرئاز سەگدەپ ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن سايىلارغا، ئېرىق بويلىرىدىكى دەرەخلىكلەرگە قېچىشاتتى. لېكىن "قورسىقىدا جىن بار" كىشىلەر بۇنداق ئىسسىقلارغا قارىماي

ھەر خىل ئىشلارنى باھانە قىلىپ، ئۇ يەر-بۇ يەردە تىمىسقىلاپ يۈرۈپ كىشىلەرنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى تىڭشايتتى.

بۇ كىچىككىنە شەھەرنىڭ كوچىلىرى كىرىست بەلگىسىگە ئوخشايتتى. تۆت كوچىنىڭ شىمالى ئاساسەن سودا-سېتىق بازىرى ئىدى. شەرق تەرىپىگە تۆت كوچا دوقمۇشىدىكى چوڭ مەسچىتتىن باشلاپ گومىنداڭ ئارمىيىسى 120-تەمىنات باشقارمىسى جايلاشقان يازلىق "يېڭى دەن" دەپ ئاتالغان كۈلۈبقىچە قىرىق-ئەللىك ئېغىز دۇكان جايلاشقاندى، بۇ دۇكانلارنىڭ ئۇدۇلىدا قۇتلۇقنىياز شاگىيۇ بىلەن چوڭ مەسچىتنىڭ مەزىنى سوپۇرگە مەزىن دېگەن چوڭ بايلارنىڭ تۆت چوڭ كارۋان سارىيى بار ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قىرىق-ئەللىك ئېغىز دۇكان ۋە بىرقانچە چوڭ ھويلا، كوچىنىڭ ئاخىرىدا يامۇل، ئاشلىق ئامبىرى، قىزلار مەكتىپى بار ئىدى. ئوششاق تىجارەتچىلەر ماللىرىنى كوچىغا يېيىپ يايمىكەشلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇ كوچىدا جۈمە كۈنلىرى ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن دەسسىگۈدەك يەر قالمايتتى. غەرب تەرەپتىكى كوچىغا قاسساپ، ناۋاي، ئاشپەزلەر جايلاشقان. كوچىنىڭ ئاخىرىدىكى ئەنسارنىڭ بېغىغا ھەربىي گازارما جايلاشقاندى. بۇ ھەربىي گازارمىنىڭ ئۆيلىرىنىڭ تېمى ھاۋارەڭ سىرلانغاچقا كىشىلەر "كۆك ئۆي" دەپ نام قويۇشۇۋالغاندى. بازارنىڭ جەنۇبىي كوچىسىغا، كوچا دوقمۇشىدىن ئەللىك-ئاتمىش مېتىر نېرىسىدىن باشلاپ بىر تەرىپىگە ساقچى ئىدارىسى، چوڭ جامە، دۇشاگىرۇگىنىڭ قاۋاقخانىسى، زايىتبەگنىڭ جايى، سۇغا چۆمۈلۈش چوڭ كۆلى، تېلېگراف ئىدارىسى، يەنە بىر تەرىپىگە مالىيە-باج ئىدارىسى، بىرىنچى باشلانغۇچ مەكتەپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشما ۋە ھەربىي گازارما جايلاشقاندى. ھەربىيلەر كوچىلارغا پوتەي سېلىپ، كوچىدىن كىشىلەرنى ئۆتكۈزمەيتتى. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا بەكمۇ ئاۋات بولغان بۇ كوچا كېيىنچە چۆلدەرەپ قالغاچقا كىشىلەر بۇ كوچىنى "ئالۋاستى كوچىسى" دەپ ئاتىۋالغاندى. جۈمە كۈنلىرى بىر تەرەپتىن ساقچىلار، يەنە بىر تەرەپتىن ھەربىيلەر سېپىلغا چىقىپ جامائەت ناماز ئوقۇپ بولغۇچە قورال-ياراغلىرىنى ئۇلارغا تەگلەپ تۇراتتى. بىرىنچى مەكتەپ بىلەن ئۇيغۇر

ئۇيۇشمىسى، ساقچى ئىدارىسى بىلەن ھەربىي كازارمىنىڭ ئارىلىقىدا قالغانىدى. گومىنداڭنىڭ ھەربىي قوشۇنلىرى مەكتەپ ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا يانداش بولغان ھەربىي كازارمىنىڭ سېپىلىغا پوتەي سېلىپ، مەكتەپ بىلەن ئۇيۇشمىنى قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئالغانىدى. ئالدى تەرەپتە ساقچى ئىدارىسى مەكتەپكە قوشنا بولغان مالىيە-باج ئىدارىسىغا جاسۇسلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، تامدىن مەكتەپ تەرەپكە دېرىزە ئېچىپ ئۇ يەردىن پايلاقچىلارنى ئاجراتمىدى. مەكتەپنىڭ ئارقا دەرۋازىسى تەرەپتىكى ھەربىي شتاب ئالدىغا پوتەي سېلىپ، پىلىموت بىلەن قوراللانغان قاراۋۇللارنى كۆپەيتتى. شۇنداق قىلىپ مەكتەپ بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشما قورشاۋدا قالدى.

بۇ كىچىككىنە ناھىيە بازىرىدا پۇل بولسا ھەممە نېمىنى تاپقىلى بولاتتى. شۇنداقلا بۇ كوچىدا تىجارەت بىلەن ئىچكىرىگە مېڭىۋاتقان كېرىيە، خوتەن، يەكەننىڭ سودىگەر بايلىرىمۇ، ھەرقايسى جايلاردىن كېلىپ، ئالتۇن كولاشقا ماڭغان ھەر مىللەت كىشىلىرىمۇ، نىيەدىكى "ئىمام جەپپىرىم سادىق"قا تاۋاپقا ماڭغانلارمۇ، بىر كىشىلەرنى كېچىدە پۈتۈن ۋەسلىدىن ئايرىۋېتىدىغان ئاتاغلىق ئوغرىلارمۇ، دەرۋىش-قەلەندەرلەرمۇ، كۆڭۈل خاتىرىسىدىكى "ياخشى نېمىسى"نى سېتىپ يۈرىدىغان بوزۇق خوتۇنلارمۇ، بېشىغا قاسقاندەك سەللە يۆگىۋېلىپ، قولىغا تەسۋى تۇتۇۋالغىنى بىلەن خوتۇنلارنى مارايدىغانلارمۇ، ھەتتا بىر ۋاقلىق تاماق ئۈچۈن زەپىرەڭدەك سارغىيىپ، ئۆتكەن-كەچكەنگە قول سۇنۇپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقانلار بىلەن قورساقلىرىنىڭ توقلۇقىدىن كېرىلىپ كوچىغا پاتماي قېلىۋاتقانلارمۇ تېپىلاتتى. كىشىلەر بۇ كىچىككىنە بازاردىكى ئۈچ ئادەمنىڭ بىرى "قولاق" دەپ گەپ-سۆزدە بەك ئېھتىيات قىلاتتى.

قۇتلۇقنىيازنىڭ بىر كارۋان سارىيىنى ساقچىدىكى سوك شۆڭگەنىڭ قېيىناتىسى ئەخمەت ساڭچى، يەنە بىر سارىيىنى ۋە سوپۇرگى مەزىنىنىڭ ئىككى سارىيىنى ساقچى ئىدارىسى ئىچكى جەھەتتىن كونترول قىلىپ، مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇردى. ساقچى ئىدارىسى سارايۋەن بىلەن سۆزلىشىپ تار كوچىنىڭ ئاغزىدىكى كىچىك ھۇجرىنى بىر پوقاق ئادەمگە ئېلىپ بەردى. بۇ ئادەم ئۆزىنى

ھەر خىل ئىشلارنى باھانە قىلىپ، ئۇ يەر-بۇ يەردە تىمىسقىلاپ يۈرۈپ كىشىلەرنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى تىڭشايتتى.

بۇ كىچىككىنە شەھەرنىڭ كوچىلىرى كىرىست بەلگىسىگە ئوخشايتتى. تۆت كوچىنىڭ شىمالى ئاساسەن سودا-سېتىق بازىرى ئىدى. شەرق تەرىپىگە تۆت كوچا دوقمۇشىدىكى چوڭ مەسچىتتىن باشلاپ گومىنداڭ ئارمىيىسى 120-تەمىنات باشقارمىسى جايلاشقان يازلىق "يېڭى دەن" دەپ ئاتالغان كۆلۈبقىچە قىرىق-ئەللىك ئېغىز دۇكان جايلاشقانىدى، بۇ دۇكانلارنىڭ ئۇدۇلىدا قۇتلۇقنىياز شاڭيۇ بىلەن چوڭ مەسچىتنىڭ مەزىنى سوپۇرگە مەزىن دېگەن چوڭ بايلارنىڭ تۆت چوڭ كارۋان سارىيى بار ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قىرىق-ئەللىك ئېغىز دۇكان ۋە بىرقانچە چوڭ ھويلا، كوچىنىڭ ئاخىرىدا يامۇل، ئاشلىق ئامبىرى، قىزلار مەكتىپى بار ئىدى. ئۇششاق تىجارەتچىلەر ماللىرىنى كوچىغا يېيىپ يايمىكەشلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇ كوچىدا جۈمە كۈنلىرى ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن دەسسىگۈدەك يەر قالمايتتى. غەرب تەرىپىدىكى كوچىغا قاسساپ، ناۋاي، ئاشپەزلەر جايلاشقان. كوچىنىڭ ئاخىرىدىكى ئەنسارىنىڭ بېغىغا ھەربىي گازارما جايلاشقانىدى. بۇ ھەربىي گازارمىنىڭ ئۆيلىرىنىڭ تېمى ھاۋارەڭ سىرلانغاچقا كىشىلەر "كۆك ئۆي" دەپ نام قويۇشۇۋالغانىدى. بازارنىڭ جەنۇبىي كوچىسىغا، كوچا دوقمۇشىدىن ئەللىك-ئاتمىش مېتىر نېرىسىدىن باشلاپ بىر تەرەپكە ساقچى ئىدارىسى، چوڭ جامە، دۇشاگىرۇگىنىڭ قاۋاقخانىسى، زايىتبەگنىڭ جايى، سۇغا چۆمۈلۈش چوڭ كۆلى، تېلېگراف ئىدارىسى، يەنە بىر تەرىپىگە مالىيە-باج ئىدارىسى، بىرىنچى باشلانغۇچ مەكتەپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشما ۋە ھەربىي گازارما جايلاشقانىدى. ھەربىيلەر كوچىلارغا پوتەي سېلىپ، كوچىدىن كىشىلەرنى ئۆتكۈزمەيتتى. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا بەكمۇ ئاۋات بولغان بۇ كوچا كېيىنچە چۆلدەرەپ قالغاچقا كىشىلەر بۇ كوچىنى "ئالۋاستى كوچىسى" دەپ ئاتىۋالغانىدى. جۈمە كۈنلىرى بىر تەرەپتىن ساقچىلار، يەنە بىر تەرەپتىن ھەربىيلەر سېپىلغا چىقىپ جامائەت ناماز ئوقۇپ بولغۇچە قورال-ياراغلىرىنى ئۇلارغا تەڭلەپ تۇراتتى. بىرىنچى مەكتەپ بىلەن ئۇيغۇر

ئۇيۇشمىسى، ساقچى ئىدارىسى بىلەن ھەربىي گازارمىنىڭ ئارىلىقىدا قالغانىدى. گومىنداڭنىڭ ھەربىي قوشۇنلىرى مەكتەپ ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا يانداش بولغان ھەربىي گازارمىنىڭ سېپىلىغا پوتەي سېلىپ، مەكتەپ بىلەن ئۇيۇشمىنى قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئالغانىدى. ئالدى تەرەپتە ساقچى ئىدارىسى مەكتەپكە قوشنا بولغان مالىيە-باج ئىدارىسىغا جاسۇسلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، تامدىن مەكتەپ تەرەپكە دېرىزە ئېچىپ ئۇ يەردىن پايلاقچىلارنى ئاجراتمىدى. مەكتەپنىڭ ئارقا دەرۋازىسى تەرەپتىكى ھەربىي شتاب ئالدىغا پوتەي سېلىپ، پىلىموت بىلەن قوراللانغان قاراۋۇللارنى كۆپەيتتى. شۇنداق قىلىپ مەكتەپ بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشما قورشاۋدا قالدى.

بۇ كىچىككىنە ناھىيە بازىرىدا پۇل بولسا ھەممە نېمىنى تاپقىلى بولاتتى. شۇنداقلا بۇ كوچىدا تىجارەت بىلەن ئىچكىرىگە مېڭىۋاتقان كىرىيە، خوتەن، يەكەننىڭ سودىگەر بايلىرىمۇ، ھەرقايسى جايلاردىن كېلىپ، ئالتۇن كولاشقا ماڭغان ھەر مىللەت كىشىلىرىمۇ، نىيەدىكى "ئىمام جەپپىرىم سادىق"قا تاۋاپقا ماڭغانلارمۇ، بىر كىشلەرنى كېچىدە پۈتۈن ۋەسلىدىن ئايرىۋېتىدىغان ئاتاغلىق ئوغرىلارمۇ، دەرۋىش-قەلەندەرلەرمۇ، كۆڭۈل خاتىرىسىدىكى "ياخشى نېمىسى"نى سېتىپ يۈرىدىغان بۇزۇق خوتۇنلارمۇ، بېشىغا قاسقاندەك سەللە يۆگىۋېلىپ، قولىغا تەسۋى تۇتۇۋالغىنى بىلەن خوتۇنلارنى مارايدىغانلارمۇ، ھەتتا بىر ۋاقلىق تاماق ئۈچۈن زەپىرەڭدەك سارغىيىپ، ئۆتكەن-كەچكەنگە قول سۇنۇپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقانلار بىلەن قورساقلىرىنىڭ توقلۇقىدىن كېرىلىپ كوچىغا پاتماي قېلىۋاتقانلارمۇ تېپىلاتتى. كىشلەر بۇ كىچىككىنە بازاردىكى ئۈچ ئادەمنىڭ بىرى "قۇلاق" دەپ گەپ-سۆزدە بەك ئېھتىيات قىلاتتى.

قۇتلۇقنىيازنىڭ بىر كاراۋان سارىيىنى ساقچىدىكى سوك شۈككەننىڭ قېيىناتىسى ئەخمەت ساقچى، يەنە بىر سارىيىنى ۋە سوپۇرگى مەزىننىڭ ئىككى سارىيىنى ساقچى ئىدارىسى ئىچكى جەھەتتىن كونترول قىلىپ، مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇردى. ساقچى ئىدارىسى سارايۋەن بىلەن سۆزلىشىپ تار كوچىنىڭ ئاغزىدىكى كىچىك ھوجرىنى بىر پوقاق ئادەمگە ئېلىپ بەردى. بۇ ئادەم ئۆزىنى

"مۇسۇلمان تۇردى ئاخۇن" دەپ ئاتايتتى. پوقاق بۇ كىچىك ھۇجرىدا ئولتۇرۇپ مەخپىي ھالدا كەچقۇرۇنلۇقى ھەرقايسى كارۋان سارايلارغا چۈشكەن ئادەملەرنىڭ تىزىملىكىنى يېزىپ بېرەتتى ياكى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقاتتى.

پوقاق قىرىق ياشلار ئەتراپىدىكى ئوتتۇرا بوي، قارىراق، كەكە ساقال، گېلىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە چىلگىدەك پوقىقى بار، گەپىنى خوتەن شىۋىسىدە ئېزىپ ۋە خىرىلداپ قىلىدىغان، كۆرگەنلا كىشىگە تولىمۇ خۇشامەت بىلەن ھىجىيىپ خۇش چىراي كۆرۈنۈشكە تىرىشىدىغان، ھەتتا زادىلا تونۇش بولمىغان كىشىلەر بىلەنمۇ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ھەر خىل تېمىلاردا سۆزلەپ كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىشقا ناھايىتى ئۇستا ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق "پەزىلىتى" ئۇنىڭ ھازىرقى كەسپىگە راسا ماس كەلگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇنداق "پەزىلىتىدىن" بەزى ئاقكۆڭۈل ئادەملەر ئاسانلا قىلتاققا چۈشۈپ قالاتتى. بىلمىگەنلەر "ئەجەبمۇ خۇش خۇي ئادەم ئىكەن" دەپ تەرىپلىسە، بىلگەنلەر "كۆڭلى تۈندىنمۇ قارا ئادەم" دەيتتى. دېمىسىمۇ بۇ ئادەم ئازراق مەنپەئەت ئۈچۈن ھەرقانداق پەسكەشلىكتىن يانمايتتى. شۇڭا ئىككى گەپنىڭ بىرىدە، "دۇنيادا ئەڭ ئېسىل نەرسە پۇل، پۇل بولسا ھەممە نېمە بولىدۇ. ئاناڭ پۇل، ئاتاڭ پۇل، پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا" دەيتتى. كىشىلەرگە ھەرقانداق تۆھمەتنى چاپلاشتىن يانمايتتى. بۇندىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن مۇساپىرچىلىقتا بىر نانغا زار بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئۇنى كەمبەغەل كۆرمەي ئۆز قىزىنى بەرگەن بىچارە قېيناتىسىنى شىڭ شىسەينىڭ ساقچى ئىدارىسىغا "قوزغىلاڭ دەۋرىدىكى پىلىموتنى يوشۇرغان" دەپ يالغان مەلۇمات بېرىپ بالاغا قويغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇ خۇيىنى بىلىدىغان كىشىلەر ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تولىمۇ مىسكىن ۋە بىچارە قىلىپ كۆرسىتەتتى.

* *

شاكىرجاننىڭ سارىيىغا ئوتتۇز ياشلار ئەتراپىدىكى ئېگىز بويلۇق، قارا قاش، قوي كۆزلۈك، يۇملاق ئاق يۈزلۈك، ئىلپىتەك بۇرنىنىڭ ئاستىدىكى ئـايـاللارنى مەھلىيا قىلىدىغان نىپىز كالپۇكلىرىنىڭ ئۈستىگە قىسقا بۇرۇت قـويغان، قەددى-قامىتى كېلىشكەن بىر ئادەم كېلىپ چۈشتى. ئۇ كېلىپلا كىشىلەر بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ كەتتى. مامۇت بايۋەچچە، مەمەت نوراخۇن قاراقاش دېگەنلەر بىلەن سودا توختىمى تۈزدى. پوقاق ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈردى. پوقاق يېڭى كەلگەن مېھمانغا يېقىنلاشماقچى بولغانىدى، لېكىن ئۇ پەرۋا قىلمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تېگى-تەكتىنى سورىغان كىشىلەرگە: "قارا شەھەردىن كەلدىم، ئائىلىمىز بۇرۇندىن تارتىپ قارا شەھەردە تىجارەت قىلىپ كەلگەن" دەيتتى. لېكىن يېڭى كەلگەن سودىگەرنىڭ سۆزلىرى پوقاققا غەلىتىرەك تۇيۇلدى. "قارا شەھەرلىكلەر قەشقەر، ئاتۇش تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدۇ، بۇ ئادەمچۇ؟" دەيتتى پوقاق ئۆز-ئۆزىگە. شۇڭلاشقا ئۇ شۇ ئاخشىمى ئەخمەت ساقچى ئارقىلىق ئەھۋالنى سوك شوگەنگە مەلۇم قىلدى. ئەتىسى مۇدۇسا پوقاقنى ئەخمەت ساقچىنىڭ ئۆيىگە چاقىرىپ:

— قاتتىق كۆزەتكىن، ھەرقانداق ئىش بولسا ۋاقتىدا مەلۇم قىل، — دەپ تاپشۇرۇق بەردى.

پـوقاق ھەر كۈنى ئەتىگەن تۇرۇپ مەسچىتكە چىقاتتى. مەسچىتتىن يانغاندىن كېيىن، ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قويۇپ دەرۋازىغا قاراپ ئولتۇرۇپ «قۇرئان» "ئوقۇيتتى". ئاغزىدا "ئوقۇيتتى"-يۇ، كۆزى سارايدىكى ھەربىر نەرسىدە ئىدى. سارايغا كىرگەن ياكى چىققانلار، ھاجەتخانىغا، سەرراپقا، ئاختاخانىغا ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ تۇراتتى. ھەممە ئادەم ئۆز ئىشىغا ماڭغاندىن كېيىن، قولىغا بىر دانە چوڭ سۈپۈرگىنى ئېلىپ ھويلا سۈپۈرگەن بولۇپ، ھەممە ھۇجرىلارغا قاراپ چىقاتتى. كەچقۇرۇنلىرى ئۆزاقىچە مەسچىت ئالدىدا تـەسۋى سېرىپ ئولتۇرۇپ گەپ تىڭشايتتى. ئاخشىمى سۈپۈرگى مەزىننىڭ كـارۋان سارىيىدا ھەممە ئادەمنىڭ تىزىملىكىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، سارايىنىڭ ئىچىدە تىمسىقلاپ يۈرۈپ ئىشىك مارايتتى. ئۇ يالاڭ ئاياغ بولغاچقا

كىشىلەر ئۇنى سەزمەيتتى. ھەربىر ھالەت يۈرگۈزۈلگەنلىكتىن ئاخشىمى سارايغا سىرتتىن ئادەم كىرمەيتتى. بۈگۈن پوقاق يېڭى كەلگەن سودىگەرنىڭ ئۆيىنى ئۇزاق ماردى. سودىگەر بولسا جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا ئولتۇرۇپ، پەس ئاۋازدا ئىلى ناخشىلىرىدىن ئىلاخۇن كۆككۆزنىڭ:

تەلكىنىڭ داۋانىدىن،
كارۋان توختىماي ئۆتتى.
سۇلايمان يىغلىغان بىلەن،
ئىلاخۇن يىغلىماي ئۆتتى.

دېگەن ناخشىسىنى پەس ئاۋازدا ئېيتىۋاتاتتى. ئۇنى پوقاق دەرھال ساقچىغا مەلۇم قىلدى.

※ ※

«قارا شەھەرلىك» سودىگەرنىڭ كەلگىنىگە ئىككى ھەپتىدىن ئاشتى. ئۇ ھەر جۈمە، يەكشەنبە كۈنلىرى دۇكان ئېچىپ، قالغان چاغلاردا تاماشا قىلىپ يۈردى. ئۇنىڭدىن سورىغانلارغا ناھايىتى ئاددىي جاۋاب بېرەتتى:

— ئىچكىرىدىن چىققىدىغان تاۋار-دۇردۇن، چاي، خوتەننىڭ گىلەم، شايى-ئەتلەسلىرىنى سېتىۋالىمەن. دورىلىق ئۈچۈن «قۇل يىلىك»① ئالىمەن.

بۈگۈن جۈمە كۈنى بولغاچقا بازار ئادەتتىن تاشقىرى قىزىپ كەتتى. كىشىلەر ھەممىلا يەردە ئۆز ماللىرىنى ماختاپ ۋارقىرىشاتتى. كوچىلاردا ۋائىزلار ئېيمىلەرىندىن سۆزلىمەكتە ئىدى، قەلەندەرلەر چېلىۋاتقان ساپايىلارنىڭ جالدۇر-جۇلدۇر ئاۋازلىرى ۋە ئۇلار ئېيتىۋاتقان ۋەزمىن مەۋلۇتلاردىن كىشىلەرنىڭ

①قۇل يىلىك — بىر خىل كىچىك ئېيىقنىڭ ئۆسلىگۈچى ھايۋان. زىمىنى كېسەلگە داۋا بولىدۇ.

قولاقلىرى ھېچنەرسىنى پەرق ئېتەلمەيتتى. قۇياش چۈشتىن قايرىلغان چاغدا ھەممە ئادەم جۈمە نامىزىدىن ياندى. كوچىدا ئادەم مىغ-مىغ قىلاتتى. يوقسۇزلۇقتىن بازاردىكى كاساتچىلىق "مانا مەن" دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سودىگەر ماللىرىنىڭ ئۈستىگە بىر دانە ئەدىيالنى يېپىپ قويۇپ، يېنىدىكى مال سېتىپ ئولتۇرغان بالىغا:

— ئۇكام، مېنىڭ ماللىرىمغا قاراپ قويۇڭ. مەن بىر تاماق يەۋالاي، — دېدى ۋە ئۇدۇل تۆت كوچىدىكى ئىسكەندەرنىڭ ئاشخانىسىغا كەتتى. ئاشخانىنىڭ ئالدىدا ئادەم مىغىلداپتتى. ئۇ يەردە ھاۋانىڭ ئىسسىق بولۇشىغا قارىماي بېشىغا ئاق تۇماق، ئۈستىگە ئاق ماتادا ئىشتان-كۆڭلەك كىيگەن، بېلىگە سەرگەز بەلباغ باغلاپ، پىچاق، چاقماق، مىسۋاك قاتارلىق ھەر خىل بالايۇ بەتتەرلەرنى ئېسىۋالغان، پۇتىغا ئازراقمۇ قارىلىقى قالمىغان كۆن ئۆتۈك كىيگەن، كىر چاچلىرى ئۆسۈپ چىگىشلىنىپ كەتكەن، چوڭ ۋە قاپقارا كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرغان بىر قەلەندەر راۋاب چېلىپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن خېلىلا ياش ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى:

يا ئاتادىن ئېيتماپتۇ، يا ئانادىن ئېيتماپتۇ،
بى تەلەي مېنىڭ بەختىم، قېرىنداشتىن ئېيتماپتۇ.

ئۇ ئەترابقا نەزەر سېلىپ نېمىنىدۇر ئىزلىگەندەك قىلاتتىيۇ، يەنە بەزىدە كۆزلىرىنى يۇمۇۋالاتتى. سودىگەر كىشلەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ بويىنىنى سوزۇپ ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن نەزەر سالدى-دە، راۋابچى قەلەندەرنىڭ يۇمىلاق يۈز، قوشۇما قاش، سول تەرەپ مەڭزىدە بىر تال مېڭى بارلىقىنى كۆرۈپ سەل جىددىيلەشتى. ئۇنىڭ قۇياش كۆيدۈرگەن يۈز-كۆزىنى تەر قاپلاپ كەتكەنىدى. سودىگەر بىلەن قەلەندەرنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا ئۇچرىشىپ قالدى، سودىگەرگە قەلەندەرنىڭ تىكىلىپ قارىشى سىرلىق كۆرۈندى. سودىگەرنىڭ كۆڭلىدىن "مەن ئىزدەپ يۈرگەن ئادەم شۇمىدۇ؟" دېگەن خىيال غىل-پال

ئۆتتى. ئۇ "مەيلى، نېمىلا بولسا تەۋەككۈل قىلىش كېرەك" دەپ ئويلاپ، ئاشخانىغا كىرىپ، بىر چىنىدە سۇ كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۇتۇق يىگى تۈرتۈۋېتىلگەنىدى. ئۇ سۇنى راۋابچى قەلەندەرگە تۇتتى:

— ئوكام، ئۇسساپ كېتىپسىز. ماۋۇ سۇنى ئىچىۋېلىڭ.

راۋابچى قەلەندەر سىپايىلىق بىلەن رەھمەت ئېيتىپ سۇنى ئالدى ۋە سودىگەرنىڭ ئۇتۇق قولىنىڭ بىغىشىدىكى تاتۇقنى ھەم چىمچىلىقىنىڭ يوقلۇقىنى كۆردى. ئۇ سۇنى ئىچىپ بولۇپ، چىنىنى قايتۇرۇپ بەردى.

— رەھمەت غوجام، خۇدايىم بىر جانلىرىغا مىڭ جان بەرسۇن، — دەپ ئۇ يۈز-كۆزىنى سۈرتكەن بولۇپ، مەگنى سىلاپ قويدى. سودىگەر بولسا ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. كەچتە راۋابچى قەلەندەر سودىگەرنىڭ ئالدىدىن ئىككى قېتىم ئۆتتى. كېيىنكى نۆۋەتتە سودىگەر دۇكاننى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ قەلەندەرنى چاقىردى:

— ھەي ئوكام، ياش بولغاندىن كېيىن ماۋۇ مالنى ئەكىرىشىپ بەرگىن، ھەققىڭنى بېرىمەن.

قەلەندەر ئىككى تېگىق گەزمالنى سودىگەرنىڭ ئۆيىگە ئەپكىرىپ بەردى. سودىگەر ئۇنىڭغا پۇل بەردى.

⁂ ⁂

ئىككى كۈن ئۆتتى. يوقاق ھەر كۈنكى ئادىتى بويىچە بامدات نامىزىدىن يېنىپ كېلىپ «قۇرئان» ئوقۇپ ئولتۇراتتى. قەلەندەر كارۋان سارايىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا ساپايى بار ئىدى. ئۇ ساپايىغا تەككەش قىلىپ مەشرەپ غەزەللىرىنى ئېيتماقتا ئىدى:

يولۇڭغا مەن كىرىپ باقسام،
گۈلى بوستان، شېكەر توغراق.

پېتىملەرگە پاناھ بولغان ئاللا، يائاللا،
ئىمامى جەپپىرىم سادىق.

— ھەق... دوست يائاللا، — دېدى ئۇ سوزۇق ئاۋازدا. ئارقىدىن ئاۋازىنى سەل تۆۋەنلىتىپ:

قاچان بولغاي ۋىسالىڭ،
دىدارىڭنى كۆرسەم مەن.
ئىشقى ئوتىدا دىۋانە ئاللا، يائاللا،
دەرگاھىڭغا كەلدىممەن.

دەپ قوشاق قاتتى.

شۇ چاغدا سودىگەر ھۇجرىدىن چىقىپ، قەلەندەرگە بىر دانە گىردە سۇندى ۋە ئەتراپقا قارىۋېتىپ:

— قاياقتىن كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى قەلەندەردىن.

— خوتەن تەۋەككۇلدىن.

— نەگە ماڭدىڭىز؟

— ئىمامى جەپپىرىم سادىققا[1].

— ئىمامى جەپپىرىم سادىق كەينىڭىزدە قالمىدىمۇ؟

— ئاۋۋال ئەسھابۇل كەھفلىرىمگە بارماقچىمەن.

— يول بولسۇن.

— خۇدا نىسىپ قىلسۇن. مەن بىر سەللىلىك ماتا ئالاي دېگەن.

— ماتا بار. بىرسى بىر تەڭگە.

قەلەندەر مۈرىسىدىكى خۇرجۇندىن بىر دانە ناسۋال قاپىقىنى چىقاردى.

---

[1] ئىمامى جەپپىرىم سادىق — نىيە ناھىيىسىدىكى بىر مازار. بۇرۇن كىشىلەر شۇ يەرگە بېرىپ تاۋاپ قىلاتتى.

ئۇنى خېلى سىلكىگەندىن كېيىن ئازراق ناسۋال چۈشتى. ئۇنىڭ كەينىدىن غەلىتىلا بىردانە كىچىك كۈمۈش تەڭگە چۈشتى. قەلەندەر تەڭگىنى سۈرتۈۋېتىپ سودىگەرگە بەردى. سودىگەر تەڭگىنى ئېلىپ ئۆيگە كىرىپ، بىر كونا پاختىلىق چاپاننىڭ ياقىسىنى قەلەمتىراچ بىلەن سۆكۈپ، ئۇ يەردىن ھېلىقىدەك تەڭگىدىن بىرنى چىقاردى ۋە تەڭگىنى سېلىشتۇرۇپ كۆردى. تەڭگىلەر ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى. تەڭگىدىكى بېشى يەنچىلگەن ئەجدىھا سۈرىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇنىڭدىن كېيىن سودىگەر ئەتراپقا قاراپ بېقىپ، ھېچكىمنىڭ ماراپ تۇرمىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن پارۇلنى ئېيتتى:

— تەگرىتاغ بۇركۇتى.

— تەكلىماكان.

سودىگەر ھۇجرىدىن بىر سەللىلىك ماتانى ئېلىپ چىقىپ قەلەندەرگە بەردى. قەلەندەر ماتانى ئېلىپ، سىيلاپ بېقىپ، ئىچىدە تومپايغان بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى سېزىپ، سودىگەرگە رەھمەت ئېيتتى ۋە دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ ئۇزاقتىن ئۇزاق دۇئا قىلدى. ئۇ شىپى كەلتۇرۇپ ئېيتقان مازار-ماشايىق، ئەۋلىيا-ئەنبىيالارنىڭ ناملىرى ساراي ئىچىدە جاراڭلاپ كەتتى ۋە يۈز-كۆزىنى سىيلىغاندىن كېيىن، ماتانى خۇرجۇنغا سېلىپ كوچىغا ماڭدى. سودىگەر ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بۇ ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن پوقاق قانچە قولاق سالسىمۇ ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكەنلىكىنى ئۇقالمىدى. يۈگۈرۈپ چىقاي دېسە، سودىگەرنى ئۈركۈتۈپ قويۇشتىن قورقتى. لېكىن قەلەندەرنىڭ كارۋان سارايدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەممىنى ئۇنتۇدى. «قۇرئان»نى بىر ياققا تاشلاپ قويۇپ يۈگۈرگەندى، ئالدىراشچىلىقتا ئىشىك بېشىغا ئۇسسۇۋالدى ۋە "ۋاي" دەپ بېشىنى تۇتقان پېتى ئولتۇرۇپ قالدى. ئۆيلەر پىرقىراپ چۆرگىلەشكە باشلىدى. "بەدنىيەتنىڭ قارىنى تۆشۈك" دېگەندەك بېشىدىن ياغاقتەك يەر ئىششىپ چىقتى. ئاردىن بىرنەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، قەلەندەرنىڭ ئارقىسىدىن كوچىغا چىققان بولسىمۇ، قەلەندەرنى ھېچيەردىن تاپالمىدى. شۇ بىر كۈن ئىچىدە پوقاق

كوچىمۇ كوچا، ئۆيىمۇ ئۆي ئاختۇرغان بولسىمۇ، قەلەندەرنىڭ ئۆزى تۈگۈل سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى.

قەلەندەر كارۋان سارايدىن چىقىپ، ئۇدۇل بازار مەسچىتكە كىردى. ئۇ يەردىن ئەزانخانا ئارقىلىق مەسچىتنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ، ئۇ يەردىن ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ كونا تاشلاندۇق ئېغىلىغا كىرىپ، ئوقۇرغا كىرىپ ياتتى ۋە ماتانىڭ ئىچىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ماتانىڭ ئىچىدىن بىر تۇتام "فابى" پۇل، ھېلىقى تەڭگە (تونۇشۇش بەلگىسى)، كىچىككىنە خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان خەت چىقتى. خەتتە: "بۇ يەردە گومىنداڭ ئارمىيىسى 129-پولكىنىڭ 3-باتالىئونى سەككىز يۈزدىن توققۇز يۈزچە ئادەم، 18-ئاتلىق پولكىنىڭ 3-ئالاھىدە كۆپەيتىلگەن روتىسى ئۈچ يۈز ئادەم، 120-تەمىنات باشقارمىسىنىڭ يىگىرمە بەش ماشىنا، ئىككى يۈز يىگىرمە ئادەم، يەنە بىر مىڭ ئىككى يۈز ھەربىي ئات، ئەللىك-ئاتمىش ساقچى بار ئىكەن. قوراللىرى ئادەتتىكىچە. ھەربىيلەر پىلىموت، ئاپتومات بىلەن قوراللانغان. خەرىتىنى ئۆزۈم ئېلىپ بارىمەن. بىر ئايدىن كېيىن قارا شەھەردە بولىمەن" دېگەن مەزمۇنلار بار ئىدى.

قەلەندەر خەتنى نېپىز لاتىغا ئوراپ، ئۆتۈكنىڭ كالتا چەمىنى پىچاق بىلەن سۆكۈپ، خەتنى شۇ يەرگە تىقتى-دە، قايتا تىكتى، ئۆتۈكنى خۇرجۇنغا سېلىپ، پۇتىغا چورۇق كىيىپ، كەچكىچە ئوقۇردا يېتىپ ئارام ئېلىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە يولغا چىقتى. ساقچى ئىدارىسى ھەممە يەرنى ئاختۇرغان بولسىمۇ، قەلەندەرنى تاپالمىدى.

※ ※

بۈگۈن ئاخشام سودىگەرنىڭ ئۆز ھۇجرىسىغا ۋاقتىدا كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ پوقاق ئىنتايىن تىت-تىت بولدى. ھەربىي ھالەت ئەمەلدىن قالمىغان بولسىمۇ، كىشىلەر تېخى خۇپتەندىن يانمىغانىدى. شۇڭا ئۇ پات-پات

ئۆز-ئۆزىگە: ”قانداق قىلىش كېرەك؟ نەگە كەتكەندۇ؟“ دېگەن سوئاللارنى قوياتتى. ئۇ زادىلا بىر جايدا تۇرالمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن خۇپتەن ئوقۇشقىمۇ بارمىدى. ”خۇپتەندىن كېيىن كارۋان ساراي تاقىلىدۇ. ئۇ چاغدا ئىشىنىڭ چاتاق بولۇشىنى سودىگەر ئوبدان بىلىدۇ“ دەپ ئويلىغان پوقاق، سودىگەرنىڭ قايسى تەرەپتىن كېلىشىنى كۈتۈپ، كوچىدىكى دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپ، كوچىدىن ئۆتكەن ھەربىر ئادەمگە سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. كېچە قاراڭغۇ، ئاسماندا سانسىزلىغان يۇلتۇزلار پارقىراپ تۇراتتى، يەر يۈزىدە بىر نەرسىنى پەرق ئەتمەك تەس ئىدى. كوچىدا ئۇششاق بالىلار قوغلىشىپ ئويناۋاتاتتى. پوقاق ئۇششاق بالىلارنىڭ ئارىسىدا سودىگەرنى كۆرەلمەي قالارمەنمىكىن؟ دەپ ئەندىشە قىلاتتى. پوقاق تىت-تىت بولۇپ بىر ـەردە ئولتۇرالماي بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ سۇپۇرگى مەزىنىنىڭ كارۋان ارىيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. شۇ چاغدا سارايىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى گىمىدىن بىر ئادەم چىقىپ، تۆت كوچا تەرەپكە ماڭدى. ئۇنىڭ قولىدىكى ـاماكىنىڭ ئوتى پارقىراپ تۇراتتى. نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرغان پوقاق قارىسىغىلا يولۇچىنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— ئۇكاموي، تاماكامنى بىر تۇتاشتۇرۇۋالاي! — دېدى. ئادەتتە ئۇ ناسۋال چەكسىمۇ، ئېھتىيات ئۈچۈن دائىم يانچۇقىغا تاماكا سېلىۋالاتتى.

ھېلىقى يولۇچى گەپ-سۆز قىلماي قولىدىكى تاماكىنى پوقاققا سۇندى. پوقاق تاماكىنى تۇتاشتۇرۇۋېتىپ، تاماكا ئوتىنىڭ غۇۋا يورۇقىدا باراتنى تونۇپ قالدى. ”ھە... مۇنداق دەڭ“ دەپ ئويلىدى-دە، بارات كەتكەندە ئۇ كەلگەن تەرەپنى ماراشقا باشلىدى. بارات ئۆزىنىڭ پوقاققا ئۇچراپ قالغىنىغا ئىنتايىن پۇشايمان قىلدى. بارات كېتىپ ئۇن مىنۇتلاردىن كېيىن بارات كەلگەن تەرەپتىن سودىگەر چىقتى. پوقاق بۇ ئىشلارنى خەۋەر قىلىشقا ئەخمەت ساڭچىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

## ئون ئىككىنچى باب

# پوقاقنىڭ ھىيلىسى

نىجىس بىلەن قىلما سۆھبەت،
يېتەر ئاندىن ساڭا كۆپ رەنجى مىھنەت.
يامانلار سۆھبىتىدە تۇرما قاچقىل،
ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدۇر زەھرۇ قاتىل.
— موللا ئەلەم شەھيارى

سارايۋەنىنىڭ پوقاقنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغىنىغا ئۈچ كۈن بولدى. پوقاق سارايىنىڭ ھويلىسىدا ئاغزى گەز باغلاپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ھالدا ياتاتتى. كېچىدىن بۇيان چىقىۋاتقان بوران پوقاقنى توپا بىلەن كۆمۈپ، ئۇنى گۆردىن ئاچقان جەسەتكە ئوخشىتىپ قويغانىدى. ئۇ بوراننىڭ چىققىنىغا خۇدادىن مىڭ مەرتىۋە رازى ئىدى. ئۇ ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە قاراپ ياتاتتى. خۇسۇسەن سودىگەرنى كۆرگەندە ئىسەدەپ يىغلاپ كېتەتتى.

سودىگەر پوقاقنىڭ بىر ھەپتىدىن بۇيان ئاغرىق ياتقانلىقىنى، ئۈچ كۈن بۇرۇن سارايۋەن ئۇنى «ھويلىنى سۇپۇرمىدىڭ» دەپ ئەيىبلەپ

نەرسە-كېرەكلىرىنى ھويلىغا تاشلىۋەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. سودىگەر كۆڭلى يۇمشاق ئادەم ئىدى. ئۇ بۇرۇن ئوقۇتقۇچىمۇ بولغانىدى، كىشىلەرگە غەمخورلۇق قىلىشنى ئۆز كەسپى قىلىۋالغان مۇنداق ئادەمنىڭ بىر «ئاغرىق» بىلەن كارى بولماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ ئۈچ كۈندىن بۇيان پوقاقنىڭ ھويلىدا «ئاغرىق» يېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئۇ دەسلەپتە «ئاغرىق» بىلەن كارى بولماسلىق قارارىغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر نۆۋەت ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزلىرىنى ۋە تۆكۈلۈپ تۇرغان مارجاندەك ياشلارنى كۆرگەندە چىداپ تۇرالمىدى. شۇڭا ئۇ ئىختىيارسىزلا:

— ئاكا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭىز يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى پوقاقتىن.

— بۇ يەردە ئۇرۇق-تۇغقىنىم يوق. مەن مۇساپىر، — دېدى پوقاق ناھايىتى زەئىپ ئاۋازدا. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى مەيدىسىگە ئېقىپ چۈشتى.

سودىگەر ئويلىنىپ قالدى. «چوپچوڭ ئادەم تۇرۇپ بىكاردىن-بىكارغا يىغلىمايدۇ. ياش دېگەن ئاسان يەردىن چىقمايدۇ. پەقەت ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگەن، ياشىشقا كۆزى يەتمىگەن ئادەمنىڭلا كۆزىدىن ياش چىقىشى مۇمكىن. مانا بۇ ئادەم يىغلاۋاتىدۇ ...» سودىگەرنىڭ ئويلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ پوقاق ئىڭراپ قويدى. بۇ ئىڭراش سودىگەرگە ئۆلۈم ئالدىدىكى جان تالىشىش بولۇپ تۇيۇلدى.

— ئاكا، سىز قەيەرلىك؟ — دەپ سورىدى سودىگەر. لېكىن پوقاق جاۋاب بەرمىدى. پەقەت كۆز ياشلىرى تاراملاپ ئېقىپ تۇراتتى. سودىگەر ئۆزىنىڭ سوئالىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى:

— خوتەن قاراقاشتىن.

— بۇ يەرگە قاچان كەلگەن؟

— يىگىرمە... يىگىرمە يىلدىن ئاشتى.

— بىرەر ئىش-ئوقەت قىلمىدىڭىزمۇ؟

پوقاق جاۋاب ئورنىغا تېخىمۇ ئېزىلىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ناھايىتى تەستە

بېشىنى كۆتىرىپ ئەتراپقا قاراپ چىقتى ۋە ناھايىتى پەس ئاۋازدا سۆزلىدى. سودىگەر ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئارانلا ئاڭلىيالىدى.

— ھۆكۈمەت ئادەملىرى ئارقامدىن قالمايدۇ. بايلار ئىشقا ئالمايدۇ، تىجارەت قىلىشقا دەسمايە يوق، خەجلىگىلى پۇل، يېگىلى نان يوق. ئۆلۈپ كەتكەن بولسام خاتىرجەم بولاتتىم، — دېدى-دە، بېشىنى ياستۇققا تاشلىۋەتتى.

سودىگەر پوقاقنىڭ سۆزىدىن سەل گۇمانلاندىيۇ، لېكىن بۇنى "قورقۇنچاقلىق" دەپ ھېسابلىدى. ئۇ بۇ ئادەمنىڭ كۆزىدىن ياش پەقەت دەرد-ئەلەمگە چىدىمىغاندىلا ئاندىن چىققان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدى. لېكىن بۇ كۆنلەردە بۇنداق نائىلاج بىچارىلەر ساناپ تۈگەتكۈسىز ئىدى.

— ئاكا، ھۆكۈمەت ئادەملىرى نېمە ئۈچۈن سىزنىڭ كەينىڭىزدىن قالمايدۇ؟

— "قوزغىلاڭچى" دەپ، — دېدى پوقاق كۆزىنى ئاچماي تۇرۇپ.

— مۇنداق دەڭ، — دېدى سودىگەر، — سىز قاچان قوزغىلاڭ قىلغان؟

— خوجانىياز ھاجى دەۋرىدە.

— ھە... — دەپ سودىگەر بېشىنى لىڭشىتتى، — ئۇ چاغدا قوزغىلاڭغا قاتناشقانلار كۆپقۇ؟ — پوقاق بىردىنلا "ئۇھ" تارتىۋەتتى. ئارقىدىن ناھايىتى پەس ئاۋازدا سۆزلىدى:

— مەن ناھايىتى ئۇستا مەرگەن ئىدىم، گەپ قىلسام ماڭا ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ، — دەپ ئۇ بېشىنى ياستۇققا قويۇپلا يەنە يىغلاپ كەتتى.

بۇنى كۆرۈپ سودىگەر يەنە ئىككىلىنىپ قالدى. "زادى قانداق قىلىش كېرەك؟... ئۇ ئاخىرى بىر ئىنسانغۇ؟! ئۆلۈم ياستۇقىدا ياتقان ئادەمگە ياردەم قىلماسلىق ۋىجدانسىزلىققۇ؟! ئىنسان دېگەن دۇنياغا بىرلا قېتىم كېلىدۇغۇ؟!" مانا شۇنداق ئويى بىلەن:

— ئاكا، مەن بۈگۈن دۇكان ئاچمىدىم، ئۆيۈمدە چاي بار. بىرئاز چاي ئىچىۋېلىڭ، — دېدى.

— رەھمەت غوجام، ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلماي.

شۇ چاغدا سارايۋەن سەرراپخانىدىن چىقتى. سودىگەر سارايۋەنگە يالۋۇردى:

— خوجايىن، بۇ ئادەم بىر مۇساپىر ئىكەن، ئۇنىڭغا بىر رەھىم قىلغان بولسىلا، ساۋاب بولاتتى.

— ساۋاب بولاتتى، — دەپ ساپ ئۆزبېك تىلىدا سۆزلەپ زەھەرخەندىلىك بىلەن دىمىغىنى قاقتى سارايۋەن، — ساۋابىمىش. ساۋابىنىڭ كېتىگە ئۇي مۈڭگۈزى. بۇ غالچىگە بىر ئۆيىنى بەرسەم، بىر ھەپتىدىن بۇيان ياتەدۇ. مەن مۇشۇ ساقلىم بىلەن ھويلەنى ئۆزەم سۈپۈرۈۋاتامەن. يانە ساۋابمۇ؟ ۇنگگە ياخشىلىق قىلىپ ساۋابنى سىز تاپۇۋالىڭ.

سارايۋەن ئۇدۇل ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئىشىكلەر جالاقلاپ يېپىلدى. ۇنىڭ ساقچى ئىدارىسى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغانلىقىنى سودىگەر بىلمەيتتى.

※ ※

سارايۋەن كەتكەندىن كېيىن سودىگەر پوقاقنى يۆلەشتۈرۈپ، ئۆز ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىردى ۋە قولىغا سۇ تۇتۇپ، ئالدىغا يۇمشاق گىردە نان، قورۇق ئۈزۈم قويۇپ، مىس چۆگۈندىن يېڭى دەملەنگەن چاي قۇيدى. پوقاق ئالدىرىماي ئۇزاققىچە چاي ئىچتى. سودىگەرمۇ ئۇنى چايغا زورلاپ تۇردى. پوقاق چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن پات-پات ئىنجىقلاپ، ۋاي-ۋايلاپ قوياتتى. خۇداغا شۈكۈر قىلىپ، سودىگەرگە "رەھمەت" ئېيتىپ تۇراتتى. گاھى چاغلاردا ھەتتا كۆزلىرىنى سۈرتۈپمۇ قويدى. يەنە بىر جەھەتتىن ئۇنى بىر ئىچكى خۇشاللىق راھەتلەندۈرۈپ، تاماقنى كۆپرەك يەپ، ئۆزىنىڭ بۇ كەلگۈسى قۇربانىنى قانداق قىلىپ قولغا چۈشۈرۈش، قانداق قىلىپ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاغزى-بۇرنىنى قان قىلىش توغرىسىدا پىلان تۈزۈۋاتاتتى. سودىگەر بولسا ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەنلىكىنى زادىلا

ھېس قىلمايتتى. "بىچارە بىر ھەپتىدىن بۇيان ئاچ" دەپ ئويلايتتى ئۇ. پوقاق چاينى ئىچىپ بولاي دېگەندە بىر ئادەم سودىگەرنى ئىزدەپ كىرىپ خېلى كۆپ پۇل بەردى. بۇ پۇلنى كۆرۈپ پوقاقنىڭ كۆزى قىزىرىپ كەتتى. سودىگەر كەلگەن مېھماننى ئۇزاتقىلى چىققاندى، پوقاق دەرھال ئۆيىنىڭ ھەممە يېرىگە سەپسېلىپ، ئۆزىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بۇلۇڭدا تۇرغان كونا قىزىل دوخاۋا دوپپىنى ئېلىپ قوينىغا تىقىۋالدى. سودىگەر مېھماننى ئۇزىتىپ كىرگەندە ئۇ دۇئا قىلىۋاتاتتى.

※ ※

— رەھمەت ئۇكام، خۇدا رەھمەت قىلسۇن، — دەپ پوقاق ئورنىدىن ئورماقچى بولغاندى، لېكىن سودىگەر ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— ئولتۇرسىلا ئاكا! ئازراق پاراڭلىشىمىز، — دېدى سودىگەر. ئۇ پوقاقنىڭ ھەربىي ئىشلاردىن ئاز-تولا خەۋىرى بار ئىكەن. ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ ئىشەنچلىك مەلۇماتقا ئىگە بولارمەن دەپ ئويلاۋاتاتتى.

پوقاق دوپپىنى ئوغرىلاپ سودىگەرنى قاماققا ئېلىشقا پاكىت تاپقان بولسىمۇ، يەنىلا چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئورنىدىن قوزغالمىدى. چۈنكى ساقچى ئىدارىسى بۇلتۇرلا غۇلجا دوپپىسى (قىزىل دوخاۋا دوپپا) كىيگەن ئادەملەرنى قاماققا ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى. ئەمدى ئۇ مۇنداق پۇرسەتنى ھەرگىز ئۆتكۈزۈۋەتمەيدۇ. پوقاق ھازىر ئۆزىگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئەمما سودىگەرنىڭ سوئالى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى.

— قېنى ئاكا، سىز باياتىن دېگەن قوزغىلاڭ قانداق ئىش ئىدى؟ مەنمۇ بىر ئاڭلاپ باقاي.

ئەمدى پوقاققا سۆزلەش خۇش ياقمىسىمۇ، لېكىن سودىگەرنى گۇمانلىنىپ قالمىسۇن دېگەن خىيال بىلەن ئېلاجىسىز سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ سۆزلەۋېتىپ

پات-پات ئىنجىقلاپ قويىتتى ياكى ۋاي-ۋايلاپ قويىتتى.

— مېنى بالا ياسىن ئاخۇن دېگەن سودىگەر يۇرتۇمدىن ئېلىپ چىققان. شۇنىڭدىن كېيىن مىڭگونىڭ 22-يىلىغىچە شۇ ئادەمنىڭ خىزمىتىدە بولدۇم. خىزمەتتە ئۇ ئادەمگە ياراپ قالدىم. شۇڭا چوك چىمەن، خان ئامبال، تۆمۈرلۈك قاتارلىق جايلاردىكى چارۋىچى موڭغۇللار ئىچىدە ئۇنىڭ نەخ-نېسىلىرىنى يىغىپ يۈردۈم. ئۇلار مېنى "مۇسۇلمان تۇردى ئاخۇن" دەپ ئاتايتتى. مەن تاغدا يۈرۈپ، ئوۋ ئوۋلاپ ئۇستا مەرگەن بولۇپ كەتتىم. مىڭگونىڭ 22-يىلى بالاۋاڭ[1] چاقىرتىپتۇ. كەلسەم بىر پارچە خەتنى قولۇمغا تۇتقۇزدى.

— مۇسۇلمان تۇردى ئاخۇن، ئابدۇكېرىم ئەلەمدىن خەت كەپتۇ. سىز قايتىڭ، — دېدى.

مەن ئىشلىرىمنى پۈتكۈزۈپ قايتىپ كەلدىم. بۇ يەرگە كەلسەم ئابدۇكېرىم ئەلەم ئەسكەر تۈپلەپ يۇرت سوراپتۇ. دەسلەپتە مېنى ئۆزىگە كاتىپ قىلىۋالدى. كېيىن فوگوەن بولدۇم. چەرچەندىن كامال داموللا[2] كەلگەندە قېچىپ تىكەنلىككە كەتتۇق. ئۇ يەردە ئابدۇكېرىم ئەلەم راسا ئۇستا مەرگەندىن ئوتتۇز كىشىنى تاللىۋېلىپ كورلىغا ماڭدى. قالغانلار تىكەنلىكتە قالدى. بىز كورلىغا بارغان كۈنىمىز خوجا نىياز ھاجىنىڭ ئادەملىرى بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ ئادەملىرى باش ئەگمىدە ئۇرۇش قىلدى. بىر كېچە ئېتىشقاندىن كېيىن ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى تاغ ئارىلاپ كۇچا تەرەپكە قاچتى. بىزمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ماڭدۇق ۋە كۇچانىڭ ياقا دېگەن يېرىگە بېرىپ چۈشتۇق. ئۇ يەردىن بىزنىڭ باشلىقلىرىمىز ئۈچتۇرپاندا تۇرۇۋاتقان خوجا نىياز ھاجىنىڭ قېشىغا ئادەم ئەۋەتتى. ئەۋەتكەن ئالاقىچىلار ئون بەش كۈندە قايتىپ كەلدى. بىزمۇ خېلى ئارام ئېلىۋالدۇق. خوجا نىياز ھاجىدىن "دەرھال يولغا چىققىلار" دېگەن بۇيرۇق كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ماجۇڭيىڭ قوشۇنىنى قوغلاپ مېڭىپ، قارا يۇلغۇن، جام، ئاقسۇ كوناشەھەر قاتارلىق جايلاردا قاتتىق ئۇرۇشتۇق. خوجا

---

① بالاۋاڭ — كېيىنكى چاغلاردا "ئالى تەيجى" دەپ ئاتالغان موڭغۇل خانى.

② كامال داموللا — خوتەنلىك ئىمىن بۇغرا، ئىمىر سابىتنىڭ ئادىمى.

نىياز ھاجى ئۇچتۇرپاندىن ئەسكەر باشلاپ كەلدى. نەتىجىدە دالاشوردا ماجوڭيىڭنىڭ قوشۇنى بىلەن قاتتىق جەڭلەر بولدى. مارالبېشىغا بارغاندا ماجوڭيىڭ قوشۇنى ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر قىسمى پەيزىۋات، ئاتۇش ئارقىلىق قەشقەرگە ماڭدى. يەنە بىر قىسمى مەكىت ئارقىلىق يەركەنگە ماڭدى. شۇ چاغدا مامۇت سىجاڭ ئابدۇكېرىم ئەلەمگە بۇيرۇق بېرىپ:

— سىز قايتىپ بېرىپ يۇرتىڭىزنى ساقلاڭ. سىزگە تۆردى يىگجاڭنى قوشۇپ بەردىم. بىر-بىرىڭلارغا ھۆرمەت قىلىپ ياخشى ئۆتۈڭلا،— دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز قايتىپ كەلدۇق. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئابدۇكېرىم ئەلەم تۆردى يىگجاڭنى پاتقۇزمىدى. كېيىن ئۆزى شىبىڭ شىسەي تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. بىرنەچچە يىل تىركەشكەندىن كېيىن، تۆردى يىگجاڭ ئابلاشويى ۋە رەھىم لاۋيېنىڭ ئوقىدا ئۆلدى. ئابدۇكېرىم ئەلەمنى شىبىڭ دۇبەن يوقاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مېنى ھېچكىم ئىشقا ئالمىدى. ھۆكۈمەتمۇ مېنى پايلاشتىن قالمىدى. ئىشەنمىسىڭىز مەن بىلەن بىرگە ئۇرۇش قىلغان نۇر ھازىر ئۈيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى. شۇنىڭدىن سوراپ بېقىڭ، — دەپ پوقاق ياش چىقمىسىمۇ كۆزلىرىنى سىقىپ قويدى ۋە سودىگەرنى شۇنچىۋالا ئەخمەق قىلالىغانلىقىغا ئۆزىمۇ ھەيران قالدى.

— نۇرنى ئەجەب خىزمەتكە ئاپتىغۇ؟ — دەپ سورىدى سودىگەر.

— ئۇ يەرلىك. بۇ يەردىكىلەر ئۇنىڭغا كېپىل بولۇشتى. ئۆزىمۇ بىر ئىمانسىز.

— ھە... شۇنداقمۇ؟! — دەپ سودىگەرنىڭ كۆڭلى بىر نەرسىنى سەزگەندەك بولدى. ئۇنىڭ بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، پوقاق "رەھمەت" ئېيتىپ چىقىپ كەتتى.

شۇ ئاخشىمى سودىگەرنى تۇتۇپ كەتتى. مۇدۇسا ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق بېرىپ، پۈتۈن ئۆيىنى ئاختۇرۇپ ھەممە نېمىسىنى ئېلىپ كەتتى. ساقچى ئىدارىسىدا ئېلىپ كەلگەن ھەممە نەرسىنى بىرمۇ بىر ئاختۇرۇپ چىقتى. ئۇلار كۆرپىنىڭ ئەستىرىنىڭ يېڭى تىكىلگەن جايىنى سۆكۈپ، پاختىنىڭ ئارىسىدىن

خوتەن قەغىزىگە ئورالغان مۇشۇ يەرنىڭ ئاددىيلا بىر ھەربىي خەرىتىسىنى تېپىۋالدى. بۇ خەرىتىنى سودىگەر بىرنەچچە كۈن بۇرۇن بارات بىلەن سىزغانىدى. سودىگەر يىگىت بىلەن بارات ئىككىسى ئۈرۈمچىدىن قايتقىنىدا يول ئۈستىدە ھەمسەپەر بولۇپ تونۇشۇپ قالغانىدى.

※ ※

1945-يىلى ئاپرېل ئېيىنىڭ ئاخىرى ئىدى. بارات ئۈرۈمچىدىن ئەسمەتۇل تېپىپ بەرگەن بىر ئەبجەق ماشىنىغا چۈشۈپ قاراشەھەرگە قاراپ يولغا چىققانىدى. شۇ ماشىنىدا باراتقا ياندىشىپ بىر "يېتىمچى" ئولتۇردى. ئۇ ھېچكىمگە گەپ-سۆز قىلمايتتى. داۋاملىق مۈگدەپ ئولتۇراتتى. ئەمما "يېتىمچى" كۆزىنى ئاچقان ھامان تاماكا چېكەتتى. ئۇ، داۋانچىڭدىن ئۆتكەندە يەنە تاماكا ئوراشقا باشلىدى. بارات ئۇنىڭغا قارىغانىدى، ئۇ:

— چېكىپ قويامسىز؟ — دەپ سورىدى باراتتىن، — بىز يېتىمچىلەر ئاچچىقراق چېكىمىز. ئاچچىق تاماكا خۇمارنى ئاسان باسىدۇ.

— ماقۇل، — دېدى باراتمۇ تەكەللۇپ قىلماستىنلا، — سىز تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن چەكسەم چېكەي.

"يېتىمچى" باراتقا بىر ئورام تاماكا سۇندى. لېكىن ئۇ باراتنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك بەكمۇ سەپسېلىپ قاراپ كەتتى. خۇسۇسەن ئۇنىڭ ماش رەڭ ھەربىيچە چاپىنىغا بەك دىققەت قىلدى. لېكىن بارات بۇ ئادەمنى ئۆزىدىن گۇمانلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭ قاراشلىرىغا پەرۋا قىلمىدى. ئۇلار شۇ كۈنى توقسۇندا قونۇپ قالدى.

ئىككىنچى كۈنى ئۇلار ئەتىگەندىلا يولغا چىقتى. لېكىن كۈتۈلمىگەندە ئارغىبۇلاقنىڭ ئىچىدىكى "ئۆزمەدەن" دېگەن بىر تاغلىقتا ماشىنا بۇزۇلۇپ قالدى. شوپۇر ماشىنىنى ياساش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتاتتى، يولۇچىلار زېرىكىپ، تاغلارغا يامىشىپ چىقىپ تاماشا قىلىشتى. مانا شۇ چاغدا "يېتىمچى"نىڭ تاغقا

چىقىش ماھارىتى باراتنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ تىنك قىيالارغا خۇددى تاغ تېكىسىدەك يامىشىپ چىقاتتى. تاشتىن تاشقا جەرەندەك سەكرەيتتى. گەپ-سۆزلىرىدىن خېلى مەدەنىيەتلىك ئادەم ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

— تاغقا چىقىشقا قالتىس ماھىر ئىكەنسىز، — دەپ بارات قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈردى، — سىز تاغقا چىقىشنى نەدە ئۆگەنگەن؟

كىچىك چاغلىرىمدا دادام بىلەن تاغلاردا ئوۋ ئوۋلايتتۇق. شۇ چاغدا دادامدىن ئۆگەنگەن.

— دادىڭىز قالتىس ئادەم بولسا كېرەك؟

— شۇنداق، مېنىڭ دادام يىرتقۇچلارغا بەكلا ئۆچ ئىدى. شۇڭا ئۇلارنى ئوۋلاشنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان. مەن ئۇنىڭ ئوغلى-دە!

— مۇنداق دەڭ!... ئۇستا مەرگەن بولسىڭىز كېرەك؟!

— مەرگەن دېگىلى بولمايدۇ، لېكىن... لېكىنزە، ئىككىمىز ئوخشاش بولساق كېرەك.

— قانداق دەيسىز؟

— سىزمۇ ھەربىي بولغانىكەنسىزغۇ، يول ماڭغاندا سول قولىڭىزنى بەكرەك سىلىپ، ئوڭ قولىڭىزنى بوشراق سالغىنىڭىزغا، سىياقىڭىزغا قارىغاندا ئەسكەر بولغىنىڭىز بىلىنىپ تۇرۇپتىغۇ؟!...

بارات بۇ ئادەمگە يەنە بىر قېتىم قايىل بولدى.

※ ※

ئۇلار تولىمۇ تەسلىكتە كومۇشكە كېلىپ، ئۇ يەردە ئىككى كۈن تۇرۇپ قالدى، بۇ جەرياندا «پىتىمچى» نىڭ بوش ئادەم ئەمەسلىكى باراتقا ئايان بولۇپ قالدى. كومۇشتەك بۇ زېرىكىشلىك زېمىندا نېمە قىلىشنى بىلمەي قالغان بارات تام تۈۋىدە ئاپرېل قۇياشىغا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىچىلا خىيالغا پېتىپ، سايدا بولغان ئۇرۇشنى تەسۋىرلەيدىغان بىر كۆرۈنۈشنى يەرگە سىزىپ ئولتۇراتتى.

توساتتىن "يېتىمچى" پەيدا بولۇپ قالدى. بارات رەسمىي ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولدىيۇ، ئەمما ئىشپىيون بولسا گۇمانلىنىپ قالمىسۇن دېگەن خىيال بىلەن ئۆچۈرمىدى. بىراق "يېتىمچى" سۈرەتنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ ئۇرۇش تەسۋىرى ئىكەنلىكىنى تونۇدى.

— ئۇرۇش تەسۋىرى؟! — دېدى ئۇ، — قەيەردىكى؟

— يىراقتىكى. سوراپ نېمە قىلىسىز؟ — دېدى بارات ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا سىز ئۇرۇشقا قاتنىشىپسىز-دە؟

— شۇنداق ... قاتناشقان. لېكىن بىز ئاران قېچىپ قۇتۇلدۇق.

— مۇنداق دەڭ!؟ قالتىس بولغان ئوخشايدۇ!...

بارات گەپ-سۆز قىلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن "يېتىمچى" پۇرسەت كۈتۈش قارارىغا كەلدى ۋە باراتقا بارغانچە يېقىنلىششقا باشلىدى. ئەمدى ئۇ بىكار بولسىلا باراتتىن گەپ كوچىلايدىغان بولۇپ قالدى ھەمدە ئۆزىنىڭمۇ شۇنداق بىر ئۇرۇشقا قاتنىشىپ بېقىش خىيالى بارلىقىنى، لېكىن ئەسكەر بولۇشقا كۆڭلى تارتمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى...

⁂ ⁂

ئۇلار قاراشەھەردە بىر ھەپتە تۇرۇپ قالدى. بۇ جەرياندا ئۇلار بىر-بىرىنى خېلى ئوبدان چۈشىنىپ قالدى. بۇ كۈنلەردە گومىنداڭچىلار قاراشەھەردە بىر تەرەپتىن خەلقنى ھاشارغا تۇتۇپ، شەھەر سېپىلىنى مۇستەھكەملەپ ئۇرۇشقا تەييارلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن قېچىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. ئۇلار شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرگەن-چىققانلارنى قاتتىق تەكشۈرەتتى. سەللا گۇمانلىق دېگەن كىشىنى تۇتۇپ تۈرمىگە تاشلايتتى. لېكىن بۇ ئىككىيلەننىڭ تونۇشتۇرۇشلىرى بىر-بىرىدىن ئىشەنچلىك بولۇپ چىقتى. بۇنىڭدىن بارات ھەيران بولاتتى. بىر كۈنى ئۇلار دەريا بويىدىكى "ھورۇنباغ"دا چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى. بىرمۇنچە

ئۆششاق باللار سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناۋاتاتتى. بۇنى كۆرۈپ "يېتىمچى" سۇغا چۆمۈلۈشنى تەكلىپ قىلدى.

— سۇ سوغۇقمىكىن؟ — دېدى بارات.

— سوغۇق بولسا نېمە بولاتتى؟ — دېدى "يېتىمچى" — باللار چىدىغان يەردە بىزمۇ چىدايمىز.

بۇ 5-ئاينىڭ باشلىرى بولۇپ، ھاۋا خېلىلا ئىسسىپ قالغانىدى. شۇڭا "يېتىمچى" كىيىملىرىنى سېلىپ ئالدى بىلەن سۇغا چۈشتى. ئارقىدىن باراتمۇ دەرياغا سەكرىدى. ئۇلارنى سوغۇق سۇ سەل-پەل ئەندىكتۈرگەن بولسىمۇ، سۇدىن چىقىپلا ئارالدىكى قۇمدا ئېغىناپ يېتىشىپ ھۇزۇرلىنىشتى. قۇمدا ئېغىناپ يېتىش جەريانىدا ھەر ئىككىسىنىڭ بەدىنىدىكى تاتۇقلار بىر-بىرىگە كۆرۈنۈپ قالدى ۋە بىر-بىرىگە ھەيران بولۇپ قېلىشتى. بارات بولسا "بۇمۇ مەندەك گومىنداڭ ئارمىيىسىدىن قايتقان بولسا كېرەك" دەپ ئويلايتتى. ھېلىقى "يېتىمچى" بولسا "بۇمۇ مەندەك يەر ئاستى خادىم بولسا كېرەك" دەپ ئويلايتتى. "يېتىمچى"گە ھازىر ئىشنى باشلاش ناھايىتى زۆرۈر ئىدى. چۈنكى مىللىي ئارمىيە يۇلتۇز تېغىنى ئىشغال قىلغان بولۇپ، ئەمدىكى ھۇجۇم نۇقتىسى قاراشەھەرگە يۆتكەلگەنىدى. شۇڭا ئۇمۇ مەندەك رازۋېتچىك بولۇپ قالسىچۇ؟ دېگەن خىيال ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالدى ۋە بۇ ئىشنىڭ يامان تەرىپىنىمۇ ئويلاپ قويدى. ئەگەردە گۇمانلىق تەرىپى سېزىلىپ قالسا، ئۇنى مۇشۇ دەريادىلا جايلىۋەتمەكچى بولدى. شۇڭا ئۇ باراتنىڭ قولىغا قولىنى قويدى.

— ئۇكام، — دېدى ئۇ سەممىيلىك بىلەن باراتقا، — ھەر ئىككىمىز ھەربىي بولغان ۋە ياردار بولغان ئادەملەر ئىكەنمىز. بىر-بىرىمىزدىن سىر يوشۇرۇپ نېمە قىلىمىز؟! سىزمۇ كۇمۇشتە تەسۋىرلىگەن ئۇرۇش ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىڭ. مەنمۇ بۇ بەدىنىمدىكى يارا ئىزلىرىنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ بېرەي، بولامدۇ؟

— بولىدۇ. مەن مەغلۇبىيەتنى سۆزلەيمەن. لېكىن گېپىمىز مۇشۇ يەردە قالسۇن. شۇنىڭغا ماقۇل بولسىڭىز سۆزلەپ بېرىمەن.

— خاتىرجەم بولۇڭ ئۇكام، مەن كىچىك بالا ئەمەس، — دېدى "يېتىمچى". بارات ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن بىرەر ساختىلىق ئالامىتىنى كۆرەلمىدى. شۇڭا ئۇ 1944-يىل 2-دېكابىر كۈنى كەڭسايدا بولغان ئۇرۇشنى ئەينەن سۆزلەپ بەردى. "يېتىمچى" بولسا كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى. باراتنىڭ ھېكايىسى تۈگىگەندىن كېيىن، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەنمۇ شۇ يەردە بولغان، — دېدى.

— قايسى قىسىمدا؟ — دېدى بارات ئەجەبلىنىپ.

— غېنى باتۇر قىسمىدا، — دېدى "يېتىمچى".

— ھە؟!... ئاكا، — دېدى قىزىرىپ كەتكەن بارات، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، — مەن سىزدىن ئەندىشە قىلىپ يۈرۈپتىمەن.

— شۇنداق ئۇكام. خەلق كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر دۈشمەن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋاتىدۇ. جەمئىيەت رەزىللەشكەنچە كىشىلەر بىر-بىرىگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدى، — دېدى "يېتىمچى"، — شۇڭا مەن ئەجەبلەنمەيمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن بارات ئەپسۇسلانغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— مەن مىللىي ئارمىيىگە قېچىپ ئۆتۈپ كېتىمەن دەپ دوستلىرىمغا ۋەدە بەرگەنىدىم. ئۇرۇشتا گومىنداڭ ئۈچۈن ئۆز خەلقىمگە قارىتىپ ئوق ئاتقىنىمنى ئويلىسام ئۆلۈۋالغىم كېلىدۇ.

— ئۇنداق دېمەڭ ئۇكام، — دېدى "يېتىمچى"، — سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار شۇ كۈنى كەچكىچە دەريا بويىدا ئولتۇرۇپ سۆھبەتلەشتى. "يېتىمچى" باراتقا ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىلەرنى، خوشسەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتى، ئىنقىلاب رەھبەرلىرىنىڭ ھاياتى، پارتىزانلىق ئۇرۇش ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئىنقىلابىي جەڭچىلەرنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتى قاتارلىق ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى سۆزلەپ بەردى. بارات ئۇنىڭدىن ناھايىتى كۆپ بىلىم ئالدى ۋە ئاشۇ ئۇلۇغ غايە ئۈچۈن

كۆرەش قىلىۋاتقان ئۇرۇمچىدىكى ئەسمىتوۋل، ئابلەت، ئاسىيە قاتارلىق دوستلىرى كۆز ئالدىغا كەلدى. ئۇلارمۇ مۇنۇ ئادەم قىلىۋاتقان سۆزلەرنى قىلغان ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ كۆز ئالدى بىردىنلا يورۇپ كەتكەندەك بولدى.

— ئاكا، سىز مېنى يېڭى بىر ئادەم قىلدىڭىز، — دەپ بارات "يېتىمچى"نىڭ قولىنى چىڭ سىقتى.

لېكىن "يېتىمچى" ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مۇددىئاسى ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. باراتمۇ ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى سوراشنى ئەپسىز كۆردى. ئىككى كۈندىن كېيىن بارات كارۋانلار بىلەن يورۇپ كەتتى. "يېتىمچى" قارا شەھەردە قالدى. شۇنداق بولسىمۇ بارات ئۇنى ھەر مىنۇت كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئەسلەپ تۇردى.

بىر يىلدىن كېيىن "يېتىمچى" سودىگەرچىلىك قىلىپ بۇ يەرگە پەيدا بولدى ۋە بارات بىلەن قايتا ئۇچرىشىپ يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى. "ئىدىيە بىرلىكى مەڭگۈلۈك، مەنپەئەت بىرلىكى ۋاقىتلىق" دېگەن گەپنىڭ راستلىقى ئىسپاتلانغانىدى. ئۇلاردا ئىدىيە بىرلىكى بولغاچقا، ئاسانلا بىر-بىرىنى چۈشىنىپ قېلىشقانىدى.

## ئون ئۈچىنچى باب

# تۈرمىدە ئۆتكەن كۈنلەر

گومىنداڭ كەلدى يۇرتقا، بولدى پاشا،
قولىدا قامچىسى، ئاغزىدا غاڭزا.
كۆلىنى قاقتى بىزنىڭ بېشىمىزغا،
پۈتىنى چىلىدى كۆز يېشىمىزغا.
— ئا. ئۆتكۈر

تۈن كېچە. ئاسماندا سانسىزلىغان يۇلتۇزلار پارقىراپ تۇرىدۇ. مانا ئاسماندىن بىر تال يۇلتۇز ئېقىپ چۈشۈپ، تۈن قاراڭغۇسىنى يىرىپ ئۆتۈپ، ئۇتلۇق يول ھاسىل قىلىپ غايىپ بولدى. ياز كېچىسىنىڭ سالقىن ھاۋاسى كىشىلەرنىڭ يۈزىنى سىيلاپ، سۆيۈپ ئۆتەتتى. كوچىلار جىمجىت، ئۇ يەر-بۇ يەردە قوراللىق كىشىلەر يۈرۈشمەكتە. ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشى سىرلىق ھەم ۋەھىمىلىك. ئۇلار ئاستا مېڭىپ تۆت كوچا ئاغزىدىكى قوراللىق كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، جەنۇب تەرەپتىكى كوچىغا كىرىپ كەتتى.

ئۇلار سودىگەرنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى تۈرمىگە ئېلىپ

كىردى. گۈندىپاي ناھايىتى كىچىك ۋە تار بىر ئىشىكنى ئېچىپ، ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى. سودىگەر يىقىلىپ چۈشتى. قاراڭغۇدا ھېچنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئۇ چېرىكلەرنىڭ پوستقا ئادەم قويۇپ، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ تۇردى. ئادەملەرنىڭ ئايىغى بېسىققاندىن كېيىن ئاستا سىيلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تولىمۇ تار بىر يەردە تۇرغانلىقىنى، ئاستىغا پاخال تاشلانغانلىقىنى، ناھايىتى سېسىق زەي پۇراۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ تاڭ ئاتقۇچە كۆز يۇممىدى. ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ قولغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئويلاپ زادىلا تېگىگە يېتەلمىدى. ئۆزى ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكنىمۇ ئەسكە ئالالمىدى. پوقاقنى خىيالىغا كەلتۈرمىدى. ئۇنىڭ خىيالى قەلەندەردە ئىدى. ئۇ قولغا چۈشۈپ قالغانمىدۇ؟...

تاڭ ئاتتى. شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئۆزىنىڭ ئىللىق نۇرىنى يەر يۈزىگە سېپىپ، پۈتكۈل كائىناتقا ھايات بەخش ئەتتى. تاملىرى قېلىن كامىر ئىشىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئادەمنىڭ مۇشتۇمى ئارانلا پاتقۇدەك بىر تۆشۈكتىن چۈشكەن يورۇقلۇق كامىرنىڭ ئىچىنى غۇۋا يورۇتتى. بۇ غۇۋا يورۇقتا مەھبۇس ئۆيىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۆي ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتا، بىر يېرىم مېتىر كەڭلىكتە بولۇپ، ئۆگزىسى ئېگىز، كىچىككىنە يالغۇز كىشىلىك كامىر ئىدى. كامىر ئىشىكىنىڭ كەينىدە ھاجەت ئۈچۈن لازىم قىلىدىغان بىر دانە قاپاق، يەرگە قومۇش سېلىنغان بولۇپ، قومۇش بورا ئۈستىدە ئۇيۇل-ئۇيۇل قان داغلىرى، قومۇش بورا ئارىلىقلىرىدا جاللاتلارنىڭ شېرىكلىرى — قان شورىغۇچى چەرەندە-پەرەندە ھاشارەتلەر...

— تاڭ ئاتتى، ماڭا بولسا كېچە، — دېدى ئۇ ئۆزىگە. ئاستا ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.

ئۇ كامىر ئىشىكىنىڭ تۆشۈكىدىن سىرتقا قاراپ، تۈرمە تېمىدىكى قۇياش نۇرىنى كۆردى. ئىشىكنىڭ يېنىدا بىر گۈندىپاي پوستا تۇراتتى.

— ئۇكام، سائەت قانچە بولغاندۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ گۈندىپايدىن.

— يېتىۋەر، سائەتسىزمۇ كۈنۈڭ ئۆتۈۋېرىدۇ.

— ئېيتساڭ پۇل بېرىمەن.

— پۇلۇڭنى بەر، ئاندىن ئېيتىمەن، — دېدى گوندىپاي ئەترابقا قاراپ.

— ھازىر ئېيتقىن، پۇلنى مەن چىققاندا ئالىمەن.

— مېنىڭ نېسىدىن تەلىيىم يوق. نېسى پۇل ئۆزۈڭگە قالسۇن.

— ھەي ئوكام...

— تولا كاپشىما، — دەپ دوق قىلدى گوندىپاي، — بىكار مودۇسانى چاقىرىمەن.

سودىگەر جايىغا كېلىپ ئولتۇردى. "مودۇسا" دېگەندىن بۇ يەردە نېمانچە قورقىدۇ، دەپ ئويلىدى. ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتكەندە تورمە ئاشپىزى بىلەن بىر گوندىپاي تاماق ئېلىپ كەلدى. بۇ تاماق دېيىلگىنى بىر دانە زاغرا نان بىلەن بىر چۆمۈچ قايناقسۇ ئىدى. "سودىگەر"نىڭ قاچىسى بولمىغاچقا ئۇنىڭغا قايناقسۇنى بەرمىدى. "سودىگەر" ئۆز بېشىغا قاتتىق سىناق كەلگەنلىكىنى چۈشەندى. ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، كامېر ئىچىدە مېڭىپ يۈرۈپ، خىيال سۈرۈشكە باشلىدى.

... بۈگۈن بولمىسا ئەته سوراق باشلىنىدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ ھەربىي يۈرۈشتە، جەڭلەردە، رازۋېتكىدا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن قەھرىمان ئېلىيوۋ قانداق قىلىشىڭ كېرەك؟ كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقىڭ، پەم-پاراستىڭ ئۈچۈن رەھبەرلىك ساڭا ئىشىنىپ، سېنى ئالاھىدە يەككە-يېگانە كۈرەشكە ئاتلاندۇرغان ئەمەسمۇ؟ سەندىن زور ئۈمىد كۈتكەن ئەمەسمۇ؟ تەشكىلنىڭ ئىشەنچىنى ئاقلىيالىدىڭمۇ؟ ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالىدىڭمۇ؟ ۋەزىپىنىڭ بىر قىسمىنى ئورۇنلىدىڭ. قالغان قىسمىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلانغانىدى، پەقەت يولغا چىقىشلا قالغان. ئەپسۇس، مىڭ مەرتىۋە ئەپسۇسكى، خەرىتىنى يەتكۈزۈپ بېرەلمىدىم. مەن تەشكىل ئالدىدا قەسەم بەرگەن، بۈگۈن بولمىسا ئەته باشلىنىدىغان سوراق، بۇ مەن ئۈچۈن بىر سىناق. مەن ئەمدى بۇ سىناقتىن قەھرىمانلىق سالاھىيىتىمگە لايىق، بىر قەھرىمان ئوفىتسېرغا لايىق قەھرىمانلارچە ئۆتۈشۈم لازىم. سىناققا بەرداشلىق بېرەلمەسلىك مەن ئۈچۈن

نـومـۇس ۋە ئۆلۈم. مېنىڭ ئۆلارغا بېرىدىغان جاۋابىم بىرلا. ئۇ بولسىمۇ ھېچنەرسىنى بىلمەيمەن، ھېچكىمنى تونۇمايمەن. باشقىلار مېنى تونۇيمەن دېيىشچۇ؟ ئۇ توختاپ قالدى ۋە بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن يەنە خىيالىنى داۋام قىلدى، — مەن تونۇمايمەن، ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ تونۇمايمەن، ئۆلۈمدىن قورقسام ئىنقىلابقا قاتناشمايتتىم. مىليونلىغان خەلقنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن مەندەك بىر ئەمەس، مىڭ، ئونمىڭ ئېلىيوۋلار ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلىۋاتىدۇ ۋە تەقدىم قىلدى. ئەمدى ئېلىيوۋ، نۆۋەت ساڭا كەلدى. دېمەك بۇمۇ جەڭ، مەن شۇنداق قىلىمەن. قەھرىمان ئېلىيوۋ شۇنداق قىلدۇ. بىزدە "جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتكىلى بولماس" دېگەن تەمسىل بار. مەن كېرەك بولسا جاندىن كېچىمەن. جاپاكەش خەلقىمنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن شۇنداق قىلىمەن. مەن ئۆلسەم دوستلىرىم، خەلقىم ئىنتىقام ئالىدۇ. مېنىڭ روھىم مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ. مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ...

ئۇ خىيالدىن توختىدى. ئالدىنى شىمال تەرەپكە قىلىپ، خۇددى قەسەم بېرىۋاتقان ئادەمدەك بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بۇيرۇق بـېـرىـۋاتـقان كوماندىرلىرى، قانلىق جەڭ قىلىۋاتقان يولداشلىرى، ئەجەل ھودۇقۇشىدا قېچىۋاتقان سۆرۈن تەلەت گومىنداڭ ئەسكەرلىرى، گومىنداڭنىڭ ئـايـاغ ئـاستىدا خارلىنىپ يارىدىم سوراپ يىغلىشىۋاتقان خوتۇن-قىزلارنىڭ ئـېـچـىـنـىشلىق نالە-پەريادى، غەزەپ-نەپرەتكە تولغان يۈرەكتىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان لەنەت، قارغىشلار، ئوت كەتكەن، ۋەيران قىلىنغان شەھەر-يېزىلار، دۈشـمەنلەر قىرىۋەتكەن گۇناھسىز كىشلەرنىڭ جەسەتلىرى، مىللىي ئارمىيە جەڭچـىـلـىـرىـنىڭ "ئالغا!" سادالىرى ئىچىدە ھۇجۇمغا ئۆتكەن كۆرۈنۈشلىرى بىرمۇ بىر ئۆتتى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىنى خۇددى ھۇجۇمغا ئۆتكەندەك ھېس قىلدى-دە، "ئالغا!" دەپ توۋلىۋەتتى.

ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىشىك ئالدىدىكى پوس نۆۋەتچىسى ماردى. بۇ چاغدا سودىگەر مەھبۇس تىنچلىنىپ، پاخال ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى.

* *

تۈن كېچە. مەھبۇس بىرئاز ئۇخلاپ پۈتۈن كۈن بويى بېشىغا كىرىۋالغان ئېغىر خىياللاردىن قۇتۇلۇپ، بىرئاز ئارام تاپاي دېگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇسسۇزلۇق ئۇنى قىينايتتى. ئاچلىقتىن قورسىقى كوركىرايتتى. گۈندىپايلار بەرگەن زاغرا شۇ يەردىلا پاخال تۆپىسىدە تۇراتتى. ئۇ زاغرىنى يېمەكچى بولغانىدى. لېكىن ئۇسسۇزلۇقتىن نەم دىدارى قالمىغان كانايدىن زاغرا زادىلا ئۆتمىدى. ئۇ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئىشىك ئالدىدىكى قاراۋۇلنىڭ ماڭغان ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىر چاغلاردىن كېيىن كامىر ئىشىكىنىڭ ئالدىدا بىرنەچچە كىشىنىڭ گۈپۈرلىگەن ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلىنىپ، كامىر ئىشىكى ئېچىلدى. مەھبۇس سەگەكلەشتى. ئىككى چېرىك بىلەن بىر ساقچى ئەمەلدارى كىرىپ كەلدى ۋە قول چىراغنىڭ يورۇقىدا كامىر ئىچىگە قاراپ چىقتى.

— ماڭ... — دەپ ۋارقىرىدى ساقچى ئەمەلدارى مەھبۇسقا.

مەھبۇس ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە چېرىكلەر ئۇنى تېپىپ، دۈشكەللەپ سۆرەپ ماڭدى. تالا قاپقاراڭغۇ. سانسىزلىغان يۇلتۇزلار ئاسماندا پارقىراپ تۇراتتى. پۈتۈن شەھەر ئۇيقۇدا. لېكىن ئالللىقاياقلاردا ئىتلار قاۋىماقتا. يېقىنلا بىر جايدا بىر خوراز قانات قېقىپ ئىككى قېتىم چىللىدى. ئۇ ياز كېچىسىنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن قېنىپ نەپەس ئالدى. قانچە دىققەت قىلسىمۇ، كېچىنىڭ نەۋاخ بولغانلىقىنى پەرق ئېتەلمىدى. قىش كۈنى بولسا "ھۆكەر" يۇلتۇزىغا قاراپ كېچىنىڭ نەۋاخ بولغانلىقىنى پەرق ئېتىش تەس ئەمەس دەپ ئويلىدى ئۇ. لېكىن يازدا "ھۆكەر"نى پەرقلەندۈرۈش قىيىن، قۇتۇب يۇلتۇزى بولسىمۇ ئۇنىڭغا قاراپ ۋاقىتنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇ كېتىۋېتىپ يولداشلىرىنى ئويلاپ قالدى. مەن بۇ يەردە قولغا چۈشۈپ قالدىم. ئېھتىمال قىسمىدىكىلەر دۈشمەننى ئەسىر ئېلىپ، "تىل" تۇتقاندۇ. ئۇلارمۇ مەندەك قۇتۇب يۇلتۇزىغا قاراۋاتامدىكىن؟!...

ئۇنى ھەيدەپ ساقچى ئىدارىسىنىڭ رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ سوراقخانىسىغا ئېلىپ كىردى. سوراقخانا گازۋاي لامپىدا يورۇتۇلغانىدى. سوراقخانىغا ئۈچ دانە جوزا قويۇلغان. دېرىزە ئالدىدىكى جوزىنىڭ كەينىدە دوقا ماڭلاي، كۆزلىرى چوڭ، بـۇغداي ئۆڭ، كالپۇكلىرى قېلىن، ئوتتۇز ياشلاردىكى بىر ساقچى ئەمەلدارى ئولتۇراتتى. بۇ مۇدۇسا ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر جوزىدا ئالدىغا قەغەز، قەلەم، سىياھ قويۇپ بىر كاتىپ ئولتۇراتتى. بۆلۈمدىكى چوڭ جوزىنىڭ ئۈستىدە بىرنەچچە تال سىم ئورالغان قامچا، ئۇششاق مىق، ئامبۇر، رېزىنكە توقماق، سوقۇلغان تۇز، يەردە كىرسىن ئوچاق، كورىدا ياغ تۇراتتى. يەنە ئارغامچىمۇ بار ئىدى. بىر تەرەپتە لوشەنزېڭ، جاڭ بىگزەي، سۈڭ شۈڭگەن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەرجىمان چىڭ ۋەنلو ئولتۇراتتى. مەھبۇسنى قاسىم شۈڭگەن ئىتتىرىپ سوراقچىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويدى. ئارقىدىن قاسىم لو شەنزېڭغا تەزىم قىلدى. لو شەنزېڭ مۇدۇساغا "باشلايلى" دېگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى.

سـوراق بـاشـلاندى. كاتىپ سوراقچى بىلەن مەھبۇسنىڭ ئاغزىدىن چىققاننى بىرمۇ بىر يېزىۋالدى.

— ئىسمىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى مۇدۇسا قوپاللىق بىلەن. ئۇ مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئالدىدىكى مەھبۇسنى ھودۇقتۇرۇۋېتىشنى، قورقىتىۋېتىشنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن بۈگۈن ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان مەھبۇس قورقىدىغانلاردىن ئەمەستەك قىلاتتى.

— مەھەممەت، — دەپ جاۋاب بەردى مەھبۇس تەمكىنلىك بىلەن.

— فامىلەڭچۇ؟

— ئېلى.

— قانچە ياش؟

— 29 ياش.

— يۇرتۇڭ؟

— قارا شەھەر.

— قارا شەھەر؟ توغرا ئەمەس، — دېـدى مۇدۇسا، — توغرىسىنى ئېيت.

— توغرىسى شۇ. مەن قارا شەھەرلىك.

— ياق، توغرىسى سەن غۇلجىلىق.

— قىزىق گەپقۇ بۇ، — دېدى مەھبۇس، — غۇلجىلىق بولسا نېمە بولغۇدەك؟ سىلەرنىڭ قانداق پاكىتىڭلار بار؟ مەن توغۇلغاندا سىلەر توغۇت ئانىسى بولغانمۇ يە؟

— پاكىت؟ ھى... ھى، غۇلجىلىق دېگەنچۇ توپىلاڭچى، ئىسيانكار، — دېدى مۇدۇسا، — سەن بىزدىن پاكىت تەلەپ قىلىۋاتامسەن؟ مانا پاكىت.

ئـۇ جوزىنىڭ تارتمىسىدىن ئۇلۇشكۇن پوقاق ئوغرىلىۋالغان دوپپىنى ئېلىپ كۆرسەتتى. مەھبۇس دوپپىنى تونۇدى. لېكىن قانداق قىلىپ بۇ يەرگە ئېلىپ قالغانلىقىدىن ھەيران ئىدى. پوقاقنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى.

— ھا... ھا... ھا — دەپ كۈلدى مەھبۇس، — سىلەرنىڭ پاكىتىڭلار فالتىس ئىكەنغۇ؟ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى دوپپا كىيىدىغۇ؟

— شـۇنـداق، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى كىيىدىغان ئاددىي دوپپا ئەمەس، ئالاھىدە تىكىلىدىغان غۇلجا دوپپىسى، مانچېستىر دوپپا.

— شۇنداق، ئۇيغۇرلارنىڭ بەزىسى مانچېستىر دوپپا، بەزىسى بادام دوپپا، بەزىسى چىمەن دوپپا، يەنە بەزىسى شاپاق دوپپا كىيىدىغۇ؟

— سەن ئەجەبمۇ گەپچى ئىكەنسەنغۇ؟ — دەپ ھۆركىرىدى مۇدۇسا،

— تىلىڭنى قىسقارتىپ قويماي يەنە؟...

— سوراققا جاۋاب بەردىم، — دېدى مەھبۇس.

— شۇنداق، سەن غۇلجىلىق، راستمۇ؟ — مۇدۇسا شۇنداق دېدى-دە، كاتىپقا بۇيرۇدى، — ياز! غۇلجىلىق.

— خوپ غۇلجىلىقمۇ دەيلى. غۇلجىلىق بولۇش جىنايەت ئەمەستە؟

— جىنايەت ئەمەس؟! — دەپ دېمىغىنى قاقتى مۇدۇسا، — دېدىمغۇ ساڭا، غۇلجىلىقلار توپىلاڭچى، ئىسيانكار، تۈزكور...

— بىز ئۆز خەلقىنى سۆيمىگەن كىشىلەرنى تۈزكور دەيمىز. سىزنىڭ باھايىڭىز ئانچە مۇۋاپىق بولمىدىمىكىن ئەپەندىم؟ — دېدى مەھبۇس.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مۇدۇسا قارىداپ كەتتى. قاسىم قولىدىكى كالتەك بىلەن مەھبۇسنى بىرنى سالدى.

— تۈزۈك گەپ قىل. بۇ يەر سېنىڭ ئوينىشىدىغان جايىڭ ئەمەس، بۇ يەرگە نېمە مەقسەت بىلەن كەلدىڭ؟ — دەپ سوراقنى داۋاملاشتۇردى مۇدۇسا.

— سودىگەرچىلىككە.

— «ئىلى ئوغرىلىرى» قانداق ۋەزىپە تاپشۇردى؟

— بىلمەيمەن، ھېچكىمدىن تاپشۇرۇق ئالمىدىم.

— ياخشىلىقچە ئىقرار قىل، مۇكاپات ئالىسەن، — دەپ مۇدۇسا بىر باغلام پۇلنى جوزا ئۈستىگە قويدى.

— مەن سودىگەرچىلىكتىن باشقىنى بىلمەيمەن.

— خوپ، باشقىنى قويۇپ تۇرايلى. ھېلىقى قەلەندەر قەيەرگە كەتتى؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەھبۇس يېنىك نەپەس ئالدى. چۈنكى ئۇنى تونۇلۇپ قالدىمىكىن، دەپ كۆپ ئەندىشە قىلغانىدى. شۇڭا ئۇ تېخىمۇ خاتىرجەم بولدى.

— دېدىمغۇ، مەن سودىگەرچىلىكتىن باشقىنى بىلمەيمەن دەپ.

— سەندىن ماتا ئالغان قەلەندەرنىچۇ؟ ئۇنىمۇ بىلمەمسەن؟

— بىلمەيمەن. كوچىدا قەلەندەردىن كۆپ نېمە يوق، — دېدى ئۇ.

لېكىن بۇلار بۇ ئىشنى قانداق بىلگەندۇ؟ دېگەن خىيال ئۇنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىۋاتاتتى.

— ھە... ئويلىنىپ قالدىڭغۇ؟ بىزدىن بىرەر نەرسىنى يوشۇرۇش مۇمكىنمىكەن؟ ماقۇل، ھازىر ئېيتمىساڭ كېيىن چوقۇم ئېيتىسەن. ئېيتە قېنى، بۇ يەردە كىملەرنى قۇتراتتىڭ؟

— ھېچكىمنى قۇترىتمىدىم. مەن بىر تىجارەتچى. تىجارەت قىلدىم.

— ماۋۇ نېمە؟ — دەپ مۇدۇسا جوزىنىڭ تارتمىسىدىن خوتەن قەغىزىگە

سىزىلغان خەرىتىنى ئېلىپ كۆرسەتتى. قېنى بۇنىمۇ بىلمەمسەن؟

— بىلمەيمەن.

— بۇنى سەن بارات بىلەن سىزغان. قېنى ئېيتە، بۇنىڭدىنمۇ تېنىۋالامسەن؟ — دەپ مۇدۇسا پوقاقنىڭ دوكلاتىنى ئەسكە ئالدى.

— نېمىگە تېنىۋالاتتىم؟ مەن بارات دېگەن ئىسىمنى ھازىرلا ئاڭلاۋاتىمەن.

— ھازىرلا ئاڭلاۋاتىمەن؟ يالغان! — دەپ مۇدۇسا ۋارقىراپ كەتتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ مەھبۇسنى بىرنەچچە شاپىلاق ئۇرۇۋەتتى. بۇنى كۆرۈپ لوشەنزېڭ مەھبۇسنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئاخۇن، سىز قورقماي ھەممىنى ئېيتىۋېرىڭ. بىز سىلەرگە بەك غەمخورلۇق قىلىمىز. مەندە پۇل كۆپ، بىز ھەم چارلىشايلى. جىق مۇكاپات ئېلىپ باي بولۇپ كېتىسىز، قانداق؟

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى چېڭ ۋەنلو تەرجىمە قىلىپ بەردى.

— پۇلۇڭنى ئۆزۈڭ خەجلە، مەنمۇ ئۆز نېنىمنى ئۆزۈم تېپىپ يېيەلەيمەن، — دېدى مەھبۇس. بۇ گەپنى ئاڭلاپ مۇدۇسا ئۇنى ئۇرغىلى يۈگۈرگەنىدى، ئۇنى خوجايىنى شەرەت قىلىپ توختىتىۋالدى.

— ئۇنداق گەپنى قىلماق ئاسان. مېنىڭ جازالاش قورالىم تۆمۈرنى تىلغا كىرگۈزىدۇ. تىرىك كىردىڭ ئۆلۈك چىقىسەن. ئۇقتۇڭمۇ؟ تىرىك كىردىڭ ئۆلۈك چىقىسەن...

— ئىشىنىمەن، سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن ھەرقانداق ۋەھشىيلىك كېلىدۇ. شۇڭا سىلەر — فاشىستلار، ئەزگۈچىلەر، بىز بولساق ئېزىلگۈچى، — دېدى مەھبۇس.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ لوشەنزېڭنىڭ رەڭگىدە قان دىدارى قالمىدى.

— كېلىڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

سىرتتىن ئىككى جاللات ئېتىلىپ كىردى. ئۇلار ھەممىسى بىر بولۇپ، مەھبۇسنى تۇرۇسقا ئېسىپ ھوشىدىن كەتكۈچە ئۇردى. مەھبۇس ھوشىدىن

كەتكەندىن كېيىن لو شەنزېڭ مۇدۇساغا:
— ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىماڭلار. ئىقرار قىلغۇچە قىيناڭلار، — دەپ بۇيرۇق بېرىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن چىققان جاڭ بىگزەيگە سوراقتا نازارەتچىلىك قىلىشنى بۇيرىدى. جاڭ بىگزەي قايتىپ كىرىپ بولۇڭدا قاراپ ئولتۇردى. ئۇلار مەھبۇسقا سوغۇق سۇ چېچىپ ھوشىغا كەلتۈردى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە مۇدۇسا ئۇنىڭ ئېڭىكىدىن كۆتۈرۈپ تۇرۇپ سوراق قىلدى.
— ئېيتامسەن، يوقمۇ؟
— ... ... ...
— ساڭا دەۋاتىمەن. ئېيتامسەن يوقمۇ؟
— ھوي ساڭا دەۋاتىمدۇ. ئېيتامسەن يوقمۇ؟ — دەپ قاسىم مەھبۇسنى مۇشت بىلەن بىرنى سالدى.
— ئېيتىدىغان ھېچنەرسە يوق، — دېدى مەھبۇس ئارانلا.
شۇنىڭدىن كېيىن سوراقچىنىڭ بارلىق سوئاللىرى جاۋابسىز قېلىۋەردى ئەسەبىيلەشكەن مۇدۇسا يېنىدىكىلەرگە:
— گاڭزىغا بېسىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.
ئىككى چېرىك مەھبۇسنى تىزلاندۇرۇپ، تىقمىغا ئىككىدىن تۆت پىششىق خىشنى قويۇپ، يوغان بىر دانە ياغاچنى مەھبۇسنىڭ يوتىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، كۆچەپ باسقاندى، مەھبۇسنىڭ يوتا ئۇستىخانلىرى قاراسلاپ كەتتى ۋە ئاغرىق ئازابىدا ھوشىدىن كەتتى. مەھبۇسنىڭ قانتىق چىشلەنگەن كالپۇكىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى. چېرىكلەر ئۇنىڭغا سۇ چېچىپ يەنە ھوشىغا كەلتۈردى. مەھبۇس ھوشىغا كەلگەندىن كېيىنمۇ، مۇدۇسانىڭ بارلىق سوئاللىرى جاۋابسىز قالدى.
— ياغدا داغلاڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى مۇدۇسا.
ئۇلار قايناپ تۇرغان ياغنى مەھبۇسقا چاچتى. ئۆيىنىڭ ئىچى قورۇلغان گۆش پۇرىقىغا تولۇپ كەتتى. مەھبۇس يەنە ھوشىدىن كەتتى. ئۇنىڭغا يەنە سۇ چېچىپ ھوشىغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، سورىغان سوئاللارغا يەنىلا جاۋاب

بەرمەيتتى.

— تىرناق تۇۋىگە مىق قېقىڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى مۇدۇسا. ئۇزى بولسا تەرلەپ كەتكەن بېشىنى چېلەكتىكى سوغۇق سۇغا چىلىدى.

قىيناق كېچىچە داۋام قىلدى. لېكىن مەھبۇستىن سادا چىقمايتتى. ئۇ ھالسىزلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇنى تاڭ ئاتاي دېگەندە كامىرغا ئاپىرىپ تاشلىدى. كېيىنكى كېچىلىرى چېرىكلەر مەھبۇسنىڭ جاراھەتلىرىگە چاپلىشىپ كەتكەن كۆڭلەكلىرىنى يۇلۇپ ئېلىشتى. قان چىققان يەرلەرگە ئاق تۇزنى سەپتى. شۇنىداق بولسىمۇ، ئۇلار ھېچقانداق ئاخباراتقا ئىگە بولالمىدى. قىيناق ئۈزۈلمەي بىر ھەپتە داۋام قىلدى.

※ ※

ئۇلار سودىگەر قولىغا ئېلىنىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن خەۋەر تاپتى. ئۈچ كۈن ئىچىدە بارات سودىگەرنى كوچىدا ياكى ئاشخانىلاردا ئۇچرىتالمىغانىدى. ئۇ كارۋان سارايغا كىرىپ سوراشتىن ئېھتىيات قىلدى. سارايدىكىلەرمۇ سودىگەرنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ، ئىشپىيونلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئاغزىدىن چىقىرالمىدى. بارات بۇ ئىشنى كىمدىن سوراشنى بىلەلمەي تىت-تىت بولۇپ تۇرغاندا باراتنىڭ ساقچىدىكى دوستى تۇرسۇن بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى. بارات ئەھۋالنى دەرھال مامۇتخانغا يەتكۈزدى. مامۇتخان كۆپ ئويلانغاندىن كېيىن، تەشكىلاتنىڭ ھەيئەتلىرىنى يىغىپ بۇ ئىشنى مۇزاكىرە قىلىپ بېقىشنى تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كەچتە قۇتلۇقنىڭ ئۆيىگە يىغىلدى. مامۇتخان مەسىلىنى توغرىدىن توغرا ئوتتۇرىغا قويدى.

— قېنى قانداق قىلىمىز يولداشلار![1] «بېتىم» ئىمزالانغان بولسىمۇ، بۇ يەردە يەنىلا ئادەم تۇتۇۋاتىدۇ. بۇ ئىش «بېتىم»نىڭ روھىغا خىلاپ. ھەربىي

[1] شۇ چاغدا ئۇلار ئۆزلىرىنى گومىنداڭدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن مەخپىي ھالدا ئىللى تەرەپكە تەقلىت قىلىپ، بىر-بىرىنى "يولداش" دەپ چاقىرغان.

ھالەت ئەمەلدىن قالغىنى يوق. ساقچىلار بىلەن ئىشپىيونلارنىڭ زوراۋانلىقى ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ.

ئۆي ئىچىنى بىرنەچچە مىنۇتلۇق جىمجىتلىق قاپلىدى. ھەممەيلەن بۇ ئىشنى ئۆزلىرىنىڭ ھەل قىلالمايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەقلىي تەپەككۇر قىلىشتىن توختاپ قالغاندەك ھېس قىلىشتى. پىكىرلىرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

— ھۆكۈمەتكە تەلەپ قويساق قانداق؟ — دېدى قۇتلۇق.

— بۇ ئىش بۇ يەردە ئاقمايدۇ، — دېدى بارات كېسىپلا، — ھازىر بۇ يەردە ھۆكۈمەتنىڭ ھېچقانداق رولى يوق. ھازىرقى ئىش ھەربىي دىكتاتورا بىلەن ساقچىلار زوراۋانلىقىدىن ئىبارەت.

ھەممەيلەن مامۇتخانغا قارىدى. ئۇ بولسا تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چېكىپ، ئېغىر خىيال ئىلكىدە ئولتۇراتتى. ئۇ ئادەتتە كۆپ تاماكا چەكمەيتتى. پەقەت قىيىن مەسىلىگە دۈچ كەلگەندىلا ئاندىن تاماكىنى قولىغا ئالاتتى. ئاخىر ئۇ تاماكىسىنى شوراشتىن توختىدى ۋە بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىۋېلىپ گەپ باشلىدى، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئۈمىدسىزلىك چىقىپ تۇراتتى.

— بىزنىڭ قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلايلى دېسەك، بىزنىڭ ئەرزىمىزنى ئاڭلايدىغان ئادەم چىقامدۇ؟ بۇنىڭغا بىر نەرسە دېمەك تەس. بىرلەشمە ھۆكۈمەت تېخى قۇرۇلمىدى. قۇرۇلغان تەقدىردىمۇ بۇ يەر بەك يىراق. سىياسەتنى يەنىلا ئادەم ئىجرا قىلىدۇ. بۇ يەردىكى ئەمەلدارلارنىڭ تىلى باشقا، دىلى باشقا. ئۈرۈمچىگە مەمۇرىي قۇرۇلتايغا ۋەكىل بولۇپ بارغانلاردىن قۇربانوۋ خېلى تۈزۈك ئادەم. ئەڭ ياخشىسى شۇنىڭغا بىر پارچە خەت يازساق، شۇلار بىر ئىلاجىسىنى قىلسا قانداق؟

— ياخشى پىكىر ئىكەن. لېكىن خەتنى قانداق ئەۋەتىمىز؟ — دېدى شۇ چاغقىچە گەپ قىلماي ئولتۇرغان نۇر، — پوچتىدىن خەت ماڭغۇزمايدۇ.

— بۇنىڭغا ئامال بار، — دېدى مامۇتخان، — يېقىندا ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرەيلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئوقۇتۇش ماتېرىيالى ئېلىپ كەلمەكچى. شۇنىڭدىن

شەخسىي خەت سۈپىتىدە ئەۋەتەيلى.

بۇ پىكىرگە ھەممەيلەن قوشۇلدى. خەتنى تەييارلاشنى مامۇتخان ئۈستىگە ئالدى. بۇ خەتنى قۇربانوۋ بىلەن بىر ۋىلايەتتىن بولغان قۇتلۇق ئۆزىنىڭ شەخسىي خېتى سۈپىتىدە ئەۋەتىدىغان بولدى.

خەتمۇ تەييار بولدى. خەتنىڭ باش قىسمى ئادەتتىكى سالام-سائەتتىن كېيىن تۆۋەندىكى مەزمۇندا يېزىلغانىدى.

"... دوستۇم قۇربانوۋ، «ئون بىر بېتىم» ئىمزالىنىپ ئۆلكىدە تىنچلىق ئورنىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ ناھىيىدە ھەربىي ھالەت ئەمەلدىن قالمىدى. تۇتقۇن قىلىش يەنىلا داۋاملاشماقتا. بىر ھەپتە بۇرۇن بىر سودىگەر قامالدى. ئۇنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە تۇرماقتا. سىز بىزنىڭ ۋەكىلىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تەلەپ قويىسىز. ھەربىي ھالەتنى ئەمەلدىن قالدۇرسا، تۇتقۇنلارنى قويۇپ بەرسە، ئەگەر بۇ ئىش ئۆزىڭىزنىڭ قولىڭىزدىن كەلمىسە، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلىگە "كۆرەشچان ياشلار" تەشكىلاتى نامىدىن ئەھۋالنى يەتكۈزۈپ قويىسىز، سىزدىن مىننەتدار بولاتتۇق. خەتنى كۆيدۈرۈۋېتىڭ.

قۇتلۇق

مىنگونىڭ 35-يىلى 6-ئاينىڭ 5-كۈنى"

⁂ ⁂

خەتنى ئېلىپ بارغان ئىمىن ئىلى ئىككى كۈندىن بۇيان قۇربانوۋ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن يىغىن ئېچىلىۋاتقان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئالدىغا تۆت قېتىم بارغان بولسىمۇ، ھەر نۆۋەتتە ئۇنى پوستتا تۇرغان ئەسكەرلەر كىرگۈزمىدى. ئۇ بىرەر تونۇش ئادەم چىقىپ قالارمىكىن دەپ تەقەززا بولۇپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىن ئىككى قازاق كىشى چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرسى ياش، يەنە بىرسى قېرىراق ئادەم ئىدى.

— ھەي ئاكىلار، مېنى كىرگۈزۈپ قويساڭلار، ۋەكىل قۇربانوۋ بىلەن

كۆرۈشەتتىم! — دەپ يالۋۇردى ئىمىن ئېلى.

— سەن قايسى ۋىلايەت؟ قايسى ناھىيىدىن؟ ئىسىم-فامىلەڭ نېمە؟

ئىمىن ئېلى ئۇلارنىڭ گېپىنى ئارانلا ئۇقتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارغا قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب بەردى. ئۇلار ئۆزئارا كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالدى.

— ۋاي-ۋۇي، يىراقتىن كەپسەن، — دېدى ياشراق قازاق، — ھە... ھە... سىلەر تەرەپتە بىزنىڭ قازاقلار كۆپقۇ؟

— شۇنداق، ئۇلار تاغدا تۇرىدۇ.

— قېنى ئېيتقىن، قانداق مۇھىم ئىش بىلەن كەلدىڭ؟

— خەت ئېلىپ كەلگەنىدىم.

— خەتنى ماڭا بەر. مەن ئەكىرىپ بېرەي. ۋەكىللەرنىڭ ۋاقتى يەتمەيدۇ، كۆرۈشەلمەيسەن.

— ياق، خەتنى ئۆز قولۇم بىلەن تاپشۇرۇشۇم كېرەك.

ھېلىقى قازاقلار يەنە بىر قېتىم ئۆزئارا كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋېلىشتى، چوڭراق ياشراقىغا ئىمىن ئېلىنى شەرەت قىلدى.

— سەن بىزگە ئىشەنمەمسەن؟ بۇياق ئەخمەتجان ئەپەندىنىڭ كاتىپى، مەن بولسام ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسى، — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى ھېلىقى ياشراق قازاق، — سېنى كىرگۈزمەيدۇ، تۇرۇم شۇنداق ئاغىنە.

ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ئىمىن ئېلى خۇدانىڭ بۇ "كارامىتى"دىن ھەيران بولۇپ قالدى. نېملا بولسا ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىنى كۆرەلمىسەممۇ، خىزمەتچىلىرىنى بولسىمۇ كۆردۈم دەپ خۇشال بولدى.

— راست ئەخمەتجان قاسىمنىڭ مۇھاپىزەتچىسىمۇسىز؟ — دېدى ئىمىن ئېلى.

— راست شۇنداق. بىزگە ئىشەن ئاغىنە، بىز راست ئېيتىمىز، — دېدى ھېلىقى قازاق كىشى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ خەتنى يانچۇقىدىن چىقارغان ئىمىن ئېلى يەنە ئىككىلىنىپ قالدى. ھېلىقى ياش قازاق ئۇنىڭ قولىدىن خەتنى "كاپپىدە"

تارتىۋالدى.

— خاتىرجەم بول ئاغىنە. خېتىڭنى بىز ھازىرلا يەتكۈزۈپ بېرىمىز. ئادرېسىڭنى يېزىۋالاي، — دەپ يانچۇقىدىن قەغەز-قەلەم چىقىرىپ ئىمىن ئېلىنىڭ ئادرېسىنى يېزىۋالدى. ئىمىن ئېلى خەتنى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى چوقۇم ئىگىسىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ دەپ خۇشال بولدى.

ھېلىقى قازاقلار ئارقىسىغا قايتىپ دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى. ئىمىن ئېلى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى زادىلا ئويلىمايتتى.

— ئىشىڭ تۈگىدى، بۇ يەردىن كەت! — دەپ ۋارقىرىدى پوستتا تۇرغان ئەسكەر.

ئىمىن ئېلى ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا ھويلىدىن بىر ئۇيغۇر يىگىت چىقتى.

— ئەپەندىم، ھازىر كىرىپ كەتكەن ئىككى قازاق كىشى كىملەركىن؟

— سالىس بىلەن جانىمقان، — دېدى ھېلىقى يىگىت، — قانداق؟ سوراپ قالدىڭىزغۇ؟

— بىر پارچە خەت ئېلىپ كەلگەنىدىم. ئۇلار ئەپكىرىپ كەتتى. ئىگىسىگە بېرەرمۇ؟

— ھۆكۈمەت ئالاقىسىمۇ ياكى شەخسىي خەت؟

— شەخسىي خەت.

ھېلىقى كىشى "كىم بىلسۇن" دېگەندەك قىلىپ، ئالقىنىنى كېرىدى-دە، كېتىپ قالدى.

1946-يىلى 7-ئاينىڭ 14-كۈنى ئىمىن ئېلى ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلدى. ئۆت كۈندىن كېيىن ۋالىي زوشوپىڭنىڭ بۇيرۇقى كەلدى. ئۇ چاغلاردا كىشىلەر سالىس بىلەن جانىمقاننى بىلمەيتتى.

## ئون تۆتىنچى باب

# نامەلۇم قۇربان

هاياتىڭ تۈگىدى، تارالدى نامىڭ،
ۋەتىنىڭ كۆيگە پۈتۈلدى شانىڭ.
چىقماس ئەل ئېسىدىن مۇنەۋۋەر ئوغلان،
زۇلپىقار ئويىنىتىپ ياۋنى قىرغانىڭ.
ئۇنتۇلماس ئىش-ئىزىڭ، جەڭدىكى غەلبەڭ،
ھۆرلۈكنى قانداقچە بەرپا قىلغانىڭ!
— بايرون

ساقچىلار ھەرقانچە قىيناپمۇ ئۇنىڭدىن ھېچقانداق جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن گويا ئۇنى ئۇنتۇپ قالغاندەك تۆت كۈندىن بۇيان ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى سىرقىراپ ئاغرىيتتى. ئۆزى ئورۇقلاپ، ساقال-بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. لېكىن ئۇ روھىنى چۈشۈرمىدى، ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزمىدى. ئۇ ھامان «يۇسۇپ-ئەخمەت» داستانىدىكى "ئەجەل يەتمەي كىشى ئۆلمەس"... دېگەن سۆزنى قايتا-قايتا

تەكرارلايتتى. ئۇ تۇرمىنىڭ ئىچىدە مېڭىپ يۈرۈپ، كامىرنى قەدەملەپ چىقاتتى. شىمالدىن جەنۇبقا ئىككى قەدەم، شەرقتىن غەربكە تۆت قەدەم، ئۇ چامداۋېتىپ: "خۇددى گۆرگە ئوخشايدۇ" دەپ قويدى. ئۇ پۇت-قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئۆزىگە ئارام بېرىپ تۇردى. چوڭ تاھارەتكە چىققاندا بىرەر تال كۆمۈر تاپقاچ كېلىپ، كامىر تېمىغا مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭ غەلىبىلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان رەسىملەرنى سىزىپ ئۆزىنى مەلىكە قىلدى. ئۇ بۈگۈن تامغا يەنە بىلال ئەزىزىنىڭ مۇنۇ بىر كۇپلېت شېئىرىنى يازدى:

ھەققەت ئۈچۈن، ئادالەت ئۈچۈن،
ۋەتىنىڭ ئۈچۈن جاننى قۇربان قىل.
كۆڭۈللەر ئارا قالمىسۇن قارا،
سىناشقا يارا، ھەقنى مىزان قىل.

ئۇ بۇ شېئىرنى تامغا يېزىپ بولۇپ قايتا-قايتا ئوقۇدى ۋە خېلى قانائەتلەنگەندەك بولدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى مىسراسىنى تەكرار-تەكرار ئوقۇدى ۋە: "شۇنداق، سىناشقا يارا!" دەپ خىتاب قىلدى.

بەزى چاغلاردا ئۇ ئىلى ناخشىلىرى بىلەن مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭ ناخشىلىرىنى ئېيتاتتى. بەزى چاغلاردا يىراقتىكى ئانىسىنى، سىڭىللىرىنى، ئۆزى مۇئەللىملىك قىلغان يېزىدىكى مەكتەپنىڭ كىچىك، ئوماق ئوقۇغۇچىلىرىنى ئويلايتتى، ياكى بىللە جەڭ قىلغان يولداشلىرىنى ئويلايتتى. يەنە گاھىدا كىچىككىنە بوۋاقنى چوكۇلدىتىپ سۆيۈۋاتقان ئايالنى ئويلايتتى ۋە سېغىناتتى. ئاخىرىدا: "بىز قىلىۋاتقان بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى سىلەرنىڭ مەڭگۈ خورلانماي، بەختلىك ئۆتۈشۈڭلار ئۈچۈن" دەيتتى. ئىشقىلىپ ئۆزىنى تېنىك تۇتۇشقا، بولمىغۇر خىياللارنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلاتتى. لېكىن خىيال دېگەننى باغلاپ قويغىلى ياكى ساندۇققا سېلىپ قۇلۇپلاپ قويغىلى بولمايدۇ-دە... ھەممە نەرسە ئېنىق بولدىكى، ساقچى ئىدارىسى ئۇنى

ھېچكىم بىلەن يۈزلەشتۈرەلمىدى. دېمەك ھېچكىم ئۇنى ساقچى ئىدارىسىغا چاقىرمىغان. ھېلىقى دوپپا بىر ھىيلە، ئۇنى ساقچىلار ئۆيىنى ئاختۇرغاندا تېپىۋالغان. ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن قولغا چۈشۈپ قالدى؟ بۇ سوئالغا ھېچقانداق جاۋاب تاپالمايتتى. قولغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبچىسى ئۆزۈمۇيا؟ لېكىن بۇ سوئالغىمۇ جاۋاب تاپالمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ سوئال ئۇنى بەك قىينايتتى.

⁂ ⁂

مەھەممەت ئېلى ئەسلىدە قەشقەر شەھىرىنىڭ شامالباغ يېزىسىدىن بولۇپ، ئۇ كىچىك چاغدىلا ئاتا-ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ تاغىسى ئۇنى غۇلجىغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ۋە غۇلجا ناھىيىسىنىڭ جېلىلىيۈزى يېزىسىغا ئورۇنلاشتۇرغان. مەھەممەت ئېلىنىڭ تاغىسى ئۇستا ياغاچچى ھۈنەرۋەن ھەم ھېرىش-چارچاشنى بىلمەيدىغان كىشى ئىدى. ئۇ كىشلەر بىلەن چىقىشقاق، ئىنتايىن قائىدە-يوسۇنلۇق، خۇشچاقچاق ئادەم بولغاچقا كىشلەر ئارىسىغا ئاسانلا سىڭىشىپ، ھال-ئوقىتىمۇ ئاسانلا يۈرۈشۈپ كەتكەنىدى. بۇ چاغلاردا غۇلجا شەھىرىدە يېڭى مەكتەپلەر ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ كەتمىگەن بولغاچقا، مەھەممەت ئېلىنىڭ تاغىسى ئۇنى دەسلەپتە دىنىي مەكتەپكە بەردى، كېيىنكى چاغلاردا دىنىي مەكتەپتىكى بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا ئۇمۇ جېلىلىيۈزىدە ئېچىلغان يېڭى مەكتەپتە ئوقۇدى. ئۇزاق ئۆتمەي مەھەممەت ئېلى ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. ئالتە يىللىق باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئېلى گىمنازىيىسىگە كىرىپ ئوقۇدى. بۇ ۋاقىت ئۇنىڭ ھاياتىدا بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. چۈنكى بۇ ۋاقىتلاردا غۇلجا شەھىرى شىنجاڭ بويىچە بىلىم ئىگىلىرى توپلانغان، ئىلغار پىكىر ئېقىمى بىلەن ئەكسىيەتچى پىكىر ئېقىمى راسا كۈچ سىنىشىۋاتقان بىر

مەزگىل ئىدى. ئىلى كىمنازىيىسى ئىلغار پىكىر ئېقىمىنى تارقىتىدىغان مۇھىم جايلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ كىمنازىيىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، جىلىلىيۈزىگە قايتىپ بىرقانچە ساۋاقدىشى بىلەن خەلقنى ئاقارتىشتىن ئىبارەت ئېغىر تارىخىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى. لېكىن بۇ چاغلاردا شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئەكسىيەتچى ئالۋاستى قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، ئىلغار كۈچلەرنى تۇتقۇن قىلىش، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ئەڭ ۋەھشىي، ئەڭ ئەكسىيەتچى فاشىستىك دىكتاتۇرا يۈرگۈزگەن چاغلار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەھەممەت ئىلى ۋە باشقا بىر قىسىم ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر شىڭ شىسەي ئىشپىيونلىرىنىڭ نازارىتىگە چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلار قىلچە بوشاشماستىن خەزمەتنى داۋاملاشتۇرۇشقا ۋە ئۆزىگە ئىشەنچلىك دوستلارنى تېپىپ، پارلاق كەلگۈسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا بەل باغلىغانىدى. ئۇزاققا قالماي ئۇلار تىكەن كۈنلەر كەلدى.

1944-يىلى يازدا نىلقا قوزغىلىڭى پارتلىدى. سېنتەبىردە يېڭى ئۇقۇش شىنىڭ باشلىنىشى بىلەن غۇلجا شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتتى. ئىنقىلابنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئىلغار كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلىشقا، قىرغىنلىق يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. شۇ كۈنلەردە جىلىلىيۈزىگىمۇ ساقچىلار ئەۋەتىلىپ، ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرقولغا ئېلىنىشقا باشلاندى. دەل مۇشۇ پەيتتە مەھەممەت ئېلى بىر قاراڭغۇ كېچىدە ئىشەنچلىك يىگىرمە نەچچە ياشنى ئەگەشتۈرۈپ قېچىپ بېرىپ قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلدى. قوزغىلاڭچىلار شتابى ئۇلارنى دەسلەپتىلا غېنى باتۇر قوماندانلىقىدىكى چوڭ ئەترەتكە ئەقسىم قىلدى. غېنى باتۇر مەھەممەت ئېلىنى بىرقانچە باتۇر يىگىتتىن تەشكىللەنگەن رازۋېتچىكلارغا باشلىق قىلىپ بەلگىلىدى.

— بۇ ناھايىتى مۇھىم ۋە خەتەرلىك خىزمەت، — دېگەنىدى غېنى باتۇر مەھەممەت ئېلىغا، — ئۇنىڭ مۇھىملىقى شۇكى، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشىمىزدا ئىشەنچلىك ئاخباراتنىڭ بولۇشى مۇھىم رول ئوينايدۇ. خەتەرلىك

دېگىنىمىز شۇكى، سىلەر ھەممىدىن بۇرۇن دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىسىلەر ۋە مەلۇمات توپلايسىلەر.

— ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇنلاشقا تولۇق كاپالەتلىك قىلىمىز، — دېدى مەھەممەت ئېلى، — ھەرقانچە خەتەرلىك بولسىمۇ قورقمايمىز.

شۇنىڭدىن كېيىن غۇلجا شەھىرى ئازاد قىلىنغىچە بولغان بىرقانچە ئاي جەريانىدا كېچە-كۈندۈز رازۋېت ئارقىلىق، چوڭ-كىچىك ئون نەچچە قېتىملىق جەڭلەرگە قاتنىشىپ، قوماندانلىققا دۈشمەن ئەھۋالى ھەققىدە كۆپلىگەن مەلۇماتلارنى يەتكۈزدى. ھەتتا سۇلتانئۆيستىكى دۈشمەن شتابىغا مەخپىي كىرىپ، دۈشمەننىڭ ھەربىي خەرىتىسىنى ئوغرىلاپ چىقتى. مۇشۇ جەرياندا ئۇ ئۈچ قېتىم ياردار بولغان بولسىمۇ، رازۋېتكىنى ھەرگىزمۇ توختىتىپ قويمىدى. غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا قىسىمنىڭ ئالدىدا مېڭىپ ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇنىڭ بۇ خىزمەتلىرىنى پارتىزانلار شتابى ناھايىتى يۇقىرى باھالىدى.

1944-يىل 12-نويابىر كۈنى ئىلىدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتمۇ مەھەممەت ئېلىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ ئۇنىڭغا كاپىتان ئۇنۋانى ۋە "بىرىنچى دەرىجىلىك ئىستىقلالەت" ئوردېنىنى تەقدىم قىلدى. شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا ھەرەمباغنى ئېلىش ئۇرۇشى باشلاندى. مەھەممەت ئېلى بۇ ئۇرۇشتىمۇ ناھايىتى كۆپ قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، يارىلىنىپ، دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى جەڭدە كۆرسەتكەن باتۇرلۇقى ئۈچۈن ئۇنى "ئىككىنچى دەرىجىلىك ئازادلىق ئوردېنى" بىلەن مۇكاپاتلىدى. مەھەممەت ئېلى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققاندا ئۇنى يېڭى ۋەزىپە كۈتۈپ تۇراتتى. ئالىي باش قوماندانلىق ئۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتىشنى قارار قىلغانىدى. ئۇ 1945-يىل 4-ئايدا كورەنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشى باشلانغان چاغدا كورەدىن قاچقان گومىنداڭچىلارنىڭ بالا-چاقىلىرىنىڭ مالىيى سۈپىتىدە ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ قارا شەھەرگە

كېلىپ، مەدىكار سوپىتىدە قارا شەھەر، كورلا، خېجىڭ، خوشۇت قاتارلىق تۆت ناھىيىدە بىر يىل تۇرۇپ، ئالىي باش قوماندانلىققا دۈشمەن ئەھۋالى ھەققىدە ناھايىتى كۆپ ۋە ئىشەنچلىك مەلۇماتلارنى يوللاپ تۇردى ھەمدە كۆپلىگەن كىشىلەرنى ئىنقىلاب تەرىپىگە تارتتى. بەزى ئىلغار ياشلارنى غۇلجىغا بېرىشقا دەۋەت قىلدى.

تارىخ چاقى 1946-يىلغا قەدەم قويۇش بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدا گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكەت دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن پەيتتە، جەنۇبىي شىنجاڭ ئىنقىلابىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇش ئۈچۈن ئالىي باش قوماندانلىق مەھەممەت ئېلىنى چاقىلىققا ئەۋەتىپ، ئاخبارات توپلاشقا، توپلىغان ئاخباراتلارنى قاغىلىقنى ئىشغال قىلغان قوشۇنلارنىڭ قوماندانى مەھەممەت ئايوپپەگ تەرىپىدىن چەرچەنگە ئەۋەتىلگەن رازۋېتچىك مەھەممەت ئىمىن ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئورۇنلاشتۇرغان. مەھەممەت ئېلى چاقىلىققا پاراشەھەرلىك زالىم ھېلىم لوزۇڭنىڭ جىيەنى دېگەن نام بىلەن سودىگەر سياپىتىگە كىرىپ كەلگەندى. ئۇ چاقىلىقتا مەھەممەت ئىمىن («راۋاپچى قەلەندەر») گە ئاخباراتنى يەتكۈزۈپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىدا كىتابخانلىرىمىزغا مەلۇم بولغاندەك ئېھتىياتسىزلىقتىن پايلاقچى پوقاقنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتتى.

※ ※

بۈگۈن ئۈنىڭ تۈرمىگە سولانغىنىغا توپتوغرا ئون كۈن بولدى. ئەتىگەنلىك تاماقمۇ بېرىلدى. ئادەتتىكىدەك تۈرمە ھاياتى يەنە باشلاندى، يەنە شۇ تۇگمەس، چېكىش، ئېغىر خىياللار... بىردىنلا كامىرنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، ساقچىلار باش-كۆزى قان ۋە كىيىم-كېچەكلىرى تىتما-تىتما بولۇپ كەتكەن، كىر ماتا كۆڭلەكتە قان داغلىرى ئۇيۇپ قالغان بىر كىشىنى ئىچكىرىگە ئىتتىرىۋەتتى-دە، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ كېتىپ قېلىشتى. يېڭى كىرگەن مەھبۇس

يىقىلىپ دۇم چۈشتى. ئۇ ھەدەپ ئىنجىقلايتتى ۋە خۇداغا نالە قىلاتتى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ ئاستا-ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى. شۇ چاغدا سودىگەر ئۇنى تونۇدى. بۇ دەل پوقاقنىڭ ئۆزى ئىدى. نېمە گەپ؟ بۇنىمۇ ئوتتۇپتۇ. بۇنىڭ دېگەنلىرى راست ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ. لېكىن ئۇنىڭغا گەپ-سۆز قىلمىدى. يىگى مەھبۇس بېشىنى يەنە يەرگە قويۇپ خېلى ئۇزاق ياتقاندىن كېيىن، ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئورنىدىن تۇردى ۋە سودىگەرنىڭ يېنىغا كېلىپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى:

— خۇداغا شۈكرى ئۇكام، ھېلىمۇ سىزنىڭ يېنىڭىزغا قاماپتۇ. ئاخىرى قولىغا... قولىغا چۈشۈپ قالدىم، — دېدى پوقاق يىغلامسىراپ.

— سىزنى نېمىشقا قامىدى؟ — دېدى سودىگەر پەرۋاسىز ھالدا.

— سىز ماڭا ياخشىلىق قىلىپ بىر چىنە چاي بەرگەنىدىڭىز، بىرەرسى چاقىغان ئوخشايدۇ.

— ئۇلار سىزگە نېمە دېدى؟

— نېمە دەيتتى. سودىگەر بىلەن قانداق ئالاقەڭ بار. ساڭا نېمە... نېمە دېدى، دەيدۇ.

— سىز نېمە دېدىڭىز؟

— مەن ئاغرىپ قالغان. ماڭا بىر نان، بىر چەينەك چاي بەردى دېدىم، باشقا گەپ قىلمىدىم. ئەمدى مەن بۇ يەردىن قۇتۇلالماي ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم، سىزمۇ شۇنداق... ئاھ خۇدا! ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، — دەپ پوقاق خۇداغا نالە قىلىپ يىغلاشقا باشلىدى ۋە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا سودىگەرگە يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى.

سودىگەر نېمىلەرنىدۇ خىيال قىلىپ جىمجىت ئولتۇراتتى. سودىگەرنىڭ جىمجىت ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن پوقاق بۇنى "قورقۇش" دەپ چۈشەندى ۋە تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ پۇرسەتتىن پايدىلانماقچى بولدى:

— بىز ئۇچۇن قۇتۇلۇشنىڭ بىرلا يولى بار. ئەمما ئۇ ناھايىتى تەس يول. بىز ئۇ يول بىلەن ھەرگىز ماڭمايمىز.

— سىز دېگەن قانداق يول؟

لېكىن پوقاق جىمجىت ئولتۇراتتى. سودىگەر ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتەتتى.

— قېنى ئېيتىمامسىز؟ سىز تاپقان يولنى ئاڭلاپ باقايلى؟! — دەپ ئۇ سۆزىنى ئىككى قېتىم تەكرارلىدى.

— بىز ئۇچۇن قۇتۇلۇش يولى مۇشۇ يەردىلا...

— قېنى تىلىڭىزنى چاينىماي دېمەمسىز؟

— مـاقۇل ئەمسە، مەسلەن.... مەسلەن، — دەپ يەنە تىلىنى چايندى پوقاق، — مەسلەن مامۇتخان ھاكىمنى...

— ئۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ مامۇتخان ھاكىمنى نېمە قىلىمىز؟

— ئۇ ئىلىلىقنىڭ تەرەپدارى، روسىيەدە ئوقۇغان قىزىل پاچاق.

— يەنىچۇ؟

— باراتنى.

— بارات دېگىنىڭىز كىم؟

— ئۇمۇ بىر پىتنىچى، ئىلىلىقنىڭ قۇيرۇقى. قوزغىلاڭچى يالاڭتۆش.

سودىگەرنىڭ ئەمدى ئۆزىنىڭ قىلىپ قويغان ئىشىدىن گۇمانى قالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— يەنە كىملەرنى كۆرسىتىپ بېرىمىز؟

— مەسلەن... مەسلەن، راۋابچى قەلەندەرنى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەمدى سودىگەر تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى. ئۇ بارلىق كۈچىنى يىغىپ پوقاققا تاشلاندى.

— ھۇ مۇناپىق خائىن، مېنى تۇتۇپ بەرگەن سەن ئىكەنسەن-دە؟ — دەپ پوقاقنى تېگىگە بېسىۋېلىپ، بىر قولىدا پوقىقىدىن تۇتۇپ گېلىنى سىقسا، يەنە بىر قولىدا ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە مۇشتلاۋەردى. ئۇ تېزى بىلەن پوقاقنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋېتەي دېگەن بولسىمۇ، جاراھەتلەنگەن تېزى ئاغرىپ ئۇبدان تېزلىيالمىدى. لېكىن پوقاق مەھبۇسنىڭ ئامبۇردەك قوللىرىدىن ئاجرىيالمايتتى. سودىگەر ئۇنىڭغا ھەر قېتىم مۇشت ئاتقاندا: «مانا ساڭا ياخشىلىق، ياخشىلىققا

يامانلىق بارمۇ؟، ئىزدىسەڭ ھەر يەردە بار" دېگەن مۇشۇ، دەپ ۋارقىرايتتى.
كامىر ئىچىدىكى ئۆرە-تۆپىچىلىكنى ۋە "ئادەم ئۆلدى " دەپ ۋارقىرىغان
پوقاقنىڭ سەت ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈشۈپ كىرگەن گۇندىپايلار يەردە چالا
ئۆلۈك ھالدا ياتقان پوقاقنى سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. پوقاقنى ئېلىپ
چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يالغۇز قالغان مەھبۇس ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم
ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. ئۇ نېمە ئۈچۈن يىغلىمىسۇن؟ شۇنچە قاتتىق ئاختۇرغان
تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ياكى ئاجايىپ نۇرغۇن قوراللىق دۈشمەننىڭ قولىغا
چۈشمەي ساق-سالامەت ئۆتۈپ كېتىپ، كۆزگە ئىلمىغان بىر ئەبگا پوقاقنىڭ
قولىغا چۈشۈپ قالغىنىغا يىغلايتتى. بۇ نېمە دېگەن كۈلكىلىك ئىش
ھە؟!... "ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا" دېگەن راست
گەپ ئىكەن. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنى نامەلۇم، بىر چاغدا مۇدۇسانىڭ ئاۋازى
ئاڭلاندى:
— تۆمۈرنى قىزىتىپ بېقىڭلا! كۆيدۈرۈڭلا!
ئىككى چېرىك كىرىپ ئۇنى سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى.

※ ※

سانىسىزلىغان قىيناق سوراقلارمۇ ھېچقانداق كۈچىنى كۆرسىتەلمىدى.
ئەمدى بىرلا يول قالدى. ئۇ بولسىمۇ ئۆلۈم بىلەن تەھدىت سېلىش...، ۋاقىت
يېرىم كېچىدىن ئۆتكەن چاغ ئىدى. ئۇ بارلىق قايغۇنى ئۇنتۇش ئۈچۈن
ئۇخلاشنى ئەۋزەل كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ زادىلا ئۇيقىسى كەلمەيتتى.
يىرىڭداپ كەتكەن جاراھەتلىرى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىيتتى. تومۇز
كېچىسىنىڭ دىمىق ھاۋاسى زىندان ئىچىدىكى سېسىق ھاۋا بىلەن قوشۇلۇپ،
نەپەس ئېلىشنى قىيىنلاشتۇراتتى. ئۇ ئۇگدىسىغا ياتالمايتتى. دۈم يېتىش تولىمۇ
ئەپسىز ئىدى. ئۇ ئېغىر خىياللارغا چۆكۈپ ياتقاندا، بىردىنلا كامىرنىڭ ئىشىكى
ئېچىلىپ، قول چىرىغىنىڭ يورۇقى كۆرۈندى. بۇ يورۇقتا مەھبۇسنىڭ كۆزلىرى

قامىشىپ كەتتى. كامىرغا ئىككى چىرىك كىرىپ كەلدى. مەھبۇس بولسا مىدىر-سىدىر قىلمىدى. قول چىراغ تۇتقان قاسىم شۇڭگۇغەن مەھبۇسنى تەپتى.

— قوپە ئەبگا، سېنى جەننەتتىكى ھۆر-پەرىلەر چاقىرىۋاتىدۇ.

مەھبۇس قاتتىق قىيناق، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن خېلىلا ئاجىزلىشىپ قالغانىدى. ئۇ ناھايىتى تەستە ئورنىدىن تۇردى. لېكىن پۇتىغا سېلىنغان ئىشكەلنىڭ ئېغىرلىقىدىن، زەنجىرنىڭ قىسقىلىقىدىن بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆتەلمىدى. ئىككى چىرىك ئۇنىڭ قولتۇقىدىن سۆرەپ چىقارماقچى بولغانىدى، تار ئىشىكتىن پاتمىدى. شۇڭا بىرسى قوچاقلاپ، يەنە بىرسى پۇتىدىن كۆتۈرۈپ تالاغا ئېلىپ چىقىپ «گوپ» قىلىپ يەرگە تاشلىۋەتتى. مەھبۇس ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى ھەيدەپ تۈرمىنىڭ كەينىدىكى تېرەكلىك باغ تەرەپكە ئېلىپ كەتتى. ئۇ يەرگە يېتىپ بارغىچە چىرىكلەر مەھبۇسنى ئالدىرىتىپ، تىرىپ يۈرۈپ بىرقانچە قېتىم يىقىتىۋەتتى.

قاراڭغۇ كېچە. ئاسماندا سانسىزلىغان يۇلتۇزلار پارقىراپ تۇرىدۇ. ئاسماندىكى ھىلال ئاي بوگۇنكى پاجىئەنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇشتىن قاچقاندەك بۇلۇتلار ئارىسىغا يوشۇرۇندى. سۇس ئاي يورۇقىدا تۈرمە سېپىلى، سېپىلدىكى پوستلار غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شەھەر بولسا قاتتىق ئۇيقۇدا. مەھبۇس بولسا كېچىنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن قېنىپ-قېنىپ نەپەس ئالماقتا ئىدى. ئۇلار مەھبۇسنى تۈرمىنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن تېرەكلىك باغقا ئېلىپ چىقتى. ئۇ يەردە ئالتە-يەتتە ئادەم تۇراتتى. باغنىڭ ئەتراپىدا يەنە بىرقانچە قوراللىق كىشى ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى. چىرىكلەر مەھبۇسنى كولانغان بىر ئورنىڭ ئالدىغا ئەپكېلىپ قويدى. مۇدۇسا مەھبۇسقا ئورنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ماۋۇنى كۆردۇڭمۇ؟ ئىقرار قىلمىساڭ سېنى تىرىك كۆمىمىز، — دېدى.

مەھبۇس گەپ-سۆز قىلمىدى.

— ئويلىنىشقا بىر مىنۇت ۋاقىت بېرىمەن، — دېدى مۇدۇسا يەنە.

— ئويلايدىغان ھېچنەرسە يوق، — دېدى مەھبۇس.

مۇدۇسا مەھبۇسنى ئىتتىرىۋەتتى. مەھبۇس ئورنىغا يىقىلىپ چۈشتى. مۇدۇسانىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىر ئەسكەر ئورنىغا چۈشۈپ، مەھبۇسنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. ئۇرا مەھبۇسنىڭ مۈرىسىگە كەلدى.

— كۆم... — دەپ ۋارقىرىدى مۇدۇسا.

تۆت نەپەر ئەسكەر دەرھال مەھبۇسنى كۆمۈشكە باشلىدى. مەھبۇس بولسا، مېنى كۆمسە نېمە ئۈچۈن ئىشكەلنى ئېلىۋالمىدى. نېمە ئۈچۈن ئۆرە تۇرغۇزۇپ كۆمىدۇ دەپ ئويلايتتى. مەھبۇسنى كۆمۈپ مەيدىسىگە كەلگەندە كۆمۈشنى توختاتتى. شۇ چاغدا ۋاڭ شۈگېن مەھبۇسنىڭ يېنىغا كېلىپ چالا ئۇيغۇر تىلى بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى.

— ئاخۇن سىز جاھىللىق قىلماڭ. راست گەپ قىلىڭ. مەن جىق پۇل بېرىمەن، بولامدۇ؟ — دەپ يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى چىقىرىپ مەھبۇسنىڭ بۇرنىغا تەگكۈزدى، مەھبۇس گەپ-سۆز قىلمىدى. ۋاڭ شۈگېن پۇلنى تېخىمۇ بەكرەك ئىتتىرگەندى، مەھبۇس "تۇفي" دەپ بىرنى تۈكۈردى. تۈكۈرۈك ۋاڭ شۈگېننىڭ يۈزىگە چۈشتى.

— ۋۇي ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان، كۆم... — دەپ ۋارقىرىدى مۇدۇسـ

ساقچىلار ئۇنى مۈرىسىگىچە كۆمۈپ تاشلىدى. مەھبۇس مىدىر-سىدىر قىلالمىدى. نەپەس ئېلىشى قىيىنلاشتى. شۇ يەردە ھەممىگە نازارەتچىلىك قىلىپ تۇرغان جاڭ بىگزەي بىر ئارغامچىنى ئەپكېلىپ سالما قىلىپ تەييارلىدى:

— قېنى كىم سالما تاشلاشقا ئۇستا؟ — دەپ قولىدىكى ئارغامچىنى مەھبۇسنىڭ بېشىغا چەنلەپ ئېتىشقا باشلىدى.

ئۇ تۆت قېتىم سالما تاشلاپ ئارانلا بىر قېتىم چۈشۈردى. ئارقىدىن سۇڭ، ۋاڭ، قاسىم شۈگېنلەرمۇ سالما تاشلىدى، ئۇلار سالمىنى ھەربىر تارتقاندا مەھبۇسنىڭ گېلى سىقىلىپ "غىق" قىلغان ئاۋاز چىققاندا، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىدىن قاقاقلاپ كۈلۈشلىرى پۈتۈن باغنى چاڭ كەلتۈرەتتى.

— ئاستىراق، — دېدى مۇدۇسا، — كىشىلەر ئاڭلاپ قالمىسۇن.

— كىمكەن ئۇ؟ — دېدى جاڭ بىگزەي زەھەرخەندىلىك بىلەن، —

ھەربىي ھالەت ۋاقتىدا سىرتتا يۈرۈيدىغان.

— شۇنداق بولسىمۇ بىز ئۇيغۇرلاردا «كېچىسى گەپ قىلساڭ قولاقنى قولاقتا ياق. كۈندۈزى گەپ قىلساڭ يان-يېنىڭغا باق» دېگەن تەمسىل بار. ئېھتىيات قىلغىنىمىز ياخشى، — دېدى مۇدۇسا.

ئەڭ ئاخىرىدا شۇ يەردە تۇرغان ئىككى ئەسكەر سالما تاشلاشنى رەت قىلغانىدى، مۇدۇسا ئاچچىقىدا ئۇلارنى ئىككىدىن تۆت شاپىلاق ئۇردى.

— ۋۇ ئېشەكلەر، بۇ ئاناڭنىڭ ئاشىنىسىمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى مۇدۇسا.

— ياق دۇسا جاڭ، — دېدى قېرىراق بىر ساقچى «ئۇۋچىنىڭ قۇشى بولسا، تۈلكىنىڭ خۇداسى بار» دېگەن تەمسىل بار. مەن خۇدادىن قورقىمەن.

— توخۇ يۈرەك ئېشەك، بىزنىڭ خۇدايىمىز جاڭ ۋېيىۋەنجاڭ، — دېدى مۇدۇسا، — تۈزكور ئاخماق!

ئۇ شۇنداق تىللىغانچە بېرىپ، مەھبۇسنى سوراق قىلىشقا باشلىدى.

— ئېيتامسەن، يوق؟ پۈتۈنلەي كۆمۈپ تاشلايمەن. ئۆلۈگۈڭ تېرەككە ئوغۇت بولىدۇ.

— ئېيتامسەن يوق؟ ئېيتامسەن يوق؟ — دېگەن سۆزلەر بىرنەچچە قېتىم تەكرارلاندى. لېكىن مەھبۇس جاۋاب بەرمەيتتى. ئۇنىڭ گەپ قىلغۇدەك ماجالى قالمىغانىدى. بۇ يەردە تۇرغانلار ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ «نان قېپى» دەپ تىللىشىدىن ئەندىشە قىلىپ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەيتتى. چۈنكى بۇ مەھبۇسقا ناھىيىلىك پىرقە بىلەن ھەربىي شتاب بەكمۇ كۆڭۈل بۆلگەنىدى. ئەڭ ئاخىرىدا مۇدۇسا، جاڭ بىگزەي، ۋاڭ شۈگىگەنلەر بىر نەرسە دەپ پىچىرلاشقاندىن كېيىن ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق بېرىپ، ئۆزلىرى كېتىپ قېلىشتى.

— ئەپكىرىپ سولىۋەت.

قايتىپ كېتىۋاتقان مۇدۇسا ئۆز-ئۆزىگە «ياناللا، ئەجەبمۇ جاھىل نېمىكەن» دەپ قويدى.

قاسىمنىڭ بۇيرۇقى بويىچە چېرىكلەر مەھبۇسنىڭ مەيدىسىگىچە تاشلانغان توپىنى تارتىۋېتىپ، قولتۇقىغا ئارغامچا سېلىپ، چامغۇرنى يەردىن

يۇلغاندەك يۇلۇۋالدى. مەھبۇس ھالسىزلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆرە تۇرالماي يىقىلىپ چۈشتى.

— كۆتۈرۈپ ئەپكىرىڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى قاسىم يېنىدىكىلەرگە.

ئىككى كۈن ئۆتتى. بۇ ئىككى كۈن ئىچىدە ئۆزىنىڭ ھايات قالمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەن مەھبۇس ئۆزىنى تېتىك تۇتۇشقا ئۇرۇندى ۋە ئۆز-ئۆزىگە غەيرەت بېرىپ تۇردى. “سەن ئازادلىق ئۈچۈن جان تىككەن. غەيرەت قىل” دەيتتى ئۇ دائىم ئۆزىگە. تۈنۈگۈن كەچتە مەھبۇسنىڭ يېنىغا “پوككىدە” قىلىپ سامان قەغەزگە ئورالغان بىر يۇمشاق جىڭموما چۈشكەنىدى. ئۇ بۇ مومدىن گۇمانلاندى، بەلكى زەھەر قوشۇلغاندۇ دەپ ئويلىدى. لېكىن ئىسسىق جىڭمومىنىڭ پۇرىقى ئۇنى ئۆزىگە تارتتى. چۈنكى ئۇ ئون بەش كۈندىن بۇيان ئۇ بۇغداي ئۇن تەمىنى تېتىمىغانىدى. شۇنداقلا كۆرمىك ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى كۆردى. شۇ ئازاب-ئوقۇبەتكە چىدىدى ۋە ھايات قالدى. مەلۇم بولىدىكى دۈشمەنلەرمۇ ئۇنى ئانداق ئاسان ئۆلتۈرۈۋەتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نېمە بولسا بولسۇن دەپ ھېلىقى جىڭمومىنى يەۋەتتى. بۈگۈن ئاخشام يەنە بىر يوتازا چۈشتى. ئاشپەز بىلەن كىرگەن ئەسكەر قايناقسۇنىمۇ كۆپرەك بەردى. كېچىسى بىر كۆڭلەك پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ ئىشلار ئۇنى تېخىمۇ بەكرەك ئويلاندۇردى ۋە روھلاندۇردى، ئۆزىنىڭ يەككە-يېگانە ئەمەسلىكى، ئۇ ئۆلسە باشقىلارنىڭ كۈرەشنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. شۇڭا ئۇ تېخىمۇ تېتىكلىشىپ قالدى.

بۈگۈن ئاخشام مەھبۇسنى يەنە بىر قېتىم كامىردىن سۆرەپ ئېلىپ چىقىشتى. ئۇنى بۇ قېتىم تۈرمە بىلەن ساقچى ئىدارىسى ئارىلىقىدىكى ئاختاخانىغا ئېلىپ كىرىشتى. ئاختاخانىنىڭ ئىچىگە ئىككى جايغا ئاسما پەنەر يېقىلغانىدى. ئات باغلايدىغان ئوقۇرنىڭ يېنىغا ئورا كولانغان بولۇپ، ئۇ يەرنى ساقچى، ئەسكەرلەر قورشىۋالغانىدى. ساقچى ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە تۇراتتى. مەھبۇس بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ ئۆز ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. شۇڭا دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى مەردانە تۇتۇشقا

تىرىشتى. ئۇلار مەھبۇسنى ئىتتىرىپ ئورنىنىڭ ئالدىغا ئەپكېلىپ قويدى. ئۇ يەردە سەندەل، بازغان تۇراتتى. ئىككى ئەسكەر مەھبۇسنىڭ پۇتىدىكى ئىشكەلنى ئاجراتتى. مەھبۇس ئورنىدىن تۇرغاندا ئۇنىڭ يېنىغا لوشەنزېڭ كەلدى:

— ساڭا ئەڭ ئاخىرقى بىر مىنۇت ۋاقىت بېرىمەن. ھەمكارلىشايلى. ھايات قىممەتلىك. ئۇقتۇڭمۇ؟ سەن ياشىشىڭ كېرەك، — دېدى.

لېكىن مەھبۇس ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پىسەنت قىلمىدى. جاللات ھەرقاچان يالۋۇرساڭمۇ ئۆلتۈرىدۇ. ئۇ "توشقاندەك يۈز يىل ياشىغىچە، يولۋاستەك بىر كۈن ياشا!" دېگەن تەمسىلنى ئويلىدى-دە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل غۇرۇر ۋە جىسمانىي كۈچ ئۇرغىدى. ئۇ سەكرەپ ئورنىغا چۈشتى ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئېنىڭغا ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرغان ساقچىلارغا قاراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— جاللاتلار، سەنلەر مېنى ئۆلتۈرۈش بىلەن بۇ جاھالەتلىك دۇنيايىڭنى ساقلاپ قېلىشالمايسەن. كېچە قانچە قاراڭغۇ ۋە ئۇزۇن بولسىمۇ تاڭ ئاخىر ئاتماي قالمايدۇ. گىياھ قانچە ئاجىز بولسىمۇ ھامان تاشنى يېرىپ چىقىدۇ. جاللاتلار شۇنى بىلىپ قويۇشقىنكى، سەنلەر مېنى ئۆلتۈرۈش بىلەن ئۆزلىرىڭمۇ ئۆلۈم خەۋپىدە تۇرۇشسەن. ئەسكەرلەر، ئازادلىق كۈنى ئاز قالدى. سىلەر ھەرگىز ئالدانماڭلا!...

ئۇ ئۆزىنىڭ بىر خەلق جەڭچىسىگە ۋە بىر خەلق ئوقۇتقۇچىسىغا خاس بولغان جاسارىتىنى ۋە ناتىقلىقىنى نامايەن قىلدى. ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى ئىدى، جاللاتلار چىداپ تۇرالمىدى. لوشەنزېڭ جان ئاچچىقىدا ۋارقىرىدى:

— ئۇر!

مۇدۇسا بىلەن جاڭ بىگزەي ئۆز خوجايىنىغا ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن دەرھال بىردىن گۈرجەكنى قولىغا ئالدى. جاڭ بىگزەينىڭ قولىدىكى گۈرجەك مەھبۇسنىڭ بېشىغا بالدۇر تەگدى. مەھبۇس لەيلەپ بېرىپ يىقىلىپ چۈشتى. لوشەنزېڭنىڭ:

— كۆم... كۆم دەيمەن! — دېگەن ئەسەبىيلەرچە ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلار شۇ يەردە تۇرغان كەتمەن، گۈرجەكلەرنى ئېلىپ مەھبۇسنى كۆمۈشكە باشلىدى. كۆمۈلگەن مەھبۇسنىڭ جان تالىشىپ سىلكىنىشىدىن قىغ لۆمۈلدەپ مىدىرلايتتى. بۇ كۆرۈنۈش مۇدۇسا بىلەن لو شەنزىڭغا گوياكى ئاختاخانا ھازىرلا ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، ئۇلارنى بېسىۋالىدىغاندەك تۇيۇلدى. ئۇلار دەرھال ئاختاخانىدىن قېچىپ چىقىشتى.

— يا ئاللا، نېمە دېگەن يامان، نېمە دېگەن دەھشەتلىك، — دېدى قېچىپ كېتىۋاتقان لوشەنزىڭ مۇدۇساغا.

ئۇلار قېچىپ بېرىپ، مۇدۇسانىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئىشكىنى ئىچىدىن تاقىۋالدى. بۇ چاغدا سىرتتا بوران كۆچىيىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ دەھشەتلىك يامغۇر يېغىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى.

— دەلىل-ئىسپاتلارنى تەييارلاپ قويۇڭ، — دېدى لوشەنزىڭ ھاسىراپ تۇرۇپ، — يۇقىرىغا جاۋاب بېرىش ئاسان بولىدۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ جۇيجاڭ، — دېدى مۇدۇسا، — ھېچقانداق يوچۇق قالدۇرمىدۇق.

ئۇ بېرىپ، جوزىنىڭ تارتمىسىدىن چوڭ بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ لوشەنزىڭغا سۇندى. بۇ ئۇن ئالتە نەپەر ئىشپيون قول قويغان "دەلىل-ئىسپات" ئىدى. لوشەنزىڭ ھەممىنى ئوقۇپ قانائەتلەندى. ئۇ بۇ ئادەملەرنى تونۇيتتى.

— ھەربىر كىشى بەرگەن مەلۇماتنى مۇشۇ قەغەزگە چاپلاپ قويۇڭ.

— خوپ! جان-دىلىم بىلەن، — دېدى مۇدۇسا خوجايىنىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشىنىپ.

## ئون بەشنچى باب

# بىر تال مىشەك

قورقانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ،
سايىسى بىلەن بەش كۆرۈنۈپتۇ.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

1946-يىل 6-ئاينىڭ 4-كۈنى. چاشكا ۋاقتى.

ئىيۇن ئېيىنىڭ كىرىشى بىلەن ھاۋا تېخىمۇ ئىسسىپ كەتتى. مەكتەپلەردە يازلىق تەتىل ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغاچقا، ھەممىيلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەنىدى. بۈگۈن ھاۋا دىمىق، يەر ئوتتەك قىزىپ كەتكەن. ناھىيىلىك بىرىنچى مەكتەپ چوڭ ھويلىسىنىڭ غەربىدە ھەربىي گازارمىنىڭ سېپىلى، جەنۇبىدا چوڭ كوچا، مەكتەپنىڭ ئۇدۇلىدا ساقچى ئىدارىسى، شەرقىي تەرىپىدە مالىيە ئىدارىسىنىڭ ئېگىز تېمى، مەكتەپنىڭ ئارقىسىدا جاۋگوەنشىغا جايلاشقان ھەربىي شتاب ۋە ھەربىي مەشق مەيدانى بار ئىدى. مۇشۇ جايلارنىڭ ئۆگزە-تاملىرىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان قوراللىق ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى مەكتەپنى مۇھاسىرە ۋە نازارەت ئاستىغا ئالغانىدى. پەقەت مەكتەپ ھويلىسىنىڭ شەرقىي

جەنۇب بۇرجىكىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشما بىناسىدىنلا بۇنداق ئالامەتلەرنى كۆرگىلى بولمايتتى.

ھاۋا بەك قىزىپ كەتكەچكە تەنەپپۇسقا چىققان ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ ھويلىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى چوڭ كۆل بويىغا بېرىپ، دەرەخ سايىسىدا تۆت-بەشتىن بولۇپ ئويناشقا باشلىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى بىلەن مەكتەپ ھويلىسى ئىنتايىن جانلىنىپ كەتتى. بىرقانچە ئوقۇتقۇچى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىدا پاراڭلىشىپ تۇرۇشاتتى. پەقەت تۆتلا خەنزۇ ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتۇۋاتقان ۋاڭ ئوقۇتقۇچى بىر يولەنچۇكسىز ئورۇندۇقنى ئېلىپ كېلىپ، كۆل بويىدىكى دەرەخ سايىسىغا قويۇپ ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا "پاڭ" قىلغان مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى، بۇ تۇيۇقسىز چىققان ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتكەن ۋاڭ ئوقۇتقۇچى ئارقىسىغا ئوڭدا چۈشتى. ئۇنىڭ بېشىدىكى شەپكىسى دومىلاپ كۆلگە چۈشۈپ كېتىپ، پايپەك بېشى پارقىراپ قالدى. قورققانلىقىدىن ئۇنىڭ چىرايى ئۆلۈكتەك بولۇپ كەتتى. ئۇ دىر-دىر تىترىگەن ھالدا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ، ناھايىتى نەسلىكتە بىر پۇشتەكنى چىقىرىپ، ئارقا-ئارقىدىن بىرقانچە قېتىم قاتتىق چالدى ۋە شۇ يەردە ئويناۋاتقان تۆت نەپەر خەنزۇ ئوقۇغۇچىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئوقۇتۇش بىناسىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ:

— قوتقۇزۇڭلار ... ئادەم ئۆلدى... — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇ ئوقۇتۇش بىناسىغا كىرىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋېلىپ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. ئۇ ھەدەپ "بىزنى ئۆلتۈرىدۇ، بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ" دېگەن سۆزنى تەكرارلايتتى. نەچچە يىللاردىن بۇيان پايلاقچىلىق قىلىپ نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ ئادەملەرنى تۇتۇپ بەرگەنلىكىنى ئويلاپ ئۆز تەقدىرىدىن تېخىمۇ بەك ئەندىشە قىلاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان باللار ئوقۇتقۇچىسىغا قاراپ ھەيران بولۇشاتتى. باشقىلار بولسا نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى چۈشەنمەي ھەيران ئىدى.

ۋاڭ ئوقۇتقۇچىنىڭ ۋارقىراپ يۈگۈرۈپ كىرىپ ئىشىكنى تاقىۋالغانلىقىنى مەكتەپنىڭ غەربىدىكى سېپىلدا تۇرۇپ كۆرگەن، لېكىن ئوق ئاۋازىدىن نېمە

ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي تۇرغان كۆزەتچى ئەسكەر دەرھال سىپىلدىن چۈشۈپ شتابقا يۈگۈردى. ئارقىدىنلا ھەربىي گازارما ئىچىدە ھەربىي يۈرۈشكە كاناي چېلىندى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئەسكەرلەر سىپىلغا چىقىپ، قوراللىرىنى مەكتەپكە قارىتىپ ئوقلاشقا باشلىدى. بىر قىسىم ئەسكەرلەر مەكتەپنىڭ كەينىدىكى ھەربىي مەشىق مەيدانىدا پەيدا بولۇپ، ئابرون تۇتۇشقا، مەكتەپنىڭ ئارقا دەرۋازىسىغا يېقىن جايلاشقان پوتەيلەرگە ئېغىر پىلموتلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا باشلىدى. جاۋگۈەنشىغا جايلاشقان ھەربىي شتابنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلەر ئەنسارىنىڭ بېغى ئارقىلىق ماكسىم پىلموتلارنى سۆرەپ كەلدى. شەھەردە ھەربىي ھالەت جاكارلىنىپ يۈرۈش قەتئىي مەنئى قىلىندى. ئاپتومات ۋە پىلموت بىلەن قوراللانغان پىلموتچىلار روتىسى چوڭ كوچىدىكى ئېرىق ئىچىگە ئورۇنلىشىپ پىلموتلارنى مەكتەپ بىلەن ئۇيغۇر ئويۇشمىسىغا قاراتتى.

ئوق ئاۋازى ئاڭلانغان چاغدا، ئۇيغۇر ئويۇشمىسىدا قانداقتۇر بىر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خالىق دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ، خەنزۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ۋارقىرىغان پېتى بىناغا قېچىپ كىرىپ، ئىشىكنى تاقىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ساقچى ئىدارىسىغا قاراپ چاپتى. ئۇ ئۇدۇل مۇدۇسانىڭ ئىشخانىسىغا ئۇسسۇپلا كىردى. ئىشخانىدا مۇدۇسا بىلەن لوشەنزىيىڭ قانداقتۇر بىر ئىش بىلەن ئولتۇرۇشقانىدى. رۇخسەت سورىماي ئىشىكنى ئېچىپلا كىرگەن خالىق گاچا ئالدىرىغانلىقىدىن تېخىمۇ بەكرەك گاچىلىشىپ كەتتى ۋە ھاسىراپ، دېمى قىسىلىپ ئارانلا:

— توپ ... توپە ... لاڭ، — دېيەلىدى.

ئورنىدىن سەكرەپ تۇرغان مۇدۇسا لوشەنزىڭغا بىر نەرسە دەپ، ئارقىدىن خالىقتىن سورىدى:

— نەدە؟

— ب ... بىرىنچى ... مەكتەپتە.

— راستمۇ؟

— راست... راست...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ لو شەنزېڭنىڭ كالپۇكلىرى تىترەپ، كۆڭلىدىن غالجىر ئىتنىڭ غىڭشىشىدەك بىر ئاۋاز چىقىپ كەتتى. شۇ چاغدا ساقچى ئىدارىسىنىڭ سېپىلىدا پوستتا تۇرۇۋاتقان ئەسكەر كىرىپ دوكلات قىلدى:

— ھېلىلا سىراقتا بىرىنچى مەكتەپتە ئوق ئېتىلدى. ئارقىدىن ھەربىي قىسىملارنىڭ بىر قىسمى سېپىلغا چىقتى. يەنە بىر قىسمى كوچا تەرەپتىن مەكتەپنى قورشىۋالدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ لوشەنزېڭ مۇدۇساغا بۇيرۇق بەردى:

— ئادەمنى ئىككىگە بۆلەيلى. بىر قىسمىغا مەن باشلامچىلىق قىلىپ ساقچى ئىدارىسىنى مۇھاپىزەت قىلاي. بىر قىسمىنى سەن باشلاپ مالىيە ئىدارىسىغا كىرىپ ھەربىي قىسىملارغا ماسلاش. ئامال بار ئوغرىلارنى تىرىك تۇتايلى. ئەگەردە قارشىلىق كۆرسەتسە ئايىماي ئېتىپ تاشلاۋەر.

— خوپ.

مۇدۇسا ئوتتۇزغا يېقىن ساقچىنى باشلاپ، مالىيە ئىدارىسىغا كىرىپ مەكتەپنى شەرق تەرەپتىن قورشىۋالدى ۋە ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق بەردى:

— ھېچكىمنى ئايىماڭلار، قارشىلىق قىلغانلارنى قىرىپ تاشلاڭلار!

— ئۇششاق باللارغا ئوق تېگىپ كەتسە قانداق قىلىمىز؟ — دېدى بىر ئەسكەر.

— ئەخمەق، بۇ دېگەن ئۇرۇش. بۇيرۇق بېرىلدىمۇ، بولدى ئات، — دېدى مۇدۇسا.

— خوپ، — دېدى ھېلىقى ئەسكەر. لېكىن كۆڭلىدە "ھەي ئېست باللار" دەپ ئوقۇغۇچىلارغا ئىچى ئاغرىدى.

مەكتەپ پۈتۈنلەي قورشىۋېلىندى. قىرغىنچىلىق قىل ئۈستىدە تۇراتتى. مەكتەپ ھويلىسى جىمجىت. ئوقۇتقۇچىلار كۆل بويىدىكى سۆگەت سايىسىدا ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا تۇرۇپ تەرتىپ ساقلاۋاتاتتى، يېرىم سائەت ئۆتتى. ھەممە ياق جىمجىت، ئەتراپتىكى ئەسكەرلەر بويىنىنى سوزۇپ مەكتەپ ھويلىسىغا

قاراشقا باشلىدى. قوراللىق "توپىلاڭچىلار" كۆرۈنمەيتتى. ھەربىي كوماندىرلار دۇربۇن ئارقىلىق ھەممە ياقنى قاراپ چىقتى. يەنىلا جىمجىتچىلىق. ئەمدى ئوقۇغۇچىلار ناخشا ئوقۇشقا باشلىدى:

بىزنىڭ ئەسلى مەقسىتىمىز،
ھۆر، ئازادلىق، باراۋەر.
ئەمدى پۈتكۈل يوقالسۇن!
ئۇ ئەسكى قارا كۈنلەر.
تارىلالىلام...

ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھەربىي قىسىملار بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى.
ئاردىن توپتوغرا بىر سائەت ئۆتتى. شۇ چاغدا مەكتەپ دەرۋازىسىدىن ئۈ
ئادەم كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى ھەربىي كىيىم، بىرسى پۇقراچە كىيىم
كىيگەن بولۇپ، پۇقراچە كىيىم كىيگىنى ساقچىنىڭ تەرجىمانى چىڭ ۋەنلو
ئىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدە 50-60 قەدەم قالدۇرۇپ ئاپتومات تۇتقان بەش
مۇھاپىزەتچى كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ئەتراپقا ئالاقزادىلىك بىلەن قارايتتى
ئەتراپتىكى قوراللار ئوقۇتقۇچىلارنى نىشانغا ئېلىشتى. دەرۋازىدىن كىرىپ
كەلگەنلەر ئۇدۇل كۆل بويىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ
ئىچىدىن ئېگىز بويلۇق، ئاۋازى غاراڭ-غۇرۇڭ چىقىدىغان بىرسى ئوقۇتقۇچىلارغ
بۇيرۇق بەردى:

— سىلەر قورشاۋدا قالدىڭلار. ياخشىلىقچە قورالنى تاپشۇرۇڭلار.

بۇ گەپنى چىڭ ۋەنلو تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭ
سۆزىگە ھەيران بولۇشتى.

— قايسى قورالنى؟ — دېدى مەكتەپ مۇدىرى نۇر بەختى سوئالغ
سوئال بىلەن جاۋاب بېرىپ.

— باياتىن ئوق چىقارغان قورال قېنى؟ يوشۇرمەن دەپ خام خىيال

قىلىشما! — دېدى ھېلىقى ئەسكەر قوپاللىق بىلەن.

— بىز ھېچقانداق قورال ئاتمىدۇق. بىزدە قورالمۇ يوق. ئېتىلغان نەرسە مانا، — دېدى ئوقۇتقۇچى ئىمىن نىياز ۋە ئۇلارغا بىر تال مۇشەك بىلەن ئون ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالىنىڭ قانغا بويالغان قولىنى كۆرسەتتى.

ئەسلىدە ۋەقە مۇنداق بولغانىدى: بۈگۈن ئەتىگەن ئوسمان ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچى مەكتەپنىڭ ئارقىسىدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ پوتىيىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر دانە قۇرۇق مۇشەكنى تېپىۋالغان. ئۇ قاراپ بېقىپ مۇشەك ئىچىدە دورا بارلىقىنى بىلگەن ۋە بۇ دورىنىڭ پارتلايدىغان ياكى پارتلىمايدىغانلىقىنى سىناپ باقماقچى بولغان. شۇنىڭ بىلەن مۇشەكنىڭ تېگىدىكى پىستانغا بىر تال مىقنى تىققان. نەتىجىدە دورا پارتلاپ ئۇنىڭ ئىككى تال بارمىقىنىمۇ ئۈزۈۋەتكەن. بۇ ئىش ھازىرقىدەك چوڭ ۋەھىمىگە سەۋەب بولغان. ھېلىقىلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، بىر ئوقۇتقۇچى مەسخىرە قىلغان قىياپەتتە:

— "قورققانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ" دېگەن شۇ-دە، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن "پاراققىدە" كۈلۈشۈپ كەتتى. بۇ چاغدا ۋاڭ ئوقۇتقۇچى ئىشىكنىڭ ئىچىدە مارىپ تۇراتتى. مۇدۇسا بولسا ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇۋاتاتتى.

## ئون ئالتىنچى باب

# ئالۋاستىلار زىياپىتى

قۇرتتەك يامرىدى جاي-جايدا جاسۇس
ئـايـاغ ئاستى قىلىندى، بىتتى نامۇس.
نە چىن دوستلۇق ۋاپادىن قالدى زەررە،
قارا ئىنلار ئۈچۈن مول كەلدى مەررە.
— ئا. ئۆتكۈر

كۈنـلـەر ئارقا-ئارقىدىن ئۆتمەكتە ئىدى. پايلاقچىلار ھەممىلا جايدا
تەمتىرىشىپ يۈرۈشەتتى. لېكىن ھەر نۆۋەتتە ئۇلارنىڭ شېرىن چۈشلىرى يوققا
چىقاتتى. خالىق گاچىغا بۇ قېتىمقى ئىشنىڭ يوققا چىقىشى بەكمۇ ئەلەم
قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساقچى ئىدارىسى ئۇنى يالغانچىلىقتا ئەيىبلەپ راس
تىللىدى:

— سەن بىزنى يالغان گەپ بىلەن ئالداپ يۈرۈپ، كېيىن بىرەر ۋەقە
تۇغۇلسا، مېڭەڭنى چۇۋۇيمەن، — دېدى مۇدۇسا خالىقنى چاقىرىپ، — بىر
بۇ قېتىم مەسخىرىگە قالدۇق ھەم ئۇلارنى چۆچۈتۈپ قويدۇق. ئۇلارمۇ بالدۇ

خۇشال بولۇپ كېتىشمىسۇن. سەنمۇ ھوشۇڭ بىلەن يۈر.

خالىق مۇدۇسانىڭ ئالدىدىن ئىنتايىن پەرىشان ھالدا چىقتى. ئۇ دوبوجىڭنىڭ قاۋاقخانىسى تەرەپكە كېتىۋېتىپ، ئويغۇر ئويۇشمىسىدىن چىقىۋاتقان ساقىغا ئۇچراپ قالدى. ئۆز "كەسپىدىشى"نىڭ پەرىشان ھالىنى كۆرگەن ساقىنىڭ ئۇنى مەسخىرە قىلغۇسى كەلدى.

— ھە...خالىق قالتىس پەرىشان كۆرۈنىسەنغۇ؟ بۇ نۆۋەتتىكى قەھرىمانلىقىڭ ئۈچۈن ئېرىشكەن مۇكاپاتنى كۆتۈرەلمەي قالغان ئوخشىمامسەن؟

— كاپىشما ئىنىنىڭ بالىسى، بۇ كوچا بولمىغان بولسا مۇكاپاتىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھازىرلا كۆرسىتىپ قوياتتىم، — دەپ خالىق ساقىغا مۇشتىنى كۆرسىتىپ قويىدى، — سېنىڭ كەينىڭدە ھەربىي شتاب بولغاچقا سەن بارغانچە ھەددىڭدىن ئېشىپ كېتىۋاتىسەن. بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى پۇشايمان قىلغىنىڭنى كۆرەي.

— ئۇ چاغدا سەن ئاللىقاچان ئۇ دۇنياغا كېتىسەن، مېنىڭ پۇشايمان قىلغىنىمنى كۆرەلمەيسەن.

— مەن، سەن بېشىڭنى يېگەندىن كېيىن ئۆلمەن. سېنى ھەربىي شتاب بىكارغا باقمايدۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى قېنى ساقى كەرىموپ، سەن بېرىپ غۇلجىغا ئوت قويۇپ كەل دېمىگىنىنى كۆرەي. ئۇ چاغدا غۇلجىلىقلار تېرەڭنى نەتۈر سويىدۇ.

— بولدى ئاغىنە، — دېدى ساقى، — سەن راستتىنلا پەرىشان كۆرۈنىسەن. يۈرە سېنى بىر مېھمان قىلىۋېتەي. ئاخشاملىققا "ئانام ئالتۇن[1]" نىڭكىدە ئويناپ كەلسەكمۇ بولىدۇ.

— ھە... مانا ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ، — دەپ ھىجايدى خالىق، "كۆڭۈل ئاغرىتقان دوست ئەمەس" دېگەن تەمسىلنى بىلمەمسەن؟

---

[1] ئانام ئالتۇن — مەشھۇر ئابال لۆكچەك. ئۇ، نەشە، قىمار ۋە بىلىقا بۇزۇقچىلىقلارنىڭ پىرى بولۇپ، ئىشپىيون-جاسۇسلارنىڭ ھارام پۇللىرىنى يىغىشتۇرىدىغان سورۇن شۇنىڭ ئۆيىدە ئىدى.

— خاپا بولما ئۇكام. سەن بىلەن ئوينىشتىم، — دېدى ساقى، — سەن مېنىڭ سۆزۈمنى "دوست ئاغرىتىپ ئېيتار" دېگەن مەنىدە چۈشەن. ساڭا ھەۋەسىم كەلدى.

— لېكىن-زە بۇ كوچا تۇرسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆپكۆندۈزدە...

ساقى ئۇنى سۆرەپ قاۋاقخانىغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى. خالىق تۇرۇپ قىلغان قىياپەتكە كىرىۋالدى. شۇ كېچىسى خالىق "ئانام ئالتۇن"نىڭكىدە كۆپ ئولتۇرۇۋەتتى.

※ ※

1946-يىلى 7-ئاينىڭ 14-كۈنى ئىمىن ئېلى ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلدى. ئوقۇتقۇچىلار، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى، ئىش قىلىپ ئىمىن ئېلىنى تونۇيدىغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇنىڭدىن ئەڭ ئاۋۋال سورىغىنى بىرخىللا سوئال ئىدى.

— راستىنلا «بېتىم» تۈزۈلۈپتىمۇ؟

— ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغىنى راستمۇ؟

— ئىلى تەرەپ «بېتىم» تۈزۈشكە ماقۇل بوپتىمۇ؟

— ئۈرۈمچىدە قانداق يېڭىلىقلار بار؟

— مىللىي ئارمىيە بۇ ياققا قاچان كېلىدىكەن؟

بۇنداق سوئاللارنى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا يوشۇرۇنغان خالىق، ساقى قاتارلىقلارمۇ بېرىشتى. ھەممە كىشىلەر ئىمىن ئېلىغا ئۈمىد بىلەن قارايتتى ۋە بىرەر خوش خەۋەر ئاڭلاشنى خالايتتى. لېكىن ئۇ جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىمىدى. شۇڭا ساقى ئەھۋالنى ھەربىي شتابقا دوكلات قىلدى. شتاب باشلىقى ئۇنىڭغا يوليورۇق بېرىپ:

— سەن بىر قېتىملىق باغ سەيلىسى ئۇيۇشتۇرۇپ ئىمىن ئېلىنى كۈتۈۋال. بارلىق چىقىمنى بىز كۆتۈرىمىز. كۆرسەتكەن خىزمىتىڭ ئۈچۈن چوڭ

مۇكاپات ئالسەن، — دېدى شتاب باشلىقى ۋە ئۇنىڭغا خېلى كۆپ پۇل بەردى.

— خوپ جانابى شتاب باشلىقى، دېگەندەك قىلىمەن، — دەپ ساقى تەزىم قىلغاندىن كېيىن، ئارقىسىچە مېڭىپ بۆلۈمدىن چىقىپ كەتتى.

※ ※

7-ئاينىڭ 18-كۈنى ھاۋا ئوچۇق، ئىسسىق كۈن بولدى. بۈگۈن قاسىم مىراپنىڭ بېغىدا ئىمىن ئېلىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن باغ سەيلىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى. بۇ سەيلىگە بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار، بىر قىسىم ياش ئىدارە خىزمەتچىلىرى ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى خىزمەتچىلىرى قاتناشتى. ھەربىي شتاب مەرقانداق ساقچى ياكى ھەربىيلەرنىڭ بۇ تەرەپكە كىرىشىنى قەتئىي مەنئى قىلدى. باغاق تاپشۇرۇپ ئالغان مامۇتخان باراتقا:

— ئالۋاستىلار زىياپىتى. ئۇنداق بولمىسا نېمە ئۈچۈن ئىمىن ئېلىنى كۈتۈۋالىدۇ؟ بۇرۇن نېمە ئۈچۈن كۈتۈۋالمىغان؟ ئىمىن ئېلى «بېتىم» تۇرۇشكە ۋەكىل بولۇپ بارغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا باشقا گەپ ئىدى، — دېدى.

— شۇنداق، — دېدى باراتمۇ، — بۇلتۇر كەلگەن مېھمانلارنىمۇ ھېچكىم كۈتۈۋالمىغانغۇ؟

— شۇنى دېمەمسىز؟ بۇ، بىر تۇزاق بولسا كېرەك، — دېدى مامۇتخان.

ئۇلار بىرقانچە قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ باراتنى تاپالمىدى. مامۇتخان "مىجەزىم يوق" دەپ بارغىلى ئۇنىمىدى. بۇ قېتىمقى باغ سەيلىسىنىڭ مېھمان كۈتۈش ئىشىنى ئاساسەن جاسۇسلار قىلدى. خالىق بولسا بىر دۇتارنى قولىغا ئېلىپ ئىمىن ئېلىنىڭ قولىدىكى تەمبۇرغا تەڭكەش قىلىپ، تىڭشىلىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىنى ئەستە تۇتۇشقا ھەرىكەت قىلاتتى ۋە توختىماي ھاراققا زورلايتتى. بۇ قېتىمقى باغ سەيلىسىدىكى گەپنىڭ مەزمۇنى يەنىلا ئۇرۇش ۋە «بېتىم» مەسىلىلىرى ئۈستىدە بولدى. ئىمىن ئېلى بەك

ياش بولغىنى ئۈچۈن دەسلەپتە گەپ-سۆزدە ئېھتىيات قىلغان بولسىمۇ، بارا-بارا "ئۆزى ئۈچۈن" ئۆتكۈزۈلگەن بۇ كۈتۈۋېلىش زىياپىتىنىڭ تەسىرىدىن تېرىسكە سىغماي قالدى. بىرەرمۇ ساقچى ياكى ھەربىينىڭ يوقلۇقى ئۇنى يوگەنسىز تايچاقتا ئوخشىتىپ قويدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە خالىق قويۇپ بېرىۋاتقان ئۈزۈم ھارىقىمۇ ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇ كەلسە-كەلمەس سۆزلەشكە باشلىدى.

— ھەي ئۈزۈنتۈرا مەست بولۇپ قاپسەن، ئۇخلا، — دېدى بىرەيلەن، — نېمانچە ۋالاقلايسەن؟!

— ئـۇخلا، ئۇخلا، — دەپ تەكرارلىدى ئـىمـىن ئېلى، — مەن دېگەنچـۇ سەندەك كۆرگەنلا يەردە ئۇخلىمايمەن، ئۇقتۇڭمۇ؟ ... مىق-مىق يەردە ... ھا... ھا...

— ئـەجـەبـمـۇ ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭ، — دېدى خالىق، —ئەگەردە ھازىر بىرەر ياش قىز بولغان بولسا... قوينۇڭغىلا تاشلاپ قوياتتىم.

— توغرا گەپ بولدى، — دېدى خالىقنى قوۋۋەتلەپ ساقى، — ئۇ چـاغـدا ئـىمىن ئېلىدەك كېلىشكەن يىگىتنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ، ئۇ قىز چوكۇلدىتىپ سۆيۈپلا كېتەتتى.

— ئۇ چاغدا مەنمۇ ئۇ قىزنىڭ بېلىدىن قۇچاقلايتتىم ... ھا ... ھا ... ھا ... — ئېلىقىپ كۈلدى ئىمىن ئېلى. ھېلىقىلارمۇ كۈلۈشتى.

— ئـىمىن ئېلى راست ئېيتىدۇ. ھازىر دېگەن ئۇخلايدىغان ۋاقىت ئـەمـەس، — دېـدى خـالىق، — ئوينايدىغان ۋاقىت. بىلىپ قويۇڭلار، ئوينايدىغان...

— شۇنى دېمەمسلەر؟ ئاداشلار، — دېدى قىزىشىپ قالغان ئىمىن ئېلى قوينىدىن ئىككى دانە ژۇرنالنى چىقىرىپ، — مەن ئۈرۈمچىدىن ئېلىپ كەلگەن ماۋۇ ژۇرناللارنى كۆرۈپ بېقىڭلار، قېنى ئۇنىڭدا "ئوينا" دەپتىمۇ؟

ھەممە قوللار ژۇرنالغا سوزۇلدى. ژۇرناللار كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى بەكمۇ جەلپ قىلدى. «كۈرەش» ژۇرنىلىنىڭ بىرىنچى بېتىدە مۇنداق ئىككى مىسرا

شېئىر بار ئىدى:

ئېزىلىپ يېتىش خىيانەت،
كۆرمەي قىلماسلىق جىنايەت.

بۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان نىمشېھىتىنىڭ "ياشلاردىن ئىلتىماس" دېگەن بىر پارچە شېئىرى كىشىلەرنى ئۆزىگە بەكلا تارتتى:

شانلىق ۋەتەن قارا كۈننىڭ يەرگە پاتتى،
پاك يىرىنگە سائادەتنىڭ تېڭى ئاتتى.
ئىش يۈزىگە چىقتى بىزنىڭ ئويلىغانلار،
مەيۈسلىكتە قارا ئۆيدە كۈيلىگەنلەر.

كېرەك ئىدى بۇ نېمەتنىڭ قەدرىنى بىلىش،
لايىق ئەمەس بۇنىڭغا تېخى مەغرۇرلىنىش.
ئالدىمىزدا تېخى ئۇلۇغ كۈرەشلەر بار،
قالغانلارنى قۇتقۇزماسلىق بىزلەرگە ئار.

ئەي ۋەتەننىڭ مىراسخورى ياش ئىنسانلار،
تەلمۈرمەكتە بىزگە ئەينە نۇرغۇن جانلار.
بىر مىنۇتلۇق پۇرسەتنىمۇ قىممەت بىلىڭ،
قورقۇنچنى ئۆزىڭىزگە ھارام قىلىڭ.

چۈنكى ۋەتەن سىزگە مىراس، ئىشلەڭ بۈگۈن،
ئىش يۈرمىسە تەس بولىدۇ، ئەتە-ئۆگۈن.
ئۆرنەك ئېلىڭ ئاتىلاردىن بۈگۈن پۇرسەت،
پايدا بەرمەس ئەتە قىلغان قايغۇ-ھەسرەت.

ئانىڭىزنىڭ بەرگەن سۈتى ھالال بولسۇن،
ھاياتلىقنىڭ خەزىنىسى جامغا تولسۇن.
خىزىر كەلسە ئابىھايات "يوق" دەپ يۈرمەك،
شەيتان كەلسە ئىسمى ئەزەم ئىستەپ يۈرمەك.

دېمەك، دوستقا تۆھپىلەرمۇ بۇرۇن بولسۇن،
دۈشمەنلەرگە ئەجەل ئوقى تەييار تۇرسۇن.
ياش ئەۋلادلار قولىدادۇر ئىش ئاساسى،
قوبۇل قىلىڭ نىمشېھىتنىڭ ئىلتىماسى.

ژۇرنال قولدىن قولغا ئۆتۈپ تۇردى، بۇ شېئىر بىرقانچە قېتىم قايتا-قايتا ئوقۇلدى. ھەممىلەن شېئىرنىڭ مەزمۇنى، بەدىئىيلىكى ۋە ياشلارنى كۈرەشكە چاقىرغان جەڭگىۋار روھىنى مەدھىيىلەشتى. خالىق قاتارلىقلار گاچىلىشىپ بولسىمۇ بۇ شېئىرغا ئالدىنقى قاتاردىكى ماختاش سۆزلىرىنى ياغدۇرۇۋەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن كىمنىڭ نىمە دەۋاتقانلىقىنى ئەستە تۇتۇشقا بەكمۇ دىققەت قىلدى. ئۇلار بۇگۈن خوجايىنلىرىنىڭ ئالدىدا بەرگەن ۋەدىسىگە ئاساسەن، بۇگۈنكى ئولتۇرۇشتىن بىرەر نەرسە ئۇندۇرۇشى لازىم ئىدى. دېگەندەك ئۇلارمۇ خېلى ئوبدانلا ماتېرىيالغا ئىگە بولدى. ئۇلار بۇنىڭ بىلەن قانائەتلەنمەيتتى. چۈنكى بۇنداق ماتېرىيال ئۇلارنى دار ئالدىغا سۆرەپ بارالمايتتى. ئامال قانچە؟ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى مەيدانغا چۈشۈشكە توغرا كەلدى. خالىق ھازىرقى ۋەزىيەتتىن تولىمۇ نارازى قىياپەتتە مەيدانغا چىقتى.

— شۇمۇ كۈنمۇ؟ بىزنىڭ كۈنىمىزدىن ئىتنىڭ كۈنى ياخشى. نىمشېھىت بىزنى كۈرەشكە چاقىرىۋاتىدۇ. بىز بولساق قول قوشتۇرۇپ ئولتۇرىمىز.

— ئامال قانچە؟ — دېدى بىر ياش، — شۈكۈر قىل ئاغىنە، شۈكۈر قىل.

— نېمىگە شۈكۈر قىلاتتىم، — دېدى خالىق، — مۇشۇ تۇرمۇشقىما؟

ئەگىلا قارىساڭ ساقچى، ئەسكەر...

ھېلىقى يىگىت يەنە بىر نەرسە دېمەكچى بولغانىدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىبراھىم سەيدۇللا[1] ئۇنى چىمداپ قويىدى. ئارقىدىن:

— بىزگە ئۇرۇش كېرەك ئەمەس. «بېتىم» تۈزۈلدى. ئۆلكىدە تىنچلىق بولدى. ئەمدى دېموكراتىيە يولىغا قويۇلسىلا بولدى. قورۇق گەپنى قويۇپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتايلى، — دېدى، — قېنى ئىمىن ئېلى تەمبۇرنى چېلىڭ.

ئىمىن ئېلى تەمبۇرنى چېلىشقا باشلىدى. بىرقانچەيلەن ناخشا ئېيتتى. ئىككى ئادەم ئۇسسۇلغا چۈشتى. خالىق بولسا ئىبراھىم سەيدۇللاغا بولغان ئاچچىقىدا ئىككى رومكا ھاراقنى ئارقا-ئارقىدىن كۆتۈرۈۋەتتى-دە، مەست بولغان قىياپەتكە كىرىپ، ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئېگىز-پەس دەسسەپ يۈرۈپ، ئىبراھىم سەيدۇللانى ئۇسسۇلغا تارتىشقا باشلىدى. ئىبراھىم سەيدۇللا شېئىرىيەتكە ئۆزىنى بېغىشلىغان ئادەم بولۇپ، ھەقىقەتەن ئۇسسۇل ئويناشنى بىلمەيتتى. خالىق ئۇنى سۆرەشكە باشلىدى.

— قېنى شائىر، ئىككىمىز ئۇسسۇل ئوينايلى.

— رەھــمــەت. مــەن ئۇسسۇل ئويناشنى بىلمەيمەن،مېنى خىجالەت قىلمىسىڭىز! — دەپ يالۋۇردى ئىبراھىم سەيدۇللا.

— ياق بولمايدۇ. ئۇيغۇر دېگەن تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ناخشا ئېيتىدۇ، بىلمەيمەن دېگەنمۇ گەپمۇ؟

ئىبراھىم سەيدۇللا خالىقنىڭ ئۆزىنى "مات" قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆپچىلىككە مۇراجەت قىلدى:

— ئاغىنىلەر ھەممىڭلار بىلىسىلەر، مەن ئۇسسۇل ئويناشنى بىلمەيمەن، شۇڭا بىر شېئىر ئوقۇپ بەرسەم قانداق؟ — دېدى.

---

[1] ئىلغار پىشقەدەم مائارىپچى ۋە شائىر ئىبراھىم سەيدۇللا — 1938-يىلدىن باشلاپ مائارىپ ساھەسىدە ئىشلىگەن. كۆپلىگەن يالقۇنلۇق شېئىرلارنى يازغان. 1946-يىلى قولغا ئېلىنىپ ئازابلانغان ۋە ئېرىك كۆمۈشكە ھۆكۈم قىلىنغان، كېيىن قويۇپ بېرىلگەن. 1990-يىلى 9-ئايدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن رازى بولۇشتى. ئۇ بۇلتۇر ئەتىيازدا يازغان، كىتابخانغا باش قىسمى تونۇش بولغان، ئىمىن نىيازنىڭ بېغىدا باش قىسمى ئوقۇلۇپ، مۇدۇسانىڭ كېلىشى بىلەن يېرىمى ئۈزۈلۈپ قالغان «باھار ھەققىدە مۇۋەششەھ» دېگەن شېئىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى. بۇ يىل ئەتىيازدا بۇ شېئىرنىڭ ماۋزۇسىنى «مۇرەسسە قىلمىغىن» دەپ ئۆزگەرتىپ، ئاپرېلدا كوچىغا چاپلىغانىدى. شائىر بۇ شېئىردا مۇرەسسەچىلىكنى ئەمەس، تولۇق ئازادلىقنى تەشەببۇس قىلغانىدى.

باھارغا تەلمۈرۈپ دىللار،
ئۆتەرمەنمۇ زالالەتتە.
ئۆتۈپ كەتمەكتە بۇ يىللار،
قويۇپ بىزلەرنى كۈلپەتتە.

باشلاردا ئويىندى شەمشەر،
شىكار بولدۇق رەقىبلەرگە.
ھاياتلىقتىن ئۈمىد ئۈزۈپ،
رازى بولدۇق بۇ كۈنلەرگە.

... ... ...

ئۈمىدسىز بولمىغىن ھەر چاغ،
تەسەللى ئەيلىمە ھەرگىز،
شىجائەتلىك بولۇپ مەردان،
مۇرەسسە قىلما سەن ھەرگىز.

... ... ...

قولۇڭغا ئال ھايات تىغنى،
قىرىپ رۇستەمچە پالۋان بول.

ئۆزۈڭنى ئويلىما سەيدۇل،
خەلق ئاغزىدا داستان بول.

ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى شېئىر ئوقۇلۇپ بولغاندا چاۋاك چېلىشتى.
خالىق بولسا، ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋالدى ۋە:
— ئۇ مېنى ئادەم قاتارىدا كۆرمىدى، لەۋزىمنى ئالمىدى، — دېدى.
— مەن ئۇسسۇل ئوينىيالمايمەن. باشقا بىر قىزىقچىلىق قىلىپ بېرەي،
— دېدى ئىبراھىم سەيدۇللا.
— ئەخمەتشا قاراقاشنىڭ مەشھۇر ساتىرىك داستانى «نەزەر مۇپتىغا يوللانغان مەكتۇپ»نى ئوقۇپ بەرسۇن، — دەپ ۋارقىراشتى ئولتۇرغانلار.
كۆپچىلىكنىڭ تەلپى بويىچە ئىبراھىم سەيدۇللا:
— بۇرۇنقى زاماندا خوتەنلىك ئەخمەتشا قاراقاش بىلەن ئاقسۇلۇق نەزەر مۇپتى دېگەن ئىككى ئۆلىما قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسىدە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلار ئىكەن. كېيىنكى چاغلاردا موللا ئەخمەتشا قاراقاش ئاقسۇ ئېتىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، نەزەر مۇپتىغا ئاتمىش سەر تەڭگە ئەۋەتىپ، ساۋاقداشلىق يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن بىر ياخشى ئات ئەۋەتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ.
لېكىن نەزەر مۇپتى ساۋاقدىشىغا خىيانەت قىلىپ، شۇنداق بىر ناچار ئات ئەۋەتىپتىكى، بۇنىڭدىن قاتتىق خاپا بولغان موللا ئەخمەتشا قاراقاش مۇنداق بىر سالام خەت يېزىپتۇ، — دېدى-دە، داستاننى ئوقۇشقا باشلىدى:

## سالامنامە

دۇئايىم بىئەدەت خوجام نەزەر مۇپتىمغا ئەلۋەتتە،
تەئەييانتۇ سالامىم ئانچىنان ئاھۇ نادامەتتە.
ۋىسال ئۇلغاي دۇئا بىرلە سالامىم ياخشى سائەتتە،

سىنى ياد ئەيلىگۈم ھەر كۈن، سەھەرلەردە ئىبادەتتە،
كى سەندىن ئۆزگە دوستۇم يوق ئىدى ئاقسۇ ۋىلايەتتە.
... ... ...

داستان ھەم ئۇزۇن ھەم قىزىقارلىق ئىدى. ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار توختىماي كۈلۈشەتتى. ئىبراھىم سەيدۇللا ئاخىرى داستانىنىڭ ئاخىرقى بىر كۇپلېتىنى ئوقۇدى:

... ...
ماڭا ئول ئات ئۈچۈن دائىم ئۆيۈمدە كۆپ مالامەتتۇر،
يېمەك بىر ئاتتا ئوتتۇز تەڭگىنى، قانداق خىيانەتتۇر،
يىقىنلاشقاچ قىيامەت، بەددىيانەتلىك ئالامەتتۇر،
مېنىڭ قالغان پۇلۇم بىرنەچچە كۈن سەندە ئامانەتتۇر،
بىرەدۇر سەن ئۇنى تاڭلا تولۇق — روزى قىيامەتتە.

— تۈگىدى، — دېدى داستاننى ئوقۇپ بولغان ئىبراھىم سەيدۇللا.

ئۇ مەكتۇپنى شۇنداق قاملاشتۇرۇپ ئوقۇدىكى، بۇنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار ئۈچەيلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك كۈلۈشۈپ:

— ياشاپ كەت ئىبراھىم سەيدۇللا، — دەپ ۋارقىراشتى.

كۆپچىلىكنىڭ مۇنداق ماختاشلىرى ئالدىدا ئىبراھىم سەيدۇللا خىجالەت بولۇپ قالدى.

شۇ ئارىدا ئوتتۇرىغا داستىخان سېلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم سەيدۇللامۇ تەڭلىكتىن قۇتۇلدى. كەچتە ھەممەيلەن تارقىلىدىغان ۋاقىتتا، يامۇلدا ئىشلەيدىغان سولايمان ئىسىملىك ياش خىزمەتچى كۆپچىلىكنى كېلەر يەكشەنبىلىك باغ سەيلىسىگە تەكلىپ قىلدى:

— يەكشەنبە كۈنى بارات ئاخشىمى. شۇ كۈنى بىزنىڭ باغدا باغ سەيلىسى قىلايلى. كەچتە قوشقاچ دامولللىنىڭ سوپىلىرى بىزنىڭ باغدا تۈنەك

ئۆتكۈزىدۇ. خالىساڭلار ئاخشىمى شۇنى كۆرىمىز.
ھەممەيلەن تارقالدى. خالىق، ساقى قاتارلىقلار قېپقالدى.
— سىلەر ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن بىرەر نەرسە يۇلۇپ ئالدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى ساقى شېرىنكىلىرىدىن.
ئۇلار ئۆزئارا بىر-بىرىگە قاراپ مۈرىسىنى قىسىپ قويۇشتى.
— خالىق سېنى ئىمىن ئېلىدىن ئايرىلما دېمىگەنمۇ؟
— ئايرىلمىدىم. لېكىنزە تۇتامغا چىققۇدەك راۋۇرۇس ماتېرىيالغا ئىگە بولالمىدىم. بىردىنبىر پاكىت پەقەتلا ھېلىقى ژۇرنال.
— ئانداق بولسا مۇدۇساغا نېمە دەيسەن؟
خالىق جىم تۇراتتى. ئۇنىڭ كالپۇكى تىترىمىتتى. ساقمۇ ئويلىنىپ قالدى: — " مەن خالىققا سوئال قويۇۋاتىمەن، ئۆزۈم ھەربىي شتابقا نېمە دەيمەن. ئۇلار ماڭا ئاز پۇل بەرمىدى. بۈگۈنكى زىياپەتكە ئۇ پۇلنىڭ پەقەت ئاز بىر قىسمىلا كەتتى " — ئۇ يانچۇقىدىكى ئېشىپ قالغان پۇلنى سىلاپ قويدى، — " ئەگەردە بۇ پۇل ئۇچۇن لايىقىدا ئاخبارات بەرمىسەم قانداق بولىدۇ؟ ".
ساقى باشقىلارنى قايتۇرۇۋېتىپ، خالىقنى يالغۇز ئېپقالدى ۋە تۆردى قاشقىرىنىڭ تۆگمەن بېشىغا كەتتى. ئۇلار تۆگمەن بېشىدىن ئۆتۈپ دەريا بويىغا چۈشتى. شۇ چاغدا ئۇ كۆڭلىدىكى گېپىنى خالىققا ئېيتتى.
— ئەمدى بىز ھېچنېمە ئۇقمىدۇق دېسەك بىزگە ياخشى كۈن يوق. بۈگۈنكى تەكلىپنى چۈشەندىڭمۇ؟
— قايسى تەكلىپنى؟
— سۇلايماننىڭ تەكلىپىنىچۇ؟
— چۈشەندىم. ئىندىنلىققا بارات كۈنى باغ سەيلىسىگە تەكلىپ قىلدى.
— ھەي ئەخمەق، سەن چۈشىنەلمەپسەن، ئۇنىڭ تېگىدە گەپ بار.
— قانداق گەپ؟
— بارات ئاخشىمى تۈنەش باھانىسى بىلەن ئادەم توپلاپ قوزغىلاڭ

كۆتۈرمەكچى.

— ھە... مۇنداق دە، — دەپ خالىق ساقىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشىنىپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. ئۇ ئۆز "كەسىپدىشى"نىڭ مۇنداق "ئەقىللىق" ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغانىدى.

— ھەئە شۇنداق، تۈنەش بىر باھانە. بۇ بىرخىل ئۆرپ-ئادەت بولغاچقا بىر كىم بىر نەرسە دېيەلمەيدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ قورسىقىدا جىن بولمىسا، نېمە ئۈچۈن بارات كېچىسىنى تاللايدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار بارات ئاخشىمى (7-ئاينىڭ 21-كۈنى) "قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى" دېگەن ئاخباراتنى يەتكۈزمەكچى بولۇشتى. خالىق ئۆستەڭ بويلاپ ساقچى ئىدارىسىغا قاراپ ماڭدى. ساقى دەريا بويلاپ كەتتى. ئۇ ھەربىي شتابقا كەلگەندە، شتاب باشلىقى ۋالىي زو شۇپىڭنىڭ بۇيرۇقىنى ئوقۇۋاتاتتى. ئەمىن ئېلى ھېلىقى ئىككى قازاققا بەرگەن خەتمۇ شۇ يەردە تۇراتتى. جاسۇسلارنىڭ پىتنىسى ۋالىينىڭ بۇيرۇقىغا توغرا كەپقالدى. ياشلارنىڭ پېشانىسى يەنىلا تەتۈر كەلگەنىدى.

## ئون يەتتنچى باب

# باراتْ كېچسدكى تۈنقۈن

هەربر كشده كرام، كاتبن،
ئككدن ئارتۇق بولمايدۇ، لېكن.
جۈيجاڭ ۋە شۆڭگۆەن قويغان ئشپيون
هەربر كشده بولغان سەككز-ئۈن
كرام، كاتبن يازسا ئېيتقاننى،
ئشپيون يازغان دلدا ياتقاننى.

— نمشېهت

1946-يلى 7-ئاينڭ 21-كۈنى، يەكشەنبە.

تومۆز ئېيننڭ راسا ئسسق كۈنلرى ئدى، يەر يۈزى تونۆردەك قزىپ، هاۋانڭ دمقلقدن دەم ئېلش قيينلاشماقتا ئدى. ئۆسۈملۈكلەر سولشپ، يوپۇرماقلرى سالپيپ قورۇلۇپ كەتكەندى. ئۆچار قاناتلار بۆك-باراقسان دەرەخ ئارلرغا يوشۇرۇنۇپ، كۆزلرنى يۇمۇپ ييتشاتتى. ئتلار تللرنى ساڭگلتپ قاراڭغۇ گەملردن چقمايتتى ياكى ئۆستەڭ، كۆلچەكلەردكى سۇغا كرۋالاتتى. توخۇ، ئۆردەكلەرنڭ كانايلرى لپلداپ،

ئاغزىنى ئېچىپ ھاسرايتتى. بىراق، يىراقلاردىن دېھقانلارنىڭ خاماندا ئېيتقان "لاي-لاي"لىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقا بارات ئەتىگەندە كېلىپ دادىسىنىڭ خامان تېپىشكە ياردەملەشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخىرقى قېتىم ئۆز ئۆيىدە بولۇشى ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويمايتتى. ئۇنىڭ روھى ئانچە كۆتۈرەڭگۈ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ھەممە نېمىنى تۇتۇپ باققۇسى، ھەممەيلەننى كۆرۈۋالغۇسى كېلەتتى. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. تۇرۇپ-تۇرۇپ ئاسىيەنى ئويلاپ قالاتتى. ئۇنى بەكمۇ سېغىنغانىدى. ئۇنى قۇچاقلىغۇسى، سۆيگۈسى كېلەتتى-يۇ، لېكىن ئاسىيەنىڭ ئۆزى يازغان خەتلەرگە جاۋاب خەت يازمىغانلىقىدىن ئەجەبلىنەتتى، تۇرۇپ-تۇرۇپ ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئاسىيە ۋەدىسىدىن يېنىۋالدىمۇ-يە؟ دېگەن سوئال كېلىپ قالاتتى. ئەگەردە باشقا بىرەرسىنى تېپىۋالغان بولسىچۇ؟ ئۇنىڭغا ئەڭ دەھشەتلىك تۇيۇلىدىغىنى مانا مۇشۇ سوئال ئىدى. ئۇ بۇنداق بولۇشىنى زادىلا ئويلىماسقا تىرىشسىمۇ، لېكىن پات-پات ئۇنىڭ خىيالىغا بۇ سوئال كىرىۋالاتتى. خەت كەلمىگەنلىكىگە قاراپ گاھى چاغلاردا ئۆزىنىڭ بۇ خىيالىغا ئۆزى ئىشىنىپمۇ قالاتتى-دە، ئىچىدە: "ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن نەرسە" دەپ ئويلاپ، ياشاشنىڭ مەنىسى قالمىغاندەك بىلىنەتتى ۋە كۆزلىرىگە ياش كېلەتتى.

— ئۇھ... قانداق بولغىنى بۇ؟ — دېدى بارات تۇساتتىنلا ئۆزىمۇ سەزمەي.

ئوغلىنىڭ يېنىدا ئىشلەۋاتقان نىياز ئۇستا بۇ گەپنى باشقىچە چۈشەندى بولغاي.

— ھاۋانى دەمسەن ئوغلۇم؟! ئەھۋالدىن قارىغاندا قاتتىق بوران چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى.

بارات دادىسىنىڭ ئالدىدا ئۆز سىرىنىڭ پاش بولۇپ قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ يېنىك نەپەس ئالدى.

— شۇنى دەيمەن، يەردىن ئوت چىقىۋاتىدۇ، — دېدى ئاتىسىغا، ئۆزىنى

ئۈگشاپ.

— سەن ئۆيگە كىرىپ بىردەم ئارام ئېلىۋالغىن. ئۆزۈممۇ يېتىشىپ كېتەلەيمەن.

— ياق ئاتا، بوران چىقىپ كەتسە قىلغان ئەمگەك بىكارغا كېتىدۇ. تېز تۈتۈش قىلايلى، — دەپ بارات قولىدىكى ئارىنى بۇغدايغا سانچىدى.

⁂ ⁂

بۈگۈن سېپىت شاڭيۈنىڭ بېغىغا باغ سەيلىسىگە چىقىدىغانلار كۈن چۈشتىن قايرىلغاندا يىغىلىپ بولدى. ھازىر تەتىل ۋاقتى بولغاچقا بۇ يەرگە يىغىلغانلار ئاساسەن ئوقۇتقۇچىلار، ئادەتتىكى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ۋە شۇ مەھەللىدىكى ئەلنەغمىچىلەر ئىدى. ساھىپخان ئۆزى بېرىپ ماموتخان بىلەن باراتنى تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار كېلەلمىدى. بۇ قېتىمقى ئولتۇرۇشقا ساقى، خالىق قاتارلىقلارمۇ كەلمىدى. بۇ ئىككىسىنىڭ كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن باغ سەيلىسىگە كەلگەنلەر ئۆزلىرىنى خېلى ئەركىن، ئازادە ھېس قىلىشتى، كەڭ كۆشادە سۆزلەشتى. بىر-بىرىگە دەرد تۆكۈشتى، ئىچىشتى، ھال-مۇڭ ئېيتىشتى. كەچ بولغاندا بىرقانچەيلەن مەست بولۇپ قېلىپ، باغدىكى سۇپىدا يېتىپ قېلىشتى. قالغانلار ئاستا-ئاستا تارقالدى.

قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن ئەتراپتىكى مەھەللىنىڭ ياشلىرى يوغان بىر ياغلىق قاپاقنى ئۇزۇن بىر خادىنىڭ ئۇچىغا باغلاپ، مەشئەل ياندۇرۇپ، ”بارات بولدى“ دەپ توۋلاشقا باشلىدى.

بارات كەلدى، تويدۇڭلارمۇ؟
ياغلىق قۇيماقنا تويدۇڭلارمۇ؟

بۈگۈن بۇ يەرگە ”تۈنەك بولىدىكەن“ دەپ ئورغۇنلىغان ياشلار

يىغلىغانىدى. ئارىدىن شوخراق بىر يىگىت بىر تال تاياقنى يېنىپ تۇرغان مەشئەلگە ئاتقانىدى، بىرقانچە يىل ياغدا پىشقان قاپاقتىن پۇژۇلداپ ئېقىۋاتقان ياغ باشقىلارغا چاچراپ كېتىپ، بىرقانچەيلەننىڭ ئۇ يەر- بۇ يېرىنى كۆيدۈرۈپ قويدى. ئۇلار جان ئاچچىقىدا ھېلىقى تاياق ئاتقان يىگىتنى ياقىسىدىن تۇتۇپ ئۇرۇشقا باشلىدى. نەتىجىدە ياش باللار تەرەپ-تەرەپ بولۇپ مۇشتلىشىپ كېتىشتى ۋە ئېغىزغا ئالغۇسىز سۆزلەر بىلەن بىر-بىرىنى تىللاشتى. بۇ يەرگە يىغىلغان مويسىپىتلەر ياشلارنى ئەيىبلىدى.

— ۋۇ... ئـەخـمـەقـلـەر، بۈگۈن خۇدادىن گۇناھىڭنى كەچۈرۈشنى تىلەيدىغان كۈن، — دېدى بىر پاكار بويلۇق ئادەم، — ھەي ئادەم بولمىغانلار.

باشقىلارمۇ ياشلارغا كايىدى ۋە نەسىھەت قىلدى.

— بۈگۈن مۇسۇلماننىڭ ئاغزىدىن ئەپسانە ئەمەس، بىسمىللا چىقىدۇ.

— ۋۇ ئادەم بولمىغان موزايلار، ئېشەكلەر...

شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقانلار ئىچىدىكى چوڭراقلىرى خىجالەت بولۇپ، بـاشقىلارنى تىنچلىنىشقا، چىرايلىق ئويناشقا نەسىھەت قىلدى. ئۇرۇشقانلار ئاستا-ئاستا تىنچلاندى. ئارقىدىن ياشلار چوماق توپ ئويناشقا كىرىشتى.

※ ※

قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن كىشىلەر سېپىت شاگىيۇنىڭ چوڭ بېغىغا يىغىلىشقا باشلىدى. بارات ئاخشىمى تۈنەش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر خىل دىـنىي ئۆرپ-ئادەت بولسىمۇ، لېكىن ھەركىمنىڭ ئۆزىگە لايىق مەقسىتى، مۇددىئاسى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە "قۇشقاچ داموللا"نىڭ سوپىسى تۇرسۇن قارى ھەققىدە بىر خىل مىش-مىش پاراڭلارمۇ تارقالغانىدى:

— تۇرسۇن قارى ئون ئىككى كۈندىن بۇيان تاماق يېمەپتىمىش.

— تاماق يېمەي نېمە يەپتۇ؟

— ئۇزۇم تېلىنىڭ يىپىلىقىنى يەپتۇدەكمىش.

— قويساڭا قۇرۇق گەپنى، بوش ئاغار ئۆرە تۇرامدۇ؟

— ئۇ خۇداغا ئۆزىنى ئاتىغان ئەۋلىيانىڭ سوپىسى بولغاچقا قورسىقى ئاچمىغۇدەكمىش.

— قۇرۇق گەپ، ئادەم كۆرمىگەندە سەللىسىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالغان نانىنى يېگۇدەكمىش.

— سەللىسىنىڭ قېتىدا يۈگەلگەن ھېسسىپ بارمىش.

— ياقەي، سىپىيت شاگىيۇنىڭ خوتۇنى ئېتىپ بەرگەن گۆشنانىنى كېچىسى يەپ تويۇۋالغۇدەكمىش.

— كىشىلەر ئەپكەلگەن مانتا، پولۇنى كېچىسى يەپ، كۈندۈزى ھېچنەرسە يېمەسمىش.

— تۇۋا خۇدايىم، ئۇ بىر ”ئەۋلىيا“نىڭ سوپىسى تۇرسا ئۇنداق قىلماس.

مانا مۇشۇنداق خىلمۇ خىل سۆزلەرمۇ كىشىلەرنى بۇ سوپىنى كۆرۈشكە ئالدىرىتاتتى. تۇۋا، بىرنەچچە يىل بۇرۇن ھەممە ئادەم بىلىدىغان تۇراخۇن موللىنىڭ ئاشۇ دەلدۈش بالىسى شۇنداق بىر ”ئەۋلىيا“ بولۇپ كەتسە ھە؟!... نەتىجىدە سىپىيت شاگىيۇنىڭ بېغىغا ناھايىتى نۇرغۇن ئادەم يىغىلدى. كەلگەنلەر قۇرۇق قول كەلمەيتتى. ئۇلار قۇيماق، تۇخۇم پوشكال، گۆش نان، پىشىق گۆش، لىگەن-لىگەندە مانتا، پولۇ، يەنە ”ھەزرىتىم“ (قۇشقاچ داموللا) ئۈچۈن تون، سەللە، كۆڭلەك-ئىشتان، مەسە-كالاچ ۋە باشقىلارنى ئېلىپ كېلىشكەنىدى. نەرسىلەر ئۆرۈك تۈۋىگە دۆۋىلىنىپ كەتتى. ساق-سالامەت ئادەملەر تۈنەشكە، ئىبادەت قىلىشقا كەلگەن بولسا، كېسەل، مېيىپ كىشىلەر ئۆزلىرىگە خۇدادىن شىپالىق تىلەشكە، تۇغماس ئاياللار ئۆزلىرىگە سەۋەب تېپىشقا كەلگەنىدى. بەزىلەر تاماشا كۆرۈشكە كەلسە، يەنە بەزىلەر تىڭ-تىڭلاشقا كەلدى. شۇنداق قىلىپ چوڭ باغنىڭ ئىچىدىكى، ئۆرۈكلۈك ئادەمگە تولدى. چوڭ سورۇن تۈزۈلۈپ، بىرقانچە جايغا ئۆرۈك ئوتۇنىدا گۈلخان يېقىلدى. سوپىلار ۋە بىرقانچە موللىلار ئوت يورۇقىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، باشلىرىنى بىر خىل رىتىم بىلەن ئالدىغا سىلكىپ ”ھۇ، ھۇ“ دېيىشمەكتە ئىدى. بۇلارنىڭ

ئىچىدە مۇئەللىملەرنى ياكى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنى كۆرگىلى بولمايتتى. كېچە سائەت ئىككىلەردە "ھۇ، ھۇ" راسا قىزىغان چاغدا بىردىنلا ئاڭلانغان دەھشەتلىك ئاۋازدىن ھەممەيلەن چۆچۈپ كېتىشتى.

— مىدىرلاشما!...

ھەممەيلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغانىدى، ئەتراپتا ئۆزلىرىگە قورال تەڭلەپ تۇرغان ئەسكەرلەرنى كۆردى. ئوت يورۇقىدا قورallıق كىشىلەرنى كۆرگەن باللار چىرقىراپ يىغلاپ ئانىلىرىغا چاپلاشتى.

※ ※

"بارات ئاخشىمى قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى" دېگەن ئاخباراتنى تاپشۇرۇۋالغان ساقچى ئىدارىسى بىلەن ھەربىي شتاب ئالدىراپ قېلىشتى. ھودۇقۇپ كەتكەن لوشەنزېڭ مۇدۇسانى چاقىرىپ بۇيرۇق بەردى:

— بارلىق پايلاقچىلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، گۇمانلىق كىشىلەرنى قاتتىق نازارەت قىلىڭلار!

— خوپ جۇيجاڭ جانابلىرى، — دەپ مۇدۇسا كۆڭلىدە "ئاخىر كۈنكەن ئامەت كېلىدىغان بولدى" دەپ تولىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى.

لوشەنزېڭ ئۆزىگە ئىشەنچلىك تۆت نەپەر ساقچىنىڭ ھەمراھلىقىدا ناھىيىلىك پىرقىگە قاراپ يۈگۈردى. بۇ ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشكەن چاغ ئىدى. ئۇ بارغان چاغدا يى خۇيمىن ھاراق ئىچىپ ئولتۇراتتى. لوشەنزېڭ ئۆزى بىلەن كەلگەن ھەمراھلىرىغا بۇيرۇق بەردى:

— سىلەر كۆزەت قىلىڭلار ھەم ناھايىتى پەخەس بولۇڭلار! — دېدى-دە، كىرىپ كەتتى.

يى خۇيمىن لو شەنزېڭنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئەجەبلەنمىدى ۋە "يالغۇز ئىچكەن ھاراقنىڭ مەززىسى يوق" دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ بىلەن "گاۋشىڭ، گاۋشىڭ" ئوينىماقچى بولدى. ئۇ، بىر رومكىغا تولدۇرۇپ ھاراق

قوپۇپ لو شەنزېڭغا سۇندى.

— ئىچىڭ، بەك ۋاقتىدا كەپسىز جۇيجاڭ. راسا زېرىكىپ تۇراتتىم.

— ياق، ئىچمەيمەن، — دەپ كەسكىن رەت قىلدى ساقچى باشلىقى.

— ئىچمەيمەن؟ نېمىشقا؟ ئىچمىسەڭ نېمىشقا كەلدىڭ بۇ كېچىدە؟!

— دەپ يى خۇيمىن مەست-ئەلەس كۆزلىرى بىلەن مېھمانغا ئالايدى.

— بەللى، راسا قىززىق گەپ بولدى-دە بۇ، مەن نېمە قايغۇدا؟ سىز نېمە قايغۇدا؟

— سەن نېمە قايغۇدا؟

— جان قايغۇسىدا.

— جان قايغۇسىدا... بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— بۇلار قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى. بىلەمسىز؟! قوز... غى... لاڭ.

— تـۇزۇكـرەك گەپ قىلمامسەن؟ بۇلار دېگىنىڭ كىم؟ — ئۇنىڭ كالپۇكلىرى تىترەيتتى.

— پۇقرالار ... — دېدى لوشەنزېڭ. ئۇنىڭ ئاۋازى گۈلدۈرمامىدەك ئـاڭلىنىپ، يى خۇيمىننىڭ بېشىدا چاقماق چاققاندەك بىلىندى. خوتۇنى چىرقىرىغان پېتى ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. يى خۇيمىننىڭ كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ، ئۆزى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ پۇت-قوللىرى دىرىلدەپ تىترەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا خۇددى كىنو كارتىنىسىدەك 1933-، 1937-يـىـللاردىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى كەلدى ۋە لوشەنزېڭنىڭ قولىدىكى شەپكىسى دېھقان قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن قارا شەھەر ۋالىيسى ياڭ مىڭجۇنىڭ بېشىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

— ۋايجان ئۇ نېمە؟ — دەپ ۋارقىرىدى يى خۇيمىن.

— شەپكە، — دېدى لوشەنزېڭ، — نېمە بولدىڭىز؟

— ھېچنېمە. شەپكىڭىز كۆزۈمگە غەلىتە كۆرۈندى.

لوشەنزېڭغا مۇشۇنداق بىر چاغدا بۇ ئادەمنىڭ مەست بولۇپ قالغانلىقى بەكمۇ ئەلەم قىلدى. لېكىن بىر نەرسە دېيىشكە پېتىنالمىدى. بىرئاز ئۆزگە

كېلىشۋالسۇن دەپ جىمجىت ئولتۇردى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن، يى خۇيمىن مۇشتۇمى بىلەن جوزىغا شۇنداق قاتتىق ئۇردىكى، جوزا ئۈستىدىكى قاچا-قۇچىلار جاراڭلاپ كەتتى. ئۇ بۇلۇڭدىكى كارىۋات يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ياستۇق ئاستىدىكى تاپانچىنى ئېلىپ، ئىشككە ماڭدى.

— يۈر، مەن ئۇ هايۋانلارغا قوزغىلاڭنىڭ نېمىلىكىنى كۆرسىتىپ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلايمەن.

لوشەنزېڭ ئۇنى تۇتۇۋالدى ۋە كۆتۈرۈپ دېگۈدەك ئېلىپ بېرىپ جايىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى:

— شۇججاڭ، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، ئاۋۋال مەسلىھەتلىشىۋالايلى. "ئاچچىق ئەقىلنى كېسىپتۇ" دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟

كۆتۈلمىگەن خەۋەردىن قورقۇپ كەتكەن يى خۇيمىننىڭ مەستلىكى تېزلا يېشىلىپ كەتتى. لوشەنزېڭ ئالدىرىماستىن بۈگۈن كەچتە خالىق يەتكۈزگەن ئاخباراتنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. يى خۇيمىنمۇ خېلى تېتىكلىشىپ قالدى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ھەربىي شتابقا قاراپ يولغا چىققاندا كېچە سائەت ئون ئىككىدىن ئاشقانىدى. ئۇلارنى كوچىدا ئاتلىق ۋە پىيادە چارلىغۇچىلار بىرقانچە جايدا توختاتتى ۋە گۇۋاھنامىلىرىنى تەكشۈردى. لوشەنزېڭ بۈگۈن ئاخشاملىق پارولنى بىلەتتى. "جاۋگوۋەنشى"نىڭ ئالدىدا ئەسكەرلەر ئۇلارنى توسۇۋالدى:

— ھەرقانداق ئىش بولسا ئەتە كېلىڭلار، — دېدى نۆۋەتچى ئوفىتسېر ئۇلارنىڭ گۇۋاھنامىلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن.

— ھەربىي شتابقا يەتكۈزىدىغان پەۋقۇلئاددە مۇھىم خەۋىرىمىز بار، — دېدى لو شەنزېڭ.

— ھازىر بولمايدۇ. ھەرقانداق ئىش بولسا تاڭ ئاتقاندا كېلىڭلار. بۇ بۇيرۇق. ئەگەردە بويسۇنمىساڭلار سولاپ قويىمەن، — دېدى نۆۋەتچى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىلاجىسىز قايتىشقا مەجبۇر بولدى. لوشەنزېڭ كەلگەندە مۇدۇسا ئۆزى يىغىۋالغان پايلاقچىلارغا مۇشۇ ئىككى-ئۈچ كۈن

ئىچىدە كىملەرنى نازارەت قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە تاپشۇرۇق بېرىپ بولغانىدى.

— بۇلار مۇشۇ يەردە قونسۇن، سىرتقا چىقسا ئوتنۇۋالىدۇ، — دېدى لوشەنزېك.

جاسۇسلار بۇ كېچىنى مەھەممەت ئېلىنى تىرىك كۆمگەن ئاختاخانىدا ئۆتكۈزدى.

19-ئىيۇلدىن باشلاپ ساقچى ئىدارىسى، ناھىيىلىك پىرقە، ھەربىي شتابتا ئاجايىپ بىر پاتپاراقچىلىق باشلىنىپ كەتتى. بارات، مامۇتخانلارنىڭ ئۆيىنى كۆزىتىشكە مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلدى. پوقاق، مۇسا ساتىراش قاتارلىقلار ھېلى مەسچىت ياكى كارۋان سارايىدا، ھېلى كوچىدا پەيدا بولۇپ، خۇددى پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ھەر تەرەپكە چېپىشقا باشلىدى. ئۇلار ئۇچرىغان ھەربىر ئادەمگە سەپسېلىپ يەۋېتىدىغاندەك سىنچىلاپ قارايتتى. ساقچى، ئەسكەرلەر ساقچى ئىدارىسى ئەتراپىغا قوم خالتىلىرىنى تىزىپ، يوشۇرۇنۇش ۋە ئېتىش نوچكىلىرىنى تەييارلاشقا كىرىشتى. مۇدۇسا ساقچىلارغا يولىيورۇق كۆرسىتىپ ھەم خۇشال بولاتتى ھەم ئەپسۇسلىناتتى. ئۇ بۇ قېتىم ئەپەندىلەرگە ئۆزىنىڭ كىملىكىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ مۇدۇسا ئالدىدا تىترەپ تۇرمىغىنىنى كۆرەي دەپ ئويلايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ھازىر يازلىق تەتىل ۋاقتى بولغاچقا بەزى ھارامزادىلەر قولغا چۈشمەي قالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلاتتى.

ھەربىي قىسىملار ئىچىدىمۇ چوڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلار بولدى. بارلىق پونەيلەرگە ئېغىر پىلموتلارنى ئورۇنلاشتۇردى. سېپىل ئىچىدىكى كۆلگە سۇ توشقۇزدى. قاراۋۇللۇقنى بىر ھەسسە كۈچەيتتى. ساندۇق-ساندۇق قول بومبىسى ۋە ئوق-دورىلارنى ئىسكىلاتتىن ئېلىپ چىقىپ تەييارلاپ قويىدى. ئاتلىق ئەسكەرلەر كېچە-كۈندۈز ئايلىنىپ يۈرۈپ نۆۋەت بىلەن چارلاپ تۇردى. كوچىلاردىكى پاترۇللارمۇ كۆپەيتىلدى. كېچىسى شتابنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بارلىق ئەسكەرلەر كىيىملىرىنى سالمايلا ئاپتوماتلىرىنى بېشىغا قويۇپ داق يەرگە

قىسمىلار بويىچە سوزۇلۇشتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۇرۇشقا تەييارلاندى، يەنە بىر تەرەپتىن جاسۇسلار تەييارلىغان ئاخباراتنىكى نامەلۇم "قوزغىلاڭچى"لارنى ئۆز جايىدىلا يوق قىلىۋەتمەكچى بولدى.

1946-يىلى 7-ئاينىڭ 21-كۈنى، يەكشەنبە ئاخشىمى، مۇدۇسا خالىق ۋە ئابدىراخمان تۇرسۇننىڭ يول باشلىشى بىلەن ئون نەپەر ساقچى ئەسكەر ۋە بىر روتا مۇنتىزىم ئەسكەرنى ئېلىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە چوڭ يول بىلەن ماڭماستىن دەريانى باش تەرەپتىن كېسىپ ئۆتۈپ، مەھەللىنىڭ جەنۇبى بىلەن ئايلىنىپ قاسىم ھاجىنىڭ تۈگمەن بېشىغا كەلدى. ئۇلار ئۆستەڭ بويلاپ تۆۋەنگە مېڭىپ قىرى جىگدە ئورمانلىقىغا كىرىپ ئەتراپىنى خېلى ئۇزاق كۆزەتكەندىن كېيىن، چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، تۆت يولنىڭ كېسىشكەن جايىدىكى مەكتەپكە كىرىپ ئاتتىن چۈشتى. ھازىر يازلىق تەتىل ۋاقتى بولغاچقا مەكتەپ جىمجىت ۋە چۆلدەرەپ قالغانىدى. ئۇلار ئاتلارنى شۇ يەرگە باغلاپ، ئىككى ئادەمنى ساقلاشقا قالدۇردى.

— سىلەر مۇشۇ يەردە ئاتلارغا قاراپ تۇرۇڭلار. ھوشيار بولۇڭلار. بىرەرسى يېقىنلاشسا ئايىماي ئېتىپ تاشلاڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى مۇدۇسا، — بىرەر ئەھۋال يۈز بەرسە ئادەم ئەۋەتمەن، بىرسىڭلار بېرىپ دەرھال لوجۇجاڭغا خەۋەر قىلىڭلار.

— خوپ... — دەپ ھەر ئىككى ساقچى قوللىرىنى چېكىسىگە تەگكۈزدى.

— ئاستىراق ماڭايلى، — دېدى مۇدۇسا، — نېمە ۋارقىرىشىسەن؟

مۇشۇ مەھەللىلىك ئابدىراخمان تۇرسۇن بۇ يەرلەرنى بەش قولدەك بىلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خالىقمۇ بۇرۇن مۇشۇ يەردە ئىشلىگەچكە، ئۇلارنى ھايال قىلمايلا بۇغدىيى يىغىۋېلىنغان ئېگىزلىك ئارقىلىق سېيىت شاكىيۇننىڭ چوڭ بېغىنىڭ ئارقا ئىشىكىگە باشلاپ باردى. بۈگۈن بارات كېچىسى بولغاچقا باغنىڭ ئارقا ئىشىكى ئوچۇق ئىدى. ئەسكەرلەر ئاۋاز چىقارماستىن باغقا كىرىپ، ئۆچەي دەپ قالغان كۆلخان يورۇقىدا تىلاۋەت قىلىۋاتقان جامائەتنى

قورشۋالدى.

⁂ ⁂

بۈگۈن ئاخشام بۇ يەرگە يىغىلغان خالايىق، ئەسكەرلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ملتىق تەڭلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئارقىدىنلا مۇدۇسانىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى:

— جىم ئولتۇرۇڭلار، كىم مىدىرلىسا ئېتىپ تاشلايمەن.

— يا پەرۋەردىگارا، — دېدى بىر بوۋاي، — بۇ نېمە ئىش؟ بىزگە ئەمدى شۇ كۈن قالدىمۇ؟

— كاپىشما قىبرى جوھود، — دەپ ۋارقىرىدى مۇدۇسا بوۋايغا، — بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسەن.

بوۋاي ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ جىم بولدى، ئۇششاق باللار ئانىلىرىنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى. كۆپچىلىك قورقۇش ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە جىمجىت ئولتۇرۇپ دۇرۇت ئوقۇيتتى. مۇدۇسا، خالىق، قاسىم شۇڭگۇەنلەر قول چىرىغىنى يورۇتۇپ، ئولتۇرغانلارغا بىرمۇ بىر قاراپ چىقتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ياكى ئوقۇتقۇچىلاردىن ياكى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىدىن بىرەرسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. شۇ چاغدا ئەسكەرلەر بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنى ھەيدەپ كەلدى. ئەرنىڭ بېشىدا سەللە بار ئىدى.

— بۇلار تاللىقتا تۇنەپتۇ، — دېدى ئەسكەر ئۇلارنى كۆرسىتىپ.

— ھازىرچە بۇ ئىش مۇھىم ئەمەس، — دېدى مۇدۇسا، — بۇلارنى مۇشۇلار بىر تەرەپ قىلسۇن.

— يوقىلىش پاسىقلار، — دەپ ھەممە ئادەم ئۇلارنى تىللاپ ئۆرە-تۆپە بولۇپ كەتتى. مۇدۇسا كىشىلەرگە:

— تىنچلىنىڭلار، ئىشقا كاشىلا قىلماڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى. شۇ ئارىلىقتا ھېلىقى ئىككى ”ئاشىق-مەشۇق“، ”غىپپىدە“ تىكىۋەتتى.

كىشىلەر ئۆزلىرىنى قورشىۋالغان ئەسكەرلەرگە قاراپ ئاستا-ئاستا جىم بولدى. بۇ يەردە ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېھقانلار ئىدى. شۇنداق بولىسىمۇ ئۇلار بىر قىسىم ئۆزۈن تون كىيگەن كىشىلەرنىڭ چاپانلىرىنى سالدۇرۇپ تەكشۈرۈپ چىقتى. ئىلاجىسىز قالغان ساقچىلار يانماقچى بولۇۋاتقاندا مەھەللە دوغىلىرىدىن بىرسى سوراپ قالدى:

— دۇسا بېگىم كىمنى ئىزدەيدىكىن؟

— ئەپەندىلەر كەلمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى مۇدۇسا دوغىدىن.

— ئۇلار بۇرۇنلا كەپتىكەن، بىر قىسمى كېتىپ قالدى، بىر قىسمى شىپاڭدا ئۇخلاۋاتىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مۇدۇسا ئەسكەرلەرنى باشلاپ شۇ ياققا كەتتى. ئۇلار ئارغاندا قاتتىق ئۇخلاۋاتقان يەتتە ئادەم زادىلا سەزمىدى. ئۇلارنى مۇدۇسا تېپىپ ويغاتتى. ئۇلار ئويغىنىپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ بولغۇچە قوللىرى باغلىنىپ بولدى.

— ھەيدە! — دەپ بۇيرۇق بەردى مۇدۇسا ئەسكەرلەرگە، شۇ چاغدا ئېگىز بويلۇق، بەستلىك سىپىيت شاگيۇ ئۆيدىن چىقىپ مۇدۇسانىڭ ئالدىنى توستى.

— دۇسا ئەپەندىم، مېنىڭ ئوغلۇمنى قويۇپ بېرىڭ! — دېدى يالۋۇرغان قىياپەتتە. مۇدۇسا ئۇچۇن سىپىيت شاگيۇنى ھېسابقا ئالماي بولمايتتى. چۈنكى ئۇ ئۆزى دىيانەتلىك، خەنزۇچىنىمۇ سۇدەك بىلىدىغان، جەمئىيەتتە ۋە ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرىدىمۇ خېلى تەسىرى بار ئادەم ئىدى. شۇڭا:

— سولايماننى قويۇۋېتىڭلار، — دېدى ساقچىلارغا.

قاسىم شۇڭگۈەن قول چىرىغىنى يېقىپ، ئېگىز بويلۇق، قاڭشارلىق، ئورۇق بىر ياشنى قويۇپ بەردى. بۇ بوگۈنكى كېچىلىك بارات يىغىلىشىنىڭ ساھىپخانى — سىپىيت شاگيۇنىڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغان ئوغلى سولايمان ئىدى.

※ ※

كەچكە يېقىن چىقىشقا باشلىغان شەرق شامىلى بارغانچە كۈچىيىپ، تۈن نەپسى بولغاندا قارا بورانغا ئايلاندى. يەردىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توپىنىڭ دەستىدىن ئاسماندىكى تولۇن ئاي بۈگۈنكى پاجىئەنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇشتىن قاچقاندەك، بۇلۇت ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ، يەر-يۈزىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. قوللىرى كەينىگە قايرىلىپ باغلانغان مەھبۇسلار يۈزلىرىگە ئۇرۇپ تۇرغان قۇم توپىنىڭ دەستىدىن كۆزلىرىنى ئاچالماي گاھىدا سەنتۈرۈلۈپ، گاھىدا يىقىلىپ ناھايىتى تەسلىكتە ئاستا-ئاستا ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇلارنى ئەسكەرلەر تۆت تەرەپتىن قورشىۋېلىپ كېتىپ باراتتى. مۇدۇسانىڭ قولىدىكى قامچا بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ قولىدىكى مىلتىقنىڭ پايىنەكلىرى ئۇلارغا پات-پات تېگىپ تۇراتتى. ئۇلار موللا راخماننىڭ ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئەگرى-بوگرى يول بويىدىكى دۆمچەكلىكتە كەلگەندە ئوقۇتقۇچى ھەسەن روزى بىر تۈپ يۇلغۇنغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى.

— تۆرە ئۆلەرمەن، — دەپ ۋارقىرىدى مۇدۇسا ۋە قولىدىكى قامچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كۈچ بىلەن شۇنداق ئۇردىكى ھەسەن روزىنىڭ ئۈستىدىكى ئاق كۆڭلەكتە شۇ زامات قان ئىزلىرى كۆرۈندى. كۆڭلىكىنىڭ دۈمبىسى خۇددى قايچىدا كەسكەندەك تىلىنىپ كەتتى. ئاغرىقتىن ھەسەن روزىنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، بەدىنى تۇز قويغاندەك ئېچىشىپ كەتتى.

— نېمانچە ئۇرىسەن؟ — دېدى قولى باغلاقلىق سادىق، — كۆرمىدىڭمۇ؟ بوران بىلەن قاراڭغۇلۇقنى؟

— كۆردۈم، قىزىل پاچاق توپىلاڭچى، — دېدى مۇدۇسا. ئۇنىڭ قولىدىكى قامچا ئەمدى سادىققا تەگدى، — مەن مۇشۇنداق كۆرىمەن.

ئۇلار تىزىغىچە سۇ كېچىپ بىر ئېرىقتىن ئۆتتى. ئارقىدىنلا بىر چوڭ ئۆستەڭگە سېلىنغان تاختا كۆۋرۈكتىن ئۆتتى. مەھبۇسلار ئۇسساپ كەتكەن بولسىمۇ سۇ ئىچىۋېلىشقا پېتىنالمىدى. ئۇلار بىر مەھەللە ئارىسىدىكى

ئۇچۇقچىلىققا كەلگەندە مۇدۇسا ئۇن نەپەر ساقچى-چېرىكنى ئېلىپ ئالدىن يۈرۈپ كەتتى. مەھبۇسلارنى ھەربىي قىسىملار ھەيدەپ ماڭدى. ئۇلارغا خالىق بىلەن قاسىم شۇڭگەن يول باشلىدى. مەھەللىگە كىرگەندە مەھبۇسلار كەينىدىكى ئەسكەرلەرگە "سۇ ئىچىۋالساق" دېدى.

— سۇ نەدە بار؟ — دەپ سورىدى روتا كوماندىرى. ئۇمۇ ئۇسساپ كەتكەنىدى.

— تۇرسۇن ۋالىينىڭ كۆلىدە بار، — دېيىشتى مەھبۇسلار.

— ۋالىي؟ ۋالىي نەدە؟ — دەپ ياندۇرۇپ سورىدى روتا كوماندىرى.

— ۋالىينىڭ ئۆيى مۇشۇ، — دېيىشتى تۇتقۇنلار ھېچنېمىنى چۈشەنمەي.

روتا كوماندىرى بىر نەرسىلەرنى دېگەنىدى، ئۇن ئەسكەر ئايرىلىپ چىقىپ تۇرسۇن ۋالىينىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىردى ۋە خۇدادىن ئامانلىق تىلەپ جەينىمازدا ئولتۇرغان تۇرسۇن ۋالىينى باغلاپ ئېلىپ چىقتى. لېيەنجاڭ قول چىراغنى يورۇتۇپ، ئاتمىش بەش ياشلاردىكى،ئېگىز بويلۇق، ئاپئاق ساقىلى مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇرغان بىر ئادەمنى كۆردى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي گاڭگىراپ قالغان تۇرسۇن ۋالىي مۇنچىۋالا ئەسكەرنى كۆرۈپ قورققانلىقىدىن دىر-دىر تىترەيتتى. لېيەنجاڭ قول چىراغ يورۇقىدا ئۇنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن سوراق قىلىشقا باشلىدى.

— سەن راستتىنلا ۋالىيمۇ؟

— ياق. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا دادام ۋالىي بولغان. ئۇزۇن بولدى، ئۆلۈپ كەتكەن. لېكىن كىشىلەر مېنى نېمە ئۈچۈندۇر تۇرسۇن ۋالىي دەيدۇ، — دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ.

— بۇنىڭ دېگەنلىرى راستمۇ؟ — دەپ مەھبۇسلارغا بۇرۇلدى لېيەنجاڭ. مەھبۇسلارمۇ بۇ ئادەمنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ خاتا ئىش قىلغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. شۇڭا بىر ئېغىزدىن:

— راست، — دېيىشتى.

— ۋۇ ئاناڭنى... يوقال، — دىپ لېيەنجاڭ تۇرسۇن ۋالىينى بىرنى تەپتى.

ئەسكەرلەر ئۇنىڭ قولىنى يېشىپ قويۇۋەتتى. بۇ چاغدا مۇدۇسا بىلەن ساقچىلار باغلاقلىق ئىككى ئادەمنى ئالدىغا سېلىپ چوڭ يولدا كۆتۈپ تۇراتتى. بۇلار بولسا ئوقۇتقۇچى ئىمىن نىياز بىلەن جالالىدىن ئىدى.

ئۇلار تاڭ ئاتاي دېگەندە ئارانلا شەھەرگە يېتىپ كەلدى. مۇدۇسا بىلەن لېيەنجاڭ ئوتقۇنلارنى كىمنىڭ ئېلىپ كېتىشى ھەققىدە كۆپ تالاشتى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىلا ئوتقۇنلارنى ئۆز قوللىرى بىلەن خوجايىنلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى ۋە شۇ ئارقىلىق بىرەر نەپكە ئېرىشىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىشاتتى. ئاخىر مۇدۇسا لېيەنجاڭغا يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ئوتقۇنلارنى قوناق تۆككەن بىر ئۆيگە سولاپ قويدى. بىچارە ئوتقۇنلار بەدىنىگە چېچىلغان قوناق پېتىپ، ئۇزۇن ئارام ئالالمىدى. تاڭ ئاتقاندا بۇ ئامبار ئادەمگە لىق توشقانىدى. مۇشۇ ئاخشىمى يەنە يەتتە نەپەر ئۇيغۇر ۋە تۆت نەپەر رۇسنى تۇتۇپ جاۋگۈەنشىغا جايلاشقان ھەربىي شتابنىڭ پىششىق خىشتىن ياسالغان چوڭقۇر، قاراڭغۇ يەر ئاستى ئىسكىلاتىغا سولىدى. قىرىق-ئەللىك ئادەمنى ساقچىنىڭ تۈرمىسىگە قامىدى.

⁂ ⁂

19-ئىيول چۈشتىن كېيىن بارات ئىشىك ئالدىدىكى كىچىك كەپەرخانىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان قومىنىڭ ئەترابىغا پېپەكلىك چوڭ كۆك كەپەرنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ۋە سىنچىلاپ قاراپ كەپەرنىڭ قۇيرۇق قىسمىدا بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى بىلدى. ئۇ بىر سىقىم بۇغداي ئېلىپ چىقىپ، كەپەرخانىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋېتىپ، بۇغداينى چاچقانىدى، ئىچىدىكى كەپەرلەر دەرھال دانلاشقا چىقتى. كۆك كەپەرمۇ ئۆگزىدىن چۈشتى. كەپەرلەر داننى يەپ بولۇپ، ئىسسىقتىن قېچىپ دەرھال

ئۇۋۇسىغا كىرىپ كەتتى. بارات ”قوشنى دان ئالدىدۇ، ئادەمنى گەپ“ دېگەن تەمسىل راست ئىكەن، دەپ ئويلىدى-دە، كاتەككە كىرىپ، كۆك كەپتەرنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ قويرۇقىغا تىكىلگەن كىچىككىنە لاتىنى ئالدى. لاتىغا خەت يېزىلغان بىر پارچە سامان قەغەز ئورالغان بولۇپ، خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: ”ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك. مەن قورشاۋدا قالدىم. تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ تىزىملىكىنى كۆيدۈرۈۋېتىڭ. ئۆزئارا كۆرۈشمەڭلار!“ پوچۇركا ماموتخاننىڭ ئىدى. ئۇلار ئەتىيازدىن بۇيان ئېھتىيات ئۈچۈن مۇشۇنداق كەپتەرنى ئالاقىچى قىلىۋالغانىدى. ئۇ ئۇزاققا قالماي ئۆز ئۆيىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى كۆل بويىدا ئۆسكەن يوغان سۆگەتنىڭ ئۈستىدە ئادەم بارلىقىنى بايقىدى. شۇنداق بولسىمۇ قورقمىدى ۋە چاندۇرماي بەخىرامان يۈرۈۋەردى. كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن جايدا نېمىدىن قورقاتتۇق ۋە قورققۇدەك نېمە گۇناھ قىلدۇق؟ ”ئىتتىن قورققان گاداي بولماپتۇ“. ئەگەردە ئۆلۈمدىن قورققان بولساق، مەڭگۇ قۇللۇقنى ئۆزىمىزگە راۋا كۆرۈپ، ئازادلىق، ئەركىنلىك دېمىگەن بولاتتۇق دەپ ئويلايتتى ئۇ.

21-ئىيۇل كەچتە كۇتۇلمىگەندە باراتنىڭ دېھقان دوستى مەھەممەت كىرىپ كەلدى. مەھەممەت ئېگىز بويلۇق، قوشۇما قاش، قوي كۆز، يۇمۇلاق يۈز، كەڭ گەۋدىلىك پالۋان سۈپەت يىگىت ئىدى. ئۇلار كۆرۈشمىگىلى خېلى كۈنلەر بولغانىدى. مەھەممەت، بارات ئاخشىمى مۇناسىۋىتى بىلەن باراتنى يوقلاپ كەلگەنىدى. ئۇلار قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. بۇ چاغدا باراتنىڭ ئۆيى ئىدارىسىدىكىلەرنىڭمۇ نازارىتى ئاستىدا قالغانىدى.

— خېلى كۈنلەر بولدى كۆرۈشەلمىدۇق. مەنغۇ دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراشچىلىقى بىلەن، سىلەرگە نېمە بولدىكىنتاڭ؟! ھېچ ئىشنى بىلىپ بولمايدۇ، — دەپ ئۇ باراتنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەي تۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى، — بۈگۈن دەسلەپكى بىرنەچچە قوغۇن پىشىپتىكەن، سىلەرنى ئېغىز تەگسۇن دەپ بىر-ئىككىنى ئۈزۈپ كەلدىم.

— رەھمەت، — دېدى بارات، — رەھمەت ئاداش، ئىشلىرىڭلار قانداق؟

ئاغىنىلەر نىمە دېيىشىۋاتىدۇ؟

— ئىش يەنىلا بۇرۇنقىدەك. بۇگۈن ئۇنتۇن، ئەتە سامان، ئۆگۈنلۈككە توخۇ-توخۇم، ھاشارغا ئادەم... ئۇنى ئاز دېگەندەك رەھىم قىلسا تىل-ھاقارەت، تاياق-توقماق، رەھىم قىلمىسا زىندان. بۇ ئىشلار سىلەرگە مەلۇمغۇ؟ كىشىلەرنىڭ چىرايلىقراق قىز-ئاياللىرىمۇ سىرتقا چىقالمايدىغان بولۇپ قالدى، — دەپ سۆزلەپ كەتتى مەھەممەت ۋە ئېغىر خورسىنىپ قويىدى.

— ئاغىنىلەر نىمە دېيىشىۋاتىدۇ؟ — دەپ سوئالنى قايتا تەكرارلىدى بارات.

— ئاغىنىلەر نىمە دەيتتى؟ بىزدە نىمە ئامال بولسۇن؟! خەلق قوزغىلاڭ قول تۇرسا، بولمىسا شىڭ شىسەي بىلەن بەش يىل ئۇرۇشقان خەلق جىم ياتامدۇ؟ مۇنداق زۇلۇمغا چىداپ تۇرامدۇ؟ "بوغۇزلايمەن دېسەڭ قويمۇ تىپرلايدۇ" ئەمەسمۇ؟ — دېدى مەھەممەت ھەسرەت بىلەن، — بۇ ئېغىر كۈنلەر قاچان تۈگەر؟ بۇ زۇلمەتلىك دۇنيانىڭ چېكى بارمۇ زادى؟ دەپ كۆزلىرىمىز تېشىلىپ كەتتى. «بېتىم» تۈزۈلدى. يېڭى ھۆكۈمەتمۇ[1] قۇرۇلۇپتۇ، ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدۇق. ئاغىنىلەر كۈتكەن ئۈمىدلىرىمىز يوقىا چىقمىسا بولاتتى دەپ ئەندىشە قىلىشىۋاتىدۇ.

مەھەممەتنىڭ دېگەن سۆزلىرى بارلىق دېھقانلارنىڭ يۈرەك سۆزى ئىدى. بويىنىدا سىرتماق ساڭگىلاپ تۇرغان بارات ئۇنىڭغا نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟! ئۇلار شۇ چاغىچە ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرۇشاتتى. بارات مەھەممەتنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، بىر پىيالە سوغۇق چاي قويىدى. سۆھبەت يەنە داۋاملاشتى.

— «بېتىم» تۈزۈلگەن بولسىمۇ ۋاقىتلىق ئىش. كېچە قانچە ئۇزۇن بولسىمۇ تاڭ ئاتماي قالمايدۇ، — دېدى بارات.

— بىز سەن دېگەن يېڭى تاڭنى كۈتۈۋېرىپ تاقىتىمىز قالمىدى. مەن

---

[1] يېڭى ھۆكۈمەت — گومىنداڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن دېئون بىر ماددىلىق بېتىمگە ئاساسەن 1946-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغان.

سەن بىلەن تونۇشۇشتىن بۇرۇن نۇرغۇن ئىشلار خىيالىمغىمۇ كەلمەيتتى. خىيالىمغا كەلگەن تەقدىردىمۇ پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇ ئىكەن دەپ ئويلايتتىم. سەن بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن بەزى كېچىلىرى غەزەپتىن ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزىمەن. يېڭى تاڭ نۇرىنى كۆرۈپ ئۆلۈپ كەتسەممۇ مەيلى ئىدى.

— ئالدىرىما دوستۇم، — دەپ چاقچاق قىلدى بارات ناھايىتى ئېغىر-بېسىق ھالدا، — مۇنداق چېچىلساڭ ئاسانلا قېرىپ كېتىسەن. ئازادلىقنىڭ قەدرىگە يېتىش ئۈچۈن كۆپرەك ياشاش كېرەك. «ئالدىرىمساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتىدۇ» دېگەن گەپ بار.

— بىز دېھقانلار بىلمەيتتۇق. مۇشۇ بىر-ئىككى يىل ئىچىدە يىلمۇ ئۆزىراپ كەتكەندەك بىلىنىۋاتىدۇ. زۇلۇممۇ بارغانچە كۈچىيىۋاتىدۇ.

— ئالدىرىما دوستۇم. كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس. ئازادلىق ھامان ئەمەلگە ئاشىدۇ.

— سەنزە، ئاسمان يىقىلسا تېگىدە مانتا يەيدىغانلارنىڭ بىرسى ئىكەنسەن. «ئالدىرىما، ئالدىرىما» دەيسەن. قاچانغىچە ئالدىرىمايمىز. سەبىر-تاقەت تۈگىدى. «قۇرۇق قاخشال بولۇپ قالدۇق، ئوتۇنچى ئاپىرىپ ساتسۇن» دېگەن ناخشىنى ئاڭلىغانمۇ؟

— ئاڭلىغان، — دېدى بارات.

— بىز مانا شۇنداق قۇرۇق قاخشال بولۇپ قالدۇق ئەمەسمۇ؟ جېنىم ئاداش. ئەزرائىلنى كۈتۈپ تۇرامدۇق؟! يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم ئەمەسمۇ؟!...

— ئادەم دېگەن ھۆل نېمە، تاڭ ئاتسا قۇياش نۇرىدا يەنە چېچەكلەپ مېۋە بېرىسەن.

— قويغىنا چاقچىقىڭنى. جان كۈندە چېچەكلەمدۇ؟ ئۆلۈپ كەتسەكچۇ؟ ئۇنىڭسىزمۇ كېچە يېتىپ ئەتە نېمە بولۇشنى ھېچكىم ئالدىن بىر نەرسە دېيەلمەيدۇ. قەدەمدە بىر ساقچى، ئەسكەر، قەدەمدە بىر پايلاقچى تۇرسا... بارات مەھەممەتنى كەلگۈسىگە ئىشەندۈرۈشكە ئورۇنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ

گەپ-سۆزىدىن ئۈمىدسىزلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالى ئىخچىمۇ ئېغىر ئىدى. بوينىدا سىرتماق ساڭگىلاپ تۇرغان كىشى باشقىلارنى كەلگۈسىگە قانداقمۇ ئىشەندۈرەلىسۇن؟! لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئوت يۈرەك دوستىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى بارلىق ئاددىي خەلقنىڭ يۈرەك سۆزى ئىدى. باراتمۇ دوستى ئېلىپ كەلگەن ناۋاتتەك قوغۇننى يەپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يۈرەك سۆزىنى بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بەردى:

— سىنىڭ دېگەن گەپلىرىڭ ھەقىقەتەن راست. ھازىر ھەممە ئادەمنىڭ چىداشقا تاقىتى قالمىدى. بۇ خىل ۋەزىيەت ھەتتا بەزى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىمۇ غەزەپلەندۈردى. لېكىن ھازىر قوزغىلىش ۋاقتى پىشىپ يېتىلمىدى. دۈشمەن كۈچلۈك، بىز ئاجىز، بىز قۇرۇق قول، دۈشمەن زامانىۋى قورالغا ئىگە. ھەرگىز تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ بۇ يەردە دۈشمەنلەر تۇتقۇن قىلىشقا، قىرغىن قىلىشقا باھانە ئىزدەپ يۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەۋىر قىلىش، ئېھتىيات قىلىش كېرەك. ساق-سالامەت ئادەملەر كۈرەش قىلالايدۇ. كۈچلۈك دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ ئۆز-ئۆزىگىنى ھالاك قىلىش دانالىق ئەمەس. "يېنىكلىك شەيتانى، ئېغىرلىق راھمانى" دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىق كېرەك. ھازىر بۇ ھۆكۈمەت «بېتىم»دىن پايدىلىنىپ قانداق رەزىل ئويۇنلارنى ئوينايدۇ، ئۇنى ۋاقتى كەلگەندە كۆرەرمىز. ئەمما قانداق «بېتىم» نىڭ تۈزۈلۈشىدىن قەتئىينەزەر ئازادلىق قۇياشى چوقۇم نۇر چاچىدۇ.

ئۇلار خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى. ھال-ئەھۋال تۆكۈشتى. ئاخىرىدا بارات مۇنداق دېدى:

— ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتىڭغا رەھمەت. مەن سېنى قوندۇرۇپ قالاي دېگەن، لېكىن ئىشىكىمدە پايلاقچى ئىت بار. دوستلارغا ئېيتقىن، ئۈمىدسىزلەنمىسۇن. بالدۇرراق قايتقىن. مەن بىرەر پېشكەللىككە يولۇقسام، سەن ئاتا-ئانامنى يوقلاپ تۇرغىن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ مەھەممەت تەئەججۈپلەندى ۋە يۈرىكىنى بىر كىم سوغۇرۇپ ئېلىۋاتقاندەك ئازاپ ھېس قىلدى.

— ئـانـداق بـولسا بىزنىڭكىگە كېتەيلى، — دەپ تەكلىپ قىلدى مەھەممەت، مەن كېچىچە سېنى بىخەتەر جايغا يەتكۈزۈپ قويىمەن. ئۇ يەردە سېنى ئىنسى-جىنمۇ تاپالمايدۇ. سەن كۆرگەن قارىغىر ئات ئىشىك ئالدىدا تەييار تۇرۇۋاتىدۇ، يۈرە...

— ياق، بولمايدۇ، — دەپ كەسكىن رەت قىلدى بارات، — پايلاقچىلار مېنىڭ كەينىمدىن قالمايدۇ. ئۇ چاغدا سىلەرمۇ تۇتۇلۇپ قالىسىلەر. بىزگە بىرەر ئىش بولسا كۆرمىشنى سىلەر داۋاملاشتۇرىسىلەر. ھازىرقى ۋەزىپە سېنى بۇ يەردىن بىخەتەر چىقىرىۋېتىش، بولمىسا ئىككىمىزلا تۇتۇلۇپ قالىمىز.

— ئانداق بولسا مەنمۇ مۇشۇ يەردە قالاي. ھەرقانداق ئىش بولسا تەڭ كۆرەيلى، — دېدى مەھەممەت، — ھايات-ماماتتا بىللە بولىمىز دەپ قەسەم قىلىشقانغۇ؟!...

— ھەرگىز بولمايدۇ. دەرھال قايتقىن. دوستلار سېنى كۈتىدۇ. كەلگۈسى سېنى كۈتىدۇ، — دەپ ئۇ مەھەممەتنىڭ خۇرجۇنىغا ئۆزىنىڭ كۆك سوكنا چاپىنىنى ۋە بىر دانە قەلەمتۇراچىنى سېلىپ قويدى، — مېنى كۆرگەن كۆزدە كۆرۈپ ئىشلەت، ساڭا يادىكار بولۇپ قالسۇن.

— ياق، ئالمايمەن. بۇ قانداق قىلغان ئىشىڭ؟

— ناھايىتى ياخشى بولدى. مېنى تۇتۇپ كەتسە بۇلارنى ساقچىلار ئېلىۋالىدۇ.

مەھەممەت ھەممىنى چۈشەندى. ئۇ ھۆركىرەپ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئارانلا توختىتىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چىقىۋاتقان ياشلار خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك مەيدىسىگە ئېقىپ چۈشمەكتە ئىدى. مۇشۇ چاغدا ياندىكى ئۆيدە تۇرغان پايلاقچىنىڭ ھاجەتكە كېتىۋاتقانلىقى كۆرۈندى. بۇ ياخشى پۇرسەت ئىدى. ئۇ بارات كۆرسەتكەن تەرەپ بىلەن مېڭىپ تاشيول ئىدارىسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ئېگىزلىق بىلەن سادىق موللىنىڭ بېغى ئارقىلىق چوڭ يولغا چىقىپ ئايلىنىپ، يەنە تاشيول ئىدارىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئابلىز قازى ئاخۇنۇمنىڭ ئاختاخانىسىنىڭ ئۆگزىسىدىكى دۆۋىلەكلىك بىدىنىڭ

ئارىسغا كىرىپ، باراتنىڭ ئۆيىگە قاراپ ياتتى. بۇ قاش قارايغان چاغ ئىدى. مەھەممەت نېمىلا بولسۇن بۇگۈنكى ئىشنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەي دەپ باراتنىڭ ئۆيىدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئەتراپىنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ ياتتى.

ئون مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتكەندى. بىر ئادەم كېلىپ كۆل بويىدىكى چوڭ سۆگەتنىڭ ئاچىمقىغا چىقىپ ئولتۇردى. بۇنى مەھەممەت ئېنىق كۆردى ۋە "پايلاقچى" دەپ ئويلىدى. ھېلىمۇ ياخشى مەھەممەتنى ھېلىقى ئادەم كۆرمىدى. باراتنىڭ ئۆيىدىن بىردە يورۇپ بىردە غۇۋالىشىپ ئوت يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىر نەرسىنى كۆيدۈرۈۋاتسا كېرەك دەپ ئويلىدى مەھەممەت. يولدىن خۇپتەندىن يانغانلارمۇ ئۆتۈپ كەتتى. بىرنەچچە مىنۇتلۇق جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئارقىدىن يېقىنلا بىر يەردە بىرسىنىڭ «قۇرئان» ئوقۇغان ئاۋازى ئاڭلاندى. قارىخانىنىڭ ئالدىدىكى مەدرىسىدە كىشىلەر مەۋلۇت ئوقۇشقا باشلىدى. يىراق دەريا تەرەپتىكى سايلىقتىن كۆيۈۋاتقان مەشئەل ۋە كىشىلەرنىڭ "بارات بولدى" دەپ توۋلاشلىرى، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەھەممەت ھوشيارلىق بىلەن تىڭ-تىڭلاپ ياتتى. "تىرىق" قىلغان ئاۋازمۇ ئۇنىڭ سەزگۈسىدىن قېچىپ كېتەلمەيتتى. ئۇ ياتقان جاينىڭ يېنىدىكى كوچىدىن ئىككى بالا ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىنچىكە ئاۋازلىق بىرسى: "ئەجەب ئىش كوچىدا ئويۇنغىلىمۇ قويمىدى، ھەممە يەردە ئەسكەر" دېسە، يەنە بىرى: "مېنى تورسۇن تاز ئۆيىدىن چىقما، بولمىسا سولاپ قويىمەن" دېدى، دەپ غودۇڭشىدى.

بىرەر سائەت ئۆتتىمۇ ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزاق بولدىمۇ، تولۇن ئاي خېلى ئۇيدانلا كۆتۈرۈلۈپ يەر يۈزىنى خۇددى كۈندۈزدىكىدەك يورۇتتى. ئارقىدىنلا شەرقتىن چىقىۋاتقان شامال قارا بۇلۇتلارنى ھەيدەپ كېلىپ، يەر يۈزىنى ئازراق غۇۋالاشتۇرۇشقا باشلىغاندا چوڭ كوچىدىن كېلىۋاتقان بىرقانچە ئادەمنىڭ ئاياغ تىۋىشى مەھەممەتنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇ بويىنىنى سوزۇپ قارىغاندى، بىر توپ قوراللىق ئادەم كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ قوراللىرى ئاي يورۇقىدا يالتىرايتتى. ئۇ ئاستا ساناپ چىقتى. بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت... ئون. قوراللىق كىشىلەر كوچا

دوقمۇشىغا كەلگەندە سۆگەتتىكى ئادەم سەكرەپ يەرگە چۈشتى ۋە باراتنىڭ ئۆيىنى كۆرسەتتى. باراتنىڭ ئۆيىدىن ھېلىمۇ يورۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ئۇلار قانچە كىشى؟ — دەپ سورىدى ئېگىز بويلۇق قاسقان شەپكە كىيگەن ساقچى ئەمەلدارى. ئۇنىڭ ئاۋازى مەھەممەتكە تونۇش بىلىندى-يۇ، لېكىن يۈرىكىدە ئۇچقىغان غەزەپ-نەپرەتنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، ھېلىقى ساقچى ئەمەلدارىنىڭ كىملىكىنى دەماللىققا ئەسلىيەلمىدى.

— ئىككى كىشى، — دەپ جاۋاب بەردى پايلاقچى.

— شەپە چىقارماي بېرىپ تۇتۇۋالايلى! — دېدى يېنىدىكىلەرگە ئۇ.

ئۇلار ئاۋاز چىقارماسلىققا تىرىشىپ خۇددى ئوغرىدەك مېڭىپ تاشيول ئىدارىسىغا كىرىپ كەتتى ۋە ھايال بولمايلا باراتنى باغلاپ ئالدىغا سېلىپ چوڭ كوچا تەرەپكە ئېلىپ كەتتى. چېرىكلەرنىڭ قولىدا بىرقانچە تۆمۈر قوزۇق ۋە تاشيول ئىشچىلىرى كىچىك بايراقچىلارنى بېكىتىپ بەلگە قىلىدىغان ئىنچىكە تۆمۈر نەيزىلەر تۇراتتى. ئۇلار سۆگەت تۈۋىگە كەلگەندە بايىقى ساقچى ئەمەلدارى:

— بۇلارنىڭ بىرسى قېچىپتۇ. سەن ئوبدانراق قارا. مەن ئادەم ئەۋەتىمەن. قورالىڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى پايلاقچىدىن.

— بار. شۇڭگىمۇ ئەۋەتىدىغان ئادەم پاتراق كەلسىكەن! — دېدى پايلاقچى، ئۇنىڭ قورققانلىقىدىن گەپلىرى قولاشمايتتى.

— سەن خاتىرجەم بول، — دەپ ئۇلار چوڭ كوچىغا بۇرۇلدى.

جاسۇس بولسا تاشيول ئىدارىسىغا كىرىپ كەتتى.

— خەپ، — دېدى مەھەممەت، ئۇنىڭ چىشلىرى كىرىشىپ كەتكەندى، — خەپ توختاپتۇرۇش، بۇ جاھان سەنلەرنىڭلا بولۇپ كەتمەس ...

مەھەممەت ئۆگزىدىن چۈشۈپ، شەھەر سىرتىغا ماڭدى.

## ئون سەككىزىنچى باب

# سىناق

ئالتۇن ئوتتا بىلىنىدۇ.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

ئىككىنچى كۈنىدىن باشلاپ قامالغانلارنى سوراق قىلىش باشلاندى. ئەڭ ئاۋۋال مامۇتخان بىلەن نۇرنى سوراققا ئېلىپ چىقىشتى. لېكىن مامۇتخان ئۆزلىرىنىڭ گۇناھسىزلىقىدا چىڭ تۇردى ۋە ھېچنەرسىنى ئىقرار قىلمىدى. ئۇ بىلىملىك ۋە غورۇرلۇق ئادەم بولغاچقا ھەربىر ئېغىز سۆزىدە سوراقچىلارنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەگكۈدەك گەپلەرنى قىلدى. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېڭىلگەنلىكىگە تەن بەرمەي، ئەزەلدىن قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئۇسۇلى بويىچە مامۇتخاننى ئېسىپ ئۇرۇپ ئۇنى بەدەنلىرى يېرىلغان، كىيىم-كېچەكلىرى پۇتۇنلەي تىتىلىپ قانغا بويالغان ھالدا ئېلىپ كىرىپ كامىرغا تاشلىدى. ئارقىدىنلا نۇرنى سوراققا ئېلىپ چىقتى. ئۇلار نۇرغا دەسلەپتە ناھايىتى سىپىلىق مۇئامىلە قىلدى ۋە بۇ قېتىم ئۇ يەنە خىزمەت كۆرسەتسە، ناھىيىگە ھاكىم قىلىدىغانلىقىنى، ئەمدى ئېلى تەرەپتىن بولسۇن ياكى باشقا تەرەپتىن بولسۇن

ياردەم كۆتۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، سەنمىنجۇيى ھەممە ئېتىراپ قىلغان مەسىلە ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئامېرىكىدەك قۇدرەتلىك ئىتتىپاقچىسىنىڭ بارلىقىنى، ئاتوم بومبىسى دۇنيا سىياسىتىنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىل ئىكەنلىكىنى قايتا-قايتا چۈشەندۈردى. ئاخىرىدا سوراقچى ئۇنىڭدىن سوئال سوراشقا باشلىدى.

— قېنى ئېيتە، ھۆكۈمەتكە قارشى قانداق تەشكىلاتلارنى قۇردۇڭلا؟ تەشكىلاتتا كىملەر بار؟ قورال-ياراقلار قەيەردە؟ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش پىلانىڭلارنىڭ تەپسىلاتى قانداق؟

— مەن ھېچنەرسىنى بىلمەيمەن، — دېدى نۇر، — زادىلا بىلمەيمەن.

— ئەمىسە ماۋۇ نېمە؟ — دەپ سوراقچى تارتمىدىن بىر پارچە خەتنى چىقاردى. بۇ خەت ئىمىن ئېلى ئۇرۇمچىگە ئېلىپ بارغان خەت ئىدى. سوراقچى بۇ خەت ئارقىلىق نۇرنى ئاسانلا قىلتاققا چۈشۈرىمەن دەپ ئويلىدى، قېنى بۇنى ئىنكار قىلامسەن؟ بىز سىلەرنى بىكارغا تۇتمىدۇق؟!...

— مەن بۇنداق خەتنى كۆرۈپ باقمىغان.

— ماقۇل، سەن ھۆرمەت شارابىنى ئىچمىسەڭ، جازا شارابىنى ئىچكىن، كېلىڭلا، — دەپ ۋارقىرىدى سوراقچى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ سىرتتىن تۆت ئەسكەر كىردى. سوراقچى نۇرنى كۆرسىتىپ ئۇلارغا بۇيرۇق بەردى، — گاڭزىغا بېسىڭلا!

ئەسكەر نۇرنى ئۇلتۇرغۇزۇپ بىر كالتەكنى نۇرنىڭ يوتىسى ئۈستىدىن ئۆتكۈزۈپ كۆچەپ باسقانىدى، نۇر ئاغرىققا چىدىيالماي «مەن، مەن» دېگىنىچە ھوشىدىن كەتتى. ئۇلار ئۇنى بىرئاز ئۆز ھالىغا قويۇۋەتتى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن نۇر ئاستا-ئاستا ھوشىغا كېلىشكە باشلىدى. سوراقچى ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق بەردى:

— ئۇنىڭ قولىنى پىششىتىڭلا. بېشىغا سوغۇق سۇ قۇيۇڭلا.

ئەسكەرلەر سوراقچىنىڭ بۇيرۇقىنى دەرھال ئىجرا قىلدى. نۇر قايتا ھوشىغا كەلدى. سوراقچى نۇرنى ئولتۇرغۇزۇشقا بۇيرىدى ۋە ئۇنىڭغا بىر تال تاماكا

بەردى. نۇر ئاماكىنى قېنىپ-قېنىپ چەكتى. ئۇنىڭ پۇت-قوللىرى تىترەپ تۇراتتى، باياتىنقى قىيناقنىڭ ئەسىرى تېخى كەتمىگەنىدى.

— ئەمدىغۇ ئېيتارسەن؟ — دېدى سوراقچى. لېكىن نۇر گەپ قىلمىدى.

سوراقچى يېنىدا تۇرغان ئەسكەرگە كىرسىن ئوچاقنى شەرەت قىلغانىدى، ئەسكەر ئوچاققا ئوت يېقىپ، ئۈستىگە كورىدىكى ياغنى قويدى. بۇنى كۆرۈپ، نۇرنىڭ پۈتۈن بەدىنى شۈركىنىپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ چاندۇرماستىن سوراقچىغا سوئال قويدى:

— قېنى ئېيتىڭلارچۇ، بىزنى "جىنايەتچى" دېيىشكە قانداق ئىسپاتىڭلار بار؟

— ئـىـسـپـات... — دېدى سوراقچى مەسخىرە قىلغان قىياپەتتە، — ئىسپات دېگەن بىزدە يېتىپ ئاشقىچە بار. باياتىنقى خەت ئىسپات ئەمەسمۇ؟ ئەمىسە ماۋۇچۇ؟

سوراقچى بىر پارچە خوتەن قەغەزىگە يېزىلغان خەتنى نۇرغا بەردى. نۇر خەتنى كۆرۈپلا پوچۇركىسىنى تونۇدى. بۇ ھەسەن قوشقاچنىڭ ئىقرارنامىسى ئىدى.

※ ※

ھەربىي شتابتا ماھۇتخانىنى سوراق قىلغان كېچىسى، ساقچى ئىدارىسىدا ھەسەن مەھەممەدىنى[1] سوراق قىلدى. ھەسەن دەسلەپتە ھېچقانداق نەرسىنى "بىلمەيمەن" دېگەن بولسىمۇ، قىيناق جەريانىدا ئۆزىنىڭ تولىمۇ ۋىجىك، ئاجىز تېنى بىلەن قىيناشقا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ بىردەمدىلا ئىككى نۆۋەت ھوشىدىن كەتتى. ئۇنى سوغۇق سۇ چېچىپ

[1] ھەسەن مەھەممەدى — شىخولۇق. ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرگەن. 1942-يىلدىن بۇيان بۇ يەردە ئوقۇتقۇچى بولغان. بارانىنىڭ ھاماپچىسىغا ئۆتكەن. بارانىنىڭ يالغۇزلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ پوستىغا كىرىۋالغان. 1946-يىلدىكى تۇتقۇندا كومىندانىڭ ئۇچۇن كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەن. بەستى تولىمۇ ۋىجىك بولغانلىقتا خەلق "قوشقاچ ئەپەندى" دەپ لەقەم قويغان.

ھوشغا كەلتۈردى. مۇدۇسا ئۇنىڭغا ناھايىتى سىيلىق مۇئامىلە قىلدى:

— سىنىڭ تىنىڭ بەك ئاجىز. قىيناشقا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆلۈپ كېتىسەن، — دېدى مۇدۇسا ئۇنىڭغا، — سەن ئىقرار قىلمىساڭمۇ، باشقىلار ئىقرار قىلدى. ھەربىي شتابتا نۇر ئىقرار قىلدى. سەن، نۇر، بارات سىلەر ئۈچىڭلار تۇغقان. نۇر ھەممە گۇناھنى ساڭا ئارتتى. سەن ئۇلارنىڭ باشلىقى ئىكەنسەن. چۈنكى سەن شىخولۇق. سەن ئىلىلىقلاردىن تۇغقانلىرىڭ ئارقىلىق يوليورۇق ئېلىپ تۇرىدىكەنسەن.

— ياق، ياق، مەن ئەمەس، — دەپ ھەسەن قوشقاچ قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن مۇدۇساغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى. مۇدۇسا ئۆز سۆزىنىڭ ھەسەنگە تەسىر قىلغىنىدىن بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى.

— ئەمىسە كىم؟ قېنى ئېيتە؟ — دېدى مۇدۇسا.

ھەسەن خۇددى قاباھەتلىك چۈش كۆرۈپ جۆيلىگەن ئادەمدەك باراتنىڭ كېلىش جەريانىدىن تارتىپ، باشقىلار بىلەن تونۇشۇش جەريانىنى، ئۆز ئۆيىدە باشقىلارغا كەڭسايدىكى ئۇرۇش توغرىسىدا، ئۇرۇمچىدىكى "قاچ-قاچ" توغرىسىدا، قاراشەھەردىكى مالىمانچىلىق توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى، ھەممەيلەننىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ھېسداشلىق قىلغانلىقىنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەردى. تەشكىلات مەسىلىسىدە

— مەن تەشكىلاتنىڭ بار-يوقلۇقىنى بىلمەيمەن. لېكىن مەن ئۇلارنى "بىرەر ئىش قىلىۋاتامدىكىن؟" دەپ ئويلايمەن. چۈنكى 4-ئايدا مەن باراتقا "بىز تۇغقان بولغاندىن كېيىن مېنى تەشكىلاتىڭلارغا تونۇشتۇرۇپ قويساڭ. نۇر بەختىگە دېسەم ئۇ ئۆزۈڭگە تونۇشتۇرغۇچى تاپ دېدى" دېسەم، بارات دەسلەپتە گېپىمنى ئاڭلىمىدى. مەن بەكرەك قىستاۋەرگەندىن كېيىن، ئۇ "مەن مۇئاۋىن ھاكىم بىلەن نۇراخۇن ئاكامدىن سوراپ باقاي" دېدى. لېكىن مېنى تونۇشتۇرمىدى، — دېدى ئۇ ئىقرار قىلىپ — نۇر پىشقان قورغىلاڭچى، ئۇ ھەممىنى باشلايدۇ، — دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى.

— توغىدىمۇ؟ — دېدى مۇدۇسا ھەسەن سۆزلەشتىن توختىغاندا.

— تۈگىدى. مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم مۇشۇنچىلىك، — دېدى ھەسەن، — دۇسا ئەپەندىم، مەن باراتنىڭ ھاماچىسىغا ئۆيلەنگەن. مېنىڭ ئىقرار قىلغىنىمنى ئۇلار بىلىپ قالمىسا!...

— خاتىرجەم بول، — دېدى مۇدۇسا، — بۇ ئىشنى قەتئىي مەخپىي تۇتىمىز. قېنى دېگەنلىرىڭنى ئۆز ئەينى يېزىپ چىق.

ھەسەن قوشقاچ خېلى ئۇزاق ھەپىلىشىپ، ھېلىقى خوتەن قەغىزىدىكى ئىقرارنامىنى يېزىپ چىقتى. مۇدۇسا ئۇنىڭ يېنىدا قاراپ تۇرۇپ تۈزىتىش بېرىپ تۇردى. نۇر خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، شۇ چاغدىكى ماموتخانىنىڭ:

— ھەسەن سەل خۇشامەتچى. تېنى بەك ئاجىز. خۇشامەتچىلەر ئىرادىسىز كېلىدۇ. قولغا چۈشۈپ قالسا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. كېيىنچە ئويلىشىپ كۆرەرمىز، — دېگەن سۆزىنى ئەسلىدى.

— ھە... قانداق؟ — دېدى سوراقچى، — بىزدىن بىرەر نەرسىنى يوشۇرۇش مۇمكىنمىكەن؟ بىز ھەممىنى بىلىمىز. قېنى ئېيتە؟ سەن ئۇلارنىڭ باشلىقى. سەن دېگەن كونا قوزغىلاڭچى، پىششىق كەتكەن قاقۋاش.

— بۇ ئىقرارنامە يالغان، — دېدى نۇر كەسكىن ھالدا.

— يالغان؟!... راست-يالغانلىقىنى ھازىر بىلىمىز، — دېدى سوراقچى ۋارقىراپ، — كېلىڭلا!

تۆت نەپەر ئەسكەر كىرىپ نۇرنى نورۇسقا ئاستى ۋە بەدەنلىرىنى قايناپ تۇرغان ياغدا داغلاشقا باشلىدى. ئۆيگە قورۇلغان گۆشنىڭ پۇرىقى تارقالدى. نۇر ھوشىدىن كەتتى... ئۇلار نۇرنى دەم ئالدۇرماي سوراق قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى.

※ ※

كامىر ئىشىكىنىڭ تۇيۇقسىز ئېچىلىشى ئۇلارنى سەگەكلەشتۈردى. قول چىراغنىڭ يورۇقىدا مەھبۇسلارنىڭ كۆزلىرى قامىشىپ كەتتى. بۇ چاغدا بارات

ماموتخانىنىڭ جاراھىتىنى يىرىڭداپ قالمىسۇن دەپ قولىغا كۆكلەڭ ئېلىپ يەلپۈپ ئولتۇراتتى. كامىرنىڭ ئىچى ئىنتايىن دىمىق ئىدى.

— ھە... ئاكاڭنى يەلپۈۋېتىپسەن-دە؟ — دېدى كىرگەن ئەسكەر، — بۇ سېنىڭ ئاكاڭمۇ؟

— شۇنداق. ئاكامدىنمۇ قەدىرلىك، — دېدى بارات.

— قېنى يۈر، قايتىپ كەلگەندە يەلپۈرسەن، — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن مەسخىرە ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى، — بارات دېگەن سەنمۇ؟

— ھە، مەن.

— چاققان ماڭ، سېنى "مېھمان"غا چاقىرىپ كەلدىم.

بارات ئورنىدىن تۇرۇپ دوستلىرىغا "خەير-خوش" دېگەندەك قىلىپ بىر قارىدى-دە، گوندىپاينىڭ ئالدىغا چۈشۈپ چىقىپ كەتتى. ئۇنى ھەيدەپ ئۇرنى سوراق قىلىغان ئۆيگە ئېلىپ كىردى. بۇ ئۆي يەر ئاستى ئىسكىلاتىنىڭ ئۈستىدىكى ئۆي بولۇپ "تىرىق" قىلغان ھەرقانداق ئاۋاز ئاستىغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قاماقتىكى مەھبۇسلارغا تەھدىت سېلىش ئۈچۈن سوراقخانىنى مۇشۇ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئۆينى تورۇسقا ئېسىلغان گازۋاي لامپا خۇددى كۈندۈزدىكىدەك يورۇتىۋەتكەنىدى. بىر ياقتا بىر كاتىپ ئولتۇراتتى، يەنە بىر ياقتا يى خۇيمىن، شى يۈەنجۇ، لوشەنزېڭ، خالەنجاڭ ۋە ئۇلارنىڭ يېنىدا سەپكۈن يۈزلۈك، قارا موتۇق خۇيزۇ تەرجىمان ئولتۇراتتى. ئۇلارنى ھەربىي شتاب سىرتىدىن ئاڭلاشقا تەكلىپ قىلغانىدى. يەنە ئىككى شتاب خىزمەتچىسى كىرىپ-چىقىپ يۈرەتتى. ئوتتۇرىسىدىكى سوراقچى جوزىسىنىڭ كەينىدە بەكمۇ ئورۇق ۋە ئېگىز بويلۇق، ئورا كۆز، ھەر قېتىم گەپ قىلغاندا تاماقتا ئوخشاش ئاراش-ئاراش ھىڭگاڭ چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، رەھىمسىز كۆزلىرىدىن بۆرىنىڭكىدەك ۋەھشىلىك چاقناپ، ئۆز قۇربانىنى ھودۇقتۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ تىترەپ تۇرۇشىدىن ھوزۇرلىنىدىغان ھەربىي دالا سوتىنىڭ ۋە شتابىنىڭ باشلىقى ئولتۇراتتى. ئۇ تاماكىنىڭ ئىسىدىن سارغىيىپ كەتكەن بارماقلىرىدا بېشىدىكى شالاڭ چاچلىرىنى پات-پات تاراپ قوياتتى. ئىشىك تۈۋىدە تۆت نەپەر ئەسكەر

تۇراتتى. شۇ يەردە يەنە ئارغامچا، تاياق، قامچا، رېزىنكە توقماق، تۆمۈر چېۋىق، كىرسىن ئۇچاق، كورىدا ياغ، تۇز قاتارلىق قىيناش قوراللىرى تۇراتتى. بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ باراتنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى. قورقۇش ھەممىدە بار، لېكىن نومۇس قورقۇشتىن ئارتۇق دەپ ئويلىدى ئۇ. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى دادىل تۇتۇشقا ھەرىكەت قىلدى. ئۇنى سوراقچىنىڭ ئۇدۇلغا ئەپكېلىپ توختىتىپ قويدى. سوراقچى خۇددى باراتنى يەۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا تىكىلىپ قاراپ قالدى. ئۇ مۇشۇنداق قاراش بىلەن ھەرقانداق ئادەمنى ھودۇقتۇرۇپ تاشلايمەن دەپ ئويلايتتى. راست بۇرۇن كۆپلىگەن كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ خىل قارىشىدىن ئــۆزىنى يوقىتىپ قويغانىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ ئالدىدىكى مەھبۇسقا ئۇنىڭ بۇنداق قاراشلىرى پەرۋايىغا كەلمىگەندەك قىلاتتى. ئۇ ئاخىر سوراقنى باشلىدى. ئەڭ ئاۋۋال مەھبۇسنىڭ ئىسىم-فامىلىسى، يېشى، جىنسى، مىللىتى قاتارلىقلارنى بىر-بىرلەپ سوراپ يازدى. باراتمۇ خەنزۇچە جاۋاب بەردى. ئاخىرىدا ئەسلى مەقسەتكە كۆچتى.

— ھۆكۈمەتكە قارشى قانداق تەشكىلات ئويۇشتۇردۇڭ؟

— ھېچقانداق تەشكىلات ئويۇشتۇرغىنىم يوق.

— يــالغان، — دەپ سوراقچى جوزىغا بىرنى مۇشتلىدى، — بىز ھەممىنى بىلىمىز. قېنى ئېيتە؟ كىملەر بىلەن تىل بىرىكتۈردۈڭ؟ كىملەرنى قۇتراتتىڭ؟

— بىلمەيمەن.

— بىلمەيمەن؟ — دەپ سوراقچى دىمىقىنى قاقتى، — تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ تىزىملىكى قەيەردە؟ شۇنىلا بەرسەڭ سېنى ھازىرلا قويۇۋېتىمەن. ئېيتە؟

— تەشكىلات-پەشكىلات دېگەن نېمە ئۇ، مەن ئۇنداق نەرسىلەرنى بىلمەيمەن.

— جاھىللىق قىلما. بىز پاكىت كۆرسەتسەك قانداق قىلىسەن؟

— پاكىت قويغىدەك گۇناھىم يوق.

— ئۇنداق بولسا سەن پاك ئادەم ئىكەنسەن-دە؟

— مەن خۇدا ئەمەس. شۇڭا ئۆزۈمنى پاك دېيەلمەيمەن. لېكىن جاۋابكارلىققا تارتىلغۇدەك گۇناھىم يوق.

— سەن ياش ئىكەنسەن. ياشلىقىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن. تىرىك كىردىڭ، ئۆلۈك چىقىسەن. ئاتا-ئاناڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، سۆيگىنىڭگە ئىچىڭ ئاغرىسۇن.

ئاخىرقى سۆزنى ئاڭلاپ بارات ئەجەبلەندى. سۆيگىنىمنى ئۇلار قانداق بىلگەندۇ؟ دېگەن خىيال ئۇنىڭ مېڭىسىدىن "يالت" قىلىپ ئۆتتى. ئۇلارمۇ قولغا چۈشۈپ قالدىمۇ يا؟ ئۆز كېيىنى باراتقا تەسىر قىلدى دەپ ئويلىغان سوراقچى:

— ماڭا قارا يىگىت. بىز ھەممىنى بىلىمىز. ماۋۇ خەتلەرگە قاراپ باق، — دەپ جوزىنىڭ تارتمىسىدىن بىر نەچچە پارچە خەتنى ئېلىپ باراتقا ئۇزاتتى. بۇ خەتلەر ئاسىيە يازغان خەتلەر ئىدى. بۇ خەتنى كۆرۈپ باراتنىڭ ئاسىيە توغرىسىدىكى گۇمانلىرى تارقىلىپ كەتتى. دېمەك، خەتنى بۇلار پوچتىدىن ئېلىۋالغان. "مېنىڭ ئۇنىڭغا يازغان خەتلىرىمچۇ؟" دەپ ئويلىدى بارات.

— سېنىڭ خەتلىرىڭمۇ بۇ يەردە، — دېدى سوراقچى باراتنىڭ كۆڭلىدىكىنى تونۇغاندەك، — بىزگە تەشكىلاتنىڭ تىزىملىكىنى بەرسەڭ ياكى تىزىملىك بار يەرنى كۆرسىتىپ قويساڭ، ھازىرلا سېنى سۆيگىنىڭنىڭ قېشىغا يولغا سالىمىز، بىزدە پۇل كۆپ، تويغا يەتكىدەك پۇلمۇ بېرىمىز.

— ماڭا سېنىڭ پۇلۇڭ كېرەك ئەمەس. ئۆز نېنىمنى ئۆزۈم تېپىپ يېيەلەيمەن، — دېدى بارات.

— ماقۇل، سەن دېگەندەكمۇ بولسۇن. ئۆزئارا ھەمكارلىشىشنىڭ قەيىرى يامان؟ قېنى ئېيتىپ باققىنا؟ داۋاز دار باغلىغان كونى مامۇتنىڭ ئۆيىدە قانداق مەجلىس ئاچتىڭلا؟

— بىلمەيمەن، ھېچقانداق يەرگە مەجلىسكە بارمىدىم.

— بىلمەيمەن، بىلمەيمەن دەپ تېنىۋالالمايسەن، — دەپ جوزىغا بىرنى مۇشتلىدى سوراقچى، — مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، شۇ كونى مامۇتنىڭ

خوتۇنى ئانىسىنى كۆرگىلى كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىلەر قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى مەسلىھەت قىلىشقان. شۇ چاغدا مامۇتخان بايراق كۆتۈرۈپ ئالدىدا ماڭماقچى بولغان. قېنى ئېيتىپ باققىنا، ئۇ قانداق بايراق ئىدى؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بارات تەئەججۈپ ئىچىدە قالدى. زادى بۇ گەپنى كىم يەتكۈزگەندۇ؟ مامۇتخان ئىقرار قىلدىمۇ يا؟ دېگەن بىر خىل گۇمان ئۇنىڭ يۈرىكىنى تاتىلايتتى. باراتنىڭ گەپ قىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سوراقچى ئۇنى يۇمشاپ قالدى دەپ ئويلىدى ۋە "ئېيتامدۇ-ئېيتمامدۇ دەپ ئىككىلىنىۋاتىدۇ" دەپ چۈشەندى. شۇڭا ئۇ ئۆزىلا سۆزلەپ كەتتى.

— سېنىڭ ئېيتقۇڭ كەلمەيۋاتىدۇ. ئاڭلاپ تۇر، مەن ئېيتىپ بېرەي، — دېدى سوراقچى كانىيىنى قىرىپ قويۇپ، — مامۇتنىڭ كۆتەرمەكچى بولغىنى "ئالتە ئوغرى" نىڭ بايرىقى، سەن پىلىموت ئاتماقچى بولغان، تۇر ئاتاكىغا كاناي چالماقچى بولغان، قۇتلۇق ئوق-دورا توشۇماقچى بولغان. قېنى ئەمدى ئېيتىپ باققىنا؟ بىزدىن بىرەر نەرسىنى يوشۇرۇش مۇمكىنمىكەن؟ بىز ھەممىنى بىلىمىز. سۆيگىنىڭ يازغان خەتلەرنى بەردۇق. سەن يازغان خەتلەر بىزدە بار. سېنىڭ ئۈرۈمچىدىكى دوستلىرىڭنىمۇ بىلىمىز، — دېدى.

باراتنىڭ پىكىرلىرى ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئاسىيە، ئەسمتۇل، ئابلەت قاتارلىق دوستلىرى كېلىۋالدى. ئۇلارنىمۇ مۇشۇنداق قىسمەت كۈتۈۋاتامدىغاندۇ؟ دېگەن مۇدھىش خىيال ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆتتى. دېمەك ئىقرار قىلىش ئاشۇلارنىمۇ تۇتۇپ بېرىش دېگەن گەپ ئەمەسمۇ؟ ئۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ساقى بىلەن خالىقتىن نېمە پەرقى قالسۇن؟ ئۇ چاغدا... ئۇ چاغدا... شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىشلارچۇ؟ ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئەمدى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈلگەن شەھەر-يېزىلار، قىرغىن قىلىنغان جەسەتلەر، قويغا ئوخشاش سويۇۋېتىلگەن ياكى كۆزلىرى ئويۇلۇپ، پۇت-قوللىرى كېسىۋېتىلگەن بىگۇناھ پۇقرالار، ياردەم تەلەپ قىلىپ يىغلىشىۋاتقان قىز-جۇۋانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتى كېلىۋالدى.

— گەپ قىلمايسەنغۇ؟ — دېگەن سوراقچىنىڭ قوپال ئاۋازى ئۇنىڭ

خىياللىرىنى بۇلۇۋەتتى. بارات بار كۈچىنى يىغىپ:

— بىلمەيمەن، دېدىم، بىلمەيمەن، — دېدى.

سوراقچى مۇشت بىلەن جوزىغا بىرنى سالدى ۋە:

— بىزنىڭ جازا قوراللىرىمىز ئۆمۈرنى تىلغا كىرگۈزىدۇ. يەنە بىر قېتىم ئويلاپ كۆر، — دېدى. ئۆيلۈك كىردىڭ، ئۆلۈك چىقىسەن، كېلىشكىلى! — دېدى.

كىرگەنلەر باراتنى باغلاپ ئېسىپ قويۇپ ئۇرۇشقا باشلىدى. سوراقچى پات-پات ئەسەبىيلىك بىلەن "قاتتىق ئۇرۇڭلا" دەپ ۋارقىرايتتى. بارات بولسا تۆۋەنكى لېۋىنى چىڭ چىشلەپ، ھەربىر تاياق تەگكەندە بەدىنى سىلكىنىپ تۇرسىمۇ غىڭ قىلمىدى. چىشلەنگەن لېۋىدىن قان سىرغىپ چۈشتى. كۆڭلىكى قىپقىزىل قانغا بويالدى. ئۇ ھوشىدىن كەتتى...

— سوغۇق سۇ چېچىڭلا، — دېدى سوراقچى.

— ئەسكەرلەر ئۇنىڭغا ئارقا-ئارقىدىن ئىككى چېلەك سوغۇق سۇ چاچتى. ئۇ ئاستا-ئاستا ھوشىغا كەلدى. سوراقچى ئۇنىڭ بېشىدىكى قاپقارا بىر تۇتام چېچىدىن تۇتۇپ بېشىنى كۆتۈردى. بارات پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ سوراقچىنىڭ يۈزىگە بىرنى تۈكۈرگەنىدى، تۈكۈرۈك سوراقچىنىڭ يۈزىگە "شالاقـقـدە" چۈشتى. سوراقچى ئۇنىڭ بىر تۇتام چېچىنى يۇلۇپ ئالدى ۋە:

— گاڭزىغا بېسىڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى.

بـارات شـۇ كـېـچـىـسـى بىرقانچە قېتىم ھوشىدىن كەتتى. قاتتىق قـىـيـىن-قىستاق ئەتىجىسىدە، ئۇنىڭ ئوق تەگكەن پۇتىنىڭ ئاغرىقى قايتا قوزغىلىپ، قاتتىق ئاغرىيتتى. جاللاتلارنىڭمۇ ھېرىپ ھالى قالمىدى. تاڭ ئاتار چاغدا ئۇنى كامىرغا تاشلىدى...

سـوراق كېچە-كۈندۈز داۋام قىلدى. ئۇلار دەم ئالدۇرماستىن سوراق قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. ئۇنىڭ تىرناقلىرىنى يۇلۇپ ئالدى. بارماقلىرىغا يۇلغۇن مىقىنى قاقتى. بۈگۈن ئاخشام بارات ئۈستىدىكى ئۈچىنچى قېتىملىق سـوراق داۋام قـىـلـمـاقـتـا ئىدى. ئۆزى سورىغان سوئاللارنىڭ جاۋابسىز قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سوراقچى:

— دۈمبىسىنى تىلىپ تۈز قويۇڭلا! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئەسكەرلەر باراتنىڭ ئۈستىدىكى قانغا بويالغان كۆڭلەكنى يۇلۇپ ئېلىشتى. تاياق زەربىسىدىن يارىلانغان بەدەندىكى جاراھەتلەر ئېچىلىپ كېتىپ، قان ئېقىشقا باشلىدى. بەزى جايلىرى توموز ئېپىنىڭ دىمىق ئىسسىقىدا يىرىڭلاشقا باشلىغانىدى. ئۇنى يەرگە دۈم ياتقۇزدى. بەدىنىدىكى جاراھەتنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇنىڭ دۈمبىسىنى تىلىش ھاجەتسىز ئىدى. ئۇنىڭ جاراھەتلىرىگە سوقۇلغان تۇزنى باستى. ئۇنىڭ دۈمبىسى شۇنداق ئېچىشىپ كەتتىكى، بارات چىديالماستىن يەرنى "كارت-كارت" قىلىپ غاجىلىۋەتتى. لېكىن سوراقچىنىڭ:

— ئېيتامسەن-يوق؟ — دېگەن سوئالى يەنىلا جاۋابسىز قېلىۋەردى.

— قىزىتىلغان ياغنى چېچىڭلا، — دەپ ۋارقىرىدى سوراقچى.

ئەتراپقا بىردىنلا كۆيگەن گۆشنىڭ پۇرىقى تارقالدى.

— ئېيتامسەن-يوق؟ — دەپ ۋارقىرىدى سوراقچى ۋە ئۆز سوئالىنىڭ جاۋابسىز قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىراشقا باشلىدى:

— جان يېرىگە قىل تىقىڭلا...

ئۇنىڭ مېڭىسىمۇ ئېچىشۋاتقاندەك بىلىنەتتى. بىردىنلا ئاغرىق مېڭىسىگە چىقىپ كېتىپ، ھوشىدىن كەتتى... ئەسكەرلەر سوغۇق سۇ چېچىۋېتىپ ئۇنى ئۆز ھالىغا قويۇۋەتتى. سوراقچى بولسا بېشىنى بىر چېلەك سوغۇق سۇدا يۇيۇپ بولۇپ، بىر تال تاماكا چەكتى. ئارقىدىن ئىككى ئىستاكان چاي ئىچتى. شۇ چاغدا قوماندان يەن... كىرىپ كەلدى ۋە سوراقچىغا ۋارقىراپ كەتتى:

— ئەخمەق، نېمە قىلدىڭ ئۇنى؟ مەن ساڭا ئۇ دۆلەت ۋە پىرقە ئۈچۈن قان تۆكۈپ جەڭ قىلغان. ئۇ باشقىلارغا ئوخشىمايدۇ، دېمىگەنمۇ؟

— شۇنداق، قوماندان جانابلىرى، مېنىڭ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ، — دېدى سوراقچى ھېلىگەرلىك بىلەن.

— يۆلەڭلا، كۆتۈرۈپ نېرىقى ئۆيگە ئېلىپ چىقىڭلا، دوختۇرنى چاقىرىڭلا، — دەپ بۇيرۇق بەردى قوماندان.

— خوپ، — دەپ ئەسكەرلەر نەگلا باراتنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ،

كىيىملىرىنى تازىلىدى ۋە ئىرىقى ئۆيگە ئىلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ يەردە ھەربىي دوختۇر ئۇنىڭ جاراھەتلىرىنى تازىلاپ دورا سۈركەپ تېڭىپ قويدى ۋە ئۇنى شتاب يېنىدىكى بىر ئۆيگە ئەپكىرىپ كارىۋاتقا ياتقۇزۇشتى.

تاڭ ئېتىپ قۇياش خېلى كۆتۈرۈلگەن چاغدا، بۇ ئۆيگە چاي كۆتەرگەن "كۈتكۈچى" كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرى سىيلىق قىلىپ تارالغان، يالاڭباش، ئۈستىگە ناھايىتى ئىپىز، كالتا يەڭ پىليار مايكا كىيگەن. مايكا ئىچىدىكى ئۇنىڭ راسا تولغان كۆكرەكلىرى ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قارا دۇخاۋا يوپكىسى تولىمۇ قىسقا بولۇپ، يوتىلىرى پۈتۈنلەي ئوچۇق، پۇتىغا بىگى مەخمەل خەي، ئاپئاق ناسكا كىيگەنىدى. سوزۇنچاقراق كەلگەن يۈزىگە ئۇپا-ئەڭلىكنى يەتكىچە سۈركەپ، قىلىن قاشلىرىغا ئىنچىكە ۋە ئەگمە قىلىپ قاشلىق ئەتكەنىدى. پۈتۈن بەدىنىدىن گۈپۈلدەپ ئەتىر پۇراپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ تولىمۇ دىققەت بىلەن پەرداز قىلغانلىقى "مانا مەن" دەپ چىقىپ تۇراتتى. بۇ بولسا ئەخمەت ساڭچىنىڭ كىچىك قىزى، ساقچىدىكى سوڭ شۈگۈەنىڭ خوتۇنى چىناخاننىڭ سىڭلىسى گۈلزار ئىدى. ئۇنى شۇ تۇرقىدا كۆرگەن ھەرقانداق ئەر كىشىنىڭ ئەپسى تاقىلداپ كېتەتتى. ئەخمەت ساڭچى دېسە بۇ يۇرتتا يىرگەنمەيدىغان ئادەم يوق ئىدى. بۇ قىز باراتنى بۇنىڭدىن بىرىم يىل بۇرۇن كۆپ قېتىم قوغلاشقان بولسىمۇ، ئاخىر مۇشۇ يەردە يەتكەنىدى. بارات ئۇنى كۆرۈپ تام تەرەپكە قاراپ يېتىۋالدى.

— سىزنى ئاخىر تاپتىم. سىزنى ساق-سالامەت كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن خۇداغا مىڭ شۈكۈر، — ئۇ شۇنداق دەپ قولىدىكى ئەرسىلەرنى بۇلۇڭدىكى جوزىغا قويدى، — بۇ قاغىش ئەڭكۈرلەرنىڭ سىزنى تۇتۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۈچ كۈن يىغلىدىم. يىغلاش بىلەن ھېچقانداق ئىش ھەل بولمايدىكەن. كۆيۈك ئوتى، چىن ئاشىقلىقتا مەن چىدىيالمىدىم. شۇڭا بېشىمغا ھەر بالا كەلسە كەلسۇن دەپ سىزنى ئىزدەپ ھەممە كىشىگە يالۋۇردۇم. پىلىندىم، يىغلىدىم. گاھىدا گۇندىپايلار بىلەن ئۇرۇشتۇم. ئاخىر سىزنى ئىزدەپ مۇشۇ يەردىن تاپتىم. بۇنىڭغىمۇ شۈكۈر، ساق-سالامەت كۆرۈشتۇق. قېنى بىر

پىيالە چاي ئىچەيلى، مېنىڭ سىزگە دەيدىغان گەپلىرىم ناھايىتى كۆپ.

ئۇ گەپ قىلغاچ بىر ئىستاكانغا چاي قۇيۇپ باراتقا تۇتتى. بارات بولسا تام تەرەپكە قارىغان پېتى كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ جاراھەتلىرىنىڭ ئاغرىقى بىر ئاز پەسەيگەن بولسىمۇ، يېنىدا تۇرغان خوتۇننىڭ ۋالاقلىشى، خۇددى قاغىنىڭ قاقىلدىشىدەك ئۇنى تېخىمۇ بىئارام قىلىۋەتتى.

— بولدى قىل، — دەپ ۋارقىرىدى بارات. لېكىن "كۆنكۆچى" ئۇنىڭ جاراھىتىنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقان كىشىدەك تېخىمۇ بەكرەك ۋالاقشىپ كەتتى.

— ئاھ دەيۇزلەر، ئادەم دېگەننى مۇشۇنداق قىلىۋەتكەن بارمۇ؟ ئۇلاردا رەھىم-شەپقەت دېگەن نەرسە بارمۇ؟ بۇ پوتونلەي ۋەھشىيلىكقۇ؟ ئەپەندىم، ئازراق چاي ئىچىۋېلىڭ. مەن سىزگە ئۆزۈم تاماق ئەپكېلىپ بېرىمەن. ئۆزۈم كۆتىمەن.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى بارات، — لازىمىڭىز يوق.

— ياق ئەپەندىم، سىز ھازىر ياردەمگە موھتاج. مەن سىزگە ئاشىق بولۇپ قالدىم. ئۆلسەك بىللە ئۆلىمىز. ياشىساقمۇ بىللە ياشايمىز. سىز ئۈچۈن ھەرقانداق جاپالارنى تارتىشقا تەييارمەن.

— راستىمۇ؟ — دەپ بارات ئۆرۈلگەندى، ئۇنىڭ جاراھەتلىرى ئاغرىپ كېتىپ چىرايى پۈرۈشۈپ كەتتى.

— راست. راست بولمايچۇ؟ مەن قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچەلەيمەن.

— مەن ئۈچۈن ئۆلۈمدىنمۇ قورقمامسەن؟ راست گەپنى قىلالامسەن؟

— ئىشقى مۇھەببىتىمىز ئۈچۈن ھەرگىز ئۆلۈمدىن قورقمايمەن. ئەلۋەتتە راست گەپ قىلىمەن.

— ئەمىسە قېنى ئېيتە؟ سېنى بۇ يەرگە نېمە دەپ كىرگۈزدى؟

— مېنى بىرسى كىرگۈزمىدى، ئۆزۈم ئىزدەپ كىردىم.

— بۇ ھەربىي شتاب تۇرسا، مەن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان ئادەم تۇرسام، ئۆزۈڭ قانداق كىرەلەيسەن؟

— سىزنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم، پوست توسۇۋالدى. شۇ چاغدا ھەربىي

قوماندان چىقىپ قىلىپ، "بىزنىڭ جەڭچىمىزنىڭ مەشۇقى كەپتۇ" دېگەنىدى، ئەسكەرلەر مېنى كىرگۈزۈۋەتتى.

— سېنىڭ مېنىڭ "مەشۇقۇم" ئىكەنلىكىڭنى قوماندان قانداق بىلدى؟

— مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا سىزنىڭ ئايالىڭىز دەپ تونۇشتۇردۇم. قوماندان جانابلىرى سىزنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن. بولمىسا كىرگۈزەتتىمۇ؟ ئۇ سىزگە شەخسەن ئۆزى تاماق بۇيرۇتتى.

— مۇنداق دە، قوماندانمۇ ماڭا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ-دە؟!

— ياقەي، ئەر كىشى ئەر كىشىگە ئاشىق بولامدۇ؟ ئۇ سىزنى باتۇر يىگىت دەۋاتىدۇ...، — ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇ دېمەكچى بولۇۋاتاتتى. سىرتتا بىر ئادەمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— قوماندان بۇيرۇتقان تاماقنى ئېلىپ كەلدىم.

"كۇنكوچى" سىرتقا چىقىپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ "رەھمەت ئىسكەندەر ئۇستام" دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ پەتنۇس كۆتۈرگەن ھالدا كىرىپ كەلدى. چوڭ پەتنۇستا بىر لىگەن ئاش مانتا، بىر تەخسىدە پاقلان گۆشى، يەنە بىر تەخسىدە توخۇ گۆشى تۇراتتى. توخۇ گۆشىگە سېلىنغان دورا-دەرمان مېزىلىك پۇراپ تۇراتتى.

— ئەپەندىم، تاماق يەڭ، قوماندان جانابلىرى مەخسۇس سىز ئۈچۈن بۇيرۇتۇپتۇ.

— رەھمەت، قوماندان جانابلىرى بەك جوۋاپ كېتىپتۇ.

بارات تاماقا چېكشۈپتىپ مامۇتخاننىڭ گەپلىرىنى ئەسلىدى. 23-ئىيول كۈنى گوندىپايلار تاماق ئېلىپ كىرگەندە بارات يېمىگەنىدى. مامۇتخان يىيىشكە قىستىدى.

— ئاچ قورساق كۈرەش قىلىش مۇمكىن ئەمەس. سالامەت ئادەملا كۈرەش قىلالايدۇ. تاماق يېمىگەندە ئاجىزلاپ كېتىسىز. بۇلار بىزنىڭ ئۆلۈممىزنى كۈتىدۇ. بىزنىڭ تىرىك بولۇشىمىز دۈشمەنلەر ئۈچۈن بىر ۋەھىمە. شۇڭا ئۇلار بىزنى بۇ گۆرگە تىقىپ قويىدى. بىلىپ قويۇڭ، "بوش تاغار

ئۆرە تۇرمايدۇ»، ئۇككى سوتكا ھېچنەرسە يېمىدۇق.

بۇ سۆزلەر ھازىرمۇ ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ياڭراۋاتقاندەك بىلىندى. بۇ خىيالنىڭ ئۇزۇتكىسىدىنمىكىن باراتنىڭ ئازراق بىر نەرسە يېگۈسى كەلدى ۋە: «بوپتۇ، تاماقتا نېمە گۇناھ، ئازراق بىر نەرسە يەي» دەپ ئويلىدى بارات ۋە كارىۋاتتىن يەرگە چۈشۈپ ئالدىدىكى نەرسىلەرگە ئەمدىلا قول ئۇزارتىشقا تۇيۇقسىز «يېگەن ئېغىز ئۇيۇلۇپتۇ» دېگەن تەمسىل ئېسىگە كېلىپ قېلىپ، توختاپ قالدى.

⁂ ⁂

ئۇككى كېچە-كۈندۈز ئۇخلىمىغان بارات بىردىنلا ئۇخلاپ كەتتى. بۇ چاغدا ھەربىي دوختۇرنىڭ سۇركەپ قويغان دورىلىرى خېلى ئارام بەرگەن، ئاغرىق توختىتىش دورىسى ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «كوتكوچى»نىڭ توختىماستىن يەلپۈپ تۇرۇشىمۇ ئۇنى خېلى سەگىتىپ تۇراتتى. ئۇ ئۇخلاۋېتىپ بىردىنلا ئۇشتان بېغىننىڭ بوشاپ كەتكەنلىكىنى، ئۇ يەردە بىر قولنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. ئۇ ئېغىرلاشقان قاپاقلىرىنى ئاچقاندا، «كوتكوچى»نىڭ ئۆزىگە چاپلىشىپ ياتقانلىقىنى، كۆردى-دە، بارلىق كۈچىنى يىغىپ «كوتكوچى»نى ئىتتىرىۋەتتى.

— پەس جالاپ، يوقال.

«كوتكوچى» كارىۋاتتىن پەسكە دومىلاپ كەتتى.

— ۋيەي، نېمانداق قوپاللىق قىلىسىز. يۈرىكىمدىكى ئىشق ئوتىنى بىر تېتىپ باقسام بېسىلارمىكىن دېگەنىدىم، ئۇنداق قوپاللىق قىلماڭ. ماڭا رەھىم قىلىڭ، — دەپ ھىجىيىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كارىۋاتقا يېقىنلاشتى.

— يېقىن كەلمە، — دەپ ۋارقىرىدى بارات، — ئەمدى يېقىن كەلسەڭ بوغۇپ ئۆلتۈرىمەن. «كوتكوچى» نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى. شۇ چاغدا بىر ئەسكەر كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا بىر قۇر ئىچ كىيىم بار ئىدى.

— قوماندان جانابلىرى ماۋۇ كىيىملەرنى كىيىۋېلىشنى بۇيرىدى، — دەپ كىيىملەرنى كارىۋاتنىڭ ئاياغ تەرىپىگە قويۇپ چىقىپ كەتتى.

— مەن ياردەملىشەي، كىيىۋېلىڭ، — دېدى "كۇتكۇچى".

— رەھمەت سىزگە. يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ قوياي، ماڭا يېقىنلاشماڭ.

— تولا نازلانماي كىيىۋېلىڭا. "قىز بار يەردە ناز بار" دېگەن گەپ راستىمىكىن دېسەم ئەرلەرمۇ نازلىنىدىكەنغۇ؟ — دەپ ئۇ ئاجايىپ بىرخىل تولغىنىپ كەتتى ۋە قولىدىكى كۆڭلەكنى باراتقا كىيدۈرمەكچى بولدى. بارات ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق پەسكەش قىلىقىدىن باراتنىڭ "ھۆ" بولغۇسى كەلدى.

— شۇنداق، سىزدە نومۇس، ۋىجدان بولمىغاندىكىن نازمۇ بولمايدۇ-دە.

بارات "كۇتكۇچى"گە كەينىنى قىلىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئۇ خۇددى تەلۋىلەردەك ئېتىلىپ بېرىپ، باراتنى ئارقا تەرەپتىن قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ باش-كۆزلىرىگە چوكۇلدىتىپ سۆيۈپلا كەتتى. باراتنىڭ پۈتۈن بەدىنى نومۇستىن ئوت بولۇپ ياندى. ئۇ بىر تولغىنىپ، كەينىگە بۇرۇلغانىدى، "كۇتكۇچى" باراتنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ئۆزىنى ئاتتى. لېكىن باراتنىڭ كۈچلۈك قوللىرى ئۇنى كارىۋاتتىن يەرگە تاشلىۋەتكەنىدى. ئۇ غەلىتە بىر ئاۋازدا چىقىراپ كەتتى...

※ ※

"ھەربىي سەپتىن قايتقان قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرى بارات × ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەنسۇن. ھەربىي ئۇنۋانى مايور دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلسۇن. پولك دەرىجىلىك ھەربىي تەمىناتتىن بەھرىمەن بولسۇن.

×× دىۋىزىيە شتابى

×× ۋالىي مەھكىمە ساقچى باشقارمىسى.

مىنگونىڭ 35-يىلى 7-ئاينىڭ 28-كۈنى".

— سىنى يېڭى ۋەزىپە بىلەن تەبرىكلەيمەن، — دېدى ھەربىي قوماندان مۇغەممەرلىك بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ ۋە قولىدىكى خەتنى باراتقا سۇنۇۋېتىپ، — بىز دۆلەت ۋە پىرقە ئۇچۇن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ ئىشلەيلى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، سىنىڭ ئىستىقباللىق ناھايىتى پارلاق، قانداق، رازىمۇ سەن؟ ئاغىنە! قېنى دوستلىقىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن تىزىملىكنى تاپشۇر.

— كېلىشەلمەسمىزمىكىن دەپ قورقىمەن، — دېدى بارات، — مەن يالغان گەپكە ئۆچ.

بارات خەتنى چۆرۈۋەتتى. خەت لايغا چۈشتى. بارات خەتنى دەسسىۋەتتى. ئەمدى قوماندانغا ئاخىرقى كوزىرنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلدى. قوماندانىڭ شەرەت قىلىشى بىلەن تەڭ دېرىزە سىرتىدىن ھەسەننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئۇكام بارات، ئەمدى تالاشقاننىڭ پايدىسى يوق.

— يوقال ئەبلەخ، سىنى تونۇمايمەن، — دېدى بارات.

— مەن ھەسەن مۇھەممەدى، ھاماچاڭنىڭ ئىرى، — دېدى ھەسەن، — نۇر بەختىمۇ ئىقرار قىلدى. بىز ھەممىنى چۈشەندۇق. بىزنىڭ خىيالىمىز ئەمەلگە ئاشمايدىغان قورۇق گەپ ئىكەن.

"نۇر بەختى ئىقرار قىلدى" دېگەن سۆز باراتقا قاتتىق تەسىر قىلدى. چۈنكى ئۇ نۇرنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى. ئازادلىقنى سۆيگۈچى مۇشۇنداق ئوغلىنى بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنەتتى. مانا ئەمدى نېمە بولدى؟ غەزەپتىن ئۇنىڭ چىرايى قارىداپ، مۇشتلىرى توگۈلۈپ كەتتى. ئۇ لىۋىنى چىشلەپ تەتۈر قارىۋالدى. قوماندان ھەسەنگە ئۆيگە كىرىشنى بۇيرىدى. ھەسەن كىرىپ ئىشىك تۈۋىدە تۇردى. ئۇنىڭ ساقال-بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ، خېلىلا قېرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ۋىجىك تېنى تېخىمۇ كىچىكلەپ مونەك شاپتۇلغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىرگەن مۇدۇسانى كۆرۈپ، قوماندانىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. ئۇ كۆزىنى بىر ئالايتقانىدى، مۇدۇسا ئۆزىنى دالدىغا ئالدى.

— بۇ سىزنىڭ ئۇكاڭمۇ؟ — دەپ سورىدى قوماندان ھەسەندىن باراتنى كۆرسىتىپ.
— شۇنداق، مەن ھاماچىسىنىڭ ئېرى. ئۇر بىر نەۋرە ئاكىسى.
— شۇنداقمۇ؟ ... ھەي ئىسىت، — دەپ قوماندان باراتقا ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتكە كىرىۋالدى، ھە... ياخشى يىگىت، ئاكىلىرىڭ ئىقرار قىلسا سەن نېمشقا جاھىللىق قىلىسەن. مەن سىنى باي قىلىۋېتىمەن. ئىككىمىز بىللە ئىشلەيمىز. شتابتا ئىشلىسەڭمۇ بولىدۇ. قانداق، بولامدۇ؟ بىكار ئازابلانغىنىڭ نېمە پايدىسى ھە؟!... سەندىن نېمە كېتەتتى؟!...
ئۇر راستىنلا ئىقرار قىلغانمىدۇ؟ دەپ ئويلايتتى بارات. "ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ" دېگەن شۇدە. ئەمدى ئۇلار مېنى سېتىۋالماقچى. دېمەك، ھەربىي ئۇنۋانلىق ساقى كەرىموپ مەيدانغا چىقماقچى. بۇ يەردە ھەسەن مۇھىم رول ئوينىغان. بىردىنلا ئۇنىڭ ھەسەن قۇشقاچنى ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى. لېكىن نېمە ئىلاج؟!... مېنى "سېتىۋالىمەن" دېيىش ئوخلىماي چۈش كۆرگەنلىك. "بىز ئۆلسەك باشقىلار كۈرەشنى داۋاملاشتۇرىدۇ." دەپ قەسەم بەرگەنمەن. ھايات كۈرەش دېمەكتۇر. بۈگۈن ئۆتمۇشكە، ئەتە بىزگە نەۋە بولىدۇ. مەن ئۆز جېنىمنى دەپ باشقىلارنى تۇتۇپ بەرسەم، ئىتقا ئوخشاپ قالامدىمەن. مانا ماۋۇ مەلئۇن "تاپىنىمنى يالا" دەۋاتامدۇ؟!... ئۇر ئىقرار قىلغان بولسا... ئۇ ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن بەند بولۇپ قالدى.
قومـاندان بولسا ئۇنىڭ ئويلىنىۋېلىشىغا يول قويۇپ، يولداشلىرىنى تۇتۇپ بېرىشنى كۈتۈپ تۇراتتى.
— ئەمدىغۇ ئويلىنىپ بولغانسەن، قېنى ئېيتە؟ — دېدى قوماندان،
— تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ تىزىملىكى زادى قەيەردە؟ قورال-ياراغلار قەيەردە؟ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش پىلانىڭلارنىڭ تەپسىلاتى قانداق؟ بۇ سىزنىڭ دۆلەت ۋە پىرقىگە بولغان ساداقىتىڭىزنى سىنايدىغان ۋاقىت ئۇقتۇڭمۇ؟
— ئۇقالمىدىم، قوماندان جانابلىرى، — دېدى بارات.
— نېمە ئۈچۈن؟ — دېدى قوماندان ۋە ئويلىنىشقا باشلىدى: "بۇ

تۇتقۇنلار ئىچىدىكى ئەڭ كىچىكى ھەممە گومىنداڭنىڭ بىرنەچچە يىللىق بىۋاستە تەربىيىسىنى ئالغان، ئۇنى يۇمشىتىش ئاسان. شۇڭا پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى مۇشۇنىڭغا قارىتىش كېرەك".

— كەچۈرسىز قوماندان جانابلىرى، سىزنىڭ بۇ ساۋاقلىرىڭىزدىن ئۆتەلمىگۈدەكمەن.

— نېمە ئۈچۈن؟ سەۋەب نېمە؟

— مەندە جىنايەت يوق. ئاساس بولغىدەك ۋىجدانسىزلىقمۇ يوق.

— نېمە دېدىڭ؟ "ۋىجدانسىزلىق" دېدىڭما؟ جۆيلىمەي گەپ قىل، — دەپ ۋارقىرىدى قوماندان، — سېنىڭ ماۋۇ ئاكىلىرىڭنىڭ دېگەن گەپلىرى يالغانمۇ؟

— يالغان، — دېدى باراتمۇ قوپال ئاۋازدا. ئۇنىڭ ھەسەن قۇشقاچ بىلەن نۇرغا قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. ھەسەن قۇشقاچنىڭ مۇدۇسانىڭ يوليورۇقى بىلەن نۇر توغرۇلۇق يالغان گەپ قىلىپ، ئوتتۇرىدا قۇترانقۇلۇق قىلغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىچە ئەمدى نۇرنى ئاۋايلاپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىدى دەپ ھېسابلىدى-دە، ئاغزىغا كەلگەننى دەۋەتتى، — ئەسلىدە ئادەم توپلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى تەشۋىق قىلغانمۇ نۇر. ئادەملەرنى تىزىملاپ يۈرگەنمۇ نۇر... — دېدى، — لېكىن ئۇ تەشكىلاتنىڭ گېپىنى ئېغىزغا ئالمىدى.

سوراقخانىنىڭ ئىچىنى بىردىنلا سۈكۈت باستى. باراتنى كامىرغا ئېلىپ چىقىپ تاشلىدى. ھېلىقى "كۈتكۈچى" ھويلىدا باراتقا قاراپ: "خوپ بولدى" دېگەندەك قىلىپ تۇراتتى. بارات، كامىردا يېنىغا كەلگەن مامۇتخاننى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئۆمرىدە مۇنداق يىغلىمىغانىدى.

— مېنى كەچۈرۈڭ. مەن بەزى ئىشلاردا سىزدىن گۇمانلىنىپ يۈرۈپتىمەن. ئەسلىدە نۇر ئىقرار قىلىپتۇ ئەمەسمۇ؟!...

— نۇر ئىقرار قىلىپتۇما؟ — دەپ مامۇتخان بېشىنى چاڭگاللاپ

ئولتۇرۇپلا قالدى.

— شۇنداق، بىز ئىقرار قىلمايمىز، — دېدى بارات خۇددى قەسەم بېرىۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا.

مامۇتخان باراتنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى، قۇتلۇقمۇ يارىلانغان پۇتىنى سۆرەپ كېلىپ، ئۇلارغا قۇچاق ئاچتى. چۈنكى ئىمىن ئېلى ئۇرۇمچىگە ئېلىپ بارغان خەت قۇتلۇق نامىدا يېزىلغان بولغاچقا، ئۇنى قاتتىق قىينىغانىدى. لېكىن بۇ خەتنى قۇتلۇق ئەن ئالمىدى. بۇ ئۈچەيلەن مەھكەم قۇچاقلاشتى. بۇ خىل مەنزىرىنى كۆرۈپ ئولتۇرغان رۇس مەھبۇسلار بۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن بولسا كېرەك، "ھۇررا" دەپ توۋلاشتى. لېكىن ياشلارنى تېخىمۇ زور، تېخىمۇ دەھشەتلىك قىيىن-قىستاقلار كۈتۈپ تۇراتتى.

## ئون توققۇزىنچى باب

# تۆرمىدىكى كۆرەش

يېتىپ قالغىچە، ئېتىپ قال.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

سوراق داۋاملاشماقتا. ئاۋغۇست ئېيىنىڭ راسا دىمىق كۈنلىرى باشلانغانىدى. مەھبۇسلار ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىگە ئىنتىلگەن ئىنتايىن گۈزەل ئارزۇلىرى ئۈچۈنلا ياشاۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇلارنى جاللاتلاردىن بەكرەك ھاۋارايى قىينايتتى. ئۇلارغا تىببىي ياردەم قىلىنىش ۋە ساپ ھاۋادىن ھاۋالىنىش بىر ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا تاغدىن ئۆزى ئېقىپ كېلىدىغان سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. زەي پۇرىقى، تەر پۇرىقى، جاراھەتلەردىن چىقىۋاتقان سېسىقچىلىقلار ئارىلىشىپ كامېرنىڭ ھاۋاسىنى تېخىمۇ بۇلغىۋەتكەنىدى. كامېرنىڭ ھاۋا كىرىپ تۇرىدىغان تۆشۈكى ئېگىز بولۇپ، مەھبۇسلارنىڭ ساپ ھاۋادىن دەم ئالغۇسى كەلسىمۇ، ئۇلارنىڭ پۇت-قولىدا ماغدۇر بولمىغاچقا ئورنىدىن تۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى. مامۇتخاننى چوغقا دەسسىتىپ، بەدىنىگە تۆمۈرنى قىزىتىپ ياققاچقا ئۇنىڭ يارىسى ئەڭ ئېغىر ئىدى. ئۇنىڭ بۇ

جاراھەتلىرى بەكرەك يىرىڭداپ كەتكەچكە، يەرگە دەسسىيەلمەيتتى ۋە ياتالمايتتى. بارات بىلەن قۇتلۇق ئۆزلىرىنىڭمۇ يارىسىنىڭ ئېغىر بولۇشىغا قارىماي ئىچكىلى بەرگەن سۇ بىلەن مامۇتخاننىڭ جاراھىتىنى يۇيۇپ تازىلاپ، كۆڭلەكلىرىدە يەلپۈپ، دوستىنىڭ ئاغرىقىنى يېنىكلەشتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىشاتتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇمۇ ئاستا-ئاستا ياخشى بولماقتا ئىدى.

بۈگۈن گومىنداڭنىڭ ھەربىي شتابى ئۆتكەن ئۇن بەش كۈنلۈك سوراق ئەھۋالىنى مۇلاھىزە قىلىشىۋاتاتتى. نۇر تەشكىلاتىنىڭ تۆت نەپەر ھەيئىتىدىن باشقا ئۆزى ئالاقە قىلىپ تۇرغان بىرلا ئادەمنى تونۇيتتى. لېكىن ئۇ ئادەملەرنىمۇ، تەشكىلاتنىڭ مەۋجۇتلىقىنىمۇ زادىلا ئىقرار قىلمىدى. نەتىجىدە ئۇ سوراقچىلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئۇرۇمچىدىن قايتىپ كەلگەن خەتمۇ، بۇ تەشكىلاتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن گۇۋاھلىق بېرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە باراتنىڭ غەزەپ-ئاچچىقىدىن ئېيتقان گەپلىرى گومىنداڭنىڭ ھەربىي شتابىغا خوددى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىگەندەك تۇيۇلغاچقا بۈگۈنكى يىغىندا نۇر توغرۇلۇق خېلى گەپ-سۆزلەر بولۇپ ئۆتتى. مانا ھازىرمۇ يىغىندا ئولتۇرغانلارغا قاراپ سوراقچى سۇڭ ×× سۆزلىمەكتە ئىدى.

— مامۇتخان توغرىسىدا سۆزلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز، — دېدى سوراقچى، — ئۇنىڭ ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش سىلىڭبۇسى ئەۋەتىپ بەرگەن دېلوسىدا ھەممە نەرسە ئېنىق يېزىلغان. يەنى ئۇ بولشۇۋىكلارنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان. بارات بولسا كىچىك، بىزنىڭ تەربىيىمىزنى ئالغان. لېكىن ناھايىتى جاھىل. ئۇنىڭ گەپلىرى راست بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئېھتىمال ئۇ نۇرنى ئاياپ ئىقرار قىلمىغان بولسا كېرەك. بىراق ئۇ نۇرغا تۇققان بولغاچقا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈرگەنلىكى راست. ئادەم تەشكىللەپ قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولۇشى ناتايىن. نۇر بۇرۇنمۇ بىر قېتىم قوزغىلاڭغا قاتناشقان ۋە ئۇرۇش قىلىپ پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭنى ئايلىنىپ چىققان. بىز شىنجاڭدا شىڭ شىسەيدىن ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىكى "جۇڭشۇنتۇەن"دە

ئوقۇغان. شۇ چاغدا غۇلجىغا ئاخبارات توپلاشقا بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزى يول باشلاپ ماڭغان بىر دېۋىزىيە ئەسكەرنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىپ، ئۆزى "ئالتە ئوغرى"دىن قورقۇپ قېچىپ كەلگەن، پىچاق تەڭلىسەڭمۇ كۆزىنى مىت قىلىپ يۇمۇپ قويمايدىغان ئۇچىغا چىققان قاقۋاش، تۇرمۇش يولى ئۇنى ھەر كويلارغا سالغان بولسىمۇ يەنىلا خەتەرلىك ئادەم. ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن يالغاندىن "مېنى ساقچى ئىدارىسىغا باشلىق قىلدى" دەپ ھۆكۈمەتنى ئالداپ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغان. ئۇ كۆرۈنۈشتە بىزگە ساداقەتمەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ئاخبارات بەرمىگەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا ھازىر ئۇ باشقىلارنى تۇتۇپ بېرىش ھېسابىغا سۇدىن قۇرۇق چىقىشقىمۇ ئۇرۇنماۋاتىدۇ.

سوراقچىنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئولتۇرغانلار بۇ ئىشنى مۇھاكىمە قىلىشتى. سوراقچىغا سوئاللار بېرىلدى. ئۇمۇ بۇ سوئاللارغا لايىقىدا جاۋاب بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن نۇرنى داۋاملىق سوراق قىلىش، تىرىك قىلىنغان ماتېرىياللارنى رەتلەپ، ھەربىر مەھبۇس ئۈستىدىكى پاكىتنى تولۇقلاش، كونا قوزغىلاڭچىلار ۋە ئوۋچىلار ئۈستىدىكى نازارەتنى كۈچەيتىش ھەققىدە قوماندان يوليورۇق بەردى.

نۇرنى ئۇدا ئىككى ئاخشام سوراق قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇرۇنقى قىلغان گەپلىرىدىن باشقا بىرەر يېڭى ماتېرىيالغا ئىگە بولالمىدى. نۇر قاتتىق قىيىن-قىستاق ۋە ھەسەن قۇشقاچىنىڭ يالغان گۇۋاھلىق بېرىشى نەتىجىسىدە بەزى گەپ-سۆزلەرنى قىلىپ تاشلىغان بولسىمۇ، يەنىلا ھەققىي ئەھۋالنى ئىقرار قىلمىدى. بۇ ئىش جاللاتلارنى قاتتىق غەزەپلەندۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن جاللاتلار ئۇنىڭ تىرناقلىرىنى ئامبۇردا يۇلۇپ ئالدى، بارماقلىرىنىڭ ئارىسىغا يۇلغۇن مىخلارنى قاقتى، جان يېرىگە ئايغىر ئاتنىڭ قىلىنى تىقتى. بۇ ئىككى كېچە-كۈندۈز ئىچىدە ئۇ قاتتىق قىينالدى ۋە بىرقانچە قېتىم ھوشىدىن كەتتى. ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەت ئۇنىڭ قامەتلىك گەۋدىسىنى پۈكۈپ، بۇرۇنقى چىرايلىق رەڭگى-روھىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. ئۇنى ھوشسىز ھالدا كامېرغا ئېلىپ كىرىپ

تاشلىدى. ئۇ بىر سوتكىغىچە هوشىغا كېلەلمىدى. مامۇتخان باراتنىڭ دېگەن گەپلىرى بويىچە ئۇنىڭ قىلغان ئىشىدىن قاتتىق ئاچچىقلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئـۇنىڭ بۇگۈنكى هالىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىپ قالدى. چۈنكى ئۇ نۇرنى ئـىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. شۇڭلاشقا ئۇ نۇرنى كۆرۈپلا تەتۈر قارىۋالغان باراتقىمۇ نەسەللى بەردى.

— سەۋرى قىلىڭ ئۇكام، — دېدى مامۇتخان، — ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن نېمە، ئازمايدىغان ئىنسان يوق. بەلكىم قاتتىق قىيىن-قىستاققا چىدىيالمىغاندۇ. كۆردىڭىزمۇ ئۇنىڭ ئەهۋالىنى؟! نېمىلا بولسا بالا ۋاقتىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ شېڭ شىسەيدەك جاللات بىلەن بەش يىل ئۇرۇشقان. بىزگە قارىغاندا كۆپنى كۆرگەن. هازىرقى هۆكۈمەت شېڭ شىسەي هۆكۈمىتى بىلەن بىر تۇتقان. شۇڭا ئۇنى بىزدىنمۇ بەكرەك قىيىنىغان ئوخشايدۇ.

— ئـۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى، — دېدى بارات. ئۇنىڭ رەڭگىدىن نارازىلىق چىقىپ تۇراتتى.

— شۇنداق، ئۆلمىگەن ئادەمگە بۇ ئالەم يەنىلا ئۇرۇنغۇ؟! قېنى قاراپ باقمايمىزمۇ؟! — دېدى مامۇتخان. ئۇ نۇرنى ئۆلۈپ قالدۇ دەپ ئويلىغانىدى.

ئۇلار نۇرنى يۆلەپ سۇ ئىچكۈزدى، جاراهەتلىرىنى سۈرتتى. نۇر بىر سوتكىدا هوشىغا كەلدى. ئۆزىنىڭ مامۇتخاننىڭ قۇچىقىدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى تارام‌لاپ ئاقتى. ئۇ يولداشلىرىغا بىر نەرسە دېيىشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، گەپ قىلغۇدەك ماجالى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەۋرە ئۇكىسى باراتنىڭ كۆزلىرىدىكى غەزەپ-نەپرەتنى كۆرۈپ بىر مەزگىل كۆتۈش قارارىغا كەلدى. چۈنكى ئۇمۇ يولداشلىرىنى چۈشىنەلمەي قالغانىدى.

⁂ ⁂

مەهبۇسلارنى سوراق قىلىش ئىشى بىردىنلا توختاپ قالدى. بىر ئايغا يېقىن داۋام قىلغان، ئىنسانىيەت ئالەمدە كۆز كۆرۈپ، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان

قەدىمكى شەرقنىڭ ياۋايى ۋە قانخور خەلقلىرى يۈرگۈزگەن ۋەھشىيانە قىيىن-قىستاق 20-ئەسىردە يەنە بىر قېتىم يۈز بېرىپ، بۇ ئۇلۇغ زېمىندا مەڭگۈ ساقايماس يارا ئىزىنى قالدۇردى. نەتىجىدە بۇ ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتلەر سولاقتا ياتقان بىر قىسىم كىشىلەرنى ئېغىر دەرىجىدە جاراھەتلەندۈرۈپ، بەكمۇ ھالسىزلاندۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تومۇز ئېيىنىڭ راسا ئىسسىق كۈنلىرى بولغاچقا، جاراھەتلەر يىرىڭلاپ كېتىپ مەھبۇسلارنى تېخىمۇ بەكرەك ئازابلىدى. لېكىن مەھبۇسلار بىر-بىرىنى نۆۋەت بىلەن يەلپۈپ جاراھىتى ئېغىرلارنى ئارام ئالدۇردى. يېقىنقى بىرقانچە كۈندىن بۇيان ئەتراپنى قاتتىق قامال قىلغان ئاساستا مەھبۇسلارنى ئەتىگەن-ئاخشامدا يېرىم سائەت سىرتقا چىقىرىپ ھاۋالاندۇردى. گاھى كۈنلىرى ئۇلار تالاغا چىققاندا جاۋگۈەنشىنىڭ ئالدىدىكى باغ ئىچىدىن ئۆتىدىغان كىچىك ئېرىقتا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىگە پۇت-قوللىرىنى چىلاپ بىرئاز راھەتلىنىپ قالاتتى. بۇ سۇمۇ ھەر كۈنى يوق ئىدى. بۇ ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتلىك كۈنلەر ئۇلارنى بىر-بىرىگە تېخىمۇ مېھرىبان قىلىۋەتتى. ئۇلار ئۆزئارا بىر-بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشتى ۋە بىر-بىرىنى كۆرەشكە ئىلھاملاندۇردى.

نۇرمۇ خېلى تۈزۈلۈپ قالدى. ئۇنىڭغا مامۇتخان بىلەن قۇتلۇق كۆپ ياردەم قىلدى، بىر كۈنى ھەممەيلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

— مېنى كەچۈرۈڭلار! ئۈكىلىرىم، مەندىن نېمە سەۋەنلىك ئۆتتى؟ مەن بىلەلمىدىم، — دېدى نۇر يىغلاپ تۇرۇپ، — مەن ئازراق بىر نەرسە دەۋەتسەم سىلەرنى ئازابتىن قۇتۇلۇپ قالارمىكىن دەپ ئويلاپ، شۇڭا ھەممە جاۋابكارلىقنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە "ھەسەن قوشقاچ" بىزنى پاش قىلىپ قويدى. ئەپسۇسكى ئىش مېنىڭ ئويلىغىنىمنىڭ تەتۈرسىچە بولدى. مەنمۇ ئامان قالمىدىم. سىلەرگىمۇ كۆپ ئازاب-ئوقۇبەت كەلتۈردۈم.

"ھەسەن قوشقاچ پاش قىلىپ قويدى" دېگەن گەپنى راسا چۈشىنەلمىگەن بارات تەنۇر قاراپ ئولتۇراتتى. چۈنكى شتابتا "نۇر ئىقرار قىلدى" دېگەن ئەمەسمۇ؟...

— ھازىر بىز بىر بىرىمىزنى ئەپۇ قىلغۇدەك ئەھۋالدا ئەمەس، — دېدى مامۇتخان ئېغىر بېسىقلىق بىلەن، — ھەممىمىز مەھبۇس. بىزنىڭ ھەربىرىمىزنىڭ كىملىكى ھەققىدە كەلگۈسىدە ئەۋلادلىرىمىز ھۆكۈم قىلسۇن. ئەھۋالدىن قارىغاندا ھەسەن قۇشقاچ بىزگە "جىن" بولغان ئوخشايدۇ. ھازىرچە باشقا قۇرۇق گەپلەرنىڭ لازىمى يوق. بىزلەر مەقسەتلىك دوست. ئەڭ ياخشىسى كېلىڭلا ناخشا ئېيتايلى.

— ئەمىسە باشلاڭ، — دېدى بارات مامۇتخانغا. مامۇتخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى قاراڭغۇلۇق يورۇپ، نۇرغا بولغان غەزىپى يوقالدى. لېكىن ھەسەن قۇشقاچقا ئىشەنگەنلىكىگە قاتتىق پۇشايمان قىلىۋاتاتتى...

مامۇتخان رۇس خەلقىنىڭ "كاتيوشا" دېگەن ناخشىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئوقۇشقا باشلىدى. ناخشا ئىنتايىن كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئېيتىلدى. چۈنكى بۇ ناخشىنى بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇرۇن ئاڭلىغان ۋە بىلەتتى، ئۇلارنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھى ۋە زىل ئاۋازى مەھبۇس رۇسلارغىمۇ تەسىر قىلغان بولسا كېرەك. ئۇلارمۇ ناخشىغا قوشۇلدى.

شەك-شۈبھىسىز يېڭىمىز بىز،
ئۈستۈنلۈكنى ئالىمىز.
ئازاد ۋەتەننىڭ تۇغىنى،
كەڭ مەيدانغا قادايمىز.

ئىككى خىل تىلدا ئېيتىلغان بۇ ناخشا زىندان تاملىرىنى تىترىتىپ جاۋگۇەنشىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

ئۇلار بۇ ناخشىنى پات-پات ئېيتىدىغان بولۇپ قالدى. ناخشىدا ئەكس ئەتكەن ئۈمىدۋارلىققا تولغان جەڭگىۋار چاقىرىق ئۇلارنى بەكمۇ روھلاندۇرۇۋەتتى. مامۇتخاننىڭ تەرجىمانلىقى بىلەن رۇس مەھبۇسلار بىلەن

ئۇلار ئۇتتۇرىسىدا چۈشىنىش ھاسىل بولۇپ، دوستلۇق ئورنىتىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رۇس مەھبۇسلارمۇ ئاز-تولا ئۇيغۇرچە بىلەتتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مىجەز-خۇلقى بىلەن تونۇش ئىدى. رۇسلار ئۆزلىرىنىڭ پەقەت سوۋېت پۇقرالىرى بولغىنى ئۈچۈنلا قامالغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇلار بىرلىشىپ ناخشا ئېيتقاندا، قوماندان يەن × × ۋە سوۋ سەنمۇلار بىر يەردە تۇرالماي يەرنى تېپىپ ۋارقىرايتتى. مەھبۇسلارنىڭ ناخشا ئېيتىشىنى چەكلەپ باققان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاغزىنى توسۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنىڭغا شىتابتىكىلەرمۇ كۆنۈپ قالدى. ئۇلار مەھبۇسلارنىڭ ئۆزلىرىنى مەنسىتمەيۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇشسىمۇ ئامال قانچە؟ دەپ لەۋلىرىنى چىشلەپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

مامۇتخاننىڭ ئۈمىدۋار بولۇپ كۈرەش قىلىش توغرىسىدا قىلغان سۆزلىرى مەھبۇسلارنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى. كۈنلەر كەينى-كەينىدىن ئۆتمەكتە. مامۇتخان خەلقىمىزنىڭ مىللىي قەھرىمانلىرى نۇزۇگۇم، سادىر پالۋانلارنىڭ دۈشمەنگە تىز پۈكمەس قەيسەر ئىرادىسى ھەققىدە ھېكايە سۆزلەپ بېرىپ، مەھبۇسلارنى تېخىمۇ روھلاندۇردى. مامۇتخاننىڭ ھېكايىلىرى بارانغا ئوخشاش ئازادلىققا تەشنا ئوت يۈرەك ياشلارنىڭ روھىغا ئالاھىدە ئۈمىد ئېلىپ كەلگەندىن تاشقىرى تۆتقىن قىلىنغان سوۋېت پۇقرالىرىنىمۇ ھەيران قالدۇردى.

بۈگۈن مامۇتخاننىڭ تەكلىپى بىلەن مەھبۇسلار سادىر پالۋان قوشاقلىرىنى ئېيتىشقا باشلىدى. گۈندىپايلار كىرىپ بىرقانچە قېتىم ھەيۋە قىلغان بولسىمۇ، توسيالمىدى.

— بىزمۇ ئاخىر ئىشنىڭ ئېپىنى تاپىمىز، — دېدى بارات تەسىرلەنگەن ھالدا.

— شۇنداق، غەيرەت قىلغان ئادەم قىلالمايدىغان ئىش يوق، — دېدى مامۇتخان.

— بىر دانىشمەن كىشى: «دۈشمەننى قورقۇتۇش ئۈچۈن ئۆزۈڭ قورقمىغىن» دەپتىكەن، — دېدى قۇتلۇق.

ئۇنىڭ بۇ سۆزى ھەممەيلەنگە ماقۇل چۈشتى ۋە "ياشا قۇتلۇق" دەپ ۋارقىراشتى.

ئـارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى. مامۇتخان باراتنىڭ بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالغىنىنى كۆرۈپ، ئاستا-ئاستا سۈرۈلۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە غەمخورلۇق ئاھاڭىدا:

— ئولتۇرۇپ قاپسىزغۇ؟ — دېدى.

— ئويلىنىۋاتىمەن، — دېدى باراتمۇ جاۋابەن.

— ئـەگـەردە مـەخـپـىـي بولمىسا مەنمۇ بىلسەم بولامدۇ؟ نېمىنى ئويلاۋاتىسىز؟ قىزچاقنى سېغىنىپ قالدىڭىزمۇيە؟ — دەپ دوستىغا چاقچاق قىلدى ئۇ.

— ھەرگىز مەخپىي ئەمەس. سىزدىن سىر تۇتىدىغان ھېچنەرسەم يوق. بىز تۈرمىدە يېتىپ شۇنچىۋالا ئازاب-ئوقۇبەتكە دۇچار بولساقمۇ يەنىلا ھالال ياشاۋاتىمىز. ئەگەردە بىز مۇشۇ تۈرمىدە ئۆلۈپ كەتسەك، بىز ئۆلگەندىن كېيىن ھېچكىم بىزنى ئەيىبلىيەلمەيدۇ. بىز بىر مەقسەت — ئازادلىق ئۈچۈن ئۆلسەك، بەختلىك ئۆلگەن بولىمىز، شۇنداقمۇ؟

— توغرا، بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئازادلىق، خەلقنى قۇتقۇزۇش، بۇ — ئەڭ ئالىي ئىنسانىي پەزىلەت، ئەڭ ئالىي مەقسەت.

— ئەلۋەتتە شۇنداق، — دېدى بارات ۋە ئېغىزمۇ ئېتىكلەشتى. مامۇتخان سۆھبەتنى داۋاملاشتۇردى.

— ئۆزىمىزنى ئېلىپ ئېيتساق بىزنىڭ ھېچنەرسىدىن تامايىمىز يوق. بىزگە كـېـرىـكى ئازادلىق، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك. بىز ھېچكىمگە زىيانلىق ئىش قـىـلـمىدۇق. ئۆلۈپ كەتسەك توغرا نىيەتلىك كىشىلەر كەلگۈسىدە مۇشۇ تۈرمىلەردە تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىمىز ھەققىدە ئەۋلادلارغا سۆزلەپ بېرەر.

— ئېھتىمال بۇ تۈرمىلەرنىڭ ئورنى باغچا قىلىنىپ، رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كېتەر، — دەپ لوقما سالدى بارات.

— ياكى تىياتىرخانا بولۇپ، كىشىلەر ھەر كۈنى «غېرىب-سەنەم» ۋە

«تاھىر-زوھرا» نى كۆرەر، — دېدى مامۇتخان.

— شۇنداق، ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، — دەپ كۈلدى بارات. باشقىلار بولسا ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇشاتتى. بۇ سۆھبەتتىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھالال ياشاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى. مامۇتخان خېلىدىن بېرى باراتنىڭ كۈلگىنىنى كۆرمىگەنىدى. چۈنكى بارات ئىلگىرى ھەسەن قوشقاچقا بەك ئىشىنىپ كەتكىنى ئۈچۈن ئۆزىنى كەچۈرەلمەيتتى. شۇڭا مامۇتخان باراتنى چىڭ قۇچاقلىدى.

— مەن ئېمىدىكەن بەختلىك ھە؟!...

— ئۇلار شۇ كۈنى مامۇتخان يازغان شېئىرنى رەسمىي تۈرمە ناخشىسى قىلىپ، ئۆزلىرى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىشقا باشلىدى:

ئىنقىلاب قىلىمىز ئەركىنلىك ئۈچۈن،
قۇربان بولۇشتىن قورقمايمىز ئەسلا.
ۋەھشىي، قانخور گومىنداڭچىلارنى،
يوقىتىپ، مەڭگۈ باسىمىز ئالغا!.
ئالغا! ئالغا! چامدايلى ئالغا!
ئۇلۇغ خەلقنى ئازاد قىلىشقا!
.................

## يىگىرمىنچى باب

# «بۆرە»نىڭ پىلانى

بـۆرە بـالـىسى بـۆرە بولـغۇسى،
ئادەملەر بېقىپ ئۆستۇرسىمۇ ھەم.
— شەيخ سەئىدى

سېنتەبىر ئېيىنىڭ باشلىرىدا روزا ھېيت كەلدى. بۇ قېتىمقى روزا ھېيت ئىنتايىن سوغۇقچىلىق ئىچىدە ئۆتتى. ھەممىلا جايدا ئەنسىزچىلىك ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، ئەرلىرى ياكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى سولانغان كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇرىمىدى، قولى ئىشقا بارمىدى. ھەممە ئادەم بۇرۇقتۇرمىچىلىق ئىچىدە قالدى. ھېچكىم ھېچكىمنىڭ ئۆيىگە بارالمايتتى، بېرىشتىن قورقاتتى. ئېغىز ئېچىپ گەپ قىلىشتىن تېخىمۇ قورقاتتى. راستىنى ئېيتقاندا كىشىلەر بىر-بىرىگە ئىشەنمەيتتى. يېنىدىن ئۆتكەن ھەرقانداق ئادەمنى «ئىشپىيونمىكىن» دەپ گۇمان قىلاتتى.

بۇ يىلقى روزا ھېيت بۇرۇنقى ھېيتلارغا زادىلا ئوخشىماي قالدى. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ياغ پۇرىتىپ، ساڭزا سېلىپ ھېيت ئۆتكۈزۈشكە قۇدرىتى يەتمەي

قالدى. ئۇلار پەقەت تۇپراق بېشىغا چىقىپ، ئۆلگەن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ نالە-پەرياد قىلىش بىلەنلا كۇپايىلەندى. بۇ كۈنى چوڭ مەسچىت قوراللىق ئەسكەرلەرنىڭ قورشاۋىدا قالدى. ئەسكەرلەر مەسچىتكە يانداش بولغان ساقچى ئىدارىسى ۋە تۈرمە سېپىلىنىڭ ئۈستىگە ئېغىر پىلىموتلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، جامائەتكە قارىتىپ قويدى. سېپىل كۆنگۈرىلىرىدىن چىقىپ تۇرغان پىلىموتلارنىڭ ئۆلۈم چاچقۇچى قاپقارا ستۋوللىرىنى كۆرگەن خالايىق ئەنسىزچىلىكتە چۆچۈپ، نامازنى ئالدىراپلا ئوقۇدى-دە، ئىمامنىڭ دۇئا قىلىشىغىمۇ قارىماستىن بىر-بىرىنى ئىتتىرىشىپ بۇ يەردىن كېتىشكە ئالدىرىدى. ھەر يىلى مىڭ-مىڭ ئادەم بىلەن توشۇپ كېتىدىغان كوچىلار بىردىنلا چۆلدەرەپ قېلىپ، ھەربىر ھېيتتا خېلى ئوبدان ئاپاۋەت قىلىۋالىدىغان ئاشپەز، ناۋاي، دىۋانە، باققاللار چىۋىن قورۇپ ئولتۇرۇپ قېلىشتى.

روزا ھېيتنىڭ 3-كۈنى يامۇلنىڭ ئىچىدىكى كۆلۈبقا جوزا-ئورۇندۇقلار قويۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپئاق داستىخانلار سېلىندى. داستىخانغا پېتىر قاتلىما، توقاچ، سامسا، لىگەن-لىگەندە پاقلان گۆشى، تۇخۇم، قەن-ناۋات، قارىمۇچ، زىرە قاتارلىق دورا-دەرمانلىرى يىراقتىنلا پۇراپ تۇرىدىغان تونۇر كاۋىپى قويۇلماقتا ئىدى. كۆلۈبنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى دەرەخ ئاستىدا ئۇستا ئاشپەز ئوسمانجان بىلەن ئىسكەندەر قوزا گۆشى ۋە لازا باسقان "ئۆرگەنچ پولۇ"سى ئەتمەكتە ئىدى. ھەر خىل ھۆل-قۇرۇق مېۋىلەر ۋە قوغۇن-تاۋۇزلار قويۇلۇپ، جوزىدا پىيالە قويغۇدەكمۇ جاي قالمىغانىدى. ھۆكۈمەتكە "ئىشەنچلىك" دەپ تونۇلغان خىزمەتچىلەر مېھمان كۈتۈشكە مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلارغا سادىق يىجاڭ بىلەن مۇدۇسا قىسقا-قىسقا بۇيرۇقلارنى بېرىپ، كەم نەرسىلەرنى تولدۇرۇپ تۇرۇشاتتى.

بۈگۈن روزا ھېيت بولۇشىغا قارىماي، يامۇلدىن "بىر چىنە چايغا" دېگەن تەكلىپنامىنى ئالغان، بېشىغا كەمچەت تۇماق كىيگەن تەكەببۇر بەگلەر، يوغان سەللىلىك ئاخۇنلار، قاما تۇماق ياكى بادام دوپپا كىيىپ بېلىنى كەشتىلىك

شايى ياغلىق بىلەن باغلىغان بايلار، خۇددى ئاپتاپپەرەسكە ئوخشاش بىر كۆندە نەچچە خىل ئۆزگىرىدىغان، قىسقا ساقال قويۇپ، قولىغا قامچا تۇتۇپ يۈرىدىغان باۋچاڭلار، ئىش قىلىپ "يۇرت چوڭلىرى"نىڭ ھەممىسى ئاش ۋاقتى بولۇش بىلەن يامۇل دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا بىردىن-ئىككىدىن پەيدا بولۇپ، دەرۋازا ئالدىدىكى ساقچىدىن چاينىڭ قەيەردە ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى سوراپ، كىدەيگەن قىياپەت بىلەن كۆرسىتىلگەن جايغا قاراپ ماڭماقتا ئىدى. شۇ چاغدا مۇدۇسا قاسىم شۇڭگۇەننى چاقىرىپ مىھمانلارنى "كۈتۈۋېلىش"قا بۇيرىدى. چۈنكى "چاي"نىڭ مەخپىيىتىنى ساقلاش زۆرۈر ئىدى.

— يات ئادەم كىرىپ قالمىسۇن، دىققەت قىلىڭ، — دەپ تاپىلىدى مۇدۇسا.

ئۇلۇغ ئاش ۋاقتى مەھەللىدە ھەممەيلەن يىغىلىپ بولدى. سەھنىنىڭ ئالدىغا بىر ئالاھىدە ئورۇن راسلانغان بولۇپ، ئۇ يەرگە قوماندان يەن × × ، ناھىيىلىك پىرقىنىڭ شۇجىجاڭى يى خۇيمىن، بىرىنچى يىل بۇرۇن ئىچىدىن تەيىنلىنىپ كەلگەن ھاكىم شى يەنجو[1] ،ساقچى باشلىقى لوشەنزىڭ، ئۇلارنىڭ يېنىغا ساقچىنىڭ خۇيزۇ شۇڭگۇەننى ماسەي تەرجىمان سۈپىتىدە جايلاشتى. ئۇلارغا يېقىنلا جايدا ئۇلۇغ تەرەپتە سادىق موللا (يىجاڭ) بىلەن ئالاھىدە ئاتىلىق ئەسكەرلەر لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى خالىيەنجاڭ (مەھەممەتخان) ئولتۇردى. كۆلۈمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاتىرىسىغا قويۇلغان جوزىلارنى چۆرىدەپ "چاي"غا كەلگەن يۇرت كاتتىلىرى ئولتۇرۇپ، ئالدىغا قويۇلغان نەرسىلەرنى ئاچكۆزلۈك بىلەن يېيىشمەكتە ئىدى. سادىق موللا ساھىبخان سۈپىتىدە مىھمانلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، تارتىنماي چوڭ-چوڭ ئېلىشنى تەكلىپ قىلىپ تۇراتتى. مىھمانلار يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، سادىق موللا يى خۇيمىننىڭ ئالدىغا بېرىپ كۇسۇرلاپ بىر نەرسە دېگەندى، يى خۇيمىن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

---

[1] شى يەنجو — 1946-يىلى 3-ئايدا ھاكىم بولۇپ كەلگەن. ئۇ، كېلىپلا سىياسىي بېسىمنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ساقچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈرگەن. كونا قوزغىلاڭچىلار، ئەسكەر بولغانلار، ئوۋچىلارنى قايتا تىزىملاپ، ئۇلارنى قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئالغان.

شۇنىڭدىن كېيىن سادىق موللا نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن سەھنىنىڭ كەينىدىكى جىياڭ جيېشىنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتىگە تەزىم قىلغاندىن كېيىن ئۆز نۇتۇقىنى باشلىدى.

— جانابى بەگلەر، ئاخۇنۇملار ۋە مۇشۇ چاي زىياپىتىگە قاتناشقان بارلىق يۇرت كاتتىلىرى، بۈگۈنكى بۇ كىچىككىنە "چاي" زىياپىتىنى يۇرتىمىزنىڭ ئانىسى، ناھىيىلىك پىرقىنىڭ شۇجىجاڭى يى خۇيمىن جانابلىرىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ناھىيىلىك پىرقە ۋە سەنيىخۇي بىرلىكتە ئۆتكۈزدى. يېقىندا ناھىيىمىزدە يۈز بەرگەن ۋەقە ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلدى. ھەممىمىز دۆلەت ۋە پىرقىگە سادىق كىشىلەرمىز. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، سولانغانلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىمىزنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بار. ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ھەربىرلىرىنى بۇ يەرگە تەكلىپ قىلدۇق. بىز مۇسۇلمانلارغا دۆلەت ۋە پىرقە ناھايىتى غەمخورلۇق قىلدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي مامۇتخان باشچىلىقىدىكى بۇ ئىسيانچىلار "ئىلى ئوغرىلىرى" بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بولشېۋىكلارنى يۇرتىمىزغا باشلاپ كېلىپ، مال-مۈلكىمىزنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ دىنىمىزنى يوقىتىپ، خوتۇن-قىزلىرىمىزنى ئۇلارغا تارتۇق قىلماقچى بولۇشتى ئۇلار بۇنىڭدىن 25— 26 يىل بۇرۇن ئۇلۇغ بۇخارائى شېرىپنى ئاياغ ئاستى قىلغىنىدەك، بىزنىمۇ ئاياغ ئاستى قىلماقچى. چۈنكى ئۇلارغا جىنلار ياردەم بەرگەندى. بىز بولساق بەكمۇ ئېغىر زاماندا ياشاۋاتىمىز، — دەپ ئېغىر خۇرسىنىپ قويدى. ئولتۇرغانلار ئىچىدە تەرەپ-تەرەپتە گۇدۇڭلاشقان غۇلغۇلا ئاۋاز ئاڭلىنىشقا باشلىدى. سادىق سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — جانابى بەگلەر ۋە ئاخۇنۇملار، مەن كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. قۇرۇق گەپتىن نېمە پايدا؟! ئەڭ ياخشىسى بولشېۋىكلارنىڭ قىلمىشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەر بىزنىڭ ئارىمىزدا ئولتۇرۇپتۇ. شۇلار سۆزلەپ باقسۇن. قېنى غاپۇرجان[1] ئاكا، سىز بېشىڭىزدىن ئۆتكەنلەرنى بىر سۆزلەپ بېقىڭا! يۇرت چوڭلىرى ئاڭلاپ

---

[1] غاپۇرجان — بىلىمچى، ئۆزبېك، تاشكەنتلىك. 30-يىللاردا شىنجاڭغا قېچىپ چىققان. 40-يىللاردا چاقىلىقتا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. 1957-يىلى ئۆزى كېلىپ ئۆز يۇرتىغا ئېلىپ كەتكەن.

باقسۇن.

— ئۇبدان، — دەپ ئاپئاق كەكە ساقال، پاكار بويلۇق ۋە توغرىلىق كەلگەن قېرى باسمىچى ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ چوققىسىغا قوندۇرۇۋالغان سەللىسى غەلىتە كۆرۈنەتتى. چاپاق كۆزلىرى ياشاڭغىراپ تۇراتتى.

— ئولتۇرۇپ سۆزلەۋېرىڭ، — دېدى سادىق موللا.

غاپۇرجان بىر ھەپتىدىن بۇيان سادىق موللا تەرىپىدىن يادلاتقۇزۇلغان سۆزلەرنى تولۇق ئۆزبېكچە تەلەپپۇز بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى. بەزى قارا قوشۇنلۇقلار ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تولۇق ئۇقالمىدى.

— مەن ئەسلىدە تاشكەنت شەھىرىنىڭ قورغان تېگى مەھەللىسىدىن. ئاتام چوڭ ئۆلىما ئىدى. بىزنىڭ تاشكەنت ئەتراپى، پەرغانە ۋە مەرغىلانلاردا نۇرغۇن يەر سۇيىمىز بار ئىدى. بىز بىر ئاتىدىن ئۈچ قىز، ئىككى ئوغول ئىدۇق. ئاكام يەر زېمىنلىرىمىزنى باشقۇراتتى. مەن يېڭى شەھەردە چوڭ گەزمال دۇكىنى ئاچقانىدىم. ئاق پادشاھ ئالىيلىرىنىڭ مەرھەمىتى بىلەن تۇرمۇشىمىز ناھايىتى باياشات ئۆتكەنىدى. لېكىن بۇنىڭدىن 28 يىل بۇرۇن بولشېۋىكلار كەمبەغەل يالاڭئۆشلەرنى قۇترىتىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئاق پادشاھنى ئاغدۇرۇۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بايلارنىڭ كۈنى تۈگىدى. پۈتكۈل مال-مۈلكىمىزنى گادايلار تارتىۋالدى، مەسچىت-مەدرىسلەرنى چاقتى، قۇرئان، كىتابلارنى كۆيدۈردى، خوتۇن-قىزلارنى بولشېۋىكلار تارتىۋالدى. ئاتامنى ئۆلتۈردى. شۇ چاغلاردا مۇنداق بىر ناخشا چىققانىدى:

ئاق پادشاھ ۋاقتىدا شىرمان ئىدى نانىمىز،
بولشېۋىكنىڭ ۋاقتىدا كۈنجىرە بولدى ئاشىمىز.
ئاق پادشاھ ۋاقتىدا ئامېرىكان ئىدى مەيسىمىز،
بولشېۋىكنىڭ ۋاقتىدا مايماققا كەتتى كەشىمىز.

— يا پەرۋەردىگارىم، — دېدى ئاردىن بىرەيلەن، — خۇدا ئۆز پاناھىڭدا

ساقلىغايسەن.

سادىق موللا بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىچىدە خۇشال بولدى. غاپپۇرجان سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مەن جان ئەپقېچىپ شىنجاڭغا كېلىپ (ئۇ باسمىچى بولغىنىنى يوشۇردى) قەشقەر، غۇلجىلاردىمۇ تۇرماي ئەڭ يىراق بولغان مۇشۇ جايغا كېلىۋالدىم. ئاكام بولسا بۇخارادا ئەمىر ئالىمخاننىڭ نائىبى ئىبراھىم بەگ بولشېۋىكلارغا قارشى غازات قىلغاندا، شۇ غازاتقا قاتنىشىپ، نۇرغۇن مۇسۇلمانلار دىنىي ئىسلام يولىدا شېھىت بولغانلىقتىن، ئاكام ئىبراھىم بەگ بىلەن ئافغانىستانغا كەتتى. سىڭىللىرىمنى بولشېۋىكلار تارتىۋالدى، — دەپ غاپپۇرجان سۆزىنى ئاياغلاشتۇردى ۋە چاپاق كۆزلىرىنى يېڭىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈپ قويدى.

شۇ چاغدا بېشىدا قازاندەك سەللىسى بار، ئورا كۆز، ئىلمەك بۇرۇن، ئۆچكە ساقال، دورداي كالپۇك بىر موللا سوراپ قالدى:

— خۇدانىڭ نەزىرى تەگكەن بۇخارائى شېرىپقا بولشېۋىكلار قانداق كىرەلىدىكىن؟

— بولشېۋىكلارغا جىنلار ياردەملەشتى. بۇخارانىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەردى، — دېدى سادىق موللا چۈشەندۈرۈپ.

— يا ھەزرەت، خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىغايسەن كەلىمىئى شاھادەت... — دەپ ئورا كۆز موللا شاھادەت ئوقۇدى، — بۇ خۇددى يېزىتلارنىڭ كەربالادا ھەزرىتى رەسۇلللانىڭ نەۋرىلىرىنى شېھىت قىلغىنىدەك ئىش ئىكەن-دە؟!

— بەرھەق داموللام، — دېدى سادىق موللا. ئۆز سۆزىنىڭ سادىق موللىغا ياقىقانلىقىنى كۆرۈپ، ھېلىقى ئورا كۆز موللا خۇشاللىقىدىن ھجىيىپ ئېغىزلىرى كالچىيىپ كەتتى.

ھاشىم داموللا دەپ ئاتالغان بۇ ئادەم، ئارانلا قۇرئان ساۋادى بار كىرىيىلىك مەشھۇر ئوغرى بولۇپ، شامەنسۇرنىڭ ۋاقتىدا بىرقانچە قېتىم

ئوغرىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئوشۇقى چېقىلغان، ساقايغاندىن كېيىن ئۇ يەردە تۇرالماي بۇ يەرگە قېچىپ كەلگەن. بۇنىڭدىن 4 — 5 يىل بۇرۇن بىر موللا بىلەن تونۇشۇپ، كۆز ۋاقتىدا يايلاقلارغا سەدىقە سوراپ ماڭغان. چارۋىچىلارنىڭ يېنىغا بارغاندا بۇنىڭ شېرىكى ئالدىدا بېرىپ "داموللام كەلدى" دەپ خەۋەر قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ دامولla ئاتىلىپ قالغانىدى.

غاپۇرجاننىڭ سۆزى ئاياغلاشقاندىن كېيىن يەنە سادىق موللا سۆزلەشكە باشلىدى:

— جانابى بەگلەر، ئاخۇنۇملار، ھەممىلىرى غاپۇرجان ئاكامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاشتىلا. بۇ يەردىكى ئىسيانچىلار "ئىلى ئوغرىلىرى" بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بولشېۋىكلارنى باشلاپ كەلسە بىزنىڭ قانداق كۈنگە قالىدىغانلىقىمىزنى ھەممىلىرى چۈشىنىشتىلە. ئۇنداق كۈنلەرنى خۇدا كۆرسەتمىسۇن. بىز بولساق مۇشۇ يۇرتنىڭ چوڭلىرى، ئويلىشىپ كۆرەيلى! بۇ ئىسيانچىلارغا قانداق چارە قوللانغىنىمىز تۈزۈك؟... — دەپ سادىق موللا سۆزىنى ئاياغلاشتۇردى.

— جامائەت مېنىڭ بىر تەكلىپىم بار، — دېدى ئورا كۆز موللا ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — مېنىڭچە دىنىمىزغا ئاسىيلىق قىلغان بۇ جىدىتلارنى ئۆلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىمەن.

ھاشىم داموللىنىڭ تەكلىپى سەھنىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا ناھايىتى ياقتى. ئۇلار بىر-بىرىگە قاراپ ھىجىيىشىپ، ھاشىم داموللىغا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. لېكىن كۇلۇبنىڭ ئىچىدە ۋاراڭ-چۇرۇڭ كۆچىيىپ كېتىپ، سادىق موللا كىشىلەرنى تەسلىكتە تىنچلاندۇردى. ئارقىدىن بىرنەچچەيلەن سۆز قىلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھاشىم داموللىنى قوللىدى، يەنە بەزىلىرى سولانغانلار ياش، بىر مەزگىل سولاقتا ياتسا گۇناھىغا تۆۋە قىلىپ، پۇشايمان قىلار دېيىشتى. مۇشۇنداق تالاش-تارتىش خېلى ئۇزاق داۋام قىلدى. ئاخىرىدا يى خۇيمىن سادىق موللىغا كۆز ئىشارىسى قىلغانىدى، سادىق موللا ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— جانابى بەگلەر ۋە ئاخۇنۇملار، بۇ يەردە ياقسام تۇتارمۇ؟ كۆمسەم پىشارمۇ؟ دېيىش ھاجەتسىز. بۇلار دۆلەت ۋە پىرقىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بالايى قازا. بۇ ئىمانسىزلار بولىدىكەن، بىزگە بىر كۈنمۇ ئارامچىلىق يوق. ئۇلارنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىدىن بىزگە بىر ئەجەل ئۈنىدۇ.

— ئاھ خۇدا، بۇ قىيامەت كۈنىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر، — دېدى ھاشىم داموللا يىغلامسىراپ، — بۇ ئىمانسىز جېدىتلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى يەنە بىر قېتىم تەلەپ قىلىمەن. كىمكى بۇنىڭغا قوشۇلمىسا، شۇ كىشىنىڭ ئۆزى كاپىر، خوتۇنى تالاق...

— ھاي، ھاي، — دېدى بىر قاڭرۇق ئاۋاز، — گەپنى چايناپراق قىلسىلا دامولام.

بۇ گەپتىن پۈتۈن زال ئىچى خۇددى ھەرە ئۇۋىسىدەك ۋاژىلداپ كەتتى. ھەممە ئادەم شۇ چاغقىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئولتۇرغان ئابلىز قازى ئاخۇنۇمغا قاراشتى. لېكىن ئۇ كىشى ھېچ ئىش بولمىغاندەك بەخىرامان ئولتۇراتتى. شۇ چاغدا يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئەڭ مۆتىۋەرى ئېزىز ھاجى[1]:

— قېنى قازى ئاخۇنۇم بىلەن مەنسۇر دامولام شەرىئەتكە بىنائەن بىر نەرسە دەپ باقسۇن، شەرىئەتتە گۇناھكارلارغا قانداق پەتىۋا باركىن؟! — دېدى.

ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئىككى ئۆلىماغا تىكىلدى. ئابلىز قازى ئاخۇنۇم[2] مەنسۇر دامولىغا قارىغانىدى، مەنسۇر دامولام بۇ ئادەملەرنى كۆرمىگەندەك يەرگە قاراپ چىشىنى كولاپ ئولتۇراتتى. شۇڭا جامائەتكە ئ چ زى جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ يۇمىلاق يۈزى قىزىرىپ، كالتا ساقىلى تېخىمۇ قىسقىراپ كەتكەندەك بىلىندى.

— پادىشاھنىڭ ئەمرىنى تۇتۇش ھەربىر مۇسۇلمانغا ۋاجىپتۇر، لېكىن

[1] ئېزىز ھاجى — قۇرۇچۇل بەگلىرىدىن كونا چىققان بەگنىڭ ئوغلى. گومىنداڭ كەلگەندىن كېيىن پۈتۈن ناھىيىگە بەگ قىلىپ تەيىنلەنگەن. شۇ ئۆزگىرىشتىكى يىغىندىن كېيىن بەگلىك مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلانغان.

[2] ئابلىز قازى ئاخۇنۇم — (1904 — 1954) تەرەققىپەرۋەر دىنىي زات. ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ئولتۇرۇپ قازى بولغان. يۇرت ئىچىدە تەسىرى چوڭ. ئۇمۇمنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ئۆلىما.

پەرز ئەمەس، — دەپ ئۇ ھاشىم داموللىغا قاراپ قويدى، — سولانغانلارنىڭ گۇناھىنى بىزدىن ھۆكۈمەت ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلارنى "ئىسيانچى" دېسەكمۇ تېخى "ئىسيان" بولغىنى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرىئەت مۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن پەتىۋا بېرەلمەيدۇ. شۇڭا ئويلىنىپ ئىش قىلغان ياخشى. بىزدىنمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر بار. شۇلارغا مەلۇم قىلىپ باقساق. شۇلار بىر نەرسە دەپ باقسۇن. ئۆزىمىزچىلا يەتمىش-سەكسەن ئادەمنى ئۆلتۈرسەك ئۇلار چۈشەن ئەمەستە، قانداق دېدىم مەنسۇر داموللام؟!...

— راست گەپنى قىلدىلا قازى ئاخۇنۇم، — دېدى مەنسۇر داموللام، — قاراپ تۇرۇپ يالغان پەتىۋا چىقارساق، قىيامەت كۈنى مەھشەرگاھتا نېمە دەيمىز؟!...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن يېنىك نەپەس ئالدى. زالدا غۇلغۇلا كۆچىيىپ كەتتى. ئابلىز قازى ئاخۇنۇم بىلەن مەنسۇر داموللىنىڭ سۆزلىرىنى تەرجىمان ئارقىلىق ئۇققان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى غەزەپتىن ئۆزلىرىنى ئارانلا تۇتۇپ قالالىدى.

— قېنى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى سادىق يىجاڭ، — ھاشىم داموللامنىڭ دېگىنىدەك قىلىمىزمۇ؟ ياكى ئابلىز قازى ئاخۇنۇمنىڭ دېگىنىدەك قىلىمىزمۇ؟

كىشىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى ئابلىز قازى ئاخۇنۇمنىڭ پىكرىنى قوللاشتى. ھاشىم داموللام يەردىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. ئۇلارمۇ شۇ يەردىلا ئەرز يېزىپ، ھەممەيلەن قول قويۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە سۇنماقچى بولۇشتى. يۇرت چوڭلىرى پېشىن نامىزى ئوقۇشقا ماڭدى. سادىق موللا بۇرۇنلا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئەۋەتىش ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان ئەرز كۆپىيىسىنى چىقىرىپ كۆچۈرۈشكە باشلىدى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە!

ھۆرمەت بىلەن ئەرز:

بىز ×× ناھىيىسىنىڭ يۇرت چوڭلىرى، شۇل توغرىلىق ئەرز قىلىمىزكى: ناھىيىمىزنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى مامۇتخان باشچىلىقىدىكى بىر بۆلۈم ئىنسيانچىلار «ئىلى ئۇيغۇرلىرى» بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، بولشېۋىكلارنى يۇرتىمىزغا باشلاپ كېلىپ، بىزنىڭ مال-مۈلكىمىزنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ، دىنىمىزنى يوقاتماقچى بولۇشتى. ھېلىمۇ خۇداغا شۈكرىكىم، بۇ ئىنسيانچىلار ئۆز ۋاقتىدا تۇتۇلۇپ، دۆلەت ۋە پىرقىنىڭ بىخەتەرلىكى ساقلاپ قېلىندى. بۇنىڭدىن كېيىن دىنىمىزنىڭ تېخىمۇ راۋاج تېپىشى، يۇرتىمىزنىڭ ئاۋات بولۇشى ئۈچۈن بۇ ئىنسيانچىلارنى ئۆلتۈرۈپ («ئۆلتۈرۈپ» دېگەننى قاتتىق جازالاپ دەپ ئوقۇدى) يۇقىرىلارغا ئىبرەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلىمىز.

مىنگونىڭ 35-يىلى 9-ئاينىڭ 7-كۈنى

ئېھتىرام بىلەن ئەرز قىلغۇچىلار: ×××

بۇ ئەرزگە يۇرت چوڭلىرىدىن ئېزىز ھاجى، پولات ھاجى، ئىمىن بەگ، يۇسۇپبەگ، ئابلىز قازى يۇسۇپ ئەلەم قاتارلىق ئەللىك يەتتە كىشىنىڭ ئىسمى يېزىلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قول قويىدى. ئابلىز قازى ئاخۇنۇمغا «قازىلىق تامغىلىرىنى بېسىپ بەرسىلە» دېگەنىدى، ئۇ كىشى ئۇنىمىدى. مەنسۇر داموللام بىلەن ئېزىز ھاجى ھەتتا بارماقمۇ باسمىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى ھۆكۈمەت «چوڭلىرى»نى بەكمۇ خاپا قىلدى.

— ھەي سادىق موللا، — دېدى ئېزىز ھاجى، — باياتىن ئابلىز قازى ئاخۇنۇم تېخى ئىنسان بولغىنى يوق دېسە، سەن يەنە «ئىنسيانچى» دەپسەن، بۇ قانداق گەپ؟ ھەي تۈزكور.

— بۇ يېرىنى ئۆزگەرتىپ قويااي ھاجىم، — دېدى سادىق موللا ھىيلىگەرلىك بىلەن

مۇشۇ «چاي» زىياپىتىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ساقچى باشلىقى لوشەنزېڭ بىلەن جاڭ بىگزەي ئون نەپەر ئەسكەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە ھېلىقى ئەرزنى ئېلىپ ۋىلايەتكە يۈرۈپ كەتتى. ھەربىي شتاب ساقچى ئىدارىسىنى

ساقلاشقا بىر پىلموتچىلار ئەترىتىنى ئەۋەتتى.

⁂ ⁂

بازار مەسچىتىنىڭ كوچا تەرەپتىكى تېمىغا يانداش سېلىنغان تار سۇپىدا تۆت-بەش ئادەم نامازشام بولۇشىنى كۈتۈپ، ئۆزئارا ھەر خىل تېمىلاردا سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلاردىن بىرسى يېنىدىكى كىشىدىن سورىدى:

— سىلىنىڭ قوشنىلىرى — مەنسۇر داموللام كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ئۇ كىشى ئاغرىپ قالمىغاندۇ؟!

— سىلى ئاڭلىمىدىلىمۇ؟ ئۇ كىشىنى تۈنۈگۈن كېچە ساقچىلار تۇتۇپ كېتىپتۇ.

— تۇتۇپ كېتىپتۇ؟ — ياندۇرۇپ سورىدى ھېلىقى كىشى، — نېمە ئۈچۈن؟

— نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى كىم بىلسۇن دەيلا. ئېزىز ھاجىنىمۇ بەگلىك مەنسىپىدىن ئېلىۋېتىپتۇ، ناھىيىلىك پىرقىدىن "ھاجى سىز قېرىپ قالدىڭىز، ئارام ئېلىڭ" دەپتىمىش.

— مەنسۇر داموللام بىلەن ئېزىز ھاجىم سولاقتا ئېلىنغانلارنى ئۆلتۈرۈشكە قوشۇلمىغانمىش. شۇڭا ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلارغا ئاچچىقى كېلىپ قاپتۇ، — دېدى شۇ يەردە ئولتۇرغان بىر ناۋاي.

— توۋا خۇدايىم، — دېدى ھېلىقى ئادەم، — لىللا گەپ قىلغان يامان ئىشمۇ؟ ئەمدى باللىرىمىزنى كىممۇ ئوقۇتار؟

— كىم ئوقۇتاتتى؟ — دېدى مەنسۇر داموللىنىڭ قوشنىسى، — ھاشىم داموللا ئوقۇتامدۇ، ئۇنى مەكتەپكە دىنىي دەرس ئوقۇتقۇچىسى، مەدرىسكە مۇدەررىس قىلىپ تەيىنلەپتۇ. ئابدۇل توڭگۇزنى چوڭ مەسچىتكە شەيخ قىپتۇ.

— ئاشۇ ھاراقكەش ئىمانسىزنىما؟ توۋا خۇدايىم، — دەپ ھەممىيلەن ياقىسىنى تۇتتى.

— ئاشۇ نائەھلى ئوغرىنى مۇدەررىس قىلىپتىما؟ مەدرىسكە ئوقۇشقا بەرگەن قىزلار يىغلاپ بارغىلى ئۇنىمايۋاتسا، ئۇ قىزلارغا ئەدەبسىزلىك قىلىپ، ئاشۇ نارەسىدە قىزلارنى بىزار قىلىۋاتسا، — دېدى دەسلەپتە مەنسۇر داموللىنى سورىغان ئادەم.

— ھەي ئاستاراق، ھاشىم داموللا كېلىۋاتىدۇ، — دېدى بىرىمىلەن. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن جىمجىت بولۇشتى ۋە ھاشىم داموللىنى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇردى.

※ ※

مەنسۇر داموللا مەكتىلىك بولۇپ، بىر پېقىر ئۆلىمانىڭ يالغۇز ئوغلى ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى ئۆز زامانىسىغا لايىق خېلىلا ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولۇپ، ياش چاغلىرىدا بۇخارانىڭ "مىر ئەرەب" مەدرىسىدە ئوقۇغان. ئۇ يالغۇز ئوغلىنى كىچىكىدىلا ئۆزى يېتىشەلمىگەن ئىلىم مەنزىلىگە باشلىدى. دەسلەپتە ئوغلىنى مەكتتە، كېيىنچە قەشقەردىكى "خانلىق مەدرىسە"دە ئوقۇتتى. ئۇنىڭ ئوغلى شۇ چاغلاردىلا ئۆزىنىڭ تالانتىنى نامايەن قىلىپ، ساۋاقداشلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. دادىسى ياش مەنسۇرنى يوقلاپ كەلگەندە كىشىلەر ئۇنى يەنىمۇ كۆپرەك ئوقۇتۇشنى تەلەپ قىلىشتى. بىچارە ئۆلىما ئۆز ۋاقتىدىكى "مىر ئەرەب" مەدرىسىدىكى بۇزۇقچىلىقلارنى خىيال قىلىپ، ئوغلىنى بۇخاراغا ئەۋەتمەي، بىر تونۇشى ئارقىلىق كارۋانلار بىلەن ئافغانىستاننىڭ بەدەخشان شەھىرىگە ئەۋەتتى. بەدەخشاندىكى ئوقۇش ياش مەنسۇرنى قانائەتلەندۈرەلمىدى، ئۇنىڭ بۇخاراغا بارغۇسى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلى بولغاچقا، روسىيە چېگرىسىدىن ئۆتەلمىدى. شۇنداقلا ئورغۇنلىغان بۇخارالىقلارنىڭ ئىراندا ئوقۇيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ تېھرانغا كەتتى. تېھران مەدرىسلىرىنىڭ بىرىدە تۆت ئاي تۇرغاندىن كېيىن ئۇ بىر كۈنى كوچىدا بىر ئۇيغۇر سودىگەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بۇ سودىگەر تاۋرىزدا تۇرۇشلۇق بولۇپ، ياش مۇساپىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئەھۋالىغا ئېچىندى ۋە ئۇنىڭغا:

— بۇ يەردىن تاۋرىز ياخشى، ئەرزانچىلىق، ئادەملىرى سېخىي، تۈركىي تىلدا سۆزلەيدۇ. مۇساپىرلارغا ياخشى قارايدۇ، شۇ يەرگە كېتەيلى، — دېدى.

سودىگەرنىڭ تەكلىپى مۇساپىر ئوقۇغۇچىغا يېقىپ قالدى ۋە ئۆزىنىڭ بىر تۇغقىنىنى كۆرگەندەك بولدى. سودىگەر مەنسۇرنى تاۋرىزدىكى مەشھۇر مەدرىسلەرنىڭ بىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى ۋە تۇرمۇشىغا ئاز-تولا ياردەم بېرىپ تۇردى. مەنسۇرمۇ تۇرمۇشىنىڭ ناچار يوللىرىدىن ئۆزىنى تارتتى. ئىلىمگە قاتتىق ئىشتىياق باغلاپ پارس، ئەرەب ئەدەبىياتى ۋە دۇنياۋى ئەدەبىياتنى چوڭقۇر ئۆگەندى. بۇ ئىراندا جەدىتىزم (دىنىي ئىسلاھاتچىلىق) ھەرىكىتى تازا تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋە 1907 — 1909-يىللاردىكى بۇرژۇئا ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ئىسلاھات باشلانغان دەۋر ئىدى. مەنسۇر كۈندىلىك دەرستىن بوشىغان چاغلىرىدا جەدىتىزم ۋە بۇرژۇئا ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى بىلەن تونۇشۇپ چىقتى. تاۋرىز ۋە تېھراندا نەشر قىلىنغان گېزىت-ژۇرناللارنى كۆرۈپ تۇردى.

ئوقۇشىنىڭ ئۈچىنچى يىلى جەنۇبىي ئەزەربەيجاندا شەيخ مۇھەممەت خىيابانى رەھبەرلىكىدە ئەزەربەيجان خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشى پارتلىدى. مەنسۇر ئەزەربەيجان دېموكراتلىرىنىڭ كۆپ قېتىملىق نۇتۇقلىرىنى ئاڭلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاستا-ئاستا ئەزەربەيجان ئىنقىلابى بىلەن تونۇشۇپ چىقتى. لېكىن جەنۇبىي ئەزەربەيجاندىكى ئىنقىلاب مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، ئەنگلىيىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ئىران ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى قاتتىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى. ئىنقىلاب دەۋرىدە ئەزەربەيجان ۋە ئىرانلىق جەدىتلار بىلەن بىللە بولغان مەنسۇر تاۋرىزدىن قېچىپ چىقتى. ئۇ ھىراتقا كېلىپ ناۋائىينىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلماقچى بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان بۇخارالىق جەدىتلار بىلەن تونۇشتى ۋە ئەمىر ئالىمخاننىڭ (بۇخارا ئەمىرى) دىنىي بايراق ئاستىدا ئېلىپ بارغان زۇلۇملىرى ۋە بۇزۇقچىلىقلىرى ھەققىدە كۆپلىگەن شىكايەتلەرنى ئاڭلىدى. بۇخارا جەدىتلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرى ئۇنىڭغا خېلىلا تەسىر كۆرسەتتى.

ئۇ مەكتىكە كەلگەندە ئاتا-ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، كىشىلەردىن مەشھۇر ئالىم ئابدۇقادىر داموللا بىننى ئابدۇۋارىس قەشقىرىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ

كۆرۈشۈپ كېلىش ئۈچۈن قەشقەرگە باردى. ئابدىقادىر داموللا ياش تالىپنىڭ ئەتراپلىق چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۇنى "خانلىق مەدرىسسە"گە تەكلىپ قىلدى. مەنسۇر داموللا ئالىمنىڭ "خانلىق مەدرىسسە"دىكى تايانچلىرىدىن بولۇپ قالدى. ئۇلار بىرلىكتە دىنىي نىقاب ئاستىدىكى مۇتەئەسسىپلىكنى قاتتىق سۆكتى. لېكىن موللىلار ئۇلارنى كۆرەلمىدى.

مەنسۇر داموللا قەشقەردە ئابدىقادىر داموللا تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان جاھانگىرلىككە قارشى ھەرىكەتنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بولۇپ قالدى. ئۇ ئابدىقادىر داموللا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، يەركەنگە قېچىپ كەتتى. لېكىن ھەممىلا يەردە "قازاننىڭ قۇلىقى تۆت" بولۇپ چىقتى. ئۇزاققا قالماي بۇ يەرگە قېچىپ كەلدى. بۇ يەردە ئۇ خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولدى. يۇرت ئۇنى ئۆيلەپ قويدى. مەدرىسكە كىرىشكە ئۇنىماي، باشلانغۇچ مەكتەپتە دىنىي دەرس ئوقۇتقۇچىسى بولدى. ئويۇن-تاماشا، چاقچاقتىن قالمىدى. موللىلار ئۇنىڭ كەينىدىن:

— "ھەممە ئىشنى موللا بىلىدۇ. موللا قويۇپ كۆلگە سىيىدۇ" دېگەن شۇ، بەش ۋاق ناماز ئوقۇغان بىلەن روزا تۇتمايدۇ. ئويۇن-تاماشىدىن قالمايدۇ،

— دەپ غەيۋەت قىلىشتى.

— بۇ مەنسۇر داموللا ئەمەس، مەنسۇر ئەللاجى[1]، — دېيىشتى بەزىلەر.

يامۇلدا ئىچىلغان يىغىندىن كېيىن ناھىيىلىك پىرقە ئۇنى مەكتەپتىن ھەيدەپ چىقىرىپ، ئورنىغا ھاشىم داموللىنى بەلگىلىدى. جاسۇسلارنىڭ "نۆۋەتتىكى ھاكىم سايلاشتا خەلق رايى مەنسۇر داموللىغا مەركەزلەشتى" دېگەن ئاخباراتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى قولغا ئېلىپ ئەللىك نەچچە كۈن سولاقتا تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇنى بۇ يەردىن كېتىش شەرتى بىلەن قويۇپ بەردى ۋە ئىككى ئەسكەر ئۇنى ئالدىغا سېلىپ باشقا ناھىيە تەۋەسىگە ئۇتكۇزۇۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ يەرگە قايتا ئاياغ بېسىشىغا يول قويمىدى.

---

[1] مەنسۇر ئەللاجى — پۈتكۈل مۇسۇلمان دۇنيالىغا تونۇش بولغان ئوتتۇرا ئەسىردىكى سوپىستلارنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى.

## يىگىرمە بىرىنچى باب

# ئۇلار گۆر ئاغزىدىن ياندى

كۆرۈپ ئەھۋالنى جۇنجاڭ چەكتى ۋايىم،
دېدى: ”ھازىر بۇ ئىشقا يوق ئىلاجىم.
دېمەككى ۋەزىيەت قىلغاچ تەقەززا،
ھېلىچە دەخلىسىزدۇر ئۇشبۇ ئىمزا.
بۇنى بۇزماق بۈگۈن جايىز ئەمەستۇر،
كېيىنچە دەپىن قىلماق نېمە تەستۇر“.
— ئا. ئۆتكۈر

سېنتەبىر ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى تۇيۇقسىز قارا شەھەرنىڭ دوتىيىدىن[1]: ”ئىلى ئوغرىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن ئىسيانچىلار يوقۇتۇلسۇن“ دېگەن بۇيرۇق كەلدى. بۇيرۇقتا مەخپىيەتلىكنى قاتتىق ساقلاش تەلەپ قىلىنغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن ئاخشام ھەربىي شتابتا ئالاھىدە كېڭەش بولۇپ ئۆتتى،

---

① بۇ يەردە قارا شەھەر ۋالىيسى زوشوپىڭ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ 1945-يىلى ئىلىنىڭ ۋالىيسى بولۇپ، ئىلىغا بارالماي بىر مەزگىل جىڭدا تۇرۇپ قېچىپ كەلگەندىن كېيىن قاراشەھەرگە ۋالىي بولغان. ئۇ بۇ جەرياندا ئىنقىلابقا قارشى كۆپ جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەن قانخور جاللات. 1949-يىلى 8-ئايدا تەيۋەنگە قېچىپ كەتكەن. 1984-يىلى ئۆلگەن.

بۇ كېڭەشكە قوماندان يەن ×× نىڭ ئۆزى بىۋاسىتە رىياسەتچىلىك قىلدى. كېڭەشكە ھەربىي سوتنىڭ باشلىقىدىن باشقا ناھىيىلىك پىرقىنىڭ باشلىقى يى خۇيمىن، ھاكىم شى يەنجو، ساقچى باشلىقى لوشەنزېڭ، ئالاھىدە ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى خالىيەنجاڭ (مەھەممەتخان). مۇدۇسا قاتارلىق كىشىلەرلا قاتناشتى. ئۇلار دېرىزىلەرنىڭ قارا پەردىسىنى چۈشۈرۈۋېتىپ ناھايىتى پەس ئاۋازدا گەپ قىلىشاتتى. گەپنىڭ ئاساسىي تېمىسى قانداق قىلغاندا مەخپىيەتلىكنى ساقلاپ، مەھبۇسلارنى شەپە چىقارماي ئۆلتۈرگىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە بولدى. بەزىلەر مەھبۇسلارنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈش كېرەك دېسە، يەنە بەزىلەر تىرىكلا كۆمۈش كېرەك دېدى. خېلى ئۇزاق تالاش-تارتىش قىلىشقاندىن كېيىن تىرىك كۆمۈش قارار قىلىندى.

— تىرىك كۆمگەندە، — دېدى قوماندان يەن ×× — بىرىنچى، ئۆرملەردىن يىراقراق كۆمۈش كېرەك. ئىككىنچى، ئەتراپىنى قاتتىق قامال قىلىش كېرەك. ئەگەردە باشقىلاردىن بىرەرسى كۆرۈپ قالغىدەك بولسا ئۇنىمۇ قوشۇپ كۆمۈش كېرەك. ئۈچىنچى، بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى شۇنداق پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەككى، بۇ ئىشتىن ھېچقانداق يوچۇق چىقمىسۇن تۆتىنچى، كۆمۈش ۋاقتىدا مۇدۇسادىن باشقا ھەرقانداق شىنجاڭلىقنى بۇ ئىشقا ئارىلاشتۇرماسلىق كېرەك. ئۇنداق بولسا قېنى قەيەرگە كۆمىمىز؟

ھەممەيلەن ھەرخىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن بۇ گەپلەرنىڭ ھېچقايسىسى قوبۇل كۆرۈلمىدى. شۇ چاغدا يىغىن باشلانغاندىن تارتىپ جىمجىت ئولتۇرۇپ، خوجايىنلىرىنىڭ سۆزلىرىنى "ئىللىق" چىراي بىلەن كۈلۈمسىرەپ تىڭشاپ ئولتۇرغان مۇدۇسا ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— قوماندان جانابلىرى مالال كۆرمىسە مېنىڭ پىكىر بېرىشىمگە رۇخسەت قىلسىلا!...

قوماندان يەن ×× قولىدىكى تاماكىسىنى شوراپ تۇرۇپ "قېنى سۆزلە" دېگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— قىزلار مەكتىپىدە قەدىمدىن قالغان بىر دانە كونا تۇر[1] بار. مەكتەپ ئېچىلمىغان. بىرمۇ ئادەم يوق. شۇنداقلا بۇ جاي تۇرمىدىن يىراق ۋە ئاھالىلار ئۆيىدىنمۇ يىراق، شۇڭا مۇشۇ جاي ئەڭ ئەپلىك تۇرىدۇ، — دېدى مۇدۇسا.

— سىلەر نېمە دېيىسلە؟ — دەپ سورىدى قوماندان يەن × ئولتۇرغانلاردىن.

— توغرا، توغرا، — دېيىشتى ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن.

شۇنىڭ بىلەن مەھبۇسلارنى كونا تۇرنىڭ تۈۋىگە كۆمۈش قارار قىلىندى. مۇدۇسا ئۆز پىكرىنىڭ خوجايىنىغا ياققانلىقىنى كۆرۈپ تېرىسىگە سىغماي قالدى.

※ ※

1946-يىلى 9-ئاينىڭ 24-كۈنى. تۈن كېچە.

كامىر ئىشكىنىڭ جالاقلاپ ئېچىلىشىدىن مەھبۇسلار ئويغىنىپ كەتتى. رەنچە قول چىراغ بىراقلا يېقىلغانلىقى ئۈچۈن ئىككى يېرىم ئايدىن بۇيان سولاقتا ياتقان كىشىلەر كۆزلىرىنى ئاچالماي قېلىشتى. ئۇلارنىڭ قوللىرىنى ئارقىسىغا قىلىپ باغلاپ ئېلىپ مېڭىشتى. ئۇلار يالاڭباش، يالاڭ ئاياغ، كۆپچىلىكىنىڭ ئۇستىدە كالتا ئىشتاندىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. ئۇلارنى تۇرمىدىن ئېلىپ چىقىپ، چوڭ كوچا بىلەن توپتوغرا شىمالغا قاراپ ھەيدەپ مېڭىشتى. جەنۇبتىكى ئالتۇن تاغدىن ئۇرۇۋاتقان سېنتەبىرنىڭ كېچىدىكى سالقىنى كىشىلەرنى ئاستا-ئاستا ھوشىغا كەلتۈردى. ئۇلار ساپ ھاۋادىن قېنىپ-قېنىپ نەپەس ئالاتتى. كېچىنى يورۇتۇپ تۇرغان كەمتۈك يېرىم ئاينىڭ سۇس يورۇقىدا مەھبۇسلار كوچىلاردا تۇرغان قوراللىق ئەسكەرلەرنى، ھەر يەر ھەر يەردە ئورنىتىپ قويغان پىلىموتلارنى، مەسچىتلەر، كارۋان سارايلار ۋە ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرىنىڭ ئۇستىدە تۇرغان قوراللىق ئادەملەرنى كۆردى.

---

[1] تۇر — قەدىمكى زامانلاردىكى ئۇرۇشلاردا ئىشلىتىلگەن خەۋەرلىشىش ئۈچۈن ياسالغان سۇپىسى دۆڭ. دۈشمەندىن خەۋەر بېرىشتە كۈندۈزى ئىس سالىدۇ، كېچىسى ئوت ياقىدۇ.

ھەربىر مەھبۇسنى ئىككى ئەسكەر ھەيدەپ ماڭدى.

شۇ ئاخشىمى جاۋگوەنشىغا سولانغان ماموتخان، بارات قاتارلىق يەتتە نەپەر مەھبۇسنى باغلاپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. تۆت نەپەر سوۋېت پۇقراسى شۇ يەردە قالدى. باراتنى ئىككى ئەسكەر ئېلىپ ماڭغاندا سوراق قىلىش ئۈچۈن سـاقچى ئىدارىسىغا ئېلىپ بارسا كېرەك دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن ساقچى ئىـدارىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەجەبلەندى. ئۇنى ھەيدەپ قىزلار مەكتىپىگە ئېلىپ كىردى. سوس ئايدىڭدا مەكتەپ ئەتراپىدا تۇرغان ئادەملەر غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ قوراللىرىمۇ كۆرۈنۈپ، پارقىراپ تـۇراتـتى. ئۇنى بىر سىنىپقا ئېلىپ كىردى. بۇ يەرگە بىر سوراق ئورنى ھازىرلانغان بولۇپ، سوراقچى، كاتىپ ھەممىسى تەييار ئىدى. پەقەت قىيناش قوراللىرى كۆرۈنمەيتتى. تورۇسقا بىر ئادەم ئېسىقلىق تۇراتتى. لېكىن ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

— بىر مىنۇت ۋاقىت بېرىمەن، — دېدى سوراقچى، — بۇ ئاخىرقى پۇرسـەت. تـەشـكـىـلات ئـەزالـىرىنىڭ تىزىملىكىنى، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش پىلانىڭلارنى، قورال-ياراغلارنىڭ قەيەردىلىكىنى ئېيتىپ بەرسەڭلا ساڭا ھايات يولى بېرىمەن. قىنى ئېيتە؟ ۋاقىت غەنىمەت. بىلىپ قوي، كېيىن پۇشايمان قىلساڭمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ.

بـارات ھـېـچـقانداق جاۋاب بەرمىدى. سوراقچى بولسا مەھبۇسنىڭ رەڭـگـىدىن ئۆزىنى مەنسىتمىگەنلىك ئالامىتىنى كۆردى. ئۇ ھەدەپ جوزا ئۈستىدە چېكىلداپ تۇرغان سائەتكە قارايتتى. شام يورۇقىدا سائەت كېچىسى بىردىن 15 مىنۇت ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. سوراقچى سوئالنى يەنە تەكرارلىدى. لېكىن مەھبۇس يەنىلا ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرمىدى.

— ئەپچىقىڭلا، — دەپ بۇيرۇق بەردى ساقچى.

بىر ئەسكەر كېلىپ باراتنىڭ ئاغزىغا چىڭداپ ماتا تىقتى. يەنە بىرسى بىر دانە چىگە شويىنىنى بوينىغا سىرتماق قىلىپ ئۆتكۈزۈپ، ئىتتىرىپ ياندىكى سىنىپقا ئېلىپ كىردى. شوينىنىڭ بىر ئۇچى ئەسكەرنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇ

سىنىپقا چىراغ يېقىلمىغان، دېرىزىلەردە يا قەغەز يا ئەينەك بولمىغاچقا، سىنىپنىڭ ئىچى غۇۋا يورۇق ئىدى. ئۇ يەردە خېلى كۆپ ئادەم بولۇپ، ھەربىر مەھبۇسنىڭ كەينىدە بىردىن ئەسكەر تۇرۇپ، بويىنىدىكى شوينىنى چىڭ تۇتقان ھالدا، ئۇلارنى تامغا قارىتىپ تۇرغانىدى. باراتنى تام تۈۋىگە ئىتتىرىپ ئېلىپ بارغاندا ئۇ يېنىدا تۇرغان ئادەمنىڭ ئوقۇتقۇچى ئىمىن نىياز ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىمۇ بىر پارچە ماتا ساڭگىلاپ تۇراتتى. بىردىنلا بىرقانچە كىشىنىڭ ئاياغ ئاۋۇشى ئاڭلىنىپ ئۇلار سىنىپقا كىردى ۋە سىنىپنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرۇشتى. بىر ئادەم قول چىراغ بىلەن بىر پارچە قەغەزنى يورۇتۇپ تۇردى. دوتەيگە ۋەكالىتەن ھەربىي سوتنىڭ باشلىقى ھۆكۈمنى ئوقۇدى. ئۇلار جىمجىت تۇرۇپ ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسىنى ئاڭلىدى. ھۆكۈم ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى لاتىنى تېخىمۇ چىڭىتتى ۋە بويىنىدىكى سىرتماقنىمۇ چىڭىتتى. ئۇلار قول چىراغنىڭ يورۇقىدا مەھبۇسلارنى پەس ئاۋازدا بىرمۇ بىر يوقلىما قىلىپ چىقتى. ھەربىر ئىسىم ئوقۇلغاندا مەھبۇس ئۈچۈن كەينىدىكى ئەسكەر جاۋاب بېرەتتى. ئۇلار جەمئىي يىگىرمە بەش ئادەم ئىدى. ئاسماندىكى كەمتۈك ئايغا قاراپ ئۇلار كېچىنىڭ تۈن نىسپىدىن ئاشقانلىقىنى ھېس قىلىشتى. يەر يۈزىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرغان ئاي گاھىدا بۇلۇتلار كەينىگە يوشۇرۇنۇپ، گاھىدا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەھبۇسلاردىن بىر ھەسسە كۆپ ئەسكەرلەر مەھبۇسلارنى ئورنىۋېلىپ، تام تۈۋىگە قىستاپ مىدىر-سىدىر قىلدۇرمايتتى. بۈگۈنكى پاجىئەگە ياش تۆككەندەك توساتتىن ئاسماندىن يامغۇر تامچىلاپ، كالتە ئىشتان بىلەنلا ھەيدەپ كېلىنگەن مەھبۇسلارنىڭ بەدەنلىرىگە تېگىشكە باشلىدى. مەھبۇسلار كۈز كېچىسىنىڭ يامغۇرلۇق سوغۇقىدا توڭلاپ بىر-بىرىگە چاپلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. تىترىشىپ چىشلىرى كاسىلدايتتى. ئۇلار بۈگۈنكى كېچە ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىدىكى ئاخىرقى كېچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. ئۇلار شۇ جىمجىتلىقتا ئۆزلىرىنىڭ ئۆمۈر خاتىرىلىرىنى ۋاراقلاپ چىقتى. ھەممىيلەن ئۆز خەلقىگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلمىغانلىقىنى ھېس قىلغاندا يېنىك نەپەس ئالدى. ئۇلارنىڭ بېشىغا

ئۆلۈم ۋاقتىدىن بۇرۇن كېلىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ھالال ياشىغانلىقلىرىنى ئويلاپ خاتىرجەم بولۇشتى. مىڭ مەرتىۋە ئەپسۇسكى، ئازادلىق ئىشقا ئېشىشقا ئاز قالغاندا، دۈشمەننىڭ قارا قولى ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى سوغۇرۇپ ئېلىشقا ھازىرلانماقتا ئىدى. لېكىن ئۇلار ئۆلسىمۇ باشقىلار ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. مانا شۇنداق خىياللار بارلىق مەھبۇسلارنىڭ بېشىدىن ئۆتمەكتە ئىدى. مەھبۇسلار بىر-بىرىگە چاپلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئاغزى ئېتىكلىك بولسىمۇ، باشلىرىنى لىڭشىتىپ بىر-بىرى بىلەن ۋىدالاشماقتا ئىدى. يېقىنلا يەردە كەتمەن چېپىۋاتقان كىشىلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى ۋە ئۇلارنى ئالدىرىتىپ تۇرغان ئاۋازلىرىمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى. بۇ ئاۋازلار ھەر دائىم مەھبۇسلار ئاڭلاپ تۇرغاندەك قوپال ۋارقىراش-جارقىراش بولماستىن، تولىمۇ پەس ۋە ئېھتىياتلىق ئىدى. ھېچكىم تاماكا چەكمەيتتى ۋە ئۆزئارا گەپلەشمەيتتى. مۇدۇسانىڭ كۆڭلى بىر نەرسىنى سەزگەندەك كىشىلەر كەتمەن چېپىۋاتقان جاي بىلەن مەھبۇسلار ئولتۇرغان جاي ئوتتۇرىسىدا توختىماي سوكۇلدايتتى. يىراقتىن ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى خورازلارنىڭ چىللاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— پۈتتى، — دېدى بىرەيلەن قىسقا قىلىپ.

— تەييارلان، — دەپ كوماندا بەردى مۇدۇسا پەس ئاۋازدا.

ئەسكەرلەر مەھبۇسلارنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، مىلتىقنىڭ پاينەكلىرى بىلەن ئۇرۇپ، چېپىلىۋاتقان كەتمەن ئاۋازى چىققان جايغا ئېلىپ باردى. بۇ يەردە قەدىمكى زاماندىن قالغان چوڭ بىر دانە تۇر بولۇپ، شۇ تۇرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە بىر ئورا كولانغان. ئورىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون مېتىر، كەڭلىكى ئىككى مېتىر، چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىردىن ئارتۇقراق ئىدى. قوللىرى ئارقىسىغا قىلىپ باغلانغان مەھبۇسلارنى مۇشۇ ئورىغا ئىتتىرىپ چۈشۈرۈشتى. شۇ ئارىدا بارات، مامۇتخاننىڭ ئارقىسىغا قىلىپ باغلانغان قولىغا ئېگىشىپ تۇرۇپ ئاغزىنى سۈركەشكە باشلىدى. مامۇتخان باراتنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، باراتنىڭ ئاغزىدىكى لاتىنى تولىمۇ تەستە بارماقلىرى بىلەن چىمداپ تۇتۇۋالدى. مامۇتخان قاتتىق باغلانغاچقا بارماقلىرى كۆيۈشۈپ قالغانىدى. ئاخىر باراتنىڭ

ئاغزىدىكى لاتا چىقىپ كەتتى. ئۇ ماموتخانىنىڭ ئاغزىدىكى لاتىنى چىشلەپ چىقاردى. ئىككىلەن يەنە ئىككى مەھبۇسنىڭ ئاغزىدىكى لاتىنى چىشلەپ چىقاردى. ئاغزى بوشىغان كىشىلەر ئارقا-ئارقىدىن موشۇ ئۇسۇل بىلەن باشقىلارنىڭ ئاغزىدىكى لاتىنى چىشلەپ چىقىرىشقا باشلىدى. بىرقانچە كىشىنىڭ ئاغزى بوشىدى. ئاغزى بوشىغان مەھبۇسلار بىردىنلا تۈرمىدە ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان "تۈرمە ناخشىسى" نى ئېيتىشقا باشلىدى:

ئىنقىلاب قىلىمىز ئەركىنلىك ئۈچۈن،
قۇربان بولۇشتىن قورقمايمىز ئەسلا.
ۋەھشى، قانخور گومىنداڭچىلارنى.
يوقىتىپ، مەڭگۈ باسىمىز ئالغا!
ئالغا! ئالغا! چامدايلى ئالغا!
ئۇلۇغ خەلقنى ئازاد قىلىشقا!
..........

— كۆم، كۆم، كۆم دەيمەن، — دەپ مۇدۇسا ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىراشقا باشلىدى، مەخپىيەتلىكنىمۇ ئۇنتۇپ قىلىپ.

ئۇلۇغمە ھۆكۈم قىلىنغان مەھبۇسلارنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئايدىڭ كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، يىراقتىن-يىراققا ئاڭلىنىشقا باشلىدى. مەھبۇسلارنىڭ باش-كۆزىگە گۈپۈلدەپ توپا تاشلىنىپ تۇرسىمۇ، جاللاتلار ناخشىنى توسۇۋېلىشقا ئامالسىز ئىدى. ناخشا ئاۋازى بارغانچە ئۇلغىيىپ، يانار تاغ دولقۇنىدەك ھەيۋەت بىلەن جاللاتلارنىڭ يۈرىكىنى تىترىتەتتى. ئەتراپتىن خورازلارنىڭ چىللىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى...

كېچىدىن بۇيان بىردەم توختاپ بىردەم يېغىۋاتقان يامغۇر ئەمدى توختىغان بولۇپ، كەمتۈك يېرىم ئاي بۇلۇتلار ئارىسىدىن كۆلۈپ چىقىپ، پۈتۈن جاھاننى سۈس يورۇتۇۋەتكەنىدى. شۇ چاغدا چوڭ كوچىغا شىمال

ئەرەپنى بىر ماشىنا غويۇلداپ كېلىپ، مەكتەپنىڭ ئالدىدا قاتتىق تورمۇز بىلەن توختىدى، بىر-ئىككى مىنۇتتىن كېيىن ئادەملەرنىڭ يۈگۈرۈشكەن ئاياغ تاۋۇشى بىلەن تەڭ "توختا! توختا!" دەپ ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ھايال ئۆتمەي ئىككى ئادەم يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇلار ھاسىراپ تۇرۇپ بۇيرۇقنى يەتكۈزدى.

— مۇدۇسا، مۇدۇسا رىن فۇ سىلىڭنىڭ بۇيرۇقى، — دېدى بىر ئېگىز بويلۇق ھەربىي، — دوتەي زوشوپىڭنىڭ بۇيرۇقى بىكار قىلىندى.

جىنايەتچىلەرنى قايتۇرۇپ كېتىشنى بۇيرىدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان مۇدۇسا باياتىننىڭ بېرىسى كىشىلەرنى ئۆرۈپ يۈرگەن قولىدىكى كالتەكنى قاياققىدۇر چۆرۈۋەتتى ۋە شۇ يەردىكى نەم توپىغا ئولتۇرۇپ "ئىسىت قىلغان ئارزۇ-ئارمانلىرىم، ئىسىت قىلغان ئۈمىدلىرىم بىكارغا كەتتى" دەپ ئىسەدەپ يىغلاپ ھەدەپ نەم توپىنى مىجىقلاشقا باشلىدى ۋە توپىنى يۈز-كۆزىگە سۈركىدى.

※ ※

ۋالىي زوشوپىڭ قاماققا ئېلىنغان "كۆرمىشچان ياشلار" تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق بېرىپ، ئەھۋالنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك گارنىزون قوماندانلىق شتابىغا، شەخسەن قوماندان سۇڭ شىلەنگە مەلۇم قىلغان. ئۆلكە رەئىسى جاڭ جىجوڭ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئىلى تەرەپنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، دەرھال شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئامانلىقنى قوغداش سىلىڭبۇسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى رىن جاۋتەيىنى ئەۋەتىپ، ۋالىي زوشوپىڭنىڭ بۇيرۇقىنى بىكار قىلغان. شۇنىڭ بىلەن قاماققا ئېلىنغان مەھبۇسلار ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغاندى.

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

# ۋابا ئىلاھى

مارايدۇ تۇمانلىق دېڭىز كەينىدە،
ۋابانىڭ ئىلاھى ئەجەللىك بولۇت.
ئۆمىلەپ كەلمەكتە ئىشىك ئالدىغا،
ئادىمى سۈرەتلىك قاپقارا بىر جۈت.
— ياشلىقنىڭ خاتىرەمدىن

1946-يىلى 25-سېنتەبىر كۈنى. تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ ھاۋا تۇتۇلۇپ، غەربتىن «تەتۈر شامال» چىقىپ، چاڭ-توزان جاھاننى قاپلاپ كەتتى. چىقىۋاتقان غەرب شامىلى بىر كۆچىيىپ، بىر پەسىيىپ تۇراتتى. بۇ يەردە غەرب شامىلى كەمدىنكەم چىقاتتى. شۇڭا بۇنداق شامالنى كىشىلەر «تەتۈر شامال» دەپ ئاتايتتى. يىراقتىكى تاغ تەرەپتىن خۇددى تاغ پارتلىغاندەك ھاۋانىڭ گۈلدۈرلىگەن دەھشەتلىك ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇگۈنكى ھاۋارايىغا قاراپ كونىلار بۇنى «يامانلىقنىڭ بېشارىتى» دەپ چۈشەندۈرۈشەتتى. شۇنداقتىمۇ بۈگۈن ئەتىگەندىن بۇيان بۇ كىچىككىنە شەھەرنىڭ كوچىلىرى

ئادەتتىكى چاغلاردىن بۇرۇن جانلىنىشقا باشلىدى. شەھەر ئاھالىلىرى كوچىلارنى سۈپۈرۈپ، سۇ چېچىپ تازىلىدى. يازلىق تەتىلدىن بۇيان ئېچىلمىغان مەكتەپلەر ئېچىلىپ، ئوقۇغۇچىلار كېلىشكە باشلىدى. چۈنكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت كېچىدىن بۇيان چاپارمەن ئەۋەتىپ، يېزا-مەھەللىلەردىكى ئوتتۇرىچى-دورغىلارغا خەۋەر يەتكۈزۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپكە ھەيدەشنى بۇيرىغانىدى. دورغا-ئوتتۇرىچىلار مەھەللىلەردىكى مەسچىتلەردە جامائەتكە بالىلىرىنى مەكتەپكە ياخشى كىيىندۈرۈپ ئەۋەتىشنى بۇيرىدى.

ئەتىگەن سائەت سەككىز بولار-بولمايلا پۈتۈن بازار ئاھالىسىنى ساقچىلار ۋە جىگىجاڭ، يايىلار ئۆيلىرىدىن ھەيدەپ چىقىشتى. ئوقۇغۇچىلارنى تۆرمىگە قامالماي قالغان ئوقۇتقۇچىلار تىزىپ ئېلىپ چىقتى. بىرىنچى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تۇتقۇن قىلىنغاچقا ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش تولىمۇ تەسكە توختىدى. ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى، چوڭ-كىچىك ئەمەلدارلار ۋە ھەرقايسى يۇرت چوڭلىرىمۇ بىر-بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى. ھەر ساھە ۋە ھەر تەبىقىدىكى كىشىلەر ئۆرۈمچىدىن كەلگەن "ئەزىز مېھماننى كۈتۈۋېلىش" ئۈچۈن يامۇلنىڭ ئالدىدىن باشلاپ بىر كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە سەپ تارتىپ تىزىلىشتى. ئاددىي خەلقنىڭ ئىككى قەدەم ئالدىدا ھەر ئون قەدەمدە بىردىن قوراللىق ئەسكەر پوستا تۇردى. ھەممە ئادەمنىڭ دىققەت نەزىرى شىمال تەرەپتىكى چوڭ يولغا تىكىلگەنىدى. لېكىن چۈش بولاي دەپ قالغان بولسىمۇ، مېھماندىن دېرەك يوق ئىدى. ھاۋادا قۇيۇن چۆگىلەپ، چاڭ-توزان توزىتىپ، كىشىلەرنى كۆز ئاچقۇزمايتتى. كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش مەڭزىدە لاي بولۇپ قاتقانىدى. كىشىلەر ساقلاۋېرىپ تاقەتسىزلىنىشكە باشلىدى.

— ئادەمنى ساقلىتىپ نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ؟

— سادىق موللىنىڭ زىيابىتى تۈگىمىگەن ئوخشىمامدۇ؟

— سادىق موللا خەجلىگەن بىر تەڭگىسىنى خەلقتىن ئون تەڭگە قىلىپ

شۇلىۋالىدۇ ئەمدى.

— ھاۋارايىدىن قارىغاندا، بۇ مېھماننىڭ كېلىشى ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

تــوپ ئارىسىدا تۇرغان بىرقانچە نىمكار يىگىت ئۇژغۇرا ئەنە شۇنداق پاراڭلاشماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ يېنىدا گەپ تىڭشاپ تۇرغان مۇسا ساتىراش نېرىدا تىمسقىلاپ يۈرگەن مۇدۇساغا ئىشارەت قىلدى. مۇدۇسا كىشىلەر توپىنى ئــارىلاپ كەلگەندە ھېلىقىلار ئۇنىڭ كەلگىنىنى سەزمەي قېلىشتى. مۇدۇسا ئاخىرقى گەپنى قىلغان ياسىن ناۋاينىڭ ياقىسىدىن ئالدى.

— ۋۇ يالاڭتۆش گاداي. سەن سادىق يىجاڭ بىلەن رىن فۇسىلىڭغا خۇددى ئايغا قاۋىغان ئىتتەك قاۋاۋاتسەنغۇ؟

— مەن ھېچنېمە دېمىدىم، دۇسا بېگىم، — دېدى ياسىن ناۋاي.

— ھېچنېمە دېمىدىم دەيسەنا؟ يەنە نېمە دېسەڭ بولاتتى؟ — دەپ مۇدۇسا ياسىن ناۋاينى شاپىلاق بىلەن بىرنى سالدى ۋە شۇ يەردە تۇرغان ئــورا كــۆز ســاقچىنى چاقىردى، — سەن بىلەن كېيىن سۆزلىشىمەن. ئابدۇراخمان، ماۋۇ ھارامزادىنى قاماپ قوي.

ساقچى ياسىن ناۋاينى ھەيدەپ كەتتى. باشقىلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۈچىنغان ھالدا قاراپ قالدى. سائەت ئون ئىككىگە ئاز قالدى. قۇياش چۈشكە ياماشقانىدى. بەزى كىشىلەرنىڭ قورساقلىرى كوركىراشقا باشلىدى...

— كــەلــدى، كــېــلىۋاتىدۇ، — دېگەن سۆزنىڭ ئاڭلىنىشى بىلەن ھەممەيلەن بويۇنلىرىنى سوزۇپ شىمالدىكى چوڭ يولغا كۆز تىكىشتى. يىراقتىن ماشىنىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. تەرتىپ ساقلىغۇچىلارنىڭ ھومىيىپ قاراشلىرى كــىشىلەرنى تىنجىتتى. ئالدىدا بىر جىپ ماشىنا، ئۇنىڭ كەينىدە قوراللىق مۇھاپىزەتچىلەر چۈشكەن يۈك ماشىنىسى كەلدى. جىپ ماشىنىنى كۆرۈپ باقمىغان كىشىلەر ھەيران بولۇپ قاراشتى. چوڭ شەھەرلــەرگــە بــارغــانــلار "پىكاپ" دەپ چۈشەندۈرۈشتى. ماشىنىدا كەلگەنلەر ئۆزلىرىنى قارشى ئېلىشقا

چىققانلارنى كۆرۈپ ماشىنىدىن چۈشتى. ماشىنىدىن چۈشكەنلەرنىڭ ئىچىدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش سىلىڭبۇسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى رېن جاۋتەي ۋە ئۇنىڭ تۆت نەپەر مۇھاپىزەتچىسى يەنە بىرقانچە ھەربىي ئەمەلدار بار ئىدى. ئۇندىن باشقا قوماندان يەن، يى خۇيمىن، شى يەنجو، لوشەنزېڭ قاتارلىق يۇگۇر-بېتىمچىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار ماشىنىدىن چۈشكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئالدى-كەينىدە يىگىرمە مېتىردىن ئارىلىق قالدۇرۇپ يىگىرمە نەپەر ئەسكەر ئاپتومات تۇتۇپ ماڭدى. بۇ چاغدا مۇدۇسا، جاڭ بىگزەي، ۋاڭ شۇڭگۇەن، قاسىم قاتارلىقلار بىر يەردە تۇرالماي خۇددى پۇتى كۆيگەن توخۇدەك سوكۇلداپ، ھەربىر كىشىنىڭ ھەرىكىتىگە، گەپ-سۆزلىرىگە دىققەت قىلىپ مارايتتى.

رېن جاۋتەي ماشىنىدىن چۈشۈپ پەلتوسىنى، شەپكىسىنى، پەلىيىنى يېنىدىكى ھەربىي ئەمەلدارغا بەردى. رېن جاۋتەي ئېگىز بويلۇق، چاسا يۈز، كۆزلىرى چوڭ-چوڭ، مايلانغان چاچلىرى قاپقارا، قىرىق بەش ياشلاردىكى ئادەم ئىدى. ئۇ قوماندان يەن، پىرقە باشلىقى يى خۇيمىن، ھاكىم شى يەنجونىڭ يول باشلىشى بىلەن ئەتراپىدىكى ئىلمان چاۋاك چېلىۋاتقان خەلققە قولىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ گىدەيگەن پېتى كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە لوشەنزېڭ، سوڭ سەنمولار يانچۇقىدىكى ئۇقلانغان تاپانچىلىرىنى تۇتۇپ، خەلققە يەر ئاستىدىن يەۋېتىدىغاندەك قىلىپ ھومىيىپ قاراپ، خوجايىنىنىڭ ئارقىسىدىن كېتىپ باراتتى. مېھمانلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە:

— رېن فۇسىلىڭنى قارشى ئالىمىز، — دەپ شوئار توۋلىدى ساقچى. ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىلگىرى-كېيىن ۋارقىراشتى. لېكىن رېن جاۋتەي پۈتىدىكى خۇرۇم ئۆتۈكىنى غاچىلدىتىپ دەسسەپ پىسەنت قىلماستىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ شۇ ماڭغىنىچە جاۋگۇەنشىدىكى ھەربىي شتابقا كىرىپ كەتتى. كەچتە ھەربىي گازارمىغا بېرىپ، جاڭ جىجوڭ ۋە سوڭ شىلەن نامىدىن ئەسكەرلەردىن ھال سورىغاندىن كېيىن، ھەربىي گازارما سېپىلىغا چىقىپ ئۇزاق ئايلاندى.

* *

شۇ ئاخشىمى جاۋگۇەنشىدا رىن جاۋتەينىڭ ھوزۇرىدا يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا قوماندان يەن، پىرقە باشلىقى يى خۇيمىن، ھاكىم شى يەنجو ۋە ساقچى باشلىقى لوشەنزىڭ قاتارلىقلار ئۆز خىزمەتلىرىدىن دوكلات بېرىپ ئۆتتى.

ئەڭ ئاخىرىدا رىن جاۋتەي ئۇلارغا يولىيورۇق بېرىپ مۇنداق دېدى:

— بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىمۇ بوش ئەمەس. ئۇلار شىڭ شىسەي بىلەن بەش يىل ئۇرۇشقان. شۇڭا شەھەر ئىچىدىكى ھەربىي گازارمىنى چەتكىرەك يۆتكەش كېرەك. مۇمكىن قەدەر ئىچكىرىگە ماڭىدىغان تاشيول ئۈستىدە بولسۇن. بۇ يول جەنۇبتىكى ئاساسىي ئېغىز. قىسىملارنىڭ شەھەر ئىچىدە تۇرۇشى بەك خەتەرلىك. جىن شۇرېن ۋاقتىدىكى ساۋاقنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك①. ئىچكىرىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتىدىغان تاشيول قورۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. بۇ قورۇلۇش ئىنتايىن مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەگەردە ئىلىلىقلار شىڭشىڭشانى توسىۋالسا، بىزنىڭ ماڭىدىغان بىردىنبىر يولىمىز مۇشۇ. شۇنى ئۇنتۇماسلىق لازىمكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە دىنىي تەرغىباتنى كۈچەپ ئېلىپ بېرىش كېرەك. شەرىئەت ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى تىزگىنلەش ناھايىتى ئاسان. شۇنداقلا ئاخۇنلار ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنى سېتىۋېلىش كېرەك. ئۇلار دىنىي مۇتەئەسسىپلىكنى كۈچەپ تەرغىپ قىلسۇن. تۇرمىدىكى جىنايەتچىلەرنى ئەتىدىن باشلاپ قايتا سوراق قىلىپ، يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ، ئېنىقلاپ چىقىمىز. لېكىن جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىنى بىر مىنۇتمۇ بوشاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. تۈرمىدىكى سوۋېت پۇقرالىرىدىن ئەپۇ سوراپ ئەتىلا قويۇپ بېرىمىز، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇدى رىن جاۋتەي، — رۇسچە

---

① 1933-يىلدىكى كۆرشتە تاياق-توقماق بىلەن قوراللانغان دېھقانلار كونا سېپىلدا تورۇۋالغان "دوك يېڭجاڭ" قوماندانلىقىدىكى زامانىۋى قورال بىلەن قوراللانغان بىر يېڭ ئەسكەرنى قورشىۋېلىپ، سۇسىز قالدۇرۇپ تەسلىم قىلغانىدى. ئاپتوردىن.

بىلىدىغانلار بارمۇ؟
— بار، — دېدى لوشەنزېڭ.
— كىم ئۇ؟
— ئابدۇل توگكوز. بىز ئۇنى قاتتىق نازارەت قىلىۋاتىمىز.
— ئۇيغۇرمۇ؟
— ئۇيغۇر.
— بولمايدۇ، — دېدى رېن جاۋتەي، — باشقىلار تېپىلماسمۇ؟
— بۇ يەردە بىر رۇس قىزى بار. خەنزۇچىنى ئوبدان بىلىدۇ، — دېدى يى خۇيمىن.
— خەنزۇچىنى بىلىدۇ؟! ناھايىتى ياخشى. ئەتە كەچتە ھەربىي شتاب زىياپەت تەييارلىسۇن. ئەتە ئەتىگەندە رۇسلارنىڭ ئائىلىلىرىگە خەۋەر قىلىپ كىيىم-كېچەكلىرىنى يەڭگۈشلىتىپ تەييار قىلىڭلا. ئۆزۈم ناماقۇل بولمەن.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ لوشەنزېڭ ئولتۇرالماي قالدى.
— فۇسىلىڭ جانابلىرى، مەن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي قالدىم، —دېدى ئۇ.
— نېمىنى چۈشىنەلمىدىڭىز؟
— روسىيە بىزنىڭ دۈشمىنىمىز تۇرسا، رۇسلارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنى قويۇپ بېرىش...
بۇ گەپنى ئاڭلاپ رېن جاۋتەي كۈلۈپ كەتتى ۋە ئارقىدىنلا مۇنداق دېدى:
— راست ئېيتىسىز، روسىيە بىزنىڭ دۈشمىنىمىز، مەنمۇ رۇسلارنى سىزدىن بەكرەك يامان كۆرىمەن. لېكىن ھازىرچە ئۇلارنى قويۇپ بېرىشىمىز لازىم. چۈشەندىڭىزمۇ؟
— يەنىلا چۈشىنەلمىدىم.
— ئاھ ياشلىق، جاھىللىق، تەجرىبىسىزلىك ھەم نادانلىق، — دېدى رېن جاۋتەي، — ئەگەردە بۇ قېتىم رۇسلار ئىلىلىقلارنىڭ قولىنى تۇتۇۋالمىغان

بولسا، سىز بىلەن مەن ئاللىقاچان بۇ يەردە ئولتۇرمىغان بولاتتۇق. بۇ ئىش جاڭ ۋېيپۇەنجاڭنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ مەھسۇلى.

— ئانداق بولسا، بىزنىڭ ئىتتىپاقچىمىز ئامېرىكىنىڭ روسسىيەگە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان تەشۋىقاتى خاتامۇ؟

— توغرا، بىزنىڭمۇ، ئامېرىكىلىقلارنىڭمۇ مەقسىتىمىز بىرلا، روسسىيەنى يوقىتىش. لېكىن بىز ھازىر روسسىيەدىن پايدىلىنىپ، ئىللىقلارنى «بېتىم» ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلدۇق. ئەمدى پۈتۈن كۈچنى توپلاپ كومپارتىيىگە ھۇجۇم قىلىۋاتىمىز. دۆلەت ئارمىيىسى زور غەلىبىلەر بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. پات يېقىندا كومپارتىيە يوقىتىلىدۇ، — دېدى رېن جاۋتەي ۋە ئۆز گېپىگە ئىشەنچ قىلالماي كۆڭلى غەش بولدى، — ئارقىدىن قوشۇن يۆتكەپ بۇ ئىللىقلارنى قىلىچتىن ئۆتكۈزىمىز. ئۇنىڭ كەينىدىن بىز شەرقتىن، ئامېرىكىلىقلار غەربتىن بىراقلا روسسىيەگە ھۇجۇم قىلىپ، نېمىسلارمۇ، ياپونلارمۇ يوقىتالمىغان ”كوممۇنىزم دېگەن ۋابا“نى يوقىتىمىز. ئۇ چاغدا شەرق جۇڭگونىڭ، غەرب ئامېرىكىنىڭ بولىدۇ. ئەمدى چۈشەندىڭىزمۇ؟

— چۈشەندىم، فۇسلىڭ جانابلىرى، — دەپ لوشەنزېڭ ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. باشقىلار بولسا ئۆزلىرىگە قانداق مەنسەپنىڭ تېگىشىنى خىيال قىلىپ، ھوشىدىن كېتەي دېگەندى. رېن جاۋتەي بولسا ئۆزىنىڭ چۈشەندۈرۈشىدىن مەمنۇن بولۇپ ھېجىيىپ قويدى.

— مانا شۇ چاغدا ئۆزىڭىز خالىغانچە ئىش قىلالايسىز جويجاڭ، ئۇ چاغدا سىزنى ھېچكىم ئەيىبلىمەيدۇ. شىڭ شىسەيمۇ ئىككى يۈز نەچچە مىڭ ئادەمنى قاماپ، بىر يۈز قىرىق يەتتە مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى. ئۇنى كىم سۈرۈشتۈردى؟ مەنمۇ بۇرۇن سىزدەك ئويلايتتىم. لېكىن روسسىيەنى يوقىتىش ئۈچۈن روھىي ۋە ماددىي جەھەتتە پۇختا تەييارلىق بولۇشى لازىم. ئىشنىڭ باشلىنىشى بولسا مۇشۇ زېمىندا. ھازىرچە ۋاقىتلىق سوۋېت پۇقرالىرىنىلا ئەمەس، شىنجاڭلىقلارنىمۇ كەڭ كۆلەمدە قىرغىن قىلىشقا بولمايدۇ. ۋاقىتلىق چېكىنىپ

تۇرۇش كېرەك. شىنجاڭلىقلار بىلەن سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى خەلقلەرنىڭ تىل، دىن، مەدەنىيەت جەھەتتە ئوخشاشلىقى بار، ھەممىسى تۈركىي خەلقلەر. دېمەك بۇ تەبىئىي ئامىل. يەنە بىر جەھەتتە ئۇلار ئۆزئارا نەچچە مىڭ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا چېگرىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ جۇغراپىيىلىك ئامىل. بۇ ئىككى ئامىل كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ھالدا بىر-بىرىگە تەسىر قىلىپ تۇرىدۇ. بۇنى ھېچكىممۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ. شۇڭا بىز دۆلەت ئىچىنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن، سىز ئۆز ماھارىتىڭىزنى سىناپ كۆرىسىز. ئەمدى چۈشەندىڭىزمۇ؟ ئەگەردە بۇ يەردىكى خەلق بىز بەرگەن كۈنگە شۈكۈر قىلسا قىلدى، شۈكۈر قىلمىسا ھەممىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزىمىز. ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسىز؟ بۇ دۆلەت ۋە پىرقىنىڭ ئىرادىسى.

— چۈشەندىم فۇسىلىڭ جانابلىرى، — دېدى لوشەنزىڭ خۇشامەت بىلەن.

— ئۇنداق بولسا سىلەرگە رۇخسەت، — دېدى رېن جاۋتەي.

※ ※

رېن جاۋتەي تولىمۇ ھىيلىگەر ۋە قۇۋ ئادەم بولۇش بىللە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرىدا دىپلومات ئىدى. ئۇ، خۋاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چاغدىلا ئۇنىڭغا جياڭ جيېشىنىڭ كۆزى چۈشكەنىدى ۋە ئۇنى ئەڭ دەسلەپكى قول چوماقلىرىدىن بىرى قىلىۋالغانىدى. 1927-يىلى ئۇلۇغ ئىنقىلاب[1] مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، شەرقىي شىمالدىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىدە خىزمەت قىلغان. ئۇ شۇ چاغدىلا ئىچكى جەھەتتە كومپارتىيىگە، تاشقى جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاكتىپ قارشى تۇرغان. ئۇ دەسلەپتە "ۋاقتى كەلگەندە سوۋېت ئىتتىپاقى بىر مۇشتقىمۇ يارىمايدۇ" دەپ يۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن 1929-يىلدىكى "شەرقىي جۇڭگو تۆمۈر يول

① ئۇلۇغ ئىنقىلاب — بۇ يەردە 1924-، 1927-يىللاردىكى بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ۋەقەسى" نىڭ ئاكتىپ قوللىغۇچىسى ھەم قاتناشقۇچىسى بولغان. ئۇ شۇ چاغدا دەككىسىنى يەپ ئاغزى بۇرنى قانغا بويالغان. "18-سېنتەبىر ۋەقەسى" دىن كېيىن ياپونلاردىن قېچىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كەتكەن. سىبىرىيىدە ئۈچ يىل تۇرغاندىن كېيىن شېڭ شىسەينىڭ تەلپى بىلەن سوۋېت ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەيگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى قىرغىنچىلىقىنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىلىرىنىڭ بىرى بولغان. شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كېتىپ، گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقى باشلانغاندا، تەرەققىيپەرۋەرلىككە، ئىلى ئىنقىلابىغا ئاكتىپ قارشى تۇرغان. «بېتىم» ئىمزالىنىپ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئامانلىقنى قوغداش سىلىڭبۇسىغا مۇئاۋىن قوماندان بولغان. ئۇ شىنجاڭدا تۇرغان مۇشۇ ئون نەچچە يىللىق ھاياتى جەريانىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى، دىنىي ئېتىقادى، تىلى ۋە مىللىي خۇسۇسىيەتلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان. جاڭ جىجوڭ شىنجاڭغا كەلگەندە "مىللىي ئارمىيىنى پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قولى ئارقىلىقلا توختىتىش مۇمكىن" دېگەن كۆز قاراشقا ئاكتىپ قوشۇلغان ۋە جاڭ جىجوڭنىڭ ئەتىۋارلىشىغا سازاۋەر بولغان. بۇ قېتىم "يۇرت چوڭلىرى" نىڭ ئەرزى بىلەن تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ دېلولىرى يېتىپ بارغاندا جاڭ جىجوڭ رىن جاۋتەيىنى ئۆزىگە ۋەكالىتەن بۇ يەرگە ئەۋەتكەنىدى.

رىن جاۋتەي باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى بىر تەرەپتىن تۇتقۇن قىلىنغانلارنى قايتا سوراق قىلىپ، تۇرغۇزۇلغان دېلولارنى قايتا تەھقىقلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ھەربىي گازارما قۇرۇلۇشى ۋە تاشيول قۇرۇلۇشىنى پىلانلاشقا كىرىشتى. رىن جاۋتەي بىر قىسىم ئادەملەرنى كەينىگە سېلىپ، ماشىنا ئارقىلىق ھەممە جايغا شەخسەن ئۆزى بېرىپ كۆرۈپ چىقتى. ئۇلارنىڭ قاتراپ تەرەپ-تەرەپلەردە چۆرگىلەپ يۈرۈشلىرى خەلق ئاممىسى ئىچىدە تېخىمۇ كۆپ ۋەھىمىلەرنى تۇغدۇردى. شۇڭا ئۇلارنى تېخىمۇ دەھشەتلىك بالا-قازا ھەم ۋەيرانچىلىق كۈتۈپ تۇراتتى. تۇتۇلۇپ قالغان "قاچقۇن" لارنى بولسا ساقچى ئىدارىسىغا قاماپ ناھايىتى ئېغىر ئىشلارغا سالاتتى. مانا يولدا تۇتۇلۇپ قالغان

ياغاچ گاڭگوڭنى ئوغلى بىلەن بىر ئايدىن بۇيان يامۇلنىڭ ئالدىدا ئەمگەككە سالماقتا. ئۇ بولسا گويا كى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ناخشا ئېيتماقتا ئىدى:

سېنى ئەنجاندا دەپ ئاڭلاپ،
بىلمىنى شوينىدا باغلاپ.
سېنى كەلمەيدۇ دەپ ئاڭلاپ،
باياۋان چۆللەردە يىغلاپ، ۋاي دادەي...

### يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# رىن جاۋتەيىنىڭ پەرمانى

تىرىمچى بىر چولاق كەتمەندە قالدى،
ماتاچى مىڭ ياماق چەكمەندە قالدى.
غىچىلدار ھارۋىنىڭ چاقى قەدەمدە،
كانايغا بولمىسا، سۇنايغا نەدە؟!
— ئا. ئۆتكۈر

رىن جاۋتەي باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى جىددىي ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. يىگىرمە نەچچە كۈن تەكشۈرۈش، پىلانلاش ئارقىلىق خەلققە تۆۋەندىكىچە پەرمان چۈشۈردى:

## پەرمان

(1) دۆلەت ۋە پىرقىنىڭ شىنجاڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭنىڭ قاتناش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە پۇقرالارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭ-گەنسۇ تاشيولىنى ياسىماقچىمىز.

(2) شەھەر ئىچى بەك قىستاڭچىلىق بولۇپ قالغانلىقتىن، ھەربىي كازارمىنى شەھەر ئىچىدىن سىرتقا يۆتكەپ، شەھەرنى بىكار قىلىپ بەرمەكچىمىز. بۇ قورۇلۇش پۇقرالارنىڭ مال-مۈلكىنى ۋە بىخەتەرلىكىنى ئاسراشنى مەقسەت قىلىدۇ.

(3) بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دۆلەتنىڭ پۇقرالارغا يۈكلەيدىغان ۋەزىپىسى ۋاقىتلىق ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن پۇقرالىرىمىز ئۆز ئۈستىگە كەلگەن ھاشار ۋە باشقا ئالۋان-سېلىقلارنى ۋاقتىدا ئورۇنداپ، دۆلەت ئالدىدىكى پۇقرالىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى لازىم.

(4) ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ۋە يۇرت چوڭلىرى ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىنى پۇقرالارغا چۈشەندۈرۈپ، دۆلەتنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە ياردەملەشسۇن، كىمكى بۇ پەرماندىن باش تارتسا ئېتىلسۇن.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك خىزمەت تەكشۈرۈش ئۆمىكى

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35-يىلى 10-ئاينىڭ 13-كۈنى

بۇ پەرمان ھەرقايسى مەھەللىلەردىكى مەسچىتلەرنىڭ ئالدىغا ۋە ھەرقايسى كوچىلارنىڭ دوقمۇشلىرىغا چاپلاندى. ئىچكى جەھەتتە بۇ پەرماننىڭ ئىجرا قىلىنىشى شىنجاڭنى ساقلاپ قېلىش-قالالماسلىقتىكى ئاچقۇچ دەپ قارالدى. ئارقىدىنلا تاشيول قورۇلۇشى، ھەربىي كازارما قورۇلۇشى، ياغاچ توشۇش ئالۋىنى، ئاشلىق ئامبىرى سېلىش، "لەك" توشۇش[1]، تاشيول ئىدارىسى قورۇلۇشى دېگەنلەرنىڭ ئالۋان-سېلىقلىرى دېھقانلارغا ئارقىمۇ ئارقا كېلىپ، بۇرۇنقى ئالۋان-سېلىقلار بىلەن قوشۇلۇپ خۇددى "ۋابا كېسەللىكى" دەك ئۇلارنى چىرمىۋالدى. ھۆكۈمەت مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ، پۇقرالارنىڭ يەرلىرىدىكى ئىشلىتىشكە يارايدىغان ياغاچلارنىڭ ھەممىسىگە بەلگە قويدى. بۇ ياغاچلار "پادىشاھلىق ياغاچ" دەپ ئاتالدى. بۇنداق "پادىشاھلىق ياغاچلار"نىڭ ئەسلىدىكى ئىگىلىرى بەلگە قويۇلغان ياغاچلارنى كېسىپ

---

① لەك — ئورۇشقا تەييارلىق ئاشلىقى. "لەك" توشۇش خەلققە ئاپەت ئېلىپ كەلگەن.

ئىشلىتىدىغان ئورۇنغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى شەرت ئىدى. ھەممە ئائىلىلەرگە تاشيول قۇرۇلۇشى، قورغان سېلىش ئۈچۈن بىردىن ياش، قاۋۇل ئەمگەك كۈچى ھاشار كەلدى. بۇ تەدبىرلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەربىر ئۇنبېشى، دورغا، يايىلارغا بەللىرىگە ئوقلانغان تاپانچا ئاسقان ھەربىي ئەمەلدار قوشۇلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قوللىرىغا سىم ئورالغان قامچا تۇتقانىدى. يېزىلاردا يىغا-زارە كۆتۈرۈلۈپ، ھەر قەدەمدە باش كۆزى قانغا بويالغان ئادەملەرنى كۆرۈشكە بولاتتى. كىشىلەرنىڭ نالە-پەريادىدىن يەر-جاھان تىترەپ كەتتى. يېزىلار سۈرلۈك تۈس ئالدى. ئوغۇللار ئالدىدا ھاشارغا ماڭدى. ئاتىلار كەينىدە «لەك» ئېلىپ ماڭدى. پۈتۈن زېمىننى «ئاھۇزار» قاپلاپ كەتتى.

※ ※

— قۇسلىك جانابلىرى، ئامبارىدىكى ئاشلىق يېتىشمەيدىغان ئوخشايدۇ. قانداق قىلساق بولار؟ — دەپ دوكلات قىلدى پىرقە باشلىقى يى خۇيمىن.
— شۇنىڭدىنمۇ غەم قىلامسىز؟ — دېدى رىن جاۋتەي خاتىرجەم ھالدا،
— دېھقانلارنىڭ بۇغدايلىرىنى تارتىۋېلىڭلار...
— ئات بوغۇزى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قوناقلىرىنى بىر قېتىم يىغىۋالغان. بۇ قېتىم بۇغداينى بەرمەي جېدەل چىقىرارمىكىن؟! ئۇ چاغدا...
— جېدەل چىقىرارمىكىن؟ جېدەل چىقارسا ماۋۇ نېمە؟ — دەپ رىن جاۋتەي كۈلۈپ كەتتى ۋە بېلىدىكى تاپانچىنى سىلاپ قويدى، — بۇ دېگەن جەنۇبىي شىنجاڭ، ئۇقتىڭىزمۇ؟
— چۈشەندىم، — دېدى يى خۇيمىن خوجايىنىنىڭ نىيىتىنى چۈشىنىپ.
— چۈشەنگەن بولسىڭىز شۇ بويىچە ئىجرا قىلىڭ. يۇقىرىغا ئۈزۈم جاۋاب بېرىمەن. قاتتىق قول بولۇڭ. يولسىزلىق قىلغانلارنى ھەرگىز ئايىماڭ. «پۇتلاشقان تاشنىڭ يولدا تۇرمىغىنى ياخشى» دېگەن تەمسىلنى ھەرگىز

ئۈنتۇماڭ. لېكىن ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىڭ...

رېن جاۋتەينىڭ سۆزلىرى يې خۇيمىنغا يېڭى كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلىغاندەك بىلىندى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە، باۋجاڭلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن ھەربىر يېزىغا سەككىز-ئوندىن قوراللىق ئەسكەر چىقىپ، قوللىرىغا تۆمۈر زىخلارنى تۇتۇشۇپ دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى، ئاشلىق كۆمگەن ئورىلىرىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلار بىلەن كەلگەن ئونبېشى، دورغىلار تېپىلغان ئاشلىقنى تاغارغا قاچىلاپ ئېلىپ كەتتى. كىشىلەرنىڭ داد-پەريادى پەلەككە يەتتى. كېلەر يىلى دېھقان نېمىنى تېرىيدۇ؟ نېمىنى يەيدۇ؟ دەيدىغان ئادەم چىقمىدى...

※ ※

رېن جاۋتەيي تۇيۇقسىزلا ھەربىي گازارمىغا بارماقچى بولۇپ قالدى. ئەسكەرلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇشنى ئويلاپ، قوماندان يەن ئالدىراپ قالدى.

— سىلىڭ جانابلىرى، ئەسكەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرمەكچىمۇسىز؟ — دەپ سورىدى قوماندان يەن.

— ياق، ئۇلارغا سالام بەرمەكچىمەن، — دېدى رېن جاۋتەيي.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قوماندان يەن تېخىمۇ ھەيران بولدى ۋە تەمتىرەپ قالدى. ئەزەلدىن چوڭلارنىڭ كىچىكلەرگە سالام بېرىشى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش ئىدى. چوڭلارنىڭ سۆزى مۇقەددەس قانۇن ھېسابلىناتتى. ئەگەردە ئۇ قىلچە ئەھمىيىتى يوق، ساراڭلارچە ئېيتىلغان سۆز بولسىمۇ، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئېتىراز بىلدۈرۈشكە ھەددى ئەمەس ئىدى. شۇڭا قوماندان يەن ئۈچۈنمۇ بويسۇنۇشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ئۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، بۇ شەھەردە ئۈچ يەردە تۇرۇۋاتقان ھەربىي قىسىملارنى شەھەرنىڭ غەربىگە جايلاشقان ھەربىي گازارمىنىڭ مەشىق مەيدانىغا يىغىلىشقا بۇيرىدى. بىرنەچچە يىل بۇرۇن بۇ مەشىق مەيدانى ھەربىي گازارمىنىڭ ئارقىسىدىكى ئۇچۇقچىلىقتا

بولۇپ، ئىككى يۈز مودەك يەرنى ئىگىلەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەشق مەيدانىنىڭ ئىككى تەرىپى چوڭ يول بولغاچقا، مەشق ۋاقتىدا پۇقرالارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى ئۈچۈن بەكمۇ قولايسىز بولغانىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن مەشق مەيدانىنى قورغان ئىچىگە يۆتكىدى. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەرنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى توسالغۇغا ئۇچرىمىدى. لېكىن قورغان تاملىرىغا سەپسىلىپ قاراشقا بولمايتتى.

چۈشتىن كېيىن رىن جاۋتەي قوماندان يەنىڭ يول باشلىشى بىلەن ھەربىي گازارمىغا كەلدى. بۇ چاغدا پۈتۈن ھەربىي قىسىملار سەپ تارتىپ تۇرۇشقانىدى. ئۇلارنى كۆرۈپ نۆۋەتچى ئوفىتسېر دوكلات قىلدى:

— دۆلەت ئارمىيىسى 129-دىۋىزىيە 18-ئاتلىق پولك ۋە مىللىي كۈچەيتىلگەن ئالاھىدە 3-ئاتلىق ئەسكەرلەر روتىسى بىلەن 120-تەمىنات باشقارمىسى ھەممە 196-ماشىنا كالون بۇيرۇقىڭىزنى كۈتىدۇ.

رىن جاۋتەي بىلەن قوماندان يەن تەگلا قوللىرىنى كۆتۈرۈپ شەپكىلىرىنىڭ چېكىسىگە تەگكۈزدى. ئارقىدىن رىن جاۋتەي قىسقىلا نۇتۇق سۆزلىدى:

— بىزنىڭ قەھرىمان دۆلەت ئارمىيىمىز جياڭ زوڭسىلىڭنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە كوممۇنىستلارنى ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇب قىلدى، كومپارتىيە پات ئارىدا يوقىتىلىدۇ. بىز ئارقىدىنلا "ئىلى ئوغرىلىرى"نى قىرىپ تاشلايمىز. مانا شۇ چاغدا بىز ئۆزىمىزنىڭ غالىبلىقىنى دۇنيادا نامايەن قىلىمىز. مەن سىلەرنىڭ دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ شان-شەرىپىنى ساقلىشىڭلارنى ۋە يۈكسەك دەرىجىدە قەھرىمانلىق كۆرسىتىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن. سىلەرگە ئامەت تىلەيمەن.

رىن جاۋتەينىڭ سۆزى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ھەممەيلەن چاۋاك چالدى. ئۇ بولسا قولىنى چېكىسىگە قويۇپ، غادايغان پېتى ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى ۋە شۇ ماڭغىنىچە ئوق-دورا ئىسكىلاتى تەرەپكە كەتتى. شۇ چاغدا ھەربىي گازارمىنىڭ غەربىدىكى چوڭ دەرۋازىنىڭ يېنىدا قىيا-چىيا ئاڭلاندى. ئۇلار شۇ يەردىن ئۆتەتتى. ئۇلار يېتىپ بارغاندا ئىككى ئەسكەر توققۇز-ئونچە كىچىك

بالا بىلەن بەش ئالتە ئايالنى قوغلاپ يۈرۈپ، ئاياق بىلەن ئۇرۇۋاتاتتى. بۇنى كۆرۈپ رىن جاۋتەي:

— نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى ئەسكەردىن.

— رۇخسەت قىلىڭ، — دېدى ئەسكەر ھەربىيچە سالام بېرىپ، — ھۆل ئوتۇن ئېلىپ كەپتۇ.

— خوپپەرلەر، ھۇ گەدەنكەشلەر، — دېدى-دە، رىن جاۋتەي ئۆتۈپ كەتتى. شۇ چاغدا روزى ئونبېشى ئوتۇن ئارتىلغان ئىككى ئېشەكنى ھەيدەپ، ئىككى قېرى ئايالنى ئەگەشتۈرۈپ دەرۋازىدىن كىرىپ كەلدى. ئونبېشىنى كۆرگەن ئەسكەر ئۈنىگەغا ۋارقىرىدى:

— ھەي روزى، نېمشقا ھۆل ئوتۇن ئېلىپ كەلدىڭ؟

— باشلىق، — دەپ يالۋۇردى روزى ئونبېشى، — يېزىدا ئەر كىشى قالمىدى. بۇ ئوتۇنلارنىمۇ ئۆزۈم ئاران ئارتىپ كەلدىم.

— ئەر كىشى قالمىسا مەن قانداق قىلىمەن. بۇ سىلىڭنىڭ بۇيرۇقى قىزىلىرىڭ ئەرسىز قالغان بولسا ئېلىپ كەل. بىزنىڭ بۇ يەردە يىگىتلەر تولا راسا... — دەپ ئەسكەر ئىنتايىن سەت گەپ قىلدى.

— ياﺋالla ماۋۇ نېمىنى، — دېدى روزى ئونبېشى ئۆزىمۇ سەزمەستىن، — مەن باشقا گەپ قىلسام، بۇ باشقا گەپ قىلىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئىككى ئەسكەر روزى ئونبېشىنى ئۇرۇشقا باشلىدى.

※ ※

ئۆكتەبىر ئېيىنىڭ باشلىرى، تەبىئەت ئۆزىنىڭ كۈز پەسلىگە خاس سېخىيلىقى بىلەن ھەر خىل مېۋە-چېۋىلەرنىڭ خۇش پۇرىقىنى ئەتراپقا چاچماقتا ئىدى. ئادەتتە كىشىلەر كۆپ بولىدىغان ئاۋات كوچىلار ھازىر چۆلدەرەپ قالغانىدى. ھەر خىل مېۋىلەرنى سېتىۋاتقان باققاللارنىڭ ئالدىدا چۆرگىلەپ يۈرگەن ئۇششاق باللار بىلەن ياشانغان كىشىلەردىن باشقا ئادەم كۆرۈنمەيتتى.

خېرىدارنىڭ يوقلۇقىدىن ئۇلار پەقەت چۈشىن قورۇش بىلەنلا ئاۋارە ئىدى.

قـۇيـاش چۈشتىن قىيلغان چاغدا رىن جاۋتەي يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئۇتتۇرىسىدا غادايغان ھالدا كوچىدىن ئۆتۈپ جۇمە مەسچىتكە كىرىپ كەتتى. ئۇلار جامائەتنىڭ نامازدىن يانمىغانلىقىنى كۆرۈپ مەسچىت ھويلىسىدىكى ئۈژمە سايىسىدا كۈتۈپ تۇردى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن يى خۇيمىن، چىك ۋەنلو (تەرجىمان)، سادىق موللا قاتارلىقلارمۇ شۇ يەردە ھازىر بولدى. ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىمۇ شۇ يەردە چۆرگىلەپ يۈردى. ئۇلار پۇقراچە كىيىنگەنىدى. ئۆكتەبىر ئېيى بولۇشىغا قارىماي قۇياش خېلىلا قىزدۇرۇپ تۇراتتى. مۇدۇسا بىـر گىلەمنى ئېلىپ چىقىپ، رىن جاۋتەينىڭ تېگىگە سالدى. بىر قىسىم ساقچى-ئەسكەرلەر مۇدۇسانىڭ بۇيرۇقى بويىچە مەسچىت ئەتراپىدا پوستتا تۇرغانىدى. رىن جاۋتەي رۇخسەت قىلمىدى. شۇنداق بولسىمۇ مۇدۇسا ئۇلارنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ جۇمە مەسچىت تەرەپتىكى سېپىلىدا ھەر ئېھتىمالغا قارشى ھـەربىي ھالەتتە تۇرۇشنى بۇيرىدى. سائەت ئىككىلەردە كىشىلەر جۇمەدىن ياندى. سادىق موللا بېرىپ دەرۋازىنى تاقىدى. نامازدىن يانغانلاردىن بىرسىنى يى خۇيمىن چاقىرىپ، قازى ئاخۇنۇمنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى.

— قازى ئاخۇنۇمغا ئېيت، سىلىك سۆزلىمەكچى، ھەممىسى چىقسۇن.

خـوش، ئـوبدان، — دېدى-دە، ھېلىقى ئادەم پەرماننى ئىچكىرىگە يەتـكـۈزدى. جـامائەت چىقىپ مەسچىت ھويلىسىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. كىشىلەرنىڭ ئۈستىدىكى جۇل-جۇل كىيىملەردىن بەدەنلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاپتاپتىن قارايغان ئورۇق يۈزلەردە ئاچلىقتىن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلەر نۇرسىز چىراغدەك پىلىلداپ تۇراتتى. رىن جاۋتەي ئورنىدىن تۇرۇپ نۇتۇق سۆزلىدى:

— كۆپچىلىك، مەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ۋەكالىتەن سىلەرگە مۇتلەق دىنىي ئەركىنلىك بېرىشنى جاكارلايمەن. بۇرۇن سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا مەلۇم چەكلىمىلەر قويۇلغان. بۇ توغرا ئەمەس. ھۆكۈمىتىمىز سىلەر مۇسۇلمانلارنى بەكـمۇ ئـاسرايدۇ. شەرىئەتنىڭ بۇرۇنقىدەك ئۆز ئەمرى پەرمانى بىلەن مۇسۇلمانلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بار. مەدرىسلەرنى ئېچىشقا بولىدۇ. ھازىر

ئـىلـىلـىـقـلار بولشۇېكلار بىلەن بىرلىشىپ، ئىسلام دىنىنى يوقىتىشنى قـەسـتـلـەۋاتىدۇ. ئۇلار مەسچىت-مەدرىسلەرنى چېقىپ، قۇرئان، كىتابلارنى كۆيدۈرۈۋاتىدۇ. ئاياللارنىڭ چېچىنى كېسىۋاتىدۇ. ھەتتا ئاياللار ئۇزۇن ئىشتان كىيمەيدۇ. بېشىغا ياغلىق سالمايدۇ. خوتۇن قىزلىرىڭلارغا ئىگە بولالمايسىلەر، قېنى ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ سىلەر شۇنداق ئىشقا يول قويالامسىلەر؟

— ياق، خۇدا كۆرسەتمىسۇن ئۇ كۈننى، — دېدى توپ ئارىسىدا تۇرغان ھاشىم داموللا.

— تېخى مۇشۇلارلا ئەمەس، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى رىن جاۋتـەي، — ئـۇلار كەلگەندىن كېيىن ھەممە نەرسەڭلارنى تارتىۋالىدۇ. بولشۇېكلار مۇسۇلمانلارغا بەكمۇ ئۆچ. ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي مەركىزىڭلار بۇخـارادا ئـۇرغۇن موللىلارنى ئۆلتۈردى. قۇرئان، كىتابلارنى كۆيدۈردى. مەسچىت-مەدرىسلەرنى چېقىپ، شەھەرگە ئوت قويۇپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. ھەربىر بولشۇېك بىرنەچچە قىزنى بۇلاپ كەتتى.

بۇ گەپلەر كىشىلەرگە خېلى تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، مەيداندا غۇلغۇلا كـۆتـۈرۈلـۈشكـە بـاشـلـىـدى. سادىق موللا ناھايىتى تەستە كىشىلەرنى تىنچلاندۇردى. رىن جاۋتەي مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئەمدىغۇ ئىلىلىقلارنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنسىلەر سـىـلـەر ئـۆزۈڭلارنىڭ يۇرتىنى خاتىرجەممىكىن؟! دەپ ئويلاپ قالماڭلار، سىلەرنىڭمۇ ئىمانىڭلار سۇسلىشىپ كەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن تاپىنىڭلارنىڭ تېگىدىن دۈشمەن چىقىپ، كانىيىڭلارنى بوغماقچى بولدى. لېكىن ئۇلارنى سىلەر كۆرەلمىدىڭلار. ئۇلار كىملەر بىلەمسىلەر؟ — دەپ ئۇ ھەممە كىشىگە تەكشى قاراپ چىقتى.

— بىلىمىز، — دەپ ھاشىم داموللا ئورنىدىن تۇردى. ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا قاراپ قالدى، — ئۇ بولسىمۇ ماموت باشچىلىقىدىكى جېدىتلار.

— داموللام، جېدىت دېگەن نېمە؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر قارا ساقال ئادەم.

— جېدىت دېگەن مۇسۇلمان تۇغۇلۇپ دىنىدىن ئازغانلار. مەيداندا يەنە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. چىك ۋەنلو ھاشىم داموللىنىڭ

سۆزىنى رىن جاۋتەيگە ئۇدۇللۇق تەرجىمە قىلىپ بەردى. رىن جاۋتەي يى خۇيمىنگە قاراپ: "بۇ ئادەم يارايدۇ" دېدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھۆكۈمەت شۇنچە چوڭ ئەمەل بېرىپ ھاكىم قىلسا، مامۇت قاتارلىقلار ئىلىلىقلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بولشېۋىكلارنى باشلاپ كەلمەكچى بولۇشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مۇسۇلمانلارنىڭ دوستى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئۇلارنى قاماققا ئېلىپ، سىلەرنى قۇتۇلدۇرۇۋالدۇق. بولمىسا بۇ چاغقىچە بولشېۋىكلار كېلىپ سىلەرنى ھەرگىزمۇ تىرىك قويمايتتى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈڭلارنىڭ دىنىڭلارنى ئاسرىشىڭلارنى، دىنىڭلارغا ھۆرمەت قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

رىن جاۋتەينىڭ سۆزى تۈگىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ناتىقلىقى بىلەن قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغان رەزىل سىياسىي ئويۇنىنى ئويناپ چىقتى. ئۇنىڭ بۇ ئويۇنلىرى يېرىم سائەتمۇ ئۆتمەستىن بەربات بولدى.

رىن جاۋتەي سۆزەپ بولغاندىن كېيىن يى خۇيمىن سۆزلىدى. ئۇمۇ مۇسۇلمانلارنى شەرىئەتنىڭ قاتتىق تىزگىنلىشىنى، ئۇلارنىڭ "ئىماندىن ئېزىپ كەتمەسلىكى"نى تەلەپ قىلدى. يىغىن تۈگىگەندە بەزى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە "بۇلارنىڭ شەرىئەتنى تەكىتلىشى نېمىگە لازىم بولۇپ قالدى" دېگەن خىيال كىرىۋالغانىدى.

جامائەت ئەمدىلا تارقىلىپ، جۈمە مەسچىتىنىڭ ئالدىغا چىقىپلا، قوللىرى كەينىگە قىلىپ باغلانغان، يۈز-كۆزلىرى پۈتۈنلەي قانغا بويالغان ئۈچ نەپەر قىرى دېھقاننى ئىككى قوراللىق ئەسكەرنىڭ ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆردى. جامائەت جايىدا توختاپ قالدى.

— داۋۇت ئاخۇن بەكمۇ ياۋاش ئادەم ئىدى، نېمە بولغاندۇ؟ — دېدى بىر ئادەم كېتىپ بارغانلارغا قاراپ.

— نېمە بولاتتى؟ — دېدى يېنىدىكى ئادەم، — زۇلۇمغا چىدىمىغاندۇ.

— ھېلىقىلار سىلەرنى قۇتقۇزۇۋالدۇق دەۋاتاتتىغۇ؟ — دېدى يەنە بىر ئادەم.

— قۇتقۇزۇۋالغانىنىڭ پۇلىنى ئالمىسا بولامدۇ؟ — دېدى مەنىلىك قىلىپ باياتىن ھاشىم داموللىغا سوئال قويغان قارا ساقال ئادەم.

جامائەت ئاستا-ئاستا تارقالدى.

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

# مەھبۇسلار سەپىرى

كېتمەن قالدۇ ئۈچمەنلەر كۆلۈپ،
قالدۇ سۆيگەنلەر ھەسرەتكە چۆكۈپ.
قانچىلىك ئۆزگەرسە، ئۆزگەرسۇن ھاۋا،
ھەرقانداق بورانىنى ئالىمەن كۆتۈپ.
— بايرون

ئۆكتەبىر ئېيىنىڭ ئاخىرى، تەبىئەت ئۆزىنىڭ يېشىل مەخمەل تونىنى سېلىۋېتىپ، زەررەك كىمخاپ تونىنى كىيدى. ئالتۇنتاغنىڭ ئېگىز چوققىلىرى ئاق توندىن لىباس كىيدى. تەبىئەت ئۆزىنىڭ سېخىي كۆز ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ زىمىستان قىشىنى كۈتۈۋېلىشتىن دېرەك بەرمەكتە ئىدى. كۈندۈزى تەكلىماكاندىن، كېچىسى ئالتۇنتاغدىن ئۇرۇپ تۇرغان سوغۇق شامال ئەتىگەن-ئاخشامدا كىشلەرنى پاختىلىق چاپان كىيىشكە مەجبۇر قىلدى. دېھقانلار ئالدىراشلىق بىلەن ئۆي، ئېغىل-قوتانلىرىنى ئوگشاپ قىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا كىرىشتى. لېكىن ئىشقا يارايدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى ھاشارغا

ھەيدەپ كەتكەچكە، ئۆيدە قالغان بوۋاي-مومايلار بىلەن ئۇششاق باللار قىيىن ئەھۋالدا قالدى. ھەتتا كېلەر يىلى تېرىلىدىغان يەرلەر توك پېتىچە ئۇسسا قىلىنماي ئاق قالدى. ئونبېشى، دورغىلار كېچە-كۈندۈز ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ، كىشىلەردىن ئوتۇن، سامان، بىدە، قوي، توخۇ، تۇخۇم ، ھاشارغا ئادەم تەلەپ قىلماقتا ۋە بۇ نەرسىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي شەھەرگە قاراپ ئاقماقتا. ئۇلار ئالىدىغانلىكى نەرسىنى سۈپۈرۈپ ئالماقتا ئىدى. دېھقانىنىڭ ئۆلۈش-تىرىلىشى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئىدى. بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قولىغا ئېلىنغۇدەك ھېچنەرسىسى بولمىسىمۇ، لېكىن "يوق" دېيىشكە ھەددى ئەمەس ئىدى. "يوق" دېيىلا قويسا شۇ ھامان دورغا ياكى ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەن قوراللىق ئەسكەرنىڭ قوللىرىدىكى سىم ئورالغان قوش ئۆرۈم قامچىسى باش-كۆزىگە تارسىلداپ تېگىپ، يۈز-كۆزىنى بىردەمدىلا قانغا بوياپتتى. شۇڭا يېزىلار سۈرلۈك قىياپەتكە كىرىپ ھەممە جايىنى يىغا-زارە قاپلاپ كەتكەنىدى.

بۈگۈن ئەتىگەندىن بۇيان بۇ كىچىككىنە شەھەردە پەۋقۇلئاددە ئەھۋال ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. چۈشتىن بۇرۇن بارلىق يېزا-مەھەللىلەردە ئونبېشى دورغىلار كىشىلەرنى چۈشتىن كېيىن بازارغا كىرمەسلىككە بۇيرىدى. بازاردا بولسا تۇرسۇن جىڭجاڭنىڭ[1] كاكىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى:

— خالايىق، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلا. ناھىيىلىك پىرقىنىڭ بۇيرۇقى، چۈشتىن كېيىن ھېچكىمنىڭ كوچىغا چىقىشىغا رۇخسەت يوق. كىمكى كوچىغا چىقىپ قالايمىقان ماڭسا شۇ كىشى قاماققا ئېلىنىدۇ...

چۈشتىن كېيىن، شەھەرگە كىرىدىغان بارلىق يوللارنى قوراللىق ئەسكەرلەر قامال قىلىۋالدى. تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىغا تۆت دانە ماكسىم پىلىموتنى ئورنىتىپ، ئوقلاپ ئېتىشقا تەييارلاپ قويدى. كارۋان سارايى، مەسچىت ۋە ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرىنىڭ ئۈستىگە يېنىك پىلىموت ۋە ئاپتومات بىلەن قوراللانغان قىسىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىنى

---

[1] جىڭجاڭ (جېنجاڭ) — بازار باشلىقى. ئاپتوردىن.

قاتتىق نارازەت ئاستىغا ئالدى. شەھەردە تەمتىرەپ يۈرۈيدىغان روھىي كېسەل، قەلەندەر ۋە باشقا بىكار تەلەتلەرنى كارۋان سارايغا سولىدى. كوچىلاردا ھەر ئون قەدەمدە بىردىن ئەسكەر قاراۋۇلدا تۇردى. ئەتراپنى پاترۇللار چارلاپ تۇردى. بۇنداق ئەھۋالدا بىرەر ئادەممۇ كوچىغا چىقىشقا پېتىنالمىدى. پەقەت نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولغانلار پەم بىلەن پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ دەرۋازىلىرىنىڭ يوچۇقلىرىدىن ماردى. لېكىن ھېچكىمنىڭ ئۆگزىگە چىقىشىغا يول قويۇلمىدى.

قۇياش غەربكە ئېگىلىپ كەچ پېشىن بولغان چاغدا ”يېڭى دەن“ دەپ ئاتالغان گومىنداڭ ئارمىيىسى 120-تەمىنات باشقارمىسى ئالدىغا ئۈچ دانە كالا ھارۋىسى كەلدى. بۇ ئالۋانغا تۇتۇلغان ھارۋىلار ئىدى. ئالدىدىكى ھارۋىغا ئون ئەسكەر چىقىپ بىر دانە ئېغىر پىلىموتنى ئارقىغا قارىتىپ ئوقلاپ، ئېتىشقا تەييارلاپ قويدى. ئارقىدىكى ھارۋىغىمۇ ئون ئەسكەر چىقىپ، بىر دانە ئېغىر پىلىموتنى ئالدىغا قارىتىپ ئورنىتىپ، ئوقلاپ، ئېتىشقا تەييارلاپ قويدى. ئوتتۇرىدىكى ھارۋا بوش قالدۇرۇلغان بولۇپ، يەنە كىملەرنىدۇ كۈتمەكتە ئىدى. كۈن ئولتۇرۇشتىن بىر سائەت ئىلگىرى ”جاۋگۇەنشى“ تەرەپتىن چالدىرىلغان زەنجىرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ھەممەيلەن شۇ تەرەپكە قاراپ تۇردى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ”جاۋگۇەنشى“نىڭ كەينىدىكى يولنىڭ ئەگمىسىدە بىرقانچە قوراللىق كىشى كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا باش-كۆزلىرى جاراھەت، ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، چاچلىرى پاخپىيىپ، كىرلىشىپ چىگىشلىشىپ كەتكەن تۆت كىشى كېلىۋاتاتتى. بۇلار مامۇتخان، بارات، نۇر، قۇتلۇق بولۇپ، ئىنتايىن زەئىپلىشىپ كىشى تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. مامۇتخاننى بارات بىلەن قۇتلۇق يۆلىۋالغانىدى. چۈنكى مامۇتخاننى قىيناش جەريانىدا ئوتتا كۆيدۈرگەن پۇتى تېخى ساقايمىغانىدى. ئۇلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئەسكەرلەر كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار 4-ئايدا دارۋاز دار باغلىغان مەيدانغا كەلگەندە بارات ئەتراپقا قاراپ ئېغىر خورسىنىپ قويدى-دە، ”ھەي كاچ پەلەك!“ دەپ ئويلىدى. ئۇلارنى ھەيدەپ ئوتتۇرىدىكى ھارۋىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلگەندىن

كېيىن، قۇتلۇق بىلەن نۇر ئەسكەرلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ ھارۋىغا يېيىپ ئولتۇرغىدەك ئورۇن راسلىدى. بۇ تۆت نەپەر مەھبۇس ھارۋىغا چىقىپ ئىككەيلەن شەرققە، ئىككەيلەن غەربكە ئالدىنى قىلىپ ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ پۇتلىرىدا ئىشكەل بولسىمۇ، ياندىش ئولتۇرغان ھەر ئىككى كىشىنىڭ قولىغا بىر كويزىنى سېلىپ چېتىپ قويىدى. بۇنى كۆرۈپ مامۇتخان يولداشلىرىغا:

— كۆردۈڭلىمۇ؟ يولۋاس زەنجىردە بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۈرى يەنىلا توخۇ يۈرەكلەرنى قورقىتىدۇ. بۇ بىزنىڭ ماڭغان يولىمىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، — دېدى.

ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان بۇ كىشىلەرنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھارۋىكەش دېھقانلار ھەيران بولۇشتى. لېكىن ئۈن چىقىرالمىدى. ھارۋىلارغا مەھبۇسلار ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ھارۋىلارنىڭ تۆت تەرىپىنى ئوندىن قىرىق نەپەر ئاتلىق ئەسكەر قورشاپ قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ تۇرۇشتى. بۇ ئەسكەرلەرگە ناۋادا مەھبۇسلارنى قۇتقۇزۇشقا ئۇرۇنغان بىرەر ھەرىكەت كۆرۈلسە، بۇ تۆت نەپەر مەھبۇسنى دەرھال چېپىپ تاشلاش بۇيرۇلغانىدى. بۇلارنىڭ كەينىدىن يەنە يۈز نەپەر ئاتلىق ئەسكەر كېلىپ، بىر بۆلىكى ھارۋىلارنىڭ ئەللىك مېتىر ئالدىدا، يەنە بىر بۆلىكى ئەللىك مېتىر كەينىدە قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ تۇردى.

ھەممە ئىش تەييار بولغاندىن كېيىن، يوغان جەدە قاشقا ئاتقا مىنگەن ھەربىي شتابنىڭ باشلىقى سوڭ يېنىدىكى ئالاقىچىغا بەلگە ئوقى ئېتىشنى بۇيرىدى. ئالاقىچى يان قورالىنى چىقىرىپ، بەلگە ئوقى ئاتتى. ۋىژىلداپ چوشۇۋاتقان بەلگە ئوقىغا قاراپ ھەيران بولۇپ قالغان ھارۋىكەشلەرنى ھارۋىنىڭ ئەتراپىدىكى ئەسكەرلەر قىلىچلىرىنىڭ كەينى بىلەن "ماڭ!" دەپ ئۇرۇشقا باشلىدى. ھېچنەرسىنى ئاڭقىرالماي قالغان دېھقانلار ھارۋىنى ھەيدەپ يولغا چۈشتى. بۇ چاغدا قۇياش ئۇپۇق سىزىقىغا بېشىنى قويغاچقا، كەچكى شەپەق پۈتۈن ئاسمان گۈمبىزىنى قاپلاپ، قىپقىزىل قانلىق داغلارنى ھاسىل قىلغانىدى. كالا ھارۋىسىنىڭ ئالدىراستىن غىچىرلاپ لىڭشىشى، جاللات قىلىچىنىڭ كەچكى شەپەق نۇرىدا "ۋال-ۋۇل" قىلىشى، كىشىلەرگە گوياكى گۇناھسىز تۆكۈلگەن

قانلار دېگىرغا ئايلىنىپ، جاللاتلارنى ئاستا-ئاستا يوتۇپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

⁂ ⁂

ئىككى سائەتتىن بۇيان داۋاملىشىۋاتقان يىغىن ئاخىرلىشاي دەپ قالغانىدى. بۈگۈنكى بۇ يىغىنغا رىن جاۋتەي ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەندەك قىلاتتى. چۈنكى بۈگۈنكى يىغىنغا سىرتتىن ناھىيىلىك پىرقىنىڭ باشلىقى يى خۈيمىن بىلەن ھاكىم شى يۈەنجولار قاتناشقان بولۇپ، قوماندان يەن بىلەن جەمئىيى تۆت ئادەم ئىدى. ئادەم ئاز بولسىمۇ، تاماكا ناھايىتى كۆپ چېكىلگەچكە ئۆينىڭ ئىچى ئىسقا توشقانىدى. ئۇلار ئاۋۋال نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى مۇزاكىرە قىلدى. ئارقىدىن بۇ قېتىم «بېتىم»نىڭ روھى بويىچە ئوتكۈزۈلىدىغان سايلام مەسىلىسىگە كۆچتى.

— يېقىندا ۋىلايەتتىن سايلامنى نازارەت قىلىشقا ئادەم كېلىدىكەن، — دېدى رىن جاۋتەي، — ھازىر بىر قىسىم ئادەم قاماقتا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلارنى قويۇپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بولمىسا تاكتىكىدا ئۇتتۇرۇپ قويىمىز.

— ئىلىلىقلاردىنمۇ ئادەم كېلەرمۇ؟ — دەپ سورىدى يى خۈيمىن.

— بىرنېمە دەپ بولمايدۇ. ئۇلار مالىخايىنى قىرلاپ ھەممىلا يەردە دوقۇرۇپ يۈرۈشى مۇمكىن. لېكىن بۇ ئانچە مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى بىزنىڭ ئىشنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشىمىزدا، — دېدى رىن جاۋتەي، — ئەگەردە ياخشى ئورۇنلاشتۇرالىساق غەلبە قىلىشىمىزدا شەك يوق. بۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى قانداقراق؟

— بۇ يەرنىڭ ئاھالىسىنى ئۈچكە بۆلۈشكە بولىدۇ، — بىرى لوپلوقلار يەنى قارا قوشۇنلۇقلار، — دېدى يى خۈيمىن، — مۇشۇ يەرنىڭ يەرلىك خەلقى. چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئىككىنچىسى ئالتە شەھەرلىكلەر دېھقانچىلىق، سودا بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۈچىنچىسى ھۆكۈمەت

خىزمەتچىلىرى ھەم مۇئەللىملەر. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى قاماقتا.

— ھەببەللى، ناھايىتى ياخشى گەپ، — دېدى رېن جاۋتەي، — بۇ ئۈچ تەرەپنىڭ ئۇتتۇرىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش كېرەك. يەرلىكلەرگە يۇرت سىلەرنىڭ، شۇڭا سىلەردىن ھاكىم بولۇش كېرەك دەيمىز. ئالتە شەھەرلىكلەرگە بۇ يۇرتنى سىلەر گۈللەندۈرگەن، شۇڭا سىلەردىن ھاكىم بولۇش كېرەك دەيمىز. قاماقتا ياتقانلارنى شەرتلىك چەكلىمە قويۇپ سايلامغا قاتناشتۇرمايمىز. شۇنداق قىلىپ، ھەممىنى بېسىپ چۈشۈپ، ئۆز مەقسىتىمىزگە يېتىمىز. پىلان پۇختا بولسۇن، مەخپىي بولسۇن. سىلەرمۇ بىزگە سادىق كىشىدىن نامزات تەييارلاپ قويۇڭلا، قانداق، بولامدۇ؟

— دانا پىكىر، دانا پىكىر، — دەپ ماختاشتى ھەممىسى.

— ئەمسە سايلامنىڭ شەرتلىرىنى كېلىشىۋالساق قانداق؟ — دېدى قوماندان يەن...

— قېنى خاتىرىڭىزگە يېزىۋېلىڭ شۇجىجاڭ، — دەپ بۇيرىدى رېن جاۋتەي پىرقە باشلىقىغا. شۇجىجاڭ يېنىدىن خاتىرىسىنى چىقىرىپ تەييار بولدى. رېن جاۋتەي شەرتلەرنى ئېيتىشقا باشلىدى:

(1) ئاياللار سايلامغا قاتنىشالمايدۇ.

(2) يىللىقچىلار، ئىشلەمچىلەر، مەدىكارلار ۋە باشقا ئۆزىنىڭ مال-مۈلكى يوق كىشىلەر سايلامغا قاتنىشالمايدۇ.

(3) ئۆزىنىڭ مال-مۈلكى بولسىمۇ، بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقىنىغا ئۈچ يىل توشمىغانلار سايلامغا قاتنىشالمايدۇ.

(4) بۇ يىل قاماققا ئېلىنىپ، ھۆكۈمەت كەچۈرۈم قىلغان جىنايەتچىلەر سايلامغا قاتنىشالمايدۇ.

— مۇشۇلار يېتەر، — دېدى رېن جاۋتەي ئاخىردا، — سىلەرنىڭ قوشۇمچە پىكىرىڭلار بارمۇ؟

ئۇ ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ چىقتى. لېكىن ھېچكىم گەپ-سۆز قىلمىدى.

— ئۇنداق بولسا قاماقتىكىلەرنى دەرھال قويۇپ بېرىپ ئىشنى باشلىغىلار.
— سايلامغا بىزمۇ قاتنىشامدۇق؟ — دېدى شى يۈەنجۇ.
— شۇمۇ گەپمۇ؟ سىز ھاكىملىقنى تاشلاپ بەرمەكچىمۇ؟ — دېدى رېن جاۋتەي، — ۋاقتى كەلگەندە جان كەتسىمۇ قاتتىق تۇرۇشىمىز، ئۇقتىڭىزمۇ؟
— ئۇقتۇم.
ئۇلار ماجاڭ ئوينىشقا باشلىدى ۋە ئويۇنغىچە «كوممۇنىستلار ئۆگەشتى» دەپ كۆرەڭلىشىپ قويۇشتى. شى يۈەنجۇ بولسا لوشەنزىڭنى ئېلىپ قېچىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈۋاتاتتى.

※ ※

1946-يىل 11-ئاينىڭ 15-كۈنى.
قۇياش كۆتۈرۈلۈپ، يېڭى بىر كۈننىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. بۇ كۈنمۇ ئۆتكەن باشقا كۈنلەرگە ئوخشاش كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەرنى كۈتۈۋېلىش ئالدىدا تۇراتتى. بۈگۈن ئەتىگەندىن بۇيان يامۇلنىڭ ئىچىدىكى چوڭ زالدا يىغىن ئېچىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق كېتىۋاتاتتى. بۇ يەردە ئاددىي كىشىلەر كۆرۈنمەيتتى. بۇ يەرگە ساقچى ئەمەلدارلىرى بىلەن ھەربىي ئەمەلدارلار يىغىلىپ ئەسكەرلەرگە ئىش بۇيرۇپ تۇراتتى. ئەسكەرلەر زالنى تازىلاپ، ئۇزۇن-ئۇزۇن ئورۇندۇقلارنى رەتلىك تىزىپ ئارىلىقتىن يول قويدى. سەھنىگە ئىككى دانە ماكسىم پىلىموتنى ئورنىتىپ، ستۇۋولنى مەيدانغا قارىتىپ، ئوقلاپ تەييارلاپ قويدى. ھەربىر پىلىموتنىڭ يېنىدا ئىككىدىن ئەسكەر جەڭگىۋار ھالەتتە تۇردى. بىر ئەسكەر پىلىموت تەپكىسىنى تۇتۇپ، يەنە بىرسى ئوق دىسكىسىنى تۇتۇپ ئولتۇردى. زالنىڭ ئەتراپىنى قوراللىق ساقچىلار قورشىۋالدى. ئىشىكلەرنى مەخسۇس ئادەملەر ساقلىدى.
سائەت ئون بولغاندا ھەرقايسى ئىدارىلەرنىڭ باشلىقلىرى قول

ئاستىدىكىلەرنى تىزىپ ئېلىپ كىرىپ كۆرستىلگەن ئورۇندا ئولتۇرغۇزدى. بۇ چاغدا يۇرت چوڭلىرىمۇ يىغىلىشقا باشلىدى. زالنىڭ ئىچى تولىمۇ سۈرلۈك تۈس ئالغانىدى. ھەممەيلەن يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، يى خۇيمىننىڭ تەكلىپى بىلەن رىن جاۋتەي نوتۇق سۆزلىدى، ئۇ:

— مەن بۈگۈن مۇشۇ يىغىندا ئولتۇرغانلاردىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە جاڭ جىجوڭ ئەپەندىم نامىدىن ھال سورايمەن، — دېگەنىدى، ئالدى بىلەن يى خۇيمىن، سادىق موللا قاتارلىق كىشىلەر چاۋاك چالدى. بۇنى كۆرۈپ باشقىلارمۇ چاۋاك چېلىشتى. رىن جاۋتەي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ يەرنىڭ يۇرت چوڭلىرىنىڭ «ئىلى ئوغرىلىرى» بىلەن تىل بىرىكتۇرگەن مامۇت باشچىلىقىدىكى ئىسيانچىلار ئۈستىدىن بەرگەن ئەرزلىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كۆرۈپ، سىلەرگە كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى. ھېلىمۇ بۇ يەردىكى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھوشيارلىقىدىن دۆلەت ۋە پىرقىنىڭ بىخەتەرلىكى ساقلاپ قېلىندى. مەن بۇ يەردىكى خىزمەت كۆرسەتكەن كىشىلەرگە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئۆلكىلىك پىرقە نامىدىن تەشەككۇر بىلدۈرىمەن، — ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ يى خۇيمىن ئورنىدىن تۇرۇپ چاۋاك چالدى. باشقىلار ئۇنىڭغا ئەگەشتى. رىن جاۋتەي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بىز ئىسيانچىلارنىڭ باشلىقلىرىنى ۋىلايەت ياكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بەردۇق. قالغانلىرىنىمۇ ئەسلىدە ئۆلتۈرۈشكە تېگىشلىك بولسىمۇ، ھۆكۈمىتىمىز ناھايىتى ئادىل ۋە رەھىمدىل بولغاچقا يۇرت چوڭلىرىنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن، ئۇلارنى قاماقتىن چىقىرىپ، ھەرقايسىڭلارغا كېپىللىككە بېرىشنى قارار قىلدۇق. مۇندىن كېيىن سىلەر ئۇلارنى قاتتىق نازارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ «ئىلى ئوغرىلىرى» بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بولشېۋىكلارنى باشلاپ كېلىپ، دىنىڭلارنى ئاياغ-ئاستى قىلىپ، مال-مۈلكىڭلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشىدىن ھوشيار بولۇشىڭلار لازىم.

رىن جاۋتەينىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، ھەممەيلەن چاۋاك چالدى. رىن جاۋتەي جايىغا بېرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، يى خۇيمىن زالغا قاراپ

ۋارقىرىدى:

— جىنايەتچىلەر ئېلىپ كېلىنسۇن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مۇدۇسا ئالدىراپ زالدىن چىقىپ كەتتى. سادىق موللا ئورنىدىن تۇرۇپ، سەھنىنىڭ كەينىدە ئېسىقلىق تۇرغان جىياڭ جېيشىنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتىگە تەزىم قىلغاندىن كېيىن، سۆزلەشكە باشلىدى.

— رىن فۇسلىڭ جانابلىرى بىزگە ناھايىتى كاتتا يولىيورۇق بەردى. بىز "ئېلى ئوغرىلىرى" بىلەن ھەرگىز چىقىشالمايمىز. شۇڭا دۆلەت ۋە پىرقىنىڭ بىزگە قىلغان غەمخورلۇقى ئۈچۈن، ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلەپ، يۇرتىمىزنى قوغداشقا قەسەم ئىچىمىز...

شۇ چاغدا ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان كىشىلەر:

— كەلدى، كېلىۋاتىدۇ، — دېيىشىپ ئىشىككە قاراشتى.

ساقچى، ئەسكەرلەر قورشىۋالغان مەھبۇسلارنى ئالدىنقى رەتتىكى بىكار ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرغۇزۇشتى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرى سارغايغان، چاچ-ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، كىيىم-كېچەكلىرى كىر ۋە جۇل-جۇل ئىدى. ئەمدى قوماندان يەن كانايلىرنى قىرىپ، ۋارقىراپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ سۆزلىگەنچە تەلەتى سەتلىشىپ، ئاۋازى چىلبۆرىنىڭ ھۇۋلىشىغا ئوخشاپ كەتتى:

— بىز بۈگۈن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى رىن فۇسلىڭنىڭ يولىيورۇقىغا بىنائەن "ئېلى ئوغرىلىرى" بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن، دۆلەت ۋە پىرقىگە قارشى چىققان، ئەسلىدە ئۆلتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان، ئالدىمىزدا ئولتۇرغان بۇ جىنايەتچىلەرنى قويۇپ بەرمەكچىمىز. مەن بۇ جىنايەتچىلەرنى شۇنداق ئاگاھلاندۇرىمەنكى، دۆلەت ۋە پىرقىنىڭ سەنلەرگە قىلغان غەمخورلۇقىنى بىلمەي، يەنە ئىسيان كۆتۈرۈشىدىكەنسەن، ئۆز پۇتۇڭغا ئۆزۈڭ پالتا چېپىشىسەن. سەنلەر كۆتكەن كومپارتىيىنىڭ كۆلى كۆككە سورۇلدى. يېقىندا "ئېلى ئوغرىلىرى"مۇ تۈگىشىدۇ. شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن ھوشۇڭنى تېپىشىپ، ياۋاش بولۇشۇپ، دۆلەت ۋە پىرقىنىڭ مەرھەمىتىگە ئىگە بولۇشۇڭلار زىم.

قوماندان سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ھاشىم داموللا قاتارلىق بىرقانچەيلەن سۆزلەپ، ھۆكۈمەتنىڭ "بۇ ئاجايىپ غەمخورلۇقى" ئۈچۈن تەشەككۈر بىلدۈرۈشتى ھەمدە ئىماندىن ئازغان بۇ، "جەدىت"لارنىڭ قايتىدىن ئىمان ئېيتىپ، ئاللانىڭ ئالدىدا تۆۋە قىلىپ، گۇناھىنى يۇيۇشىنى بۇيرىدى. نەسىھەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، يەنە كىمنىڭ پىكرى بار؟ دېگەن سوئال قويۇلدى. بۇ سوئالغا جىنايەتچىلەر ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانلاردىن بىرسى:

— مېنىڭ پىكرىم بار، — دېدى ئورنىدىن تۇرۇپ. بۇ، ئوقۇتقۇچى ئىمىن نىياز ئىدى.

— ھە... نېمە دەيسەن؟ — دېدى قوماندان يەن ھومىيىپ.

— ھۆكۈمەت ئىشپىيونلارنى ئىشلەتمىسكەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دەپ ئالايدى قوماندان يەن، — ئىشپىيون دېگىنىڭ كىم؟

— ساقى. ئەنە ئاشۇ، — دەپ ئىمىن نىياز تام تۈۋىدە ئولتۇرغان ساقى كەرىمونى كۆرسەتتى.

قوماندان يەن بىردىنلا قارىداپ، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ، يېنىدىن تاپانچىسىنى چىقارغانىدى، ئوقۇتقۇچى ئىمىن نىياز ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئوقۇتقۇچى ئىسمايىل سەيدىنى ئىتتىرىپ ئارىنى ئېچىپ، ئوقۇتۇپ پۈتنى ئورۇندۇق ئۈستىگە ئېلىپ ۋارقىرىدى:

— تۇشقاندەك ئون يىل ياشىغىچە، يولۋاستەك بىر كۈن ياشىغان ئەۋزەل، قېنى ئاتە. سېنىڭ بىزنى ئۆلتۈرمىگىنىڭلا قالدى. سەن سورىدىڭ، مەن پىكرىمنى ئېيتتىم...

يىغىن مەيدانى ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتتى. قوماندان يەن تاپانچىنىڭ قۇلۇپىنى ئاچتى. لېكىن رىن جاۋتەي قوماندان يەنگە بېشىنى مىدىرلاتقانىدى، ئۇ تاپانچىسىنى قېپىغا سېلىپ قويدى. كىشىلەر يېنىك نەپەس ئالدى. رىن جاۋتەي:

— ساقىنى ئىشپىيون دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇ دۆلەتنىڭ پۇقراسى، دۆلەتنىڭ ئاخبارات خادىمى، — دېدى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ سۆزىدىن ئەپسۇسلىنىپ، ھەي ئۇنى ئاشكارىلاپ قويۇپتىمەن، دەپ ئويلىدى-دە، ئىمىن نىيازغا ھۆركىردى، — سەن پۇقرالارغا تۆھمەت قىلماي ھوشۇڭنى تېپىپ يۈر. مەن ئىنتايىن رەھىمدىل، بولمىسا ئۆزۈڭنى جەھەننەمدە كۆرەتتىڭ...

يىغىن ئاياغلاشتى. كىشىلەر بۇ يەردىن كېتىشكە ئالدىرىدى.

※ ※

"خىزمەتتىن ھەيدەش" ئىقابى ئاستىدا پۇقراچە كىيىندۈرۈپ يېزىغا چىقىرىۋېتىلگەن خالىق ئەزىموپ يىقىندىن بۇيان يەنە ھىسامىدىن بەگنىڭ ئۆيىنى چۆگىلەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ تاماسى يەنىلا گۈلسۇمدە ئىدى. لېكىن ئۇ گۈلسۇمنى ئۇچرىتالمايۋاتاتتى. ماموتخاننىڭ قولغا ئېلىنىپ يىراق بىر جايغا ئاپىرىپ قاملىشى خالىقنى بەكمۇ خوشال قىلغانىدى. ئۆز ۋاقتىدا ھىسامىدىن بەگنىڭ ئۇنى ياراتماي قىزىنى ئۇنىڭغا بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، قېتىم ھەم ھىسامىدىن بەگدىن ھەم ئۇنىڭ كۈيئوغلى ماموتخاندىن راسا ئۆچ ئالغانىدى. "تېخى كۆرۈمىز، بەگ دېگەن قېرى ئەبلەخ ئالدىرىماي تۇرسۇن، ئۇنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىنى بىر تىيىن قىلىپ، ئۇنىڭ قىزىنى چىللە كۈچۈكتەك قىلىۋەتمىسەم ئادەم بولماي كېتەي" دەپ ئويلايتتى خالىق دائىم.

خالىق بۈگۈن يەنە ئاشۇنداق قارا نىيەتكە تولغان خىياللار بىلەن ھىسامىدىن بەگنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. بۇ كۈزنىڭ ئاخىرقى مەۋسۇملىرى ئىدى. بۇ چاغدا گۈلسۇم بىر لىگەن ئۈزۈمنى ئېرىقتىكى ئېقىن سۇدا يۇيۇۋاتاتتى. خالىقنى كۆرۈپ، بېشىدىكى گۈللۈك ياغلىقنى سەل-پەل پېشانىسىگە تارتىپ قويدى ۋە يەر ئاستىدىن ئۇنىڭغا سەپسىلىپ قاراپ چىقتى. خالىقمۇ چىراي شەكلىدە ئانچە يامان ئەمەس ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ئەلچى كىرگۈزگەن. بىراق دادىسى ئۇنىمىغانىدى. ھازىرمۇ ئۇنىڭ چىقىر شەھۋانىي

كـۆزلىرى گۈلسۇمگە تىكىلىپ تۇراتتى. بۇ قاراشلار گۈلسۇمگە ئۆزىنىڭ ئەر سېغىنغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى. شۇڭا يەر ئاستىدىن ئۇنىڭغا قاراپ ”پىسسىڭگىدە“ كۈلۈپ قويدى. بۇنى كۆرۈپ خالىقنىڭ شەھۋانىي نەپسى تاقىلداپ كەتتى ۋە تېخىمۇ غەيرەتكە كەلدى. ئۇ ئەتراپقا قاراپ قويۇپ گەپ باشلىدى:

— گۈلسۇم خېنىم، — دېدى خالىق ئاستاغىنە، — ئۆزۈمگىزدىن بىرەر شىڭگىل تېتىپ باقساق بولارمىكىن؟!...

— بىزنىڭ ئۈزۈم بەك تاتلىق. تېتىپ قالسا ئۈمىد ئۆزەلمەي قالارسىزمىكىن؟

— ئۈمىد ئۆزەلمىسەم يېنىڭىزغا كېلەرمەن.

— ۋىيەي يوغان گەپ قىلماڭ، — دېدى گۈلسۇم كۈلۈپ تۇرۇپ.

خالىق ئەتراپىغا قاراپ، ئادەم كۆرۈنمىگەندىن كېيىن:

— مېنى ساقچى ئىدارىسى يېزىغا ئىشلەشكە چىقاردى. قالغان گەپنى سورىماڭ. بىز دېگەن ئوغۇل بالا، — دېدى.

— ھە... مۇنداق دەڭ. ئەمدى ئەپەندىچىلىك قىلمايدىكەنسىز-دە، پوقراچە كىيىنگەن ساقچى.

— ئاستىراق، — دېدى خالىق ئەتراپقا قاراپ، — پەقەت سىزنى دەپلا بۇ يەرگە كەلدىم گۈلسۇم خېنىم. ھەرگىز ”ساقچى“ دېگەن گەپنى قىلماڭ، بۇ مەخپىي...

ئۇ ھازىر گۈلسۇمنىڭ ئالدىدا تىزلىنىشقا، پۇتىنى قۇچاقلاپ تاپىنىغا سۆيۈشكە تەييار ئىدى. لېكىن بۇ چوڭ يول بولغاچقىلا ئۆزىنى تۇتۇپ تۇراتتى.

— شۇنداقمۇ؟ كۈندۈزدە نەگىلا بارسا بولۇۋېرىدۇ. كېچىسىمۇ قورقماي بارالامسىز؟ — دېدى گۈلسۇم مەسخىرە تەلەپپۇزدا، — بىچارە ساقچى. كۈندۈزى تىترەپ تۇرغان ئادەم، كېچىسى ئۆيدىن چىقالماي قالارسىز...

— ئەلۋەتتە سىز ئۈچۈن جەھەننەمگە دېسىڭىزمۇ بارىمەن. ئەمما سىزدىن ئۆتۈنەي جېنىم خېنىم، ”ساقچى“ دېمىسىڭىز!

— ماقۇل، ئەمسە ئاخشاملىققا دادام خۇپتەنگە كەتكەندە ئاشۇ دەرەخ تۈۋىدە ئۇچرىشايلى، — دەپ گۈلسۇم ئۆيىنىڭ غەربىدىكى كۆل بويىدا ئۆسكەن سۆگەتنى كۆرسەتتى-دە، ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى.

⁂ ⁂

ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتتى.

"ھىسامىدىن بەگنىڭ قىزى گۈلسۇم ھامىلىدار بولۇپ قاپتۇ، خالىق 'بالىنىڭ دادىسى مەن' دەپتىمىش. ھىسامىدىن بەگ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ ۋە ئۇ مۇتىھەم قىزىمنى نىكاھلاپ ئالسۇن. بولمىسا خالىقنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن دەپتۇ" دېگەن سۆزلەر پۈتۈن يۇرتقا پۇركەتتى. شۇنداق قىلىپ "گۆش يازدا سېسىسا، قىز قىشتا سېسىيدۇ" دېگەن تەمسىل راست بولۇپ چىقتى. خالىق بولسا خۇشاللىقىدىن قىنىغا پاتماي قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي يەنە "گۈلسۇم خالىقنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، مېنى خوتۇن قىلىپ ئالمساڭ ئۆلۈۋالىمەن ئۇۋۋالىم ساڭا بولىدۇ. ئۇ چاغدا داداممۇ سېنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ، دەپ يىغلاپتىمىش. خالىق ھىسامىدىن بەگدىن قورقۇپ توي قىلىشقا ماقۇل بوپتىمىش" دېگەن گەپلەر تارقىلىپ كەتتى.

بىرەر ئايدىن كېيىن خالىق يەنى گۈلسۇمنىڭ قىز تەگكەن ئېرىنى تۇتۇپ بەرگەن رەقىپ گۈلسۇمنىڭ ئېرى بولۇپ قالدى.

⁂ ⁂

1946-يىل 11-ئاينىڭ 26-كۈنى، قاراشەھەر.

ھاۋا تۇتۇلۇپ ئالەمنى قارا بۇلۇت قاپلاپ كەتكەنىدى. قۇياش ئۆز نۇرىنى كۆرسەتمىگىلى بىرنەچچە كۈن بولۇپ قالدى. كېچىدىن بۇيان يېغىۋاتقان قار تاڭ ئاتقاندىن كېيىن تېخىمۇ كۈچىيىپ لەپىلدەپ ياغماقتا ئىدى. ئىزغىرىن

شامال شەرق تەرەپتىن ئۇرۇپ تۇراتتى. ھەممە ياق ئاپئاق قارغا كۆمۈلگەن بولۇپ، شەھەر كوچىلىرىدىكى قار كىشىلەرنىڭ ئاياغ ئاستىدا غاچىلدايتتى. ھەممە ئادەم ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن يۈرۈشەتتى. ئۇيەر-بۇيەردە يېغىۋاتقان قارغا قارىماي تىلەمچىلەر ئۆتكەن-كەچكەنگە قول سۇنۇپ ئولتۇرۇشاتتى. كوچىلاردا ئىگىسىز قالغان قوتۇر ئىتلار مەسىلەردەك دەلدەڭشىپ يۈرىشەتتى.

قاتتىق قار يېغىۋاتقىنىغا قارىماي بەش-ئالتە يۈزدەك ئادەم تەرتىپلىك ھالدا قوللىرىغا ئۇششاق بايراقلارنى تۇتۇپ، شوئار توۋلاپ دۇڭزىيە شتابى تەرەپكە كېتىپ باراتتى. توپنىڭ ئالدىدا ئىككى كىشى "سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىمىز" دەپ خەت يېزىلغان لوزۇنكىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئادەملەرنىڭ ئۇستىبېشى پۈتۈنلەي قارغا كۆمۈلگەن. ئېغىزدىن چىققان ھور ساقال-بۇرۇتلاردا مۇز بولۇپ قاتقانىدى. نامايىشچىلارنىڭ ئارقىسىدىن نورغۇنلىغان ئۇششاق باللار ۋە نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشەنمەي تاماشا كۆرگۈچىلەرمۇ كېتىپ باراتتى. بۇ ھال نامايىشچىلارنىڭ ھەيۋىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغانىدى. ئۇلار كېتىۋېتىپ شوئار توۋلايتتى. رەتنىڭ بېشىدا تەشكىللەپ ماڭغانلار شوئار توۋلىسا، قالغانلار ئۇنىڭغا ئەگىشەتتى. شوئارلىرىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

— «ئون بىر بېتىم»نى ئىجرا قىلايلى!

— سىياسىي مەھبۇسلارنى ئازاد قىلايلى!

— بىزگە دېموكراتىيە، ئەركىنلىك كېرەك!

— يوقالسۇن مۇستەبىت تۈزۈم!

— ياشىسۇن ئەركىنلىك!

نامايىشچىلار قوشۇنىنى دۇڭزىيە شتابى ئالدىدا قوراللىق ئەسكەرلەر توسۇۋالدى، بىر ئەسكەر خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. كەينىدە كەلگەنلەر ئالدىدىكىلەرنى ئىتتىرىپ ھەممە ياقنا ۋاراڭ-چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. كىشىلەر تاقەتسىزلىنىشكە باشلىدى. شۇ چاغدا بىر ھەربىي ئەمەلدار ئون نەچچە مۇھاپىزەتچىنىڭ مۇھاپىزىتىدە چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ

رەڭگى تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ لەۋلىرى تىترىگەن هالدا سىپايىلىك بىلەن سۆزلىدى:

— قېنى ئېيتىڭلار؟ نېمە تەلىپىڭلار بار؟

نامايىشچىلار قوشۇنىنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىرقانچەيلەن بىر-بىرىگە "قېنى سىز بىر نەرسە دەڭ" دېگەندەك قىلىپ قاراشتى، ئارىدىن كېلىشكەن بىر يىگىت چىقىپ:

— بىز قاماقتىكى سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىمىز، — دېدى.

— بىز ھەممەيلەننى قويۇپ بەرگەن. ھازىر قاماقتا ئادەم يوق.

— بىز ئاڭلىدۇق، — دېدى ھېلىقى يىگىت، — باشقا جايدىن يۆتكەپ كەلگەن ئادەم بار ئىكەن. شۇلارنى چىقىرىپ بېرىڭلا!

— مەن دېدىمغۇ، بۇ يەردە قاماقتا ئادەم يوق. خاتا ئاڭلاپ قالغان ئوخشايسىلەر. ئىشەنمىسەڭلا ۋەكىل كىرگۈزۈپ كۆرۈپ چىقىڭلار.

بۇ سۆز كىشىلەرنى تەمتىرىتىپ قويىدى. ھەممىنىڭ خىيالىغا بىردىنلا كېچىدىن بۇيان ئۇلارنى يىغىشتۇرۇۋەتكەن بولسىچۇ؟ دېگەن گۇمان پەيدا بولدى. كۈتۈپ تۇرۇشقا ۋاقىت يوق ئىدى. كۆپچىلىك بەش ئادەمنى ئۆزلىرىگە ۋەكىل قىلىپ كىرگۈزدى.

ھەربىي ئەمەلدار بىلەن كىرىپ كەتكەن بەش نەپەر ۋەكىل بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، ھېچقانداق خەۋەر ئالالماي قۇرۇق قول قايتىپ چىقتى ۋە كـۆپـچـىـلـىككە پۈتۈن تۈرمىنى ئاربلاپ چىققانلىقىنى، لېكىن سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ يوقلىقىنى خەۋەر قىلدى. يەنە نامايىشچىلار سېپىدە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

— مەلۇمات يالغان بولسا كېرەك.

— ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنمىدۇ؟ ياكى يۆتكىۋەتكەنمىدۇ؟

كـىشىلەر بىر-بىرىگە يول قويماي ئەنە شۇنداق تالىشىشقا باشلىدى. كۆپچىلىك تىت-تىت بولۇپ، راسا غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقان چاغدا بۇ يەرگە 16-17

ياشلاردىكى بىر بالا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كىيىملىرى ناچار، قوللىرى خېمىر يۇقى ئىدى. ئۇنىڭ ئويناپ تۇرغان قارا كۆزلىرى ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

— ئاكىلار، ئاكىلار نېمىگە ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىۋاتىسىلە؟ — دېدى ئۇ.

— مۇشۇ ھەربىي شتابقا بىرقانچە ئادەمنى قاماپتۇ دەپ ئاڭلىغانىدۇق، بىراق... دەپ توختاپ قالدى شتابقا كىرگەنلەردىن بىرسى.

— بىراق... نېمە بولدى؟ يوقمۇ؟

— يوق.

— مەن كېچىدىن ناۋايخانىدا ياتقان، — دېدى ئۇ، شتابنىڭ ئۇدۇلىدىكى ناۋايخانىنى كۆرسىتىپ، — پىرىم كېچە بولغاندا بىر ھارۋا كېلىپ، قورالىق ئەسكەرلەرنىڭ قورشاۋىدا بىر كىملەرنى ئېلىپ كەتتى. چالدىرلىغان ئاۋازغا قارىغاندا پۇتقا سالىدىغان ئىشكەل بولسا كېرەك.

— دېمەك ساقچى باشقارمىسىغا ئېلىپ كېتىپتۇ-دە، — دېيىشتى ھەممىيلەن. شۇنىڭ بىلەن نامايىشچىلار ئارقىسىغا يېنىپ، كەلگەن يولى بىلەن شوئار توۋلاپ يولغا چۈشتى.

※ ※

ئۇلار ساقچى باشقارمىسىدا خېلى ئۇزاق ھايال بولدى. تۈرمىنى، ژاندارمىلارنىڭ ياتىقىنى، ئامبارلارنى ئاختۇرۇپ چىقتى. لېكىن نامايىشچىلار ئىزدىگەن كىشىلەرنى تاپالمىدى. تۈرمىدە بولسا بىرقانچە ئوغرى، قىمارۋاز ياتاتتى. نەتىجىدە نامايىشچىلار قوشۇنى ئىچىدە يەنە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ھەممە ئادەم بىر بىرى بىلەن كارى يوق. ئۆز كۆز قارىشىنى سۆزلىشەتتى.

— يوق ئادەمنى ئىزدىگەن ئوخشايمىز.

— يالغان خەۋەر بولسا كېرەك.

— ئۇلارنى يوقىتىۋەتكەن ئوخشايدۇ.

— بۇ گەپنى زادى كىم تاپتى؟

شۇنداق قىلىپ نامايىشنى ئەشكىللىگۈچىلەر ئەڭلىكتە قالدى.

— كۆپچىلىك ۋارقىراشماڭلار! — دېدى ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى ھېكىم كەنجى، — خەۋەر ئىشەنچلىك. تۆت نەپەر ئىنقىلابچىنىڭ باشقا جايدىن تونۇلۇپ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگىنى راست...

ئۇ گېپىنى تۈگىتىشكە ئۈلگۈرەلمىدى. بىر ياش يىگىت ئۇلارنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كەلدى:

— ھېكىماخۇن ئاكا! مەن ھاجەتكە بېرىپ ئاۋۇ تام تۈۋىدە بىر ژاندارمىنىڭ مۇشۇ تەرەپنى ماراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم، — دەپ ئۇ ئاختاخانا تەرەپنى كۆرسەتتى، ئۇنىڭ چىرايى خېلىلا ئەندىشىلىك ئىدى.

— يەنە باشقا ئادەم بارمۇ؟ — دېدى ھېكىم كەنجى.

— يوق، ئۇ ئارقىسىغا پات-پات قاراپ قويىدۇ.

— مۇنداق دەڭ، يۈرۈڭلار بېرىپ قاراپ باقايلى! — دېدى ھېكىم كەنجى.

سوغۇقتا مۈزلىگەن نامايىشچىلار خۇددى كەلكۈن سۈيىدەك ئاختاخانىغا باستۇرۇپ كىردى. بۇ چاغدا بىر ژاندارما ئاتلارنىڭ ئايغىنى تازىلاۋاتاتتى. يەنە بىر ساقچى ئەمەلدارى ئاتلارنىڭ بېقىلىشىنى تەكشۈرۈۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالغانىدى. بۇ يەردە مۇشۇ ئىككىسىدىن باشقا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار ئاختاخانىنىڭ ئىچىنى ئايلىنىپ چىقتى. يېڭىدىن بىر نەرسە كۆمگەن گۇمانلىق يەر ئۇچراپ قالارمىكىن دەپ ھەممە يەرنى ئالا قويماي دەسسەپ چىقتى. لېكىن بۇنداق يەر كۆرۈنمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا نامايىشچىلار ئاختاخانىنىڭ شەرقىي يان بۇلۇڭىدىكى قۇلۇپلاقلىق ئىشىك ئالدىدا توختاپ قالدى. بۇنى كۆرۈپ ساقچى ئەمەلدارلىرىنىڭ رەڭگىدە قان قالمىدى ۋە چاندۇرماسلىق ئۈچۈن تامغا قارىۋالدى.

— بۇ ئىشىكنى ئاچ، — دەپ بۇيرۇق قىلدى ھېكىم كەنجى.

— ئۇ يەردە ھېچنەرسە يوق، ئاتلارنىڭ بوغۇزىدىن باشقا، — دېدى ئاتلارنىڭ ئايغىنى تازىلاۋاتقان ژاندارما.

— بىز سەندىن نېمە بار دەپ سورىمىدۇق، ئىشىكنى ئاچ، — دېدى ھېكىم كەنجى.

— مەندە ئاچقۇچ يوق. ئاچقۇچ ئامبارچىدا، — دېدى ژاندارما. ئۇنىڭ لەۋلىرى قورقۇنچتىن تىترەپ تۇراتتى.

— قېنى ياشلار، كۈچۈڭلارنى بىر كۆرسىتىڭلا، — دېدى ھېكىم كەنجى نامايىشچىلارغا.

— بۇ ناھايىتى ئاسان ئىش، — دېيىشتى بىرقانچە ياش نامايىشچى تەڭلا.

شۇ چاغدا قولىدا بايراق تۇتقان بەستلىك بىر يىگىت ئىشىكنى كۈچەپ قاتتىق تەپكەندى، تېرەك ياغىچىدا ياسالغان قوشقاناتلىق ئىشىكنىڭ ئىلگۈچىكى قاراسلاپ يېرىلىپ، زەنجىر قېقىلغان قانات ھاۋادا ئېسىلىپ پۇلاڭلاپ قالدى. يەنە بىر قانىتىمۇ ئېچىلىپ كەتتى. يېرىلغان قاناتنىڭ قاغا تۇمشۇقىنى قومۇرۇپ تاشلىدى. شۇ چاغدا ئاختاخانىدىكى ھېلىقى ئىككى ژاندارما تىكىۋەتتى.

ئىشىك ئېچىلغاندىن كېيىن، نامايىشچىلار ئامبارغا باستۇرۇپ كىردى. ئامبارنىڭ بىر تەرىپىگە بىر دۆۋە قوناق تۆكۈلگەندى. يەنە بىر تەرىپىدە ئاتمىش-يەتمىش سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا كولاپ تېخى پۈتكۈزۈلمىگەن ئورا، ئورىنىڭ يېنىدا بىر دانە بىدە توغرايدىغان جادو تۇراتتى. تۆت نەپەر ژاندارما قولى باغلانغان تۆت نەپەر تۇتقۇننىڭ ئاغزىغا لاتا تىقىپ، ئۇلارنى تام تۈۋىدە ئولتۇرغۇزۇپ، مىلتىقنىڭ ئاغزىنى تۇتقۇنلارنىڭ مەيدىسىگە تىرەپ تۇرۇشاتتى. قولىدا تاپانچا تۇتقان يەنە بىر ژاندارما ئەمەلدارى بۇلارنى نازارەت قىلىپ تۇراتتى. نامايىشچىلارنى كۆرۈپ، ژاندارما ئەمەلدارى سوغا چۈشكەن مۈشۈكتەك ئامبارنىڭ بىر تەرىپىدىكى قوناق دۆۋىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى. قالغان تۆت

نەپەر ژاندارمنى نامايىشچىلار ئىتتىرىپ تام تۈۋىگە قاپساپ قويدى. ئۇلار قورققانلىقىدىن تىزلىنىپ نامايىشچىلارغا يالۋۇرۇپ:
— بىر قوشۇق قېنىمىزنى تىلەيمىز، بىر قوشۇق قېنىمىزنى تىلەيمىز، بىز پەقەت بۇيرۇقنىلا ئىجرا قىلدۇق، — دېيىشەتتى. ئۇلار بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. نامايىشچىلار تۇتقۇنلارنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى لاتىنى ئېلىپ، قوللىرىنى يېشىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشكە باشلىدى. مەھبۇسلارنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى ئېقىپ تۇراتتى. ئۇلار ئارقا-ئارقىدىن:
— بىزنى قۇتقۇزدۇڭلا، بىزنى قۇتقۇزۇۋالدىڭلا! — دېگەن سۆزنىلا تەكرارلايتتى. ئۇلار كۆپچىلىككە شۇنىڭدىن باشقا سۆز قىلالمايتتى. بۇ تۆت نەپەر مەھبۇس بولسا نامايىشچىلار ئىزدىگەن مامۇتخان، بارات، قۇتلۇق، نۇر ئىدى.
ئۇلارنى نامايىشچىلار قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ كۆتۈرۈپ ئېلىپ مېڭىشتى. بۇ چاغدا كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تۇرغۇن كىشىلەر يىغىلغانىدى. ئۇلار ھەدەپ مەھبۇسلارغا قول پۇلاڭلىتاتتى ۋە ئۇلارنى تەبرىكلىشەتتى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن غەلىبە خۇشاللىقى چىقىپ تۇراتتى.
— رىھىم گاڭنىڭ دۇكىنىغا ئېلىپ بېرىپ، ئىشكەلنى چېقىۋېتىپ، ئۇ يەردىن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا بارايلى، — دېدى ھېكىم كەنجى
— شۇنداق قىلايلى، شۇنداق قىلايلى، — دەپ ھەممەيلەن ھېكىم كەنجى باشلىغان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئەتراپتا تۇرغانلار ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇيتتى:
— ياشاڭلار يىگىتلەر، بارىكاللا سىلەرگە!...
— بۇلارنى ئاخىر قۇتۇلدۇردىڭلار...
"ئەجەل يەتمەي كىشى ئۆلمەس" دېگەندەك، ئۇلار قاراشەھەر خەلقىنىڭ ياردىمى بىلەن گۆر ئاغزىدىن ئىككىنچى قېتىم قايتىپ كەلدى.

يىگىرمە بەشىنچى باب

# ئىز باسقان ئەۋلاد

ئاز ئىدۇق مۇشكۇل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،
ئەمدى چوڭ كارۋان ئاتالدۇق قالدۇرۇپ چۆللەردە ئىز.
— ئا. ئۆتكۈر

1947-يىلى 1-ئاينىڭ 28-كۈنى، كېچە.

يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قۇملۇق يولدا كېلىۋاتقان كىشىلەر ئېھتىيات بىلەن ئەتراپىغا قارايتتى، ئۇلار ئاۋاز چىقارماسلىققا تىرىشىپ، ئاستا-ئاستا يول بويىدىكى نىياز باۋجاڭنىڭ چوڭ ھويلىسىغا ئۇدۇللا كىرمەستىن، بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ، يەنە توختاپ ئەتراپىنى كۆزەتتى، باغنى ئايلىنىپ ئۆتكەندىن كېيىن، باغقا سۇ كىرىدىغان يوغان سۇڭگۈچتىن باغنىڭ ئىچىگە ئۆمىلەپ كىرىپ، ئەتراپىنى خېلى ئۇزاق تىڭشاپ كۆردى، ئاندىن باغدىن ئارقا ھويلىغا، ئۇ يەردىن بۇلۇڭدىكى كونا ئۆيگە كىرىشتى. بۇ يەرگە كەلگەن كىشىلەر ئۈچۈن ھازىرقى كۈندە بۇ يەردىن خاتىرجەمرەك جاينى تاپماقمۇ تەس ئىدى. بۇ، خۇددى «چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ» بولغاندەك بىر ئىش ئىدى.

تۈن نىسپى بولغاندا بۇ ئۆيگە ئالتە كىشى يىغىلىپ بولدى. تام،

تورۇسلىرى ئىسلىشىپ كەتكەن سەھراچە ئۆينى پىلىلداپ تۇرغان جىن چىراغ ئارانلا يورۇتۇپ تۇراتتى. بۇ يەرگە يىغىلغان ئاللە كىشى تولىمۇ خىيالچان كۆرۈنەتتى. ئۆينىڭ ئىگىسى پېشقەدەم مائارىپچى ئىمىنجان ئايالىنى بۈگۈن ئانىسىنىڭكىگە قونۇپ كېلىشكە ئەۋەتىۋەتكەنىدى. ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسى بولسا ئارىلىقتىكى ئايۋاندىن ئۆتۈپ كىرىدىغان قىشلىق ئۆيدە ئىدى. شۇڭا بۇ يەر نـــاھايىتى ئىشەنچلىك ئىدى. ئوتتۇرىغا سېلىنغان داستىخانغا گەرچە قىش بولسىمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە قوغۇن-تاۋۇز، ھۆل-قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىق ھەر خىل يەل-يېمىشلەر قويۇلغانىدى. كونا مەشنە چارسىلداپ كـۆيـۈپ تۇرغان ئوتۇن ئۆينى ئوبدانلا ئىسسىتقانىدى. بۈگۈن بۇ يەرگە يىغىلغان مېھمانلارنىڭ ئەڭ چوڭلىرى ئوتتۇز ياش ئەتراپىدىكى ئىشەنچلىك دوسـتلار ئىدى. ئىمىنجان مەشنىڭ يېنىدا تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان ئېگىز بويلۇق، قوشۇما قاش بىر ئوقۇتقۇچىغا "قېنى باشلايلى" دېگەندەك قىلىپ بـېـشـىـنى لىڭشىتتى. بۇ قۇربانوۋ ئىدى. ئۇنىڭ چوڭ-چوڭ كۆزلىرىدىن قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

— قېنى يولداشلار! — دېدى قۇربانوۋ، — بۈگۈن بۇ يەرگە ئۆزئارا چۈشىنىشىۋالساق دېگەن ئۈمىد بىلەن يىغىلىپ ئولتۇرۇپتىمىز. «ئون بىر بېتىم» ئۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ سىياھى قۇرۇماي تۇرۇپ، كۆپچىلىكىمىز زىنداندا يـاتتۇق. بىزگە يول كۆرسىتىپ كەلگەن تۆت نەپەر يولدىشىمىزنى ئۇتۇپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن ۋىلايەتكە يۆتكەپ كەتكەنچە ئۇلارنىڭ ئۆلۈك-تىرىكى مەلۇم ئەمەس. ھۆكۈمەتنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، ئىگىلىك ۋەيران بولدى، پۈتۈن خەلقنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىدى. نۇرغۇن كىشىلەر يوقسۇزچىلىقتا جان تالاشماقتا. ئەمدى بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ ياكى "پـېـشـانىمىزگە پۈتۈلگىنى شۇ ئىكەن" دەپ يۈرۈۋېرەمدۇق؟ ياكى بىزمۇ مىدىرلاپ باقامدۇق؟

— قايتا تەشكىللىنەيلى، بۇرۇنمۇ تەشكىللەنگەن ئەمەسمۇ؟! — دېدى دوغلاق كەلگەن بىر ياش. قالغانلار ئۇنىڭ پىكرىنى "توغرا، توغرا" دەپ

قوۋۋەتلىدى.

— قېنى دوستلار، ئويلىغىنىڭلارنى ئېيتىپ باقامسىلەر؟ — دېدى قۇربانوۋ.

ئۆيىنىڭ ئىچى بىردىنلا جىمجىتلىققا چۆكتى. ھەممەيلەننىڭ رەڭگىدىن چوڭقۇر پىكىرلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. تۆت، بەش مىنۇتتىن كېيىن تالاش-تارتىش باشلىنىپ كەتتى. يېرىم سائەتلىك قىزغىن تالاش-تارتىش قىلىش ئارقىلىق يىغىن ئىشتىراكچىلىرى مۇنداق خۇلاسىگە كەلدى:

1. خەلققە قاتتىق زىيانكەشلىك قىلغان ئۆمەرجان، ساقى، خالىق، مۇدۇسا قاتارلىق تۆت نەپەر ئىشپىيوننى ئۆلتۈرۈش.

2. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۆزاققا قالماي جەمئىيەتتە چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق ئىشپىيونلارنى ئىنقىلاب، ئۇلار ئۈستىدىن مەخسۇس ماتېرىيال يېزىپ چىقىش.

3. خەلقنىڭ تارتىۋاتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ھەققىدە شىكايەتنامە يېزىپ، ئۇنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە يوللاپ، ئۇنى يېڭىكلىتىش ھەققىدە تەلەپ قويۇش.

4. تەشۋىقات ۋەرەقىسى چىقىرىپ، ھازىرقى ئەھۋالنى خەلققە تونۇتۇپ، ھازىرقى ھۆكۈمەتنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىش.

— قېنى يەنە كىمنىڭ پىكرى بار؟ — دېدى قۇربانوۋ ھەممىگە تەكشى قاراپ.

— مېنىڭ پىكرىم بار، — دېدى بىر ئوقۇتقۇچى، — ھازىر پوچتىدىن شەخسىي خەت ماڭغۇزمايدۇ. ئۆلكىگە ئەۋەتىدىغان خەتنى قانداق ماڭغۇزىمىز؟

— بۇ ۋەزىپىنى يولداش تۇرسۇنغا تاپشۇرىمىز، سەنىيخۇينىڭ تامغىسىنى يوشۇرۇنچە بېسىپ، ھۆكۈمەت ئالاقىسى ھېسابىدا ئەۋەتىدۇ، — دېدى ئىمىنجان.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار مەخپىيەتلىكنى ساقلاش، ئىشپىيونلارنى پايلاش،

تەشۋىقات ۋەرەقىسى ۋە شىكايەتنامە تەييارلاش قاتارلىق ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىپ، تاڭ ئېتىش ئالدىدا تارقالدى.

※ ※

— سىلىنىڭ جانابلىرى، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، — دەپ، مۇدۇسا باشقا جايلارنى يىغىلا ئايلىنىپ كەلگەن رېن جاۋتەينىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

— نېمە؟ نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى رېن جاۋتەي.

— ئەپەندىلەر... ئەپەندىلەر كېچە-كۈندۈز ئۆيۈمنىڭ ئەتراپىدىن كەتمەيدۇ. كېچىلىرى ھاجەتكە چىقىشقىمۇ ئامالسىز قېلىۋاتىمەن. كۈندۈزى كوچىغىمۇ چىقالمايمەن. لوجۇيجاڭ بولسا ئىچكىرىگە قېچىپ كەتتى. شۇڭا سىزگە ئىلتىماسىم، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ.

رېن جاۋتەي قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، ئۆينىڭ ئىچىدە خېلى ئۇزا چۆرگىلەپ يۈردى. ئاخىردا مۇدۇسانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن قانائەتسىز ئۇۋچىنىڭ بۆرە تالىۋەتكەن ئىتىغا ئېچىنىپ قارىغىنىدەك بىر خىل كەيپىيات چىقىپ تۇراتتى.

— سېنىڭچە سېنى قانداق ئورۇنلاشتۇرساق بولار؟ — دېدى رېن جاۋتەي.

— مېنى ئۆز يۇرتۇمغا يۆتكەپ قويغان بولسىڭىز، ماڭا ناھايىتى چوڭ ئىنئام قىلغان بولاتتىڭىز، — دەپ يىغلامسىرىدى مۇدۇسا.

— بولىدۇ. سەن چىقىپ تەييارلان. ئەتە كېچە سېنى يولغا سېلىپ قويىمىز.

— رەھمەت سىلىنىڭ جانابلىرى. لېكىن-زە... يالغۇز يولغا چىقسام... — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمىدى.

— خاتىرجەم بول. بىز ساڭا ئادەم قوشۇپ بېرىمىز، — دېدى رېن

جاۋتەي گەپنى چۈشەنگەندەك.

مـۇدۇسا: "رەھمەت، رەھمەت" دېگىنىچە ئارقىسىچە مېڭىپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. مۇدۇسا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن رىن جاۋتەي "قورقۇنچاق ئىت" دەپ تىللىدى.

※ ※

كېچىدىن بۇيان كوچىغا چاپلانغان تەشۋىقات ۋەرەقىسى ناھىيىلىك پىرقە بىلەن ساقچى ئىدارىسىنى قاتتىق ئالاقزادە قىلىۋەتتى. چۈنكى ئۇلار: بىر قىسىم ئادەمنى تۇتقۇن قىلىپ، خەلقنىڭ يۈرىكىنى راسا مۇجىدۇق، ئەمدى ئۇلار بىزگە باش كۆتۈرۈپ قاريالمايدۇ. يەرلىكتىن ھاكىم سايلاشقا يول قويدۇق. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئالدۇق. دېمەك، بىز ئەزەلدىن يۈرگۈزۈپ كەلگەن "دۈشـمىنىڭنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ، كۆڭلىنى ئال" دېگەن سىياسىتىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇردۇق دەپ ئويلايتتى.

ئۇلارنى ئالاقزادە قىلىۋەتكەن تەشۋىقات ۋەرەقىسىدە مۇنداق مۇراجىئەت قىلىنغانىدى:

قېرىنداشلار! ئاتا-ئانىلار!

گـومـىـنـداڭ ھۆكۈمىتى جەڭ مەيدانىدا مەغلۇب بولغاندىن كېيىن ئـىـلـىـقلاردىن «بېتىم» تۇزۇشنى، ئىشنى چىرايلىقچە ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى. لېكىن تۈزۈلگەن «بېتىم»نىڭ سىياھى قۇرۇماي تۇرۇپلا نۇرغۇن ئادەملەر تۇتقۇن قىلىنىپ، ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتكە دۇچار بولدى. يېقىندىن بۇيان زۇلۇم ھەسسىلەپ ئاشتى. زۇلۇم بار يەردە ھەققەت بولمايدۇ، نەچچە ۋاقىتتىن قىلغان-ئەتكىنى ئاز كېلىپ، ئەمدى تاشيول قۇرۇلۇشى، ھەربىي گازارما قـۇرۇلـۇشـى دېگـەنـلـەرنـى ئـوتتۇرىغا چىقاردى. ئاتا-بوۋىمىزدىن قالغان دەل-دەرەخـلـەرنى ھەقسىز تارتىۋالدى. يەيدىغان ئاشلىقىمىزنى تارتىۋالدى. ئۆزىمىز ئاچ قالدۇق. ئەمگەك قىلالايدىغانلارنىڭ ھەممىسى ھاشارغا ماڭدى.

يەرلەر ئاق قالدى، ئاياللار ئالۋانغا ماڭدى. ياقا ئۆستەڭدە روزى بولقىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى 300 مو ياخشى يەرنى ھەقسىز تارتىۋالدى. ئۆستەڭ بېشىغا پىلىموت قۇرۇپ سۇنى توسۇۋېلىپ نۇرغۇن باغ، زىرائەتلەرنى قۇرۇتىۋەتتى. كېرىيىلىك تۇرسۇن دېگەن بالىنى توختىمىغان سىپىل تېمىغا بېسىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. كۆپكۆندۈزدە ئاياللارنى بۇلاپ كېتىپ، ئاياغ ئاستى قىلدى. سۆزلەپ كەلسەك گومىنداڭچىلارنىڭ جىنايەتلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. بىزگە ياشاشقا يول قالمىدى. شۇڭا ھەممىمىز بىرلىكتە ھۆكۈمەتكە نارازىلىق بىلدۈرەيلى! قارشىلىق كۆرسىتەيلى! گومىنداڭ يوقالمىغۇچە بىزگە ياخشى كۈن يوق. ھەممىمىز ئىتتىپاقلىشايلى!

ۋەرەقنى كۆرگەن پىرقە باشلىقى يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى. قىچىپ كەتكەن ساقچى باشلىقنى غايىۋانىسكە تىللىدى. ئۇ ئۇيىلا-ئۇيلا ئاخىر ساقچىنى يۇگۈردى. ساقچىنىڭ بىگىدىن تەپىنلىپ كەلگەن باشلىقى "مەن تېخى ئەھۋالنى بىلمەيمەن" دەپ تۇرۇۋالدى.

⁂ ⁂

1947-يىلى ياز.

ئايدىڭ كېچە. ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاي ئالتۇن نۇرلىرى بىلەن يەر يۈزىنى خۇددى كۈندۈزدەك يورۇتىۋەتكەنىدى. ئەتراپتىن پاقىلارنىڭ توختىماي كوركىراشلىرى، چېكەتكىنىڭ چىرىلداشلىرى، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇك-باراقسان مېۋىلىك دەرەخلەر ۋە باغلاردىن تورۇلغىنىڭ نالە قىلغاندەك سايرىشىغا قوشۇلۇپ، "خەپ توختاپتۇر" دېگەندەك قىلىپ، ھۇقۇشنىڭ سايرىشمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ يەر-بۇ يەردە خورازلار نۆۋەت بىلەن قانات قېقىپ، تورۇلغىنىڭ نالىسىغا تەسەللى بەرگەندەك "يىغلىماڭ، تاڭ ئاز قالدى" دەپ چىللىشاتتى.

نورۇز ئىبرىق مەھەللىسىدىن چىققان بەش كىشى چوڭ يولدا ماڭماستىن،

ئېھتىيات قىلىپ ئېتىزلىقلار ئارىسىدىكى تار، ئەگرى-بۈگرى چىغىر يوللارغا چۈشۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى روھلۇق تۇتۇشقا تىرىشسىمۇ، چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى. چۈنكى ئۇلار بۈگۈن پۈتۈن بىر كۈن مەكتەپتىكى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆيىدە گومىنداڭغا قارشى تەشۋىقات ۋەرەقىسى تەييارلاش، گومىنداڭچىلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ھەققىدە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە ئەۋەتىدىغان شىكايەتنامە تەييارلاش ۋە قويۇلىدىغان تەلەپنامىنى يېزىش بىلەن بەنت بولۇپ تولىمۇ كەچ قايتقانىدى. بۇ ئىشلار زېھنىي كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىش بولغاچقا ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەرەقە، شىكايەتنامە ۋە تەلەپنامىلارنى قولدا يېزىپ كۆپەيتىشكە توغرا كەلگەچكە ئۇلارغا زېھنىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تەڭ ھارغىنلىق يەتكەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ روھىي كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ ناخشا ئېيتقۇسى، كۈلگۈسى، ۋارقىرىغۇسى كېلەتتى-يۇ، لېكىن، ئېھتىيات يۈزىسىدىن پەس ئاۋازدا گەپلىشىپ ياكى بىر-بىرىگە ئىما-ئىشارەت قىلىشىپ مېڭىشاتتى. چۈنكى ھەربىي ھالەت ئەمەلدىن قالغان بولسىمۇ، ئىشپىيون-ساقچىلاردىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك ئىدى.

كېچە بەكمۇ گۈزەل ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جەنۇبتىن ئۆرۈپ تۇرغان تاغ سالقىنى كىشىلەرنى باغاشلاپ، سۆيۈپ بەكمۇ راھەتلەندۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇلار بارغانچە راھەتلىنىپ تېخىمۇ تېتىكلىشىپ قالدى. بۇ مەھەللىلەرمۇ بارلىق ئۇيغۇر مەھەللىرىگە ئوخشاش ئوتتۇرىسىدا يول، ئۆستەڭ، دەرەخلىكلەر، باغلىق ھويلىلار، باغلار ۋە ئېتىزلىقلار بىلەن ئورالغانىدى. شۇڭا ئۇلار گاھىدا دەرەخ كۆلەڭگىلىرى ئارىسىدا يوقاپ كەتسە، گاھىدا بۇغدايلىقلار، كېۋەزلىكلەر، قوناقلىقلار ئارىسىدىكى ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالاتتى. ئورۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بۇغداينىڭ ئالتۇن باشاقلىرى يىراقتىن كەلگەن تاغ شامىلىدا شىر-شىر ئاۋاز چىقىرىپ، ئۇلارغا سالام بەرسە، قوناق يوپۇرماقلىرى ئۇلارنى قارشى ئېلىپ چاۋاك چېلىۋاتقاندەك مىدىرلايتتى، ئەتراپتىن ئەمەن، چىڭگىلىك، كەكرى، بىدە قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

ئۇلار بىر باغدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئەمدىلا چوڭ يولغا چىقىشىغا ئىككى

ئادەمنىڭ يولنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، ئۆزلىرى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى-دە، دەرھال يول بويىدىكى ئەمەن، قومۇش ئۆسكەن قاشنىڭ كەينىگە دۈم يېتىۋالدى. ھايال ئۆتمەي يولۇچىلارمۇ كېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. ئۇلار ئۇن قەدەمچە ئارىلىق تاشلاپ ماڭغانىدى. كېلىۋاتقانلارنىڭ بىرى ئەر، بىرى ئايال ئىدى. ئايالنىڭ يۈزى ئاق ياغلىقتا يۆگەكلىك، ئۆزى زىلۋا، ئاق ماتا كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىدە قاپقارا ئىككى ئۆرۈم چېچى كاسىسىغا چۈشۈپ تۇراتتى. ئەر بولسا پاكار بويلۇق، بېشىغا مالخاي كىيگەن، بېلىگە بىر چاپاننى سېلىۋېلىپ ئاق كۆڭلەكنى ئىشتاننىڭ ئىچىگە تىقىۋالغانىدى. ئۇلار بىرنەچچە قەدەم مېڭىپلا ھېلىقى باغقا سۇ كىرىدىغان سۇڭگۈچتىن بىرىنىڭ كەينىدىن يەنە بىرى كىرىپ كەتتى. مانا شۇ چاغدا يول بويىغا يوشۇرۇنغانلار ئىشنىڭ تېگىنى بىلىپ قالدى. بۇ كېچىدە كەلگەن "كۈيئوغۇل" كىمدۇ؟ دېگەن خىيال ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىدىن ئۆتتى.

— ساقى، — دېدى ئىمىنجان يېنىدىكىلەرگە ئاستاغىنا، — بوي تۇرقىدىن، مېڭىشلىرىدىن قارىغاندا چوقۇم شۇ.

— مەنمۇ شۇنداق گۇمان قىلغان، — دېدى ئىبراھىم سەيدۇللا، — دېھقانچە ياسىنىۋاپتۇ. بولمىسا كېچىدە مالخاي كىيىپ نېمە قىلىدۇ؟ ...

— دېمەك بېشىدىكى سۇلايمان قالپىقى ئىكەن-دە، — دېدى قۇربانوۋ.

— يۈرۈڭلار! ...

ئۇلار پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ پەم بىلەن باغنىڭ تېمىنىڭ تۈۋىگە بېرىپ ماردى. تام پەس ئىدى. ئايدىڭ كېچىدە ساقىنى ئېنىق كۆردى، ساقى يالاڭباشتاق بولۇپ، تام تەرەپكە كەينىنى قىلىپ تۇراتتى. ئۇ سۇڭگۈچتىن كىرىپلا تام تۈۋىدە ھېلىقى ئايالنى قۇچاقلاپ سۆيۈشكە باشلىدى...

— ۋىيەي ئاغرىپ كەتتى. كالپۇكۇم كۆكىرىپ قالمىسۇن يەنە، — دەپ نازلاندى ئايال.

— ئاغرىپ كەتكەن بولسا، ھازىرلا خوش ياقتۇرمەن، ئەمما مېنى بەكمۇ كۈتتۈرۈۋەتتىڭىز، — دېدى ساقى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن تام تۈۋىدىكىلەردە ئەمدى

گۇمان قالمىدى. ھەممەيلەن ساقىنى ئېنىق تونۇدى.
— ئېرىم ئۇخلىماي كېچىكىپ قالدىم، — دېدى ئايال. ئۇلار يېشىنىشكە باشلىدى.
قۇربانوۋ ئۈچ كىشىنى سۇگۇچنى توسۇشقا ئەۋەتتى. ئۆزى تۇرسۇن بىلەن تامدىن ئارتىلىپ باغقا چۈشتى. ئۇلارنى كۆرۈپ، ساقى ئىشتىنىنى كۆتۈرگەن پېتى سۇگۇچكە قاراپ يۈگۈردى. لېكىن ئۇنى ئۇ يەردە ئۈچ ئادەم كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ سۇگۇچتىن ئەمدىلا چىقىشىغا ئۇنى تۇتۇۋالدى.
— تۇرە پاسىق مەلئۇن، — دېدى ئىمىنجان ساقىنى شاپىلاق بىلەن ئىككىنى سېلىپ، — جانابى ساقى كېرىموۋ، سەن مۇنداق بولۇشنى كۈتمىگەن بولغىيتتىڭ. سەن نۇرغۇن گۇناھسىز كىشىلەرنى تۇتۇپ بەرگىنىڭ ئازلىق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئائىلىلىرىنى بۇزۇپ، ئاياللارنى ئاياغ ئاستى قىلىۋېتىپسەن-دە؟ ماڭ باغقا كىر، مۇناپىق!
ئۇلار ساقىنى باغقا ئېلىپ كىرگەندە ھېلىقى ئايال ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋېلىپ تۇراتتى.
— ماڭ، ئۆيۈڭگە كەت، — دېدى قۇربانوۋ ئايالغا قەتئىي قىلىپ. ئۇلار ئايال سۇگۇچتىن چىقىپ كەتكۈچە جىمجىت قاراپ تۇرۇشتى.
— مېنى قانداق قىلىسىلەر ئاغىنىلەر؟ — دېدى تىزلىنىپ تۇرۇپ يىغلامسىرىغان ھالدا ساقى ۋە ئۆمىلەپ بېرىپ، قاراپ تۇرغانلارنىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلاشقا باشلىدى. ئۇلار بولسا مىدىر-سىدىر قىلماستىن، قاتتىق غەزەپتىن ئۆزلىرىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇرۇشاتتى. ساقى ئەڭ ئاخىر تۇرسۇننىڭ پۇتىنى قۇچاقلاشقا باشلىدى، — دېگىنە ئۇكام، زادى مېنى نېمە قىلىسىلەر؟
— تۇر ئورنۇڭدىن قورقۇنچاق مۇناپىق، — دېدى تۇرسۇن ۋە ئۇنى بىرنى تەپتى، — بىز سېنى نېمە قىلاتتۇق؟ ئۆلتۈرىمىز. سېنىڭ ئەجىلىڭ توشتى.
— مېنى كەچۈرۈڭلار! ئاغىنىلەر، مېنىڭ قېرى ئاتا-ئانامغا، خوتۇن-بالىلىرىمغا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، — دېدى ساقى يىغلامسىراپ.

— سەن باشقىلارنى تۇتۇپ بەرگەندە ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسىغا، خوتۇن-بالىلىرىغا ئىچىڭ ئاغرىغانمۇ؟

— ... ...

— قېنى گەپ قىلمامسەن؟

لېكىن ساقى جاۋاب بەرمىدى. ئۇ جاۋاب بېرىش ئورنىغا خۇددى كىرپىدەك تۈگۈلۈۋالدى. داد-پەرياد كۆتۈرسىمۇ، ۋارقىراپ يىغلىسىمۇ، ھېچكىمنىڭ ئۆيدىن چىقمايدىغانلىقىنى ئۇ ياخشى بىلەتتى. چۈنكى ئىشپىيون-ساقچىلار ئىككى-ئۈچ يىلدىن بۇيان كېچىسى تالادا يۈرگەن نۇرغۇن كىشىلەرنى تۇتۇپ كەتكەن. شۇڭا ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ياز كۈنلىرى كېچىسى تالادا يېتىپ ئادەتلەنگەن كىشىلەر ئىشپىيون-ساقچىلارنىڭ زوراۋانلىقىدىن قورقۇپ ئۆيدە ياتىدىغان بولۇۋالغانىدى. خۇسۇسەن ياشراق ئاياللارنى ھەر خىل باھانە-سەۋەبلەر بىلەن ماراپ تۇتۇۋېلىپ، ساقچىغا ئەپكىرىپ كېتىپ بىرنەچچە كېچە-كۈندۈز كوللېكتىپ باسقۇنچىلىق قىلاتتى. بۈگۈن ئاخشام بۇ مەھەللىنى چارلايدىغان پايلاقچىلارنى ساقى ئۆزى باشقا جايغا ئەۋەتتۈەتكەن. شۇڭا ئۇنىڭغا ھېچكىم ياردەم بېرەلمەيتتى.

جىم تۇرۇۋېلىش بىلەن ئىش ھەل بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن ساقى:

— تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغاننىڭ پايدىسى يوق، ئاغىنىلەر، ۋاقتىدا كېتىۋېلىڭلار، — دېدى ئالدىدىكىلەرگە، — بولمىسا تۇگىشىسىلەر. ھازىرلا ئادەم كېلىدۇ.

— نېمە دېدىڭ؟ — دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ساقىغا تەرەپ-تەرەپتىن مۇشت-پەشۋا تېگىشكە باشلىدى. ساقى تۈگۈلۈپ دۈم يېتىۋالدى. ئاخىر ئۇلار ئۇنى گەجگىسىدىن كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ئۇنىڭ بوز يېپتا گۈللەپ توقۇلغان ئىشتان بېغىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، قولىنى كەينىگە قىلىپ باغلاپ يەنە ئۇرۇشقا باشلىدى.

— قېنى ئېيتە؟ كىملەرنى تۇتۇپ بەردىڭ؟

— قېنى ئېيتە؟ كىملەر ئۆلتۈرۈلدى؟

لېكىن ئۇ كالپۇكىنى چىك چىشلىۋېلىپ جاۋاپ بەرمەيتتى. ئەتراپتا تاڭ ئېتىشتىن خەۋەر بېرىپ خورازلار چىللاشقا باشلىدى. ئىتلارمۇ توختىماي قاۋاپ تۇراتتى. ئەتىگەندىن تا ھازىرغىچە دەم ئالمىغان بۇ بىرنەچچەيلەن ناھايىتى ھېرىپ كەتكەنىدى ئۇلار پات-پات شەرق تەرەپكە قاراپ قوياتتى. ساقى بولسا پاتراق تاڭ ئېتىشنى خۇدادىن تىلەيتتى.

— بولدى ئۇرماڭلار! — دېدى قۇربانوۋ، — قېنى بېلىڭلاردىكى تاسما بەلباغلىرىڭلارنى يېشىڭلار، ئۇنى يولغا سېلىپ قويايلى.

ئۇلار بەللىرىدىكى تاسما بەلباغلىرىنى يېشىپ قۇربانوۋغا بەردى. ئۇ، تاسمىلارنى بىر-بىرىگە ئۇلاپ، ئۆرۈكنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان شېخىغا سىرتماق تەييارلىدى.

— قېنى گەپ قىل گېزەندە، ساڭا ئىككى يول بار، — دېدى قۇربانوۋ ساقىغا، — بىرى، بارلىق جىنايەتلىرىڭنى ئىقرار قىلساڭ، سېنىڭ كېيىنكى ئىپادەڭگە قارايمىز. يەنە بىرى، جاھىللىق قىلساڭ، سېنى ئېسىپ ئۆلتۈرىمىز، ئاللانىڭ دەرگاھىغا بېرىپ دوزاخقا كىرسەن. قېنى گەپ قىل، قايسى يولغا ماڭىسەن؟

— مېنى كەچۈرۈڭلار ئاغىنىلەر، مەن ئېزىپتىمەن، — دېدى ساقى.

— سېنى كەچۈرۈش ئۈچۈن جىنايىتىڭنى ئىقرار قىلىشىڭ كېرەك. ئېيتە قېنى؟ قانداق جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزدۈڭ؟

ئۇ گەپ قىلماي يەنىلا جىم تۇرۇۋالدى. ئىچىدە بولسا "پاتراق تاڭ ئاتسىكەن" دەپ خۇداغا يالۋۇراتتى. ئۇ مۇشۇنداق قىلىپ، ۋاقىتنى سوزماقچى بولاتتى. لېكىن ئۇقۇتقۇچىلار ئالدىرايتتى ۋە ھەدەپ شەرق تەرەپكە قارايتتى. "ئايدىڭدا تاڭ ئاتقانىنى بىلگىلى بولمايدۇ" دېگەن گەپنىڭ راستلىقى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— قېنى ئېيتماسەن؟

لېكىن ساقى يەنىلا ئۈن چىقارمايتتى.

— قېنى ئېسۋېتەيلى، — دېدى قۇربانوۋ.

ھەممەيلەن تەڭلا قول سۇنۇپ، ساقىنى كۆتۈرۈپ سىرتماقنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى ۋە كۆتۈرۈپ تۇرۇپ سىرتماقنى ئۇنىڭ بېشىغا كىرگۈزدى...

— مەن ئېيتاي، ئىقرار قىلاي... — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ.

ئۇلار ئۇنى يەرگە تاشلىۋەتتى. ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، خۇددى بىر قاباھەتلىك چۈش كۆرگەن ئادەمدەك 1942-يىلدىن باشلاپ ساقچى ئىدارىسىغا ئىشپىيون بولغانلىقى، كېيىن ساقچى ئىدارىسىنىڭ ھەربىي شتابقا تونۇشتۇرۇپ بەرگەنلىكى، مەھەممەت ئېلىنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلاپ، ئىشپىيونلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ساختا ئىسپات تەييارلىغانلىقى، "كۈرەشچان ياشلار" تەشكىلاتىنى ئۇتقۇن قىلىشتا خالىق ئەزىموۋ بىلەن بىرلىشىپ، مەلۇمات بەرگەنلىكى، ياشلار ئۇتقۇن قىلىنغاندىن كېيىن، مۇدۇسا بىلەن بىرلىشىپ، "قوشقاچ ئەپەندى"نى قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇپ، يالغان ئىقرارنامە ياسىغانلىقى، بۇ يالغان ئىقرارنامىنى ئۇرنىڭ نامىدا دەستەك قىلىپ تۇرۇپ، مەھبۇسلارنىڭ ئىچىگە بۆلگۈنچىلىك سالغانلىقى قاتارلىقلارنى بىرمۇ بىر ئىقرار قىلدى.

— سەن ئۆزۈڭدەك گېزەندىلەردىن كىملەرنى بىلىسەن؟ — دېدى ئىمىنجان.

— ناھايىتى كۆپ كىشىلەرنى.

— ئېيتە قېنى؟ ئۇلار كىملەر؟

— مەخپىيەتلىكنى ساقلىيالىساڭلار ھەممىنى ئېيتىپ بېرىمەن، بولمىسا بېشىمدىن قورقىمەن، — دېدى ساقى.

— سەن خاتىرجەم بول، بىز مەخپىيەتلىكنى قەتئىي ساقلايمىز، — دېدى قۇربانوۋ.

ساقى سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ خالىق ئەزىموۋ، تۇردى توختى، تۇردى موللا، ئىسمايىل تۇڭگان، مەھەممەت پاكار، مۇسا ساتىراش، يولەگخەي، ياڭ زوجو، ھاشىم داموللا، كېرەم ئىمام قاتارلىق 133 ئادەمنىڭ ئىسمىنى قارى قۇرئاننى يادلىغاندەك يادا ئېيتىپ بەردى. قاراپ تۇرغانلار ئۇنىڭ گەپلىرىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي ھەيران بولۇشتى.

ئۇ گەپ قىلىشتىن توختىغاندىن كېيىن قۇربانوۋ ئۇنىڭغا سوئال قويدى.
— سەن مۇنچىۋالا ئادەمنى قانداق بىلىسەن؟
— سىلەر ئىشەنمەيۋاتامسىلەر؟ — دېدى ساقى، — ھەممىسى راست. ماڭا مەخسۇس ئاخبارات توپلاشتىن تاشقىرى، مۇشۇ ئادەملەرنى نازارەت قىلىش تاپشۇرۇلغان. شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ ئىسمىنى يادلىۋالغان.
— ئايلىقىڭ قانچە پۇل؟
— مەكتەپتىكىدىن باشقا ئىككى سەر ئالتۇن.
— يەنە دەيدىغانلىرىڭ بارمۇ؟ — دېدى قۇربانوۋ.
— يوق. ئەمدى مېنى قويۇۋېتەرسىلەر؟ — دېدى ساقى.
— بولىدۇ، ھوشۇڭنى يىغىپ يۈر. بۈگۈنكى بۇ ئىشلارنى يەنە پاش قىلىدىغان بولساڭ، بىلىپ قوي، سەن بىزنىڭ قولىمىزدا. سەن بىزنى ساقچىغا تۇتۇپ بېرىپ، تۈگىشەلمەيسەن. ئەمدى يامان يولدىن ئۆزۈڭنى تارتىپ خەلقتىن جىنايىتىڭنى كەچۈرۈشنى تىلىشىڭ كېرەك. بۇندىن كېيىن ھوشۇڭنى تاپمىساڭ سېنى چوقۇم ئۆلتۈرىمىز. بىز چاقىرغان ھامان كېلىسەن، ماڭ كەت.
ئۇلار ئۇنىڭ قولىنى يېشىۋەتتى. بۇ چاغدا شەرقتىن سۇبھى كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. ساقى بەكمۇ ياۋاشلىق بىلەن "ماقۇل، ماقۇل" دېگىنىچە سۆڭگۈچتىن چىقىپ كەتتى.
— ئۇنى بىكار قويۇۋەتتۇق، — دېدى تۇرسۇن، — بەكمۇ تەستە قولغا چۈشكەن.
— ئامال يوق، — دېدى قۇربانوۋ چۈشەندۈرۈپ، — بىرىنچىدىن ھېلىقى ئايال بىزنى كۆرۈپ قالدى ھەم تونۇيدۇ. بۇ بىر پاكىت. ئىككىنچىدىن ئايالنى قوشۇپ ئۆلتۈرسەك بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ گۇناھسىز. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېرى بالاغا قالىدۇ. ماۋۇ باغنىڭ ئىگىلىرىمۇ بار تېخى. ئۈچىنچىدىن باشقا جايغا ئېلىپ بېرىش تېخىمۇ ئەپسىز. شۇڭا ئۇنى ھازىرچە قويۇۋەتتۇق. ئۇ ھامان بىزنىڭ قولىمىزدا. بۈگۈن بىزنىڭ خىيالىمىزغىمۇ كەلمىگەن ئورغۇنلىغان ئىشپىيونلارنى بىلىۋالدۇق. بۇمۇ ياخشى بولدى.

ھەممىلەن قۇربانوۋنىڭ سۆزىنى توغرا تاپتى. ئارقىدىن باغدىن بىر-بىرلەپ چىقىپ، ھەر تەرەپكە تارقىلىپ كەتتى. بۇ چاغدا كىشلەر ئەتىگەنلىك بامدات نامىزىغا ماڭغاچقا، ئۇلارغا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى ۋە ساقىنىڭ بۇندىن كېيىنكى شۇم پىلانى ھەققىدىمۇ ھېچكىم ئويلاپ باقمىدى.

* *

ساقى تۆت كۈنگىچە ئۆيدىن چىقمىدى. ھېچكىمگە گەپ-سۆزمۇ قىلمىدى. ئۇ "قانداق قىلىش كېرەك؟" دېگەننىلا ئويلايتتى. ئاخىر ئۇ "تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق" دېگەن قارارغا كەلدى، ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالماقچى بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خەنزۇچە بىلىش ئالاھىدىلىكىگە تايىنىپ، ھەربىي شتابقا تۆۋەندىكىچە مەلۇمات يازدى:

"ھۆرمەتلىك سەنمۇجاڭ جانابلىرى، مەن بۇندىن تۆت كۈن بۇرۇن ئەپەندىلەرنىڭ مەخپىي يىغىلىش ئورنىنى بىلىپ قېلىپ، ئۇلار يىغىلغان ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ مارىسام، ئۇ ئۆيدە بەش ئادەم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش پىلانى ھەققىدە مۇزاكىرىلىشىۋېتىپتۇ. ئۆگزىدىن چۈشۈشتە تامدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئاشكارىلىنىپ قالدىم. نەتىجىدە قاتتىق تاياق يېدىم. ھازىر ھاياتىم خەۋپ ئىچىدە. مېنى قۇتقۇزۇۋېلىشىڭىزنى تىلەيمەن. يىلپىز".

ئۇ خەتنى ھەربىي شتابنىڭ مەخسۇس ئىشلىتىدىغان كونۋېرتىغا سېلىپ، ئاغزىنى مەھكەم چاپلىدى-دە، ئايالىغا بەردى ۋە قاتتىق جېكىلىدى:

— ھەربىي شتابنىڭ ئالدىدىكى ئەسكەرگە بەر. دىققەت قىل، كىشلەر كۆرۈپ قالمىسۇن، خۇسۇسەن مۇئەللىملەردىن قاتتىق ئېھتىيات قىل.

شۇ كېچىسى ھەربىي شتابتىن ئادەم كېلىپ ساقىنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەتتى. ئەتىسىدىن باشلاپ پۈتۈن ناھىيىدە ھەربىي ھالەت جاكارلاندى. ھەربىي ۋە ساقچىلار ئاجايىپ پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قالدى.

⁂ ⁂

سىنتەبىر ئېيى كىرىش بىلەن مەكتەپلەر ئېچىلىپ، دەرسلەر يېڭىدىن باشلانغان بولسىمۇ، ئوقۇتقۇچىلار ۋە پۈتۈن خەلق دەككە-دۈككە ئىچىدە ياشىدى. شۇڭا دەرسلەرمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. خەۋپ تولىمۇ ئېغىر ئىدى. بەزىلەر خىزمەتنى تاشلاپ نامەلۇم جايلارغا كېتىپ قالدى. يەنە بەزىلەر كوندۇزلىرى خىزمەتكە كەلسىمۇ، كېچىلىرى باغلاردا ياكى بىرەر پاناھ بولىدىغان جايلاردا يوشۇرۇنۇپ يۈردى. ھەتتا بەزىلەر "قوشقاچ داموللا"غا سوپى بولۇپ قەلەندەر، دەرۋىشلەرگە ئايلىنىپ كەتتى. لېكىن ئۇلار ساقىنى زادىلا تاپالمىدى. خالىقنى بولسا ئىككى ئاي بۇرۇن ساقچىغا ئەپكىرىۋالغانىدى.

ئەمدىلا دەرسكە كىرىش سىگنالى چېلىنغانىدى، مەكتەپ ئىشخانىسىدا بىر يايى پەيدا بولدى.

— ئىككىڭلارنى ھاكىم چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى يايى قۇربانوۋ بىلەن ئىمىنجانغا.

ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئۇلارغا تىكىلدى. ئىشخانا ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە قالدى.

ئۇلار بارغان چاغدا ھاكىم مەمتىمىن ياقۇپ قانداقتۇر بىر ماتېرىيالنى كۆرۈۋاتقانىكەن. ئۇ باشقا گەپ قىلماستىن شۇ ماتېرىيالنى قۇربانوۋغا بەردى ۋە:

— كۆرۈپ بېقىڭلار، — دېدى.

بۇ بۇندىن ئىككى ئاي بۇرۇن ساقىنى ھېلىقى باغدا تۇتۇۋالغان كۈنى "ئۇيغۇشقان كوچ" تەشكىلاتى نامىدىن ئۇزلىرى يازغان شىكايەت ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قويغان تەلەپنامە ئىدى. ئۆلكە رەئىسى مەسئۇدنىڭ "ئۇيغۇشقان كوچ" تەشكىلاتىنى قاماققا ئېلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىمۇ بار ئىدى.

— «بېتىم» بۇزۇلدى. ئەھۋال ناھايىتى ئېغىر ۋە خەتەرلىك، — دېدى ھاكىم مەمتىمىن ياقۇپ، — ھېلىمۇ بۇ خەت ماڭا تېگىپتۇ، بولمىسا چاتاق

بولار ئىكەن. 7-ئايدىكى "قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئەنزىسى" پەيدا بولغاندا، ۋىلايەتتىن شى فۇلۇيجاڭ باشچىلىقىدىكى ھەربىي ئەمەلدارلار كېلىپ، ھەرقايسىڭلارنىڭ ھاياتى قىل ئۈستىدە قالغانىدى. مەن چىڭ تۇرۇپ كاپالەت بەرگەچكە ھەرقايسىڭلار بىر قېتىملىق تۇتقۇندىن ساقلىنىپ قالدىڭلار. ئەمدى ماۋۇ بۇيرۇق كەپتۇ. تەلىپىڭلار بار ئىكەن، خەت ماڭا تېگىپتۇ. بولمىسا تۈگىشىدىكەنسىلەر. ئەمدى ۋاقتىنچە بولسىمۇ، ھەرىكەتنى قەتئىي توختىتىڭلار، بولمىسا مەن ھاياتىڭلارغا كېپىللىك قىلالمايمەن. يەنە بىر قېتىم ئېيتاي، ھەرىكەت توختىسۇن. بولمىسا مەنمۇ تۈگىشىمەن.

ھاكىم سۆزلەۋاتقاندا ئۇلار ساقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ھەم ئۆلكە رەئىسى مەسئۇدنى ئەمدىلا چۈشەنگەندەك بولدى. ئۇلار قايتىپ بارغاندا ئوقۇتقۇچىلار ناھايىتى ئەندىشە ئىچىدە ئۇلارنى كۈتۈپ تۇراتتى، ھېچكىم دەرسكە كىرمىگەنىدى.

## يىگىرمە ئالتىنچى باب

# «25-فېۋرال»دىكى قانلىق پاجىئە

كىرەك بولغان بىر چاغدا كۆكۈلچەكلىك كىلىشمەيدۇ. كۆكۈلچەكلىك بىلەن دۈشمەننى دوست قىلالمايسەن. بەلكى ئۇنىڭ ئۈمىدىنى ئاشۇرىسەن.

— شەيخ سەئدى

1947-يىل 2-ئاي.

ئۇلار قاش قارايغان چاغدا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. چاغانغا بىرنەچچە كۈن قالغان بولسىمۇ، باھاردىن ھېچقانداق دېرەك يوق. ھەممە يەر ئاپئاق قار، ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ كەتكەن. شەرقتىن چىقىۋاتقان ئىزغىرىن شامال يۈز-كۆزنى ئېچىشتۇرۇپ تۇراتتى. سوغۇقتىن قول چىقىرىشمۇ تەس ئىدى. قاراڭغۇ چۈشمەكتە، پاتراق بىرەر پاناھلىنىدىغان جاي تېپىش كېرەك ئىدى. ئۇلار دۆڭ كۆۋرۈكتە ماشىنىدىن چۈشۈپلا توختاپ قالدى. قەيەرگە بېرىش

كىرەك؟ مامۇتخاننىڭ بۇ يەردە تونۇشلىرى كۆپ ئىدى. لېكىن كوچىدىكى ئادەملەرنىڭ رەڭگىدىن بىر خىل جىددىيلىك ۋە نارازىلىق چىقىپ تۇراتتى. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ باشلىرىغا قانداق قىسمەتلەر كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا بىرنېمە دېمەك تەس ئىدى. چۈنكى ئۇ مۇشۇ ئۆتكەن ئۈچ-تۆت يىل جەريانىدا دوستلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشالمىغانىدى. ھازىر نېمە ئىشلار بولمايدۇ دەيسىز؟! مانا مەڭگۈ بىللە كۈرەش قىلىمىز دەپ قەسەم ئىچىشكەن نۇر بىلەن قۇتلۇقمۇ ئۇلارنى تاشلاپ كەتمىدىمۇ؟ ئۇلار شۇنداق ئويلار بىلەن ئۆتكەن-كەچكەنگە قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— ئېقىنلا يەردە مېنىڭ دوستلىرىم بار. شۇ يەرگىلا بارايلى، — دېدى بارات ئىشەنچ بىلەن.

— ھەي... مۇشۇ كۈنلەردە ھەممە ئادەم خەۋپ ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ، — دېدى مامۇتخان، — كەچ بولۇپ قالدى. ئۆيگە كىرگۈزەرمۇ؟

— ئەگەردە ئۇلار ئۆيدىلا بولسا چوقۇم كىرگۈزىدۇ. مەن ئۇلار بىلەن ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغان چاغدا تونۇشۇپ، يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالغان. مېنىڭ كۆزۈمنى شۇلار ئاچقان.

— مەيلى، — دېدى مامۇتخان، — تەۋەككۇل قىلماستىن باشقا ئامال يوق. مەن سىزگە ئىشىنىمەن. ئامال بولمىغاندا بىرەر كارۋان سارىيىدا ياتارمىز.

ئۇلار سەنشىخاڭزىدىكى سەمەتباينىڭ جايىغا كەلدى. باراتقا تونۇش بولغان قوش قاناتلىق دەرۋازىنى كۆرۈپ، باراتنىڭ يۈرىكى سوقۇپ، پۇت-قوللىرى بوشىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا سەمەتباينىڭ بالا-چاقىلىرىنىڭ سىيماسى كەلدى. سەمەتباي ئەسلىدە نۇريانلىق بولۇپ، مەرىپەتپەرۋەر ئادەم ئىدى. بۇنىڭدىن 30 يىل بۇرۇن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇنىڭ ئايالى نىيازخان ئاچا تولىمۇ ئاقكۆڭۈل، مېھرىبان ئايال ئىدى. ئۇ باراتنى ئۆز ۋاقتىدا ئۆز ئوغلىدەك كۆرگەن. سەمەتباينىڭ ئىككى ئوغول، ئۈچ قىزى بولۇپ، بۇ ئائىلىدە ئۈچ بالا، بىر كېلىن جەمئىي تۆت ئادەم ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. بارات بۇ ئائىلە بىلەن ھەربىي مەكتەپنىڭ

لاۋازىمەتچىسى ئەسمتۇل ئارقىلىق تونۇشقان. ئەسمتۇل ياش بولۇشىغا قارىماي كۆپنى كۆرگەن، پىشقان يىگىت ئىدى. ئۇ سەمەتبايلارغا تۇغقان بولۇپ، مۇشۇ ئائىلىگە كۈيئوغۇل بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئەسمتۇلنىڭ سىڭلىسى ئاسىيە مۇشۇ ئائىلىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان بولۇپ، باراتنىڭ سۆيگىنى ئىدى. مانا ھازىر ئۇ سەمەتبايلارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختاپ قالدى. ئىككى يىل بۇرۇن ئۇلار باراتنى مۇشۇ دەرۋازا ئالدىدا ئۇزىتىپ قويغانىدى. ئەگەردە ئاسىيە ئەرگە تېگىپ كەتكەن بولسىچۇ؟ دېگەن خىيال ئۇنىڭ بېشىدىن "يالت" قىلىپ ئۆتتى ۋە ئۇنىڭ يۈرىكى "قارت" قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ئۇ نېمە ئۇچۇن ئاھ ئۇرىدۇ؟ نېمە ئۇچۇن غەمكىنلىشىدۇ؟ پەلەك يەنە تەتۈر كەلسىچۇ؟

— تۇرۇپ قالدىڭىزغۇ؟ بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟ ياكى كىرىش بىلەن تۇرۇۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى مامۇتخان.

— بۇندىن ئىككى يىل بۇرۇن مېنى بۇ ئائىلە مۇشۇ يەردە ئۇزىتىپ قويغان. شۇ ئىشلار ئېسىمگە كېلىپ قالدى.

— مۇنداق دەڭ! مەن تېخى پۇتىڭىزدىكى جاراھەت ئاغرىۋاتامدىكىن دەپتىمەن.

— ياقەي، پۇتۇنلەي ساقايدىم، — دەپ ئۇ دەرۋازىنى يېنىك قاقتى.

— كىم؟ — دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر ئەر كىشىنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بىز تۇرپاندىن چىقتۇق، — دېدى بارات.

دەرۋازىنىڭ بىر قانىتى قىيا ئېچىلدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئابلەت تۇراتتى.

— نېمە ئىشىڭلار بار؟ — دېدى ئابلەت.

— بۇ مەن، تونۇمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى بارات.

ئابلەت يانچۇقىدىن سەرەڭگە ئېلىپ ياقتى ۋە باراتنىڭ رەڭگى-روھىغا ھەم يېنىدا تۇرغان ناتونۇش ئادەمگە سەپسېلىپ قاراپ چىقتى-دە، بارات بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. بارات مامۇتخاننى ئابلەتكە تونۇشتۇردى.

— بۇ مېنىڭ دوستۇم مامۇتخان...

— قېنى ئۆيگە كىرىڭلار! — دەپ تەكلىپ قىلدى ئابلەت.

ئۇلار ئابلەتنىڭ ياتاق ئۆيگە كىردى. بۇ ئۆي ئىككى يىل بۇرۇن قانداق ھالدا بولغان بولسا، ھازىرمۇ شۇ پېتى ئىدى. شۇ كېچىسى ئۇلار ئۇزاققىچە ئۇخلىمىدى. بارات مۇشۇ ئۆتكەن ئىككى يىل ئىچىدە بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىسىنى باشتىن ئاياغ سۆزلەپ بەردى. ساھىپخان باراتنىڭ ھالىغا تولىمۇ ئېچىندى.

— پاجىئەلىك دۇنيا، — دېدى بارات، — گومىنداڭ ئاغدۇرۇلمىغىچە ياشاشمۇ ناھايىتى تەس بولىدىغان ئوخشايدۇ. يېقىندىن بۇيان ئىشپىيون، ساقچىلار يەنە غالجىرلىشىپ كەتتى. ئەتىكى كۈننىڭ نېمە بولۇشىنى ئالدىن بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ.

بۇ يەردىمۇ يېڭىلىقلار ئاز ئەمەس ئىدى. مۇشۇ ئائىلىنى ئالىدىغان بولساق، سەمەت ئاكا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئابلەتنىڭ ئىنىسى ئابدۇماناپ تۇتقۇن قىلىنىپ «11 بېتىم»دىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن. ئەسمىتۇل ھەربىي مەكتەپتىن قوغلانغان. ھازىر بىر مويكىدا ئىشلەيدىكەن. ئۆتكەن يىلى ھىجىيىپ تۇرىدىغانلار ھازىر مۇشتۇمىنى تەڭلەيدىغان بولۇپ قاپتۇ...

— ئابدۇماناپ ھازىر قەيەردە؟ — دەپ سورىدى بارات.

— ھازىر تۇرپاندا، تۇغقانلارنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى ئابلەت، — ئۇنى تۇرپاندا تونۇيدىغانلار ئاز.

ئۇلار شۇ يەردە قونۇپ قالدى.

— سىلەر باشقا خىياللارنى قويۇپ تۇرۇڭلار، ھازىر ماناپنىڭ ياتىقى بىكار تۇرىدۇ. شۇ ئۆيگە جايلىشىۋېلىڭلار! — دېدى ئابلەت مەكتەپكە مېڭىش ئالدىدا. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان مەكتەپنىڭ ئارىلىقى خېلى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ ئالدىرايتتى.

— سىلەرنىڭ مېھماندوستلۇقىڭلار ئۈچۈن رەھمەت، — دېدى مامۇتخان، — يەنە سىلەرنى ئاۋارە قىلمايلى.

— ھېچگەپ يوق دوستۇم، — دېدى ئابلەت چىن كۆڭلىدىن، — مەن سىزنى تونۇيمەن. لېكىن بىز قويۇق مۇناسىۋەت قىلىشمىغان. باشقا كۈن كەلگەندە ئەسقاتقان دوست ھەقىقىي دوست بولالايدۇ. ئۇرۇمچىدە تونۇغانلىرىڭىز بارمۇيا؟

— يوق، — دېدى مامۇتخان سەممىيلىك بىلەن.

— ئۇنداق بولغاندىن كېيىن تارتىنماڭ. سىزنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ئويۇشمىدا سۆزلىگەن سۆزىڭىز ھېلىمۇ ئېسىمدە. سىز باراتقا ئىشەنسىڭىز، بىزمۇ سىزگە ئىشىنىمىز. مەن ئىشقا باراي.

ئابلەتنىڭ چىن يۈرەكتىن چىققان بۇ سەممىي سۆزلىرىگە مامۇتخان ھېچنەرسە دېيەلمىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن خېلىغىچە قاراپ تۇرۇپ قالدى ۋە:

— ھــەقــىــقىي دوستلۇق، ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلىك، — دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە.

ئابلەتنىڭ ئايالى مەريەم يېڭى تۇغۇتلۇق بولۇپ، دەم ئېلىش ۋاقتى تېخى توشمىغانىدى. شۇڭا ئۇلار ئۇياقتىن-بۇياقتىن سۆزلىشىپ ئولتۇردى. باراتنىڭ پۈتۈن خــيــالى ئاسىيەدە ئىدى. ئۆيدە ئابلەتنىڭ سىڭلىسى رەشىدەمۇ كۆرۈنمەيتتى. مەريەمدىن سوراش ئەپسىز ئىدى. ئۇ "تىرىق" قىلغان ئاۋاز چىقسا ئىشىككە قارايتتى. ئاخشامدىن بېرى ئۆزىنى بىرەر نەرسىنى يوقىتىپ قويۇپ، ئۇزاق ۋاقىت ئىزلەپ يۈرگەن ئادەمدەك ھېس قىلىشقا باشلىدى.

— رەشىدە كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دېدى ئاخىر بارات.

— ئۇنى ئەسمىتۇل بىلەن قوشۇپ قويغان. چۈشتە كەپقالا، — دېدى مەريەم.

※ ※

— ۋىيەي بارات ئاكامكەنغۇ! سىزنىمۇ كۆرۈدىغان كۈن بار ئىكەن، — دېدى ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن رەشىدە. ئۇ تولۇپ بۇرۇنقىغا قارىغاندا تولىمۇ

چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى.

— ئەلۋەتتە، ئۆلمىگەن ئادەملەر بىر-بىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ، سىڭلىم، سالامەت تۇردىڭىزمۇ؟ ئەسمىتۇل ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر، سالامەت تۇردۇق. ئۇ سىزنى پات-پات ئەسلەپ تۇرىدۇ.

— رەھــمـەت سىڭلىم. سىلەرنىڭ تويۇڭلارنى كۆرەلمىگىنىم ئۈچۈن ناھايىتى ئەپسۇسلىنىمەن.

— ئــاكام بىلەن ئاچام بەك ئالدىرىتىپ كەتتى، بولمىسا ئۈلگۈرۈپ كېلەركەنسىز.

— رەشىدە، — دېدى مەريەمخان كۆز قىسىپ، — نېمانچە ئەزمىلىك قىلىسىز، بارات ئاكىڭىزغا ئاسىيە توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرمىدىڭىزغۇ؟!...

باراتنىڭ يۈرىكى "قارت" قىلىپ، يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى ۋە بىرەر ئەنسىز خەۋەر ئاڭلاپ قالارمەنمىكىن دەپ قۇلىقىنى ئېتىۋالغۇسى كېلىپ كەتتى.

— مەن ... مەن ئاسىيە توغرۇلۇق گەپ سورىمىدىمغۇ؟ — دېدى ئۇ قىزىرىپ.

— شۇنداق، ھېچنېمە دېمىگىنىڭىز بىلەن كۆزىڭىز ئىشككە تەلمۈرۈپ كەتتى. ئۇقۇشقۇچىنىڭ سەزگۈرلىكى باراتنى ھەيران قالدۇردى. ھەممىلەن باراتقا قارىدى. ئۇ بولسا يەرگە قارىۋالدى.

— ماقۇل مەن سۆزلەپ بېرەي. ئۇ ھېلىمۇ سىز ياتقان دوختۇرخانىدا سېسترا. ئەسمىتۇلنىڭ بىر دوستىنىڭ ئانىسى بالىنىسىدا يېتىپ قالدى. ئەر كىشىگە ئەپسىز بولىدىكەن. شۇنىڭغا قارىشىۋاتىدۇ. سىز كېتىپ تۆت-بەش ئايغىچە سىزدىن خەت كېلىپ تۇردى. كېيىنچە مۇتلەق خەت كەلمىدى. ئاسىيە سىزگە بىر يىلغىچە خەت يازدى. "بىرەر ئىش يۈز بەرگەن ئوخشايدۇ" دەپ ئــۈمـىـد ئۈزمىدى. ئاخىرى ئۇنىڭ خېتىنى توختاتتى. «بېتىم» ئىمزالانغاندىن كېيىنمۇ سىزدىن خەت كەلمىدى. ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم ئەلچى كەلگەن بولسىمۇ "باراتنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىنى بىلگەندىن كېيىن جاۋاب بېرەي" دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇ تاللىغان

ئەرسسىدىن ئاسانلا ۋاز كېچەلىغانلاردىن ئەمەسكەن، — دېدى رەشىدە.
— ئۇنداق بولسا ئاسىيەگە ئېيتىڭ، — دېدى مەريەمخان، — بارات ئاكىڭىز تۇرمىدىن چىقىپلا ئۇدۇل ئاسىيەنى ئىزلەپ كەپتۇ.
— مۇنداق دەڭ... — دېدى رەشىدە، — مەن ئاسىيەنى بىر خۇشال قىلىۋېتەي.

※ ※

ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئەسمىتۇل باراتنى ئۇزاققىچە قويۇۋەتمىدى. ئۆزى تىككەن كۆچەتنىڭ قامەتلىك چىنار دەرىخى بولۇپ يېتىلگەنلىكىنى كۆرگەن باغۋەن قانداقمۇ خۇشال بولمىسۇن؟! باراتنىڭ كۆز ياشلىرى ئەسمىتۇلنىڭ مۈرىسىگە ئېقىپ چۈشتى. ئاسىيەمۇ كۆز ياشلىرىنى يوشۇرالمىدى.
ئۇلار شۇ ئاخشىمى ئۇزاققىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. ياتار چاغدا ئاسىيە سىياسخان ئاچىنىڭ يانىغا كىرىپ كەتتى. ئەسمىتۇل ئەر-خوتۇن ئۆز ئۆيلىرىگە كەتتى. رەشىدە مېڭىش ئالدىدا باراتقا خېلىلا ئېغىر، لېكىن كىچىك بىر تۈگۈنچەكنى تۇتقۇزۇپ قويدى.
— بۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى بارات ھەيرانلىقتا.
— ئۆزىڭىز كۆرۈپ بېقىڭ، ئاسىيە بەردى، — دېدى رەشىدە.
بارات دوستلىرىنى ئۇزىتىپ قويۇپ تۈگۈنچەكنى يەشتى. تۈگۈنچەكتە ئون سەر كۈمۈش تەڭگە ۋە: «تۇرمۇشتا قىسىلىپ قالماڭ» دېگەن خەت بارئىدى.
— ھەققىي ۋاپادار ئۇيغۇر قىزى ئىكەن. ئەرگە تېگىپ كەتسىمۇ نېمە دېگىلى بولاتتى. ئەقىدە-پېشانىڭىز ئوڭ ئىكەن ئوكام، — دېدى مامۇتخان.
— سىزدەك بىر ئادەمنىڭ پېشانە، ئەقىدە ھەققىدە گەپ قىلىۋاتقىنىغا ھەيرانمەن، — دېدى بارات، — بۇرۇن مۇنداق گەپلەرنى قىلمايتتىڭىز.
— راست دېدىڭىز، بىزنىڭ ھاياتىمىزغا، روھىي ھالىتىمىزگە،

ئۆرپ-ئادىتىمىزگە، تارىخىمىزغا ئىسلام دىنىنىڭ تامغىسى بېسىلغان، لېكىن خۇدانىڭ بىزنى كۆزى كۆرمىدى. تىرىك دۇنيادا دوزاختا يېتىشىمىزغا، خەلقىمىزنىڭ دوزاخ ئازابى كۆرۈشكە قاراپ تۇردى. ھەي، ياشىماق نېمە دېگەن تەس؟!...

بارات مامۇتخاننىڭ سۆزىنى خېلى ئۇزاققىچە ئويلاپ ياتتى. ئاخىر ئاسىيەنىڭ ئۆزى بىلەن بىر ھويلىدا، نېرىقى ئۆيدە نىيازخان ئاچا بىلەن ئوخلاۋاتقانلىقىنى ئويلاپ خۇشاللىق ئىلكىدە ئۇيقۇغا كەتتى...

※ ※

ئۇلار ئۈچ يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم چاغاندىكى دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ جەم بولدى. مامۇتخاننىڭ دوستلىرىمۇ، باراتنىڭ دوستلىرىمۇ ئۇلارنى ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋالدى. ئۇلار دوستلىرىغا ئۆز باشلىرىدىن ئۆتكەن پاجىئەلىك كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىشتى. شۇنداقلا ئۆزلىرى كۆرگەن ئەھۋالدىن ۋە دوستلىرىنىڭ سۆزلىرىدىن بۇ خىل پاجىئەنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ئايلىنىپ قالغانلىقىنى، شۇنداقلا يېقىندىن بۇيان ۋەزىيەتنىڭ كۈندىن-كۈنگە يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق چۈشەندى. ئۇلار بىر كۈنى ئابلەتنىڭ ئۆيىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا:

— كارامەت تېخى ئالدىمىزدا ئوخشايدۇ، — دېدى مامۇتخان.

— شۇنداق، كىشلەرنىڭ گەپ-سۆزلىرى ۋە رادىئونىڭ ۋارقىراشلىرىدىن قان پۇراپ تۇرىدۇ، — دېدى بارات.

— بۇلارنىڭ ئەھۋالى چاتاقراق ئوخشايدۇ، — دېدى ئابلەت، —1945-يىلىمۇ شۇنداق بولغان.

— تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال دەڭ، — دېدى مامۇتخان.

— ”قورقىقان ئالدىدا مۈشت كۆتۈرۈپتۇ“ دېگەندەك ئىش بولغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئابلەت.

— مەسلەن، بۇلتۇر بىرىنچى مەكتەپتە بولغان ئىشتەك، — دېدى بارات.

— قىزىق ئىش ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى ئابلەت.

— قىزىق، بەك قىزىق، — دەپ بارات بۇلتۇرقى "مىشەك ۋەقەسى"نى سۆزلەپ بەردى. ئابلەت بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى. ئۇلار شۇ ئاخشىمى خېلى ئۇزاقىچە رادىئو ئاڭلاپ خەۋەرلەرنى مۇھاكىمە قىلدى.

※ ※

— تۇرۇڭلا ئاغىنىلەر! — دېدى ئۆيگە كىرگەن ئابلەت، — بۈگۈن جەڭگە چىقىمىز.

جەڭ سۆزى ئۇلارنى ھەيران قالدۇردى. شۇڭا ئۇلار دەرھال يۇيۇنۇپ تەييار بولدى.

— بۈگۈن نامايىشقا چىقىمىز. سىلەرمۇ چىقامسىلە؟ — دېدى ئابلەت ئۇلارغا.

— نېمە نامايىش ئۇ؟ سىز باياتىن "جەڭ" دېگەنغۇ؟ — دېدى بارات.

— ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن «ئون بىر بېتىم»نى ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىش نامايىشى. «بېتىم» ئىمزالانغان بىلەن نۇرغۇن ئىشلار قەغەز يۈزىدىلا قالدى. شۇڭا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تەلەپ قويماقچىمىز. ئېيتىڭلارچۇ، بۇ "جەڭ" ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئابلەت.

— بۇنداق جەڭگە چوقۇم قاتنىشىمىز، — دېدى مامۇتخان.

ناشتىدىن كېيىن ئۇلارنى ئابلەت ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى. ئۇلارنىڭ قولىغا بىردىن شوئار يېزىلغان بايراقنى تۇتقۇزدى. بۇ بايراقچىلارنىڭ بىرسىدە:

«ئون بىر بېتىم»نى ئىجرا قىلايلى! يەنە بىرسىدە: "دېموكراتىيەنى يولغا

قويايلى" دېگەن شوئارلار يېزىلغانىدى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئالدى بىلەن نەنمىن دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى مەيدان ئادەمگە توشۇپ كەتكەنىدى. بارات كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرغان ئاسىيە بىلەن رەشىدەمنى كۆردى. ئاسىيە بارانقا بېشىنى لىڭشىتىپ خوش تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈپ قويدى. "ئوماق قىز" دەپ ئويلىدى بارات ۋە قىزدىن رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى ئېگىپ قويدى.

نامايىشچىلار سائەت ئونلاردا ئالتە رەت بولۇپ تىزىلىپ، نەنمىن دەرۋازىسىدىن كىرىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىناسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بەش مىڭدىن ئارتۇق نامايىشچى ناھايىتى ئۇزۇن سەپ ھاسىل قىلغانىدى. مىڭىش ئالدىدا بىرقانچە كىشى نامايىشچى قوشۇننى ئارىلاپ يۈرۈپ:

— تەرتىپنى قاتتىق ساقلايلى! سەپتىن بۆلۈنۈپ كەتمەيلى! قالايمىقان ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلمايلى! شوئارنى ھەممەيلەن بىردەك توۋلايلى! — دەپ چۈشەندۈردى.

ئۆلارنىڭ بىردەك كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن توۋلىغان شوئارلىرى، تەكشى قەدەم تاشلاشلىرى ئۈرۈمچى ئاسمىنىنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى. بارات مامۇتخاننىڭ يېنىدا شوئار توۋلاپ كېتىۋېتىپ، ئۆزىنى مۇشۇنچىۋالا زور نامايىشچى قوشۇن ئىچىدە كۆرۈپ، كۆزلىرىگە ئىختىيارسىز ئىسسىق ياش كەلدى. ئۇ ئۆز سېپىدە ئاسىيەنىڭمۇ بارلىقىنى ئەسلەپ ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلدى. كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، نامايىشچىلار بىلەن تەڭ شوئار توۋلاپ، ئابلەت بىلەن مامۇتخاننىڭ ئوتتۇرىسىدا يانمۇ يان ماڭدى. بۇ كۈن 1947-يىلى 21-فېۋرال ئىدى.

※ ※

ئۈرۈمچى شەھرىدە پەۋقۇلئاددە ئەھۋال ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى شەھەر سېپىلىنىڭ ھەرقايسى دەرۋازىلىرىغا سىم

تۇساقلارنى قۇرماقتا. سېپىل ئۈستىدىكى قاراۋۇللار كۆپەيتىلمەكتە. ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى بىر شۇملۇقنىڭ ئالامىتى ئىدى. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئەھۋالغا قاراپ بىرەر شۇملۇقنىڭ پىلانلىنىۋاتقانلىقىنى سەزگەن بولسىمۇ، لېكىن يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان پاجىئەنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى.

1947-يىلى 25-فېۋرال كۈنى يۈز بەرگەن پاجىئە پۈتۈن ئۈرۈمچى شەھىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنى ئويغاتتى. "ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە ئەسكەرلەر قورشىۋاپتىمىش" دېگەن خەۋەر كىشىلەر ئارىسىدا، پۈتۈن ئۈرۈمچى ئاسمىنىدا چاقماق چېقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، ئاسمان گۈمبىزى پارچىلىنىپ يەرگە چۈشۈپ كېتىدىغاندەك ياكى ئاخىر زامان يېتىپ كېلىپ يەر شارى دۈم كۆمتۈرۈلۈپ، قوياش ئۆزىنىڭ ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇقىنى يوقىتىپ، دۇنيانى مەڭگۈ قاراڭغۇلۇق باسىدىغاندەك بىر ۋەھىمىنى پەيدا قىلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۆزلىرى قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ نەنمىن تەرەپكە ئاقماقتا ئىدى. سودىگەر، ئاشپەز، ناۋاي، باققال، ھۈنەرۋەن، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى، ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى، مەدىكارلار، ھامماللار ۋە باشقا ئىشلەمچىلەرنىڭ ھەممىسى كوچىغا چىقىپ، ئۇچرىغان ئادەملەردىن زادى نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى سورىماقتا ئىدى. گەپ بولسا خىلمۇ خىل ۋە بىر-بىرىدىن ئەندىشىلىك ئىدى.

— بۇرھان ئەپەندىنىڭ شوپۇرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى يارىدار قىپتىمىش.

— ئابباسوپنى سولىۋاپتىمىش.

— ياق، ليۇياچى[1] ئۆز قولى بىلەن ئېتىپ تاشلاپتىمىش.

— ئەخمەت ئەپەندىمنىمۇ تۇتىۋاپتىمىش.

— ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىدا نۇرغۇن ئادەم ئۆلتۈرۈلۈپتىمىش.

مانا مۇشۇنداق بىر-بىرىدىن ئەندىشىلىك خەۋەرلەرنى ئاڭلىغان كىشىلەر "شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ"، پاجىئە يۈز بەرمىسە قۇرۇق گەپ كوچىغا

---

[1] ليۇياچى — ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ ساقچىلىرىنىڭ قوماندانى. 25-فېۋرال پاجىئەسىنى پىلانلىغۇچىلارنىڭ بىرى. ئىككى قولى خەلقنىڭ قېنى بىلەن بويالغان جاللات.

چىقمايدۇ دېيىشىپ، ھەممىسى ئەنمەن تەرەپكە كېلىشىۋاتاتتى.

بۈگۈن بارات، مامۇتخانلار ئەسمەتۇلىنىڭ تۆرپانلىق تونۇشلىرى ئارقىلىق شودىلەگدە بىر كىشىنىڭ تۆت ئېغىزلىق كونا ئۆيىنى چىقىپ تۆزلەپ بېرىشنى كۆتۈرە ئالغانىدى. ئۆي ئىگىسى ياز كېلىشى بىلەنلا قورۇلۇش قىلىشنى ئېيتقانلىقتىن، ئۇلار سەھەردە ئىشقا كەلگەنىدى. ئۇلار سائەت ئونلاردا بۈگۈنكى ۋەقەدىن خەۋەر تاپتى-دە، ئەنمەنگە قاراپ يول ئالدى. بۇ چاغدا ئەنمەن دەرۋازىسى تاقالغان بولۇپ، بىرنەچچە مىڭ ئادەم توپلانغان، سېپىل ئۈستىدىكى ئەسكەرلەر بىرنەچچە ھەسسە كۆپەيتىلگەن ۋە ئۇلار پىلىموتلارنى قۇرۇپ، خەلققە قارىتىپ ئېتىشقا تەييارلاپ قويغانىدى. خەلق بولسا قىلچە پەرۋا قىلماي غەزەپلىنىپ ۋارقىراشماقتا ئىدى.

— ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنى چىقىرىپ بەرسۇن!

— كىمدە كىم ئۇلارنىڭ بىر تال مويىغا چېقىلسا قانغا-قان، جانغا-جان ئالىمىز!

— ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە بېسىپ كىرىپ، زالىملارنىڭ ئۇۋىسىنى بۇزۇپ تاشلىمىغىچە ياندىمايمىز!

— ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھەممىسىنى يوقاتمىغىچە ياندىمايمىز!

بىرەر پاجىئەنىڭ يۈز بەرگەنلىكى ئېنىق ئىدى. لېكىن قانداق ۋەقە يۈز بەردى؟ كىملەر ئۆلتۈرۈلدى؟ ئۇنىڭغا ھېچكىم جاۋاب بېرەلمەيتتى. چۈنكى شەھەر سېپىلىنىڭ ئىچى بىلەن سىرتىنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلگەنىدى. بارات بىلەن مامۇتخان شۇ قىستا-قىستاڭچىلىق ئىچىدە كىشىلەرنى ئارىلاپ ئالدىغا ئۆتۈشكە ئىنتىلمەكتە ئىدى. لېكىن ئالغا ئىلگىرىلەش تولىمۇ مۈشكۈل ئىدى. بۇ يەردە ئابلەت، ئەسمەتۇل، رەشىدە ياكى ئاسىيەلەرنىڭ ھېچقايسىسى كۆرۈنمەيتتى. ئۇلارنى بۇ زور ئالامانىڭ ئىچىدىن ئىزلەش دېڭىزدىن يىڭنە ئىزلىگەندەك بىر ئىش ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ تەقدىرى مانا شۇ ئالامانىڭ كۆپچىلىكىنىڭ تەقدىرى بىلەن بىر ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئۆزىنى شىردەك ھېس قىلىشىپ، ئالدىغا سىلجىماقتا ئىدى.

— ھوي ئوكام نېمە بولدىڭىز؟ نېمانچە ئېتىرىسىز؟ — دېدى بىر ياشانغان ئادەم.

— نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلەلمەي قالدۇق. شۇڭا ئالدىغا ئۆتەي دېگەنىدىم.

— نېمە ئىش بولاتتى دەيسىز، ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنى قورشىۋاپتىمىش.

— ۋەكىللەر ساق-سالامەتمىكەن؟ — دەپ سورىدى بارات. ئۇنىڭ ئەنسىرەۋاتقىنى چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

— بىر نەرسە دېيىش قىيىن، — دېدى ھېلىقى ئادەم، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىلداپ تۇراتتى، — ھازىر ھۆكۈمەتتىن ھەرقانداق يامانلىقنى كۈتۈش مۇمكىن.

— بۇ قانداق بولغىنى؟ — دېدى مامۇتخان، — «ئون بىر بېتىم» غا خىلاپ ئەمەسمۇ؟

— قانداق بولغىنى بولاتتى؟ — دېدى ھېلىقى ئادەم سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب بېرىپ، — " ياخشىلىققا يامانلىق بارمۇ؟ دېسە، ئىزدىسەڭ تېپىلىدۇ" دېگەن شۇ.

※ ※

1947-يىل 25-فېۋرال.

ئۈرۈمچى ئاسمىنىنى تۇمان قاپلاپ ئون مېتىر يىراقلىقتىكى نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. شەھەر ھاياتى يېڭىلا باشلانغان. ئىشچى-خىزمەتچىلەر ھەر كۈندىكى ئادىتى بويىچە ئەتىگەن سائەت سەككىزدە ئىشقا كېتىپ باراتتى. ئاردىن بىرەر سائەت ئۆتەر-ئۆتمەيلا خەنزۇلارنىڭ باشلىرىغا لۆڭگە ئورىغان "نامايىشچىلار" قوشۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قاراپ ئېقىشقا باشلىدى. "نامايىشچىلار"نىڭ ھېڭىشلىرىدىن ئۇلارنىڭ تەلىم-تەربىيە كۆرگەن ئادەملەر

ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. بۇ ھال كىشىلەرنى ئويغا سالاتتى. ”نامايىشچىلار“ قوشۇنىدا بىرەر-يېرىم باشقا مىللەت كىشىلىرىنىڭ يوقلۇقى كىشىلەرنى گۇمانلاندۇراتتى.

شۇ كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە ھەيئەتلەر يىغىنى ئېچىلماقچى ئىدى. سائەت ئونلاردا ھەيئەت ئەزالارمۇ يىغىلىشقا باشلىدى. ”نامايىشچىلار“ قوشۇنىمۇ ئاستا-ئاستا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىناسىغا بېسىپ كىرىشكە باشلىدى. ئۇلار ھەدەپ شوئار توۋلايتتى.

— «ئون بىر بېتىم»نى ئىجرا قىلايلى!

— دېموكراتىيەنى يولغا قويايلى!

شۇ چاغدا ئابباسوپ بىلەن سەيپىدىن ئەزىزى ”نامايىشچىلار“نى ئارىلاپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەجلىسخانىسىغا ئۆتتى. ئۇلارنى ”نامايىشچىلار“ كىيىملىرىنىڭ ئىچىگە يوشۇرغان قوراللىرى بىلەن نوقۇپ-تۇرتۇپ قويىدى. بۇنىڭدىن ئۇلار ”نامايىش“نىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەندەك بولدى. ئۇلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، مەيداندىكى ”نامايىشچىلار“ ۋارقىراشقا باشلىدى

— بىزگە مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان كېرەك.

شۇ چاغدا خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قالغان ۋاڭ تىڭجاڭ (جالالىدىن):

— نامايىشچىلار ئەخمەت ئەپەندىمنى چاقىرىۋاتىدۇ، — دەپ ”چۈشەندۈردى“ ئابباسوپقا، — سىز تېلېفون بېرىپ، ئەخمەت ئەپەندىمنى چاقىرتىڭىز.

— مەن چىقىپ باقاي، — دېدى ئابباسوپ جالالىدىنغا.

بۇ چاغدا ”نامايىشچىلار“ رەئىسلەر ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا توپلانغانىدى. ئۇلار ئابباسوپقا يول بەردى. لېكىن ئىشخانا قولۇپلاقلىق ئىدى. ئابباسوپ ئاچقۇچنى ئېلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. شۇ چاغدا ”نامايىشچىلار“ ۋارقىراشقا باشلىدى. ئەمما ئابباسوپنىڭ پەرۋايىغىمۇ كەلمەي، ھېچ ئىش بولمىغاندەك تۇراتتى. ئۇنىڭغا بىرنەچچە مۇشت تەگدى. يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ بېقىنىغا يان

قوراللىرىدا نىقتىدى. شۇ قىستا-قىستاڭدا ئابباسوپ غەربىي شىمال ھەربىي مەھكىمىسىنىڭ بىر مۇھاپىزەتچىسىنىڭ "نامايىشچىلار"غا يولىيورۇق بىرئۇاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ھايال ئۆتمەي بۇ يەرگە بۇرھان ئەپەندى پەيدا بولدى. ئۇنىڭغىمۇ بىرنەچچە مۇشت تەگدى. ئۇلار ئىشكىنى ئېچىپ، ئىشخانىغا كىرئۇالدى. "نامايىشچىلار" ئىشىك-دېرىزىلەرنى چېقىپ ئىشخانىغا باستۇرۇپ كىردى ۋە تەھدىت بىلەن:

— بىزگە ئەخمەتجان كېرەك، — دەپ ۋارقىراشتى.

ئــابباسوپ تېلېفوننى ئېلىپ، ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە تېلېفون بەردى.

— ئەپەندىم ھەرگىز كەلمەڭ، — دېدى ئۇ، — "نامايىشچىلار"نىڭ پەيلى بەك يامان.

— بولىدۇ. مېنى ئەھۋالدىن ۋاقتىدا خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرۇڭ، — دەپ يولىيورۇق بەردى ئەخمەت ئەپەندىم.

شۇ چــاغدا تېلېفون ئۈزۈلۈپ قالدى. "نامايىشچىلار" بولسا ھەدەپ ئــەخمەت ئەپەندىمنى چاقىرىشنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇلار تېلېفوننى ئۈزلىرى ئۇلاپ، ئاخىر تېلېفوننى ئۈزلىرى ئالدى. ئۇلار تېلېفوندا ئەخمەت ئەپەندىمنى ھاقارەتلىك سۆزلەر بىلەن تىللاشقا باشلىدى. شۇ ئىشنىڭ ئۈستىگە ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى گېنېرال داڭ بىگاڭ كىرىپ كەلدى.

— ئىش يامان بولدى، ئەخمەت ئەپەندىم كەلسۇن، قورقمىسۇن، بىز قوغدايمىز، — دېدى ئۇ ۋە بۇ سۆزنى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىدى. لېكىن ھېچكىم جاۋاب بەرمىگەنلىكىن كېيىن، ئەخمەت ئەپەندىمنى چاقىرغىلى ئۆزى كەتتى.

سائەت ئون بىردىن ئاشقاندا ئەخمەت ئەپەندىم، رەھىمجان سابىر ھاجى، داڭ بىگاڭلار ئىشخانىدا پەيدا بولدى. سىرتتىكى "نامايىشچىلار"نىڭ "ئۇر، ئــۆلتــۈر" دېگــەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەمدى ئىشىك-دېرىزىلەر پۈتۈنلەي

سوندۇرۇلۇپ، ھەممەيلەن دېگۇدەك باستۇرۇپ كىردى. ھۆكۈمەت قورۇسىدا ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا يالغان ھوشسىزلانغان ئىككى كىشىنى ئېلىپ كىرىپ ئىشخانىغا تاشلىدى. سىرتتا «نامايىشچىلار» ۋارقىرىشاتتى:

— ئىنتىقام، ئىنتىقام، قانغا قان، جانغا جان ئالايلى!

شۇ باس-باستا بېشىغا تولكە تۇماق كەيگەن سالىس[1] بىلەن جانىمقان[2] پەيدا بولدى. ئۇلار ھەدەپ قوتراتقۇلۇق قىلىپ، پىتنە-ئىغۋا تارقىتىشقا باشلىدى:

— ئۇيغۇرلار خەنزۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قويىدى. ئىش يامان بولدى، بەك يامان بولدى، — دېدى جانىمقان.

شۇنىڭ بىلەن جانىمقاننىڭ ئىغۋاسىنى ئاڭلىغان «نامايىشچىلار» قاملىپ قالغان ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. شۇنداق جىددىي پەيتتە ئىككى ئادەم ھىممەت سۇلتاننى يۆلەپ ئېلىپ كىردى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى، چىرايىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئاباسوپ ئۇنىڭدىن سەۋر قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇلار مۇشۇنداق ھايات-ماماتلىق كۆرەش ئۈستىدە تۇرغاندا، ليۇمىڭچۈەن[3]، چۇيۇۋ[4] قاتارلىق ئەمەلدارلار پەيدا بولدى. ئۇلار «نامايىشچىلار» نىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ قورقۇپ قالدى. داڭ بېگاڭ ئاللىقاچان تىكىۋەتكەنىدى. ليۇمىڭچۈەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنى بۇرھان ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ كەينىگە ئېلىپ چىقتى-دە، شۇ يەردە تۇرغان شوتىنى كۆرسىتىپ:

— فۇجۇشى، سىز شۇ يەردىن قېچىپ كېتىڭ، — دېدى.

— ياق، — دېدى ئەخمەت ئەپەندىم كېسىپلا، — بىمە بولساق مۇشۇ يەردە بولىمىز.

— ئابدۇكېرىم، — دەپ چاقىرغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاباسوپ بۇ

---

1) سالىس — ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن بىلش كاتىبى، بالدىت، چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن.
2) جانىمقان — گومىنداڭنىڭ مالىيە نازىرى، بالدىت، 1951-يىلى باستۇرۇلغان.
3) ليۇمىڭچۈەن — ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىلش كاتىبى.
4) چۇيۇۋ — غەربىي شىمال ھەربىي مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئۇرۇمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى.

ئاۋازنى دەرھال تونىدى. بۇ سەيپىدىن ئەپەندىنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئابباسوپ بىرىپ شۇ يەردىكى بىر ئىشكىنى ئاچقانىدى. سەيپىدىن بىلەن بىرقانچە غۇلجىلىق مۇھاپىزەتچىلەر كىرىپ كەلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىدە قورقۇشتىن ئەسەر يوق. ئاخىر گومىنداڭچىلار بوشاشتى. ئاستا-ئاستا ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. دۈشمەنلەر ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. بۇ چاغدا نەنمىن دەرۋازىسى ئالدىدىكى خەلقنىڭ غەزەپ-نەپرىتى پەلەككە يېتىپ، دۈشمەننى ئالاقزادە قىلىۋەتكەنىدى. "ئۆيلىماي ئىش قىلساڭ، ئاغرىماي ئۆلىسەن" دېگەندەك ئىش بولغانىدى.

— مۇئاۋىن رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، — دەپ بىر ئاۋاق خەنزۇ "نامايىشچى" ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ تۇرۇپ يىغلاشقا باشلىدى، — مەن بۇ ئىشتىن زادىلا خەۋەرسىز كېلىپ قاپتىمەن. مېنىڭ ئۆيۈم شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدا. ئەمدى غەزەپلەنگەن مۇسۇلمانلار بالا-چاقىلىرىمىزنى ساق قويمايدۇ.

بۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ يەنە بىر قانچەيلەن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئىككى قولىنى جۈپلەپ تۇرۇپ، ئەخمەت ئەپەندىمگە باش قويۇشقا باشلىدى.

— تۇرۇڭلا، — دېدى ئەخمەت ئەپەندىم، — تۇرۇڭلا، مۇسۇلمانلار ھەرگىز بىگۇناھ كىشلەرنى ئۆلتۈرمەيدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم بىر پارچە قەغەزگە "بىز ساق-سالامەت، تارقىلىپ كېتىڭلار!" دېگەن خەتنى يېزىپ شۇ يەردىكى بىر ئەمەلدارغا بەردى. ئۇ دەرھال ئۆزىنى كوچىغا ئاتتى. لېكىن نەنمىن دەرۋازىسىدىكى خەلق خەتنى كۆرۈپ، ئالدامچىلىق دەپ قاتتىق غەزەپلەندى. بۇنى كۆرۈپ گومىنداڭچىلار ھەقىقەتەن ئالاقزىدىلىككە چۈشۈپ قالدى.

⁂ ⁂

ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىرىغا تەييارلانغان تاماق ئۈستىلىدە ئۈچ ۋىلايەت

ۋەكىللىرى چاقچاق-كۈلكىلەر بىلەن تاماقلانماقتا ئىدى. گومىنداڭچىلار بولسا سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك شۈمشىيىشىپ قالغانىدى. تۈلكە تۇماقنى ھاياتىنىڭ پاناھى قىلغان سالىس بىلەن جانىمقانمۇ شۇ يەردە ۋاڭ تىڭجاڭغا (جاللادىنغا) كۈسۈرلاپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئەتىگەنكى كۆرەڭلىكىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي "نامايىشچىلار" يەنە باستۇرۇپ كىردى. ئارقىدىنلا داڭ بېگاڭ كىرىپ:

"نامايىشچىلار" ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ چىقىشىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، — دېدى.

— ۋەكىل كىرگۈزسۇن، — دېدى ئەخمەت ئەپەندىم.

داڭ بېگاڭ چىقىپ كېتىپ ھايال بولمايلا قايتىپ كىردى ۋە:

— ۋەكىل كىرگۈزۈشكە ئۇنىمىدى. مۇئاۋىن رەئىس ئۆزلىرى چىقىپ، بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلمىسىلا بولمىغىدەك، — دېدى.

ئۇنىڭ سۆزىنى بىرقانچە خەنزۇ ئەمەلدار قوللىدى. ئەمدى جانىمقان، سالىس، جاللادىن قاتارلىقلارنىڭ چىرايلىرىدىن "قېنى قانداق قىلىسەنكىن" دېگەن بىر خىل كەيپىيات چىقىپ تۇراتتى.

— بولىدۇ، مەن چىقاي، — دېدى ئەخمەت ئەپەندىم. ئۇ ئىشىككە قاراپ ماڭغانىدى، ئاباسوپ، ليۇمىڭچۈەن، چۆيۈۋلار ئۇنى توسۇۋالدى.

— ۋەكىل كىرسۇن، — دېدى ئاباسوپ.

— ۋەكىل كىرسۇن، — دېدى چۆيۈۋمۇ.

ئىلاجسىز قالغان داڭ بېگاڭ چىقىپ كېتىپ، بىر "ۋەكىل"نى باشلاپ كىردى. ئۇ كىرىپلا ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ تۇرۇپ يىغلاشقا باشلىدى.

— مەن بۇ "نامايىش"نىڭ قانداق ئۇيۇشتۇرۇلغانلىقىنى بىلمەيمەن. ھازىر نەنگۈەنگە پۈتۈن مۇسۇلمانلار يىغىلدى. سىز چىقىپ ئۇلارنى تارقىتىۋەتمىسىڭىز ئۇلار بۈگۈن كېچە نەنگۈەندىكى پۈتۈن خەنزۇلارنى قىرىپ تاشلايدۇ. سىزدىن ئۆتۈنىمەي. سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي. چىقىپ مۇسۇلمانلارنى

تارقىتىۋېتىنك.

گومىنداڭچى جانابلار ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ "ۋەكىلى"گە قاتتىق ئاچچىقى كەلدى.

— سەن قورقما، — دېدى ئەخمەت ئەپەندىم ناھايىتى ئىشەنچلىك ھالدا، — بىز چىقىپ ئەنگۈەندىكى مۇسۇلمانلارنى چوقۇم تارقىتىۋېتىمىز.

ھېلىقى "ۋەكىل" خۇشال بولۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن داڭ بىگاڭ خۇددى ئۇنى يەۋېتىدىغاندەك ھومىيىپ چىقىپ كەتتى. "نامايىشچىلار" يەنىلا تارقالمىدى. بىر ئازدىن كېيىن داڭ بىگاڭ يەنە كىرىپ:

— "نامايىشچىلار" ئەخمەت ئەپەندىم چىقمىسا چىقمىسۇن، ئەمما بىزنىڭ ھاياتىمىزغا كاپالەتلىك قىلسۇن دېيىشىۋاتىدۇ، — دېدى.

— بولىدۇ، — دېدى ئەخمەت ئەپەندىم ۋە بىر ۋاراق قەغەزگە: "مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن كاپالەتلىكنى ئۈستىمىزگە لىمىز" دەپ يازدى-دە، داڭ بىگاڭغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

داڭ بىگاڭ چىقىپ كەتتى. لېكىن نامايىشچىلار تارقالمىدى. بۇ "نامايىش"نى ئۇيۇشتۇرغۇچىلار قانداق قىلىشنى بىلمەيتتى. ئۇلار ئەمدى ئۆزلىرى كولىغان ئورىغا ئۆزلىرى چۈشۈپ قالغانىدى. ھەممىسى ئالاقزادە بولۇشۇپ تەرلەپ، تەپچىرەپ بىچارە قىياپەتكە چۈشكەنىدى.

— ئەپەندىم، "نامايىشچىلار" كەتكىلى ئۇنىمىدى. ئۆزىڭىز چىقىپ بىر ئامالىنى قىلمىسىڭىز بولمىغىدەك، — دېدى داڭ بىگاڭ يەنە يۈزىنى داپتەك قىلىپ.

ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ گەپ ئۇقمايدىغان بۇ قاپاق نوچىغا ناھايىتى ئاچچىقى كەلدى. داڭ بىگاڭ ئۆزى قىلغان ئىشنى ئۆزى يىغىشتۇرالمايۋاتاتتى.

— سىزگە ھازىر ئىككى يول بار. بىرسى ئەسكەرلىرىڭىزگە "ئارقىغا بۇرۇل، ئالغا قاراپ قەدەم باس" دەيسىز، ئۇلار چىقىپ كېتىدۇ. بىز چىقىپ ئەنگۈەندىكى خەلقنى تارقىتىمىز، تىنچلىق بولىدۇ. يەنە بىرسى، ئەسكەرلىرىڭىزگە ئىشىكنى ئېچىپ بېرىسىز، ئۇلار بىزنى ئۆلتۈرىدۇ. ئاندىن بۈگۈن ئۈرۈمچىدە، ئەتىدىن

باشلاپ پۈتۈن شىنجاڭدا قان تۆكۈلىدۇ. قېنى تاللاڭ، قايسىغا تۇرىسىز؟ بىز ئۆلۈمدىن قورقمايمىز. بىز ئۆلسەك خەلق قوزغىلىپ تولۇق ئازادلىققا ئېرىشىدۇ. ھايات قالساق «بېتىم» بويىچە خەلقنىڭ ئەركىنلىكىنى قوغدايمىز. بىز ئۈچۈن ھەر ئىككىلىسى شەرەپلىك.

ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ بۇ جاسارەتلىك سۆزلىرى گومىنداڭچى جانابلارغا قاتتىق زەربە بولدى، ئۇلارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئەمدى ئۇلار ئۈچۈن "چاشقان تۆشۈكى ساراي بولدى"، "نامايىشچىلار" تارقالدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى نەنگۈەنگە چىقماقچى بولدى. لىيۇسىگچۈەن مۇھاپىزەتچى كەلتۈرۈشكە بۇيرۇق بەردى.

— ئازراق سەۋرى قىلىسىڭىز، — دېدى ئۇ ئەخمەت ئەپەندىمگە، — مۇھاپىزەتچىلەر كەلسۇن.

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىدە بىردىنلا غالىبلارغا خاس بولغان روھ ئۇرغۇشقا باشلىدى. خۇشال چاقچاق، كۈلكىلەر چوڭ يىغىن زالىنى لەرزىگە كەلتۈردى. بۇ كۈلكە، چاقچاقلار گومىنداڭچىلارغا ۋە تۈلكە تۇماقنى ھاياتىنىڭ پاناھ قىلغان يالاقچى، غالچىلارغا مۇشت بولۇپ تەگمەكتە ئىدى.

ئاخىرىدا ئەخمەت ئەپەندىم ئىنتايىن قىزىقارلىق قىلىپ، مۇنداق بىر قىسقا ھېكايىنى ئېيتتى. ئۇنى ئابباسوپ سۆزمۇ سۆز خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ تۇردى.

— بۈگۈنكى ئويۇننى ئويۇشتۇرغان ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئوسال بولۇپ قېلىشىنى بۇرۇنراق ئويلىماپتۇ. قىزىق بىر ھېكايە ئېسىمگە چۈشتى: روسىيەدە بىر گېنېرال ئۆزىنىڭ ئوفىتسېرلىرىنى سىنىماق بولۇپ چايغا ئېيتىپتۇ. ئۈستەلگە بېمەكلىك تەييارلاپ ئوتتۇرىسىغا بىر پاختا پەن قىلىنغان گىراناتنى يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. ئوفىتسېرلار تاماققا ئولتۇرۇپ، بىرسى ۋىلكىنى تاماققا سانچىغانىكەن، گىرانات پارتلاپ كېتىپتۇ. ئوفىتسېرلاردىن بىرسى ئۈستەل ئاستىغا، بىرسى كارىۋات ئاستىغا مۆكۈۋاپتۇ، بىرسى تالاغا قېچىپتۇ. پەقەت بىرسىلا ئورنىدىن قوزغالماپتۇ. گېنېرال ھەممىنى يىغىپ، "بۈگۈن مەن سىلەرنى سىنىماقچى ئىدىم. ھەممىڭلار قورقۇنچاق ئىكەنسىلەر، باتۇر دېگەن مانا مۇنداق بولىدۇ،

— دەپ، ئـارقـىدىـن ھېلىقى ئورنىدىن مىدىرلىماي تۇرغان ئوفىتسېرگە،
—سـىزنى مۇكاپاتلايمەن. ئېيتىڭ قېنى سىزگە نېمە كېرەك؟ دېگىنىڭىزنى
بېرىمەن » دەپتۇ. ئوفىتسېر قولىنى چېكىسىگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ، ”جانابى
گېنېرال ھازىر ماڭا دۇنيادا ئەڭ كاتتا مۇكاپات شۇكى، بىر دانە ئىشتان بەرسىڭىز
يەڭگۈشلۈۋالسام“ دەپتۇ.

ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغان ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى
قـاقـاقـلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. گومىنداڭچى جانابلار بولسا پار مۈنچىسىدا
ئولتۇرغان ئادەمدەك تەرلەپ كەتتى...

⋇ ⋇

كەچ سائەت بەش يېرىم بولدى، قۇياش دۇنيانىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى
ۋەزىپىسىنى ئۆتەش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتكەنىدى. كىچىك ماشىنىلارغا ئولتۇرغان
ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى نەنگۇەنگە قاراپ يولغا چىقتى. كوچىلاردا ئادەم يوق،
گومىنداڭچىلار ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي كۈچىنى نامايىش قىلغاندەك، كوچىنىڭ
ئىككى تەرىپىگە ”مۇھاپىزەتچى“ ئەسكەرلەرنى تىزىۋەتكەنىدى.

ئـۇلار نـەنـمـىـن دەرۋازىسىدىن چىققاندا پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئۇيغۇر
ئۇيۇشمىسىنىڭ ئالدىغا توپلانغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى ياش يۇقى
ۋە ئـەندىشىلىك ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنى ساق-سالامەت كۆرگەن
كىشىلەرنىڭ يۈزلىرىدە شادلىق نۇرلىرى پارلىدى ۋە گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى
ياڭراپ ئۈرۈمچىنىڭ كەچكى ئاسمىنىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

— ياشىسۇن رەھبىرىمىز ئەخمەتجان ئەپەندىم!

— ياشىسۇن ئۆلكە خەلقىنىڭ ئازادلىقى!

— ئەكسىيەتچىلەرگە ئۆلۈم! — دېگەن شوئار سادالىرى خۇددى يانار
تاغ ۋۇلقانلىرىدەك پارتلاپ، بوغدا تېغىدا ئەكس سادا قايتۇرماقتا ئىدى. پۈتۈن
خەلق ماشىنىلارنى ئورىۋالدى. ئەخمەت ئەپەندىم ماشىنا ئۈستىگە چىقتى ۋە
نۇتۇق سۆزلىدى:

— مۆھـتەرەم قېرىنداشلار! ئەندىشە قىلماڭلار! بىز ساق-سالامەت!

قورقماڭلار! تىنچلىق يولى بىلەن ھەقىقەتنى تەلەپ قىلىشىمىز لازىم.
ئـەخمەت ئەپەندىم كۆپ سۆزلىمىدى. بەلكى ئۆز خەلقىگە تەسەللى بەردى. يۈرىكىدە ئوت يېنىپ تۇرغان خەلقنى تارقىتىش لازىم ئىدى. چۈنكى كەچ سائەت ئالتىدىن باشلاپ ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلەتتى.

※ ※

بـارات بـولسا ئادەملەرنى ئارىلاپ ئالدىغا ئۆتۈپ، خەلق بىلەن يۈز كـۆرۈشۈش ئۈچۈن ماشىنىلاردىن چۈشۈۋاتقان ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ يېنىغا يېقىنلاشتى. باراتنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنى كۆرۈپ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى تاراملاپ ئاقتى. بولۇپمۇ قىسقا بۇرۇت قويغان، ئوتتۇرا بوي، ياشلىق باھارى تولۇپ تاشقان، غەيرەت-شىجائەت بىلەن يالقۇنلۇق ۋە سـەمـىمـي نۇتۇق سۆزلىگەن ئادەمنىڭ ئەخمەتجان ئەپەندىم ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بىر ئىللىق سىزىم قاپلىۋالدى. ئۇنىڭ ئەخمەت ئەپەندىمنى قۇچاقلىغۇسى كەلدى. ئەخمەت ئەپەندىمگە شۇنچىلىك يېـقـىـن تـۇرغـانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلدى. ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ نۇتقى ئاياغلاشقاندا كۆپچىلىك بىلەن بىرگە ئۆزاقىچە چاۋاك چالدى. كېيىن ئۆيغۇر كۇلۇبىغا كىرىپ، ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ نۇتقىنى يەنە ئاڭلىدى.

ئۇلار ئۆيگە قايتقاندا ئۆزلىرىنى بەكمۇ كۈچلۈك ۋە ئەقىل-پاراسەتكە تولغاندەك ھېس قىلىشتى. بارات بولسا ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى باسالماي قالدى.

— كـېـلـىـڭ، — دېـدى ئۇ دوستى مامۇتخانغا، — ئەخمەتجان ئەپەندىمنىڭ ئورنىدا سىزنى بىر قۇچاقلاي.

ئۇ، مامۇتخاننى ئۇزاقىچە چىڭ قۇچاقلاپ تۇردى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئـەخـمـەت ئـەپەندىنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتىگە تولغان نۇرانە سىيماسى كـەتـمـەيتتى. ئۇلار بۈگۈن كىچە ئۆز تەسىراتلىرىنى سۆزلىشىپ ئۇزاقىچە ئۇخلىمىدى.

## يىگىرمە يەتتىنچى باب

# يالقۇنتاغدا غەزەپ

جان ئۆلۈم خەۋپىدە قالدى، كۆزلىرىمدىن ئوت ياندى،
ئۆلمىسەم غازى ئەگەر، ئۆلسەم شېھىتلەردىن ھېساب.
ئىككى-ئۈچ قارىسى-قارا، ھەرگىزمۇ ئاق بولماس قارا،
ئاجرىسۇن مىستىن تازا ئالتۇن كۆيۈپ ئوتتا چىداپ.
— ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

ئۈرۈمچىدىكى "25-فېۋرال قانلىق ۋەقەسى"دىن كېيىن ۋەزىيەت كۈندىن-كۈنگە يامانلىشىشقا باشلىدى. رادىئودىن ھەدەپ: "دۆلەت ئارمىيىسى جاڭجاكونى ئالدى، يەنئەننى ئىشغال قىلدۇق" دېگەندەك خەۋەرلەر ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۈچ ۋىلايەت چېگرىسىغا ئەسكەر يۆتكەپ، "ئىلىلىقلار ئالدىرىمسۇن" دېيىشىپ، جاسۇسلار، ساتقىنلار تەرەپ-تەرەپكە قاترىشىپ، پىتنە-ئىغۋا تارقىتىپ، تۇراقسىز ئۇنسۇرلارنى ئۆز تەرىپىگە تارتماقتا ۋە سېتىپ ئالماقتا ئىدى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىن ئۇسماننى قوترىتىپ، بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، "ئۆز يېغى بىلەن ئۆز گۆشىنى قورۇش" تاكتىكىسىنى

قوللانماقتا ئىدى.

ئۇلارمۇ مەدىكارچىلىقنى داۋاملاشتۇرغاچ ئۈچ ۋىلايەتكە ئۆتۈپ كېتىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە ئىدى. بۈگۈن ئۇلار ئىشلەۋاتقان جايغا خېلىلا ياخشى كىيىنگەن، ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى ئاق-سېرىق، چېقىر كۆزى كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان بىر كىشى كەلدى. ئۇ مامۇتخاننى كۆرۈپلا يۈگۈرۈپ كەلدى.

— ئەزىز دوستۇم، سېنى بۇنداق ئەھۋالدا كۆرەرمەن دەپ زادىلا ئويلىمىغانىدىم، — دېدى ئۇ ۋە مامۇتخانغا قولىنى سۇندى. مامۇتخان خالار-خالىمايلا قولىنى بەردى. ئۇ بولسا مامۇتخاننىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى.

— مېنىڭ كۆرۈنۈشۈم مۇشۇلاردىن پەرقلىنەمدىكەن؟ — دەپ مامۇتخان "مېھمان"غا ئىشلەمچىلەرنى كۆرسەتتى.

— بۇلارنى بىلمەيمەن، — دەپ ئاغزىنى يۇرۇشتۇردى ھېلىقى ئادەم، — سەن بولساڭ كۆپ ئوقۇغان، قولۇڭدىن چوڭ ئىشلار كېلىدۇ.

— شۇنداق. مۇشۇلارنىڭ قولىدىن قانچىلىك ئىش كەلسە، مېنىڭ قولۇمدىنمۇ پەقەت شۇنچىلىكلا ئىش كېلىدۇ، — دەپ مامۇتخان ئىشقا چۈشۈپ كەتتى.

بۈگۈنكى ئىشلەمچى مەدىكارلار ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئىشسىز قالغان زىيالىيلار ۋە بىرنەچچە تۇرپانلىق باللار ئىدى. ئۇلار كوللېكتىپ ياللىنىپ، تاپقاننى تەڭ كۆرۈپ يۈرەتتى. ھېلىقى يېڭى كەلگەن "مېھمان" بولسا ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى، ئۆزىنىڭ قىشتا تۇرپانغا چۈشۈپ «ئون بىر بېتىم»نىڭ روھى بويىچە شىڭ شىسەي تارتىۋالغان شەخسلەرنىڭ يەرلىرىنى ئەسلى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە مەسئۇل بولۇپ بارغانلىقى، يەرنىڭ يېڭى ئىگىلىرىنىڭ قايتۇرۇپ بېرىشكە نارازى بولغانلىقى، ئۆزىنىڭ «بېتىم»نى ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇرغانلىقى، نىسەنچىلەردىن[1] يەرنى تارتىۋېلىپ، يەرنى ئەسلى

---

① تۇرپاندا شىڭ شىسەي تارتىۋېلىپ، بىلشقىلارغا ساتقان يەرلەرنىڭ يېڭى ئىگىلىرىنى دېھقانلار "نىسەنچىلەر" دەپ ئاتىغان.

ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەرگەنلىكى ھەققىدە خېلى ئۇزاق ۋالاقلىدى.

— ھازىر قەيەردە تۇرۇۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ مامۇتخاندىن ئاخىرىدا.

— ئۇدۇل كەلگەن يەردە، — دەپ جاۋاب بەردى مامۇتخان.

— بۇ ئىش بولماپتۇ. بىزنىڭكىگە كېتەيلى، — دېدى ئۇ مامۇتخانغا،

— بىز تۇرۇپ ئۇ يەر-بۇ يەردە يېتىپ يۈرسەڭ بولماس.

— رەھمەت غەمخورلىقىڭغا بۇرادەر، — دېدى مامۇتخان، — مېنى ئىشتىن قويمىغىن!

— سەنغۇ ئەزەلدىن مۇشۇنداق تەرسا ئادەم. خەير-خوش، ياردەم لازىم بولسا مەن ھەر دائىم تەييار، — دېدى ئۇ كېتىۋېتىپ.

"مېھمان" كەتكەندىن كېيىن بارات مامۇتخاننىڭ يېنىغا كەلدى.

— ھـادى، — دەپ تـونۇشتۇردى مامۇتخان، — خەلق ئىشلىرى نازارىتىدە ئىشلەيدۇ. سىپى ئۆزىدىن مۇناپىق.

— مۇنداق دەڭ، نېمىشقا كەپتۇ؟

— كـىـم بىلسۇن، — دەپ خىيال سۈرۈپ قالدى مامۇتخان، — گومىنداڭ بىزنى ئېزىش، قىرىش، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش بىلەن قانائەتلەنمەي يەنە بېلى بوش ئادەملىرىمىزنى خائىن، مۇناپىقلارغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۆز يېغىمىز بىلەن ئۆز گۆشىمىزنى قورىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئىشلەۋاتقان جايدا ھادى پات-پات كۆرۈنۈپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىشسىز قالغان ئوقۇتقۇچى مەھەممەت توختىيوۋ يوقاپ كەتتى. ئۇلار ئۇنى كۆپ ئىزلىدى. لېكىن ئۇنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدى.

⁂ ⁂

ئـىـيۇن ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھاۋا خېلىلا ئىسسىپ قالدى. ئۇلار

مەدىكارچىلىقتىكى جىسمانىي ئەمگەككىمۇ خېلىلا كۆنۈپ قالدى. لېكىن ئۇلارنىڭ پۈتۈن خىيالى قانداق قىلغاندا شىمالىي شىنجاڭدىكى يېڭى پارلىغان قۇياش نۇرىدىن بەھرىمەن بولۇش، جۇڭغارىيە باھارىدىن نەپەس ئېلىش ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئۆزىگە ئىشەنچلىك دوستلارنى تېپىش كويىدا يۈردى. ئۇنداق دوستلارمۇ تېپىلدى، بىراق ئۇلار يول بىلمەيتتى. ساۋەن، ماناس چېگرىلىرىدىن ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلار كۆپرەك جاپا تارتسىمۇ، بىخەتەر جايدىن ئۆتۈشنى ئويلايتتى. غۇلجىدىن كەلگەن باللار بىلەن تونۇشۇش مۇمكىن بولمىدى. ئۇلار شۇنچە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئىشپىيون-پايلاقچىلارنىڭ قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرۇشى بىلەن ئامال قىلالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇنداق كۈنلەردە ئۇلار سالاھىيىتى ئېنىق بولمىغان كىشىلەرگە ئىشىنەمدۇ؟ ئېھتىيات قىلمىغان ئادەم تۇزاققا دەسسىۋالاتتى. چۈنكى ھازىر گومىنداڭچىلار ئۈچ ۋىلايەتكە ئىشپىيون-بۇزغۇنچىلارنى كۆپلەپ ئەۋەتىۋاتاتتى. ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى كەتكىنى تۈزۈك بولۇپ، ھازىر تاغلاردا قارلار ئېرىپ يوللار ئېچىلغان مەزگىل ئىدى. ئۇلار ئاخىر ئىزدەپ يۈرۈپ يولباشلىغۇچىلارنى تاپتى. تاپقاندىمۇ راسا ئىشەنچلىك يولباشلىغۇچىنى تاپتى. تەييارلىقمۇ پۈتۈپ قالدى. ئەمدى يولغا چىقىشلا قالدى. دەل شۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن يەردىن "ئابدىكايىتنى ساقچىلار تۇتۇپ كېتىپتۇ، رەۋەندىخان ئاغرىپ قاپتۇ" دېگەن شۇم خەۋەر يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ يولغا چىقىش پىلانىنى بۇزۇۋەتتى. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ بارات ئىككىلىنىپ قالدى. ئۇلارغا مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ياردەم بەرمەسلىك ئادەمگەرچىلىك ئەمەس ئىدى. چۈنكى تېرىلغان بۇغدايىنى ھەر نەرسە قىلىپ بولسىمۇ يىغىۋېلىش كېرەك ئىدى. ئابدىكايىتنىڭ ھوسۇلنى يىغىۋالغۇدەك ئوغۇل بالىسى يوق ئىدى. بۇ مەسىلىنى مامۇتخان ھەل قىلدى.

— ئىككىلىنىپ تۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ھوسۇلنى يىغىۋېلىش كېرەك، — دېدى ئۇ باراتقا، — ئۇلار قىشتا بىزنى ياخشى كۈتتى. ئەسلىدىغۇ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقساق ئوبدان بولاتتى.

— سەپىرىمىز قانداق بولىدۇ؟ — دېدى بارات.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى ماموتخان، — بىز تەييارلىق قىلىپ سىزنى كۈتۈپ تۇرىمىز. ئەگەردە يېتىشەلمىسىڭىز، دەرھال خەۋەر بېرىڭ، مەن يېتىپ بارىمەن.

— ماقۇل، مەن ئىشنى تۈگىتىپ دەرھال قايتىمەن، — دېدى بارات. لېكىن ئۇ ئۆزىنى قانداق تەقدىرنىڭ كۈتۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى.

شۇ كۈنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىگەن تاپاۋىتىنى بۆلۈشتى. مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئالتە ئىشلەمچى يېگەن تاماقتىن باشقا قىرىق تەڭگە تاپقانىدى. ماموتخان بىلەن بارات ئالتە تەڭگىدىن، باشقىلار يەتتە تەڭگىدىن ئالدى. بۇنىڭغا زايىت نارازى بولدى.

— ئەپەندىم، سىلەر نېمە ئۈچۈن بىر تەڭگىدىن كەم ئالىسىلەر؟ — دېدى ئۇ.

— چۈنكى بىز سىلەردەك ئەمگەكتە چېنىقمىغان، شۇڭلاشقا ئىشلەشتە سىلەرگە يېتەلمەيمىز، سىلەر ئارتۇقراق ئېلىشىڭلار لازىم، — دەپ چۈشەنچە بەردى ماموتخان.

— سىز ئۆتكەن قېتىممۇ شۇنداق قىلغان. بۇ قېتىممۇ شۇنداق قىلدىڭىز ...

— سىلەرنىڭ بالا-چاقاڭلار بار. بىز بولساق يەككە-يېگانە. بىر تەڭگىنىڭ ئارتۇق-كەملىكىنىڭ بىز ئۈچۈن كارايىتى چاغلىق.

— لېكىن ماۋۇ ئەپەندىمنىڭ ئاچىسى ئاغرىق ئىكەنغۇ؟ — دەپ باراتنى كۆرسەتتى زايىت.

— ماڭا شۇمۇ يېتەرلىك، — دېدى بارات.

— ماڭا قاراڭ ئۇكام، — دېدى زايىت، — سىز سەپەرگە چىقىسىز. ماڭا ئارتۇق بەرگەن ماۋۇ بىر تەڭگە بىلەن يەنە ماۋۇ ئىككى تەڭگە يوللۇقۇمنى ئېلىڭ.

ئۇ باراتنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئۈچ تەڭگىنى باراتنىڭ يانچۇقىغا

سىلىپ قويدى. مامۇتخان بەش تەڭگە پۇلنى دوستىغا يوللۇق تۇتتى.

※ ※

ئۇلار كۈن ئولتۇراي دېگەندە سېڭگىم ئېغىزىغا يېتىپ كەلدى. كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغان بولسىمۇ، ھاۋا يەنىلا دىمىق ۋە ئىسسىق ئىدى. ئۇلار ئەمدىلا ئېغىزغا يېتىپ كەلگەنىدى.

— توختا! — دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىككى ئەسكەر يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى. ئۇلارنى ۋە ھارۋىدىكى ئەسكى-تۈسكىلەرنىڭ بىرىنىمۇ قويماي ئاختۇرۇپ چىقتى. ھەتتا ھارۋىنىڭ تېگىنىمۇ تەكشۈردى. ئەلمىساقتىن ھازىرغىچە ئەسكەر تۇرمىغان بۇ تاغ ئېغىزىنى شۇنچىۋالا ئەسكەرنىڭ قامال قىلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، باراتنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى.

— بىرئاز كېچىككەن بولساق بۇلار بىزنى بۇلايتتى، — دېدى ياشانغان ھارۋىكەش، — ئاياللار كۈندۈزلىرىمۇ سېڭگىم تەرەپتىن قارا غوجا تەرەپكە، قارا غوجا تەرەپتىن سېڭگىم تەرەپكە ئۆتەلمەيدۇ. يېقىندا تۇغمەنگە كەلگەن بىرنەچچە ئايالنى تۇتۇۋېلىپ ئاياغ ئاستى قىلىپ ئەنسى قويۇۋەتتى.

— خەلق بۇنىڭغا بىر نەرسە دېمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى بارات.

— خەلق نېمە دېيەلىسۇن ئوغلۇم، — دېدى ھارۋىكەش ئېغىر خۇرسىنىپ، — خەلق قۇرۇق قول تۇرسا، بۇلاردا ئاپتومات، پىلىموت بار. بولمىسا بىزنىڭ تۇرپان خەلقى ھەرگىز خورلۇققا چىداپ تۇرىدىغان خەلق ئەمەس.

— مۇنداق دەڭ، — دېدى بارات ئويچان ھالدا. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بۇرۇنقى قوزغىلاڭلاردا تۇرپان خەلقىنىڭ كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى كەلدى. مانا مويدۇن خوجا[1]، مەخسۇت مۇھىتى[2]...ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق روھى

---

[1] بۇ يەردە 1913-يىلدىكى قوزغىلاڭنىڭ يولباشچىسى مويدۇن ئاخۇن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇ يىلى 6-سېنتەبىردە ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

[2] بۇ يەردە ئاتاقلىق زىيالىي، پېشقەدەم ئىنقىلابچى مەخسۇت مۇھىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ 1932-يىلى جەڭ مەيدانىدا قۇربان بولغان.

كىشىلەرنى كۆرەشكە چاقىرماقتا...

— خەلقنىڭ قولىدا ھېچنەرسە يوق، — دەپ داۋام قىلدى ھارۋىكەش، — بۇ يىل ئەتىيازدا ئەخمەت ئەپەندىم كەلگەندە قارا غوجىغا ئالدىغا باردۇق. شۇ چاغدا نۇرغۇن كىشىلەر "چىدىنغۇچىلىكىمىز قالمىدى. ئىلى تەرەپ ياردەم قىلسا" دېگەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى، لېكىن ئۇ زات نۇتۇق سۆزلەپ «بېشىم»نى ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

— ئـەخمەت ئەپەندىم كەلگەندە ئادەم كۆپ يىغىلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى بارات.

— شۇمۇ گەپمۇ؟ — دېدى بىر خىل ئىپتىخارلىق بىلەن ھارۋىكەش، — پۈتۈن يۇرت تەۋرەپ كەتتى. شۇ چاغدا ئەخمەت ئەپەندىم "ھە" دېگەنلا بولسا، بۇ ئەبلەخلەرنى بىردەمدىلا يېغىشتۇرۇپ قوياتتۇق.

باراتنىڭ بۇ ئوت يۈرەك ھارۋىكەشكە بولغان ھۆرمەت، ئىپتىخارى ئاشتى. ئاتىسى قوراملىق بۇ ئادەم ئۇنىڭ كۆزىگە تېخىمۇ ئىللىق كۆرۈندى. باراتنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قارىغانلىقىنى كۆرگەن ھارۋىكەش ئازراق ئوڭايسىزلاندى.

— ھە... ئوكام، بەكلا قاراپ كەتتىلەغۇ؟ تونۇۋالاي دەۋاتاملا؟ ياكى ئـشپىيونمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىلامۇ؟ — دېدى ھارۋىكەش، — ھازىر ھېچكىمگە ھېچكىمگە ئىشەنمەيدۇ جۇمۇ.

— كـەچـۈرسىلە ئاكا! سىلىنى تونۇۋالاي دېگىنىم يوق. خاتىرجەم بولسىلا، پەقەت سىلىدىن ئۆگىنىۋالاي دەۋاتىمەن، — دېدى بارات سەمىمىيەت بىلەن.

— ئۆزلە مەندىن نېمىلەرنى ئۆگىنىلا. مەن خەت تونۇمايمەن جۇمۇ، — دېدى ھارۋىكەش.

— جەڭ قىلىشنى!...

— ھە... مۇنداق دېسىلە، بىزمۇ ئۆز ۋاقتىدا ناھايىتى ياخشى جەڭ قىلغان. ھازىر قېرىپ قالدۇق.

— ھازىر ياشلارغىمۇ ئۆزلىرىدەك پىشقەدەملەر كېرەك. بولمىسا ياشلارلا

ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەيدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ لېكىن بىزلەرگە ئەمدى نۆۋەت كەلمەيلا، ئېغىزدىكىلەر كاۋاپ قىلىنىدىغان ئوخشايدۇ، — دەپ ھارۋىكەش سېگىكىم ئېغىزىنى شەرەت قىلدى.

— ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش يوق. «بوغۇزلايمەن دېسەڭ قويمۇ تېپىرلايدۇ» ئەمەسمۇ؟!... — دېدى بارات.

— ئۇغۇ شۇنداققۇ! — دېدى ھارۋىكەش خىيالچان ھالدا، — ھازىر ھۆكۈمەت پىچان، تۇرپان، توقسۇننى ئەسكەرگە توشقۇزۇۋەتتى. سەللا گۇمانلىق دېگەن ئادەمنى كېچىلىرى تۇتۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئاخشىمى يېتىپ، ئەتىسى نېمە بولۇشىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. يېقىندا لۈكچۈندە بىر ۋەقە بولۇپ ئۆتتى. گومىنداڭنىڭ بىر ئەسكىرى دېھقانلاردىن ئالۋان ئۈچۈن توخۇ، تۇخۇم يىغقىلى كەلگەنىكەن، باۋجاڭلار چۈشتىن كېيىن يىغىپ بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ. لېكىن ھېلىقى ئەبلەخ يولدىن ئاتلىق ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، دەرەخ سايىسىدا ئولتۇرغان بىر قىزنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، ئۇنىڭغا ئېتىلىپتۇ. قىز قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ كۈچى يەتمەپتۇ. قىزنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، شۇ مەھەللىلىك ئابدىكايىت يېتىپ كەپتۇ. ئەھۋالنى كۆرۈپ ئابدىكايىتنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ. ئابدىكايىت ناھايىتى قاۋۇل ئادەم بولغاچقا ھېلىقى ئەبلەخنى بىر مۇشت بىلەن تېنەك موللاق چۈشۈرۈپتۇ. مۇشتقا چىدىمىغان ھېلىقى ئەبلەخ تاپانچىسىنى چىقىرىپتۇ، لېكىن ئابدىكايىت چوڭ ئىنقىلابتا ① ئەسكەر بولغان ئادەم بولغاچقا، ئۇنىڭ تاپانچىسىنى تارتىۋاپتۇ. تاپانچىنى تارتقۇزۇپ قويغان ھېلىقى ئەبلەخ قېچىپ بېرىپ پەيچۇسوغا كىرىۋاپتۇ. شۇ ئاخشىمى ئابدىكايىتنى «قورال بولىدى» دېگەن بەدنام بىلەن ھېچقانداق ئاق-قارىنى سۈرۈشتۈرمەي تۇتۇپ كەتتى.

ھارۋىكەشنىڭ ھېكايىسى تۈگىمىدى. بارات بولسا تاغىسىنىڭ بېشىغا

① تۇرپاندا 1932-يىلدىكى قۇمۇللۇقلارنى چوڭ ئىنقىلاب دەپ ئاتايدۇ. — ئاپتور.

كەلگەن قىسمەتنى تولۇق چۈشەندى.

— مۇنداقمۇ زورلۇق بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ غەزەپلىنىپ، ئۇنىڭ مۇشتۇمى تۈگۈلۈپ كېتىپ باراتتى. رەڭگى غەزەپتىن قورقۇنچلۇق تۈس ئالغانىدى.

— ئۆزلە لۈكچۈڭگە بارىمەن دېگەندەك قىلاتتىلاغۇ؟! كىمنىڭكىگە بارىلا، — دەپ سورىدى ھارۋىكەش، — ئەگەردە بىرنەچچە كۈن لۈكچۈڭدە تۇرسىلا قالتىس گەپلەرنى ئاڭلايلا جۇمۇ؟! خەلقنىڭ چىداشقا تاقىتى قالمىدى.

— ئابدىكايىت ئاكامنىڭكىگە.

— ھە... قىشتا كەلگەن ئۆزلە ئوخشىماملا؟ — دېدى ھارۋىكەش.

— شۇنداق، مەن ئىدىم.

— يەنە بىر دوستلىرىچۇ؟

— ئۈرۈمچىدە قالدى.

— ياخشى قىپلا ئۇكام. ئابدىكايىت ئاخۇننى تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن رەۋىدىخان ئاغرىپ قالدى. بالىلىرى بولسا ئۇششاق، ئۇلارغا ياردەم قىلىپ قويسىلا جۇمۇ؟! — دېدى ھارۋىكەش.

— مەنمۇ شۇنىڭغىلا كەلدىم، — دېدى بارات ھارۋىكەشكە.

— ياخشى، بەك ياخشى يىگىت ئىكەنلا، تۇغقان دېگەن مۇشۇنداق چاغدا ئەسقاتىدۇ، — دېدى ھارۋىكەش، — ئۆزلە يېتىپ ئۇخلىسىلا، ئات ئۆزى ماڭىدۇ. مەنمۇ ئازراق كۆزۈمنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالاي.

※ ※

باراتنىڭ لۈكچۈڭگە كەلگىنىگە ئون كۈن بولدى. ھايت-ھۇيت دېگۈچە 7-ئاي كىرىپ قالدى. بۇ تۇرپان ئويمانلىقىدا تازا "بۇغا تىنجىقى" بولىدىغان چاغلار ئىدى. بۇنداق چاغلاردا بۇ يەردىكى ئىسسىققا ياقا يۇرتلاردىن كەلگەن كىشىلەرلا ئەمەس، مۇشۇ جايدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كىشىلەرمۇ چىدىيالمايتتى.

شۇڭا مۇنداق چاغلاردا بەزى كىشىلەر ئۈرۈمچى قاتارلىق سالقىنراق جايلارغا كېتەتتى، كەتمىگەنلەر ئەتىگىنى سەھەر تۇرۇپ، سائەت ئونلارغىچە ئىشلەپ، هاۋا قىزىپ كەتكەندە كارىزلاردا ياكى كېمىر ئۆي، گەمىلەردە ئارام ئالاتتى. كەچتە سائەت بەش-ئالتىلەردە ئىشقا چىقىپ، قاراڭغۇ چۈشكىچە راسا ئىشلەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ كىيىملەر چۆپ-چۆپ هۆل بولۇپ كېتىپ، باشتىن چىققان تەر تاپاندىن ئېقىپ چۈشەتتى. ئەگەردە ئازراق شامال چىقسا، كىشىلەر ئۆزىنى تونۇر بېشىدا تۇرغاندەك هېس قىلاتتى.

بارات كەلگەندىن بۇيان ئۆزى باشلامچىلىق قىلىپ، تاغىسىنىڭ تۆت-بەش مو يەردىكى بۇغدىيىنى يىغىشتۇردى. ئۇساپ كەتكەن تەكلىرگە سۇ قۇيدى. ئابدىگايىت ئاخۇن تېرىغان قوغۇن پىشقانىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ پىلەكلىرىنى تاردى. ئىشقىلىپ ئابدىگايىت ئاخۇن قىلىدىغان ئىشلارنىڭ هەممىسىنى قىلدى. ئەپلەشتۈرەلمىگىنىنى قولۇم-قوشنىلاردىن سورىدى. شۇڭا باراتنىڭ قىلغان ئىشنى هەممەيلەن ماختىدى.

خامان تېپىلىپ تەييار بولغان بولسىمۇ، شامال چىقماي ئۇلارنى ئامالسىز قويدى. شۇڭا بارات بۈگۈن يەڭگىسىنى ئېشەككە مىندۈرۈپ لۈكچۈننىڭ بازىرىدىكى داڭلىق تېۋىپقا ئېلىپ باردى. ئۇلار بازاردا بىرقانچە ئادەمنىڭ جاهالەت زۇلمىدىن غەزەپلىنىپ قىلىۋاتقان شىكايەتلىرىنى ئاڭلىدى. قىرىق بەش ياشلاردىكى بىر قارا ساقال ئادەم سۆزلەۋاتاتتى. بەش-ئالتە ئادەم ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ يەردە بارات تونۇيدىغان، تاغىسىنىڭ قوشنىسى گاسىپمۇ بار ئىدى.

— تۆت كۈن بۇرۇن تۈگمەنگە بارغان تۆت ئايالنى ئېغىزدىكى ئەسكەرلەر هەيدەپ كېتىپ ئاياغ ئاستى قىپتۇ، — دېدى هېلىقى ئادەم، — بۇنىڭغا بىزنىڭ سېڭگىملىقلارنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. لېكىن قۇرۇق قول هېچنېمە قىلالمىدۇق.

— بىزگە نېمىدېگەن خورلۇق؟! — دېدى بىر ياش يىگىت، — ئاشلىقنى يېرىك يېگىلى بولمىسا، خوتۇنلارنى يالغۇز تۈگمەنگە ئەۋەتەلمىسەك.

— شۇنداق. سېگىم ئېغىزى زامانلاردىن بېرى ئەسكەر تۇرمىغان جاي ئىدى. ئەمدىزە بۇلارنىڭ بىزگە قىلغان زۇلۇملىرى ئازدەك، خوتۇنلىرىمىزنى ئاياغ ئاستى قىلسا، بۇنىڭغا قانداق چىدىغىلى بولسۇن، — دېدى بىرسى چىرقىراق ئاۋاز بىلەن، — زادى دۇنيادا ھەقىقەت دېگەن نەرسە بارمۇ؟

— ئەخمەق ئىكەنسەن ئۇكام، — دېدى قارا ساقال ئادەم، — ھەقىقەت بار. بىراق ھازىر ئۇنى ناھەقچىلىك تۇمانلىرى قاپلىۋالدى. ھەقىقەتكە يېتىش ئۈچۈن ناھەقچىلىكنى يوقىتىش كېرەك. تىللاش، قاغاش، يىغلاش بىلەن ھېچ ئىش ھەل بولمايدۇ.

— ھەي ئاستاراق، — دېدى شۇ يەردە ئولتۇرغان يايمىچى، — ئاستاراق سۆزلەڭلار، ئەتراپىڭنىڭ ھەممىسى جاسۇس، پايلاقچى.

— قورقما ئاكا! — دېدى ھېلىقى قارا ساقال ئادەم ئېتىراز بىلدۈرۈپ.

— مەنغۇ قېرىدىم، ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايمەن. ئەمما ھېچ ئىشنىڭ تايىنى يوق، بىرەر بالاغا قالماڭلار دەۋاتىمەن، ئۇكام.

بارات بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قارا ساقال ئادەمنى بوش ئادەم ئەمەسكەن دەپ ئويلىدى. شۇنداقلا كىشلەرنىڭ دەردىنىڭ ئۆز دەردىدىن كەم ئەمەسلىكىنى، غەزەپ-نەپرىتىنىڭمۇ ئۆزىنىڭكىدىن كەم ئەمەسلىكىنى چۈشەندى. دېمەك، نەدىلا بولسا ”قازاننىڭ قۇلىقى تۆت“ دېگەن شۇ دەپ ئويلىدى ئۇ. لېكىن شۇ چاغدا تېۋىپقا ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ئولتۇرغان موزدوزنىڭ ئۆزىگە سەپسىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى.

— بۇ ئىشلارغا چىدىغىلى بولمايۋاتىدۇ، — دېدى سۆھبەتلىشىۋاتقانلاردىن بىرسى، — يېقىندىن بۇيان ھۆكۈمەتنىڭ ئەلپازى باشقىچىلا بولۇپ كەتتى. «بېتىم»نىڭ ھېچقانداق رولى قالمىدى. خەلققە زۇلۇم سالدى. كۆپكۆندۈزدە بۇلاڭچىلىق قىلدى. ئاياللارنى ئاياغ ئاستى قىلدى.

— توختاپ تۇرسىنا! — دېدى ئالدىدا سۆزلىگەن ئادەم. ئۇنىڭ ھەممە ئىشتىن خەۋىرى بولسا كېرەك. ئۇ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى، — تۇرپان يېڭى شەھەردە تۆت ئەسكەر بىر ناۋاينىڭ نېنىنى بۇلاپ، بالىسنى ئېتىپ ياربدار

قىپتۇ. بۇ يەردە ياسىن رەقىپنى تۇتۇپ كەتتى. سايلام ئۆتكۈزمەيلا مەسئۇدنى رەئىس قىلدى. نارازى بولغانلارنى جازاغا تارتتى...

ئـۇ مـۇشـۇنداق بىر قاتار ۋەقەلەرنى سۆزلەشكە باشلىدى. باراتنىڭ ئوقۇتقۇچى مەھەممەت توختىيوپنى تۇتۇپ كەتتى دېگۇسى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاغزىدىن چىقارمىدى. چۈنكى بىرەر ئىشقا چېتىلىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلدى.

— ھـازىـر ھـۆكـۈمـەت ئـۆزلىـرىگە خىزمەت قىلغان ئادەملەرگىمۇ ئىشەنمەيدىكەن، پىچاندا ئۇيغۇر ساقچىلارنىڭ سىرتقا چىقىشىنى چەكلەپتۇ، — دېدى گاسىپ.

— چەكلەپتۇ ئەمەس، — دەپ گاسىپنىڭ سۆزىنى تۈزەتتى سەمەت دېگەن ۋەجىكرەك بىر يىگىت، — ئۇيغۇر ساقچىلار نازارەت ئاستىدا قاپتۇ.

— ئـەمـدى كۈنىمىز مۇشۇنداق ئۆتۈۋېرىدىغان بولسا، ھەممىمىزنى بىر-بىرلەپ يەۋېتىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى بىر ياشانغان دېھقان.

ئۇلار شۇ خىلدا بىرئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن تارقىلىشتى. باراتنىڭ كۆ ئالدىدىن ئالدىنقى يىرىم يىلدا ئۇرۇمچىدە يۈز بەرگەن پاجىئەلەر بىر-بىرلەپ ئۆتتى. مامۇتخان بولغان بولسا مۇشۇ ئىشلاردىن قانداق يەكۈن چىقرار ئىدى دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ. ئۇ بۇ يەردە قانچىلىك ۋاقىت ئولتۇرۇپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، بىرنەچچە ئورام تاماكىنى ئارتۇق چېكىۋەتكەنلىكىلا ئېسىدە قالدى. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە: "مۇنداق ياشاپ بولمايدۇ. خەلقنى ئەمدى ھېچنەرسە توسۇۋالالمايدۇ" دېدى. ئۇ رەۋىدىخاننى ئويغاتتى.

— يانايلى ئۇكام! — دېدى رەۋىدىخان، — دورا ئىچىۋالدىم.

⁂ ⁂

ئۇنىڭ بۇ يەردە قىلىدىغان ئىشلىرى ئاياغلىشىپ قالدى. رەۋىدىخانمۇ خېلى تۈزۈلۈپ قالدى. ئۇ ئەمدى ئۇرۇمچىگە قايتىپ ئاسىيەنى كۆرمەكچى،

ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، دوستى ۋە ئۇستازى مامۇتخان بىلەن غۇلجىغا بېرىپ ئۆزبېكىمۇ، ئاسىيەگىمۇ، ئاتا-ئانىسىغىمۇ ئىشقىلىپ پۈتۈن مىللەتكە بەخت يارىتىش يولىدا كۆرەش قىلماقچى. چۈنكى مامۇتخان "كىمكى ئەركىنلىك دەيدىكەن ئۇ كىشى غۇلجىغا يۈزلىنىشى كېرەك" دەپ بىكار ئېيتمىغان. بۇ يەردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشى نېمەدېگەن ئېغىر، خەلقنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قايناپ-تاشقان غەزەپ-نەپرىتى نېمەدېگەن چوڭقۇر... ئۇ مانا شۇنداق خىياللار بىلەن لوكچۈن بازىرىدا كېتىپ باراتتى. ئۇنى بىر تونۇش ئاۋاز توختاتتى.

— ھەي ئۇكام، ئۆزلە بۇ يەردىكەنلەغۇ؟! كەتمەيمىزمۇ؟

ئۇنىڭ ئالدىدا ئەسمىتۇلنىڭ تۇرپان يېڭى شەھەرلىك شوپۇر دوستى تۇراتتى. ئۇلار قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. باراتقا بۇ شوپۇرنىڭ ۋېرىششى بەكمۇ ئەپلىك پۇرسەت ئىدى. ئۇ رەھبىرىدىنانغا "قوغۇنلارنى سېتىپ پۇل قىلىپ بېرىمەن" دەپ ۋەدە بەرگەن. شۇڭا ۋەدىسىدىن يېنىۋالالمىدى. ۋەدىسىدىن يېنىۋالسا نامەردلىك بولاتتى.

— مەن بۇ يەردە بىر-ئىككى كۈن تۇراي دەيمەن، — دېدى شوپۇرغا.

— مەيلى ئەمىسە، — دېدى شوپۇر، — ئۇ يەردىكىلەرگە نېمە دەپ سالام دەيمەن. گەپ-سۆز بارمۇ؟

— مەن ساق-سالامەت. ئەتە-ئۆگۈن يېتىپ بارىمەن. بۇ يەردە ئورما باشلىنىپتۇ، ئورۇشقا ئەر كىشى كېرەك ئىكەن، — دېدى ئۇ مەنىلىك قىلىپ، شوپۇر خوشلاشتى.

بارات تاماكا ئالماقچى بولۇپ، بىر دۇكاننىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇ چاغدا شوپۇر بىلەن باراتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ھېلىقى ئەبگا ياماقچى بىلەن ئۇنىڭغا كالىچىنى ياماتقان سەللىلىك ئادەم باراتقا راسا سەپسىلىۋېلىپ پەيچۇسوغا يول ئالدى. ئۇزاق ئۆتمەي باراتنىڭ كەينىدە ئىككى ساقچى پەيدا بولدى.

— قېنى بىز بىلەن ماڭ، — دېدى ئۇلار.

⁂ ⁂

كىچە ئۆزىنىڭ تون پەردىسى بىلەن پۈتكۈل كائىناتنى ئۆز قوينىغا ئالغان بىر چاغدا باراتنى سوراققا ئېلىپ چىقتى. ئۇنى بىر ۋىجىك، ياغاق يۈز، قوپال قارا رامكىلىق كۆزەينەك تاقىغان بىر ساقچى ئەمەلدارى سوراق قىلدى. ئۇ خانىدودا جېدەل چىققاندىن كېيىن بۇ پەيچۇسونى نازارەت قىلىشقا كەلگەنىدى.

— قـەيەردىن كەلدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟ — دېدى ساقچى ئەمەلدارى.

— ئۈرۈمچىدىن كەلدىم. يەڭگەمنىڭ بوغدايلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بەرگىلى كەلگەن.

— بـوغـداينى ئورۇپ، خامانىنى تېپىپ بولدۇڭ، يەنە نېمە ئۈچۈن كەتمەيسەن؟

— شامال يوق خامانىنى سورىيالمىدىم، — دېدى بارات تەمكىنلىك بىلەن.

— بۇ يەرگە كېلىشتە ئىللىقلاردىن قانداق تاپشۇرۇقلارنى ئالغان؟

— شۇڭگوەن ئەپەندىم گېپىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم.

— چۈشىنىپ قالسەن، بىز ھەممىنى بىلىمىز، قېنى ئېيتە؟ شوپۇرغا نېمە دېدىڭ؟ كىمگە خەۋەر بەردىڭ؟ ھازىرغىچە ئورۇلمىغان قانداق بوغداي ئۇ؟

بـاراتنىڭ خىياللىرى چىگىشلىشىپ كەتتى. دەرھال شوپۇردىن گۇمان قىلدى-يۇ، يەنە ئەسىنتۇلىنىڭ بۇ شوپۇر توغرىلىق ”ناھايىتى ۋىجدانلىق ئادەم، ھـايـاتـتا كۆرمىگىنى قالمىغان. لېكىن پۇل ئۈچۈن ھېچقاچان ۋىجدانىنى بۇلغىمىغان“ دېگەن سۆزلىرى ئېسىگە چۈشتى.

باراتنىڭ ئويلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، سوراقچى ئۇنى ئىككىلىنىپ قالدى دەپ ئويلىدى ۋە ئىنتايىن يۇمشاق مۇئامىلە قىلىپ:

— بولـدى، سـەن ئويلىنىپ كۆرگىن. بىزدە پۇل كۆپ، خىزمەت

كۆرسەتسەڭ، باي بولۇپ كېتسەن. ھازىرچە ئارام ئالغىن، كېيىن سۆزلىشىمىز،
— دېدى.

باراتنى ئېلىپ چىقىپ كىچىك بىر ئۆيگە سولاپ قويدى. قىسمەتنىڭ مۇنداق تەتۈرلىكىگە ئۇ ھەيران بولاتتى. ئەمدى بۇ يەردىن قانداق قۇتۇلۇش كېرەك؟ دەپ ئويلايتتى ئۇ، بىراق بۇنىڭغا جاۋاب تاپالمايتتى... ئۇ ئۆز تەقدىرىنىڭ بۈگۈن كېچىلا ئۆزگىرىپ، زارىقىپ كۈتكەن كۈرمش يولى ئېچىلىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى.

سوراقچى بولسا ئەتىلىككە بۇ سولتەكنى پىچانغا ئېلىپ بېرىپ ئۇنى يەمچۈك قىلىشنى، بۇ يەمچۈك ئارقىلىق كەلگۈسىدە يېڭى مەنسەپ تېپىشنىڭ خىلمۇ خىل پىلانلىرىنى قۇرۇپ ياتتى. لېكىن ئۇ ئۇيقۇسىغا قانمىغان كۆزلىرىنى ئاچقاندا يالقۇنتاغنىڭ غەزەپلىك نىداسىنى ئاڭلىدى. ئوق ئاۋازى پۈتۈن لوكچۇننى قاپلاپ كەتكەنىدى. بۇ لوكچۇن خەلقىنىڭ قورال ھەل قىلىش جېڭى ئىدى

⁂ ⁂

1947-يىلى 7-ئاينىڭ 11-كۈنى، پۈتۈن لوكچۇن بازىرى تاڭ سەھەردىلا مىلتىق ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتى. نۇرغۇن كىشىلەر نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەيتتى. بۇ مىلتىق ئاۋازى ئىمىن زايىت، ئەخمەتنىياز داۋۇت باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن جاپاكەش خەلقنىڭ غەزەپلىك نىداسى ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەركىنلىك، ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئاياغ ئاستى قىلىنغان نومۇسىنى ئاقلاش ئۈچۈن قوزغالغانىدى. ياق، لوكچۇنلۇكلەر قوزغالدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن يالقۇنتاغ ئون نەچچە يىل ئۇيقۇدا ياتقاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم ھۆركىرەپ نەرە تارتتى. بۇ نەرە ئاۋازى پۈتۈن يالقۇنتاغ ۋە تۇرپان ئويمانلىقىدا زىلزىلە پەيدا قىلدى. قوزغىلاڭچىلار ئۆزلىرىنى ئۇزۇن يىلدىن بۇيان قورقۇتۇپ كەلگەن دۈشمەننىڭ قارا قولى، مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ

تۈۋرۈكى پەيچۇسوغا قاراپ خۇددى يانار تاغ ماگمىسىدەك شىددەت بىلەن ئۇدۇل ئاقماقتا ئىدى. غەزەپلەنگەن قوزغىلاڭچىلار پەيچۇسونى خۇددى چەمبەردەك قورشىۋالدى.

— ئاغىنىلەر، — دەپ ۋارقىرىدى ئەخمەتنىياز داۋۇت قوزغىلاڭچىلارغا، — ئەگەردە ساقچىلار ياخشىلىقچە قورال تاپشۇرسا بىرسىنىمۇ ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ. بۇ ئىنتىزامنى ياخشى بىلىۋېلىڭلار!...

پەيچۇسو لۈكچۈننىڭ ئاياغ تەرىپىدە بولۇپ، ياڭخىغا يېقىن جايدا ئىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ پەيچۇسونى قورشىۋالغانلىقىنى كۆرگەن ساقچىلار بىر تەرەپتىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شىددەتلىك دولقۇنغا قارشى تۇرۇپ، جان تالاشماقچى بولۇشتى. لۈكچۈنلۈكلەرنى ئويغىتىۋەتكەن مىلتىق ئاۋازى ئەنە شۇ ئاخىرقى جان تالىشىشقا ئۇرۇنغان ساقچىلارنىڭ قوزغىلاڭچىلارغا چىقارغان ئوق ئاۋازى ئىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ”ئالغا“ دېگەن ئاۋازلىرى تۈن قاراڭغۇسىنى يېرىپ ئۆتۈپ يالقۇنتاغدا ئەكس سادا قايتۇردى. قوزغىلاڭچىلار تۆت دانە قول بومبىسىنى بىر-بىرىگە چېتىپ ساقچىلار ئىچىدىن تاقىۋالغان يوغان دەرۋازىنى پارتلىتىپ كۆلنى كۆككە سورىۋەتتى. كېچىدىن بۇيان دالدىدا تۇرۇپ ”ئالغا“ دەپ تۈۋلىغان قوزغىلاڭچىلار ئەمدى پەيچۇسوغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئۇلارنىڭ ”ئالغا“ سادالىرى ئىچىدە يۈگۈرۈشلىرى جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈردى. بىردىنلا پەيچۇسونىڭ ئىچىدە ۋايسىغان ئاۋازلار كۆتۈرۈلۈپ ئوق ئاۋازلىرى بېسىقتى. بىر قىسىم ساقچىلار قوراللىرىنى تاپشۇرۇپ قوزغىلاڭچىلار تەرىپىگە ئۆتتى. قوزغىلاڭچىلار پەيچۇسونى ئىگىلىدى.

— تۈرمىدە ئادەم بارمۇ؟ — دەپ سورىدى دىكتار پىلىموت كۆتۈرۈۋالغان ئىمىن زايىت.

— بىر يىگىت بار، — دېدى بىر ساقچى ئەسكەر.

— يۈرۈڭلار! — دېدى ئىمىن زايىت، — تۈرمىنى ئاچايلى.

قوزغىلاڭچىلار ئۇنىڭ كەينىدىن بېرىپ، تۈرمىنىڭ يېنىدىكى

شاخ-شۇمبىنىڭ ئىچىدىن گۇندىپاينى تارتىپ چىقاردى-دە، ئۇنىڭ بېلىدىكى ئاچقۇچنى تارتىۋېلىپ ئىشكىنى ئېچىپ، ئۇ يەردىن بىر ياش يىگىتنى چىقاردى. ئۇنىڭ قاۋۇل بەستىدىكى ناچار كىيىملەر، يىرىك، قاپىرىپ كەتكەن قوللىرىدىن، ئۇنىڭ كۆپ جاپا تارتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. بۇ چاغدا شەرقتە ئۇچۇق قىزارغان بولۇپ، ھېلىقى مەھبۇس ئىمىن زايىتنىڭ قولىدىكى ۋاللىداپ تۇرغان دىكتار پىلىموتقا ھەۋەسلىنىپ قاراپ تۇراتتى.

— سېنى تونىمايدىكەنمەنغۇ؟ ئۇكام ئىسمىڭ نېمە سېنىڭ؟ — دېدى ئىمىن زايىت.

— ئۆزۈم جەنۇبىي شىنجاڭلىق. ئىسمىم بارات، ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان، مەن تۇتقان يوقلاپ كېلىپ بۇ يەردە تۈرمىگە كىرىپ قالدىم، ماڭا قورال بېرىڭلار، — دېدى بارات ئىلتىجا بىلەن.

— تۇغقىنىڭ كىم؟ — دېدى ئىمىن زايىت تولىمۇ ئىشەنمىگەن قىياپەتتە، — ئۆزۈڭنى "لەنلولۇق" دەۋاتاتتىڭغۇ؟!

— ئابدىگايىتنىڭ تۇغقىنىمەن. ئۆزۈم "لەنلولۇق" بولغان بىلەن ئاتام ئەسلىدە لۈكچۈنلۈك.

— ئۆتكەندە ساقچىلار تۇتۇپ كەتكەن ئابدىگايىتما؟ — دېدى ئىمىن زايىت، ئۇنى ئىمىن زايىت تونۇيتتى.

— شۇنداق. ماڭا ئىشەنمەيۋاتامىلا ئاكا؟!

— بولىدۇ. قورال مەسىلىسىگە قاراپ باقارمىز، — دېدى ئىمىن زايىت. شۇنىڭدىن كېيىن باراتنى ھەممەيلەن "لەنلولۇق" ياكى "ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى" دەپ ئاتايدىغان بولۇۋالدى.

※ ※

ئۇلار چۈشكە يېقىن غەلبە بىلەن ياڭخېغا قايتىپ كەلدى. قوزغىلاڭچىلار

بىلەن بىللە بىر تۈركۈم ساقچىلار قوراللىرىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. بۇ ئىش يەرلىك قوزغىلاڭچىلارنى ناھايىتى روھلاندۇرۇۋەتتى. ئۇلار چۈشلۈك تاماق يەپ بولۇپ، تۆت سوقمىدىكى "نىسەنچىلەر"نى قورالسىزلاندۇرماقچى بولۇشتى. بۇ چاغدا ياغچى خەلقى ئۆز قېرىنداشلىرىنى مال سويۇپ كۈتۈپ تۇراتتى. قوزغىلاڭچىلار ئىمىن زايىتنىڭ ئۆيىگە كېلىپ چۈشتى. ئۇلار كېلىشتىن ئىلگىرى ئاستانىلىق ئوقۇتقۇچى مۇقىيىت شېرىپ ئاستانە رايونىنىڭ ساقچى باشلىقى رەجەپ توختىنىڭ بىر پارچە خېتىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆزى ئېلىپ كەلگەن خەتنى ئىمىن شاڭجاڭغا ئىككى قوللاپ سۇنۇپ تۇرۇپ:

— ئىمىن شاڭجاڭ ئۆزلەگە رەجەپ توختى ماۋۇ خەتنى ئەۋەتكەنىدى، — دېدى.

ئىمىن زايىت خەتنى ئوقۇدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

"ئىمىن شاڭجاڭ ئۆزلە بەكمۇ ئالدىراپ كەتمەي، ۋاقىت پىشىپ يەتكۈچە ئۆز ئادەملىرىنى ياخشى تەشكىللەپ، قولۇڭلاردىكى قوراللارنى كەلسە-كەلمەس ئادەملەرگە بېرىپ قويماسلىقلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز. قالغان ئىشلارنى كېيىن ئويلىشىپ كۆرەرمىز.

رەجەپ توختى. 1947-يىل 10-ئىيول"

خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ئىمىن زايىت ئويلىنىپ قالدى. ئابدۇراخمان مۇھىتى بىلەن رەجەپ توختى دائىم مۇشۇنداق ئاگاھلاندۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ، ئەمدى ئىشنى باشلاپ قويدۇق ئاخىرىنى چىقارماي بولمايدۇ... ئۇ مۇشۇنداق خىيال بىلەن مۇقىيىت شېرىپقا مۇنداق دېدى:

— ئىشنى باشلاپ قويدۇق. ئەمدى يېنىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس. يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم.

مۇقىيىت شېرىپ ئاستانىغا قايتتى، قوزغىلاڭچىلار شۇ كېچىسى تۆت سوقمىدىكى "نىسەنچىلەر"نى قورالسىزلاندۇردى.

※ ※

تۆت سوقما ۋەقەسى پۈتۈن تۇرپان ئويمانلىقىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. گومىنداڭنىڭ تەن زېمىن باشچىلىقىدىكى بىرىگادا شتابى ھودۇقۇش ۋە ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئالدىراپ قالدى. ئۇلار شىنجاڭ گارنىزون قوماندانى سۇڭ شىلىيەنگە تېلېگراممىا ئەۋەتىپ ياردەم تەلەپ قىلدى. چۈنكى تۆت سوقمىدىن قېچىپ چىققان كالىر[1] ئۇلارغا خەۋەر قىلغانىدى. ھەربىي شتاب دەرھال يىغىن ئېچىپ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار ئالدى بىلەن «بېتىم»نى ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇرغان، خەلقنىڭ گومىنداڭغا قارشى غەزەپ-نەپرىتىنى ۋاقتىنچە بېسىپ تۇرغان تۇرپاننىڭ ھاكىمى ئابدۇراخمان مۇھىتى بىلەن مۇئاۋىن ھاكىم باۋۇدۇن يۈسۈپنى تۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئارقىدىن باشقىلارغا قول سالماقچى بولدى. لېكىن "ئۇۋچىنىڭ قوشى بولسا، تۈلكىنىڭ خۇداسى بار" دېگەندەك، گومىنداڭ قوشۇنىدىكى ئاستانىلىق بارات دېگەن يىگىت ئابدۇراخمان مۇھىتىلارغا خەۋەر قىلىپ قويدى. ئۇلار شۇ كېچىسى شەھەر سېپىلىدىن ئارغامچا ئارقىلىق چۈشۈپ پاقا بۇلاققا قېچىپ كەلدى.

※ ※

ئابدۇراخمان مۇھىتىلار پاقا بۇلاققا قېچىپ كەلگەن كۈنى ئىمىن زايىت، ئەخمەتنىياز داۋۇت باشچىلىقىدىكى خەلق قوزغىلاڭچىلىرى كېچە كېلىپ قونغان سۇ بېشىدىن سىڭگىم يېزىسىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلاردا ساقچىلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان ئون نەچچە تال مىلتىق بىلەن بىرنەچچە تال قىلىچتىن باشقا قورال يوق ئىدى. مۇتلەق كۆپ قوزغىلاڭچىلار تاياق-توقماق بىلەن قوراللانغانىدى. ئۇلار گومىنداڭنىڭ سىڭگىم ئېغىزىدا تۇرۇشلۇق ئامبىرىكىنىڭ

---

[1] كالىر — تەسلىم بولۇپ قوزغىلاڭچىلارغا ئەسىرگە چۈشكەن. لېكىن قوزغىلاڭچىلار ئۇنى "دۈشمەن" دەپ تونۇماي كەچۈرۈم قىلىپ قويۇۋەتكەندە، ئۇ ئۇدۇل ھەربىي شتابقا قېچىپ كەلگەن.

زامانىۋى قوراللىرى بىلەن قوراللانغان بىر يىلك ئەسكىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىش پىلانىنى تۈزمەكچى...

قوزغىلاڭچىلار سىڭگىم يېزىسىدا مەھەممەتنىياز ھاجىنىڭ كارىزىغا يوشۇرۇندى. ئابلىمىت شەرىپى باشچىلىقىدىكى سىڭگىملىق ياشلار شۇ يەرلىك ھەمدۇل ئاكىنى باشلاپ كەلدى. ئۇ تولىمۇ قاۋۇل، كۆپنى كۆرگەن كونا قوزغىلاڭچى[1] ئىدى. ھەممە ئادەم ئۇنى ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالدى.

— ھەمدۇل ئاكا، — دېدى ئىمىن زايىت ھۆرمەت بىلەن، — ئۆزلە بىزلەگە بىر مەسلىھەت بەرسىلە. سىڭگىم ئېغىزىغا بۇ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغان ياخشىمۇ؟ ياكى قارا غوجا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغان ياخشىمۇ؟

ھەمدۇل ئاكا بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— قاراغوجا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغان ياخشى. چۈنكى قارا غوجا تاغىنىڭ تۈۋىدە. بۇ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغاندا غەلبە قازانساققۇ ناھايىتى ياخشى، ئەگەردە مەغلۇب بولساق، سىڭگىم ئېغىزىنىڭ شىمالىدىكى قۇمۇشلۇق قۇم كۆرەكتىن چىقىپ مەھەللىگە يېتىپ كەلگۈچە بىرنەچچە كىلومېتىرلىق سايدا پاناھلىنىدىغان جاي يوق. دۈشمەنلەر ئارقىدىن ئوقفا تۇتۇپ قىرىپ تاشلايدۇ. قاراغوجا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشمۇ، مەغلۇب بولساق چېكىنىشمۇ ئاسان. مەھەللە يېقىن، شۈگىلاشقا يوشۇرۇنۇشمۇ ئاسان.

— ئۇنداق بولسا بىز لۈكچۈنگە قايتايلى، — دېدى ئەخمەتنىياز داۋۇت.

※ ※

ئۇلار ئەمدىلا سۇ بېشىغا كېلىشكە چارلىغۇچىلار ئىككى ئادەمنى باشلاپ كەلدى. ئۇلار پىچاندىن كەلگەنىدى. ئۇلارنى ئەخمەتنىياز داۋۇت تونۇيتتى.

— ھە؟! ... ئۆزلە نېمىگە كېلىشتىلە؟ — دەپ سورىدى ئەخمەتنىياز

---

[1] بۇ يەردە 1932-يىلدىكى قوزغىلاڭ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. — ئاپتور.

داۋۇت ئۇلاردىن.

— مەن يۇسۇپ تالىپ، — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى ئۇلارنىڭ چوڭراقى، — بۇ كىشى مېنىڭ دوستۇم ھۆسىيۈن گاجىت. پىچانلىقمۇ خەلق قوزغىلىپ كەتتى. بىزگە ياردەم قىلساڭلار، پىچان شەھىرىگە ھۇجۇم قىلساق. ئىمىن زايىت بىلەن ئەخمەتنىياز داۋۇت ئۆزئارا كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالدى.

— بۇ ئىش بولماپتۇ، — دېدى ئەخمەتنىياز.

— شۇنداق، — دېدى ئىمىن زايىت، — دۈشمەن كۈچلۈك، بىز ئاجىز تۇرساق بىكاردىن-بىكار ئۆزىمىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىمىزمۇ؟ بۇ بىر قارامىلىق...

— توغرا، — دېدى ئەخمەتنىياز داۋۇتمۇ، — پىچاندا گومىنداڭنىڭ بىر يېڭ ئەسكىرى بار. ئۇلارنىڭ پىلموت، ئاپتوماتلىرىدىن باشقا ئىككى دانە تۆمۈر كوڭكىسى (برونئۇنكى) بار. دۆڭ بازاردا بىر لىيەن خۇيزۇ ئاتلىق ئەسكىرى بار، بۇلار ناھايىتى چوڭ كۈچ. ئۇلارنىڭ تۇرغان جايى مۇداپىئە قىلىشقا ئەپلىك، ھۇجۇم قىلىشقا ئەپسىز. مۇنداق ئەھۋالدا، قېنى ئېيتىڭلارچۇ، بىز قانداق ھۇجۇم قىلالايمىز؟

— بىزدە ئون نەچچە تال مىلتىق بار. ئوق-دورا تېخىمۇ ئاز. ئادەملىرىمىز ھەربىي تەلىم كۆرمىگەن. تاياق-توقماق بىلەن قارامىلىق قىلساق بولماس! — دېدى ئىمىن زايىت، — بىز ئاۋۋال دۈشمەننىڭ چەت، ئاجىز جايلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، كۈچ توپلاپ، دۈشمەن ھالسىرىغاندا ئاندىن شەھەرگە ھۇجۇم قىلايلى!...

— بولىدۇ ئەمىسە، — دېدى ھۆسىيۈن گاجىت، — چىقتىمدا قىرىق-ئەللىكچە گومىنداڭ ئەسكىرى بار. بىز شۇلارنى ئويلىشىپ كۆرەيلى.

شۇنداق دېيىشىپ، يۇسۇپ تالىپ بىلەن ھۆسىيۈن گاجىت پىچانغا قايتىپ كەتتى.

* *

بۇگۈن ئاخشام قوزغىلاڭچىلار سىركىپتا قوندى. ئۇلارنى پۈتۈن خەلق كوچىغا چىقىپ، زور داغدۇغا بىلەن قارشى ئالدى. ئۆزلىرىنىڭ بەخت-سائادىتىنى ئۈچۈن كۈچلۈك دۈشمەندىن قورقماي، ئۆلۈمنى پېشانىسىگە ئېلىپ چىققان ئوت يۈرەك باتۇرلارنى ئۆز ئۆيىدە قوندۇرغۇسى، ھېچبولمىغاندا ئۇلارغا چىرايلىق گەپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ روھىنى كۆتۈرگۈسى كېلەتتى. لېكىن نېمە ئامال بولسۇن، دۈشمەننىڭ قوغلاپ كېلىپ قېلىش ئېھتىمالى تۇرغان يەردە كۈچنى چېچۋېتىشكە بولمايتتى. شۇڭا قوزغىلاڭچىلارنى بەش-ئالتە ئورۇنغا بۆلۈپ، ھەربىر بۆلۈمگە مەسئۇل بولىدىغان كىشىنى تەيىنلەپ ئورۇنلاشتۇردى. ئەتراپقا پۈختا قاراۋۇل قويدى. سىركىپلىق بوۋايلار بىلەن مومايلار ۋە بىر قىسىم ياشلار تاڭ ئاتقۇچە قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئەتراپنى چارلاپ چىقتى. قوزغىلاڭچىلار يالۋۇرسىمۇ بوۋاي-مومايلار كەتكىلى ئۇنىمىدى. نۇرغۇنلىغان ئۈششاق بالىلار ئۆز ئاتىلىرىنىڭ ياكى ئاكىلىرىنىڭ قولىدىكى ۋاللىداپ تۇرغان مىلتىقلارغا ھەۋەسلىنىپ سىيلاپ بېقىشاتتى. ئۆزلىرىنىڭ چوڭ ئادەم بولمىغانلىقلىرى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىشاتتى.

پۈتۈن خەلق ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى نەرسىلىرى بىلەن مېھمان قىلدى.

— قېنى ئال ئوغلۇم! كۆپرەك يېگىن! — دېيىشتى ياشانغانلار، — ئەتە جەڭگە كىرىسەن. ئاز يېسەڭ دۈشمەننى يېڭەلمەيسەن.

بۇ كۈنلەردە بارات ئۈچۈنمۇ قىلىدىغان ئىش چىقىپ قالدى. ئۇ بىردىنىلا بۇ ناتونۇش قوزغىلاڭچىلار بىلەن چىقىشىپ كەتتى. گاھىدا قوزغىلاڭچىلارغا ئولجا ئالغان مىلتىقنى قانداق ئېتىشنى ياكى قانداق قارىغا ئېلىشنى ئۆگەتسە، گاھىدا كەڭسايدا بولغان ئۇرۇشنى سۆزلەپ بېرىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ روھىغا ئىلھام بېرەتتى. چۈنكى ئىمىن زايىت ئۇنىڭ ھەربىي بىلىمى بارلىقىنى

بىلگەندىن كېيىن سىڭگىم يېزىسىغا مېڭىش ئالدىدا ئۇنى چاقىرىپ مۇنداق دېگەنىدى:

— قېنى سەن لەنلولوق، ئۆزۈڭنىڭ ھەربىي بىلىمىڭنى باللارغا ئۆگىتىپ قويغىن، ئۇرۇش دېگەنىنىڭ "توققۇزى رەڭ بىرسى جەڭ" دېگەن گەپ بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈشمەنىنىڭ ئاجىزلىقىنى سەن بىزدىن ئوبدان بىلىسەن.

باراتمۇ ئۆز زېھنىي كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئۇمىدىنى ئاقلاشقا تىرىشۋاتاتتى. كېچە-كۈندۈز ئىشلەيتتى، ھاردىم-تالدىم دېمەيتتى.

ئۇلار سىركېپتىن يولغا چىققاندا پۈتۈن خەلق كوچىغا چىقىپ ئۇلاردىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەن ھالدا ئۇزىتىپ قويدى. ياشانغانلار "ئامىن" دەپ قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاللادىن قوزغىلاڭچىلارغا مەدەت تىلىدى.

— خۇدا سىلەرگە نۇسرەت، دۈشمەنلەرگە زاۋاللىق بەرگەي.

— خۇدا دۈشمەنلەرنى يەر بىلەن يەكسەن قىلغاي.

⁂ ⁂

قوزغىلاڭچىلار لۇكچۈنگە كەلگەندە پۈتۈن خەلق يىغىلىپ قىزغىن قارشى ئالدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئالدىدا ماڭغان ئەخمەتنىياز داۋۇت بىلەن ئىمىن زايىت ئاتتىن چۈشۈپ خەلققە ھۆرمەت بىلدۈردى. ئەخمەتنىياز داۋۇت قوزغىلاڭچىلار نامىدىن نۇتۇق سۆزلەپ، ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ سۆزى خەلق تەرىپىدىن ئالقىشلىنىپ تۇردى.

— ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئەخمەتنىياز داۋۇت، — ھەرقايسىڭلارنىڭ بىزگە قىلغان ھۆرمىتى ئۈچۈن بارلىق قوزغىلاڭچىلار نامىدىن رەھمەت ئېيتىمەن (پۈتۈن خەلق گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭراتتى). بىز «ئۇن بىر بېتىم»نىڭ ئىمزالىنىشى بىلەن پۈتۈن شىنجاڭدا

تىنچلىق، دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىككە ئىگە بولىمىز دەپ ئويلىغانىدۇق. لېكىن تۈزۈلگەن «بېتىم»نىڭ سىياھى قۇرۇماي تۇرۇپلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى پۈتۈن شىنجاڭنى تۈرمىگە ئايلاندۇردى. نۇرغۇنلىغان ئىلغار كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلدى ۋە ئۆلتۈردى. ئەمدى «بېتىم» قۇرۇق گەپ بولۇپ قالدى. يېقىندىن بۇيان تۇرپان، پىچاندا يۈز بەرگەن پاجىئەلىك ۋەقەلەرنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار. بىزدە تىنچ ھايات كەچۈرۈشكە ھېچقانداق ئامال قالمىدى. تۇتقۇن قىلىش يەنىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. ئەمدى سەۋر-تاقىتىمىز تۈگىدى. بىزنىڭ خەلقىمىزدە "توشقاندەك مىڭ يىل ياشىغۇچە، يولۋاستەك بىر كۈن ياشا "دېگەن تەمسىل بار. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوزغالدۇق. كىم بىزگە زۇلۇم سالىدىكەن، بىز شۇنىڭغا قارشى تۇرىمىز. لۈكچۈندە خەنزۇ پۇقرالارمۇ بار. ئۇلار ئۇزاق ۋاقىت بىز بىلەن بىللە ياشىغان. ئۇلارمۇ بىزدەك ئېزىلگەن. كىمدە كىم پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ "توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاپ" ئۇلارغا چېقىلسا، ئۇنداق ئادەم بىزدىن يامانلىمىسۇن، قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ. بىز ئورتاق دۈشمىنىمىز گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەممىمىز بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە جەڭگە ئاتلىنايلى!

مانا بۇ ئەخمەتنىياز داۋۇتنىڭ قوزغىلاڭچىلارغا ۋەكالىتەن خەلققە چىقارغان خىتابنامىسى ئىدى. ئەخمەتنىياز داۋۇتنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، كۆپچىلىك ئۇزۇنغىچە چاۋاك چالدى. بىرنەچچە ياش شوئار توۋلىدى.

— گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقىتايلى!

— ئىنسانىي ھوقۇقىمىزنى قولغا كەلتۈرەيلى!

— گۇناھسىز ئۆلتۈرۈلگەن قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن ئىنتىقام ئالايلى!

شوئارلاردىن چىققان ياڭراق سادا ياللۇنتاغنىڭ ئېگىز چوققىلىرىنى تىترىتىپ، لۈكچۈن ئاسمىنىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. شۇ چاغدا ئوتتۇرا بوي، كەكە ساقال، 50 ياشلارغا كىرگەن بىر ئادەم كۆپچىلىكنى ئارىلاپ ئۆتۈپ كېلىپ، ئىمىن زايىتقا بىر پارچە خەتنى ئۇزاتتى.

ئېمىن زايىت خەتكە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، خەتنى ئەخمەتنىياز داۋۇتقا بەردى. خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

”ھۆرمەتلىك ئەخمەتنىياز داۋۇت ۋە ئېمىن شاڭجاڭ! زۇلۇم دەستىدىن چىدىيالماي قالمىغان تۇرپان خەلقى قوزغىلىپ، ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ باشچىلىقىدا كۈرەشنى باشلىۋەتتى. سىلەر ئادەملىرىڭلارنى رەتلەپ ۋە ياخشى تەشكىللەپ، ئىنقىلابچىلارنىڭ سىڭگىم ئېغىزىغا ھۇجۇم قىلىشىغا دەرھال ماسلىشىڭلار!

رەجەپ توختى

1947-يىلى 7-ئاينىڭ 12-كۈنى، كېچە“

شۇنىڭدىن كېيىن قوزغىلاڭچىلار لۈكچۈن خەلقى بىلەن خوشلىشىپ سىڭگىم ئېغىزىغا قاراپ يولغا چىقتى. بۇ چاغدا ئەتراپتىكى يېزىلاردىن كىشىلەر بەشتىن، ئوندىن كېلىپ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قوشۇلۇشقا باشلىدى.

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب

# سىڭگىم ئېغىزىدا

ئېغىزلاردا جەڭ قىلغان،
ھاكىم بىلەن ئىمىنجان.
قوللاردا تاياق-توقماق،
شېھىت بولغان ئونبىر جان.
— تۇرپان خەلق قوشىقى

ھۆرمەتلىك كىتابخان! خەرىتىنى قولىڭىزغا ئالسىڭىز شىنجاڭنى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتكەن بۈيۈك تەڭرى تېغىنىڭ شەرقىي ئۇچىدا بىر-بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى جاينى كۆرىسىز. ئۇنىڭ بىرى مەڭگۈلۈك قارمۇزلار بىلەن قاپلانغان دېڭىز يۈزىدىن 5445 مېتىر ئېگىز بولغان بوغدا چوققىسى، يەنە بىرى بوغدا چوققىسىنىڭ توپتوغرا جەنۇبىغا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەن، يازدا 45 گرادۇستىن يۇقىرى ئىسسىق بولىدىغان، يەر شارى قۇرۇقلۇقىدىكى دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ پەس جاي تۇرپان ئويمانلىقى. تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرى مۇشۇ ئويمانلىققا جايلاشقان. بۇ جاي ئۆزىنىڭ

ئاجايىپ شىرىن ئۈزۈمى، قوغۇنلىرى، ئاجايىپ قەدىمكى يادىكارلىقلىرى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر.

تۇرپاننىڭ شىمالىغا، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ئۈچىغا جايلاشقان يالقۇنتاغ غەربتىن شەرققە سوزۇلۇپ تۇرىدۇ. يالقۇنتاغ بىلەن تۇرپان شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈچ-تۆت كىلومېتىر كەڭلىكتە، ئاتمىش-يەتمىش كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا بىر ساي بار. بۇ ساي يارغول كونا شەھىرىدىن قاراغوجىغىچە سوزۇلۇپ تۇرىدۇ. ياز كۈنلىرى ساي بىلەن تاغدىن كۆتۈرۈلگەن يالقۇن پۈتۈن ۋادىنى قاپلاپ كېتىدۇ. ھاۋا ئىسسىق كۈنلەردە تاغدىن ۋە سايدىن كۆتۈرۈلگەن يالقۇن يەر يۈزىدە گويا تاۋلانغان تونۇردەك ياللداپ تۇرىدۇ. تۇرپان ئويمانلىقىغا ھايات بەخش ئەتكەن كارىزلار مانا شۇ يالقۇنتاغ ئېتىكىدىن شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ قېزىلغان. يالقۇنتاغ ئېتىكىدە تاغ-تاشلار قىزىپ تېمپېراتۇرا سېلىتسىيە ئاتمىش، يەتمىش گرادۇسقا يەتكەن چاغدىمۇ كارىز سۇلىرى شۇنچىلىك سوغۇق بولىدۇكى، بىر چىنە سۇنى بېشىڭىزدىن قۇيسىڭىز ئەندىكىپ كېتىسىز. تۇرپاننىڭ دۇنياغا مەشھۇر ئۈزۈم، قوغۇنلىرىنىڭ شۇنچىلىك تاتلىق بولۇشى مانا شۇ يالقۇنتاغ باغرىنىڭ خاسىيىتىدىن بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈزۈمزارلار مۇشۇ يالقۇنتاغنى بويلاپ غەربتىن شەرققە قاراپ سوزۇلغان. يالقۇنتاغدىن جەنۇبقا قارىسىڭىز ياپيېشىل باغلارغا، ئۈزۈمزارلارغا كۆمۈلگەن تۇرپاننى كۆرىسىز، بارغانچە پەسكە قاراپ ماڭسىڭىز، بۇ ئويمانلىقنىڭ ئەڭ پەس جايى ئايدىڭكۆلگە بارىسىز. تۇرپان شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا دۇنياغا مەشھۇر بولغان يارغول قەدىمكى شەھىرى، شەرقىدە ئىدىقۇت-ئاستانا قەدىمكى شەھىرى بار. سېڭگىم ئېغىزى مانا شۇ ئىدىقۇت-ئاستانە قەدىمىي شەھىرىنىڭ شىمالىدا. ئۇ، تۇرپاننىڭ قاراغوجا يېزىسى بىلەن سېڭگىم يېزىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى يالقۇنتاغنىڭ جىلغىسىغا جايلاشقان تەبىئىي ئۆتكەل. شۇنىڭ ئۈچۈن مەيلى قۇمۇل ياكى ئىچكىرىدىن چىققانلار بولسۇن ياكى شىمالىي شىنجاڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىن چىقىپ قۇمۇلغا بارماقچى بولغانلار بولسۇن، ھەممىسى مۇشۇ سېڭگىم ئېغىزىدىن ئۆتىدۇ. 1947-يىلى 3-ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىر يىل

ئەسكەر ئەۋەتىپ سېڭگىم ئېغىزىدىكى ئاھالىنى كۆچۈرۈۋېتىپ، "خان يولى "نىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاغ ئۈستىگە بەش پوتەي سېلىپ، يولدىن ئۆتكەنلەرنى ئاختۇرۇپ تۇتقۇن قىلىشقا باشلىدى.

سېڭگىم ئېغىزىنىڭ شىمالىدىكى جىلغىدىن كىچىك بىر ئېقىن سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ. بۇ سۇ تەگرى تېغىنىڭ قارلىق چوققىلىرىدىن ئېقىپ چۈشۈپ قاراغوجا، ئاستانە يېزىلىرىغا ھايات بەخش ئېتىدۇ. تاغ ئىچىدە بۇ كىشىلەر سۇغا بىرنەچچە تاش توگمەن چۆرگەن بولۇپ، بۇ سۇ يازدا كۆپىيىپ، قىشتا ئازىيىدۇ، قىزىل لاتقىنى ئېقىتىپ كەلگەچكە ياز كۈنلىرى قىپقىزىل بولۇپ كۆرۈنىدۇ. كارىز سۈلىرى قاش تېشىدەك سۈپسۈزۈك بولۇپ، يىراقتىن كەلگەن كىشىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ. سېڭگىم ئېغىزىدىن بىر چوڭ يول ئۆتىدۇ. بۇ يول "خان يولى" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يول سېڭگىم جىلغىسىدا شۇ يەردىكى ئېقىن سۇغا ئوخشاش يىلاندەك تولغىنىپ ئۆتىدۇ. سۇدىن ئۆتۈش ئۈچۈن ياغاچ كۆۋرۈكلەر سېلىنغان. سېڭگىم ئېغىزىنىڭ غەربىدىكى يالقۇنتاغنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان سايىنى كىشىلەر "يارتا گۈمبەزنىڭ سىيى" دەپ ئاتايدۇ.

يالقۇنتاغ شەرقتىن غەربكە سوزۇلۇپ، ئارزاق ياي شەكلىنى ھاسىل قىلىپ قاراغوجا بىلەن تۇتۇشۇپ تۇرىدۇ. سېڭگىم ئېغىزىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپى قاراغوجا بىلەن تۇتاشقان ئەگمىلىك قىيالىقنى ھاسىل قىلغان. قىيانىڭ تۆۋىدە تەگرى تېغىدىن ئېقىپ كەلگەن سۇ قاراغوجا ۋە ئاستانىغا ئېقىپ تۇرىدۇ. قىيالىق تاغ تۆپىسىگە چىقىپ قارىسىڭىز قاراغوجا ۋە ئاستانە يېزىلىرى خۇددى ئالقاندىكىدەك كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. يېزىلارنىڭ غەربىدىكى قۇم بارخانلىرى دېڭىز دولقۇنلىرى كۆرۈنۈشىنى ھاسىل قىلغان. سېڭگىم ئېغىزىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى يالقۇنتاغنىڭ باغرى يانتۇراق جايلاشقان. سېڭگىم ئېغىزىغا يېقىن "خان يولى"غا ياندىشىپ بىر مازار جايلاشقان بولۇپ، مازاردا چوڭ-كىچىك قەبرىلەردىن تاشقىرى يەنە بىر چوڭ گۈمبەز بار. بۇ گۈمبەز بىلەن تاغ ئەگمىسىنىڭ ئارىلىقىدا بىر ساي بار. كىشىلەر بۇ سايىنى "يوشوغان" دەپ ئاتايدۇ. بۇ ساي ئادەتتە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

قاراغوجا ۋە ئاستانە يېزىلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن جايى. بۇ يەردىكى ئاسار ئەتىقىلەر قەدىمكى ئۇيغۇر رەسسامچىلىقى ۋە بىناكارچىلىقىنىڭ نامايەندىسى. شۇنداقلا بۇ جاي يېقىنقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئىلىم مەرىپەتنى گۈللەندۈرۈش ماكانى بولغان.

قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن كېيىن گېنېرال مەھمۇت مۇھىتى بىر بۆلۈك ياشلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىي بىلىم يۇرتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاينىڭ قىياپىتى تېخىمۇ يېڭىلىنىپ، ئىنقىلابىي تۈس ئېلىشقا باشلىغان. نۇرغۇن كىشىلەر ئەركىنلىك، دېموكراتىيە ئۈچۈن، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمانلىقىنى، شىر يۈرەك باتۇرلىقىنى نامايەن قىلغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ گومىنداڭنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشى كۈندىن كۈنگە كۈچەيگەن. گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ «بىتىم» ئىمزالىغاندىن كېيىن، تۇرپان ئويمانلىقىدىكى باشقا خەلقلەرگە ئوخشاش قاراغوجا ۋە ئاستانە خەلقىنىڭ «بىتىم»نى ئىجرا قىلىش تەلىپى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان.

※ ※

ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىپ ئوقۇغانلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن يېڭى بىلىم، يېڭى ئىدىيە ئېلىپ كەلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يۇرتلىرىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىشاتتى. مۇنداق ئىلغار كىشىلەرنىڭ تەسىرى كىشىلەرگە يۇقماي قالمىدى. ئىلىدا ئىنقىلاب پارتلىغاندىن كېيىن، قاراغوجا ۋە ئاستانە خەلقى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئۆزلىرىنىڭ نىجاتكارى ۋە ئازادلىقىنىڭ بوشۇكى دەپ تونۇدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ناخشىلىرىدا ئىنقىلابقا بولغان چەكسىز ساداقەتلىك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. شۇ چاغدا ئاستانە

ۋە قاراغوجا ياشلىرى ئارىسىدا پىتوفى شېئىرلىرىغا تەقلىد قىلىنغان مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىر ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرەتتى:

تۇرمۇش كۆچۈرۈش قىممەتلىك بەك،
مۇھەببەت ئىشقى ئاندىن يۈكسەك.
ئازادلىق ئۈچۈن بولسا ئەگەر،
ھەر ئىككىسىدىن كېچىش كېرەك.

⁂ ⁂

1947-يىلى 2-ئاينىڭ 20-كۈنى قاراغوجا ۋە ئاستانە خەلقلىرىنىڭ ھاياتىدا كۈتۈلمىگەن زور خۇشاللىق كۈن بولدى.

— ئەخمەتجان قاسىمى تۇرپان شەھىرىگە كەپتۇ، بۈگۈن بۇ يەرگە كەلگۈدەك، دېگەن خەۋەر پۈتۈن ئاستانە ۋە قاراغوجىغا پۇركەتتى. ئاڭلىغانلار بۇ خەۋەرنى زور خۇشاللىق بىلەن بىر-بىرىگە يەتكۈزۈشەتتى. نەتىجىدە پۈتۈن خەلق تەۋرەپ كەتتى. ياق، ياق، پۈتۈن تۇرپان ئويمانلىقى، پۈتۈن يالقۇنتاغ تەۋرەپ كەتتى. قاراغوجا، ئاستانە، سېڭگىم، مورتۇق ھەتتا لۈكچۈن، ياڭخې قاتارلىق جايلارنىڭ خەلقلىرى خۇددى كەلكۈن سۇدەك سېڭگىم ئېغىزىدىكى "خان يولى"غا قاراپ ئاقماقتا ئىدى. ھەممە ئادەمنىڭ بىرلا ئارزۇسى بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ شىمالىي شىنجاڭدا دېھقان-چارۋىچىلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، گومىنداڭغا ئەجەللىك زەربە بەرگەن ئادەمنىڭ زادى قانداق بىر ئۇلۇغ زات ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن بىر كۆرۈش ئىدى. شۇڭا بارلىق ياشانغانلار، ياشلار، ئاياللار، بالىلارنىڭ ھەممىسى كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار مۇسۇلبايىنىڭ پاختا زاۋۇتىدىن سېڭگىم ئېغىزىدىكى گۈمبەزگىچە بولغان ئارىلىقتا داغدۇغا قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمان يولباشچىسىنى كۈتمەكتە ئىدى. پۈتۈن خەلق ئەخمەتجان ئەپەندىمنىڭ ئۆزلىرى ئۆستۈرگەن مېۋىلەرگە ئېغىز تېگىشىنى ئارزۇ

قىلىشاتتى.

قۇياش چۈشكە يېقىنلىشاي دەپ قالدى. كىشىلەر بارغانچە كۆپەيمەكتە ئىدى. شۇ چاغدا "خان يولى"دا كىچىك ماشىنىلار كۆرۈندى. پۈتۈن خەلق يولنىڭ ئىككى چېتىدە تۇرۇپ چاۋاك چېلىپ ئۇزۇن يولباشچىسىنى كۈتۈۋالدى. ماشىنا سېكىم ئېغىزىدىن قاراغوجا تەرەپكە ئەگىلىشى بىلەن كىشىلەر ماشىنىنى ئورىۋېلىشتى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى ئاقماقتا ئىدى. قاراغوجىلىق مەشھۇر سازەندە، مۇقامچى ئابدۇل ئاكا مۇنداق قوشاقلارنى دۇتارغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتماقتا ئىدى:

يۈزۈڭنى كۆرمەككە زار بولدۇم،
تاپارمەنمۇ ئوغلۇم سېنى؟!
يولۇڭغا ئىنتىزار بولدۇم،
تاپارمەنمۇ ئوغلۇم سېنى؟!
ھەسرەتتە قالدىم ئاھ ئۇرۇپ،
قالدىم يولۇڭغا تەلمۈرۈپ.
جاھاننى مەن ئاختۇرۇپ،
تاپارمەنمۇ ئوغلۇم سېنى؟![1]

ئەخمەت ئەپەندىم ماشىنىدىن چۈشۈپ، پۈتۈن خەلققە سالام بەردى ۋە ھۆرمەت بىلدۈردى. بۈگۈن خەلق كۆرۈۋاتقان ئادەم بۇرۇن ئۇزلىرى كۆرۈپ ئادەتلەنگەن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا زادىلا ئوخشىمايتتى. بۇرۇنقى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى تەلەتىدىن مۇز چىقىپ تۇرىدىغان، ھاكاۋۇر، گەپلىرى توك ۋە ئەسەبىي، ھەممىگە شۈبھىلىنىپ قارايدىغان، ئەتراپىدا بىرقانچە يالاقچىلىرى خۇشامەت قىلىپ تۇرىدىغان ئادەملەر ئىدى. مانا ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىرنەچچە

[1] «يۈسۈپ-ئەخمەت» داستانىدىن. — ئاپتور.

ھەمراھى بىلەن بېشىغا قارا تۇماق، ئۇستىگە چەكمەن تون كىيگەن، مۇلايىم كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرىدىغان، ئالىملارغا خاس ئەقىلگە ئىگە بولغان 31، 32 ياشلاردىكى ئاددىي بىر كىشى تۇرماقتا. ئۇ تولىمۇ كەمتەرلىك بىلەن خەلققە قولىنى كۆتۈرۈپ:

— رەھــمــەت قېرىنداشلار! رەھمەت قېرىنداشلار! — دەپ ئېھتىرام بىلدۈرمەكتە ئىدى. ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ بۇ سەممىي ھەرىكىتىدىن تۇرغۇن كىشىلەر كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالماقتا ئىدى. ئاياللار بوۋاقلىرىغا ئەخمەت ئەپەندىمنى كۆرسىتىپ:

— ئوغلۇم سېنى خۇدايىم ئەخمەت ئەپەندىمدەك ئادەم قىلسۇن، — دەپ ئىلتىجا قىلىشماقتا ئىدى. ئەخمەت ئەپەندىم كىشىلەر كۆپرەك توپلانغان جايغا كەلگەندە ماشىنىنىڭ ئۇستىگە چىقىپ قىسقا ئەمما يالقۇنلۇق نۇتۇق سۆزلىدى:

— مۆھتەرەم قېرىنداشلار! — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئەخمەت ئەپەندى،

— بىــز ئۈچ ۋىلايەت خەلقى زۇلۇمغا قارشى قوزغىلىپ، ئۆلكە خەلقىنىڭ ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن قان كېچىپ كۈرەش قىلدۇق. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى جەڭ مەيدانلىرىدا ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇب بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار مەسىلىنى ئۇرۇش ئارقىلىق ئەمەس، سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىشنى تەكلىپ قىلدى. ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت "قان تۆكۈلگەندىن كۆرە ئۇلارنىڭ سۆزى ھەقىقىي بولىدىغانلا بولسا، مەسىلىنى سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىشقا بــولــىدۇ" دەپ تونۇدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇرۇمچىگە كېلىپ سۆھبەت ئــۆتــكۈزدۇق. «ئون بىر بېتىم» تۈزۈلدى. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. بىز مۇشۇنداق پۇرسەتتە تورپان خەلقىنى يوقلاپ كېتىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدۇق...

ئــەخــمەتجان قاسىمىنىڭ سۆزى ئاياغلاشقاندىن كېيىن پۈتۈن خەلق ئــۇزاققىچە چاۋاك چالدى. يىغىندىن كېيىن مېھمانلار خەلق ئۇيۇشتۇرغان داســتــىخانغا داخىل بولدى. ئۇلار تورپاننىڭ قوغۇنى، ئۈزۈمى ھەتتا ئاق

قوناقنىڭ نېنىغا ئېغىز تەگدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاستانە مەكتىپىدە ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق خەلق يولباشچىلىرىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن يەنە يىغىلىش بولدى. پۈتۈن خەلق شۇ يەرگە يىغىلدى. ئادەتتە قۇربان ھېيتىمۇ مۇنداق كۆپ ئادەم يىغىلمايتتى. ئادەمنىڭ كۆپلىكىدىن دەسسىگۈدەك يەر قالمىدى. يىغىندا بىر قىسىم كىشىلەر گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خەلققە قىلىۋاتقان زۇلمىدىن شىكايەت قىلىپ:

— چىدىغۇچىلىكىمىز قالمىدى. قورغالساق ئىلى تەرەپ بىزگە ياردەم بېرەمدۇ؟ — دەپ سوئال قويىدى.

— بىز ھۆكۈمەت بىلەن «بېتىم» تۈزدۇق. بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى جاۋاب بېرىپ، — ھازىر تىنچلىقنى ساقلايلى! كۆپچىلىكنىڭ «بېتىم»نىڭ نەتىجىسىنى كۈتۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەرگىز ئالدىراڭغۇلۇق قىلمايلى!

كەچتە ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلەر تۇرپان شەھىرىگە قايتىپ كەتتى. بۇ ئۇچرىشىش ئېزىلگەن خەلققە زور ئىلھام بەردى ۋە ئۇنتۇلماس خاتىرە بولۇپ قالدى.

※ ※

«بېتىم»نىڭ ئىمزالانغىنىغا يېرىم يىلدىن ئاشتى. لېكىن ھاكىم سايلاشنى ھېسابقا ئالمىغاندا قالغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ بولۇپ قالدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىچكىرىدىن ھەدەپ ئەسكەر توشۇماقتا ئىدى. تۇرپان، پىچان ئەتراپىدىكى ئەسكەرلەرنى ئىككى-ئۈچ ھەسسە ئاشۇردى. ئۇلار كېچە-كۈندۈز چارلاپ، خەلق ئۈستىدىكى نازارەتنى كۈچەيتىپ، سەللە گۇمانلىق دەپ قارىغان ئادەمنى تۇتۇپ قاماشقا باشلىدى. ئەمما خەلقنىڭ «بېتىم»نى ئىجرا قىلىش تەلىپى ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى. ئۇلار ھۆكۈمەتتىن ئۆز لەۋزىدە تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تۇرپان

ئويمانلىقىدىكى خەلقنىڭ بۇنداق تەلپىنى خەلقنى باستۇرۇشنىڭ ۋاستىسى قىلماقچى بولدى. ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىدىن قان پۇراپ تۇراتتى.

1947-يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋاقتىدا ئاستانە، قاراغوجا خەلقى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قول قويغان «ئون بىر بېتىم» دىكى: "شىڭ شىسەي مۇسادىرە قىلغان شەخسلەرنىڭ ئۆي-ئىمارەت، يەر-زېمىن ۋە باشقا مال-مۈلۈكلىرىنى ئەسلى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىش" دېگەن ماددىنىڭ روھىغا ئاساسەن تۆت سوقما قاتارلىق ئالتە كارىزنى ئەسلى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ ئېلىپ بەردى. شۇ يىلى 4-ئايدا ئابدىراخمان موھىتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئاستانە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوقۇتقۇچى رەجەپ توختى تەيىنلەندى. شۇ مەزگىلدە گومىنداڭچىلار ئەلمساقتىن بۇيان ئەسكەر تۇرغۇزۇلمىغان سېگىم ئېغىزىدا بىر يىڭ ئەسكەر توختىتىپ قاراغوجا، ئاستانە خەلقىنى قاتتىق زۇلۇم ئاستىغا ئالدى. يولدىن ئۆتكەن كىشىلەرنى ئاختۇرۇپ تۇتۇپ كەتتى. تۈگمەنگە بارغان ئاياللارنى ئاياغ ئاستى قىلدى. كۆپكۆندۈزدە قوراللىق بېسىپ كىرىپ ئەتراپتىكى يېزىلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ يىگىجاڭى چاڭ يىگجاڭ ئۆزىنىڭ توقسۇنلۇق ئايالى كۆي تەتەينى تەرجىمان قىلىپ، سۇ ياقىلاپ چىققان دېھقانلارنى تۇتۇۋېلىپ قاتتىق سوراق قىلدى ۋە سەۋەبسىز قىيىندى. كىشىلەرنىڭ سەۋرى-تاقىتى قالمىغان بىر چاغدا، 7-ئاينىڭ 11-كۈنى مۇقىيت شېرىپ، ياگخې كارىزدىن ئىمىن زايىت، ئەخمەتنىياز داۋۇتلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، لۈكچۈن پەيچۇسوسىنى ئېلىپ، تۆت سوقمىدىكى "نىسەنچىلەر" ئۈستىگە يۈرۈش قىلغانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدى. بۇ خەۋەر زۇلۇمغا چىدىيالماي ئاران تۇرغان خەلققە "ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقان"دەك تەسىر قىلدى. ئاستانە، قاراغوجا خەلقلىرى ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن ھايات-ماماتتا بىللە بولۇش ئۈچۈن رەجەپ توختى بىلەن قادىر ھەسەنگە ئىلتىجا قىلىشتى.

— بىز قاچانغىچە كۈتۈپ تۇرىمىز. قېرىنداشلىرىمىز ئىشنى باشلاپتۇ. بىز جىم يېتىۋەرسەك ھۆكۈمەت ئەسكەر ئەۋەتىپ بىزنى قىرىپ تاشلىمامدۇ؟ —

دېدى بىر ئوقۇتقۇچى.
— بۇ مۇئەللىم راس ئېيتىدۇ، — دېدى بىر دېھقان يىگىت، — بىرەر ئىش قىلماي ئۆلكەندىن كۆرە، قولىمىزدىن كېلىشىچە ھەرىكەت قىلىپ ئۆلگىنىمىز ياخشى ئەمەسمۇ؟
— سىلەرنىڭ دېگىنىڭلار توغرا، بىراق... — دەپ توختاپ قالدى رەجەپ توختى.
— بىراق دەپ توختاپ قالدىلاغۇ؟! — دەپ دېھقانلار تەرەپ-تەرەپتىن چۇرقىراشتى.
— ئالدىرىماڭلا! ئاغىنىلەر، — دېدى رەجەپ توختى. ئاۋۋال بۇ ئىشنى ئابدۇراخمان ھاكىمغا مەلۇم قىلىپ باقايلى. ئۇ قادىر ھەسەن بىلەن ئىككىمىزگە "بېتىمگە خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ" دەپ نەچچە قېتىم ئېيتقان.
— خىلاپلىق قىلىشقا نېمىشقا بولمايدىكەن؟! — دەپ ۋارقىرىدى بىر يىشقەدەم قوزغىلاڭچى، — خىلاپلىق قىلمايدىغان نېمىسى قالدى؟ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «ئون بىر بىتىم»نى ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ ۋاسىتىسى قىلىۋالدىغۇ؟!
— ھە!... قولۇڭ قىچىشىۋاتامدۇ ئىبراھىم ئاكا؟! — دېدى قادىر ھەسەن ھېلىقى ئادەمگە.
— ئۇنداق بولسا ئۆزلىرىچە ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرىمىزمۇ؟ — دېدى ئىبراھىم ئاكا.
ئۇلار مانا شۇنداق تالاش-تارتىشلاردىن كېيىن، تۇرپان شەھرىگە ئادەم ئەۋەتىپ لۈكچۈندە يۈز بەرگەن ۋەقە بىلەن بۇ يەردىكى خەلقنىڭ تەلىپىنى ئابدىراخمان مۇھىتىغا يەتكۈزۈپ يولىيورۇق سوراش قارارىغا كەلدى.

※ ※

1947-يىلى 7-ئاينىڭ 12-كۈنى.

بۈگۈن ئاستانە ۋە قاراغوجىدا ئادەتتىكىدىن باشقىچىرەك كۈن بولدى. كەچقۇرۇن ئاستانە ھەم قاراغوجا خەلقى خوجا نىياز ھاجىنىڭ ئاستانىدىكى پاختا زاۋۇتىغا چوڭ داغدۇغا بىلەن جەم بولدى. ياشانغان كىشىلەر ئوغۇللىرىنى دۇئا بىلەن شانلىق كۈرەشكە ئۇزىتىپ قويدى. بۇ ئۇلۇغ كۈرەشكە ئەرلەر بىلەن بىر سەپتە ئاياللار ۋە ئۇششاق باللارمۇ ئاتلاندى. ئاستانە رايونىنىڭ قازىسى

— ئابدۇسەمى قازى ئەمرى-مەرۇپ قىلىپ پەتىۋا چىقاردى:

— ئۆلسەڭ شېھىت، قالساڭ غازى.

قاراڭغۇ كېچە، ھاۋا دىمىق، ئاسماندا سانسىزلىغان يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرىدۇ. شىمال تەرەپتىكى تاغلارنىڭ قارا جەگىسى خۇددى ئاسمان گۈمبىزىگە ئۇتاشقاندەك كۆرۈنىدۇ. قوللىرىغا ئۇزۇن سايلىق، كىچىك-كىچىك پالتا، ئارا، داتلىشىپ كەتكەن كونا قىلىچ تۇتقان كىشىلەر، ئوۋ مىلتىقلىرىنى كۆتەرگەن پالۋانلار، ئاندا-ساندا مىلتىق كۆتەرگەن قوزغىلاڭچى ساقچى، ئەسكەرلەر خوجانىياز ھاجىنىڭ پاختا زاۋۇتىدىن چىقىپ، شەپە چىقارماي سېپىگىم ئېغىزىغا قاراپ ئاقماقتا ئىدى. ئۇلارنى بۈگۈن خېلى ئۇزۇندىن بۇيان ئىچىگە يۇتۇپ كەلگەن غەزەپ ئوتلىرى دۈشمەنگە قارشى ئاتلاندۇرغانىدى. ئۇلار ئالغا چامدىغانچە تېخىمۇ غەيرەتلىنىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان دوستلىرى، يولداشلىرى، قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش ئوتىدا يانماقتا ئىدى. ئۇلار بۈگۈن دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ قەھرىمانلارچە ئۆلىدۇ ياكى ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمانلىق نامىغا مۇناسىپ ئىش قىلىپ غالىب بولۇپ، زۇلۇم ئاستىدا ئۆلگەن ئاكا-ئۇكا، يار-بۇرادەرلىرى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىدۇ.

ئاستانە ۋە قاراغوجىلىق بوۋاي-موماي‌لار ئۆز ئوغۇللىرىنى ئالدىنقى سەپكە ئۇزاتماقتا. ئۇلارغا خۇدادىن مەدەت تىلىمەكتە ئىدى. ئاياللار ۋە باللار ئۆزىنىڭ ئەرلىرى ياكى ئاتىلىرىنى ئۇزاتقاچ ئۇلارنىڭ كەينىدىن داستىخاندا نان، قاپاقتا سۇ كۆتۈرۈپ بارماقتا ئىدى. پۈتۈن خەلق ئويغاق، چەكسىز كەتكەن ئاسمان بوشلۇقىدىكى سان-ساناقسىز يۇلتۇزلار ئىچىدىن بەزىدە بىرەر-ئىككىسى ۋالىلداپ ئۇزۇن سوزۇلۇپ، ئوتلۇق يول ھاسىل قىلىپ ئېقىپ چۈشىدۇ.

مۇنداق چاغلاردا قوزغىلاڭچىلار ئۆز ھاياتىنى ئاشۇ ئاقار يۇلتۇزلارغا ئوخشىتىپ مەڭگۈ ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇ چاغدا خەلق ئۇلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى سادىر پالۋاننىڭ ئەۋلادى، ئۆزلىرىنىڭ تۇرپان خەلقىنىڭ 1932-يىلدىكى قوزغىلىڭىدا كۆرسەتكەن جان پىداكارلىقلىرىنىڭ قايتا نامايەن قىلغۇچىسى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ئۇلار قاراغوجىنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى دەرەخلىكلەرنى ئارىلاپ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى پوتەي قۇرۇپ، ئۆزلىرىگە دەھشەت سېلىپ تۇرغان چوققىغا يېقىنلاشماقتا ئىدى. قاراڭغۇ كېچە ئۇلارنى پىلىموتلار بىلەن قوراللانغان دۈشمەندىن يوشۇرماقتا. بەزىلەر تاغ تۈۋىدىكى ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ تاغقا يامىشىپ چىقىشقا باشلىدى. خۇسۇسەن تاغ تۈۋىدە ئولتۇرۇشلۇق بۇ جايلارنىڭ يەر شارائىتىنى ياخشى بىلىدىغان كىشىلەر ئالدىدا يول باشلاپ ماڭماقتا ئىدى. ئۇلارغا بۇ جايدىكى ھەربىر تۈپ گىياھ، ھەربىر تۈپ دەرەخ، ھەربىر تال تاشمۇ ۇتۇنلەي تونۇش. كىشىلەر پەقەت ئۆزئارا شەرەت قىلىشىدۇ. تۇرۇپ-تۇرۇپ غ چوققىسىدىكى دۈشمەن پوتىيى تەرەپنى كۆزىتىدۇ ياكى تىڭشايدۇ. يەنە استا-ئاستا تاغ چوققىسىغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. ئۇلار پۈتۈن خەلقنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدى. ئۇلارنى مويدىن خەلپە چاقىرماقتا ئىدى. مەخسۇت مۇھىتى چاقىرماقتا ۋە باشقا مىڭلىغان خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ روھى چاقىرماقتا ئىدى. قوزغىلاڭچىلارمۇ ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىزىدىن مېڭىپ يالقۇنتاغدا غەزەپ ئوتىنى ئوتاشتۇرماقتا ئىدى. ئۇلار ئوتاشتۇرغان بۇ ئوت چوڭ يانغىنغا ئايلىنىپ، كونا دۇنيانى گۇمران قىلغۇسى. ئالغا! ئالغا! ئالغا!...

※ ※

1947-يىلى 7-ئاينىڭ 13-كۈنى. شەرقتىن سۈۋە كۆتۈرۈلۈپ، تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق يوقالماقتا ئىدى. ھەرخىل، ھەررەڭدە كىينگەن جاپاكەش خەلق ئۆز قوللىرىدىكى تاياق-توقماقلار بىلەن دۈشمەن پوتەيلىرىنى

ئوراپ كەلمەكتە ئىدى. بەزىلەر پوتەي تېمىنىڭ يېنىغا بېرىپ قالغان بولسىمۇ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەيۋاتاتتى. چۈنكى بۇ پوتەيلەر تاشتىن قوپۇرۇلغان بولغاچقا ناھايىتى مۇستەھكەم ئىدى. يەنە بەزىلەر قوللىرىدىكى نەيزە، ئارىلار بىلەن پوتەيلەرنىڭ كىرىش ئىشىكىنى ئىزدىمەكتە ئىدى. ئۇلار پوتەيلەرنىڭ كىرىش ئىشىكىنىڭ قىرىق-ئەللىك مېتىر يىراقتىكى يەر ئاستى يولى ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى. بۇ يەر ئاستى يوللىرىنىڭ ئاغزىغا دۈشمەنلەر پىلىموت قۇرۇپ سىرتتىن قارىغان ئادەمگە بىلىنمەيدىغان قىلىپ ئېتىپ قويغانىدى. ئاستانە ۋە قاراغوجا تەرەپتىن بولسا كىشلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي سېڭگىم ئېغىزىغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. تاڭمۇ ئاستا-ئاستا يورۇشقا باشلىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ شتابى بولغان مۇسۇلباينىڭ پاختا زاۋۇتى تەرەپتىن تېخىچە خەۋەر يوق. ھەممە ئادەم ئابدۇراخمان مۇھىتىنى كۈتمەكتە. ئۇنىڭدىنمۇ خەۋەر يوق...

بىر بۆلۈك قوزغىلاڭچىلار رەجەپ توختىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن دۈشمەننىڭ سېڭگىم ئېغىزىغا ياردەمگە كېلىدىغان قوشۇنلىرىنى توسۇش ئۈچۈن ساڭ لەڭگەرگە قاراپ يولغا چىقتى. سېڭگىم، مۇرتۇق يېزىلىرىغا خەۋەر قىلىشقا كەتكەن قادىر ھەسەندىنمۇ خەۋەر يوق. قوزغىلاڭچىلار بولسا بۇيرۇقنى كۈتمەكتە. تاڭ يورۇپ ھەممە نەرسىنى پەرق ئېتىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى. لېكىن شتاب جىمجىت...

شەرقتىن قۇياش ئۇپۇقنى يېرىپ چىقىپ يېڭى بىر كۈندىن دېرەك بەردى. پۈتۈن كېچە ئۇخلىمىغان قوزغىلاڭچىلار پوتەيلەرنىڭ ئەتراپىدا پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇلارنى تۆۋەندىكى كىشلەر كۆرۈپ تۇراتتى. شۇ چاغدا پوتەي ئەتراپىدا ئادەم پەيدا بولغانلىقىنى سەزگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرىدىن بىرسى پوتەينىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدىن بېشىنى چىقىرىپ يەرگە ئېگىلىپ قارىغانىدى، "پاڭ" قىلغان ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭ پوتەي تېمىغا ئارتىلىپ قېلىپ بېشى ساڭگىلاپ قالدى. ئارقىدىن دۈشمەن ئەسكەرلىرى قول بومبىلىرىنى تاشلاشقا باشلىدى. قوزغىلاڭچىلار ئازگاللارغا ئۆزلىرىنى تاشلاپ يېتىۋالدى. تاشلانغان

گراناتلار گۈلدۈرلەپ پارتلاپ، ئەتراپقا ئوت چاچرىتىپ، توپا-تۇمان ئۇسلار
ئاسمان پەلەككە كۆتۈرۈلدى ۋە تاغلارنى لەرزىگە كەلتۈردى. گرانات پارچىلىرى
بىرنەچچە قوزغىلاڭچىنى يىنىك يارىدار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ”سىڭگىم ئىغىزى
ئۇرۇشى“ رەسمىي باشلاندى.

دۈشمەنلەر پىلىموت، ئاپتوماتلاردىن خۇددى قوماچ قورىغاندەك ئاتماقتا
ئىدى. پوتەيدىن گراناتلار ئۇچۇپ چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇلار ئوقنى زادىلا
ئايىمايتتى. دۈشمەن ئوقلىرىنىڭ زەربىسىدە قوزغىلاڭچىلار تاشلارغا چاپلىشىپ
دۇم يېتىۋالدى...

دۈشمەننىڭ پىلىموت ئوقلىرى بىرئاز پەسلىدى. دۈشمەن پوتەيگە يېقىنلا
بىر جايدا يۈسۈپ تولۇقنىڭ جەسۇر گەۋدىسى كۆرۈندى. ئۇنىڭ قولىدا بىر
دانە توقۇم بار ئىدى. ئۇ پوتەيگە يېقىنلاشتى-دە، ئورنىدىن تۇردى، يۈگۈردى،
يىقىلدى... ئاھ ئىست يۈسۈپ!... پۈتۈن ئالەمنى قاراس-قۇرۇس قاپلاپ
كەتتى. دۈشمەننىڭ ئوق يامغۇرى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ
ۋىتۇشقە باشلىدى. يۈسۈپنىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆرگەن ھېيتەكنىڭ چىشلىرى
كىرىشكەن ھالدا ئالغا ئېتىلدى، لېكىن ئۇمۇ يىقىلدى...

قوزغىلاڭچىلارنىڭ سانى كۆپ بولسىمۇ، پەقەت قوزغىلاڭ كۆتەرگەن
ساقچى ئەسكەرلەر كۆتۈرۈپ كەلگەن ئوتتۇز-قىرىق تال مىلتىق ۋە بىرنەچچە
يۈز پاي ئوقلا بار ئىدى. باشقىلاردىن ياردەم كۈتۈش مۇمكىنچىلىكى يوق ئىدى.
شۇڭا ئۇلار ئوقنى بەكمۇ ئاۋايلايتتى. ئالدى بىلەن قوزغىلاڭچىلار پوتەيلەردە
قورشىلىپ قالغان دۈشمەننىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويۇش ئۈچۈن قارا-قويۇق
ئوق ئاتماي، پەقەت گۈمبەزگە كىرىۋالغان دۈشمەننىڭ قوماندانلىق شتابى
بىلەن پوتەيلەر ئارىسىدىكى ئالاقىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن مەرگەنلەرنى
ئورۇنلاشتۇردى. نەتىجىدە سائەت ئون بولغىچە دۈشمەن پوتىيىدىن چىققان
تۆت ئالاقىچى گۈمبەزگە يېتىپ بارالماي قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئوقىدىن دومىلاپ
چۈشتى. بۇنى كۆرگەن قوزغىلاڭچىلار روھلىنىپ:

— يارايسەن! يارايسەن! — دەپ ۋارقىراشتى.

دۈشمەنلەر تۆت نەپەر ئالاقىچىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن گۈمبەزگە كېلىشكە پېتىنالمىدى. ئۇلار پوتەيلەردىن ئۈزلۈكسىز ئوق ياغدۇرۇپ تۇرغاننىڭ سىرتىدا، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۈستەڭ بويلاپ جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سېگىم جىلغىسىدىن ئېقىپ كېلىۋاتقان سۇنى "يوشۇغان"غا قويۇۋەتتى. قوزغىلاڭچىلار سۇسىز قالدى. سۇ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بارغانلار دۈشمەن ئوقىدىن يىقىلدى...

قۇياش چۈشتىن قايرىلدى. ھاۋا بەكلا قىزىپ كەتتى. تاغ-تاشلار قىزىپ يالاڭ ئاياغ يەرگە دەسسەش ياكى تاشلارنى تۇتۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تېمپېراتۇرا تاغ باغرىدا يەتمىش-سەكسەن گرادۇسقا يېتىپ، قۇياش نۇرى يالقۇن ھاسىل قىلدى. بەدەندىن چىققان تەر شورقىراپ ئېقىپ تۇراتتى. باش ئۈستىدىن دۈشمەننىڭ پىلىموت ئوقلىرى ئۆلۈم سىگنالىنى چېلىپ ئۆتەتتى. ئەزرائىل كىشىلەرنىڭ ئۆمۈر خاتىرىسىنى كۆتۈرۈپ يۈرەتتى. قەھرىمان قوزغىلاڭچىلار تەبىئەتنىڭ دۈشمەن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئۆزلىرىگە تاقابىل تۇرۇشىدىن غالىب كېلىش ئۈچۈن تاشلارغا چاپلىشىپ دۈم يېتىۋالغانىدى. ئۇلار ياتقان جايلار بىر دەمدىلا لاي بولۇپ كېتەتتى. ئۇلار مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئالغا ئىلگىرىلەيتتى ۋە دۈشمەن پوتەيىگە قاراپ ئۆمىلەيتتى. ئەمدى ئۇلارنى ئۇسسۇزلۇق قىيناشقا باشلىدى. ئاياللار بىلەن بالىلار ئېلىپ كەلگەن سۇلار ئىچىشكە ئۈلگۈرمەيتتى. بۇ سۇدا ئۇلار پەقەت لىۋىنىلا ھۆلدەيتتى.

ئۇلارنى ئۇسسۇزلۇق راسا قىيناشقا باشلىغاندا ئىمىن زايىت، ئەخمەتنىياز داۋۇت باشچىلىقىدىكى لۈكچۈن-ياڭخىلىق قوزغىلاڭچىلار يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چاچ-ساقاللىرىغا ئاق كىرگەن پېشقەدەم قوزغىلاڭچىلار، ساقال-بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان ياش يىگىتلەر، ئۆمرىنى ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشكە بېغىشلىغان ئوقۇتقۇچىلار، دۈشمەنگە ئالدىنىپ ياكى مەجبۇرىي ئەسكەر بولغان، كېيىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ خەلق بىلەن بىرلەشكەن ساقچى-ئەسكەرلەر بار ئىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ سېپى ئۇلغىيىپ بىرنەچچە مىڭ كىشىگە يەتتى. ئۇلار قىرىق-ئەللىك تال مىلتىق كۆتۈرۈپ كەلگەنىدى. شۇنىڭ

بىلەن ئۇت كۆچى كۆچەيدى. قوزغىلاڭچىلار بىرقانچە مىلتىقنى دۈشمەنىنىڭ ئالاقە يولىغا قارىتىپ قويۇپ، قالغان ئۇت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئومۇمى ھۇجۇم باشلاشنى قارار قىلدى. ئۇلار "ئەمدى ئىشنى باشلاپ قويدۇق، چېكىنىشكە يول يوق. ھۇجۇم قىلىش بىزنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولىمىز" دېگەن يەرگە كېلىشتى. دۈشمەنىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېتىپ تۇرغان پىلىموت ئوقى ئاستىدا قاراغوجىلىق ھەمدۇلنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— قېرىنداشلار، بىز تۇرپان خەلقى ئەزەلدىن قەھرىمان خەلق. بىز بۇ يەرگە ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن كەلگەن. تاش تۆپىسىدە ياتماي ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن قالغان ناخشىلارنى ئېيتىپ ئالغا چامدايلى! ئالغا!

— يۇسۇپ ئۈچۈن ئالغا!

— ھېيتەك ئۈچۈن ئالغا!

— دۈشمەندىن ئىنتىقام ئالايلى! ئالغا!

ھەمدۇل ئۆزىنىڭ قولىدىكى قارا مىلتىق بىلەن دۈشمەن پوتەيىنى قارىغا ئېلىپ، ناخشا ئېيتىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭ ناخشىسىغا قوشۇلدى:

تۇرپانلىقتەك ئەر بارمۇ؟
تاشتىن سوققان شەھەر بارمۇ؟
ئاق بوز ئاتقا مىنگەندە،
دۈشمەنلەردە جان بارمۇ؟

ناخشىنىڭ ياڭراق ئاۋازى پۈتۈن يالقۇن تاغنى جاراڭلىتىپ، ئۇرۇش مەيدانىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ يىراقلارغا تارقالدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاتقان ئوقلىرى دۈشمەن پوتەيلىرىگە تېگىپ، بىرنەچچە پىلىموتچىنى دوزاخقا يولغا سالدى. شۇنداق بولسىمۇ دۈشمەن كۆچەپ ئېتىۋاتاتتى. ھەمدۇل يىقىلدى. بۇنى كۆرۈپ ئابلىز قارى، ساۋۇت قارى، ستېپنىيازلار ھۇجۇمغا ئۆتتى. يەنە

دۈشمەن پوتىيىگە يىگىرمە قەدەم، ئون قەدەم قالدى. ئۇلار بىرىنىڭ كەينىدىن يەنە بىرى يىقىلدى. ئابدىشۈكۈر بولسا غەزەپتىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ يۈگۈرمەكتە ئىدى. يەنە ئىككى مىنۇتتىن كېيىن دۈشمەن پوتىيىگە يېتىپ بارىدۇ. بىر مىنۇت قالدى، ئۇمۇ يىقىلدى... مانا پوتەي تۆۋىدە ئىسرائىل پەيدا بولدى. قولىدا كىچىك بىر پالتا، ئۇ پوتەي تېمىغا يۆلىنىپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرماقتا ئىدى. مانا ناسىر شاگىجاڭ باشچىلىقىدىكى تۆت-بەش نەپەر قوزغىلاڭچى دۈشمەن پوتىيىگە يېقىنلاشتى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا قورال ئورنىدا تاش بار ئىدى. مانا مەخمۇت قاساپ كالا سويىدىغان يوغان پىچاقنى ئاغزىغا چىشلەپ پوتەي ئىچىگە تاشلارنى ئىرغىتماقتا...

بۇ ئىشلارنى گۈمبەزدە تۇرغان دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ كوماندىرى چىڭ يىڭجاڭ كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇ نېمىلەرنىدۇ ئويلاپ قالدى ۋە ئايالىنى چاقىردى.

— بولدى، ھاياتىمىزغا كېپىللىك قىلسىلا تەسلىم بولىمىز. كۆردۈڭمۇ ئۇلارنى؟ — دەپ خوتۇنىغا قوزغىلاڭچىلارنى كۆرسەتتى، — كۆردۈڭمۇ ئۇلارنىڭ قولىدا ھېچنەرسە بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆزىگە ئۆلۈم كۆرۈنمەيد مەن بۇنداق خەلق، بۇنداق ئادەملەرنى زادىلا كۆرمىگەن. پىلموتتىنمۇ قورقمايدۇ. ئۇلار بۇ يەرنى ئالماي قويمايدۇ. ئۇ چاغدا بىز ھايات قالمايمىز. قېنى بارغىن، مېنىڭ سۆزۈمنى يەتكۈز، تەسلىم بولىمىز.

ئۇ ئايالىغا بىر دانە ئاق ياغلىقنى بايراق قىلىپ كۆتەرتىپ قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئالدىغا چىقاردى. كۆي تەتەي ئاق بايراقنى كۆتۈرۈپ، يۈرىكى كۈز شامىلىدىكى غازاڭدەك تىترەپ، سايدىكى تاشلارغا پۈتلىشىپ، ئاران دېگەندە يوشۇغاندىكى سۇدىن كېچىپ ئۆتتى. ئۇ مىڭ تەسلىكتە تاغ قاپتىلىغا يامىشىپ قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئالدىغا چىقىشقا باشلىدى. ئۇ سايدىن بىر ئاز كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن تاغ ئۈستىدىكى قوزغىلاڭچىلارغا قاراپ ئۇيغۇر تىلىدا ۋارقىرىدى:

— چىڭ يىڭجاڭ مۇنداق دەپ بۇيرىدى...

ئۇ گېپىنى تۈگىتىشكە ئۈلگۈرەلمىدى. ئارىدىن بىر ياش قوزغىلاڭچى:

— كۆنەر سىڭنىڭ چىك يىگىجاگىگنى، بىرگە بۇيرۇق قىلىدىغان كىم ئىكەن ئۇ؟ — دېدى-دە، كۆي تەتەيىنى ئېتىپ قويدى. ئۇ بىر چىرقىرىدى-دە، تاغدىن دومىلاپ چۈشۈپ كەتتى.

— ھەي پۇرسەت قولدىن كەتتى، — دېدى بىر پىشقەدەم قورغىلاگچى.

«پاك» قىلغان ئوق ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتكەن چىك يىگىجاك خوتۇننىڭ تاغدىن دومىلاپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ جان ئاچچىقىدا:

— ئات! — دەپ ۋارقىرىدى.

شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئەتراپنى پىلموتلارنىڭ ئوق ئاۋازلىرى قاپلاپ كەتتى. قورغىلاگچىلار ئوت چىقىپ تۇرغان قىزىق يەرگە ئۆزلىرىنى تاشلاپ دۈم يېتىۋالدى. دۈشمەن بارغانچە غالجىرلىشىپ ئاتماقتا ئىدى. ئۇلار ئوقنى زادىلا ئايىمايتتى. ئاخىر قورغىلاگچىلار قاراڭغۇ چۈشۈشنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى.

※ ※

ئابدۇراخمان مۇھىتلار كەلگەن چاغدا كەچ كىرىپ قالغانىدى. ئۇلار ئۆزى بىلەن بىر قىسىم كۈچ ئېلىپ كەلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن قورغىلاگچىلارنىڭ سېپى تېخىمۇ زورايدى. بۇ چاغدا تۇرپان، پىچانغا قاراشلىق يېزىلارنىڭ ياشلىرى بەشلەپ، ئونلاپ پىدائىي بولۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئۈچ-تۆت مىڭ ئادەم يىغىلغان بولسىمۇ قورال-ياراغ ئاز ئىدى. كەلگەنلەر ئارا، پالتا، ئورغاق، تاياق-توقماق بىلەن قوراللانغانىدى. رەجەپ توختى، ئابدۇراخمان مۇھىتغا مۇشۇ بىر كۈنلۈك جەڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

— بىز ئۈچۈن ئەڭ ئەس بولغان ئىش قورال-ياراغ، ئوق-دورا مەسىلىسى. دۈشمەن بەش پوتەي، بىر گومبەزدىن ئېتىپ تۇرۇۋاتىدۇ. پىلموتلار قورغىلاگچىلارنىڭ ئالدىنى خۇددى خەتەرلىك داۋاندەك توسۇۋالدى.

— قانداقلا بولمىسۇن بۈگۈن كېچىدىن قالدۇرماي ئىشنى تۈگىتەيلى. بولمىسا دۈشمەنگە ياردەم كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، — دېدى ئابدۇراخمان مۇھىتى، — ئۇ چاغدا چاتاق بولىدۇ. چېكىنىش توغرا كەلسىمۇ كۆپ چىقىم تارتىپ كېتىمىز.

بۇ پىكىرگە ھەممەيلەن قوشۇلدى. ئۇلار بېرىپ جەڭ مەيدانىنى كۆزدىن كۆچۈرگەندىن كېيىن، چوڭ ئىنقىلابتا ئۇرۇشقا قاتناشقان پىشقەدەم قوزغىلاڭچىلارنى ۋە ياش، غەيرەتلىك، ئىش بىلىدىغان يىگىتلەرنى، ئۇستا ئوۋچى مەرگەنلەرنى يىغىپ قىسقىغىنا يىغىن ئاچتى. كۆپچىلىككە بۈگۈن كېچىدە ئېلىپ بارىدىغان جەڭنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى قىسقىچە چۈشەندۈردى. ئەڭ ئاخىرىدا كۆپچىلىكنىڭ مەسلىھەت بېرىشى تەلەپ قىلىندى. كۆپچىلىك تۈرلۈك ياخشى مەسلىھەتلەرنى بەردى.

— قېنى سەن لەنلولۇق، — دېدى ئابدۇراخمان مۇھىتى بارانقا قاراپ، — سەن بىرنەرسە دەپ باقماسەن؟! ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغىنىڭنى ئەمەلدە كۆرسىتىدىغان ۋاقىت كەلدى.

— مېنىڭچە پوتەيلەرنى ئېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى پارتلىتىش. بىر پوتەينى پارتلاتساق، قالغانلىرى ئۆزلۈكىدىن تەسلىم بولىدۇ. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى كېچىلىك ئۇرۇشتىن بەك قورقىدۇ، ئۇلارغا جان بەك تاتلىق.

— بۇ بالا توغرا گەپ قىلدى، — دېدى بىر پىشقەدەم قوزغىلاڭچى، — لېكىن بىزدە پارتلىتىش دورىسى ياكى قول بومبىسى يوقتە.

— دۈشمەندىن تارتىۋالايلى، — دېدى بىرنەچچە ياش تەڭلا.

ئابدۇراخمان مۇھىتى ئويلىنىپ قالدى. شۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

— بۇ بەك خەتەرلىك ئىش، — دېدى ئابدۇراخمان مۇھىتى، — لېكىن ئامال قانچە؟!

شۇ مەيداندىلا بىرنەچچەيلەن قول بومبىسى تېپىش ۋەزىپىسىنى ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلىشتى. نەتىجىدە ئالتە ئادەم تاللىنىپ، ئىككى گۇرۇپپىغا

بۇلۇنۇپ يولغا چىقتى. ئۇلار بىلەن باراتمۇ بىللە ئاتلاندى. ئۇ گومىنداڭچىلارنىڭ كېچىلىك ئۇرۇشتىن بەك قورقىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن تولۇق غەلىبە ئىشەنچىسى بىلەن يولغا چىقتى.

ئۇلار ئەمدىلا يىغىندىن تارقاپ، ئۆزلىرىنىڭ جايلىرىغا يېتىپ كېلىشكە خوددى ئاسماندىن چۈشكەندەك ئىككى ئادەم پەيدا بولدى. ئۇلار قوزغىلاڭچىلارنى ئاربلاپ يۈرۈپ:

— ئەگەردە ئەته تاڭ ئاتقىچە چىداشلىق بىرەلىسەڭلار سىلەرگە ياردەمگە ئادەم كېلىدۇ، — دەپ قويۇشۇپ، قانداق پەيدا بولغان بولسا، شۇنداق تېز كۆزدىن يوقالدى. لېكىن قوزغىلاڭچىلار ھەرقانچە ئويلاپ كۆرگەن بولسىمۇ ئۆزلىرىگە ياردەمگە كېلىدىغان كىشىلەرنى ئەسلىيەلمىدى.

⁂ ⁂

1947-يىلى 7-ئاينىڭ 14-كۈنى شەرقتىن سۈزۈلۈپ كۆتۈرۈلگەن چاغ. بۇگۈن كېچىدىكى جەڭ ناھايىتى شىددەتلىك بولدى. دۈشمەننىڭ ئۈچ پوتىيى ئېلىندى. ھېچكىم ئۆز جېنىنى ئايىمىدى. تاغ قاپتاللىرى ۋە جىرالارغا ئورۇنلىشىۋېلىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ يولىنى كېسىپ قويغان، پىلىموت، ئاپتوماتلار بىلەن قوراللانغان ئالاھىدە ھەربىي تەلىم كۆرگەن دۈشمەنلەرنى ھېچقانداق ھەربىي تەلىم كۆرمىگەن، ئېتىزلىقتىنلا كەلگەن قوزغىلاڭچىلار قوللىرىدىكى تاياق-توقماقلار بىلەن ئۇرۇپ، باشلىرىنى مىجىپ قوراللىرىنى تارتىپ ئالماقتا ئىدى. دۈشمەنلەرنىڭ تىرىك قالغانلىرىنى سېڭگىم ئېغىزىدىكى سۇ ئېقىپ تۇرغان جىلغىغا قوغلاپ چۈشۈرۈۋەتتى. ئەمدى تاغ تۆپىسىدە دۈشمەننىڭ ئىككىلا پوتىيى قالدى. ئۇلار قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. بۇ پوتەيلەرنىڭ بىرسى تاغنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى ئەڭ چوڭ پوتەي بولۇپ، تۆت دانە پىلىموت توختاۋسىز ئېتىلىپ، تۆت تەرەپنىڭ ھەممىسىنى ئوققا تۇتۇپ تۇراتتى. يەنە بىرسى ئۇنىڭدىن تۆۋەنكىرەك جايلاشقان بولۇپ، بۇ پوتەي بىر

تەرەپتىن چوڭ پوتەيگە بارىدىغان يولنى توسۇپ تۇراتتى، يەنە بىر تەرەپتىن دۈشمەننىڭ ھەربىي شتابى جايلاشقان گۈمبەزگە ئادەم ئۆتكۈزمەيتتى. مۇشۇ پوتەينى يوقاتقاندىلا چوڭ پوتەينىمۇ، گۈمبەزنىمۇ قولغا چۈشۈرگىلى بولاتتى. شۇڭا مۇشۇ پوتەينى پارتلىتىشنى ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان، پەم-پاراسەتلىك مەرگەن ئۇۋچى گۈلى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن تارتىۋالغان تۆت دانە گراناتنى باغلاپ، مېڭىش ئالدىدا دوستلىرىغا:

— ئەگەردە مەن قۇربان بولۇپ كەتسەم، كۈرەشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇڭلا. ھايات قالسام پوتەي پارتلىغان ھامان يۈگۈرۈپ بېرىڭلا! — دېدى.

— بولىدۇ، دوستۇم سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇق. خۇدا سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، — دېدى ئابدۇراززاق.

— گۈلى ئاكا، — دېدى بىر ياش يىگىت، — ئۆزلە ئاشۇ پوتەينى پارتلاتسىلا مەن بىر باغ قومۇش ئېلىپ بېرىپ، گۈمبەزگە ئوت قويۇپ، چىلڭ يىگىجاك دېگەن ئەبلەخنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋېتىمەن.

— خۇدا مۇرادىڭغا يەتكۈزسۇن ئۇكام، — دەپ گۈلى يولغا چىقتى...

تاڭ سۈزۈلۈپ كەلمەكتە ئىدى. دۈشمەن پوتىيى بىلەن قوزغىلاڭچىلار ئارىلىقى ئوتتۇز مېتىردىن ئاشمايتتى. لېكىن دۈشمەنلەر قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ بوي بەرمەيۋاتاتتى. پىلىموت ئوقلىرى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەتراپىدىكى تاش-شېغىللارغا تېگىپ "ۋال-ۋۇل" قىلىپ ئوت چاچرىتىپ تۇراتتى. گۈلى شۇ قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ، بىر يېتىپ، بىر قوپۇپ يۈگۈرۈپ كېتىپ باراتتى. پوتەيگە بەش قەدەمچە قالدى. يەنە بىر مىنۇتتىن كېيىن پوتەي پارتلايدۇ. لېكىن گۈلى يېتىپ بارالمىدى. دۈشمەن پوتىيىگە ئىككى قەدەم قالغاندا، ئۇ سەنتۈرۈلۈپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشتى.

— گۈلى دوستۇم! — دېگەن بىر ئاۋاز سەھەر ئاسمىنىدا جاراڭلاپ كەتتى. بۇ ھەسەن تۆمۈرنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ


يـۇگـۈرگـەنىدى، دۈشمەننىڭ تەۋەككۈلگە ئاتقان ئوقىدا لەيلەپ يىقىلىپ چۈشتى.


ھەسەن تۆمۈر بىلەن گۈلنىڭ يىقىلىپ چۈشۈشى ئابدۇرازراقنى ئىنتايىن قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ خۇددى گۈلگە ئوخشاش بىر يېتىپ، بىر قوپۇپ گۈلنىڭ يېنىغا ساق-سالامەت يېتىپ بېرىپ ئۇنىڭ يېنىغا ئۆزىنى تاشلىدى ۋە ئـەتراپنى كۆزىتىۋېلىپ، يەردە تۇرغان گرانات باغلىمىنى قولىغا ئېلىپ، ئاستا-ئاستا پوتەيگە يېقىنلاشتى-دە، دۈم چۈشتى. ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئۇنىڭدا ئـىدى. شۇڭا ھەممە ئادەم "ۋاي ئىست" دەپ قالدى. ئەمما ئابدۇرازراق ناھايىتى تەستە مىدىرلاپ گرانات باغلىمىنى پوتەي تۆشۈكىگە كىرگۈزۈپ يىپنى تارتىۋەتتى. لېكىن دۈشمەنلەر گرانات باغلىمىنى چىقىرىۋېتىشكە ئۈلگۈرەلمىدى. شۇڭا ئۇ ئۆز تېنى بىلەن تۆشۈك ئاغزىنى ئېتىۋالدى. بۇنى كۆرۈپ دۈشمەنلەر چوشقىدەك چىرقىرىشىپ كەتتى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە "گۈلدۈر" قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ پوتون جەڭ مەيدانى لەرزىگە كېلىپ، بىر پارچە ئوت بىلەن پوتەينىڭ تاش، خىشلىرى ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقتى. قوزغىلاڭچىلار قۇربان بـولـغـان يـولداشلىرىنىڭ يېنىغا يۈگۈردى. بىر قىسمى بىتچىت قىلىنغان پوتەيدىكى قوراللارنى تېپىۋېلىشقا ئالدىرىدى. شۇ چاغدا پوتەينىڭ سىرتىدىراق بىر جايدىن بىر دۈشمەن ئەسكىرى ئورنىدىن تۇرۇپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— ئـۆلـتـۈرمەڭلا! مەن مۇسۇلمان. لائىلاھەئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا...

— ھۇ ئىپلاس مەلئۇن، — دېدى بىر قوزغىلاڭچى، — مۇسۇلمانمىش. سەن بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى ئۆلتۈرگەندە مۇسۇلمانمىدىڭ؟ ئۇلارنى كۆرگەندە "ئـاتـمىز بىر"، بىزنى كۆرگەندە "دىنىمىز بىر" دەيسـەن. ئـىـككـى يـۈزلـىـمـچى...

ئۇ قولىدىكى توقماق بىلەن ھېلىقىنىڭ بېشىغا بىرنى سېلىپ مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقاردى.





## يىگىرمە توققۇزىنچى باب

# ئاق بايراق

دەھشەت ھۆركىرەر شىددەتلىك بوران،
مۇقامىغا چۈشمەس زىيادە پىغان.
يۈگەنسىز شامال، سۈرلۈك جۇت بۇلۇت،
ماتەم سىگنالى چالىدۇ ھامان.
— شېللى

ئەمدى قوزغىلاڭچىلار ئالدىغان بىر گۈمبەز بىلەن بىرلا پوتەي قالغانىدى. پوتەي بەك ئېگىزدە بولغانلىقتىن پىلىموت ئوقى پەستە تۇرغان قوزغىلاڭچىلارغا ئانچە خەۋپ تۇغدۇرمايتتى. لېكىن، پوتەي ئەتراپى يانتۇ تەكشىلىك بولغانلىقتىن يېقىن بېرىش تەس ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇنى ھەرگىزمۇ سەل چاغلاشقا بولمايتتى. چۈنكى ئۇ يەردە تۆت پىلىموت بار ئىدى. گۈمبەزگە جايلاشقان دۈشمەن شتابىدىن ئوق ئېتىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۈمىدى ئۈزۈلگەنىدى. شۇڭا گاھىدا ئېتىپ، گاھىدا ئېتىشنى توختىتىپ مارىلاپ تۇرۇشاتتى. پەقەت تاغ ئۈستىدىكى پوتەيدىن توختاۋسىز ئوق ئېتىلىپ تۇراتتى.

قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىر قىسمى "يوشوغان"دىكى يارنىڭ لېۋىگە ئورۇنلىشىپ گومبەزدىكى دۈشمەن شتابىنى قارىغا ئېلىشتى. يار بىلەن گومبەزنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يېقىن ئىدى. لېكىن ئۇ يەردە پاناھلانغۇدەك بىرەر تۈپ تىكەنمۇ بولمىغاچقا، ئۈمىلەپ بېرىشمۇ مۇمكىن بولماي قالدى. شۇ چاغدا بارات ئىمىن زايىتنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ھە! ... نېمە دەيسەن لەنلولۇق؟ — دېدى ئىمىن زايىت ئۇنىڭغا قاراپ.

— ئۆزلەگە بىر ئىلتىماسىم بار ئىمىن ئاكا! — دېدى بارات يېلىنىش بىلەن ئىلتىجا قىلىپ، — تاغ ئۈستىدىكى پوتەينى مەن يوقىتاي. بۇ قېتىم ئىلتىماسىمنى رەت قىلمىسىلا!

— قولۇڭدىكى ئاشۇ كالتەك بىلەنما؟ سەن تۆت نۆۋەت كەلدىڭ. ئانا-ئاناڭنى ئويلىدىڭمۇ؟ سەن بولساڭ مۇساپىر...

— ياق، — دېدى ئۇ كېسىپلا، ئارقىدىن ئۈستىدىكى كونىراپ كەتكەن چاپاننىڭ يانچۇقىدىن ئىككى دانە قول بومبىسىنى چىقاردى، — كېچە بۇنى دۈشمەندىن تارتىپ ئالغان. كۆپچىلىكنىڭ مېنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقىنىڭ جاۋابىنى قايتۇرىدىغان ۋاقىت يەتتى.

— بوپتۇ ئەمسە، ساڭا ئاللا يار بولسۇن ئۇكام، — دېدى ئىمىن زايىت ۋە يېنىدا تۇرغان يىگىتلەرگە بۇيرۇق بەردى، — قېنى ئەزىمەتلەر، بۇ دوستۇڭلار بىلەن پوتەيگە قاراپ ئالغا!

— سىلەر مېنى قوغداڭلار! — دېدى بارات، — ھەممىمىز يارساق خەتەرلىك.

جەمئىي بەش ئادەم تاغ ئۈستىدىكى پوتەيگە يامىشىپ چىقىشقا باشلىدى. بارات بولسا ئالاھىدە تەلىم-تەربىيە كۆرگەن ھەربىيلەرگە خاس جاسارەت بىلەن ھەممىنىڭ ئالدىدا ھەربىر تاش، ھەربىر داڭگالنى ئۆزىگە دالدا قىلىپ كېتىپ باراتتى.

قوزغىلاڭچىلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى دۈشمەننىڭ ئوت كۈچىنى

بېسىپ چۈشتى. گۈمبەزدىكى دۈشمەننىڭ پىلىموت توچكىسى ئۈششىن توختىدى ۋە گۈمبەزنىڭ ئاغزىدىن ئاق بايراق كۆرۈندى. ئارقىدىنلا:

— ئاتماڭلار! بىز تەسلىم بولدۇق، — دېگەن بوغۇق، تىترەڭگۈ ئاۋاز ئاڭلاندى. شۇ چاغدا بىردىنلا چۇقان كۆتۈرۈلۈپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاۋازلىرى سەھەر ئاسمىنىدا جاراڭلاپ كەتتى:

— بىزگە تۇرپان شەھىرىدىن ياردەمگە ئادەم كەپتۇ.

— دوستلىرىمىز ياردەمگە كەپتۇ.

ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى "خان يولى"غا تىكىلدى. راستتىنلا تۇرپان تەرەپتىن بېشىغا دوپپا كىيگەن ئاتلىقلار كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ قولىدىمۇ ئاق بايراق بار ئىدى. ھەممە ئادەم خۇشاللىقتىن ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا ماڭدى. كىشىلەر گۈمبەزنى ئېسىدىن چىقاردى. قوزغىلاڭچىلار بىلەن كېلىۋاتقان ئاتلىقلارنىڭ ئارىسى يېقىنلاشتى. بايراقتىكى "لااله الا الله محمد رسول الله" دېگەن ئەرەبچە خەت ئېنىق كۆرۈندى. تاغ ئۈستىدىكى پوتەي ئەمدى ئاتلىقلارنى ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. شۇ چاغدا ئاتلىقلار كاناي چالدى ۋە قوللىرىغا قىلىچ ئېلىپ ئۆزلىرىنى كۈتۈۋېلىشقا كەلگەن قوزغىلاڭچىلارغا قاراپ ئات سالدى.

— سا! سا! سا! — دېگەن ئاۋاز پۈتۈن تاغ ئىچىنى قاپلاپ كەتتى.

ئۇلار ھېچكىمنى ئايىمايتتى. ئەمدى گۈمبەز ۋە تاغ ئۈستىدىكى پوتەيمۇ پىلىموتلاردىن قوزغىلاڭچىلارنى شىددەت بىلەن ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. ھەممە يەرنى قىيا-چىيا قاپلاپ كەتتى ۋە قاچ-قاچ باشلىنىپ كەتتى. ئەمدى قوزغىلاڭچىلار ئۈچۈن جاننى قۇتقۇزۇشتىن باشقا يول قالمىغاندى.

بۇ چاغدا بارات باشچىلىقىدىكى بەش نەپەر قوزغىلاڭچى تاغ ئۈستىدىكى پوتەيگە يېقىنلىشىپ بارغاندى. ئۇ ئەمدىلا پوتەينى پارتلىتىش ئۈچۈن ئۆملەپ مېڭىشىغا كاناي چېلىندى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپ ئادەملەرنىڭ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۆزى بىلەن كەلگەنلەر تاغدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇمۇ ئىلاجسىز تاغدىن سىيرىلىپ چۈشتى. بۇ چاغدا ھەممە يەر

پاتپاراقچىلىققا تولۇپ كەتتى. ئۇلار ئاق بايراقنىڭ مەنىسىنى ئەمدىلا چۈشەندى. ئۇنىڭ بىرسى تەسلىم بايرىقى، يەنە بىرسى قىرغىن بايرىقى — ئالدامچىلىق بايرىقى ئىدى.

بىر قىسىم قوزغىلاڭچىلار تاغ ئۈستىدىن دۈشمەن بىلەن بولغان كۆرەشتە يارىلانغان گۈلى قاتارلىق خەلق قەھرىمانلىرىنى قارا غوجا تەرەپتىكى يارلىققا ئېلىپ چۈشكەندى. ئۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ قېچىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يولداشلىرىغا:

— دوستلىرىم، مەن بولالمىدىم. مېنى قويۇپ سىلەر چېكىنىڭلار! ئاپتوماتنى ئېلىپ كېتىڭلار! دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن، — دېدى.

گۈلى بۇ ئاپتوماتنى كېچىدە دۈشمەن قولىدىن تارتىۋالغانىدى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قوزغىلاڭچىلار يىغلىشىپ كەتتى.

— دوستۇم، بىز سېنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېتىمىز...

— دوستۇم، بىز سېنى ھەرگىز دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈرمەيمىز...

— ياق، مەن بولالمىدىم، — دېدى گۈلى. ئۇنىڭدىن قان كۆپ ئېقىپ كەتكەچكە رەڭگى بەكمۇ تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىر كۈچىنىپ يەردىن ئازراق توپىنى ئېلىپ يۈز-كۆزىگە سۈرتتى ۋە ئاران ئاڭلىنارلىق قىلىپ، — ئاھ ... مېنىڭ ئانا تۇپرىقىم... — دېدى.

ئۇ شۇ سۆزلەرنى ئارانلا دېيەلىدى ۋە بېشى بىر تەرەپكە قىيسىيىپ ساڭگىلاپ قالدى. قوللىرىمۇ چۈشۈپ كەتتى...

— دوستۇم! ...

— گۈلى! ... — دەپ چاقىرغان ئاۋازلارمۇ، ھۆركىرەپ يىغلىغان يىغا ئاۋازلىرىمۇ ئۇنى قايتا كۆز ئاچقۇزالمىدى. ئۇ قۇربان بولدى. بۇ چاغدا ئەتىگەنلىك قۇياش شەرقتىن خېلىلا ئېگىز كۆتۈرۈلگەنىدى. پۈتۈن سېڭگىم ئېغىزىمۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ قىپقىزىل قېنىغا بويالدى. ئەمدى قوزغىلاڭچىلار قاراغوجا، ئاستانە ۋە يالقۇنتاغنىڭ ئىچىدىكى جىلغىلارغا پاناھ ئىزدەپ قاچماقتا

ئىدى. ئۇلار قېچىپ كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ: "ئەلۋىدا قۇربان بولغانلار، ئەلۋىدا شېھىتلار مازارى، خەپ قانخور زالىملار" دېيىشىپ ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇراتتى.

※ ※

تۆت سوقمىدىكى "نىسەنچىلەر"دىن قولغا چۈشكەن كالىرنى قوزغىلاڭچىلار رەھىم قىلىپ قويىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ مۇنداق ۋاپاغا جاپا قىلىشنى ھېچكىممۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ قېچىپ بېرىپ بۇلىۋقتا تۇرۇۋاتقان گومىنداڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ يېنىدا ئۆزىگە پاناھ تاپتى. سېگىم ئېغىزىدىكى قوزغىلاڭدىن خەۋەر تاپقان تۇرپان شەھىرىدىكى گومىنداڭنىڭ ھەربىي شتابى مۇشۇ ئاتلىق قىسىمغا قوزغىلاڭنى باستۇرۇش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. ۋەزىيەتنى تاپشۇرۇۋالغان ئاتلىق ئەسكەرلەر 7-ئاينىڭ 12-كۈنى ئاخشىمى ئىككى نەپەر ئىشپىيوننى رازۋېتكىغا ئەۋەتتى. ئۇلار ئاخشام قوزغىلاڭچىلارنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ، "ئەتە سىلەرگە ياردەمگە ئادەم كېلىدۇ" دەپ قوزغىلاڭچىلارنى ئالداپ، ئارىلاپ يۈرۈپ رازۋېتكا قىلىپ ئۆزلىرى تۇپلىغان ماتېرىياللىرى خوجايىنلىرىغا يەتكۈزۈپ بەردى. بۇ چاغدا پۇقراچە كىيىنگەن ئاتلىق ئەسكەرلەر يالقۇنتاغنىڭ تاغ ئارىسىدىكى "قۇرۇق ئېغىز"دا ساقلاپ تۇرغانىدى. ئۇلار جاسۇسلارنىڭ مەلۇماتىنى ئالغاندىن كېيىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ بىر قىسمى داۋاملىق تاغنىڭ شىمالىدىكى چىغىر يول بىلەن مېڭىپ، سېگىم ئېغىزىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن قوزغىلاڭچىلارنى قورشاشقا ماڭدى. يەنە بىر قىسمى "قۇرۇق ئېغىز"دىن ئۆتۈپ "خان يولى"غا چۈشۈپ قاراغوجا تەرەپتىن قوزغىلاڭچىلارنى قورشاشقا ماڭدى. ۋەزىيەتنى ئوگۇشلۇق ئورۇنداش ئۈچۈن ئاق بايراقتا ھوشسىزلاندۇرۇش دورىسى — "ئايەت"نى يېزىپ كۆتۈرۈۋالدى. "ساي لەڭگەر"[1] قۇرۇق ئېغىزنىڭ غەربىدە بولغانلىقتىن،

[1] ساي لەڭگەر — سېگىم ئېغىزىدىن 20 كىلومېتىرچە غەربتە. "يارتا گۇمبەز"نىڭ سېپىدىكى قەدىمكى زاماندىن قالغان بىر ئۆتەڭ. — ئاپتور.

پـسـترما قىلىپ قويغان قوزغىلاڭچىلار بۇنىڭدىن خەۋەرسىز قىلىپ، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ بېشىغا چۈشكەن پاجىئەنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى.

دۈشـمـەن ئاتلىق ئەسكەرلىرى ھېچنەرسىنى ئايىمايتتى. ئۇلار ئالدىغا ئۇچرىغـانـلـارنىڭ ھـەمـمىسىنى چېپىپ تاشلاۋەردى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ قـېـچـىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرى يوشۇرۇنغان جايلىرىدىن چىقىشقا باشلىدى. چىڭ يىگىجاڭ ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىرايتتى:

— ئالغا! ئالغا! ھېچكىمنى تىرىك قويماي قىرىپ تاشلاڭلار! كۆيدۈرۈپ كۆلگە ئايلاندۇرۇڭلار!

ھېلىلا تەسلىم بولۇش بايرىقىنى چىقارغان دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئەمدى قارا-قويۇق ئوقيا ئۇتۇشقا باشلىدى. قوزغىلاڭچىلارنىلا ئەمەس، ھەتتا ئەرلىرىگە نان، سۇ ئېلىپ كەلگەن ئاياللارنى، ئانىلىرىغا ئەگىشىپ كەلگەن باللارنىمۇ قىرىپ تاشلىدى.

بىر قوزغىلاڭچى قېچىپ كېتىۋېتىپ قاراغوجا تەرەپتىكى تاغنىڭ يامزىلىدا ئـون بـىر-ئـون ئىككى ياشلاردىكى تۆت بالىنىڭ تاتلىق ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئۆزىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان خەۋپكە قارىماي، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان باللارنى سىلكىپ ئويغىتىشقا باشلىدى:

— ھەي، ھەي تۇرۇڭلار، يوشۇرۇنۇڭلار، دۈشمەن كېلىۋاتىدۇ...

شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ كەينىدىلا دۈشمەن ئەسكەرلـىـرىـنـىـڭ "چاپ، قـىـر" دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ بۇرۇلۇپ قاراپ ئۆزىدىن ئون نەچچە مېتىر يىراقلىقتا ئاتلىق بىر دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ شىددەت بىلەن قىلىچ ئۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ خۇددى چەرەندەك سەكرەپ، نېرىراقتىكى دۆڭنىڭ كەينىگە ئۆتتى ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ:

— ۋاي ئىست باللار، — دەپ قالدى.

بۇ چاغدا تاتلىق ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي تۇرغان بالىدىن بىرسىنى دۈشمەن چېپىۋەتكەنىدى. ئارقىدىن يەنە بىرسىنىمۇ چېپىپ تاشلىدى. بىرسى قېچىپ قۇتۇلدى. بىرسىنى چاپماقچى بولۇپ قىلىچ

سالغاندا بالا يىقىلىپ چۈشۈپ يىنىك ياردار بولدى. بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ بــۇ قوزغىلاڭچىنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلدى-دە، ئۆزىنىڭ دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ يېنىغا قانداق بېرىپ قالغىنىنى سەزمەي قالدى. ئۇنى كۆرۈپ دۈشــمەن ئــەسكىرى "سا" دەپ ئىتتىنى قايتۇرۇشىغا ھىلىقى قوزغىلاڭچى قولىدىكى ئىككى مىتىر ئۇزۇنلۇقتىكى چولوك سايلىق توقمىقى بىلەن ئاتنىڭ بېشىغا شۇنداق سالدىكى، ئات بىر سىلكىنىپ يىقىلىپ چۈشۈپ ئۈستىدىكى ئەسكەرنى بېسىۋالدى. قوزغىلاڭچى دۈشمەننىڭ بېشىغا توقماق بىلەن بىرنى سېلىپ، ئۇنى جەھەننەمگە يولغا سالدى ۋە قىلىچ بىلەن ئاپتوماتنى ئېلىۋالدى. ئۇ دەرھال ئۆلگەن ئاتنى پاناھ قىلىپ، كېلىۋاتقان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئارقا-ئارقىدىن يىقىلدى.

— بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت، — دەپ سانىدى ئۇ.

شـۇ چاغدا ئىگىسى ئۆلگەن دۈشمەن ئىتتىدىن بىرسى ئۇنىڭ يېنىغا كەپقالدى. ئۇ ئاتنى تۇتۇۋېلىپ سەكرەپ مىندى-دە:

— مـانـا سـاڭا نارەسىدىلەرنىڭ مەرىكىسى، مانا ساڭا يالقۇنتاغنىڭ سەيلىسى، — دەپ قىلىچنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئالدىغا كەلگەن دۈشمەنلەرنى چېپىپ تاشلاۋەردى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى تەمتىرەپ قالدى. بۇنى كۆرۈپ چىك يىگجاك:

— قاپاقباشلار، ھەممىڭ تويلىشىپ ئات، تويلىشىپ ئات!... — دەپ ۋارقىرىدى.

يەتتە-سەككىز دۈشمەن ئەسكىرى تويلىشىپ ئاپتوماتلىرىدىن تەگلا ئوق چــىقىرىپ بولغۇچە، قوزغىلاڭچى ئاۋۋال چەبدەسلىك بىلەن ئوق ئۈزۈپ، ئۇلاردىن ئىككى-ئۈچىنى يەر چىشلەتتى-دە، ئىتتىنى قويۇندەك چاپتۇرۇپ ھىلىلا ئۆزى يوشۇرۇنغان دۆڭنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كۆزدىن غايىپ بولدى. بۇ چاغدا چىك يىگجاك: "ئوت يۈرەك شىر ئەۋلادى ئىكەن خۇمپەر..." دەپ ياقىسىنى تۇتۇپ قالدى.

مانا بۇ قوزغىلاڭچى دۈشمەننىڭ تالاي دوزاخ ئوتلىرى ئىچىدىن ھايات

چىققان باتۇر جەڭچى بارات ئىدى.

* *

بىر سائەتتىن بۇيان ئۇندىن ئارتۇق دۇشمەن ئەسكىرى سىڭگىم ئېغىزىدىكى سايلىقتا ۋە قارا غوجا بىلەن تاغ ئارىسىدىكى يوللاردا ئوق تېگىپ يىقىلغان ياكى قىلىچ بىلەن چېپىلغان، لېكىن جان ئۈزمىگەن قورغىلاڭچىلارنى ئوقتا تۇتۇپ يۈرەتتى. جەسەتلەر گاھى جايلاردا توپ-توپ، گاھى جايلاردا يالغۇز-يېگانە ئىدى. ئۇلار سىڭگىم ئېغىزىدىكى تاغ ئەگمىسىنىڭ قارا غوجىغا ماڭىدىغان يول ئۈستىدە بىر جەسەتنى قۇچاقلاپ ياتقان بىر ئايالنى كۆردى. دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئايالمۇ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ 21 — 22 ياشلاردا بولۇپ، يىغىدىن كۆزلىرى ئىششىپ كەتكەن، قىزىق ئاپئاپئا تەردىن ئۈستىدىكى ماتا كۆڭلىكى ھۆل بولۇپ، دومبىيىپ چىقىپ تۇرغان قورسىقىغا چاپلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ تۇغۇت ۋاقتىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقى "مانا مەن" دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ يىنىۋاتقان غەزەپلىك كۆزلىرىنى دۈشمەنلەرگە مىقتەك تىكىپ تۇراتتى. ئېرىنى ئۆلتۈرگەن قاتىللارنى كۆرۈپ ئۇنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشىۋاتاتتى. ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن ياشاش كېرەك دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە.

— ھە... ماۋۇ قانجۇق ئېرىنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرگىلى كەپتۇ، — دېدى بىر دۈشمەن ئەسكىرى.

— تۇغۇۋېتەي دەپلا قاپتۇ، بولمىسا ئۆزى چىرايلىقكەن. ھەممىمىز بىر خۇمادىن چىققۇۋالاركەنمىز. ھا... ھا... ھا، — كۈلدى يەنە بىر ئەسكەر.

— ئېغىر ئاياغ بولسا نېمە بوپتۇ، تۇتۇڭلار ئۇنى، — دەپ بۇيرۇق بەردى دەسلەپتە گەپ قىلغان ئەسكەر. ئۇ شۇلارنىڭ باشلىقى بولسا كېرەك. بۇيرۇق ئالغان ئىككى ئەسكەر ئاپتوماتلىرىنى بويىنىغا ئېسىپ ئايال تەرەپكە

كېلىشكە باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ ھېلىقى ئايال يەردە تۇرغان تۆمۈر ئارىنى قولىغا ئالدى:

— يېقىن كېلىشمە. مەن ئېغىر ئاياغ! — دېدى ئۇ.

بۇنى كۆرۈپ ئەسكەرلەر توختاپ قالدى ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ:

— بەنجاڭ بۇنىڭ بىلەن ئاۋارە بولۇپ نېمە قىلىمىز. كەچتە مەھەللىدىن ئۇنۇپ چىقمايلىمۇ؟ مەھەللىدە چىرايلىق قىزلار كۆپ، — دېدى بىر ئەسكەر.

— ھە... سەن يەنە بىر قوزغىلاڭچىنى تۇغماقچىمۇ؟ — دېدى دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ بەنجىگى ئايالنىڭ قولىدىكى ئارىنى كۆرۈپ ۋە قولىدىكى ئاپتوماتتىن ”تا-تات“ قىلىپ ئوق ئۈزدى. ئايال بولسا مەيدىسىنى چاڭگاللىغانچە ئېرىنىڭ ئۈستىگە دۈم چۈشتى. جاللاتلار يەنىلا ياردارلارنى ئۆلتۈرۈشنى داۋاملاشتۇردى...

※ ※

— بەنجاڭ، بەنجاڭ، ئاۋۇ يەردە ئىككى ئادەم قېچىپ كېتىپ بارىدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى بىر ئەسكەر.

ھەممىيلەن ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى. راست دېگەندەك ئۈچ-تۆت مېتىر يىراقلىقتا ئىككى ئادەم قاراغوجا تەرەپتىن چىقىپ، يۇك ئارتىلغان بىر ئېشەكنى ئالدىغا سېلىپ، تاغ ياقىلاپ شەرق تەرەپكە كېتىۋاتاتتى.

— ئوغرىلار قاچتى، — دەپ ۋارقىرىدى دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ بەنجىگى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قارا غوجىنىڭ تاغ تۈۋىدىكى دەرەخلىكتە قوزغىلاڭچىلار ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن گۆش، قاتلىمىلار بىلەن ناشتا قىلىۋاتقان ئاتلىق ئەسكەرلەر دەرەخلەرگە باغلاپ قويغان ئاتلىرىغا مىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي قېچىپ كېتىۋاتقانلارغا يېتىشىۋالدى.

” قىر، چاپ“ دەپ ۋارقىرىشىپ كېلىۋاتقان ئاتلىقلارنىڭ ئالدىدىكىسى بالىسىنى يۈدۈۋالغان دېھقاننىڭ بېشىغا قىلىچ سالدى. كەينىدىكىسى ئايالنى

چاپتى. دادىسى يىقىلغاندىن كېيىن، يىغلاپ ئورنىدىن تۇرغان قىزچاقنى يەنە بىرسى چېپىپ تاشلىدى. ئارقىسىدىن كەلگەنلەر ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئايالنىڭ قولتۇقىدىن چۈشكەن تۇگۇنچەككە يېپىشتى. بىرقانچىسى ئىشەككە ئارتىلغان يۈكنى چۈشۈرۈپ ئاختۇرۇشقا باشلىدى...

چۈشتىن كېيىن چىك يىگجاك ئەسكەرلىرىگە قارا غوجا، ئاستانىغا بېرىپ يوشۇرۇنغان «ئوغرى»لارنى تازىلاشقا بۇيرۇق بەردى. كەچتە ئەسكەرلەر قارا غوجا، ئاستانىدا ئېگىسىز قالغان ئۆيلەرنى بۇلاشقا كىرىشتى. پۈتۈن يۇرتنى قىيا-چىيا قاپلاپ كەتتى. ئۇلار قاچالمىغانلارنى تۇتۇپ، ئۆلتۈرۈپ كارىزلارغا تاشلىدى. نارەسىدە قىزلارنى ئاياغ ئاستى قىلدى. ياقۇنتاغدىن ئېچىنىشلىق ئاھۇزار كۆتۈرۈلدى.

— ئاھ خۇدا! بۇ دەھشەتلىك كۈن قاچانغىچە داۋاملىشار؟!...

## ئوتتۇزىنچى باب

# قورشاۋدا

كۆرگۈلۈكنى كۆرگۈلۈك، يا ئابدۇخالىق ئۆلگۈلۈك،
ئىككىنىڭ بىرىگە تۇرماق ھەر جانغا بولسۇن شۇ خىتاب.
— ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

قوياش چۈشتىن قايرىلغان چاغ. ھاۋا ئوت بولۇپ يانماقتا ئىدى. سىڭگىم ئېغىزىدا ئىككى كىچە-كۈندۈز جەڭ قىلىپ، ئۇيقۇسىزلىق، ئۇسسۇزلۇقتىن ھالىدىن كەتكەن ۋە چېكىنگەندە چېچىلىپ كەتكەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىر قىسمى سىڭگىم يېزىسىدىكى مەمەتنىياز ھاجىنىڭ قورۇسىغا يىغىلدى. ئۇلار مۇشۇ يەردە ئارام ئېلىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى ئۈستىدە ئويلاشماقچى ئىدى. بۇ جاي ناھايىتى كەڭرى بولۇپ، ئىككى تەرىپى چوڭ يول، بىر تەرىپى ئۈزۈملۈك باغ، يەنە بىر تەرىپى كەڭ كەتكەن تېرىلغۇ يەر ئىدى. چوڭ يولغا چىقىدىغان ئىككى، باغقا كىرىدىغان بىر دەرۋازىسى بار ئىدى. ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ بەزىلىرى سىڭگىملىك ئاياللار تەييارلىغان غىزانى يەپ ئازراق ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن سوزۇلۇپ يېتىشقانىدى، بەزىلىرى تاماكا

چىكىپ ئۇلتۇراتتى. ئۇيۇقسىز ئېتىلغان بىر پاي ئوق ھەممەيلەننى چۆچۈتۈۋەتتى ۋە شۇ ھامان ئالدىنقى دەرۋازىدىكى پوست ھاسىراپ كىرىپ خەۋەر قىلدى:

— دۈشمەن، دۈشمەن كەپقالدى.

قوزغىلاڭچىلار دەرھال ئۆزىنى ھويلىغا ئاتتى. بۇ چاغدا مەزەر[1] يول باشلىغان ماچىڭشاڭنىڭ[2] ئاتلىق ئەسكەرلىرى قۇم كورەكنىڭ[3] يېنىدا قومۇلدىن كەلگەن گومىنداڭنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 6-پىيادىلەر تۇەنى بىلەن ئۇچرىشىپ، چوڭ كۈچ بىلەن كېلىپ، مەمەتنىياز ھاجىنىڭ قورۇسىنى قورشىۋالغانىدى. ئىككى دەرۋازىدىكى ئوخلاپ قالغان پوستنى بوغۇزلىۋېتىپ، تاقاقلىق دەرۋازىدىن كىرەلمەي تۇرۇشاتتى. ئالدى دەرۋازىدا تۇرغان پوست ئۇخلىمىغانىدى. ئۇ ئۆزىدىن ئون مېتىرچە يىراقلىقتىكى ئېرىق ئىچىدە ئاغزىغا خەنجەر چىشلەپ ئۆزىگە قاراپ ئۆمىلەپ كېلىۋاتقان دۈشمەن ئەسكىرىنى كۆرۈپ قالدى-دە، ئۇنى ئېتىپ تاشلاپ يولداشلىرىغا خەۋەر قىلىشقا يۈگۈردى.

— ھودۇقماڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى ساقىلىنى ئاق ئارىلىغان بىر قوزغىلاڭچى، — ھودۇقماڭلار! بولمىسا ھەممىمىز تۈگىشىمىز. بىزگە ئەمدى بىرلا يول قالدى. ئۇ بولسىمۇ، دۈشمەننىڭ قورشاۋىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىش. ھازىر بىزدە ئۈچ-تۆت ئاپتومات، ئون نەچچە تال مىلتىق بار. بىرنەچچەيلەن ئىككى ئاپتومات بىلەن بىرنەچچە مىلتىقتا ئارقا سەپنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرسۇن. قالغان ئاپتومات بىلەن بىرقانچە مىلتىقنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، بىر قىسىم ئادەمنى قوتقۇزغاندىن كېيىن قالغانلارنى قوتقۇزىمىز. بەزىلەر شېھىت بولۇرمىز. قالغانلار بىز كەلگۈچە دۈشمەننى توسۇپ تۇرىدۇ.

— سىلەر قايتىپ كەلمەي، دۈشمەنلەر قالغانلارنى قىرىۋەتسىچۇ؟

---

[1] مەزەر — گومىنداڭ ئىشپيونى. شۇ قېتىمقى گومىنداڭچىلار ئېلىپ بارغان ئارىلاشتا گومىنداڭچىلار ئۈچۈن كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەن.

[2] ماچىڭشاڭ — گومىنداڭنىڭ خۇيزۇ 5-ئاتلىق كورپۇسىنىڭ كوماندىرى، 1949-يىلى چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن.

[3] قۇم كورەك — سىڭگىم جىلغىسىنىڭ شىمالىدىكى قومۇشلۇق توقاي. گومىنداڭچىلار مۇشۇ قومۇشلۇقتا يوشۇرۇنۇۋېلىپ كۆپلىگەن كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەن.

— دېدى بىر دېھقان.

— ئەخمەق بولما! بىز ئۆز ۋاقتىدا بۇنداق ئىشلارنى كۆپ قىلغان، — دېدى پېشقەدەم قوزغىلاڭچى، — بىزگە مۇشۇنداق قىلماقتىن باشقا ئامال يوق.

— ھەمدۇل ئاكا، ئۇ چاغدا خوجانىياز ھاجىم بىلەن مەھمۇت سىجاڭ بار ئىدى. ھازىر ئۇلار يوق، — دېدى ھېلىقى ياش دېھقان يەنە.

— گەپنى سوزما. سەن بىلەن گەپ تالىشىشقا ۋاقتىم يوق، — دېدى ھەمدۇل ئاكا، — ھازىر ۋاقىت غەنىمەت. كىم مەن بىلەن ئالدىدا ماڭىدۇ؟

بىرنەچچە كىشى تەڭلا: «مەن، مەن، مەن ...» دەپ ۋارقىرىدى.

ھەمدۇل ئاكا ئون ئادەمنى تاللاپ ئارقا سەپنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. قالغان ئادەملەرنى دەرۋازىنىڭ ئالدىغا يىغدى.

— قېنى سەن ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى؟ — دەپ چاقىردى ھەمدۇل ئاكا باراتنى، — سېنىڭ يەنە بىر قېتىم ئۆز ماھارىتىڭنى، جاسارىتىڭنى كۆرسىتىدىغان ۋاقىت كەلدى. سەن ماۋۇ ئون ئادەم بىلەن ئارقا سەپنى قوغدا.

— خوپ، ئورۇندايمەن، — دەپ بارات ھەمدۇل ئاكىغا سالام بەردى.

ھەممە ئىش تەييار بولغاندىن كېيىن، ھەمدۇل ئاكا ئۇستا مەرگەنلەرنى ئاتلارغا ئوڭ-تەتۈر مىنگەشتۈردى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكىسى ئاتنى باشقۇرۇشى كەينىدىكىسى قوغلاپ كەلگەن دۈشمەنگە ئوق ئۈزۈشى كېرەك ئىدى. قورالسىز يوقلارنى ئارىغا ئالدى. ئۇلار ئاتلارنى قامچىلاپ بېرىشى كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلىپ ھەمدۇل ئاكىنىڭ شەرەت قىلىشىغا قاراپ پەم بىلەن تاقاق ئېلىنىپ دەرۋازا ئېچىلدى. بۇ چاغدا مەمەتنىياز ھاجىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا دۈشمەنلەر چاقلىق پىلىموت ئورنىتىۋاتقانىدى. دەرۋازىنىڭ تۇيۇقسىز ئېچىلىشىدىن تەمتىرەپ قالغان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا قوزغىلاڭچىلار قىرىپ تاشلىدى. 7-ئاينىڭ 14-كۈنىدىكى بۇ تومۇز ئىسسىقتا، ئىسسىقتىن قاچقان لالما ئىتتەك سايىدا ياتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئەس-ھوشىنى يىغىپ بولغۇچە، قوزغىلاڭچىلار خېلى ئۇزاپ كەتتى. بارات بولسا پىلىموتنى كۆرۈپ شۇنچىلىك خۇشال بولۇپ كەتتىكى،

ئۇنىڭ مۇشۇ ئۆتكەن ئىككى يىل جەريانىدا تارتقان جەبىر-جاپالىرى ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك بولدى. "ھەي ئىست، بۇ پىلموت سېگىم ئېغىزىدا بىزنىڭ قولىمىزدا بولسىچۇ؟!" دەپ تولىمۇ ئۆكۈندى. "ھېلىمۇ ياخشى بۇنىڭ بىلەن ئاز بولسىمۇ ئىنتىقام ئېلىش مەقسىتىگە يەتكۈدەكمەن" دەپ بەكمۇ خۇشال بولدى ۋە پىلموت بىلەن بىر ساندۇق ئوقنى ھويلىغا سۆرەپ ئېلىپ كىردى. دېمىسىمۇ ئۇلار خۇشال بولماي كىم خۇشال بولسۇن؟!... ئۇرۇش ۋاقتىدا يېگىلگەن قوشۇن ئۈچۈن مۇنداق ئامەت كەم ئۇچرايتتى. بۇ بىر مۆجىزە ئىدى.

— كىگىزنى سۇغا چىلاپ ئەپكېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇق بەردى ئۇ يولداشلىرىغا.

ئۇلار سۇغا چىلانغان بىرقانچە پارچە كىگىزنى پىلموتنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ دالدا قىلدى. بارات بىر پارچە كىگىزنى ئوتتۇرىدىن كېسىپ، ئىككى يېرىنى چىگىپ، ئىككى قولىنى ئۆتكۈزۈپ بىر ئوبدان كىيۋالدى ۋە بېلىنى بىر تال شوينىدا باغلىدى، كىگىزنىڭ ئۈستى تەرىپى بېشىدىن ئېگىزرەك، ئاستى تەرىپى تىزىغا كەلدى. ئۇ قاراپ تۇرغان قوزغىلاڭچىلارغا بۇيرۇق بەردى:

— سىلەرمۇ مۇشۇنداق قىلىۋېلىڭلار! كىگىزدىن ئوق ئۆتمەيدۇ.

قايناپ تۇرغان تومۇز ئاپتاپتا مۇزدەك كارىز سۈيىگە چىلانغان كىگىز ئۇلارغا راسا خۇش ياقتى. ھەممىيلەن تەييار بولغاندىن كېيىن، ئۇلار پىلموتنى ئىتتىرىپ يولغا چىقىرىپ، "سا!... سا!" دەپ كېلىۋاتقان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. ئۇزاققا قالماي "سا!... سا!" چىلارنىڭ ئاۋازى يوتۇپ ھەممىسى دۈم يېتىۋالدى.

قوزغىلاڭچىلار گاھىدا ئېتىپ، گاھىدا چېكىنىپ بارماقتا ئىدى. بارات پىلموتنىڭ ئوقى تۈگەپ قېلىشتىن بۇرۇن چېكىنىپ، يولداشلىرىنى قۇتۇلدۇرۇپ كېتىشنى ئويلايتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە دۈشمەندىن كۆپرەك ئىنتىقام ئېلىش ئارزۇسى بولسىمۇ، لېكىن يېنىدىكى ئون ئادەمنىڭ ھاياتى ئۇنىڭغا قاراشلىق ئىدى. ئۇ پىلموت ئوقىنىڭ تۈگەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يېنىدىكى

ئىككى قوزغىلاڭچىغا بۇيرۇق بەردى:

— ئابدۇقەيۇم، مەمەت سېتى ئىككىڭلار ئۆلگەن دۈشمەننىڭ قورالللىرىدىن بىرنەچچىنى ئېلىپ كېلىڭلار! مەن سىلەرنى مۇھاپىزەت قىلاي. ئۇ ئىككىيلەن گاھىدا ئۆمىلەپ، گاھىدا دومىلاپ دېگەندەك ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. ھۆل كىگىز ئۇلارنى ئوبدانلا مۇھاپىزەت قىلدى. بارات بولسا ئۆزىنىڭ پىلىموتى بىلەن يولداشلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇردى. دۈشمەنمۇ ئۇلارنى ئوققا تۇتۇپ تۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ يېنىدا دۈشمەن ئاپتوماتلىرىنى ۋە ئوق دېسكىلىرىنى مۇرىلىرىگە ئارتقان يولداشلىرى پەيدا بولدى. بارات بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ ئۇستا پىلىموتچى ئىكەنلىكىنى دۈشمەنگە بىر تونۇتۇپ قويدى. ئۇلار پىلىموتنى راسا بىر سايرىتىپ دۈشمەننى باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋەتكەندىن كېيىن، پىلىموتنى تاشقا ئۇرۇپ يەنجىۋېتىپ چېكىنىشكە باشلىدى. شۇ چاغدا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك كارىز سۈيى ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ بويىدا ھەمدۇل ئاكا ئۆزىنىڭ تۆت نەپەر ھەمرىيى بىلەن پەيدا بولدى. ئۇلار بىرقانچە ئاتنى يېتىلىۋالغانىدى.

— چېكىنىڭلار، ئاتلارغا مىنىڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى ھەمدۇل ئاكا.

ئۇلار ئاتلارغا مىنگىشىپ مەممەتنىياز ھاجىنىڭ قورۇسىدىن بەش يۈز مېتىرچە يىراققا بارغاندا ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى "ئەمدى قۇتۇلۇپ كەتتۇق" دېگەن بىر خىل خۇشاللىق ئۈمىدى بىلەن تولدى. لېكىن كىم بىلسۇن، بۇ پەلەكنىڭ تەتۈرلىكىنى؟!... يوغۇرۇپ كېتىۋاتقان باراتنىڭ ئېتى دۈم چۈشتى. بارات بولسا ئاتنىڭ بېشىدىن ھالقىپ ئىككى مېتىر يىراقلىققا چۈشتى. ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، ھېلىمۇ خۇداغا شۈكۈر ئاتنىڭ تېگىدە قالماپتىمەن دەپ ياندىكى كىچىككىنە توپا دۆۋىسىگە ئۆزىنى ئاتتى ۋە ئارقىسىدىن "سا! ... سا!" دەپ قوغلاپ كېلىۋاتقان ئاتلىق دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى ھېلىلا مەمەت سېتى بەرگەن ئاپتوماتتىن ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. ئارىلىق ئانچە يىراق بولمىغاچقا باراتنىڭ ئاتقان ئوقى زايا كەتمەيتتى. دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ قولىدىكى قۇياش نۇرىدا ۋاللىداپ تۇرغان قىلىچلىرى قارىغان ئادەمنىڭ تېنىنى

جوغۇلدىتىپ دەھشەت سالاتتى. ئۇ خېلىلا پىشقان ھەربىي بولغاچقا ئانچە تەمتىرەپ كەتمىدى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يېقىنلاشقا باشلىدى.

— بىر، ئىككى، ئۈچ، يەنە بىر ئات يىقىلدى، — دېدى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى.

بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ كەينىدىن كېلىۋاتقان دۈشمەننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراپ قېچىشقا باشلىدى، ئەمدى ئۇلار ئۇدۇلدىن كەلمەي، ياي شەكلىنى ھاسىل قىلىپ چېچىلىشقا باشلىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا دۈشمەن ئۇنى ئورىۋېلىپ تىرىك تۇتماقچى بولۇۋاتاتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاپتوماتىدا بەش تاللا ئوق قالغانىدى.

بارات ئەمدى چېكىنىش ئىمكانىيىتى بارمۇ-يوق؟ دەپ ئەتراپنى كۆزىتىشكە باشلىدى ۋە ئۆزىدىن ئانچىلا يىراق بولمىغان يەردە ئىگىسى ئۆلگەن بىر ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنىڭ بىر تال دەرەخ يىلتىزىغا ئىلىشىپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئۇ خۇدانىڭ بۇ رەھمىتىدىن بەكمۇ سۆيۈندى-دە، ئاستا-ئاستا ئاتقا قارا ئۆمىلەشكە باشلىدى. دېمەك "ئەجەل يەتمەي كىشى ئۆلمەس" دېگەن گە راست ئىكەن، بۇ ئات بولمىسا قانداق قىلاتتىم؟ دېگەن خىيال ئۇنىڭ مېڭىسىدىن "يالت" قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئات ئانچە شاش ئەمەس ئىدى. شۇڭا بىرئاز خاقىراپ توختاپ قالدى. ئۇ پەم بىلەن تىزگىنىنى قولغا ئېلىپ، سەكرەپ ئاتقا مىندى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ سول بىلىكى "پىژ" قىلىپ قالدى. بىر تال ئوق ئۇنىڭ بىلىكىنى سۈرۈپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

— ئوغرى[1] قاچتى، دەپ ۋارقىراشتى دۈشمەن ئەسكەرلىرى.

بارات ئاپتوماتىنىڭ قوندىقى بىلەن ئاتنىڭ ساغرىسىغا بىرنى ئۇردى-دە، دۈشمەنلەرنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ چالقاننى كۆزلەپ كۆزدىن غايىب بولدى.

---

[1] گومىنداڭچىلار قوزغىلاڭچى خەلقنى "ئوغرىلار" دەپ ھاقارەتلىگەن. — ئاپتور.

چالقان يولى يامان يول،
ئەتراپلىرى قىيالىق.
خۇدايىمدىن تىلەيمەن،
بىزگە بەرسۇن ئامانلىق.

ئۇ سايدىن ئۆتۈپ تاغ ئېغىزىغا كېلىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى. بۇ چاغدا مەممەتنىياز ھاجىنىڭ قورۇسىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن ئىس-تۈتەك قاپلاپ كەتكەنىدى...

## ئوتتۇز بىرىنچى باب

# كەئىبگە سەپەر

قارا! ھۆرلۈك پەرزەنتلىرى دېڭىزدا،
ئۆز ئەركىنى تاپتى تۆكۈپ ساپ قانىنى.
بىزمۇ ياكى بىرەيلى جان جەڭگاھتا.
ئىرىشەيلى ياكى ئەركىن ھاياتقا
يەنچىپ لوردتىن باشقا بارلىق خاقانىنى.
— بايرون

مۇشۇ بىرقانچە كۈندىن بۇيان تۇرپان، پىچان ئەتراپىدىكى چوڭ يوللار، تاغ جىلغىلىرى، ئۆڭكۈرلەر، يارلىقلار ۋە چىغىر يوللارنىڭ ھەممىسىنى ئەسكەر قاپلاپ كەتتى. ئۇلار ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئاق-قارىسىنى سۈرۈشتۈرمەي ئېتىپ تاشلايتتى ياكى تۇتۇۋېلىپ مالنى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلايتتى. گاھىلىرىنى بولسا تىرىك پېتى پۇت-قولنى باغلاپ كارىز قۇدۇقلىرىغا تاشلىۋەتتى. تىرىك قولغا چۈشۈپ "بەلكى ھايات قالارمىز" دەپ ئۇيلىغانلارنى سەككىز-ئون گومىنداڭ ئەسكىرى بىر بولۇپ،

ئوتتۇرىغا ئېلىنىپ تەرەپ-تەرەپتىن مۇشتلاپ كۆڭۈل ئاچاتتى. تاياق زەربىسىدىن چالا ئۆلۈك بولۇپ ھوشىدىن كەتكەن ئادەملەرنى يادىن تاشلىۋېتەتتى. ئۇلارنى كېچىسى بۆرە يەپ كېتەتتى. يوللاردا كۆمۈلمەي قالغان ئىگىسىز جەسەتلەر ئۇچراپ تۇراتتى. ئۇلاردىن سېسىق پۇراق چىقىپ يېقىن بارغىلى بولمايتتى. ياردار بولغان ياكى ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىقتىن ھالىدىن كەتكەن قوزغىلاڭچىلار ئاستا-ئاستا چالقانغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇلار چالقانغا يېتىپ بارغىچە قەدەمدە بىر دۈشمەننىڭ چوڭ-كىچىك توسقۇنلىقىغا ئۇچراپ تۇراتتى.

ئابدۇراخمان مۇھىتى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار چالقان يولىدا دۈشمەننىڭ يەنە بىر قېتىملىق قورشاۋىنى بۆسۈپ ئۆتتى. 7-ئاينىڭ 17-كۈنى ئۇلار چالقانغا يېتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ئىككى كۈن ئىچىدە ھەرقايسى جايلاردا تەمتىرەپ يۈرگەن كىشىلەرمۇ ئاستا-ئاستا چالقانغا يىغىلىشقا باشلىدى. ئەمدى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئالدىدا "بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش كېرەك" دېگەن مەسىلە تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشنى ئابدۇراخمان مۇھىتى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئومۇمىي مۇزاكىرىسىگە قويدى. كۆپچىلىك ئۈچ ناھىيىنىڭ ئىنقىلابچىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، كۈچلۈك دۈشمەندىن يانداپ ئۆتۈپ مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلىش ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەتكە ئۆتۈپ كېتىشنى قارار قىلىشتى. ئەمما پەتتار ھاجى باشچىلىقىدىكى توقسۇنلۇق قوزغىلاڭچىلار① بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدا ئەرزىمىگەن ئىشلار تۈپەيلىدىن مەھەللىۋازلىق، تەرەپبازلىق يۈز بەردى. ئۆزئارا ئىتتىپاق بۇزۇلدى. نەتىجىدە توقسۇنلۇق قوزغىلاڭچىلار تارمەھكىمچىلىك ئىدىيىسىگە ئورۇلۇپ قېلىپ، ئۆز يولداشلىرىنى تاشلاپ كەتتى، بۇ ھال دۈشمەننى بەكمۇ خۇشال قىلدى. "بۆلۈنگەننى بۆرە يەپتۇ" دېگەندەك كېيىنكى

---

①پىچان، تۇرپان خەلقى سىڭگىم ئېغىزىدا جەڭ قىلغان كۈنلەردە توقسۇن خەلقىمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ كۆمۈش قاتارلىق جايلاردا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلغان. گومىنداڭچىلار قارا شەھەردىن توقسۇن ئەسكىرى كۈچىنى يۆتكەپ كەلگەنلىكتىن قوزغىلاڭچىلار چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. — ئاپتور.

چاغلاردا ئۇلاردىن كۆپلىگەن ئادەملەر دۈشمەنىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قېلىپ جېنىدىن ئايرىلدى...

ئـابدۇراخمان مۇھىتى باشچىلىقىدىكى سېڭگىم ئېغىزىدا جەڭ قىلغان قوزغىلاڭچىلار قارا يۇرگە يىغىلىپ بىر قۇر تەرتىپكە سېلىندى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ مـۇزاكـىرىـسى ئارقىلىق "تۇرپان ئىنقىلابىي پارتىزانلار ھەيئىتى" تەشكىل قىلىندى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئابدۇراخمان مۇھىتى نۇتۇق سۆزلىدى:

— قېرىنداشلار! بىزنىڭ قوراللىمىز ناھايىتى ناچار بولسىمۇ، ئۆزىمىزدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ۋە قورالى زامانىۋى بولغان دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنىڭ قورشاۋىنى يېرىپ ئۆتۈپ باشپاناھ ئىزدەپ ئۈچ ۋىلايەتكە قاراپ يولغا چىقماقچى بولىۋاتىمىز. بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىزدىن قارىغاندا ئۈچ ۋىلايەتكە ئوڭۇشلۇق يېتىپ بارمىقىمىز ناھايىتى تەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئارىمىزدىن ئـۆزىـمـىز ئـىشىنىدىغان ھەم بىزنى كۆزلىگەن مەنزىلگە يەتكۈزەلەيدىغان كىشىلەرنى رەھبەر قىلىپ سايلاپ، شۇلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە ئۆتۈپ كەتسەك، سىلەرچە قانداق؟

ئۇ ئـالـدىـدا ئـولتۇرغان قوزغىلاڭچىلارغا بىرمۇ بىر قاراپ چىقتى. قوزغىلاڭچىلار بىر ئېغىزدىن:

— بىز رازى، — دەپ ۋارقىراشتى.

كۆپچىلىك مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ئابدۇراخمان مۇھىتى، باۋۇدۇن يۇسۇپ قاتارلىق ئون كىشىنى پارتىزانلار شتابىنىڭ ھەيئەتلىكىگە سايلىدى. ئابدۇراخمان مۇھىتى ھەيئەت باشلىقى (كوماندىر)، باۋۇدۇن يۇسۇپ قاتارلىق تۆت كىشى ئۇنىڭ مۇئاۋىنى بولدى. سايلانغان ئون ھەيئەت ئورنىدىن تۇرۇپ كۆپچىلىككە سالام بەردى. پارتىزانلار شتابى نامىدىن ئابدۇراخمان مۇھىتى كۆپچىلىككە مۇنداق دېدى:

— قـېرىنداشلار! بىز بىر نىيەتكە كېلىپ، سىلەرنى ئۈچ ۋىلايەتكە يەتـكـۈزۈمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپچىلىك چوقۇم مەھكەم ئىتتىپاقلىشىشى، ئىنتىزامغا بويسۇنۇشى، كىشىلەرنىڭ يىپ-يىڭنىسىگىمۇ تەگمەسلىكى، ئۇرۇش

ۋاقىتىدا قوماندانلىققا بويسۇنۇشى لازىم. بىز شۇنداق قىلالىساقلا ئامان-ئېسەن ئۈچ ۋىلايەتكە ئۆتۈپ كېتەلەيمىز. قېنى كۆپچىلىك، سىلەر مۇشۇ شەرتلەرنى ئادا قىلالامسىلەر؟

— قىلالايمىز، — دەپ ۋارقىراشتى كۆپچىلىك. ئۇلارنىڭ ئاۋازى قارا يۇزغولىنى تىترىتىپ تاغلاردا ئەكس سادا قايتۇردى.

— رەھمەت سىلەرگە، — دەپ بېشىنى ئەگدى ئابدۇراخمان مۇھىتى، — بىزدە كۆزلىگەن مەنزىلگە ئامان-ئېسەن يېتىپ بېرىش ئۈچۈن پۇكۇلمەس غەيرەت، پولاتتەك ئىنتىزام بولۇشى شەرت. كىمكى ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلسا، قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ. ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلار بىزدىن ئاغرىنمىسۇن.

— ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلارنى قاتتىق جازالايلى! — دەپ شوئار توۋلىدى ئولتۇرغانلار. ئۇلارنىڭ ئاۋازى پۈتۈن تاغ ئىچىنى جاراڭلىتىۋەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن شتاب ھەيئەتلەر يىغىنىنى چاقىرىپ ئادەم، قورال-ياراغ، ئوزۇق-تۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى تىزىملاپ، ئادەملەرنى قىسىم-ئەترەتلەرگە ئايرىپ، ھەربىر بۆلۈمگە بىردىن ھەيئەت ئەزا مەسئۇل بولۇپ، تەرتىپلىك، تەشكىللىك ھالدا يولغا چىقتى. ئۇلارنى ھەر قەدەمدە بىر مۇشكۈلچىلىك كۈتۈپ تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارنىڭ غەربكە قاراپ ماڭغىنى ماڭغانىدى. ئۇلارغا ئۇنىڭدىن باشقا يول يوق ئىدى.

※ ※

1947-يىلى 7-ئاينىڭ 27-كۈنى، كېچە، ئۈچبۇلاق.

تومۇز ئېيى بولۇشىغا قارىماي تاغنىڭ كەچكى ھاۋاسى خېلىلا سالقىن ئىدى. ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغلار ئايسىز كېچىنى تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتۇرىۋەتكەچكە ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردىن باشقا بىرنەچچە قەدەم نېرىدىكى نەرسىلەرنى كۆرگىلى بولمايتتى. بۇ جايلارنىڭ ئوي-چوڭقۇرى بىلەن پىششىق تونۇش بولغان كىشىلەرنىڭ يول باشلىشى بىلەن قوزغىلاڭچىلار بەش كۈندىن بۇيان داۋاملىق

غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. هارغان ۋە ئاچ قالغان قوزغىلاڭچىلار پۇتلىرىنى ئارانلا سۆرەپ مېڭىشاتتى. ئۇلار گاھىدا قورام تاشلارغا، گاھىدا چاتقاللارغا پۇتلىشىپ كېتەتتى. ئۇلارنى بەش كۈندىن بۇيان كۆپلىگەن دۈشمەن قوغلاپ كەلدى ۋە ئالدىنى توستى. ئەمما ئۇلار قورالىرىنى چىڭ تۇتۇپ دۈشمەنلەرگە ئەجەللىك زەربە بېرىپ، يەنىلا غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇلار ئۈچبۇلاقتا دەم ئېلىۋېلىپ ئاندىن ئالغا ئىلگىرىلىمەكچى بولدى...

ئۈچبۇلاق ھەيۋەتلىك تەڭرى تېغىنىڭ سانسىزلىغان جىلغىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى ئاسمانغا تاقاشقان ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، تاغ قاپتاللىرى قارىغايلىق ئىدى. ئۈچيۈز ئاتمىش كۈن تاغ چوققىلىرىدىن قار-مۇز كەتمەيتتى. تەبىئەت تاغ ئوتتۇرىسىدىكى ئېدىرلىقلارغا يېشىل مەخمەلدىن چۈشەك سېلىپ، بۇ چۈشەك ئۈستىدە خىلمۇ خىل ياۋا گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇپ، كىشىنىڭ كۆڭلىنى مەھلىيا قىلغۇدەك گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەنىدى. بۇ يېشىل ئوتلاقنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپىدە ئىككى ئۆتۈش ئېغىزى بولۇپ، ئېغىزدىن ئۆتكەنلەر ھەيۋەتلىك قىيالىق جىلغىلارنى ياقىلاپ ماڭاتتى. ئېدىرلىقلاردا يەر ئاستى سۇلىرى سانسىزلىغان بۇلاقلارنى ھاسىل قىلغان. بۇ بۇلاقلار ئۈچ كىچىك ئېقىننى ھاسىل قىلغاچقا بۇ يەر ئۈچبۇلاق دەپ ئاتالغان. كىشىلەر بۇ ھەقتە:

ئۈچ بۇلاق دەيمۇ سېنى؟!
ئۈچ مىڭ بۇلاق دەيمۇ سېنى؟!
سۇلىرىڭ شەربەت ئىكەن،
ئالتۇن بۇلاق دەيمۇ سېنى؟!

دەپ قوشاق توقۇشقانىدى. ئۇلار ئۈچبۇلاققا يېتىپ بارغاندا، بەش مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەن ئەسكىرى ئۇلارنى قورشىۋالدى. ھېچقايسى تەرەپكە

چىقىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئىككى ياندىكى تاغلار ئېگىز، ئالدى-كەينىدىكى ئۆتۈش ئېغىزلىرى دۈشمەنلەر تەرىپىدىن پۈتۈنلەي قامال قىلىنغانىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئالدىدا پەقەت ئىككىلا يول تۇراتتى. بىرى قاتتىق ھۇجۇم بىلەن بۆسۈپ چىقىپ كېتىش، يەنە بىرى مۇشۇ تاغ ئارىسىدا ھالاك بولۇش. ئۇلارنى خىل قوراللار بىلەن قوراللىنىپ، ئەپلىك ئورۇنغا بېكىنىۋالغان، قوزغىلاڭچىلاردىن ئون ھەسسە كۆپ دۈشمەن قورشاپ تۇراتتى. قوزغىلاڭچىلار شاۋىياڭخوغا ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇپ، ئەمدىلا ئېغىز تەرەپكە سىلجىشىغا دۈشمەن پىلىموتلىرى سايراپ كەتتى. قوزغىلاڭچىلار تاشلارغا چاپلىشىپ يېتىۋالدى. بۇنى كۆرۈپ ئابدۇراخمان مۇھتى پارتىزانلار شتابىنىڭ ئەزالىرىنى يىغىلىشقا بۇيرۇق بەردى. ئۇنىڭ بۇيرۇقى ئېغىزدىن-ئېغىزغا ناھايىتى تېز يەتكۈزۈلدى. ھەيئەت ئەزالار بىر-بىرلەپ ئۆمىلەپ يېتىپ كەلدى. "تىرىق" قىلىپ ئاۋاز چىققان يەرنى دۈشمەن ئوقىا تۇتاتتى. ئۇلار ناھايىتى پەس ئاۋازدا ئەھۋالنى مۇزاكىرە قىلدى. بارات ئۇلارغا ناھايىتى يېقىن يەردە تۇرغاچقا ئۇلارنىڭ شىۋىر-شىۋىر قىلىشقان گېپىنى ئاڭلاپ تۇراتتى. ئۇ ئەھۋالنىڭ تولىمۇ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى ۋە ئىككىلەنمەيلا ئابدۇراخمان مۇھتىنىڭ ئالدىغا باردى:

— ماڭا رۇخسەت قىلسىلا! دۈشمەن پىلىموتىنى ئۇجۇقتۇرۇشقا مەن باراي، — دېدى.

— توختاپ تۇر ئۇكام، يالغۇز ئادەم بارسا بولمايدۇ، — دېدى ئابدۇراخمان مۇھتى ۋە ھەربىر بۆلۈنمىگە بىردىن باتۇر يىگىتنى تاللاپ ئەۋەتىشنى بۇيرىدى.

ئابدۇراخمان مۇھتى مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان باراتنى خېلىلا ئوبدان بىلىپ قالغانىدى. چۈنكى ئۇ سېكىم يېزىسىدا بولغان ۋەقەنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭا باراتنىڭ تەلىپىدىن ھەرگىز گۇمان قىلمىدى. كېچە قاراڭغۇ بولۇشىغا قارىماي ھەربىر بۆلۈنمىدىن كېلىدىغان كىشىلەر تاشلارنى دالدا قىلىپ، ئۆمىلەپ دېگۈدەك يېتىپ كەلدى. بۇ ئون يىگىت ئىككىدىن بولۇپ،

ئۆزئارا بەش قەدەمدىن ئارىلىق قالدۇرۇپ ئۆملەشكە باشلىدى. ئۇلار گاھىدا يوغان قورام تاشلارغا توسۇلۇپ قالاتتى. گاھىدا پۇتى ئاستىدىكى تاشلار دومىلاپ كېتىپ، ئەجەل ئوقلىرى ئەتراپىنى قاپلاپ كېتەتتى. دۈشمەنىنىڭ تەۋەككۈلىسىغا ئاتقان ئوقلىرى بەزىدە پۇتۇنلەي بىكارغا كېتەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئەجەل پۇراپ تۇرغان بۇ ئوقلار دەھشەت سالاتتى. ئۇلار ھامان ئۆملەيتتى. بىردىنلا ئېغىزغا يېقىنلا بىر جايدا دۈشمەن پىلموتى تاتاتلاپ كەتتى ۋە ئارقىدىن بىرسى ۋارقىرىدى:

— ھەي ئوغرىلار، قورالنى تاشلا! بولمىسا ھەممىڭ قىرىلىپ تۈگەيسەن...

— قورالنى تاشلىساڭ ھەممىڭنى ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قويىمىز...

— تەسلىم بولساڭ پۇل بېرىمىز، پۇل...

شۇ چاغدا ئالغا ئۆملەۋاتقان زەربىدار گۇرۇپپىنىڭ ئايىغىدىن بىر دانە تاش دومىلاپ كەتتى. گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز پۈتۈن جىلغىنى قاپلاپ تاغلاردا ئەكس سادا قايتۇردى. ئارقىدىنلا شىددەتلىك ئېتىلغان پىلموت ئوقلىرى تۈن قاراڭغۇسىدا ئاقار يۇلتۇزدەك يول ھاسىل قىلىپ يەر جاھاننى قاپلاپ كەتتى. قوزغىلاڭچىلار دۈم يېتىۋالدى. كەينىدە بىرسىنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— رەجەپكە ئوق تەگدى، — دېدى كەينىدە بىرەيلەن.

— ئۇنىڭ گراناتلىرىنى ئېلىۋېلىڭ، — دېدى بارات ئاستىلا.

گرانات بەكمۇ ئاز ئىدى. باراتنىڭ پۈتۈن خىيالى دۈشمەنىنىڭ پىلموت توچكىسىنى ئېنىقلاشتا قالدى. ئۇنىڭ تىزلىرى تىلىنىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ قەتئىي ئىرادە بىلەن چىشىنى چىشلەپ دۈشمەن پىلموتىغا بارغانچە يېقىنلاشماقتا ئىدى. بارات ئۆملەپ ئىككى دانە يوغان تاشنىڭ قېشىغا كېلىپ قالدى. ئۇ يېنىدىكى دوستىغا پىچىرلىدى:

— ھەمدۇل، مەن دۈشمەنىنىڭ ئوت كۈچىنى ئۆزۈمگە مەركەزلەشتۈرەي، سەن پىلموت توچكىسىنى يوقات، قېنى ئىلگىرىلە.

ھەمدۇل ئىلگىرىلەپ كەتتى. بارات پۈتۈن كۈچى بىلەن يېنىدىكى قورام

تاشنى تەپكەندى. تاش تۆۋەنگە دومۇلاپ، ئۆز يولىدا ئۇنلىغان، يۈزلىگەن ئۇششاق تاشلارنى دومۇلتىپ چۈشۈپ تاغ ئىچىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. ئۇ ئۆزىنى ئارانلا بىر چوڭ قورام تاشنىڭ كەينىگە ئېلىشقا ئۈلگۈردى. دۈشمەن پىلموتلىرى ئۇ مۆكۈۋالغان تاشنى ۋە باشقا ئەتراپنى قالايمىقان ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. بارات دۈم يېتىۋالدى. ئوقلار ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تاشلارغا تېگىپ «ۋال-ۋۇل» ئوت چاقنىتىپ سانسىزلىغان ئىزلارنى قالدۇردى. شۇ چاغدا «گۈلدۈر» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر تەرەپتىكى دۈشمەن پىلموتىنىڭ ئاۋازى ئۆچتى. ئەمدى باشقا تەرەپتىكى پىلموتلار ھېلىقى پارتلىغان جاينى ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. ھەمدۇلغا ئوق تېگىپ دومۇلاپ چۈشتى. بارات تۈن قاراڭغۇسىدا ئۇنى ئارانلا «غىل-پال» پەرق ئېتەلىدى-دە، ھەمدۇلنى ئوققا تۇتقان دۈشمەننىڭ پىلموت توچكىسىغا غەزەپ-نەپرەت بىلەن ئۆمىلەپ چىقتى. ئىككى نەپەر دۈشمەن ئەسكىرى پىلموتنى ئاق-قارىنى پەرق ئەتمەي قارىسىغا سىددەت بىلەن ئېتىۋاتاتتى. ئۇ قولىدىكى گراناتىنىڭ يىپىنى چىشلەپ بولۇپ بىردىنلا «پىلموتنى ساقلاپ قېلىش كېرەك» دەپ ئويلىدى-دە، مۇرىسىدىكى ئاپتوماتنى ئېلىپ دۈشمەنگە قارىتىپ بېسىۋەتتى. پىلموتنىڭ ئۈنى ئۆچتى. بارات سەكرەپ ئاكوپقا كىردى. ئەمدى پارتىزانلار ئۈچۈن شاۋياڭخوغا ئۆتۈش يولى ئېچىلغانىدى. دۈشمەنلەر ئاكوپنى تاشتىن تولىمۇ پۇختا قىلىپ ياسىغانىكەن. ئاكوپ ئىچىنى چوڭ قول چىراغ يورۇتۇپ تۇراتتى. يەنە ئىككى ساندۇق پىلموت ئوقىمۇ بار ئىدى. ئارقىدىكى ئىككى قوزغىلاڭچى يېتىپ كەلدى.

— تۆۋەنگە خەۋەر قىلىڭلا! يولداشلار ھەرىكەتلەنسۇن. ئابلىكىم، سەن پىلموتنى ئوقلا، — دېدى ئۇ جىددىي قىياپەتتە، — كەينىمىزدىن كەلگەنلەر بىزنى مۇھاپىزەت قىلسۇن.

ئۇلار ئەمدىلا پىلموتنى تەييارلاۋاتقانىدى. دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى بۇ يەرگە مەركەزلەشتى. بارات بولسا دۈشمەننىڭ ئوت توچكىلىرىنى مۆلچەرلەۋاتاتتى. شۇ چاغدا بىردىنلا دۈشمەن پىلموتلىرى توختاپ قالدى ۋە

ئارقا تەرەپتە بىرقارا كۆلەڭگە پەيدا بولدى. ئۇلار ھوشيارلاندى.

— ئات! — دەپ ۋارقىرىدى ھېلىقى قارا كۆلەڭگە. لېكىن ئۇ ئۆز كوماندىسى بىلەن تەڭ قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئوقىدىن تىنىك موللاق چۈشتى.

دۈشمەنىنىڭ قايچا شەكىللىك گىرەلەشكەن ئوت كۈچى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى. قوزغىلاڭچىلار شاۋقۇن تەرەپكە ئۆتۈشكە باشلىدى. بارات بولسا بارلىق ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، دۈشمەنىنىڭ ئوت توچكىلىرىنى ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. دۈشمەنلەر ئوقنى زادىلا ئايىماي قارىسىغا ئاتاتتى. تەۋەككۈلسىغا ئېتىلغان بۇ ئوقلار قوزغىلاڭچىلارغا ئانچە چوڭ زىيان كەلتۈرەلمەيتتى. ئېغىزنىڭ ئۇ تەرىپى تۈزلەڭلىك بولۇپ شاۋقۇن دەپ ئاتىلاتتى. ئەگەردە دۈشمەن قوغلاپ كەلسە تولىمۇ خەتەرلىك ئىدى. شۇڭا بارات قەتئىي چېكىنمەسلىكنى قارار قىلدى. ئۇ ئوت كۈچىدە دۈشمەننى بېسىپ چۈشۈشكە ھەرىكەت قىلدى.

تاڭ سۈزۈلەي دېگەندە پارتىزانلار ئۆتۈپ بولدى. دۈشمەن يەنىلا قارىسىغا ئېتىۋاتاتتى ھەم باراتنىڭ غەزەپ بىلەن ئېتىۋاتقان ئوقلىرىدىن باش كۆتىرەلمەي تاڭ ئېتىشنى تەققەزالىق بىلەن كۈتۈشمەكتە ئىدى، چۈنكى ئۇلار پارتىزانلارنى قورشىۋالدۇق، تاڭ ئاتقاندا قىرىپ تاشلايمىز دەپ ئويلايتتى. بىردىنلا باراتنىڭ يېنىدا قولىدا تاپانچا تۇتقان ئابدۇراخمان مۇھىتى پەيدا بولدى.

— سېنىڭ ۋەزىپەڭ ئاياغلاشتى، يولغا چىقايلى ئوكام، — دېدى ئۇ.

— رۇخسەت قىلىڭ، مەن دۈشمەننى توسۇپ تۇراي، ئۇياق تۈزلەڭ، — دېدى بارات.

— كېيىن ئۆزەڭ قانداق قىلىسەن؟!...

— مەن بىر ئامال قىلارمەن. قېرىنداشلار مەندىن رازى بولسۇن، — دېدى ئۇ ۋە پىلىموتنى باشقىدىن سايرىتىۋەتتى.

تالىشىپ ئولتۇرۇشقا ۋاقىت يوق ئىدى. ئابدۇراخمان مۇھىتى تاغدىن چۈشۈپ كەتتى. ئۇ، كېتىۋېتىپ ھەدەپ قول ياغلىق بىلەن كۆزىنى سۈرتەتتى. ئارىدىن ئۇن-ئون بەش مىنۇتقىچە ۋاقىت ئۆتتى. پىلىموتنىڭ ئوقچىسى ئابلىكىمنىڭ پېشانىسىگە ئوق تېگىپ يىقىلدى. بۇ چاغدا شەرق تەرەپ ئاقىرىشقا

باشلىغانىدى. بارات پىلىموتنى قويۇپ دوستىنى يۆلەشكە باشلىدى. پىلىموتنىڭ توختاپ قالغانلىقىنى كۆرگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ "ئۇر، چاپ" سادالىرى سەھەر ئاسمىنىدا ھەممە تەرەپنى قاپلاپ كەتتى. ئۇ ئابلىكىمنى قويۇپ پىلىموتقا يېپىشتى. ئۇنىڭ پىلىموتى شىددەت بىلەن سايراشقا باشلىغاندا دۈشمەننىڭ ئاۋازى ئۆچتى...

قۇياش تاغ كەينىدىن باش كۆتۈرۈپ ئۇپۇقنى قىزارتقان چاغدا پىلىموتنىڭ ئوقى تۈگىدى. ئەمدى ئاپتوماتتا بىر دىسكىلا ئوق قالغانىدى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى بىر يېتىپ، بىر تۇرۇپ ئاكوپقا يېقىنلاشماقتا ئىدى. بارات بولسا چېكىنىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي، دۈشمەننى كۆپرەك قىرىشنىڭ كويىدا ئىدى. ئۇ يېقىنلا بىر جايدا تۆت نەپەر دۈشمەن ئەسكىرىنى كۆرۈپ قالدى. قالغانلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يامىشىپ چىقىۋاتاتتى. ئالدىدىكىلەر ئۆز جايىدا ىدىرلىماي تۇرۇپ "چاپ، قىر" دەپ ۋارقىرىشاتتى. جاۋاب بولمىغاندىن كېيىن، ۈشمەنلەر بىر دانە قول بومبىسىنى ئاتتى. بومبا ئاكوپنىڭ ئاغزىدا پارتلىدى. ئەتراپنى چاڭ-توزان قاپلاپ كەتتى. بومبا پارتلىغاندا يېتىۋالغان بارات ھېلىقى تۆت نەپەر دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ ئاكوپ ئاغزىدىكى قارىسىنى كۆردى-دە، قولىدىكى ئاپتوماتنىڭ تەپكىسىنى بېسىۋەتتى. تۆتەيلەن ئارقا-ئارقىدىن ئۇرغاق تەگكەن قومۇشتەك ئىغاڭلاپ يىقىلدى. ئەمدى ئاپتوماتنىڭ ئوقى تۈگەپ، باراتتا ئىككىلا قول بومبىسى قالدى. دۈشمەنلەر:

— تىرىك تۇتايلى، — دەپ ۋارقىرىشىپ كەلمەكتە ئىدى. بارات بىر قول بومبىسىنى بېلىگە باغلاپ، ئەگەردە تىرىك قولغا چۈشۈپ قالغۇدەك بولسا ئۆزىنى پارتلىتىۋالماقچى بولدى. يەنە تۇرۇپلا بۇ خىيالى ئۇچچۇن ئۆزىگە كايىدى ۋە ئۆزىدىن-ئۆزى ئىزا تارتىپ قالدى. ئۇلار بەربىر مېنى ئۆلتۈرىدۇ دەپ ئويلىدى ئۇ، شۇنداق ئىكەن، بومبىنى نېمە ئۈچۈن زايا قىلغۇدەكمەن. نىشانغا تەگكۈزەلىسەم بىرقانچە دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرەلەيمەن، دەپ بېلىدىكى بومبىنى يېشىۋالدى.

دۈشمەنلەر ۋارقىرىشىپ بارغانچە يېقىنلاشماقتا ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن

خىيالى قانداق قىلىپ دۈشمەننى كۆپرەك يوقىتىشتا، قانداق قىلىپ ئۇزاقراق توسۇپ تۇرۇشتا ئىدى. بۈگۈن كېچە دۈشمەنلەرنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ياسىغان ناھايىتى ئەپلىك ۋە پۇختا ئاكوپلىرى ئۆزلىرىگە ئەجەل ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ "تىرىك تۇتايلى!" دەپ ۋارقىراشلىرى بارغانچە كۈچىيىپ، ئۆزلىرىمۇ ئۆملەپ ئونبەش-يىگىرمە مېتىر ئارىلىققا كېلىپ قالدى. بارات ئارقا-ئارقىدىن ئىككى دانە قول بومبىسىنى ئېتىۋەتتى. قول بومبىسىنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى بىلەن دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ "ۋايجان" دەپ تۇۋلىغان ئاۋازى بىرلىشىپ، سەھەر ۋاقتىدىكى تاغ ئىچىدە ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، ئىنتايىن دەھشەتلىك بىر مەنزىرىنى ھاسىل قىلدى. پۈتۈن دۈشمەن ئەسكەرلىرى دۈم يېتىۋالدى. بارات بولسا قوزغىلاڭچى دوستلىرىنىڭ ئۇزاپ كەتكەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلىپ، كۆڭلى خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالدى. مانا شۇ چاغدا ئۇ ھەممە يېرىنىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى، ئۇنىڭ كىيىملىرى قانغا بويىلىپ كەتكەنىدى، بارات ئاكوپتىن چىقتى. ساي ئاغزىدا يۈزگە يېقىن دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ ئۆلۈكى ياتاتتى. نېرىسىدا بولسا تېخىمۇ كۆپ ئىدى. مانا شۇ دەھشەتلىك كېچىدە پىچان، تۇرپانلىق شىر يۈرەك باتۇرلار — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان ئوغۇللىرىدىن ئوتتۇز-قىرىق كىشى ئەۋلادلىرىنىڭ ئەتىكى پارلاق بەخت سائادىتى ئۈچۈن دۈشمەن بىلەن بولغان تەڭداشسىز كۈرەشتە ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. يەتمىش-سەكسەن ئات-ئۇلاغمۇ شۇ قېتىمقى جەڭدە چىقىم بولدى. لېكىن ئۇلار ئۆزىدىن ئون ھەسسە كۆپ دۈشمەننىڭ قورشاۋىنى غەلىبە بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈپ كەتتى.

دۈشمەنلەر ھوشىنى يىغىپ بېشىنى كۆتۈرگەندە، بارات ئاكوپنىڭ ئاغزىدا ئىككى قولىنى بېلىگە تىرەپ خۇددى گىگانت ئادەمدەك مەغرۇر قىياپەتتە تۇراتتى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى كېلىپ ئۇنى قورشىۋالدى. ئۇ زادىلا ئۆز قىياپىتىنى بۇزمىدى. شۇ چاغدا دۈشمەننىڭ پولك كوماندىرى يېتىپ كەلدى. بارات بىر قاراپلا ئۇنى تونۇدى. ئۇ باراتنى ھەربىي مەكتەپكە ئەۋەتكەن ۋە كەڭ ساي ئاغزىدا مىللىي ئارمىيىدىن مەغلۇب بولۇپ قېچىپ كەلگەن گومىنداڭ

ئارمىيىسى 146-پىيادىلەر پولكىنىڭ كوماندىرى ياڭ تۇەنجاڭ ئىدى.

ياڭ تۇەنجاڭ ئەتراپتىكى ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلۈكىگە قاراپ رەڭگى تاتىرىپ كالپۇكلىرى تىترەپ تۇراتتى. بارات بىلەن ئۇ بۇندىن ئىككى يېرىم يىل بۇرۇن ئايرىلغانىدى. ياڭ تۇەنجاڭنىڭ كۆزلىرىدىن يەنىلا ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇراتتى. بۇ چاغدا ياڭ تۇەنجاڭ ئۆزىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا «ئىلى ئوغرىلىرى»نى ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ قولى بىلەن قانغا غەرق قىلماقچى يەنى ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورىماقچى بولۇپ، باراتتەكلەرنى ھەربىي مەكتەپكە ئەۋەتىپ بەرگىنىگە پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى... ئۇ ئۆزىنى سىپايە تۇتۇپ كۈلۈمسىرەشكە تىرىشتى:

— بارات پەيجاڭ، بۇ سىزكەنسىز-دە؟ — دېدى ئۇ ناھايىتى تەسلىكتە.

— خاتالاشمىدىڭىز. ھەئە مەن، بۇرۇن پەيجاڭ ئىدىم. ھازىر پەقەت ئاددىي بىر قوزغىلاڭچى جەڭچىمەن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئۆزئارا كۇسۇرلاشتى. ياڭ تۇەنجاڭ يېنىدىكىلەرگە ئىشارەت قىلغانىدى، دۈشمەن ئەسكەرلىرى قولغا چۈشۈپ قالغان ئىككى نەپەر قوزغىلاڭچىنى سۆرەپ ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ يارىلىرىدىن قان ئېقىپ، چىرايى ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەنىدى. ياڭ تۇەنجاڭ تاپانچىسىنى چىقىرىپ ئۇلاردىن بىرسىنى ئېتىۋەتتى. يەنە بىرسىنى ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇپ، خەنجەر بىلەن ئەزالىرىنى كەستۈرۈپ پارە-پارە قىلىۋەتتى. غەزەپلەنگەن بارات ياڭ تۇەنجاڭغا قاراپ ماڭغانىدى، ئۇنى دۈشمەن ئەسكەرلىرى توسۇۋالدى.

— كۆردۈڭمۇ؟ سېنىڭ شېرىكلىرىڭنىڭ ھالىنى؟ — دېدى ياڭ تۇەنجاڭ، — سوئالىمغا ياۋاشلىق بىلەن جاۋاب بەر.

— سېنىڭ قولۇڭدىن ھەرقانداق ۋەھشىيلىكنىڭ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. مەن قوزغىلاڭچىلار ئالدىدىكى ۋەزىپەمنى تۈگەتتىم. ئەمدى قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل.

— ئېيتە، «ئوغرىلار» قەيەرگە كەتتى؟

— ئۆز جايىغا.

— ئۆز جايى دېگىنىڭ قەيەر؟

— سەن شەرمەندىلەرچە مەغلۇب بولۇپ قېچىپ كەلگەن جاي.

بۇ گەپ ئۇنىڭ جان-جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ چاندۇرمىدى.

— ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بىزگە يول باشلاپ ماڭساڭ، ساڭا ئون سەر ئالتۇن ۋە ماۋۇ قىزنى بېرىمەن، — دەپ يېنىدىكى ئالاقچى قىزنى كۆرسەتتى.

— مەن يول بىلمەيمەن، — دېدى ئۇ كېسىپلا.

ياڭ تۇەنجاڭ دىمىغىنى قېقىپ:

— بارات، ئەمدى سېنىڭ ھەممە نېمەڭ تۈگىدى. ھاياتىڭمۇ، ئەركىنلىكىڭمۇ، ئازادلىقىڭمۇ، توپىلاڭچىلىرىڭ ئۈچۈن قىلغان ئەقىدەڭمۇ تۈگىدى. بىلدىڭمۇ؟ — دەپ چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، زاڭلىق ئارىلاش كۈلدى. باراتنىڭ ئۇنىڭ سۆزىنى جاۋابسىز قالدۇرغۇسى كەلمەي:

— مېنىڭ ھەممە نېمەم تۈگىگەن بىلەن خەلقىنىڭ ھېچ نەرسىسى تۈگىگىنى يوق، كۆردۈڭمۇ ئاۋۇ قۇياشنى؟ — دەپ يېڭىلا شەرقتىن چىقىۋاتقان قۇياشنى كۆرسەتتى، — قۇياشنىڭ چىقىشىنى سەنلەر توسۇپ قالالمىغاندەك، خەلقنىڭ ئەركىنلىكىنىمۇ، ئازادلىقىنىمۇ، كۈرىشىنىمۇ توسۇۋالالمايسەن. خۇشال بولۇشقا ئالدىراپ كەتمە، — دېدى.

ياڭ تۇەنجاڭنىڭ چىداشقا تاقىتى قالمىدى. ياڭ تۇەنجاڭ يېنىدىكى ئەسكەرنىڭ قولىدىكى ئاپتوماتنى يۇلۇپ ئالدى ۋە:

— مانا ساڭا ئەمسە، — دەپ ئاپتوماتنى كۆتۈرۈشكە، كۆتۈلمىگەن يەردىن "تا-تات" لاپ ئېتىلغان پىلىموت بىلەن ئاپتوماتنىڭ ئوقلىرىدىن "ۋايىەي" دەپ مەيدىسىنى تۇتقانچە دۈم چۈشتى. ئۇنىڭ ئەجەل ھودۇقۇشىدا ئاتقان ئوقى لەيلەپ كېتىپ ئۆزىنىڭ نۆت ئەسكىرىنى يىقىتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان ئەسكەرلىرىمۇ ئۆز خوجايىنىغا ئەگىشىپ ئارقا-ئارقىدىن يىقىلدى، پۈتۈن تاغ ئىچىنى ۋاي-دات ئاۋازلىرى قاپلاپ كەتتى. پىلىموت، ئاپتوماتلار شىددەت بىلەن ئېتىلىۋاتاتتى. باراتمۇ ئەمدى ھوشىنى يىغىپ، ياڭ تۇەنجاڭنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتكەن ئاپتوماتنى قولىغا ئېلىپ، بىردوملاپ نېرىراقتىكى يوغان بىر

تاشنىڭ كەينىگە ئۆتتى. شۇ چاغدا:

— لەنلولۇق چېكىن، — دېگەن بىر تونۇش ئاۋاز سەھەر ئاسمىنىدا جاراڭلىدى.

بارات ئەھۋالنى چۈشىنىپ، دۈشمەنلەرنىڭ ئۆلۈكى ئۈستىدىن خۇددى جەرەندەك سەكرەپ ئۆتۈپ، تاغ ئاغزىدىن چىقىپ تۆۋەنگە قاراپ يۈگۈردى ۋە ھايال بولمايلا ئىمىن زايىت باشچىلىقىدىكى ياڭخې كارىزلىق يىگىتلەرنى كۆردى. ئىككى نەپەر قوزغىلاڭچى ئۇن بىر ئاتنى تۇتۇپ تۇراتتى.

— ئاتقا مىنىپ دەرھال يولغا چىقىڭلا، — دەپ بۇيرۇق بەردى ئىمىن زايىت ۋە ئۆزىنىڭ دىكتار پىلىموتىدىن شىددەتلىك ئوق ئېتىشقا باشلىدى.

بىر كېچە ئۇنۇمسىز جەڭ قىلىپ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى قورغۇيدىن ھۇركىگەن قۇشقاچلاردەك قوراللىرىنى ئېتىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي ئالاقزادىلىك ئىچىدە تاشلارنىڭ كەينىگە مۆكۈشتى. چۈنكى لار ئۆز خوجايىنىنىڭ ئۆلگىنىنى كۆرۈپ بېشى ئۈزۈلگەن يىلاندەك بولۇپ پىلىشقاندى. ئىمىن زايىتنىڭ پىلىموتى تاغ ئىچىنى راسا بىر جاراڭلىتىۋەتكەندىن كېيىن توختاپ قالدى. ئىمىن زايىت يېنىدا قالغان بىر جەڭچى بىلەن ئالدىدا كەتكەن قوزغىلاڭچى توققۇز يىگىتنىڭ كەينىدىن يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كەتكەنىدى.

— رەھمەت، تاغ يۈرەك ئوكام، كۆپ غەيرەت قىلدىڭ، ھەقىقىي باتۇر ئوغلان ئىكەنسەن، — دەپ ئابدۇراخمان مۇھىتى باراتنى چىڭ قۇچاقلىدى.

ئىمىن زايىت باشچىلىقىدىكى بۇ زەربىدار گۇرۇپپىنى ئابدۇراخمان مۇھىتى باراتنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئەۋەتكەنىدى.

ئۇلار قوراللىرىنى چىڭ تۇتۇپ، بالغا ئىلگىرىلەپ، پارلاق ئەتە ئۈچۈن ئاسمانغا تاقاشقان ئېگىز تاغلارنىڭ قوينىغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇلارنى تۇتماقچى بولغان دۈشمەنلەر قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئات تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توزان ئاستىدا ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ ئەلەم ئىچىدە ناله قىلىپ قېلىشتى.

## ئوتتۇز ئىككىنچى باب

# زەپەر قۇچقان كۈن

تۇرسىمۇ چۆرەمدە دىڭىز ھۆركىرەپ،
بارىمەن يەنىلا ئالغا ئىلگىرىلەپ.
بولسىمۇ ئەتراپىم قۇملۇق-باياۋان،
تاپىمەن يەنىلا بۇلاقنى ئىزدەپ.
— بايرون

ئاردىن ئون بەش كۈن ئۆتتى.

1947-يىلى 8-ئاينىڭ 8-كۈنى. ھاۋا ئوچۇق. شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش تاغ ئىچىدىكى يېشىل چىمەنلىككە چۈشكەن سەھەر شەبنىمىنى يالتىرىتىۋەتكەنىدى. پارتىزانلار ئون بەش كۈندىن بۇيان دۈشمەن بىلەن گاھ ئۇرۇشۇپ گاھ مۆكۈنۈپ ئاخىر كۆز يەتمەس بايىنبۇلاق يايلىقىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار يەنە ئازراق غەيرەت قىلسىلا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلار بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئازاد رايونى چېگرىسىدىكى قاراۋۇل پونكىتىغا يېتىپ باراتتى. ھاردۇق ۋە ئاچلىقتىن پارتىزانلار پۇتلىرىنى ئارانلا يۆتكەيتتى.

بايىنبۇلاقتەك مۇنداق باياشات زېمىندا ئازراقلا ئىنساپسىزلىق قىلسا قورساققا يېيىشكە ھەممە نەرسە تېپىلاتتى. لېكىن قوزغىلاڭچىلار ئاچلىقتىن ئۆلۈشكە رازى ئىدىكى ”كىشىلەرنىڭ يىپ-يىڭنىسىگىمۇ تەگمەيمىز!“ دېگەن شوئارغا خىلاپلىق قىلىشنى راۋا كۆرمەيتتى. ھەربىي ئىنتىزاممۇ بۇنداق يامان ئىشلارغا ھەرگىز يول قويمايتتى.

※ ※

ئۇلار ئەمدىلا ”ئاقتاش“ دېگەن جايغا كەلگەنىدى، ئالدى تەرەپتىن ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئابدۇراخمان مۇھىتى نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىپ، پارتىزانلارنى ئازراق دەم ئېلىشقا بۇيرىدى. ئارىدىن بىر سائەت ئۆتتى.

— گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن مىللىي ئارمىيە ئېتىشىۋېتىپتۇ، — دەپ خەۋەر بەردى چارلىغۇچىلار.

— دۈشمەن ئەسكەرلىرى قانچىلىك ئىكەن؟ — دېدى ئابدۇراخمان مۇھىتى.

— ئۈچ-تۆت يۈزدەك ئادەم باردەك قىلىدۇ.

— ھەممەيلەن جەڭگە تەييارلانسۇن، — دەپ بۇيرۇق بەردى ئابدۇراخمان مۇھىتى.

شۇنىڭ بىلەن پارتىزانلار جەڭگە تەييارلاندى. پارتىزانلار شتابىنىڭ ھەيئەتلىرى ئۆزلىرى مەسئۇل بولغان ھەربىر پارتىزاننىڭ يېنىغا بېرىپ بىر قۇر كۆزدىن كەچۈردى ۋە ئۇلارنى رىغبەتلەندۈردى.

— يولداشلار! — دەپ ۋارقىرىدى ئابدۇراخمان مۇھىتى، — بۇ بىزنىڭ مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بىلەن ئۇچرىشىش يولىمىزدىكى ئاخىرقى بىر پارچە قارا تاش. بىز مۇشۇ تاشنى پولات بازغاندەك مۇشتۇمىمىز بىلەن يەنجىپ تاشلىغاندىلا ئۆزىمىز ئارزۇ قىلغان مەنزىلگە يېتىپ بارالايمىز. شۇڭا ھەممىمىز

تاغنى ئالقان قىلىدىغان روھ بىلەن بىر نىيەت، بىر مەقسەتكە كېلىپ ئۆلۈم گىرداۋىدا جان ئالىشىۋاتقان دۈشمەن ئۈستىگە يولۋاستەك تاشلىنايلى. قېنى يولداشلار ئالغا!

— ئالغا! ئالغا! ئالغا! — دېگەن ئاۋازلار پۈتۈن "ئاقتاش" يايلىقىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

چارلىغۇچىلار ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى. پارتىزانلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن چوڭ-چوڭ قەدەملەر بىلەن يولغا چىقتى. مۇنداق روھ پەقەت ئۆزىگە ۋە كەلگۈسىگە تولۇق ئىشەنچ قىلالايدىغان، غەلىبە قىلىش روھىغا باي جەڭچىلەردىلا بولىدىغان روھ ئىدى.

پارتىزانلار جەڭ مەيدانىغا يېتىپ بارغاندا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئەپلىك ئورۇنلارغا جايلىشىۋېلىپ جان-جەھلى بىلەن ئېتىشىۋاتاتتى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئاز بولغىنى ئۈچۈن توسۇلۇپ قالغانىدى. ئەسلىدە مىللىي ئارمىيە قىسىمىغا ئورپانلىق پارتىزانلارنى كۈتۈۋېلىش بۇيرۇقى بېرىلگەنىدى. پارتىزانلار دۈشمەنگە يېقىنلاشقۇچە تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن ماڭدى. شۇڭا ئارقا تەرەپتىن خاتىرجەم بولغان دۈشمەن قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. پارتىزانلار بىلەن دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئارىلىقى ئىككى يۈز مېتىردەك قالدى.

— قېنى قورالى بارلار ئالدىغا ئۆتۈڭلار، — دەپ بۇيرۇدى ئابدۇراخمان مۇھىتى، — ئەمدى ئۇقنى ئاياپ ئولتۇرماڭلار! لېكىن تەگكۈزۈپ ئېتىڭلار! قورالى يوقلار ئارقىدىن ئات-ئۇلاغلارنى ئېلىپ مېڭىڭلار! ھەممىلەن "ئالغا" دەپ ئاتلىنايلى!

شۇنىڭ بىلەن ئىمىن زايىت باشچىلىقىدىكى يۈزدەك قوراللىق كىشى ئالدىغا ئۆتتى. ئەڭ ئالدىدا ئىمىن زايىت، بارات ئۆزلىرىنىڭ پىلىموتلىرىنى ئېلىپ يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ يېنىدا دۈشمەندىن تارتىۋالغان ئاپتومات بىلەن قوراللانغان بىرنەچچە يىگىت كېتىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن مىلتىق تۇتقان پارتىزانلار ماڭدى. ئۇلار ئاستا-ئاستا دۈشمەنگە يېقىنلاپ كەلدى. دۈشمەنلەرنىڭ ۋارقىراشقان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— ئالغا! — دەپ ۋارقىرىدى ئابدۇراخمان مۇھىتى.

— ئالغا! ئالغا! — دېگەن ئاۋازلار يىراقتىكى تاغلاردىن ئەكس سادا قايتۇرۇپ، پۈتۈن ئاقتاش يايلىقىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى.

بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىنى زادىلا كۈتمىگەن گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئۈستىگە پارتىزانلار ئوق يامغۇرىنى ياغدۇردى. دۈشمەنلەر كۆپلىگەن ئۆلۈكلىرىنى ۋە يارىدارلىرىنى تاشلاپ جان قۇتقۇزۇشنىڭ كويىغا چۈشتى. ئۇلار ئەجەل ھودۇقۇشىدا ھېلى ئۇياققا، ھېلى بۇ ياققا يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلارغا ئۆلۈمدىن باشقا يول قالمىغانىدى.

پارتىزانلارنىڭ "ئالغا!" دەپ توۋلىغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىمۇ ئەھۋالنى چۈشىنىپ "ئالغا!" ساداسى ئىچىدە ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئىككى تەرەپتىن ئاڭلانغان "ئالغا!" دېگەن ئاۋاز دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى تېخىمۇ ئالاقزادە قىلىۋەتتى. بۇ كۈرەش مەنزىرىسىنى كۆرۈپ، 1944-يىلى 12-ئاينىڭ 2-كۈنىدىكى كەڭسايدىكى ئۇرۇش ئەھۋالى باراتنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى. شۇ چاغدىكى مىللىي ئارمىيىنىڭ تاغلارنى زىلزىلىگە سالغان "ئالغا!" دېگەن ئاۋازلىرى، توختاۋسىز ئېتىلىۋاتقان پىلىموت ئوقلىرى، يارىلانغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ چوشقىدەك چىرقىراشلىرى، قورققانلىقىدىن چىشلىرى كاسىلداپ كەتكەن ياڭ تۇەنجاڭنىڭ ئەسەبىيلىك بىلەن "شتابنى قوغدا" دەپ ۋارقىراشلىرى... باراتنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتتى، بارات ھازىر مىللىي ئارمىيىگە ماسلىشىپ، گومىنداڭچىلارنى يوقاتماقتا. مانا ئۇنىڭغا بىرقانچە يىلدىن بۇيان زارىقىپ كۈتكەن يېڭى دۇنيا قۇچاق ئاچماقتا...

يىراقتىن مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ مۇشۇنداق بەختلىك كۈننىڭ كېلىشىنى ئىنتايىن خەتەرلىك كۈرەشلەر بىلەن كۈتتى. ئۇ 1945-يىلى باھاردا ئۇرۇمچىدىن ئايرىلىشتا ئەسمتۇل، ئاسىيەلەر بىلەن خوشلىشىپ تۇرۇپ "يېڭىش بىلەن كېلىپ چىقىمىز كەڭ غالىب يولغا" دېمىگەنمىدى؟!... ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا مامۇتخان بىلەن تونۇشتى ۋە "كۈرەشچان ياشلار" تەشكىلاتىنى قۇردى. مامۇتخان تولىمۇ مەنلىك قىلىپ

”كۆرەشچان ياشلار“ تەشكىلاتى ئەزالىرىغا: ”كىمكى ئازادلىقنى ئىزدەيدىكەن، ئۇ بىز ئۈچۈن ئازادلىقنىڭ ئۇچىقى بولغان غۇلجىغا يۈزلىنىشى كېرەك“ دېگەن ئەمەسمۇ؟ مانا ئەمدى ئازادلىق قۇياشى ئۇنىڭغا قۇچاق ئېچىپ كەلمەكتە. مۇشۇنداق ئۇلۇغ بىر كۈن ئۈچۈن سانسىزلىغان مەھەممەت ئېلىلار قۇربان بولمىدىمۇ؟ ”كۆرەشچان ياشلار“ تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ئەزىز جانلىرىدىن كېچىپ، تۈرمە-زىندانلاردا ئەڭ ۋەھشىيانە ئازاب-ئوقۇبەتكە ئۇچرىمىدىمۇ؟ گومىنداڭچىلار ئۇلارنى ئىككى قېتىم كۆممەكچى بولدى. لېكىن خەلق ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋالدى. گومىنداڭچىلارغا غەزەپلەنگەن خەلق قوللىرىدىكى تاياق-توقماقلار بىلەن رەھىم گاڭنىڭ دۈكىنىدا ئۇلارنىڭ پۇت-قوللىرىدىكى كويزا-كىشەنلەرنى چاقمىدىمۇ؟ خەلق نېمىدېگەن قۇدرەتلىك ھە؟!...

ئەمدى مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ كىيىملىرىدىكى ۋاللىداپ تۇرغان پاگونلار، پېشانىلىرىدىكى كاكارلار، قەھرىمانلارغا خاس بولغان جەسۇرانە قىياپەتلەر، غەلىبە خۇشاللىقىدا پارلىغان يۈزلەر ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇلار يۈگۈرۈپ كەلمەكتە، شۇنداقلا جان تالىشىۋاتقان دۈشمەننى قىرىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ ياقتىنمۇ غەلىبە خۇشاللىقىدا كۆزلىرى ياش بىلەن تولغان پارتىزانلارمۇ قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان دۈشمەننى ئوققا تۇتۇپ يەر بىلەن يەكسان قىلىپ يېڭى بىر دۇنياغا قۇچاق ئېچىپ يۈگۈرمەكتە ئىدى. باراتنىڭ كۆز ياشلىرى خۇشاللىق ئىلكىدە مەڭزىنى ھۆل قىلماقتا ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن قولىدىكى پىلىموتتىن دۈشمەنگە قارىتىپ ئوق ئۈزسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئالقىنى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇراتتى. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ قارىسى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ بىردىنلا ”25-فېۋرال“دىكى ئەخمەتجان ئەپەندىمنى ئەسلەپ قالدى. ئۇ چاغدا ئەخمەتجان ئەپەندىم گومىنداڭچىلارنىڭ يۈزسىزلىكى، زوراۋانلىقى، ۋەدىسىدە تۇرماي ۋاپاغا جاپا قىلغان ياۋۇزلۇقلىرىغا غەزەپلەنگەن ئۇرۇمچى خەلقىنىڭ غەزىپىنى بېسىش ئۈچۈن ماشىنا ئۈستىگە چىقىپ يالقۇنلۇق نۇتۇق سۆزلىگەنىدى. مانا ئەنىمىن دەرۋازىسىدىن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى چىقىپ

كەلدى. مانا خوشاللىقتىن كۆزلىرى ياش بىلەن تولغان خالايىق ماشىنىنى ئورىۋالدى، مانا ئەخمەت ئەپەندىم ماشىنا ئۈستىگە چىقىپ خەلققە ھۆرمەت بىلدۈرمەكتە. باراتنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئەخمەتجان ئەپەندىمنىڭ كىشىلەرنى رىغبەتلەندۈرگۈچى، يالقۇنلۇق، ئۈمىد بىلەن تولغان سۆزلىرى جاراڭلاپ كەتتى...

مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بارغانچە قوچاق ئېچىپ يېقىنلاشماقتا ئىدى... پارتىزانلار ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان پارلاق يېڭى دۇنيا قوچاق ئېچىپ كەلمەكتە. ئۇلار ئۇزۇن يىللاردىن بېرى زارىقىپ كۈتكەن ئازادلىق قۇياشى بارغانسېرى يېقىنلىشىپ قوچاق ئېچىپ كەلمەكتە ئىدى. مانا مۇشۇ كۈن ئۈچۈن، پارلاق يېڭى ھايات ئۈچۈن ئورغۇنلىغان كىشىلەر ئۆمۈر بويى كۈرەش قىلىپ، ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلمىدىمۇ؟

يەنە بىرنەچچە قەدەم ئارىلىق قالدى. جاسارەتكە تولغان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى قوچاق ئېچىپ كەلمەكتە ئىدى. ئەگەردە مۇشۇ جاسارەتلىك جەڭچىلەر سېڭگىم ئېغىزىدا ياكى ئۆچبولاقتا بولغان بولسا، ئۇ چاغدا بىزنى قورشىۋالغان دۈشمەننىڭ بەش مىڭ ئەسكىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلغان بولاتتۇق دەپ ئويلىغان بارات ئەمدى ئۆچبولاقتىكى جەڭنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. شۇ قاراڭغۇ كېچىدە دۈشمەن پىلىموتىنى قولغا چۈشۈرۈپ، پارتىزانلارنى ئامان-ئېسەن شاۋياڭخوغا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئون نەپەر پارتىزان پىدائىي بولۇپ چىققانىدى. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ ”بۇ ئىش بەك خەتەرلىك، ئېھتىيات قىلىڭلار!“ دېگەن ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. مانا شۇ قاراڭغۇ كېچىدە بىر كېچە ئۇرۇشۇپ، ئۆزلىرىدىن ئون ھەسسە كۆپ دۈشمەننى زور چىقىمغا ئۇچرىتىپ، ھايات قالغانلار ئامان-ئېسەن شاۋياڭخوغا ئۆتۈۋالغانىدى.

بارات مانا شۇنداق ئويلار بىلەن يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، ئۆز ئالدىغا قوچاق ئېچىپ كەلگەن مىللىي ئارمىيە جەڭچىسىنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— بىزنى قۇتقۇزۇۋالدىڭلار • بىزنى قۇتۇلدۇردۇڭلار! — دېگەن سۆزنىلا

تەكرارلىيالىدى.

ئۇنىڭ مەگزىدىن خۇشاللىق كۆز ياشلىرى خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك مىللىي ئارمىيە جەڭچىسىنىڭ مۇرىسىگە ئېقىپ چۈشۈشكە باشلىدى...

زۇلمەتكە تولغان كونا دۇنيا ئارقىدا قالدى. ئۇلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئۆلۈكلىرى ياتاتتى. ئۆزلىرى بولسا گومىنداڭنىڭ رەسۋاسى چىققان دۆلەت بايرىقى ئۈستىدە دەسسەپ تۇراتتى. هايات قالغان بولسىمۇ، قورقۇنچتىن چىشلىرى كاسىلداپ، رەڭگى ئۆلۈكتەك بولۇپ كەتكەن دۈشمەن ئەسكەرلىرى قولىنى كۆتۈرۈپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ "بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن"، "بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن" دېيىشمەكتە ئىدى.

※ ※

تۇرپان، پىچان، توقسۇن قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە قانلىق باستۇرۇلۇشى بىلەن ئەكسىيەتچى كۈچلەر تېخىمۇ غالجىرلىشىپ كەتتى. ئۇرۇمچى ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت تېخىمۇ قاپلاپ كىشىلەرنىڭ "ئۇھ" دەپ ئەركىن نەپەس ئېلىشىمۇ تەس بولۇپ قالدى. مامۇتخاننى ئېغىر غەم-قايغۇ بېسىۋالدى. ئۇ بىر يەردە ئولتۇرالمايتتى. قولى زادى ئىشقا بارمايتتى. پەقەت "قانداق قىلىش كېرەك؟" دېگەننىلا ئويلايتتى. يولغا چىقاي دېسە باراتتىن بىرەر خەۋەر كېلىپ قالارمىكىن؟ دەپ ئويلايتتى. چۈنكى ئۇ باراتنىڭ بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا قاتناشقانلىقىدىن هەرگىز گۇمان قىلمايتتى. قۇربان بولغان بولسىچۇ؟ ئۇرۇش دېگەن قارغۇ تۆگىنىڭ تېپىشىگە ئوخشايدۇ. ئوق تەگكەن ئادەم ئۆلىدۇ. "قازا يەتمەي كىشى ئۆلمەس" دېگەندەك ئوق تەگمىگەن ئادەم نەچچە ئون يىل ئۇرۇشقا قاتناشسىمۇ ياشاۋېرىدۇ. بارات توغرىسىدا ئۇ قارا خىياللارنى ئويلىماسلىققا تىرىشسىمۇ، ئەمما بۇنداق قارا خىياللار مېڭىسىغا

پات-پات كىرىشۋالاتتى. چۈنكى خىيال دېگەننى ساندۇققا سېلىپ قۇلۇپلاپ قويغىلى بولمايدۇ-دە. ئەگەردە تىرىك قولغا چۈشۈپ قالغان بولسىچۇ؟ دېگەن خىيالمۇ ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋېلىپ ئۇنى بەكمۇ بىئارام قىلاتتى ۋە قىينايتتى. تۇرپاندىن ھەر كۈنى دېگۇدەك بىر بىرىدىن دەھشەتلىك خەۋەرلەر كېلىپ تۇراتتى. مامۇتخاننىڭ ئۆزى تۇرپانغا بېرىپ سۈرۈشتۈرۈپ باقاي دېسە ھازىرچە مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئابلەت، ئەسمتۇل قاتارلىق يولداشلىرىمۇ بېرىشنى توسۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىندىن بۇيان سەمەتبايلارنىڭ ئائىلىسىمۇ، ئەسمتۇلنىڭ ئۆيىمۇ نازارەت ئاستىدا قالغانىدى.

ئاسىيە بولسا ھېچكىم بىلەن سۆزلەشمەس بولۇۋالدى. ئادەم بار يەردە يىغلىمىسىمۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ قىزىرىپ، قاپاقلىرىنىڭ ئىششىپ كەتكەنلىكىدىن كېچىلىرى يىغلاپ چىقىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. مامۇتخان ئاسىيەنى كۆرگەندە ئۆزىنى گۇناھكاردەك ھېس قىلىپ ئۇنىڭغا قاراشتىن قاچاتتى. ئەسمتۇل، ئابلەتلەرمۇ ئاسىيەنىڭ ئەھۋالىغا ئېچىناتتى. ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. نىيازخان ئاچا تېخىمۇ تەڭلىكتە قالغانىدى. ئەسمتۇل ئايالى رەشىدە ئارقىلىق سىڭلىسىغا تەسەللى بەرگەن بولسىمۇ، رەشىدەنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى.

مامۇتخان بىرەرسىدىن مەسلىھەت سوراش ئۈچۈن كوچىغا چىقىپ چوڭقۇر خىيال ئىلكىدە كېتىۋاتاتتى.

— مامۇتخان! — دېگەن بىر ئاۋاز ئۇنى توختاتتى. ئۇ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىغانىدى، ئۆلكىلىك قوراللىق قاتناشقان قارا شەھەر ۋىلايىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى ئوسمانجاننىڭ كوچىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى-دە، ئۇمۇ شۇ تەرەپكە ماڭدى ۋە ئىككى دوست قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— قەدىردان دوستۇم، — دەپ مامۇتخاننى چىڭ قۇچاقلىدى ئوسمانجان ياقۇپ، — بۇ يەردە ئىكەنسىز؟

— شۇنداق، ئەتىيازدىن بۇيان مۇشۇ يەردىمەن، — دېدى مامۇتخان

ۋە ئەتراپتا پايلاقچى بارمىكىن دەپ سەپسېلىپ قاراپ چىقتى. مامۇتخاننىڭ بۇ ھەرىكىتىنى سېزىپ تۇرغان ئۇسمانجان:

— يۈرۈڭ، — دېدى-دە، دۈڭ كۆۋرۈكتىكى ياسىنجاننىڭ چۆچۈرىخانىسىغا باشلاپ كىردى. ئۇسمانجان بۇ يەرگە پات-پات كېلىپ تۇراتتى. شۇڭا خوجايىن بۇ ئىككى مېھماننى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى.

— ئۇستام، — دېدى ئۇسمانجان، — بىزگە خالىيراق جاي كېرەك ئىدى.

— ئەمىسە بۇ ياققا مەرھەمەت، — دەپ ياسىنجان ئۇلارنى ناھايىتى پاكىز سەرەمجانلاشتۇرۇلغان كىچىككىنە بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۆي ئاپئاق ئاقارتىلىپ، ئۈستى گېزىت بىلەن بېزەلگەن، تامغا بىرنەچچە پارچە ئاددىي رەسىم چاپلانغان بولۇپ، سىم كارىۋاتقا بىر پارچە كىچىك گىلەم سېلىنىپ، بىر كىشىلىك يوتقان-كۆرپە تىزىقلىق تۇراتتى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا يىغما پۈتلۈق يۇمۇلاق شىرە بىلەن تۆت ئورۇندۇق تۇراتتى. ئىشىك تۈۋىدە ئاپتۇۋا، چىلاپچا، تامدىكى قوزۇقتا پاكىز لۆڭگە تۇراتتى.

— ئەپەندىملەر نېمە بۇيرۇيدىكىن؟ — دېدى ياسىنجان.

— ئىككى چىنە چۆچۈرە، — دېدى ئۇسمانجان، — لازا-سامساقى تېتىملىقراق بولسۇن. يەنە يىگىرمە زىخ كاۋاپ. ئۇستام، بۇ يەرگە ئىشى يوق ئادەم كىرمىسە.

— ناھايىتى ياخشى. بىرەر بوتۇلكا لازىممۇ؟

— ياق، — دېدى مامۇتخان كېسىپلا.

شۇنىڭ بىلەن خوجايىن چىقىپ كەتتى. ئۇلار ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

— قېنى بېشىڭىزدىن ئۆتكەنلەرنى ئاڭلاپ باقايلى، — دېدى ئۇسمانجان، — نېمە قىلىۋاتىسىز؟

— مامۇتخان دوستىغا ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. ئۇسمانجان بولسا ئۇنىڭ ئەھۋالىغا بەكمۇ ئېچىندى. مامۇتخاننىڭ

سۆزى ئاياغلاشقاندىن كېيىن:
— بۇندىن كېيىن قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىز؟ — دېدى ئۇ.
— ئامال قىلىپ ئىلى تەرەپكە كېتەيمىكىن دەيمەن، — دېدى مامۇتخان،
— بىر دوستۇم 6-ئايدا تۇرپانغا كەتكەنچە ھازىرغىچىلىك خەۋىرى يوق.
— ياخشى ئويلاپسىز. بىزگە ھايات يولى شۇ يەردە. تەلىيىڭىز بولسا ھېلىقى دوستىڭىزنىمۇ شۇ يەردىن تېپىۋالارسىز. ئۈچ ۋىلايەتتىن كەلگەن خەلق ۋەكىللىرى يېقىندا غۇلجىغا قايتماقچى. مەنمۇ شۇلار بىلەن كېتىمەن. ئەگەردە ماقۇل كۆرسىڭىز مەن كۆرۈشۈپ باقاي. ئۇ ياقتا سىزنىڭ تونۇشىڭىز بارمۇ؟
— مەھەممەت ئىمىن ئىمىنوۋ مېنىڭ سەمەرقەنتتىكى ساۋاقدىشىم ئىدى. ھازىر ئۇ پولك كوماندىرى ئىكەن.
— ناھايىتى ياخشى. ئۈگۈنلۈككە چۈشتە مۇشۇ يەردە كۆرۈشەيلى! بولامدۇ؟
— بولىدۇ. ئەمما مەن يالغۇز ئەمەس. مېنىڭ بىرقانچە دوستۇم بار، ئۇلارنى قانداق قىلىمىز؟
— قانچە ئادەم؟
— ئون ئىككى كىشى، لېكىن يارامىلىق ئادەملەر.
— بولىدۇ. مەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن سۆزلىشىپ باقاي. ئامال بولمىغاندا بىر ئىش قىلارمىز. ئۇنتۇماڭ، ئۈگۈنلۈككە سائەت ئون ئىككىدە، — دېدى ئوسمانجان.
— بولىدۇ. ئۈگۈنلۈككە سائەت ئون ئىككىدە مۇشۇ يەردە ھازىر بولىمەن، — دېدى مامۇتخانمۇ ئىشەنچ بىلەن.
ئوسمان ياقۇپ ئاشپەزنى چاقىرىپ پۇلنى تۆلىدى-دە، چىقىپ كەتتى. مامۇتخان بولسا ئوسمان ياقۇپقا ئۇچراپ قالغىنىغا خۇشال بولۇپ، بۇ خۇشاللىقىدىن دوستلىرىنىمۇ بەھرىمەن قىلىش ئۈچۈن كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئالدىراپ ئۆيگە قايتتى. بۇ قېتىم مامۇتخاننىڭ ئىشى ھەقىقەتەن ئوڭدىن كەلگەندى. كېيىنكى كۈنلەر ئىنتايىن ئالدىراش ئۆتتى. دېگەندەك ئۈچىنچى

كۈنى دەل سائەت ئون ئىككىدە مامۇتخان ياسىنجاننىڭ ئاشپۇزۇلىنىڭ ئالدىغا كېلىشكە كۆتكۈچى بالا سالام بەردى ۋە:

— ئەپەندىم، ئۈتكەنكى ئۈيگەكىرىڭ. بىرسى سىزنى كۈتۈۋاتىدۇ، — دېدى.

مامۇتخان كىرگەن چاغدا ئوسمانجان تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى.

— سىزنى تەبرىكلەيمەن دوستۇم، — دېدى ئوسمانجان، — ئابدۇكېرىم ئاباسوپقا ئېيتىپ ئىشىڭىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم. ئىككى كۈندىن كېيىن يولغا چىقىمىز.

— رەھمەت دوستۇم، مېنى بىر غەمدىن خالاس قىلدىڭىز.

— رەھمەت دېگۈچىلىكى يوق. ئىنقىلاب رەھبەرلىرى بولمىسا بىزنىڭ قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ بۇ يەردە.

ئەمدى گەپ قىلىش ئارتۇقچە ئىدى. ئۇلار ئالدىراش چىقىپ كەتتى.

※ ※

بۈگۈن غۇلجا شەھرىدىكى مىللىي ئارمىيە باش دوختۇرخانىسىدا ئەتىكى خىزمەت ئۈچۈن ئالدىراش تەييارلىق كېتىۋاتاتتى.

— ئەتە يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان «قىلىچ ئىسكادرون» جەڭچىلىرىنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرىمىز، — دېدى باش دوختۇر، — مەن يېڭى جەڭچى دېسەم، سىلەر ئۇلارنى ھازىرلا يېزىدىن كەلگەنلەرمىكىن دەپ ئويلاپ قالماڭلار. ئۇلار تۇرپان ئويمانلىقىدا گومىنداڭ بىلەن قانلىق جەڭ قىلغان قەھرىمانلار. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەم سالامەتلىكىنى تەكشۈرىمىز ھەم ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلىقنى پۇختا قىلايلى. ئەتە ئەتىگەندە دوختۇرخانىدىكى بارلىق خادىملار دوختۇرخانا ئالدىغا چىقىپ ئۇلارنى قارشى ئالىمىز.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەممەيلەن ئۆز بۆلۈملىرىگە كىرىپ، تېگىشلىك

ئىشلارنى سەرەمجانلاشتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي سېستراللار باشلىقى مۇنىرە شىپىرس قايىنتىۋاتقان ئاسىيەنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ بولسا چوڭقۇر خىيال ئىلكىدە ئولتۇراتتى. كۆزىدىن چىققان ياش مەڭزىنى بويلاپ ئۈستىدىكى خالاتقا تېمىپ تۇراتتى. مۇنىرە ئاستا كېلىپ ئاسىيەنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى.

— يەنىلا شۇ كونا غەم-خىيالمۇ سىڭلىم؟ — دېدى مۇنىرە تولىمۇ كۆيۈنگەن ھالدا، — بەلكى سۆيگىنىڭىز ئاشۇ جەڭچىلەر ئارىسىدا باردۇر.

— ئاغزىڭىزغا ياغ، — دېدى ئاسىيە كۆزىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، —ئەگەردە ئۇنى شۇلار قاتارىدا كۆرەلىسەم ئۆلسەممۇ ئارمىنىم قالمايتتى.

— چوقۇم كۆرىسىز، ھەرگىز باشقىچە خىياللاردا بولماڭ، — دېدى مۇنىرە.

ئىككىنچى كۈنى، دوختۇرخانىدىكى بارلىق خادىملار ئەتىگەن سائەت سەككىز بولۇش بىلەنلا دوختۇرخانا ئالدىغا چىقىپ سەپ تارتىپ تۇرۇشتى. بۇ نويابىر ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ، ھاۋا ئوچۇق بولغاچقا غۇلجا شەھىرى ئانچە سوغۇق ئەمەس ئىدى. ئەتراپمۇ خۇددى بايرام كۈنىدىكىدەك شادلىق تۈسىنى ئالغانىدى. چۈنكى بىر ھەپتە بۇرۇنلا ئىلىدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئۈچ يىللىق خاتىرە كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، كىشىلەر بايراملىق كىيىملىرىنى تېخى تاشلاشمىغانىدى. دوختۇرخانا خىزمەتچىلىرى ئەمدىلا يىغىلىپ تۇرۇشقا يىراقتىنلا سەپ تارتىپ، يەرنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ گۈرسۈلدىتىپ دەسسەپ تۇرپان، پىچاننىڭ ”قىلىچ ئىسكادرون“ دەپ نام ئالغان جەڭچىلىرى يېتىپ كەلدى. بۇنى كۆرۈپ ئاسىيەنىڭ يۈزى قىزىرىپ، يۈرىكىنىڭ سوقۇشى تېزلىشىپ كەتتى. ئۇ ئۇنىڭ قولى بىلەن مەيدىسىنى بېسىۋالدى. بۇ جەڭچىلەرگە يېپيېڭى ھەربىي فورما ناھايىتى ياراشقانىدى.

جەڭچىلەر يېقىنلىشىپ كېلىش بىلەن بارلىق تىببىي خادىملار ئۇلارنى گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى بىلەن قارشى ئالدى. جەڭچىلەرمۇ قوللىرىنى شەپكىلىرىنىڭ ۋاللىداپ تۇرغان چەكلىكىگە قويۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ جاۋاب

قايتۇردى. ئاسىيە چاۋاك چېلىۋېتىپ ئىككىنچى رەتتە كېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار كىيىمىنى كىيىۋالغان باراتنى كۆرۈپ، قولىنى كۆتۈرگەن پېتى توختاپ قالدى ۋە ئارانلا "بارات!" دېيەلىدى. ئۇنىڭ كىيىكنىڭكىدەك چىرايلىق خۇما كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى تۆكۈلۈپ كەتتى. بارات ئۈچۈن بۇ كۈتۈلمىگەن ئىش بولدى. بارات ئۆز ئىسمىنى چاقىرغان قىزنىڭ ئاسىيە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران بولغانلىقىدىن ئاغزىنى ئېچىپ، ئۆز جايىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى ۋە ئارانلا "ئاسىيە" دېيەلىدى. ئۇ ئەتراپتىكى ھەممىنى، ھەتتا ئەڭ قاتتىق ھەربىي ئىنتىزامنىمۇ ئۇنتۇغانىدى. كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى تاراملاپ ئېقىپ چۈشتى. ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان جەڭچىلەر ئۇنى يانداپ ئۆتۈپ كەتتى.

ئاسىيە بولسا ئەمدى ئويلۇپ تۇرۇشنىمۇ قايرىپ قويۇپ باراتقا ئۆزىنى ئاتتى. چۈنكى ئۇ مۇشۇنداق كۈننى نەچچە يىل زارىقىپ كۈتكەن ئەمەسمۇ؟! بارات ئۇنى ئارانلا تۇتۇۋالدى. ئاسىيەنىڭ خۇشاللىق كۆز ياشلىرى بىردەمدىلا باراتنىڭ يېڭى ھەربىي كىيىمىنىڭ مەيدىسىنى ھۆل قىلىۋەتتى. بارات بولسا ھە دەپ ئاسىيەنىڭ چاچلىرىنى سىيلايتتى ۋە پۇرايتتى. باراتمۇ بۇ كۈننى قانچىلىك زارىقىپ كۈتتى ھە؟!... باراتنىڭ كۆز ياشلىرىمۇ خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ئاسىيەنىڭ چاچلىرىغا تېمىپ چۈشۈۋاتاتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن باشقا سېستىرالارمۇ كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

— بولدى يىغلىماڭ، — دېدى بارات ئاخىر ئۆزىنى مىڭ تەستە بېسىپ، ئاسىيەگە تەسەللى بېرىپ، — سىزگە دەيدىغان گەپلىرىم ناھايىتى كۆپ. ئەمدى خۇشال بولۇشىمىز كېرەك.

— مېنىڭ بۇ كۆز ياشلىرىم خۇشاللىق ياشلىرى. سىزنى تېپىۋالغىنىمغا خۇشال بولۇپ يىغلاۋاتىمەن، — دەپ ئاسىيە كۈلۈپ تۇرۇپ كۆز ياشلىرىنى يېڭىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتتى.

— بۇ يەرگە كىم بىلەن كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى بارات ھەيران بولۇپ.

— كىم بىلەن بولاتتى؟ ئاكام ۋە مامۇتخان ئاكاملار بىلەن-دە.

— ئۇلار قەيەردە؟

— ئاكام باياندايى ھەربىي مەكتەپىدە، مامۇتخان ئاكام دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ تېخنىكا باشقارمىسىغا باشلىق، رەشىدەنىڭ توغۇت ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغاچقا دەم ئېلىۋاتىدۇ.

— نىيازخان ئاچام رەشىدەنىڭ كېلىشىگە رۇخسەت قىپتۇ-دە؟!...

— چوڭ ئاپام رۇخسەت قىلمىغان. لېكىن ئابلەت ئاكام رەشىدەنىڭ بالىسى يېڭى نۇرلۇق دۇنيادا كۆز ئاچسۇن دەپ يولغا سېلىپ قويىدى. ئۆزى بولسا ئۆيىنى تاشلاپ كېلەلمىدى.

— بۇ چۈشىنىشلىك، — دېدى بارات.

— يولداش كاپىتان، — دەپ ۋارقىرىدى بىر دوختۇر شۇ چاغدا، — ئەمدى مېنىڭ قىزىمنى قويۇۋېتىڭ، ساقلاپ قالدۇق. كېيىن ئۇ قىزنى سىزگە پۈتۈنلەي بېرىۋېتىمەن.

— خوپ يولداش دوختۇر، — دېدى بارات ئۆزىگە كېلىپ خىجالەت بولغان ھالدا، — مېنى كەچۈرۈڭ، ساقلىتىپ قويۇپتىمەن.

بارات ئاسىيەگە بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، يولداشلىرىنىڭ قېشىغا ماڭدى. ئاسىيە دوختۇرنىڭ كەينىدىن روھلۇق قەدەملەر بىلەن بۆلۈمگە كىرىپ كەتتى.

# ئاخىرقى سۆز

شانلىق ۋەتەن قارا كۈننىڭ يەرگە پاتتى،
پاك يېرىڭگە سائادەتنىڭ تېڭى ئاتتى.
— نىمشېھىت

1949-يىلى 12-ئاينىڭ 31-كۈنى.

ھاۋا تۇتۇق. يەر يۈزىنى تۇمان قاپلاپ كەتكەنىدى. توختىماي ئۇدا يېغىۋاتقان قار بۇ كۈنلەردە پەسىيىدىغاندەك ئەمەس. قارنىڭ قېلىنلىقى تىز يەرلەردە تىزغا چىقسا، ئويمان جايلاردا بەلگە چىقاتتى. بۇنداق قېلىن قار بۇ تەرەپلەردە بىرقانچە يىلدا ئاران بىر قېتىم ياغاتتى. قۇشقاچ، پاختەك، قارغا-قۇزغۇن قاتارلىق جانىۋارلار دان تېپىپ يېيەلمەي ئۇ يەر-بۇ يەردە توڭلاپ قالغانىدى. ئېرىق-ئۆستەڭلەردە سۇ پۈتۈنلەي توختاپ كەتكەنىدى. كىشىلەر قار-مۇزلارنى ئېرىتىپ ئىچەتتى. شەرقتىن ئۇرۇپ تۇرغان ئىزغىرىن شامال يۈزلەرنى ئېچىشتۇرۇپ، ئىسقىرتىپ ئۆتەتتى. سوغۇق كىشىلەرگە ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ دەھشىتىنى كۆرسىتىۋاتاتتى.

ئازادلىق ئارمىيىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تەشكىللەنگەن خەلق سەھەر تۇرۇپ، شەرققە ماڭىدىغان تاشيول بويلاپ ئاقماقتا ئىدى. ئۇلار شەھەرنىڭ شەرقىدىكى ساي بويىغا يىغىلىشتى. بۇ يەردە كىشىلەرگە شامال-سوغۇقتىن

دالدا بولغۇدەك ھېچنەرسە بولمىغاچقا سوغۇق تېخىمۇ دەھشەتلىك بىلىنەتتى. كىشلەرنىڭ ئىسسىنىشى ئۈچۈن بىرقانچە جايغا گۈلخان يېقىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ گۈلخان ئوتلىرى كىشلەرگە ئانچە ئىسسىقلىق بېرەلمەيتتى. بۇ يەرگە كەلگەن كىشلەرنىڭ كۆپىنچىسى دېھقانلار ۋە شەھەر ئاھالىسى ئىدى. ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى كۆرۈنمەيتتى.

سائەت ئون ئەتراپىدا شەھەر تەرەپتىن ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە قىلىپ "خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى قارشى ئالىمىز!" دېگەن خەت يېزىلغان لوزۇنكىنى سەپنىڭ ئالدىدا نۇر بىلەن قۇتلۇق كۆتۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار قولاقچىلىرىنىڭ بۇغقۇچىنى ئېڭىكىدىن چىگىۋالغان بولۇپ، قولاقچىسىنىڭ ئالدىنى ئاپئاق قىرو باغلاپ كەتكەنىدى. كىشلەر كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن شوئار توۋلاپ كەلمەكتە ئىدى.

بۈگۈنكى بۇ قارشى ئېلىشقا ساقى، خالىق قاتارلىقلارمۇ كەلگەنىدى. ئۇلار تىزىلىپ كېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېنىدا كېلىۋېتىپ شوئار توۋلايتتى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىمۇ ئۇزۇلدۇرمەي شوئار توۋلاپ تۇرۇشقا بۇيرۇيتتى. ئالدىدا كەلگەن بىرىنچى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئوقۇتقۇچىلار گۈلخان قېشىغا بېرىپ ئىسسىنىۋېلىشقا قويۇۋەتكەن بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلار گۈلخان ئەتراپىغا يىغىلغانىدى. ساقى بولسا ئۆزى تىزىپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسسىنىۋېلىشىغا ئازراقمۇ ئىمكانىيەت بەرمەي، ھە دەپ شوئار توۋلاشقا قىستايتتى.

— كۆردىڭىزمۇ ساقىنى؟ — دېدى قۇتلۇق نۇرغا، — قالتىس ئاكتىپقۇ...

— ئۆزىگە گىرىم قىلىۋاتسا كېرەك، — دېدى نۇر جاۋاب بېرىپ.

— باللارنى قويۇۋەتسە، ئىسسىنىۋالسا بولمامدۇ؟ — دېدى قۇتلۇق، — بىرىنچى مەكتەپ قويۇۋېتىپتىغۇ؟!...

— شۇنى دېمەمسىز، ئۇ كونا كەسپىنى يەنە "داۋاملاشتۇراي" دەۋاتقان ئوخشايدۇ، — دېدى نۇر.

— ئەمدى خام خىيال قىلمىسۇن، — دېدى قۇتلۇق ئۇنلۇك ئاۋازدا.

ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى تىڭشاپ تۇرغان ساقى كېرىموۋ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە تاماكا تۇتتى.

— ئالدىراپ خوش بولۇشۇپ كەتمەڭلار ئاغىنىلەر! — دېدى ئۇ مەسخىرە تەلەپپۇزدا، — ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، قالغىنىنى كېيىن كۆرەرمىز. مەن سىلەردىن بىر-ئىككى ئىشتانىنى كۆپرەك يىرتقان.

— نېمە دەۋاتىسەنوي؟ — دېدى غەزەپلەنگەن قۇتلۇق، — ئەمدى نېمىنى كۆرمەكچى ئىدىڭ؟ ئەمدى قىلغان-ئەتكىنىڭ ئۇچۇن بولغۇسى كارامەتنى سەن كۆرسەن.

— ھېھ... — دەپ دىمىغىنى قاقتى ساقى، — تېخى كۆرىمىز. بۇ ئالەم ئۇزۇن ئالەم، كىم-كىمگە كۆرسىتەركىن...

ئۇلار راسا گەپ تالىشىۋاتقان بىر چاغدا "ماشىنا كۆرۈندى" دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، كىشىلەر جاي-جايلىرىغا يۈگۈردى. ھەممە ئادەم يولنىڭ چېتىدە تۇرۇپ كېلىۋاتقان ماشىنا ئەترىتىنى كۇتۇۋالدى. ئادەملەر ئۇزۇلدۇرمەي شوئار توۋلاپ تۇراتتى. ماشىنىلار ئاستا مېڭىپ، ئادەملەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. ماشىنا ئۇستىدە بويىنىغا ئاپتومات ئاسقان، چىرايلىرى قارىداپ كەتكەن، ئېگىزىدىن چېكىۋالغان پاختىلىق شەپكىسىنىڭ ئالدى تەرىپىنى قىرو باغلاپ كەتكەن ئەسكەرلەر تۇرۇشاتتى. ھاۋانىڭ شۇنچە سوغۇق بولۇشىغا قارىماي، ئۇلار ناخشا ئېيتماقتا ئىدى.

خەلق ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنت قوشۇنىنى گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە كۇتۇۋالدى.

* *

ئۆتمۈشتىكى زەنجىر كىشەنگە تولغان قان-يىرىڭلىق كونا دۇنيا ۋەيران بولدى. شەرقتىن چىققان قۇياش ھەممىگە ئۆزىنىڭ ئالتۇن نۇرىنى سەپتى. پېشانىلىرىگە ھۆكۈمرانلارنىڭ "قوزغىلاڭچى" دېگەن تامغىسى بېسىلغان، ھايۋاندىن بەتەر كۈنلەرنى كۆرگەن ئېزىلگۈچى خەلق زۇلمەت كىشەنىنى

پـاچاقلاپ تاشلىدى. لېكىن خەلقنىڭ ئالدىدا ئەزگۈچى ھۆكۈمرانلار پەيدا قىلغان ماددىي ۋە مەنىۋى نامراتلىق تۇراتتى. ئۇنى يوقىتىش ئۇلارغا ئاسانغا چۈشمەيتتى. ئوتتۇرا ئەسىر قالاقلىقى، يوقسۇزچىلىق، نادانلىق، خۇراپاتلىق، قاششاقلىق قاپلاپ كەتكەن كونا دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئاسانغا چۈشمەيتتى. يوللار ئەگرى-توقاي، داۋانلار تېيىلغاق بولغاچقا، يەنە خېلى كۆپ قۇربانلارنى بېرىشكە توغرا كېلەتتى. شۇنداق بولسىمۇ خەلقنىڭ ئاخىر يېڭىپ چىقىشى مۇقەررەر ئىدى. ئەمگەكچان، جاپاكەش خەلق ئاخىر ئازادلىققا ئېرىشىپ، ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان غايىۋى جەمئىيەتنى قۇرۇپ چىقتى. مانا مۇشۇ جەمئىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنىڭ، سېڭگىم ئېغىزىدا، ئۈچبۇلاقتا جەڭ قىلغان قەھرىمان قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىر قىسمى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. لېكىن ئۇلارنىڭ نامى مەڭگۇ ئۆلمەيدۇ. مەنمۇ ئۇلارغا بايرونىنىڭ مۇنۇ بىر كۇپلېت شېئىرىنى تەقدىم قىلاي، ئۇلار مەڭگۇ خاتىرجەم ياتسۇن.

ھاياتىڭ تۈگىدى، تارالدى نامىڭ،
ۋەتىنىڭ كۈيگە پۈتۈلدى شانىڭ.
چىقماس ئەل ئېسىدىن مۇنەۋۋەر ئوغلان،
زۇلپىقار ئويىنىتىپ ياۋنى قىرغانىڭ.
ئۇنتۇلماس ئىش ئىزىڭ، جەڭدىكى غەلبەڭ،
ھۆرلۈكنى قانداقچە بەرپا قىلغانىڭ!

ئـەمدى قـەلـەمـمنى توختىتاي. بۇ قەھرىمانلار توغرىسىدا تارىخ شـاھىدلىرىنىڭ، ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ ۋە ئاتاقلىق قەلەم ئىگىلىرىنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ رېئال قىممەتكە ئىگە نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل.

1981-، 1992-يىل، چاقىلىق.